ئەبۇلھەسەن ئەننەدەۋىي

# مۇسۇلمانلارنىڭ ئارقىدا قېلىشى بىلەن دۇنيا نېمىلەرنى يوقاتتى؟

قۇتادغۇبىلىك ئىلمىي تەتقىقات جەمئىيىتى
ئۇيغۇرچە تەرجىمە ھەرىكىتى

ئەبۇلھەسەن ئەننەدەۋىي
مۇسۇلمانلارنىڭ ئارقىدا قېلىشى بىلەن دۇنيا نېمىلەرنى يوقاتتى؟
ئۇيغۇرچە تەرجىمە ھەرىكىتى

www.kiader.net

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

بسم الله الرحمن الرحيم

ئەبۇلھەسەن ئەننەدەۋىي

# مۇسۇلمانلارنىڭ ئارقىدا قېلىشى بىلەن دۇنيا نېمىلەرنى يوقاتتى؟

قۇتادغۇ بىلىك ئىلمىي تەتقىقات جەمئىيىتى
2012 - يىل

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# مۇسۇلمانلارنىڭ ئارقىدا قېلىشى بىلەن دۇنيا نېمىلەرنى يوقاتتى؟

ئەبۇلھەسەن ئەننەدەۋى

تەرجىمە قىلغۇچى:
**س. كۆكتۇغ**

ئەدەبىي تەھرىرى:
**ئا. ت. بىلگەتېكىن**

تەكشۈرۈپ بېكىتكۈچىلەر:
**ئابدۇلغېنى قۇتۇبى**
**ئابدۇسالام ئۆزئۆيغۇر**

قۇتادغۇ بىلىك ئىلمىي تەتقىقات جەمئىيىتى نەشر قىلىپ تارقاتتى

# مۇندەرىجە


**كىرىش سۆز** ..... 11

**تۈتىنچى نەشرىنىڭ كىرىش سۆزى** ..... 14

**بېغىشلىما** ..... 17

**ئىسلام مۇتەپەككۇرى سەييىد قۇتۇبنىڭ بېغىشلىمىسى** ..... 27

**دوستۇم نەدەۋىي** ..... 35

**مۇسۇلمانلارنىڭ ئارقىدا قېلىشى بىلەن دۇنيا نېمىلەرنى يوقاتتى؟** ..... 43

**بىرىنچى قىسىم: جاھىلىيەت دەۋرى** ..... 47

**بىرىنچى بۆلۈم: ئىنسانىيەت ئۆلۈم گىرداۋىدا** ..... 49

مىلادى 6 ـ ئەسىردىكى خىرىستىئانلىق ..... 50

رىم ئىمپېراتورلۇقىدا مەزھەپ كۈرەشلىرى ..... 51

ئىجتىمائىي چۈشكۈنلۈك ۋە ئىقتىسادىي ۋەيرانچىلىق ..... 53

رىم ئىمپېراتورلۇقى دەۋرىدىكى مىسىرنىڭ ئىقتىسادىي ۋە دىنىي ئەھۋالى ..... 55

ھەبەشىستان (ئېفىئوپىيە) ..... 57

غەربىي شىمالىي ياۋروپا دۆلەتلىرى ..... 57

يەھۇدىيلار ..... 58

يەھۇدىي ـ خىرىستىئان توقۇنۇشى ..... 59

ئىران ۋە ئىراندىكى يۈزغۇنچىلىق ھەرىكەتلىرى ..... 62

خىسراۋلارنىڭ مۇقەددەسلەشتۈرۈلۈشى ..... 65

تەبىقىلەر ئارىسىدىكى تەڭسىزلىك ..... 66

ئىرانلىقلارنىڭ ئۈستۈنلۈك ئارزۇلىرى ..... 68

ئاتەشپەرەسلىك ۋە ئۇنىڭ تۇرمۇشتىكى تەسىرى ..... 68

چىن: دىنلار ۋە تۈزۈملەر ..... 70

بۇددىزم: گۈللىنىشى ۋە زاۋاللىققا يۈزلىنىشى ..... 71

ئوتتۇرا ئاسىيادىكى مىللەتلەر ..... 73

ھىندىستان: دىنىي، ئىجتىمائىي ۋە ئەخلاقىي ۋەزىيىتى ..... 73

ئازغۇن بۇتپەرەسلىك ..... 74

شەھۋەت ئازغۇنلۇقى ..... 76

زالىملارچە تەبىقە تۈزۈمى ..... 77

براخمانلارنىڭ ئۈستۈنلۈكى ..... 78

خار كۆرۈلگەن بىچارىلەر ..... 79

ھىندى جەمئىيىتىدىكى ئاياللارنىڭ ئورنى ..... 80

ئەرەبلەر: ئالاھىدىلىكلىرى ۋە قابىلىيەتلىرى ..... 81

جاھىلىيەت بۇتپەرەسلىكى ..... 81

ئەرەبلەرنىڭ جاھىلىيەت دەۋرىدىكى بۇتلىرى ..... 83

ئەرەبلەرنىڭ ئىلاھلىرى ..... 81

www.uyghurkitap.com


ئەرەب دۆلەتلىرىدە يەھۇدىلىق ۋە خرىستىيانلىق ..... 85

پەيغەمبەرنىڭ ۋە ئۆلۈمدىن كېيىنكى ھاياتقا ئىمان ..... 85

ئىجتىمائىي ۋە ئەخلاقىي كېسەللىكلەر ..... 86

جاھىلىيەت دەۋرىدىكى ئاياللار ..... 90

ئەرەبلەردە قەبىلە مۇتەئەسسىپلىكى ۋە قان داۋاسى ..... 92

قورۇقلۇق ۋە دېڭىزدىكى قاراقچىلىق يۇقىرى پەللىگە چىققاندى ..... 94

قاراڭغۇ زۇلمەتتىكى يورۇقلۇق ..... 95

**ئىككىنچى بۆلۈم:جاھىلىيەت دەۋرىدىكى ئىقتىسادى ۋە سىياسى نىزام** ..... 99

مۇتلەق ھاكىممۇتلەقلىق ..... 99

مىسىر ۋە شامدىكى رىم ھۆكۈمرانلىقى ..... 101

ئىراندا باج سېستىمىسى ..... 102

پادىشاھلارنىڭ خەزىنە ۋە بايلىقلىرى ..... 103

تەبىقىلەر ئارىسىدىكى قورقۇنچلۇق پەرق ..... 103

ئىراندا دېھقانلار ..... 104

زۇلۇم ۋە تېرور ..... 105

ساختا مەدەنىيەت ۋە ھەشەمەتلىك ھايات ..... 105

باج-سېلىقنىڭ ئېغىرلىقى ..... 109

پەرىشان قىلغان بېسىم ..... 110

مال-بايلىق ئازغۇنلۇقى ۋە نامراتلىق غەپلىتى ..... 111

جاھىلىيەت شەكىللەندۈرگەن مەنزىرە ..... 112

**ئىككىنچى قىسىم: جاھىلىيەتتىن ئىسلامىيەتكە** ..... 115

**بىرىنچى بۆلۈم: پەيغەمبەرلەرنىڭ ئىسلاھ ۋە ئىنقىلاب مېتودلىرى** ..... 117

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ كۆزى ئالدىدىكى دۇنيا ..... 117

بۇزۇلغان ھاياتتىن مەنزىرىلەر ..... 119

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام باتىللىقنى باتىللىق بىلەن تۈگىتىش ئۈچۈن ئەۋەتىلمىدى ..... 122

ئىنسان تەبىئىتىنىڭ قۇلۇپ ۋە ئاچقۇچلىرى ..... 123

**ئىككىنچى بۆلۈم:مۇسۇلمانلارنىڭ جاھىلىيەتتىن ئىسلامىيەتكە ئۆتۈشى** ..... 125

جاھىلىيەتنىڭ مۇداپىئەسى ..... 125

يېڭى دىن يولىدا ..... 126

دىنىي تەربىيە ..... 128

پەيغەمبەر شەھىرى مەدىنىدىكى ئەھۋال ..... 129

مۇھىم تۈگۈن يېشىلدى ..... 130

ئىنسانىيەت تارىخىدا تەگدىشى كۆرۈلمىگەن زور ئىنقىلاب ..... 133

ھەقىقىي ئىماننىڭ ھەرخىل ئارزۇ-ئىستەك ۋە ئەخلاقتا بولغان تەسىرى ..... 133

ۋىجدان ئازابى ..... 136

ھەرخىل ھەۋەس ۋە قارا نىيەتلەر قارشىسىدىكى غەيرەت ..... 138

ئىززەت ـ نەپس ۋە ئىغىر ـ بېسىقلىق ........................ 139
دۇنيا بايلىقىغا ۋە سۆيۈملۈك نەرسىلەرگە ئېتىبار قىلماسلىق ........................ 140
تەڭداشسىز يىگىتلىك مىسالى ........................ 140
مەنمەنلىكتىن بويسۇنۇشقا ........................ 143
ئىلاھىيەت ساھەسىدىكى دەلىللەر ........................ 145
**ئۈچىنچى بۆلۈم: ئىسلام جەمئىيىتى بىر دەستە گۈل** ........................ 148
«ئىرقچىلىققا سەۋەبچى بولغانلار بىزدىن ئەمەس» ........................ 149
ھەممىڭلار (مالچىغا ئوخشاش) ئۆز مېلىڭلارنىڭ مەسئۇلى ........................ 150
ئاللاھنىڭ ئەمرىگە بويسۇنمىغانغا ئىتائەت قىلىنمايدۇ ........................ 151
رەسۇلۇللاھ جەمئىيىتىنىڭ روھى ۋە قەلبىدە تەخت قۇرغان ئىدى ........................ 151
تەڭداشسىز سۆيگۈ ۋە پىداكارلىقلار ........................ 153
ئىتائەت ۋە بويسۇنۇشنىڭ ئاجايىپ كۆرۈنۈشلىرى ........................ 156
**تۆتىنچى بۆلۈم: مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام قانداق قىلىپ جاھىلىيەت كىشىلىرىنى ئۈستۈن ئىنسانلىق سەۋىيىسىگە كۆتۈردى؟** ........................ 161
خالىد ئىبنى ۋەلىد ........................ 162
ئەبۇ ئۇبەيدە ........................ 163
ئامىر ئىبنى ئاس ........................ 163
سەئد ئىبنى ئەبۇ ۋاققاس ........................ 163
سەلمان فارسى ........................ 164
بىلال ھەبەشى ........................ 164
ئەبۇ ھۇزەيفەدىن ئازاد قىلىنغان سالىم ........................ 164
مۇۋاپىق بىر ئىنسانىيەت جەمئىيىتى ........................ 165
**ئۈچىنچى قىسىم: ئىسلام دەۋرى** ........................ 167
**بىرىنچى بۆلۈم: ئىسلامنىڭ ھۆكۈمرانلىق دەۋرى** ........................ 169
مۇسۇلمان مىللەتلەر ۋە ئۇلارنىڭ خۇسۇسىيەتلىرى ........................ 169
تۆت خەلىپە دەۋرى ـ ھەقىقىي مەدەنىيەتنىڭ ئەڭ پارلاق مىسالىدۇر ........................ 176
ئىسلام خەلىپىلىرىنىڭ ئومۇمىي ھاياتقا كۆرسەتكەن تەسىرلىرى ........................ 178
ئىسلام مەدەنىيىتى ۋە ئۇنىڭ ئىنسان ھاياتىدىكى تەسىرى ........................ 184
**ئىككىنچى بۆلۈم: ئىسلامىي ھاياتتىكى چۆكۈش** ........................ 194
چۆكۈش ۋە يۈكسىلىشنى ئايرىغان روشەن سىزىق ........................ 194
مۇسۇلمانلارنىڭ يۈكسىلىش سەۋەبلىرىگە بىر نەزەر ........................ 194
ئىسلام رەھبەرلىكىگە قويۇلغان شەرتلەر ........................ 196
خەلىپىلىكنىڭ نائەھىللەر قولىغا چۈشۈپ كېتىشى ........................ 200
ئىسلامىي ھاياتنىڭ بۇزۇلۇشى ........................ 201
دىنىنىڭ سىياسەتتىن ئايرىلىشى ........................ 201
رەھبەرنىڭ (ھۆكۈمەت) قۇرۇلمىسىدا جاھىلىيەتكە يۈزلىنىش ........................ 202

www.uyghurkitap.com


ھۆكۈمدارلارنىڭ ئىسلامغا يامان يوللاردىن ۋەكىللىك قىلىشى..... 203
پايدىلىق ۋە ئەمەلىي ئىلىملەرگە يېتەرلىك دەرىجىدە ئەھمىيەت بېرىلگەنلىكى..... 204
ئازغۇنلۇق ۋە بىدئەتلەر..... 206
ئىسلام مۇسۇلمانلارنى خۇراپىيلىقتىن يىراقلاشتۇرۇپ ھەقىقەتكە ئۈندەيدۇ..... 207
ئالتىنچى ئەسىردە ئىسلام دۇنياسىنى تىترەتكەن قورقۇنچلۇق پالاكەت..... 208
سالاھىددىن ئەييۇبىدىن كېيىن ئىسلام دۇنياسىدا ھۆكۈمرانلىق يوقالماقتا..... 214
چېكىنىش دەۋرىدە قونغا كەلتۈرۈلگەن نەتىجىلەر..... 215
مۇسۇلمانلارنىڭ قۇۋۋەت تومۇرىنى بارغانسېرى ئاجىزلاشماقتا..... 216
**ئۈچىنچى بۆلۈم: ئوسمانىيلار ئىمپىراتورلۇقى تارىخ سەھنىسىدە**..... 217
فاتىھ سۇلتان مۇھەممەدنىڭ جەڭ تېخنىكىسىدىكى ئۈستۈنلۈكى..... 217
تۈرك مىللىتىنىڭ ئارتۇقچىلىقلىرى..... 218
تۈركلەردە ئەخلاقىي چۈشكۈنلۈك، ئىلىم ۋە جەڭ سەنئىتىدىكى تورغۇنلۇق..... 221
تۈركىيەدە ئىلىمنىڭ توختىلىشى..... 222
مۇسۇلمان دۆلەتلەردىكى پىكرىي ۋە ئىلمىي چېكىنىش..... 225
ئوسمانىيلار ئىمپىراتورلۇقىنىڭ شەرقتىكى زاماندىشلىرى..... 227
جاھالەتكە پاتقان ياۋروپانىڭ تەرەققىي قىلىشى، تەبىئىي پەن ۋە تېخنىكا
ساھەلىرىدىكى ئىلگىرىلەشلىرى..... 228
مۇسۇلمانلارنىڭ ئىجتىمائىي ھاياتتىكى چېكىنىشى..... 229
مۇسۇلمانلارنىڭ ئۇرۇش تېخنىكىسىدىكى كەمچىلىكلىرى..... 230
**تۆتىنچى قىسىم: ياۋروپا دەۋرى**..... 233
**بىرىنچى بۆلۈم: ماتېرىيالىست ياۋروپا**..... 235
ياۋروپا مەدەنىيىتى ۋە تارىخى..... 235
يونان مەدەنىيىتىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى..... 236
رىم مەدەنىيىتىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى..... 242
رىم ئىمپېراتورلۇقىدىكى ئەخلاقىي چۈشكۈنلۈك..... 247
رىملىقلار خرىستىئانلاشماقتا..... 248
رىم ئىمپېراتورلۇقىنىڭ خرىستىئان دىنىغا يەتكۈزگەن زىيانلىرى..... 249
تەلۋە روھانىيلىق..... 250
روھانىيلارنىڭ ئاجايىپ - غارايىپ ئىشلىرى..... 251
روھانىيلىقنىڭ ياۋروپا ئەخلاقىغا بولغان تەسىرى..... 253
روھانىيلىقنىڭ ئازغۇن ماتېرىيالىزم ئالدىدىكى ئالاپىتى..... 254
ئازغۇن ماتېرىيالىزم ۋە تەلۋە روھانىيلىق..... 256
دىنىي مۇئەسسەسەلەردىكى ئازغۇنلۇق..... 257
ئىمپېراتورلۇق ۋە پاپالىق جېڭى..... 258
ياۋروپانىڭ دىنىي باشلامچىلىرىدىن تارتقان ئازابلىرى..... 259
دىنىي باشلامچىلارنىڭ دىنىي كىتابلارغا قارشى ئۆتكۈزگەن جىنايەتلىرى..... 260

چېركاۋنىڭ ئىلىمگە قارشى يۈرگۈزگەن ۋەھشىيانە قىلمىشلىرى...... 261
ئىسلاھاتچىلارنىڭ ئىنقىلابى...... 262
ئىسلاھاتچىلار ئۆتكۈزگەن خاتالىقلار ۋە ئورۇنسىز قىلمىشلار...... 263
غەربنىڭ ماتېرىيالىزمغا يۈزلىنىشى...... 265
ماتېرىيالىزمنىڭ يېقىنقى دەۋردىكى رەزىللىكى...... 266
ماتېرىيالىزمنىڭ جارچىلىرى ۋە رەھبەرلىرى...... 267
يۇنان مەدەنىيىتىنىڭ ئەينەن كۆچۈرۈلمە نۇسخىسى...... 268
بۈگۈنكى ياۋروپانىڭ دىنى خرىستىئان ئەمەس، بەلكى ماتېرىيالىزم...... 270
ياۋروپادا ماتېرىيالىزمدىن كۆرۈنۈشلەر...... 275
ئىلمىي پائالىيەتلەرنىڭ ماددىي غايىلىرى...... 280
ماتېرىيالىست غەرب ئىدىيىسى ئىقتىسادقا تايانغان پانتېئىزم...... 282
داۋىنىزمنىڭ مەدەنىيەت ۋە ئىدىيەلەرگە بولغان تەسىرى...... 285
خەلق تەدرىجى تەرەققىيات نەزەرىيىسىگە قۇچاق ئاچتى...... 287
ماتېرىيالىزمنىڭ جىنايەتلىرى...... 288
**ئىككىنچى بۆلۈم: ياۋروپادا مىللەتچىلىك ھەرىكەتلىرى...... 291**
لاتىن چېركاۋىنىڭ نوپۇزىنى يوقىتىپ قويۇشى بىلەن ئۇلغايغان مىللەتچىلىك ھەرىكەتلىرى...... 291
ياۋروپادا ئىرقچىلىق ھەرىكەتلىرىنىڭ رەھبەرلىرى...... 293
ئىسلام دۆلەتلىرىدىكى ئىرقچىلىق تاجاۋۇزى...... 295
ياۋروپانىڭ مىللىي دىنى ۋە تايانچ قورۇلمىلىرى...... 298
ئۇرۇش مەسىلىلىرى ۋە مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى دە ـ تالاشلاردا ئىسلام دىنى ئوتتۇرىغا قويغان ھەل قىلىش يوللىرى...... 301
ئىرقچىلار ئېلىپ بارغان تەشۋىقاتلار ۋە ئازسانلىق مىللەتلەرنىڭ تارتقان زىيانلىرى...... 305
چوڭ دۆلەتلەرنىڭ قارانىيەتلىرى...... 306
مىللەتلەرنىڭ ئىشغال قىلىش ۋە بازار قورۇش يولىدا بەسلىشىشى...... 307
ئىسلام بىلەن كاپىتالىزم ئوتتۇرىسىدىكى پەرق...... 310
**ئۈچىنچى بۆلۈم: ياۋروپا ئۆلۈۋالماقچى بولۇۋاتىدۇ...... 314**
ئىجاد ۋە كەشپىياتلار ئەسىرى...... 314
كەشپىياتلارنىڭ غايىلىرى ۋە ئىسلامنىڭ كۆز قارىشى...... 315
بەختسىزلىك ئۆزۈكلارنىڭ شورى...... 318
غايە ۋە ۋاستىلەرنى ئايرىش...... 320
ياۋروپادا كۈچ ۋە ئەخلاق تەڭپۇڭسىزلىقى...... 321
ئىلاھىي قۇدرەت ۋە نادانلىق...... 322
ئۇلار ئۆزلىرىگە زىيىنى بار، پايدىسى يوق نەرسىنى ئۆگىنەتتى...... 324
ياۋروپا ئۆلۈۋالماقچى بولۇۋاتىدۇ...... 328
ئاتوم بومبىسى ۋە ئۇنىڭ دەھشەتلىك ئاقىۋىتى...... 329

www.uyghurkitap.com



يامانلىق پەقەت يامانلاردىن چىقىدۇ.......... 331

**تۆتىنچى بۆلۈم: ئىنسانىيەت دۇچ كەلگەن مەنىۋى ئاپەتلەر.......... 335**

ياۋروپانىڭ ئىشغالىيەتچى دەۋرى.......... 335

دىنىي ھېسلارنىڭ ئۆلتۈرۈلۈشى.......... 336

"ئۆلۈككە ھېچقانداق يار ئازاب بەرمەيدۇ".......... 338

دىنغا بولغان ئېھتىياجنىڭ يوقىلىشى.......... 343

ماتېرىيالىزم ۋە نەپسانىيەتچىلىكنىڭ ئازغۇنلۇقى.......... 353

ئەخلاق ۋە جەمئىيەتنىڭ چۈشكۈنلۈك.......... 358

**بەشىنچى قىسىم: ئىسلامنىڭ دۇنياغا رەھبەرلىك قىلىشى.......... 375**

**بىرىنچى بۆلۈم: ئىسلام دۇنياسىنىڭ تەرەققىي قىلىشى.......... 377**

پۈتۈن دۇنيانىڭ جاھىلىيەتكە يۈزلىنىشى.......... 377

ياۋروپا پەنسەپسىنىڭ دۇنياغا تارقىلىشى.......... 378

ئاسىيا مىللەتلىرى ۋە دۆلەتلىرى.......... 379

دۇنيادىكى بوھرانلارنىڭ بىردىنبىر چىقىش يولى.......... 382

ئىسلام دۇنياسى ياۋروپانىڭ ئىزىدا.......... 383

ئىسلام ئىنسانىيەتنىڭ بىردىنبىر پاناھگاھىدۇر.......... 385

ئىسلام نىزامى.......... 389

ئىدىيىۋى تەييارلىق.......... 392

پەن - تېخنىكا ۋە جەڭ تەييارلىقى.......... 396

ئىلىم ۋە تەتقىقاتتا ئەڭ ئالدىدا تۇرۇش.......... 397

زامانىۋى ئىلىمگە يېتەكچىلىك قىلىش.......... 400

**ئىككىنچى بۆلۈم: ئەرەب دۇنياسىنىڭ رەھبەرلىكى.......... 403**

ئەرەب دۇنياسىنىڭ ئەھمىيىتى.......... 403

ئەرەب دۇنياسىنىڭ قۇۋۋىتى ئىماندۇر.......... 406

ئەرەب ياشلىرىنىڭ پىداكارلىقى ئىنسانىيەت سائادىتىنىڭ كۆۋرۈكىدۇر.......... 407

ھەربىي كۈچكە يېتەرلىك دەرىجىدە ئەھمىيەت بېرىش كېرەك.......... 415

باي ۋە يوقسۇل تەبىقە ئارىسىدىكى قورقۇنچلۇق پەرق.......... 417

ھەر تۈرلۈك دىكتاتورلۇقتىن قۇتۇلۇش.......... 418

مىللەتتە ئاڭ پەيدا قىلىش.......... 422

ئەرەب دۆلەتلىرىنىڭ تىجارەت ۋە مالىيە مۇستەقىللىقى.......... 425

مىسىرنىڭ تىجارەت، تېخنىكا ۋە ئىلمىي ساھەدە قولغا كەلتۈرگەن تەرەققىياتلىرى.......... 426

ئىسلام ئانەمىنىڭ ئەرەب دۇنياسىدىن كۈتكەنلىرى.......... 427

جاھانشۇمۇل قىبلىنىڭ چوقىقىسىغا.......... 427

# كىرىش سۆز

دەۋرىمىزنى ئاتوم دەۋرى، راكېتا دەۋرى ۋە زامانىۋى دەۋر دېگەندىن كۆرە، بۇرۇختۇملۇق دەۋرى دېيىش تېخىمۇ ئورۇنلۇقتۇر. دەۋرىمىز كىشىلىرى جەمئىيەتنىڭ ھەممىلا يېرىنى قاپلىغان دەھشەتلىك بوھران (ۋابا)نىڭ ئىسكەنجىسىدە تولغانماقتا. ھوزۇر، خۇشاللىق، سائادەت قاتارلىق ئاتالغۇلار زامانىمىز كىشىلىرىنىڭ لۇغىتىدىن چىقىرىۋېتىلدى. ئىشلەپچىقىرىشنى تېزلەشتۈرگەن چوڭ ماشىنىلار، ئىنسانلارنى داۋاملىق ئەندىشىگە سالىدىغان قورقۇنچلۇق قوراللار، ئاسمان - پەلەك بىنالار، نۇر تېزلىكى بىلەن سۈرئەت تالىشىۋاتقان ئايروپىلانلار، يىغىنچاقلىغاندا، زامانىۋي تېخنىكا ئوتتۇرىغا چىقارغان ئىمكانىيەتلەر ئەمدى ئىنسانلارغا خۇشاللىق بەرمەيۋاتىدۇ. ماددىنىڭ قۇترىغان، قۇترىغانچە تەلۋىلەشكەن خەتەرلىك دولقۇنلىرى ئاستىدا ئېزىلىۋاتقان ئىنسان روھى غايەت زور خەۋپكە دۇچ كەلمەكتە. ئۇ، ياكى تار ماددىچىلىك قېلىپلىرىنى يىرتىپ تاشلاپ ئۆزىنىڭ مەۋجۇدلۇقىنى ئىسپاتلىشى ۋە ياكى ئۆز ئىچىدىن تۇگىشىپ بۇ دۇنيادىن يوقىلىپ كېتىشى مۇمكىن.

بارلىق مەسىلە مەۋجۇدلۇق ياكى يوقىلىش نۇقتىسىغا مەركەزلەشمەكتە. باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، بۇ ئىنسانلارنىڭ ماددا بىلەن كۈرىشىدۇر. شەخستە باشلانغان ماددا - روھ مۇنازىرىسى ئاستا - ئاستا جەمئىيەتكە قاراپ يۈزلەنمەكتە. جەمئىيەتنىڭمۇ ئىنسانغا ئوخشاشلا ئىچكى قۇرۇلمىدىن تەشكىل تاپىدىغانلىقى جەمئىيەتشۇناسلار تەرىپىدىن تىلغا ئېلىنغان بىر ھەقىقەتتۇر. ئىنسانلارنىڭ بارغانسېرى يار لىۋىگە قاراپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرگەن زامانىمىز جەمئىيەتشۇناسلىرى، پسىخولوگلار، سوتسىئولوگلار كېچىنى كۈندۈزگە ئۇلاپ ئىنسانلارنى قۇتقۇزۇشنىڭ يولىنى ئىزدىمەكتە، ئىنسانلارغا بىر بەخت يولى

تېپىشقا تىرىشماقتا. ھەقىقەتنى كۆرەلىگەنلەر، پسىخولوگىيىلىك ۋە ئىجتىمائىي رېئاللىقلارغا بويسۇنالىغانلار (ماسلىشالىغانلار)، قىسقىسى ئىنسانلارنىڭ روھىدىكى چۇشكۇنلۇكنى ھېس قىلالىغانلار ئاھ ئۇرماقتا. گېزىت ـ ژۇرنال، رادىئو ـ تېلېۋىزور، كىتاب ۋە ھەر خىل تەشۋىقات ۋاستىلىرىدا بۇ ھەقىقەتنى ئېنىق ئوتتۇرىغا قويماقتا. بارلىق ھۆكۈم بىر نۇقتىغا مەركەزلىشۋاتىدۇ: "دەۋرىمىز ئىنسانلىرى ۋەھىمىلىك بىر بوھراننىڭ تولغىقىدا ئىڭرىماقتا".

قويۇلغان دىئاگنوز توغرا، ئەمما مۇھىمى ھەل قىلىش يولى، يەنى داۋالاشتۇر. يەنى ھەممىدىن بۇرۇن مەسىلىنىڭ مەنبەسىنى تېپىش كېرەك. ئىنسان نېمە؟ قانداق بىر مەخلۇق؟ ئىنسان ئورگانىزمى قانداق خىزمەت قىلىدۇ؟ ئىنسان بىلەن ھايۋان ئارىسىدا فىزىئولوگىيىلىك پەرقتىن باشقا بىر پەرق بارمۇ؟... دېگەندەك سوئاللارغا جاۋاب تېپىش كېرەك.

بۇ سوئاللارغا نېگىزلىك، قايىل قىلارلىق شەكىلدە جاۋاب بەرمەي تۇرۇپ قىلىنغان ئىشلار مەسىلىگە يېڭى بىر مەسىلە قېتىش، تېخىمۇ توغرىسى، تۇيۇق يولغا كىرىپ قېلىشتىن باشقا نەتىجە بەرمەيدۇ.

ئىنسان ئورگانىزمى باشقا ئورگانىزملاردىن مۇرەككەپ، چىگىش ۋە قالايمىقان بىر مەۋجۇدىيەت ھېسابلىنىدۇ. تومتاق قىلىپ ئېيتقاندا، ئىنسان پسىخولوگىيىلىك ۋە فىزىئولوگىيىلىك جەھەتتىن ئىبارەت ئىككى قىسىمدىن تەركىب تاپىدۇ. بۇنى روھ ۋە بەدەن دېسەكمۇ بولىدۇ. ئۇ ھالدا ئىنساننىڭ بەخت ـ سائادەتكە ئېرىشىشى بۇ ئىككى قىسىمنىڭ تەكشۈك ھالەتتە بولۇشىغا باغلىق. ئىنساننىڭ تەركىبى قىسمىغا (فىزىئولوگىيىلىك تۈزۈلۈشىگە) ھۆرمەت قىلمىغان ياكى بىر تەرىپىنى كۆرەلمىگەن سىستېما ۋە تەلىمات ئىنسانغا خاتىرجەمسىزلىكتىن باشقا نەرسە بېرەلمەيدۇ. دەۋرىمىز ئىنسانلىرى باشتىن كەچۈرۈۋاتقان بۇ بوھران، كىرىزىس ۋە تولغاقلارنىڭ تېگى ـ تەكتىدە مانا مۇشۇنداق غەلىتە دىئاگنوز ۋە چۈشەنچە ياتماقتا. دەۋرىمىز ئىنسانلىرى ئىنسان رېئاللىقىنى بىر پۈتۈن ھالدا كۆرەلمەيدىغان ياكى كۆرۈش كۈچى زەئىپ بولغان كاپىتالىزم،

كوممۇنىزم، سوتسىيالىزم قاتارلىق بۇزۇق سىستېمىلارنىڭ ئاستىدا ئېزىلمەكتە. دەۋرىمىز ئىنسانلىرى ئۆزىنى ھۆرمەتلەيدىغان، ئىنسانىيەتنى ھۆرمەت قىلىدىغان، يارىتىلىش ھېكمەتلىرىنىڭ سىرلىرىغا ئېرىشكەن، رېئاللىقنى بىر پۈتۈن ھالدا كۆرەلەيدىغان جاھانشۇمۇل بىر نىزامغا موھتاج. مانا بۇ نىزام ـ ئىسلامدۇر.

20 ـ ئەسىر كىشىلىرى، بۇ تەڭداشسىز نىزامنىڭ ئارمىنىدا ياشىماقتا. قولىڭىزدىكى بۇ كىتاب بۇ ھەقىقەتنى تىلغا ئالماقتا، مۇسۇلمانلارنىڭ ئارقىدا قېلىشى بىلەن دۇنيانىڭ نېمىلەرنى يوقاتقانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويماقتا. ''ئىسلام'' نىڭ پەقەت نوپۇس دەپتىرىدىلا يېزىقلىق قېلىشى دۇنياغا قانداق زىيانلارنى ئېلىپ كەلدى، دېگەندەك ئېغىر مەسىلىلەرنى بايان قىلماقتا.

يازغۇچى ئوقۇرمەنلەرگە يات ئەمەس بولۇپ، ئەسەرلىرى پۈتۈن دۇنيانى زىلزىلىگە سالغان كۈچلۈك بىر تەتقىقاتچىدۇر. دەۋرىمىز كىشىلىرىنىڭ رېئال مەسىلىلىرىگە قويغان دىئاگنوزلىرى، كۆرسەتكەن ھەل قىلىش يوللىرى ۋە ئوتتۇرىغا قويغان تېمىلىرى رېئال بىر كۆز بىلەن ئېتىبارغا ئېلىنسا، يازغۇچىنىڭ نەقەدەر بىلىملىك كىشى ئىكەنلىكى ئۆزلۈكىدىن ئوتتۇرىغا چىقىدۇ.

دەۋاسى ئۈچۈن ھاياتىنى قۇربان قىلغان ئىسلام مۇجاھىدى ۋە مۇتەپەككۇرى پروفېسسور سەييىد قۇتۇب: ''يازغۇچىنىڭ موي قەلىمىدىن چىققان بۇ دۇردانىلەر، پۈتۈن دۇنيانى ئالقىنىمىزغا سىغقۇدەك قىلىپ كىچىكلىتىپ بەرگەن بىر ئەسەردۇر'' دەپ تەسۋىرلىگەن، پروفېسسور يۇسۇف مۇسا: ''ئىسلامنىڭ شان ـ شەرىپىنى ھاكىم ئورۇنغا قايتا چىقىرىش ئۈچۈن تىرىشقان ھەر بىر مۇسۇلماننىڭ بۇ كىتابنى ئوقۇشى شەرت'' دېگەن. بۇ ئەسەر ھەققىدە ئارتۇق گەپ قىلىش ھاجەتسىز دەپ ئويلايمىز. شەرق ۋە غەربتە قىممەتلىك تەتقىقاتلىرى، ئەسەرلىرى ۋە ئىزدىنىشلىرى بىلەن نام چىقارغان ئەلى ئەل ھەسەن ئەن نەدەۋىينىڭ بۇنىڭدىن باشقا ''تۆت تۈۋرۈك''، ''شەرق ـ غەرب جېدىلى''، ''ئىقبالدىن نۇرلار''، ''يېڭىدىن ئىسلامغا''، ''ئىسلامدا نەزەرىيىۋى ئىنقىلابچىلار ۋە مۇجادىلە كىشىلىرى'' قاتارلىق مۇھىم تەتقىقات ئەسەرلىرى بار.

ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



# تۆتىنچى نەشرىنىڭ كىرىش سۆزى

”مۇسۇلمانلارنىڭ ئارقىدا قېلىشى بىلەن دۇنيا نېمىلەرنى يوقاتتى“ ناملىق بۇ كىتاب 1950 ـ يىلى بېسىلدى. كىتاب يازغۇچىنىڭ كۈتكىنىدىن ۋە ئارزۇ قىلغىنىدىنمۇ بەكرەك تەسىر قوزغىدى. چۈنكى كىتاب، تىلغا ئېلىنغان جەلپ قىلارلىق ئىلىم ۋە ئىچىدىكى ماددىي ۋە مەنىۋىي قىممىتى بىلەن ئوقۇرمەنلەرنىڭ دىققىتىنى ئۆزىگە تارتقان ئىدى. بۇ ئارزۇنىڭ ئارقىسىدا يازغۇچىنىڭ شەخسىيىتى ياكى شۆھرىتى مەۋجۇد ئەمەس ئىدى. ئەرەب دۇنياسىدا يازغۇچىنىڭ بۇ كىتابىنى بۇرۇن نەشر قىلىنغان ئەسىرىمۇ يوق ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، بۇ مەملىكەتلەردە يازغۇچىنى تونۇيدىغان تۇزۇك ئادەممۇ يوق ئىدى. بۇ ئەسەرگە كۆرسىتىلگەن قىزغىن مۇئامىلە پەقەت ئەسەرنىڭ ئەھمىيىتى ۋە تېمىلىرىنىڭ جەزبىسىدىن ئىبارەت ئىدى. بۇنىڭدا يازغۇچىنىڭ شەخسىيىتى ۋە شۆھرىتىنىڭ قىلچىلىك تەسىرى يوق ئىدى.

كىتابقا كۆرسىتىلگەن بۇ بۈيۈك ئارزۇ ۋە ھەۋەس! ئاللاھ تائالانىڭ ئىنايەت ۋە لۇتفىدىن باشقا بىر نەرسە بىلەن شەرھىيلەنمەيدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە، بۇ كىتاب دەل ۋاقتىدا نەشر قىلىنغاچقا، يۈرەكلەرگە يوشۇرۇنغان ئارزۇ ۋە ئىستەكلەر بىلەن تېپىشقان ئىدى. چۈنكى، بۇ كىتاب، ئەرەب دۇنياسىدىكى نۇرغۇنلىغان ئەدىبلەر ۋە مۇتەپەككۇرلارنىڭ بېشىنى قاتتۇرۇۋەتكەن مەسىلىلەرگە جاۋاب بېرىپ، ئۇلارنىڭ كۆز قارىشى، چۈشەنچىسى ۋە تەتقىقاتلىرى بىلەن بىرلەشكەن ئىدى.

بۇ يەردە تىلغا ئېلىشقا تېگىشلىك يەنە بىر نۇقتا بار. بۇ كىتاب ئەرەب مەملىكەتلىرىنىڭ چوڭ شەھەرلىرىدە ۋە ئىلىم ساھەسىدە ئەڭ كۆپ نەشر

قىلىندى. خەلقىنىڭ كۆپچىلىكى، ئىلمىي تەتقىقات بىلەن شۇغۇللىنىدىغان بەزى ئابرۇيلۇق شەخسلەر بۇ ئەسەرنى قولىغا ئېلىپ ئىنچىكە تەتقىق قىلدى. مائارىپشۇناسلار ۋە پروفېسسورلار ئوقۇغۇچىلىرىغا بۇ كىتابنى ئوقۇشنى تەۋسىيە قىلدى. سەمىمىيەت ۋە ئىخلاس بىلەن قىلىنغان ئەمەللەرنى ئىززەت ۋە ئابرۇي بىلەن تاماملىغان ئاللاھ تائالاغا ھەمدۇساналار بولسۇن!

بۇ كىتابنىڭ تۇنجى نەشرى قاھىرەدىكى "تەئلىف تەرجىمە نەشر ھەيئىتى" تەرىپىدىن قىلىندى. شۈبھىسىزكى، بۇ ئەسەرنىڭ لايىق بىر شەكىلدە، نۇقسانسىز بېسىلىپ تارقىتىلىشىدا، ئىلىم ۋە ئەدەبىيات ساھەسىگە كىرگۈزۈلۈشىدە بۇ ھەيئەتنىڭ رولى بەكمۇ چوڭ. ئەزھەر ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ "نەشر ۋە تەئلىف ھەيئىتى"دە ئاپتورنىڭ دوست - بۇرادەرلىرى بار بولۇپ، ئۇلار كىتابنىڭ يېڭىدىن نەشر قىلىنىشىنى تەشۋىق قىلدى ۋە بۇ پىكىردە چىڭ تۇردى. ئەھۋالنى "تەئلىف تەرجىمە ۋە نەشر ھەيئىتى" گە ئۇقتۇردۇم. ھەيئەت رەئىسى مەرھۇم پروفېسسور ئەھمەد ئەمىين ئەپەندى مەمنۇنىيەت بىلەن قوبۇل قىلدى. نىھايەت كىتاب پروفېسسور دوكتور مۇھەممەد يۇسۇف مۇسا، بۈيۈك ئىسلام مۇجاھىدى پروفېسسور دوكتور سەييىد قۇتۇب ۋە دوستۇم ئەھمەد شەرباسىنىڭ ئەسەرنىڭ قىممىتىنى بىر ھەسسە ئاشۇرغان قىممەتلىك مۇقەددىمىسى بىلەن، 1951 - يىلى تەكرار بېسىلدى. ئەسەر 2 - قېتىم بېسىلغان ۋاقىتتا مەن ئوتتۇرا شەرق ساياھىتىدە ئىدىم ۋە كىتابقا قوشۇشۇم كېرەك دەپ ئويلىغان بەزى ئىلاۋىلەرنى قوشۇش ئىمكانىيىتىم بولمىدى. ئاللاھ تائالا كىتابنىڭ 3 - نەشر يۈرستىنى بەردى. ئاڭغىچە قولۇمغا يېڭى مەنبەلەر كەلدى. بەزى چۈشەنچە ۋە كۆزقاراشلىرىمنى ئۆزگەرتىشكە مەجبۇر ئىدىم. ئالدىمدا يېڭى - يېڭى ئۇپۇقلار ئېچىلدى. ھەممىسىنى كىتابقا كىرگۈزدۈم. ئەمما كىتابنىڭ بۇ نەشرى بەزى سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن 1959 - يىلغىچە كېچىكتى.

ھەممىسى قىسقا بىر ۋاقىت ئىچىدە سېتىلىپ بولدى. مانا سىزگە يېڭىدىن كۆزدىن كەچۈرۈلگەن ئىلاۋىلىك 5 - نەشرىنى سۇنۇۋاتىمەن.

بۇ ۋە بۇنىڭدىن كېيىنكى نەشرلىرىنىڭ تۈنجى نەشرىدىكىدەك پايدىلىق بولۇشىنى، بۇ كىتابىنىڭ ئىسلام ئالىمىنىڭ قىزغىن ئېھتىياج تۇيغان يېڭى بىر ئىمانىنىڭ، يېڭى بىر ئەقىل - ئىدراكىنىڭ بىخ چىقىرىشىغا ۋەسىلە بولۇشىنى ئۇلۇغلار ئۇلۇغى ئاللاھ تائالادىن تىلەيمەن. چۈنكى ئۇ ھەممىگە قادىردۇر.

ئەبۇل ھەسەن ئەن نەدەۋىي



www.uyghurkitap.com

# بېغىشلىما

كامىل سۈپەتنى بىلەن ماھىيەتلىك، نۇقسان سۈپەتلىرىدىن پاك، بۈيۈكلۈك ۋە ئۇلۇغلۇقتا تەڭدىشى بولمىغان ئاللاھ تائالانىڭ ئەلچىلىكىنى ھىدايەت ۋە توغرا يولغا موھتاج قۇللىرىغا بىلدۈرۈشى ئۈچۈن يەر بىلەن ئاسماننىڭ ئالاقە قۇرۇپ بىرلىشىشى بۈيۈك بىر ھادىسىدۇر. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، بەلگىلەنگەن يولنى پەقەت ناھايىتى جىددىي ئېھتىياجلىق ۋاقىتلاردا، ئەزىز ۋە ئالىم بولغان ئاللاھ كۆرسەتكەن مەقسەت ـ مۇددىئالار ئۈچۈن ئالماشتۇرغان تەبىئەت قانۇنلىرىنىڭ مۆجىزىسىدۇر.

كائىناتقا كەلگەن ۋە كەلمەكچى بولغان ھەر نەرسە، ئۆزىنى مەيدانغا كەلتۈرۈپ، مەۋجۇدىيەت ئالىمىگە قويغان بىر سەۋەبكە ۋە ئارزۇ قىلىنغان بىر غايىگە باغلىقتۇر.

ئىسلامنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشى دۇنيادا كۆرۈلگەن ھادىسىلەرنىڭ ئەڭ بۈيۈكىدۇر. شۇنداقتىمۇ، ئۇنىڭمۇ مەۋجۇد بولۇپ تۇرۇشىغا كېرەكلىك بىر مۇنچە سەۋەبلىرى، ئۆزى ئۈچۈن ھازىرلانغان يەرلىرى ۋە كۈتۈلگەن غايىلىرى بولۇشى كېرەك.

بىز بۇ يەردە ئىسلامنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشى ھازىرلىغان بۇ سەۋەب ۋە شەرتلەرنى سۆزلەپ ئولتۇرمايمىز. چۈنكى، ئۇ دەۋردىكى دۇنيانىڭ پاكىزە بىر جەمئىيەت ۋە ساغلام بىر دىندىن يىراق قالغانلىقى ھەممىمىزگە ئايان. ئاندىن دۇنياغا كېلىش غايىسى، پەيغەمبەرلەر ۋە ئىسلام كۆرسەتكەن نىشانغا يېتىش ئۈچۈن جىھاد قىلغان تۇنجى مۇسۇلمانلار ھەققىدىمۇ سۆزلىمەكچى ئەمەسمىز. دۇنيا ئىسلامنىڭ سايىسىدا ئۇزۇن مۇددەتكىچە بەختلىك دەۋر سۈردى. بۇ

ھەممىمىزگە ئايان بىر ھەقىقەت. شۇڭا بۇ تېمىلارغا كىرىش سۆزلەنگەنلەرنى تەكرارلاشتىن ئىبارەتتۇر.

بۇ ئەسىردە ئىسلامنىڭ تۇنجى دەۋرلىرىدىكى دەۋەت مېتودىنى قوللانغان زامانىمىزنىڭ ئىسلام دەۋەتچىلىرىدىن قىممەتلىك دوستۇم، بۈيۈك ئىنسان ئەبۇل ھەسەن ئەلى ئەننەدەۋىينىڭ تەلىپىگە بىنائەن بۇ كىتابنىڭ مۇقەددىمىسىنى يېزىشتەك مېنى ھاياجانلاندۇرىدىغان بۇ ماۋزۇدا قەلەم تەۋرىتىش ھاجەتسىز دەپ قارايمەن. شۇنى بىلىش لازىمكى، بۇ كىتابنىڭ مۇقەددىمىگە ھەقىقەتەن ئېھتىياجى يوقتۇر. ئەسەر ئوقۇرمەنلەرنىڭ بۈيۈك ئىشتىياقى ۋە كۆرۈلمىگەن ھېسداشلىقىغا سازاۋەر بولدى. كۈنىمىزدىكى ئىسلامىي ئەسەرلەردىن ھېچ بىرىگە نېسىپ بولمىغان قىزغىن سۆيگۈ ۋە تەقدىرگە ئېرىشتى. ھەر تۈرلۈك تەقدىر ۋە تەبرىكلەرگە ئېرىشۋاتقان بۇنداق بىر ئەسەرگە شەخسەن يازغۇچى تەرىپىدىن كەلگەن مۇقەددىمە تەكلىپى، سەمىمىي مۇسۇلمان ۋە ئىمانلىق بىر ئىسلام مۇجاھىدى بولغان يازغۇچىنىڭ كەمتەرلىكى ۋە پەزىلىتىنىڭ ئىپادىسىدۇر.

شۇنى ئېتىراپ قىلىمەنكى، كىتابنىڭ تۇنجى نەشرى چىققاندىن كېيىن، قىسقا مۇددەت ئىچىدە ئوقۇپ بولدۇم ۋە كىتابنى ناھايىتى ياقتۇردۇم. كۆزلىرىمنى كىتابتىن ھېچ ئالالمىدىم. ئوقۇغانچە ئوقۇغۇم كېلەتتى. ھەتتا كىتابنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن، ئاخىرىغا: "ئىسلامنىڭ شان - شەرىپىنى ھاكىم ئورۇنغا قايتا چىقىرىش ئۈچۈن تىرىشىۋاتقان ھەر بىر مۇسۇلماننىڭ بۇ كىتابنى ئوقۇشى شەرتتۇر" دەپ يېزىپ قويدۇم. بۇلارنىڭ ھەممىسى مۆھتەرەم يازغۇچى بىلەن تونۇشۇشتىن بۇرۇن بولغان ئىدى. ئۇنىڭ بىلەن تونۇشۇش شەرىپىگە نائىل بولۇپ، تۈرلۈك سەۋەپلەر بىلەن سۆھبەتلىشىش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشكەندىن كېيىن، كىتابقا نېمە ئۈچۈن ھەيران قالغانلىقىمنى چۈشەندىم.

بۇلارنىڭ ھەممىسى پۈتمەس - تۈگىمەس تەتقىقات ھېرىسى، ھەر زامان ۋە ھەر يەردە ھەقنى سۆزلەش پرىنسىپلىرىنىڭ نەتىجىسىدىنمۇ بەكرەك، يازغۇچىنىڭ ئىسلامنى ھەقىقىتى بىلەن چۈشىنىشىگە، ئۆزىنى بۇ يولغا ئاتىشىغا

ۋە ھەق دەپ بىلگەن دەۋىتىدىكى ئىخلاسىغا باغلىقتۇر.

پەزىلەتلىك دوستۇم نەدەۋىي مۇسۇلمان دۆلەتلىرىنىڭ يېقىنقى زامانلاردا غەرب دۇنياسىنىڭ ئارقىسىدىن مېڭىپ، ئۇنىڭغا قۇيرۇق بولۇشنى قوبۇل قىلغانلىقىدىن تۇيغان پۈتۈن ئەلەم - ئازابلىرىمغا، قايغۇ - ئەندىشىلىرىمگە ئورتاق بولماقتا. ھەسرەت بىلەن ئېيتىش كېرەككى، ياۋروپاغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، بۈگۈنكى ئىسلام دۇنياسى قارىغۇلارچە ئەگىشىش ھالىتىدە تۇرماقتا. ياۋروپا قايسى تەرەپكە يۈزلەنسە، شۇ تەرەپكە يۈزلىنىشكە تىرىشماقتا. مۇسۇلمانلار ئۆز مەنپەئەتىگە زىت بولغان ياۋروپانىڭ قىممەت ۋە نوپۇزىغا ئېسىلىۋالماقتا. ئۇنىڭ ھاكىمىيەت ۋە ھۆكۈمرانلىقىغا باش ئېگىۋاتىدۇ. غەربنىڭ ئىللەت ۋە روھىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان قىممەت قاراشلىرىنى ھېچ ئىككىلەنمەي قوبۇل قىلىۋاتىدۇ. مانا بۇ خاتا ھەرىكەتلەر نەتىجىسىدە ئەرەبلەر ۋە پۈتۈن مۇسۇلمانلار ئەجداتلىرىنىڭ ۋە شەرەپلىك ئاتىلىرىنىڭ ھۆرمەت بىلەن ئېگىلىپ، ئېپتىخارلانغىدەك تەگداشسىز بۈيۈك ئىناۋەتلىرىنى، غورۇرلىرىنى، دىنلىرىنى ۋە قائىدە - يوسۇنلىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى يوقاتتى. مانا بۇ، بىزنىڭ دەرھال داۋالىشىمىز كېرەك بولغان كېسىلىمىزدۇر. دىنىمىزنىڭ، تارىخىمىزنىڭ، ئەدەبىيات سەھىپىلىرىگە تىزىلغان ئەقلىي ۋە روھىي مىراسلىرىمىزنىڭ سايىسىدە ئۇنۇملۈك چارىسىنى تېپىشىمىز كېرەك بولغان مەسىلىرىمىزنىڭ مۇھىم تۈگۈنى بۇ نۇقتىغا مەركەزلەشمەكتە. شۇڭا يازغۇچى: "مۇسۇلمانلارنىڭ ئارقىدا قېلىشى بىلەن دۇنيا نېمىلەرنى يوقاتتى" ناملىق ئەسىرىدە بۇ نۇقتىلارغا ئەھمىيەت بەرمەكتە. قەلىمىنى ۋە كۈچىنى بۇ نىشانغا توغرىلىماقتا.

بۈگۈنكى ئىسلام دۇنياسى دۇچ كەلگەن مەسىلە، غەيرىي مۇسۇلمان (كۇففارلار) ئارىسىدا ئىسلامنى يېيىش ئەمەس، يېڭى مۇسۇلمانلارغا ئېرىشىشمۇ ئەمەس، بۇلارنىڭ ھېچبىرى ئىسلام دۇنياسى ئۈچۈن مۇھىم مەسىلە ئەمەس بولۇپ، ئاساسىي مەسىلە مۇسۇلمانلارنىڭ ئىسلامدىن چەتنەپ يۈزىنى شەرقتىن غەربكە ئۆرۈشى، ياۋروپادا بايراقدارلىق قىلغان ئاتالمىش مەدەنىيەت كارۋىنىغا

قېتىلىشى، ياۋروپالىقلارنىڭ ساختا قىممەت قارىشىغا بېقىندى بولۇشلىرى ۋە ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن مېڭىشلىرىدۇر. شۇڭا بىز بۈگۈن پەقەت ”جۇغراپىيىلىك ئورنى، تۇغۇلغان يېرى ۋە ئىسمى جەھەتتىن مۇسۇلمان“ بولۇپ قالدۇق.

مۇسۇلمانلىقىمىز نوپۇس دەپتەرلىرىمىزنىڭ ۋاراقلىرى ئارىسىدىلا قالدى. ئىسلام روھىدىن پۈتۈنلەي يىراقلاشتۇق. ھەتتا بۈگۈنكى ھاياتىمىزنى بەلگىلەيدىغان ئۆرپ - ئادەت ۋە قانۇنلىرىمىزنى تونۇيالمىغۇدەك ھالدا ياتلاشتۇق. بۇ ھەقتە شەرق ۋە غەرب مۇسۇلمان دۆلەتلىرىنىڭ رەھبەرلىرىدىن، دۆلەت ئاپپاراتلىرىدىكى باشلىقلاردىن، مەيلى مىسىردا ۋە يا باشقا يەردىكى دىنىي ئورۇنلاردا پائالىيەت كۆرسىتىشى سەۋەبى بىلەن باشقىلارغا ياخشى ئۈلگە بولۇشى كېرەك بولغان كىشىلەردىن ھېس قىلغان ۋە ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرگەن جەلپ قىلارلىق مىساللار بەرمەكچى ئەمەسمەن. بۇنى زۆرۈر دەپمۇ ئويلىمايمەن. ئىلگىرى ۋە ئاخىر ھەر زامان ھۆكۈم ئاللاھنىڭ دۇر. ئاللاھ تائالا ئىنسانلارغا ئەۋەتىلىدىغان تەلىماتلارنى ئىسلام نىزامى بىلەن تاماملاپ مۆھۈرلىگەن. ئەمدى شېرىك، ئازغۇنلۇق ۋە بۇزغۇنچىلىق ئاپىتى تەرىپىدىن پۈتۈنلەي يۇتىۋېلىنىش ئالدىدا تۇرغان يەر يۈزىنى تازىلاش ئۈچۈن ئاسمان ۋە زېمىننىڭ قايتا پەيدا بولۇشىنى، ئىسلام پەيغەمبىرى ھەزرىتى مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن كېيىن دۇنيانى قاراڭغۇلۇقتىن يورۇقلۇققا چىقىرىدىغان يېڭى بىر پەيغەمبەرنىڭ كېلىشىنى، ھۇزۇر ۋە سائادەت بولىقىنىڭ ھەسرىتىدە يېنىۋاتقان ئىنسانىيەتكە رەھبەرلىك قىلىدىغان يېڭى قۇرئاننىڭ ئەۋەتىلىشىنى ساقلىماقچى ئەمەسمىز.

چۈنكى، رەھمان ۋە رەھىم سۈپەتلىك ئاللاھ بىزگە قۇرئاندىن ئىبارەت چىن قەلبى بىلەن يېقىنلاشقانلار ھېچ ئازمايدىغان بىر كىتاب، كىشىلىك ھاياتتا تەتبىق قىلغانلار كىرىزىسكە دۇچ كەلمەيدىغان بىر تەلىمات سىستېمىسى بەرگەن.

ئەتراپىمىزنى ۋەھىمىلىك ۋابادەك قاپلىغان جاھىلىيەتنىڭ بۇ قاراڭغۇلۇقىدىن چىقىپ، پۈتۈن دۇنياغا نۇر چېچىشىمىز ئۈچۈن ھەممىدىن بۇرۇن دىنىمىز بىلەن



www.uyghurkitap.com

بولغان مۇناسىۋىتىمىزنى ھاياتىمىزنىڭ پۈتۈن ئۆتكەللىرىگە ئاساس بولىدىغان شەكىلدە يېڭىدىن قۇرۇپ، ساغلاملاشتۇرۇشىمىز كېرەك. شۇنىسى ھەقىقەتكى، ئۆزىمىز ئىمان ئېيتماي تۇرۇپ، ھېچكىمنىڭ بۇ دىنغا ئىمان ئېيتىشىنى تەلەپ قىلالمايمىز. بۇ ئىمانىمۇ بىزنىڭ ئىنسانلارغا ھەدىيە قىلالايدىغان توغرا ۋە ياخشى ئۈلگىلىرىمىز ئارقىلىقلا بولالىشى مۇمكىن.

بۈگۈن غەرب دۇنياسى مۇسۇلمانلارنىڭ سىياسىي ۋە ئىقتىسادىي ساھەلەردە ئارقىدا قېلىشىنى ئىسلامنىڭ ـ دۇنيا تەرتىپىگە ئەمەس، ئىسلام ئالىمىگىمۇ رەھبەرلىك قىلالمايدىغانلىقىنىڭ كەسكىن دەلىلى دەپ قارىماقتا. بۇ ياۋروپادا ئۆز كۆزىمىز بىلەن كۆرۈپ، ئۆز قۇلىقىمىز بىلەن ئاڭلىغان ھەقىقەتتۇر. مۇسۇلمانلار ئىمان ۋە ئەمەل جەھەتتىن ئىسلام تەلەپ قىلغان ئاساسقا يەتكەن ۋاقىتتا، قىسقىسى، مۇسۇلمانلار ھەقىقىي مۇسۇلمان بولغان ۋاقىتتا، خرىستىئان ئالىمىنىڭ ئېتىقادلىرى تۈپ يىلتىزىدىن قومۇرۇلىدۇ. خرىستىئان ياۋروپالىقلار مۇسۇلمانلار تارىختا ئالتۇن سەھىپىلەر ئاچقان، تەڭدىشى ۋە ئوخشىشى كۆرۈلمىگەن زەپەرلەر قۇچقان ۋاقىتتا، مۇسۇلمانلارنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىرىنىڭ (ئۇلارنىڭ) دىنىنىڭ توغرىلىقىنى كۆرسىتىدىغان كەسكىن دەلىل ئىكەنلىكىنى، ئاللاھ تائالانىڭ زەپەرلىرىنى پەقەت تاللانغان قۇللىرىغا بەرگەنلىكىنى ھەقىقىي مەنىسى بىلەن قوبۇل قىلىدۇ.

بۇ سۆزلىرىم، پەقەت ئىسلامغا دەۋەت قىلىش مەقسىتىدە تېمىغا رەڭ بېرىش ئۈچۈن مۇنداقلا دەپ قويغان سۆزلەر ئەمەس، بەلكى ھەقىقىي تارىخ ئوتتۇرىغا قويغان دەلىل ۋە بەلگىلەرگە تايانغان سۆزلەردۇر. ”ئىسلامغا دەۋەت“ ناملىق ئەسەرنىڭ ئاپتورى ت. ۋ. ئارنىلت مۇنداق دەيدۇ: ”سالاھىددىن ئەييۇبىنىڭ ئەخلاق ۋە قەھرىمانلىق بىلەن تولغان ھاياتىنىڭ ئۆز زامانىنىڭ خرىستىئانلىرىغا بۈيۈك تەسىر كۆرسەتكىنى ھەقىقەت. ھەتتا خرىستىئان رېتسارلىرىدىن بىرى سالاھىددىن ئەييۇبىدىن سۆيۈنۈپ، ئۇنىڭ سېپىغا قېتىلىشى بىلەن باشقا خرىستىئانلارمۇ ئۆز دىنىدىن چىقىپ مۇسۇلمانلارغا قوشۇلدى، ئىسلامنى

ئۆزلىرىنىڭ دىنى قىلىپ تاللىدى ۋە يەنە ئىسلامدا "روبېرت ئوف سىت ئالبانس" دېگەن ئىبادەتخانىنىڭ لەشكەرلىرىدىن بىر ئىنگلىز ئەسكەر 1185 - يىلى خرىستىيانلىقنى تەرك ئېتىپ مۇسۇلمان بولغان ئىدى. كېيىن بۇ ئىسلامدا سالاھىددىن ئەييۇبىنىڭ بىر نەۋرىسى بىلەن ئۆيلەندى. بۇنىڭدىن ئىككى يىل كېيىن، سالاھىددىن ئەييۇبى پەلەستىندە خرىستىيانلار بىلەن جەڭ قىلىپ "ھىتتىن" دېگەن يەردە خرىستىيان لەشكەرلىرىنى بەك ئېغىر تالاپەتكە ئۇچراتقان ۋاقىتتا، ئەسىرلەر ئارىسىدا قۇددۇس شاھى "گاي"مۇ بار ئىدى. جەڭ ئاخشىمى بۈيۈك بىر ھادىسە مەيدانغا كەلدى. "گاي"نىڭ ئالتە رىتسارى ئۇنى تەرك ئېتىپ، ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن سالاھىددىن ئەييۇبىنىڭ جەڭچىلىرىگە قوشۇلدى".

بۇ، كونا - يېڭى پۈتۈن تارىخ كىتابلىرىنى بېزىگەن سانسىز مىساللاردىن پەقەت بىرى. ئىسلامنىڭ كۆڭۈللەردە ۋە ھەتتا بىزگە دۈشمەن دەپ بىلگەن غەيرىي مۇسۇلمانلارنىڭ قەلبلىرىدە قالدۇرغان تەڭداشسىز مىساللىرىنىڭ تەسىرىنى كۆز قاماشتۇرىدىغان بۇ ئۆرنەكلەردىن تېخىمۇ ياخشى كۆرۈۋالالايمىز. ئەينى ۋاقىتتا، مۇسۇلمانلارنىڭ ئاللاھ ئىلتىپات قىلغان غازاتلاردا ئارقا - ئارقىدىن زەپەر قۇچقان شان - شەرەپلىرىدە زور رول ئوينىغان سەۋەبلەرنى تېخىمۇ ياخشى بىلەلەيمىز. بۈگۈن بۇ دىن، ئۆتمۈشتىكىدەك پارلاق دەۋرگە پەقەت ئۆتمۈشتىكىدەك شەرتلەر ئاستىدا ئېرىشەلىشى مۇمكىن. مۆئمىنىنىڭ قەلب تارىلىرىنى ئۇرغۇتۇپ، پارتىلاش ئالدىدا تۇرغان يانار تاغنى ئەسلىتىدىغان مۇستەھكەم ئىمان بىلەن، بىر مۇسۇلماننىڭ يېگانە تايانچى بولغان مىلىنى ۋە جېنىنى قىلچە ئىككىلەنمەي ئىسلام يولىغا سەرپ قىلالىغۇدەك ھالغا كېلىشى بىلەن، دۇنيانىڭ تەرەققىي قىلىپ سائادەتلىك كۈنلەرگە يېتىشى ئۈچۈن ئىسلام دىنى ئوتتۇرىغا قويغان قانۇن - نىزاملارغا ۋە تەڭداشسىز ئۆرپ - ئادەتلەرگە ساھىب چىقىش بىلەن، پۈتۈن ئىنسانىنى ياخشى ئەمەل ۋە ئىجابىي مېتودلار ئارقىلىق ئىسلامغا چاقىرىش بىلەن، ئىسلام نىزامىنى كۈنلۈك ھاياتتا تەتبىقلاش

ۋە ھاياتىنىڭ بارلىق ساھەلىرىنى ئىسلام نەزىرىيىسىنىڭ تەرك ئەتكىلى بولمايدىغان ئاساسلىرىغا بويسۇندۇرۇش بىلەن ئېرىشىش مۇمكىن.

ئەگەر بىز ئىنسانلارنىڭ رەھبەرلىك ماقامىغا قايتا ئىگە بولۇشنى ئارزۇ قىلساق، ھەممىدىن ئاۋۋال سۆز ۋە ھەرىكەتلىرىمىزدە پۈتۈن تەسرى كۆرۈلگىدەك ھەقىقىي بىر ئىمانغا ئىگە بولۇشىمىز كېرەك. ئىسلام شائىرى، دوكتور ـ مۇھەممەد ئىقبال:

"مۇسۇلمان ـ دولقۇنلارنىڭ ئالدىدا سۈرۈلۈش ۋە ئىنسانىيەت كارۋىنىنىڭ ئارقىسىدا قۇيرۇق بولۇش ئۈچۈن يارىتىلمىدى، بەلكى جەمئىيەتكە، مەدەنىيەتكە ۋە ئالەمگە يول كۆرسىتىش ئۈچۈن دۇنياغا كەلدى. ئىنسانلارغا يول كۆرسەتكەن، كۆچ بەرگەن ئۇدۇر. چۈنكى ئۇ، چوڭ بىر دەۋاننىڭ ئىگىسى ۋە ھەقىقىي ئىلمىنىڭ ساھىبىدۇر. دۇنيانىڭ ھالى ۋە ھەرىكىتىگە ئۇ مەسئۇلدۇر. باشقىلارغا قىزىقىش ۋە باشقىلارنى دوراش ئۇنىڭغا ياراشمايدۇ. ئۇنىڭ ۋەزىپىسى رەھبەرلىك قىلىش، قوماندانلىق قىلىش، باشلىق بولۇش، توغرا يولغا باشلاش، ياخشىلىققا بۇيرۇش ۋە يامانلىقتىن توسۇشتىن ئىبارەت. ئەگەر دەۋر پۈتۈنلەي بۇزۇلۇپ، جەمئىيەت ئىسيان چىقارغۇدەك ھالغا كەلسە ۋە توغرا يولدىن ئېزىپ كەتسە، مۇسۇلماننىڭ ۋەزىپىسى قولىدىكى قورالنى تاشلاپ، دەۋرگە تەسلىم بولۇش، زامانغا ماسلىشىش ئەمەس، بەلكى بۇ ئەھۋالدا مۇسۇلماننىڭ ۋەزىپىسى ئاللاھنىڭ ھۆكمى تەختكە چىققۇچە ھېچ تەۋرەنمەي يامانلىققا قارشى مۇجادىلە ئېلىپ بېرىشتۇر. ئېيتقۇسىز دەرىجىدە ئېغىرچىلىق ۋە زورلۇققا دۇچ كەلگەندە تەۋرىنىش، تەقدىرگە تەن بېرىش، زەئىپ ۋە ناچار تەبىئەتلىك كىشىلەرنىڭ ئىشىدۇر. ھەقىقىي كۈچلۈك مۇسۇلمان ئاللاھ تائالانىڭ غالىب كۈچ - قۇدرىتى ۋە ئۆزگەرمەس قىسمىتىنىڭ نامايەندىسىدۇر".

يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتكىنىمىزدەك، ئۆزى ۋە يازغۇچىسى ھېچبىر ماختاش ۋە تونۇشتۇرۇشقا ئېھتىياجلىق بولمىغان بۇ كىتاب ھەققىدە يەنە نېمىلەر سۆزلىيەلەيمەن؟ شۇنداق ئويلايمەنكى، (مۇقەددىمىنى بىر ئاز ئۇزارتىۋەتتىم) مەن

ئوقۇغان كونا ـ يېڭى كىتابلار ئارىسىدا مۇھىم مەسىلىلەر ھەققىدە توختالغان، بىزنى ئىسكەنجىسىدە تولغاندۇرىۋاتقان بوھران ۋە كېسەللىكلەرنىڭ دورىسىنى بىزگە بۇ كىتابچىلىك كۆرسىتىپ بەرگەن باشقا بىر كىتابنى ۋە ئىسلام روھىنى ئۆزىگە بۇ ئەسەرنىڭ يازغۇچىسىچىلىك سىڭدۈرگەن، ئىسلام دەۋىتىگە سەمىمىيەتلىك بىلەن خىزمەت قىلغان، بار ـ يوقىنى بۇ يولغا ئاتىغان بىر يازغۇچىنى ئاللاھ بىلىدۇ، ئەمما مەن ئېسىمگە ئالالمىدىم... ئۇنداقتا، بىز ياشاۋاتقان بۇ دۇنيادا ياكى ئاخىرەتتە تەلەپ قىلىنغان سەۋىيىگە يېتىش، شان ـ شەرەپكە ئېرىشىشنى ئارزۇ قىلساق، بۇ كىتابتىن ياكى قىممەتلىك يازغۇچى تەۋسىيە قىلغان مېتودلاردىن پايدىلىنىشىمىز كېرەك، بۇلارغا ئېرىشىش ئۈچۈنمۇ بۈگۈنكى مائارىپ سىستېمىسىنىڭ پروگرامما ۋە نىشانىنى تۈپ يىلتىزىدىن ئۆزگەرتىپ، پۈتۈن كۈچىمىزنى يېڭى ئەۋلادلارنىڭ ئىسلامىي ئاساسلار ئۈستىدە يېتىلىشىگە سەرپ قىلىشىمىز لازىم. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا بۈگۈن قوللىنىۋاتقان مائارىپ (ئوقۇ ـ ئوقۇتۇش) سىستېمىمىزنىڭ بىردىنبىر غايىسى ئىسلام ئالىمىنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، بۇ دۇنيادا ئۆزىگە لايىق بولغان شەرەپلىك ئورنىغا كەلتۈرۈش بولۇشى كېرەك. بىز بۇ ھەقتە ئىشقا يارىغۇدەك يول ۋە مېتودلارنى سىنىغاچ ھەرىكەتلىنىشىمىز كېرەك.

ئەگەر بۇ شەرت ـ شارائىت تولۇقلىنىپ، ئاللاھ تائالا ئىسلام مەملىكەتلىرىگە غەرق بولۇپ كەتكەن ئۇيقۇلىرىدىن سىلكىنىپ ئويغىنىشنى ۋە پېتىپ قالغان خورلۇق ئازگىلىدىن قۇتۇلۇپ چىقىشنى نېسىپ قىلسا، بۈگۈننىڭ ياش نەسىللىرى ئەتىنىڭ ئىمانلىق، ۋاپادار، پائالىيەتچان ئادەملىرى بولىدۇ. مەملىكەتلىرىنىڭ رەھبىرىي ئورۇنلىرىغا قويۇلغان ۋاقىتتا، ئاللاھ كۆرسەتكەن يولنى بويلاپ ھەرىكەت قىلىدۇ. ئادالەت بىلەن ئىش قىلىدۇ، زۇلۇم، زورلۇققا يول قويمايدۇ. پۈتۈن مەسىلىلەرنى ئاللاھنىڭ كىتابى ۋە رەسۇلۇللاھنىڭ سۈننىتى بويىچە بىر تەرەپ قىلىدۇ. بەزىلىرى دىن ۋە مىللەتلىرى ئۈچۈن ناھايىتى ھوشيارلىق بىلەن ئىش قىلىدۇ. ئۇلارنىڭ بۇ ھالىتى يىرتقۇچ شىرنىڭ ھالىتىگە ئوخشايدۇ. ئۇلارنىڭ

ئىسلامنىڭ ۋە ئىسلام ئالىمىنىڭ شەرىپىنى قوغداشتىن باشقا بىر مەقسەتلىرى يوقتۇر. ئوقۇ - ئوقۇتۇش (مائارىپ)تىكى بۇ شەرەپلىك غايىگە يېتىش ئۈچۈن تۈرغۇنلىغان ياخشى مېتودلار بار. بىز قاچان قوللىنىشنى خالىساق، دەرھال قوللىنىشقا چىقىدۇ. سۆزلىرىمنى ئۇستاز نەدەۋىينىڭ سۆزلىرىدىن ئالغان بىر بۆلۈم بىلەن ئاخىرلاشتۇرۇشنى ئويلىدىم:

قۇرئان كەرىم ۋە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ھاياتى ئىسلام ئالىمىدە قەھرىمانلىق ۋە ئىمان مەشئىلىنى ياقالايدىغان، جاھىلىيەت دەۋرىدە بۈيۈك بىر ئىنقىلاب قوزغىيالايدىغان؛ پۈتۈنلەي تەسلىم بولغان، خورلۇق ۋە پېقىرلىق بۇلۇتلىرى خۇنۇكلەشتۇرۇۋەتكەن پالەچ ھالەتتىكى بىر مىللەتنى، بۈگۈنكى جاھىلىيەتكە قارشى كۆكرەك كېرىپ چىقىدىغان، يىگىتلىك ۋە مەردلىك تۇيغۇلىرى ئۇرغۇپ تاشقان، مودىسى ئۆتكەن، سۇنئىي، ساختا نىزاملارنى يەر بىلەن يەكسان قىلىدىغان روھلۇق بىر مىللەتكە ئايلاندۇرالايدىغان ئىككى قۇدرەتلىك كۈچتۇر. بۈگۈنكى ئىسلام دۇنياسىنى تۇگەشتۇرۇۋاتقان ئەڭ خەتەرلىك كېسەللىك دۇنيا ھاياتىغا ھەددىدىن زىيادە بېرىلىپ، ھەر نەرسىگە بۇ يەردە ئېرىشىش، ھەر زامان ئۇتتۇرىغا چىقىۋاتقان، ئىنسان كۆڭلىنى ئېلىشتۇرىدىغان ۋەقەلەرگە سەل قاراش ۋە ھاياتقا بەك بېرىلىپ كېتىش قاتارلىقلاردۇر.

بۈگۈن ئىسلام ئالىمىنىڭ ھېچبىر ھادىسىگە قارىتا ھەرىكەتلەنمەسلىكى، قىزىقماسلىقى، ھېچبىر ئازغۇنلۇققا ھەيران قالماسلىقى، ھەتتا ھېچبىر يامانلىققىمۇ قارشى چىقماسلىقى، يەپ - ئىچىش ۋە ئۆزىنى چوڭ كۆرسىتىشتىن باشقىنى ئويلىماسلىقى بەكمۇ ئېچىنارلىق ئەھۋال. ئەمما قۇرئان كەرىم ۋە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ھاياتىنىڭ تەسىرى بىلەن، بۇ ئىككى ئاساس قەلبكە يول ئاچالىسا، ئىمان بىلەن گۇمان، ئىشەنچ بىلەن شۈبھە، دۇنيا مەنپەئەتى بىلەن ئاخىرەت يۇرتى، بەدەن راھىتى بىلەن قەلب نېئمەتلىرى، غەمكىن ھايات بىلەن شېھىدلىك شەربىتى ئارىسىدا قورقۇنچلۇق ئىنقىلاب باشلىنىدۇ. بۇ، بارلىق پەيغەمبەرلەرنىڭ ئۆز دەۋرلىرىدە باشلاتقان ئىنقىلابىغا ئوخشايدۇ. دۇنيا پەقەت

www.uyghurkitap.com

مانا بۇ ئىنقىلاب نەتىجىسىدە ئۆز يولىغا چۈشتى، ھالاۋەتكە ئېرىشتى. مانا بۇ ۋاقىتتا، ئىسلام ئالىمىنىڭ ھەر تەرىپىدە ۋە بارلىق مۇسۇلمان ئائىلىلەردە: «ھەقىقەت ئۇلار پەرۋەردىگارىغا ئىمان ئېيتقان ياشلاردىن بىر قانچىسىدۇر. بىز ئۇلارغا ھىدايەت بەرگەن ئىدۇق. ئۇلار: بىزنىڭ رەببىمىز ئاسمان ۋە زېمىننىڭ رەببىدۇر، ئەسلا ئۇنىڭدىن باشقىغا ئىبادەت قىلمايمىز؛ بولمىسا مۇھەققەق ئازغۇچىلاردىن ھېسابلىنىمىز» ئايىتىدە ئېيتىلغاندەك، بېشىدىن ئايىغىچە ساپ ئىمانلىق ياش نەسىللەر يېتىشىپ چىقتى. ئەنە شۇ ۋاقىتتا، جەننەتنىڭ خۇش ھىدى ئەتراپقا يېيىلدى. سائادەت ئەسرىنىڭ مەيىن شامىلى يۈزلىرىنى سىيپىدى ۋە ھېچ نەرسىسى كونا دۇنياغا ئوخشىمايدىغان يېڭى بىر ئىسلام دۇنياسى مەيدانغا كېلىدۇ.

"مۇسۇلمانلارنىڭ ئارقىدا قېلىشى بىلەن دۇنيا نېمىلەرنى يوقاتتى" ناملىق بۇ كىتابنىڭ مۇقەددىمىسىنى يېزىش جەريانىدا ئەسەردىن ئېلىنغان بۇ سەتىرلەردىن، يازغۇچىنىڭ بۇ ئەسەرگە قەلەم تەۋرىتىشكە قايسى بۈيۈك روھنىڭ تۈرتكە بولغانلىقىنى تېخىمۇ ياخشى چۈشەندىم. ئاللاھ يازغۇچىنىڭ بۇ ۋە باشقا بارلىق ئەسەرلىرىنى ئىنسانلارغا پايدىلىق قىلىپ بەرسۇن!... ئىسلامغا قىلغان خىزمەتلىرى ئۈچۈن مۇكاپاتلارنىڭ ئەڭ ياخشىسى، ئەڭ گۈزىلى بىلەن مۇكاپاتلاندۇرسۇن!

پروفېسسور، دوكتور مۇھەممەد يۇسۇف مۇسا

# ئىسلام مۇتەپەككۇرى سەييىد قۇتۇبنىڭ بېغىشلىمىسى

بۈگۈن مۇسۇلمانلار ئۆزلىرىگە بۇرۇنقى ئىمانىنى، ئۆتمۈشى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى ۋە كېلەچەكتىكى ئۈمىدلىرىنى قايتۇرۇپ كېلەلەيدىغان بىرسىگە بەكمۇ مۇھتاج. شۇنداق، ئىسمى بار جىسمى يوق، ماھىيىتىنى بىلىپ ئەمەس، بەلكى ئاتا - بوۋىسىدىن مىراس سۈپىتىدە ئۆتكۈزۈۋالغان دىنىدىن تەۋرەنمەس ھەقىقىي ئىمانغا يېتەكلەيدىغان بىر رەھبەرگە بەكمۇ مۇھتاج.

قولۇمدىكى ئەبۇل ھەسەن ئەننەدەۋىينىڭ "مۇسۇلمانلارنىڭ ئارقىدا قېلىشى بىلەن دۇنيا نېمىلەرنى يوقاتتى" ناملىق بۇ ئەسىرى بۇ ساھەدە مەن ئوقۇغان كونا - يېڭى بارلىق ئەسەرلەرنىڭ ئەڭ ياخشىلىرىدىن بىرى ھېسابلىنىدۇ.

ئىسلام ئۈستۈنلۈك ئەقىدىسىدۇر. ئۆزىگە باغلانغانلارنىڭ قەلبىگە كىبىردىن يىراق بۈيۈكلۈك ھېسسىياتىنى، مەغرۇرلۇقتىن پاك ئىشەنچ روھىنى ۋە مەنمەنلىكتىن تازىلانغان خاتىرجەملىك ئېڭىنى سىڭدۈرۈش ئىسلامنىڭ ئەڭ خاراكتېرلىك ئالاھىدىلىكىدۇر. ئىسلام نىزامى مۇسۇلمانلارغا ئىنسانىيەت ئالدىدىكى مەسئۇلىيەتنى ئەسلىتىش ئارقىلىق ئۇلارنى دائىم ھوشيار بولۇشقا چاقىرىدۇ. شۇنداق، يەرشارىنىڭ شەرقىدىن غەربىگىچە بولغان ئارىلىقتىكى بارلىق ئىنسانىنىڭ دەردىگە دەرمان بولۇش، قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلىش مەسئۇلىيىتى... دۇنيا ھاياتىدا يولىدىن ئېزىققان مىللەتلەرگە يول باشلاپ، ئۇلارنى ھەقىقىي دىنغا ۋە توغرا يولغا ئېرىشتۈرۈش ۋەزىپىسى... ئاللاھ ئەۋەتكەن ھىدايەت ۋە تەۋپىقىنىڭ نۇرى بىلەن قاراڭغۇ دىللارنى ئايدىڭلىتىش ۋەزىپىسى... «(ئى مۇھەممەد ئۈممىتى) سىلەر ئىنسانلار مەنپەئەتى ئۈچۈن ئوتتۇرىغا چىقىرىلغان، ياخشىلىققا بۇيرۇپ يامانلىقتىن توسىدىغان ئاللاھقا

ئىمان ئېيتىدىغان ئەڭ ياخشى ئۈممەتسىلەر». «شۇنىڭدەك (يەنى سىلەرنى ئىسلامغا ھىدايەت قىلغاندەك) كىشىلەرگە (يەنى ئۆتكەنكى ئۈممەتلەرگە) شاھىت بولۇشۇڭلار ئۈچۈن ۋە پەيغەمبەرنىڭ سىلەرگە شاھىت بولۇشى ئۈچۈن، بىز سىلەرنى ياخشى ئۈممەت قىلدۇق».

مانا قولۇمدىكى بۇ كىتاب ئوقۇرمەنلەرنىڭ قەلبىگە بۇ سەۋەپلەرنىڭ ھەممىسىنى ئېرىشىپ تۆكمەكتە، روھىغا بۇ ئالاھىدىلىكلەرنى سىڭدۈرمەكتە. شۇنىسى ئېنىقكى، ئەسەر بۇ ساھەدە پەقەت ۋىجدان ئازابىغا ياكى دىنىي مۇتەئەسسىپلىككە تايانغان ئەمەس. بەلكى ھەقىقەتلەرنى ئەينەن ئوتتۇرىغا قويغان. شۇنداقلا، ئەسەر بۇ ھەقىقەتلەرنى پىكىر، ھېسسىيات، ئەقىل ۋە ۋىجدان تارازىسىدا ئۆلچىمەكتە. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، تارىخىي ۋەقەلەرنى ئېنىق، كۆندىلىك ھادىسىلەر ئارقىلىق ناھايىتى مۇۋاپىق ۋە ئوچۇق چۈشەندۈرۈپ بەرمەكتە. بىر ھۆكۈمنى ئاۋۋال ھەق، ھەقىقەت، مەنتىق ۋە ۋىجدان ئۆلچەملىرىدىن ئۆتكۈزۈپ، ئاندىن مۇھاكىمە قىلماقتا. بۇلارنىڭ ھەممىسى مەيلى ئۆز سېپىدا ياكى ھۆكۈم كاتېگورىيىسىدە بولسۇن، بىر - بىرىگە تايانماقتا. مۇقەددىمە ۋە نەتىجىلەردە ھېچ مۇتەئەسسىپلىك ياكى مۇبالىغە يوقتۇر. بىتەرەپلىك پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇشنى ئەڭ بۈيۈك شوئار دەپ بىلگەن. مانا بۇ، بۇ كىتابنىڭ بىرىنچى ئارتۇقچىلىقىدۇر. كىتاب، بىز ياشاۋاتقان دۇنيانىڭ ئىسلامىيەتتىن بۇرۇنقى مەنزىرىسىنى ناھايىتى تېز، ئەمما ناھايىتى ئېنىق ۋە قىسقا سىزىقلار بىلەن كۆرسىتىپ بېرىش بىلەن باشلانماقتا. دۇنيانىڭ شەرقتىن غەربكە، شىمالدىن جەنۇبقا، ھىندىستاندىن چىن (جۇڭگو) غىچە، ئىراندىن رىمغىچە بولغان تۇپراقلىرىنىڭ خەرىتىسىنى سىزماقتا. سوزۇلۇپ ياتقان دۇنيانىڭ قۇچىقىدىن يەر ئالغان جەمئىيەت ۋە خەلق ئامىسىنىڭ سىخېمىسىنى سىزماقتا...

يەھۇدىيلىك، خرىستىئانلىقتەك ساماۋىي دىنلار ھاكىم بولغان جەمئىيەتلەرنىڭ؛ ھىندى دىنى، بۇددىزم، زەردۇشت (ئاتەشپەرەسلىك) ۋە بۇنىڭغا ئوخشاش باشقا بۇتپەرەس دىنلار مەۋجۇد بولغان جەمئىيەتلەرنىڭ

ئومۇمىي مەنزىرىسىنى كۆز ئالدىمىزغا كەلتۈرمەكتە.

يازغۇچىنىڭ بۇ ئەسىرى دۇنيانى ئالقىنىمىزغا سىغقۇدەك دەرىجىدە كىچىكلىتىپ بەرگەن تەڭدىشى يوق ئەسەردۇر. يازغۇچى مەسىلىلەرنى ناھايىتى ئەستايىدىل ۋە ئېھتىياتچانلىق بىلەن، ھەقىقەتلەرنى بولسا ناھايىتى ئوچۇق ئوتتۇرىغا قويماقتا. بىتەرەپلىك پرىنسىپىنى يادىدىن ھېچ چىقارمىغان ۋە مۇتەئەسسىپلىكتىن يىراق تۇرىدىغان ئوبيېكتىپ بىر مەيداندا تۇرۇپ ھەرىكەت قىلماقتا. بۇنىڭدىن باشقا، كىتابتا كونا - يېڭى، مۇسۇلمان ياكى غەيرىي مۇسۇلمان تارىخچى ۋە تەتقىقاتچىلارغىمۇ كۆپلەپ ئورۇن بەرمەكتە. ھالبۇكى، ئۇلارنىڭ ئىسلام دىنىغا ۋە ئىسلام دىنىنىڭ ئۇ دەۋرلەردە ئوينىغان رولىغا قارشى ئىكەنلىكى ھەممىگە ئايان. نەتىجىدە، يازغۇچى ۋەقە - ھادىسىلەرگە ھەر دائىم ئوبيېكتىپ كۆز بىلەن قارىماقتا.

يازغۇچى ئىچى چۇرۇگەن، چۇشكۇنلەشكەن، قەلبلەردىكى ھۆكۈمران -لىقنى يوقاتقان، قاتما، جانسىز، روھسىز ھالەتتىكى خرىستىئانلىق قاتارلىق ساماۋىي دىنلارنىڭ بولۇشىغا قارىماي، دۇنيانىڭ ئۇپۇقلىرىنى قاپقارا جاھىلىيەت بۇلۇتلىرى قاپلىغانلىقىنى، قەلب ۋە ۋىجدانىنىڭ قالمىغانلىقىنى، روھلارنىڭ ئۆلگەنلىكىنى، قەدىر - قىممەتنىڭ ئاياغ - ئاستى قىلىنغانلىقىنى، قۇللۇق ۋە زۇلۇمنىڭ تەكرار مەيدانغا چىققانلىقىنى، ھەشەمەت ۋە ئەيش - ئىشرەتنىڭ ئەۋج ئالغانلىقىنى، ئەسكىلىك يۇقىرى پەللىگە چىقىپ، ئىنسانىيەت ئالىمىنىڭ نانكورلۇق، ئازغۇنلۇق ۋە قاراڭغۇلۇق پەردىسىنىڭ قاتمۇقات مۇھاسىرىسىگە ئېلىنغانلىقىنى يارقىن تىل بىلەن بايان قىلماقتا.

يازغۇچى پۈتۈن دۇنيانى قاپلىغان جاھىلىيەت قاراڭغۇلۇقىنىڭ يۈرەك ئېچىشتۇرغۇچى بۇ مەنزىرىسىنى كۆرسىتىپ بەرگەندىن كېيىن، ئىسلامنىڭ ئىنسانىيەتنىڭ بۇلاردىن قۇتۇلۇش يولىدىكى رولىنى كۆرسىتىشكە ئىرىشماقتا. شۇنداق، ئىنسانىيەت روھىنىڭ ۋەھىمە ۋە خۇراپىيلىقتىن، قۇللۇق ۋە پەسكەشلىكتىن، بۇزغۇنچىلىق ۋە يامانلىقتىن، چۇشكۇنلۇك ۋە

پەرىشانلىقتىن قۇتۇلۇش يولىدىكى رولىنى؛ ئىنسانلار جەمئىيىتىنىڭ زۇلۇم ۋە ئازغۇنلۇقتىن، پارچىلىنىش ۋە تارقىلىشتىن، سىنىپ ئايرىمچىلىقىدىن، ئۆزىدىن يۇقىرىدىكىلەرنىڭ بېسىمىدىن ۋە پوپلارنىڭ پەسكەشلىكلىرىدىن قۇتۇلۇش يولىدىكى رولىنى؛ ئىپپەت، پاكلىق، ئىتائەت، ئىجابىيلىق (ئاكتىپلىق)، يېڭىلىق، ھۆررىيەت، ساغلام ئىلىم، ئىشەنچ، ئىمان، ئادالەت ۋە شەرەپ، ھاياتنىڭ تەرەققىي قىلىپ ئىلگىرىلىشى ئۈچۈن مۇقىم بىر ئىش ۋە ھاياتتا ھەركىمنىڭ ھەققىنى بېرىش...تەك ئاساسلار ئۈستىگە قۇرۇلغان يېپيېڭى بىر دۇنيانىڭ شەكىللىنىشىدىكى رولىنى كۆرسەتمەكتە. مانا بۇلار قۇرئان رەھبەرلىك ئورنىغا چىققان دەۋرلەردە ۋە ئىسلام ئۆزى ئىدارە قىلغان مەزگىلدىكى دۆلەتلەردە رېئاللىققا ئايلانغان ئىدى. ئىسلام رەھبەرلىك ئورنىنى قولىغا ئالمىغۇچە ھەرىكەتكە ئۆتەلمەيدۇ. چۈنكى ئىسلام بىر ئۈستۈنلۈك ئەقىدىسى، رەھبەرلىك نىزامى، دوراش ئەمەس، بەلكى ئىجاد قىلىش يولىدۇر.

لېكىن كېيىنچە، مۇسۇلمانلارنىڭ ئارقىدا قېلىشى، ۋە ئۇلارنىڭ ئۆزلىرى ئېتىقاد قىلىۋاتقان دىنىنىڭ ئۇلارغا پەرز قىلغان رەھبەرلىك ئورنىدىن يىراقلاپ كېتىشى، ئىسلام بۇيرۇغان ئىنسانىيەتنى قوغداش مەجبۇرىيىتىدىن قېچىشى ۋە ھەر ساھەدە دىنىنىڭ ئاساسلىرىدىن ئايرىلىپ قېلىشى سەۋەبىدىن، ئىسلامنىڭ رەھبەرلىك تىزگىنىنى قولىدىن كەتكۈزۈپ قويۇشتەك دەۋر كەلمەكتە. يازغۇچى مۇسۇلمانلارنىڭ ئارقىدا قېلىشىدىكى ماددىي ۋە مەنىۋىي سەۋەبلەرنى كۆز ئالدىمىزغا كەلتۈرمەكتە. مۇسۇلمانلارنىڭ ئىسلام دىنىنىڭ ئاساسلىرىدىن يىراقلىشىپ زىممىسىدىكى مەسئۇلىيەتتىن قاچقان ۋاقتىتا قەلبلىرىنىڭ قايسى ھالغا كەلگەنلىكىنى، دۇنيانىڭ يول باشلىغۇچى ئۇ تەڭداشسىز رەھبىرىنى يوقىتىپ، جاھىلىيەت قاراڭغۇلۇقىغا شۇڭغۇشى بىلەن نېمىلەرنى يوقاتقانلىقىنى بىر - بىرلەپ چۈشەندۈرمەكتە.

ئىلمىنىڭ كۆز قاماشتۇرغۇچى ئۇپۇقلىرى ئېچىلغان دەۋر ئىنسانىيەتنىڭ بوھران (كرىزىس)دىن بوھرانغا سۈرۈلۈشتەك قورقۇنچلۇق چۈكۈش سىزىقىنى

سىزىپ بەرمەكتە. ئەمما بۇ سىزىقنى يالغۇزلۇق جۇملىلەر ۋە قىزىقارلىق تەدبىرلەر بىلەن ئەمەس، بەلكى تەتقىقاتلارغا تايانغان چوڭقۇر چۈشەنچە يولى بىلەن سىزىپ بەرمەكتە، يازغۇچىنىڭمۇ دېگىنىدەك، ئەسەردە ئوتتۇرىغا قويۇلغان ھەقىقەتلەر مۇتەئەسسىپلىكتىن ياكى ئەدەبىياتتىكى ھەرخىل ياسالمىلىقتىن خالىيدۇر. رىئاللىق ھېچبىر سىنىپنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىمىغان ھالدا ئەسلىدىكىدەك ئەكس ئەتتۈرۈلمەكتە.

كۆز ئالدىمىزدا ئەكس ئەتتۈرۈلگەن بۇ ھەقىقەتلەر ئالدىدا ئوقۇرمەنلەر، ئىنسانلار جەمئىيىتىنى قاراڭغۇلۇقتىن يورۇقلۇققا، جاھىلىيەتتىن مەرىپەتكە ئېلىپ چىقىدىغان يېڭى بىر رەھبەرلىككە ئىنسانىيەتنىڭ نەقەدەر موھتاج ئىكەنلىكىنى ھېس قىلالايدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، بۇ رەھبەرلىكنىڭ يەر يۈزىدە مەۋجۇدلۇقىنى داۋاملاشتۇرۇشنىڭ قىممىتىنى بىلەلەيدۇ. ئۇنى يوقىتىپ قويسا، پەقەت ئۆتمۈشتىكى ۋە بۈگۈنكى، يىراق ۋە يېقىن كەلگۈسىدىكى مۇسۇلمانلارنىڭلا ئەمەس، بەلكى پۈتۈن ئىنسانىيەتنىڭ نېمىلەرنى يوقىتىدىغانلىقىنى ئاڭقىرالايدۇ.

بولۇپمۇ، مۇسۇلمانلارنىڭ قەلبىدە قولىدىن تارتقۇزۇپ قويغان شان - شەرىپىگە بولغان پۇشايمانلىق تۇيغۇسى، تەرك ئېتىلگەن قەدىر - قىممىتىگە بولغان ساھىب چىقىش ھېسسىياتى ۋە يوقىتىپ قويغان رەھبەرلىك ئورنىنى قايتۇرۇۋېلىش ئارزۇسى ئويغىنىدۇ. بۇ ئارزۇ قەلبلىرىدە ئوكياندەك دولقۇنلىنىپ تاشىدۇ. مۇسۇلمانلارنىڭ رەھبەرلىك ئورنىدىن مەھرۇم قىلىشى بىلەن پۈتۈن ئىنسانىيەتنى قاپلىغان پالاكەتلەرنى يازغۇچىنىڭ "جاھىلىيەت" سۆزى بىلەن ئىپادىلىشى جەلپ قىلارلىقتۇر. بۇ، يازغۇچىنىڭ ئىسلامىيەتتىن بۇرۇن ۋە بۈگۈن رەھبەرلىك ئورنىدىن چېكىنگەندىن كېيىنكى ئىسلام روھى بىلەن پۈتۈن دۇنيانى قورقۇنچ ۋابادەك قاپلىغان ماتېرىيالىزم روھى ئارىسىدىكى ئاساسىي پەرقلەرنى ناھايىتى ياخشى بىلگەنلىكىنىڭ كىچىككىنە ئىشارىتى. يازغۇچى بۇ سۆزنى دەل جايىدا قوللانغان ئىدى. جاھىلىيەت ئەسلىدىلا يازغۇچىنىڭ ئەكس

ئەتتۇرگىنىدىن باشقا بىر نەرسە ئەمەس. ئۇ، جاھىلىيەت چەك ـ چېگرىسى ئېنىق ئايرىلغان بىر دەۋر ئەمەس. سۆزنىڭ ئەسلى مەنىسى بىلەن ئېلىپ ئېيتقاندا، بىر روھىي خاراكتېر ۋە مۇئەييەن بىر چۈشەنچە سەۋىيەسىدۇر. جاھىلىيەت، خۇددى ئاللاھ خالىغاندەك، ئىنسانىي ھاياتنىڭ ۋاز كەچكىلى بولمايدىغان گۈزەللىكلىرىنى ئاياغ ئاستى قىلىپ، ئۇلارنىڭ ئورنىغا شەھۋەتپەرەسلىكنى ئاساس قىلغان ياسالما گۈزەللىكلەرنى دەسسىتىش ئارقىلىق ئۆزىنى كۆرسىتىدۇ. ئىنسانىيەت ئىلگىرى مەدەنىيەتسىزلىكنىڭ دەردىنى تارتقان بولسا، بۈگۈنكى تەرەققىيات زامانىدىمۇ ئەينى ئازابتا قىينالماقتا.

ئىسلام ئالىمىنىڭ ۋەزىپىسى پۈتۈن ئىنسانىيەتنى ئاللاھ تائالاغا، پەيغەمبىرىگە ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان ئېيتىشقا چاقىرىشتىن ئىبارەتتۇر. ئىنسانىيەتنى قاراڭغۇلۇقتىن يورۇقلۇققا، قۇلغا قۇللۇق قىلىشتىن، بىر ئاللاھقا قۇللۇق قىلىشقا، دۇنيانىڭ تار چەمبىرىدىن كەڭ ئۇپۇقلارغا ۋە دىنلارنىڭ زۇلۇمىدىن ئىسلامنىڭ ئادالىتىگە دەۋەت قىلىشتۇر. بىر ياشاۋاتقان بۇ ئەسىردە، بۇ دەۋرنىڭ قىممىتى پۈتۈن ئېغىرلىقى بىلەن ئوتتۇرىغا چىقتى ۋە ئۇنى پەرق ئېتىش ئۆتمۈش ئەسىرلەرگە قارىغاندا تېخىمۇ قولاي ھالغا كەلدى. چۈنكى جاھىلىيەتنىڭ ئىنسانىيەتكە كەلتۈرگەن رەزىللىك ۋە ئەسكىلىكلىرى ھەممىگە ئاشكارىلاندى ۋە دۇنيانىڭ غەرەپ ـ نەپرىتىگە ئۇچرىدى. مانا بۇ دۇنيانىڭ جاھىلىيەت قوماندانلىقىدىن ئىسلام قوماندانلىقىغا ئۆتۈش ۋاقتىدىكى دىققەتنى جەلپ قىلىدىغان مەنىلىك بىر ھەرىكەت. ئەگەر ئىسلام دۇنياسى ھەرىكەتلىنىپ، بۇ ۋەزىپىنى تولۇق، سەممىي، جاسارەت، پىداكارلىق بىلەن قوبۇل قىلىپ، ھۆرمەتلىك يازغۇچى نەدەۋىينىڭ كىتابىنىڭ ئاخىرقى قىسمىلىرىدا بايان قىلىنغىنىدەك، ئۇنىڭغا: «دۇنيانىڭ پارچىلىنىپ يوق بولۇش خەتىرىدىن قۇتۇلدۇرىدىغان يېگانە نىزام» سۈپىتىدە مەھكەم ئېسىلسا، ئاللاھنىڭ ئىزنى بىلەن يەڭگىلى بولمايدىغان ھېچبىر توسالغۇ يوق.

ئاخىرىدا، ئىسلام روھىنىڭ بىپايان ئۇكيانلارنى ئەسلىتىدىغان ئۇ كەڭ

ئاساسلىرىغىچە ئىچكىرىلەپ چۈشەندۈرۈلۈشى بولسا، بۇ كىتابتا كۆزگە كۆرۈنەرلىك دەرىجىدە مەيدانغا كەلگەن ئەڭ ئوچۇق ئالاھىدىلىكتۇر. شۇڭا بۇ كىتاب پەقەت دىنىي ۋە ئىجتىمائىي ساھەلەردىكى تەتقىقاتلارغا ئۆرنەك بولۇش بىلەنلا قالماي، ئەكسىچە ئىسلام نۇقتىسىدىن قارىغاندىمۇ يېزىلىشى لازىم بولغان بىر تارىخقا ئەڭ ياخشى مىسال بولالايدۇ.

ياۋروپالىقلار دۇنيا تارىخىنى مەيلى بىلىپ ياكى بىلمەي ئۆزلىرىنىڭ ئاتېئىزم مەدەنىيىتى، ھەر نەرسىنى ماددا بىلەن ئۆلچەيدىغان پەلسەپىسى، دىنىي مۇتەئەسسىپلىك ۋە ئىرقچىلىقنىڭ تەسىرىدە "غەرب" نۇقتىئىنەزىرى بىلەن يېزىپ قالدۇرغان ئىدى.

شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئۇلارنىڭ ئىنسانىيەت تارىخى، تارىخىي ۋەقەلىكلەر ۋە ئۇنىڭ نەتىجىلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇشتا زۇرۇر بولغان ئەخلاقىي ئۆلچەمدىن غاپىل بولغانلىقى، ئۆز كۆڭۈللىرىدە غەربنى ھەر دائىم دۇنيانىڭ مەركىزى نۇقتىسى دەپ قارايدىغان ئىرقچىلىقى، ئىنسانىيەت تارىخىغا تەسىر قىلغان باشقا ئامىللارنى ھېسابقا ئالماسلىقى ۋە ياكى پايدىلىنىدىغان مەنبەلەرنىڭ ياۋروپاغا ئائىت بولمىغانلىقى ئۈچۈن كەمستىشلىرى تۈپەيلىدىن يازغان تارىخلىرى خاتا ۋە ساختىلىق بىلەن تولغان.

بىز بولساق، ھەر ساھەدىكىگە ئوخشاش، تارىخىمىزنىمۇ ياۋروپالىقلاردىن كۆچۈرۈپ ئېلىپ ئۆگىنىشنى ئۆزىمىزگە ئادەت قىلىۋالدۇق. ئۇنىڭ ئۈستىگە، پۈتۈنلەي ساختا ۋە خاتالىقلىرى بىلەن ئېلىپ ئۆزلەشتۈردۇق. ھېچبىر قىممىتى بولمىغان پروگراممىلىرىنى، ئىنسانىيەتكە باراۋەر مۇئامىلە قىلمايدىغان چالا نەزەرىيىلىرىنى، خاتالىققا تولغان مېتود ۋە پىكىرلىرىنى ۋە ئۇنىڭدىن كېلىپ چىققان ساختا نەتىجىلىرىنى، قىسقىسى، بىز ياۋروپانى رەقىبىسىز بىر كۈچ شەكلىدە قوبۇل قىلىۋاتىمىز ۋە بۇلارنىڭ ھەممىسىنى كۆزىمىزنى يۇمۇۋېلىپ تۇرۇپ ئېلىۋاتىمىز. شۇنى ئۇنتۇماسلىق كېرەككى، ئەگەشكەن يول خاتا بولسا، ئۇنىڭدىن كېلىپ چىقىدىغان نەتىجىمۇ خاتا بولىدۇ ـ ئەلۋەتتە! قولۇمدىكى

بۇ كىتاب، بارلىق ۋەقەلەرنى، ئامىللارنى ۋە ھەر تۈرلۈك باھالارنى كۆزىدىن كەچۈرگەن تارىختۇر. بەلكى ئوقۇرمەنلەرمۇ ئىسلام روھىغا تەۋرەنمەس ئۈچ بىلەن باغلانغان، دۇنيا رەھبەرلىكىنى ئىسلام نىزامىغا چېتىش ئۈچۈن قەلبى يېنىۋاتقان بىر زاتنىڭ رەھبەرلىك ماقامىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىنى بايان قىلىپ بېرىدىغان، روھىي ھازىرلىق بىلەن بىرگە ئىقتىساد ۋە جىھاد ھازىرلىقى يېڭى ئىلمىي خىزمەتلىرى، شۇنداقلا مۇستەقىل مالىيە ۋە تىجارەت ھەققىدە توختىلىدىغان مۇشۇنداق بىر ئەسەرنىڭ مەيدانغا كېلىشىنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرمىگەن بولغىيتتى.

يازغۇچى ئىنسانىيەت ھاياتىنىڭ پۈتۈن ئاساسلىرىنى ماس بىر شەكىلدە تىلغا ئالماقتا. تارىخ سەھىپىلىرىنى ۋاراقلىغاندا ۋە مۇسۇلمانلارغا يول كۆرسىتىپ بەرگەندىمۇ بۇ مېتودنى قوللانماقتا. شۇڭلاشقا بۇ ئەسەر ئۆلگىلىك بىر تارىخ كىتابىمۇ بولالايدۇ. ئەينى ۋاقىتتا، مۇسۇلمانلارنىڭ ياۋروپا سىزىپ بەرگەن يولغا تايانماي تۈرۈپ قوللىرىغا ئېلىپ ئوقۇشى كېرەك بولغان يېگانە مەنبەدۇر. چۈنكى، ياۋروپالىقلار قوللانغان مېتود بۇ ئەسەردىكى ماسلىق، ئادالەت ۋە تەتقىقات روھىدىن بەكمۇ يىراق.

بۇ خىل ھېسسىيات بىلەن بۇنداق بىر ئەسەر ھەققىدە سۆز قىلىش ۋە بۇ ھەقىقەتنى تىلغا ئېلىش مېنى بەكمۇ ھاياجانلاندۇرماقتا. ئەسەرنى ئەرەب تىلىدا ئوقۇش پۇرسىتىگە ئېرىشكەنلىكىم ئۈچۈن بەكمۇ سۆيۈندۈم. يازغۇچى ئەسىرىنى ئەرەب تىلىدا يېزىشنى ئەۋزەل بىلدى ۋە مىسىردا ئىككىنچى قېتىم بېسىلىشىنى قوبۇل قىلدى. «بۇنىڭدا (ھەقىقەتەن ئۈستىدە پىكىر يۈرگۈزىدىغان) قەلبكە ئىگە ئادەم ياكى (ۋەز - نەسىھەتكە) ھوزۇرى قەلب بىلەن قۇلاق سالىدىغان ئادەم ئۈچۈن ئەلۋەتتە ۋەز - نەسىھەت بار».

# دوستۇم نەدەۋىي

دوستۇم نەدەۋىي بىلەن 1951 ـ يىلىنىڭ بېشىدا "سەيشەنبە دوكلاتلىرى" نىڭ بىرىدە، قاھىرەدىكى "مۇسۇلمان ياشلار جەمئىيىتى" دە تۇنجى قېتىم ئۇچراشتىم. ھېچ كۆرۈلمىگەن ئەدەپ ۋە ناھايىتى كەمتەرلىك بىلەن يېقىنلىشىپ: "يوللارنىڭ ئايرىلىش نۇقتىسىدا دۇنيا" ناملىق بىر دوكلات بېرىش ئۈچۈن "سەيشەنبە كەچلىرى" دىن بىرنى تەلەپ قىلدى... ئۆزى بەكمۇ ئورۇق، قارا ساقاللىق بىر ئادەم ئىدى. ئۇچىسىدىكى كىيىملىرى ناھايىتى ئاددىي ـ ساددا، قاراشلىرى مەنىلىك ۋە كەسكىن، ئاۋازىنى ئىنچىكە ۋە سىيلىق ئىدى. كېيىنچە چۈشەندىمكى، ھاياتى مىڭبىر ئازاب ۋە مۇشەققەتتە ئۆتكەن نەدەۋىيدەك مۆھتەرەم كىشىلەر ئۈچۈن مۇشۇنداق بىر ئاۋاز كېرەك ئىدى. تۇنجى كۆرۈششىمىزدىن كېيىن ئارىمىزدا دوستلۇق ۋە قېرىنداشلىق مۇناسىۋىتى قۇرۇلدى. مانا بۇ قۇرلارنى ئەنە شۇ ھېسسىيات بىلەن يېزىۋاتىمەن.

ئاللاھنىڭ رازىلىقىغا ئېرىشىش ئۈچۈن خىزمەت قىلىۋاتقان بۇ مۇسۇلمان ئالىم ۋە دەۋەتچى سەيىد ئەبۇل ھەسەن ئەل ھىندى ئەنەدەۋىي ھەزرىتى ھەسەن ئىبنى ئەلىنىڭ نەسەبىدىن بولۇپ، دادىسى بۈيۈك ئالىم فەخرۇددىن ئىبنى ئابدۇلئەلىدۇر. نەسەبى ئابدۇللاھ ئەلئەشئەرى ئىبنى مۇھەممەد زىننەفسىز زەكىيە ئىبنى ئابدۇللاھ ئەلماھس ئىبنى ئەلھەسەن ئەلمۇسەننا ئىبنى ئەلھەسەن ئەسسەبت ئىبنى ئەلى ئىبنى ئەبۇتالىبقا تۇتىشىدۇ. نەدەۋىنىڭ دادىسىنىڭ نۇرغۇنلىغان قولىيازما ۋە باسما ئەسەرلىرى بار. ئەڭ مەشھۇرى سەككىز توملۇق "نۇزھەتۇل خەۋاتىر" ناملىق ئەسىرىدۇر. ئۇ ھىجرىيە 1341 ـ يىلى ۋاپات بولدى.

نەدەۋىي ھىجرىيە 1332 ـ يىلى مۇھەررەم ئېيىدا، ھىندىستاننىڭ بارەللى

ۋىلايىتىگە قاراشلىق "تەكىيە" يېزىسىدا دۇنياغا كەلدى. پارەللى لوكنوۋغا تەخمىنەن 70 كىلومېتىر كېلىدۇ. ئاللاھ ئۇنىڭ ئۆمرىنى ئۇزۇن، ئىسلامغا ۋە مۇسۇلمانلارغا قىلىۋاتقان خىزمىتىنى ئۇتۇقلۇق قىلغاي!

نەدەۋىينىڭ ئائىلىسى ئەرەب نەسلىدىن بولۇپ، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئەرەبلىكىنى ساقلاپتۇ ۋە ھازىرمۇ ساقلاپ كەلمەكتە. ئەسىرلەردىن بېرى ھىندىستاندا ياشاپ، ھىندىچە سۆزلەشسىمۇ، ئەسلى ئەجدادلىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى داۋاملاشتۇرماقتا. نەدەۋىينىڭ ئائىلىسى تەۋھىد ۋە سۈننەتنى قوغداش، بىدئەتلەردىن يىراق تۇرۇش، ئىنسانلارنى ئاللاھ يولىغا چاقىرىش ۋە ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلىش بىلەن تونۇلغان ئائىلىدۇر.

تېبىبىي دوكتور ئابدۇلئەلى ئابدۇلھەيي نەدەۋىينىڭ ئاكىسى ئىدى. لوكنوۋ ئۇنىۋېرسىتېتىنى مەكتەپ بويىچە بىرىنچىلىك بىلەن پۈتتۈرگەن ۋە دېيوبەند ئىنستىتۇتى ۋە دارۇلئۇلۇمنى تاماملىغان ئىدى. شۇنداق قىلىپ، ئۇ زامانىۋىي ئىلىم بىلەن دىنىي ئىلىمنى بىرلا ۋاقىتتا ئۆزىگە مۇجەسسەملەشتۈرگەن ئىدى. نەدەۋىينىڭ ئۆسۈپ - يېتىلىشىدە ئۇنىڭ رولى چوڭ بولدى. دادىسى ۋاپات بولغاندىن كېيىن، نەدۋەتۇلئۇلەماغا مۇدىر بولدى. نەدەۋىي بۇندىن 10 يىل بۇرۇن ئۆز ئائىلىسىدىن ئۆيلەنگەن ئىدى. بۇ، ھىندىستانلىق مۇسۇلمانلارنىڭ ئارىسىدا داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان بىر ئادەت بولۇپ، قارشى چىققانلار ئەيىبلىنىدۇ.

نەدەۋىينىڭ ئىلىم تەھسىل قىلىش ھاياتى ئائىلىسىدە ئانىسىنىڭ ياردىمىدە قۇرئان كەرىم يادلاش بىلەن باشلاندى. ئانىسى پەزىلەتلىك، ئۇستۇن قابىلىيەتلىك، تەقۋادار ئايال ئىدى. قۇرئان كەرىمنى يادقا بىلەتتى. ھەرخىل گېزىت ۋە ژۇرناللاردا ماقالە ۋە ئىجادىي ئەسەرلەر ئېلان قىلغان ئىدى. ئۇنىڭدىن كېيىن نەدەۋىي ئوردۇچە ۋە پارسچە ئۆگەندى. 21 ياشلىرىدا ئىنگلىزچە ۋە ئەرەبچە ئۆگىنىشكە باشلىدى. ئەرەبچە دەرسلىرىنى شەيخ خېلىل ئىبنى مۇھەممەد ئەلىيەمەنى بەردى. توپتوغرا ئىككى يىل ئەرەب ئەدەبىياتى ھەققىدە تەتقىقات بىلەن شۇغۇللاندى. نۇرغۇنلىغان كلاسسىك ئەدەبىيات ئەسەرلىرىنى

ئوقۇدى. نەدەۋىينىڭ ئەرەب ئەدەبىياتىغا بولغان ھەۋىسى ئۇ دەۋردىكى ھىندىستان ئۆرپ ـ ئادىتىگە زىت كېلەتتى. چۈنكى ھىندىستانلىق مۇسۇلمانلار ئەرەب ئەدەبىياتىغا بەك ھەۋەسلەنمەيتتى. نەدەۋىي "نەھجۇلبەلاغە، دەلائىلۇل ئىجاز، ۋەلھىماسە" ناملىق ئۈچ ئەدەبىي ئەسەرگە ئالاھىدە قىزىقاتتى. كېيىن لوكنوۋ ئۇنىۋېرسىتېتىغا ئوقۇشقا كىردى. بۇ يەردە ئىنگلىز تىلى ۋە تەبىئىي پەن ئىلىملىرى ئوقۇتۇلاتتى. نەدەۋىي ئۇنىۋېرسىتېتنىڭ "ئەرەب تىلى ۋە ئەدەبىياتى" فاكۇلتېتىدا ئوقۇشنى داۋاملاشتۇردى. ئۇ ئۇنىۋېرسىتېتنىڭ يېشى ئەڭ كىچىك ئوقۇغۇچىسى ئىدى. دەسلەپكى كۈنلەردە گىراماتىكا دەرسلىرىدىن ئىچى سىقىلدى ۋە بۇ دەرسنى كېيىنگە قالدۇردى. ئوقۇشنى بۈيۈك بىر مۇۋەپپەقىيەت ۋە ئۈستۈنلۈك بىلەن داۋاملاشتۇردى. ئۇنىڭدىن كېيىن، ئەدەبىيات دەرسنى نەدەۋەتۇلئۇلەمانىڭ ئەرەب ئەدەبىياتى بۆلۈمىنىڭ باشلىقى دوكتور شەيخ تەقىيۇددىن ئەلخىلىل ئەلماراكەشىدە تاماملىدى.

نەدۋەتۇل دارۇلئۇلۇمىنىڭ ئىشلىرىغا يېتەكچىلىك قىلىدىغان بىر جەمئىيەت ئىدى. كېيىن نەدۋەتولئۇلەماغا كىردى ۋە بۇ يەردە ئىككى يىل ھەدىس ئىلىملىرى ئۆگەندى. ھەدىس بۆلۈمىنىڭ باشلىقى ھەيدەر ھەسەنخاندىن كۆپ پايدىلاندى. دىيوبەندتىكى دارۇلئۇلۇمدا بىر قانچە ئاي تۇردى ۋە بۈيۈك ئالىم ۋە مۇجاھىد شەيخ ھۇسەين ئەھمەد ئەل مەدەنىينىڭ ھەدىس دەرسلىرىگە قېتىلدى.

ئاندىن لاھورغا بېرىپ داڭلىق مۇپەسسىر (تەپسىرشۇناس) شەيخ ئەھمەد ئەلىدىن تەپسىر ئۆگەندى. نەدەۋىي دىپلوم ياكى كۆرسەتكۈچ ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى پەقەت ئەركىن ـ ئازادە ئىلىم ـ ئىرپان ئۆگىنىش ئۈچۈن توختىماي ئوقۇدى.

ئوقۇشنى تاماملاپ، دەرھال لوكنوۋغا قايتتى ۋە ئۇ يەردىكى دارۇلئۇلۇمغا ئوقۇتقۇچى بولۇپ تەيىنلەندى. دارۇلئۇلۇمدا 10 يىل تۇردى ۋە ھەرخىل ئىلىملەرنى ئۆگەتتى. بۇ ئارىلىقتا نەدەۋەتۇلئۇلەما تەرىپىدىن مەسئۇد نەدەۋىي

باشچىلىقىدا چىقىرىلىدىغان ئەرەبچە "زىيا (نۇر)" ژۇرنىلىدا ئەسەرلىرى ئېلان قىلىشقا باشلىدى. ئۇندىن باشقا، ئوردۇچە ئىجادىيەت ئەسەرلىرى ياردى. "شەيخ سەييد ئەھمەدنىڭ ھاياتى" ناملىق ئەسەرىنى نەشر قىلدۇردى. بۇ ئەسەر جەمئىيەتتە ئالقىشقا ئېرىشتى ۋە ئارقا - ئارقىدىن ئۈچ قېتىم بېسىلدى. ئاندىن كېيىن، نەدەۋى دېھلىگە بېرىپ، بۈيۈك ئىسلام دەۋەتچىسى شەيخ مۇھەممەد ئىلياس بىلەن كۆرۈشتى. بۇ كۆرۈشۈش نەدەۋىينىڭ ھاياتىدا بىر بۇرۇلۇش نۇقتىسى بولدى. چۈنكى شەيخ مۇھەممەد ئىلياس بۈيۈك بىر مۇرشىد ئىدى. ئۇ ئاللاھ يولىغا دەۋەت قىلىشتا سەممىي بولغانلىقى ئۈچۈن، خەلقنىڭ ھۆرمىتىگە ئېرىشكەن بولسىمۇ، ئەمما بۇندىن بۇرۇن خەلق بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى قويۇق ئەمەس ئىدى.

چۈنكى، تەتقىقات ۋە ئىجادىيەت ئىشلىرىغا بېرىلىپ كەتكەن ئىدى. كېيىنچە ئاستا - ئاستا يېزا - بازار خەلقلىرى بىلەن ئالاقە قىلىشقا باشلىدى. ئىسلامىيەتنى ھىندىستاننىڭ شەھەر - يېزىلىرىغا يېيىش ئۈچۈن سەپەرگە چىقىشقا باشلىدى ۋە بۇ سەپەرلەرنىڭ بەزىلىرى بىرەر ئايغىچە سۈرەتتى.

نەدەۋىينىڭ نەزىرىدە شەيخ مۇھەممەد ئىلياس چوڭقۇر دىنىي ئىلىمگە ۋە كۈچلۈك ئىمانغا ساھىب كىشى ئىدى. دوستۇم نەدەۋىينىڭ ئېيتقىنىدەك شەيخ مۇھەممەد ئىلياس بىر تەقۋا سەلەفى نەمۇنىسى بولۇپ، ئىخلاسمەن، جاسارەتلىك كىشى ئىدى. مۇسۇلمانلارنىڭ ھالىغا ئېچىناتتى، ئۇلار ئۈچۈن ئىشلەيتتى، لاۋۇلداپ تۇرغان ۋولقاندەك كۈچلۈك روھى بىلەن مۇسۇلمانلارنىڭ دەردلىرىگە دەرمان بولۇش ئۈچۈن قەلبى يېنىپ تۇراتتى.

نەدەۋى روھى تەربىيىسىنى ئارىف جىبىلى شەيخ ئابدۇلقادىر ئەررەئىپورىدىن ئالدى. ئۇنىڭ مەجلىس سۆھبەتلىرىدىن كۆپ پايدىلاندى.

نەدەۋى ئوردۇچە بېسىلىدىغان نەدۋەتۇلئۇلەمانىڭ نەشر ئەپكارى بولغان "نەدۋە" ئىسىملىك ئىلمىي ژۇرنالنىڭ باش مۇھەررىرلىكىگە تەيىنلەندى.

ئالەيگەر ئىسلام ئۇنىۋېرسىتېتى ئۇنىڭغا "تەييارلىق" ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ دىنىي ئوقۇتۇش پروگراممىسىنى تەييارلاش ۋەزىپىسىنى تاپشۇردى. بۇ ئارىلىقتا ئۇ "ئىسلامىيەت" ناملىق بىر ئەسەر يازدى. ئۇنىۋېرسىتېت بۇ كىتابنى قىزغىنلىق بىلەن قوبۇل قىلىپ، يازغۇچىنى مۇكاپاتلىدى. خەلىفىئارا ئىسلام ئۇنىۋېرسىتېتىدا سۆزلىگەن لېكسىيىسى بۈيۈك ئالقىشقا ئېرىشتى. كىتاب قىلىپ چىقىرىلدى ۋە بۇ ئەسەر كۈچلۈك ئىنكاس قوزغىدى.

ئەينى ۋاقىتتا، نەدەۋىي ھىندىستاندا ئەرەب تىلى ئوقۇتىدىغان مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى ئۈچۈن بەزى كىتابلارنى ھازىرلىدى. "ئەرەب ئەدەبىياتىدىن تاللانمىلار" ناملىق ئەسىرى بۇلاردىن بىرىدۇر. ھىندىستاندىكى دارۇلئۇلۇم ۋە بەزى ئۇنىۋېرسىتېتلار بۇ ئەسەرنى ئۆزلىرىنىڭ دەرسلىك كىتابى قىلىپ تاللىدى. بۇنىدىن باشقا "پەيغەمبەرلەر قىسسىلىرى" ناملىق ئۈچ قىسىملىق ئەسىرى ۋە باشقىلىرىمۇ بۇ كىتابلارنىڭ ئارىسىدا ئىدى.

نەدەۋىي ئوردۇ تىلىدا ئايدا ئىككى سان بېسىلىدىغان "تامىر" ژۇرنىلىنى چىقاردى. ھىندىلار ئارىسىدا ئىسلامىيەتنى تەشۋىق قىلىش ئۈچۈن بىر جەمئىيەت قۇردى. ئىسلامنى تەشۋىق قىلىش غايىسىدە قۇرۇلغان بۇ جەمئىيەت ئىسلام دىنى ھەققىدە ئۇ يەردە كەڭ قوللىنىلىدىغان ئىنگلىز تىلىدا كۆپلىگەن تەكشۈرۈش ۋە تەتقىقات ئەسەرلىرى نەشر قىلدى.

نەدەۋىي 1960 - يىلى لوكنوۋدا "ئىلىم ۋە ئىسلام جەمئىيىتىنى" قۇردى. بۇ جەمئىيەتنىڭ ئىنگلىز، ئەرەب، ھىندى ۋە ئوردۇ تىللىرىدا ئېلىپ بارغان كۆپلىگەن تەتقىقات ۋە ئىلمىي خىزمەتلىرىدىن باشقا نەشر قىلىنغان قىممەتلىك ئەسەرلىرىمۇ بار.

مۆھتەرەم دوستۇم نەدەۋىينىڭ ئوقۇشقا، كىچىلىرى سۆھبەت يىغىلىشلىرىغا قېتىلىشقا، كىتابلاردىن سۆز ئېچىشقا كۈچلۈك ۋە چوڭقۇر سۆيگۈسى بار. ئۇنىڭ ئۈچۈن ئەڭ قىممەتلىك ھەدىيە، ئۇ ياخشى كۆرگەن ۋە پايدىلىنالايدىغان كىتاب

ئىدى. نەدەۋىي كىتابلارنى ئۆيىنى بېزەش ئۈچۈن ئەمەس، ئوقۇش، تەتقىق قىلىش ئۈچۈن ئالىدۇ. نەشر قىلىنغان ئەسەرلىرى بۇنىڭ ئەڭ ئوچۇق دەلىلىدۇر. كېچىلىك سۆھبەت يىغىلىشلىرى ۋە قىلغان تەتقىقاتلىرى ئۇنىڭ قابىلىيىتى بىلەن بىرلىشىپ، ئۇنىڭغا ئەرەبچىنى راۋان سۆزلەش كۈچىنى بەردى. ئۇ ئىنساننىڭ زوقىنى كەلتۈرىدىغان گۈزەل ئىپادىلەر ۋە بەدىئىي ماھارەتكە تولغان جۈملىلىرى بىلەن پاساھەت ۋە بالاغەتنى ۋايىغا يەتكۈزۈپ سۆزلەيدۇ. لېكسىيەلىرىگە دائىما تەييارلىق قىلىپ بارىدۇ. كۆپىنچە ۋاقىتلاردا يازىدۇ. سۆزلەشكە باشلىغان ۋاقىتتا ئەڭ گۈزەل، ئەڭ ياخشى ۋە قايىل قىلارلىق شەكىلدە سۆزلەيدۇ.

ئۇسلۇبىدا ھېسسىيات ۋە تەسىر ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلەيدۇ. بۇنىڭدىن بۇرۇن ئېيتىپ ئۆتكىنىمدەك ۋە ئۆزىدىنمۇ ئاڭلىغىنىمدەك، نەدەۋىي بىر تېمىنى تەتقىق قىلىپ، تەييارلانماي تۇرۇپ، ئۇ تېما ھەققىدە سۆز قىلمايدۇ. بۇ، ئىلمىي سەرمايىسىنىڭ يېتەرسىزلىكىدىن ئەمەس، بەلكى مەسىلىنى ئوچۇقچە ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئىسپاتلاشنى ئويلىغان ئالىمنىڭ ئېھتىياتچانلىقىدىندۇر. نەدەۋىينىڭ كۆپىنچە ئەسەرلىرى نەسرىي شەكىلدە بولۇپ، ھازىرغىچە شېئىرىي ئەسەر يېزىشقا قىزىقىپ باقمىدى.

ئۇستاز نەدەۋىي پۇتبول، سۇ ئۈزۈش، ئوۋ ئوۋلاش، چويلا توپ ۋە ئات بەيگىسى قاتارلىق تەنتەربىيە پائالىيەتلىرى بىلەنمۇ شۇغۇللانغان ئىدى. ئەمما يېقىنقى زامانلاردا بۇلارنى تەرك ئەتتى. چۈنكى ئۆزىدىن بىرى كېسەلدىن قۇتۇلالمايۋاتاتتى. بولۇپمۇ كۆكرەك قىسمىدا بىر بىئاراملىق بار ئىدى. ئاللاھ ئۇنى بۇ ئازابتىن قۇتۇلدۇردى. پەقەت ئاندا - ساندا كېلىدىغان يۆتەل قالدى، خالاس!

نەدەۋىي ھەر تۈرلۈك رەسىملەرگە قارشى چىقىدۇ. رەسىمىنىڭ تارتىلىشىنى خالىمايدۇ. بىر قېتىم بىرلىكتە قاھىرەدىكى چوڭ نەشرىيات ئورگانلىرىدىن بىرىنى زىيارەت قىلغىلى بارغان ئىدۇق. نەشرىياتنىڭ رەسىمچىسى بىر خاتىرە رەسىمنى تارتىۋېلىشنى تەكلىپ قىلدى. نەدەۋىي بۇ تەكلىپنى قوبۇل قىلمىدى. شۇنچە يالۋۇرغان بولسىمۇ، رازىلىق بىلدۈرمىدى. ھىندىستانلىق مۇسۇلمانلارنىڭ:

"رەسىم ھارام" دېگەن كۆز قاراشتا ئورتاق ئىكەنلىكىنى ئېيتتى.

يەنە بىر قېتىم نەدەۋىدىن ئۆتمۈشتىكىلەردىن كىمنىڭ تەسىرىگە ئەڭ كۆپ ئۇچرىغانلىقىنى سورىدىم. نەدەۋي:"ھەرخىل ئازاب ۋە قىيىن - قىستاققا ئېلىنغان ئەھمەد ئىبنى ھەنبەل، بىدئەتلەرگە قارشى تۇرۇش، شەرئەت، ھەقىقەت ۋە ئىسلاھات تېمىلىرىدا بەكمۇ قىممەتلىك ئەسەرلەر يازغان شەيخ ئەھمەد سەرھەندى (ھىجرىيە 1024 - يىلى ۋاپات بولغان)،"ھۆججەتۇللاھى ئەلبالىغە" ناملىق ئەسەرنىڭ ئاپتورى، بۈيۈك ئىسلام ئالىمى شەيخ ۋەلىيۇللاھ دەھلەۋي (ھىجرىيە 1176 - يىلى ۋاپات بولغان) ۋە ھىجرىيەنىڭ 13 - ئەسرىدە ھىندىستاندا تۇنجى شەرئەت دۆلىتىنىڭ قۇرغۇچىسى شېھىد سەيىد ئەھمەد" قاتارلىقلار دەپ جاۋاب بەردى. بۇ دۆلەت بىر ئاي ھۆكۈم سۈرەلىدى. كېيىنچە ئىنگلىزلەر ھەر خىل سۇيىقەستلەر پىلانلاپ، بۇ ئىسلام دۆلىتىنى يوقىتىشنىڭ يوللىرىنى ئىزدىدى ۋە ئاخىرى مۇۋەپپەقىيەت قازاندى.

يەر يۈزىدە ئىسلام ھاكىمىيىتى بايرىقىنىڭ لەپىلدىشىنى، ئىشغالىيەتچى جاھانگىر دۆلەتلەرنىڭ يەر بىلەن يەكسان بولۇشىنى، ئىسلامغا قارشى ئۇرۇش ئېلان قىلغان، مۇسۇلمانلارغا زورلۇق - زومبۇلۇقنى راۋا كۆرىدىغانلاردىن ئاللاھنىڭ قانداق ئىنتىقام ئالغىنىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈش نەدەۋىينىڭ ئەڭ چوڭ ئارزۇسىدۇر. پەقەت شۇندىلا ئۇنىڭ كۆڭلى ئارام تېپىپ ھوزۇرلىنىدۇ ۋە ئۇ ئىسلامىي ئويغىنىشنىڭ تۇنجى ئۇچقۇنىنىڭ پەقەت تۈركىيە ۋە پاكىستاندىن تۇتىشىدىغانلىقىغا ئىشىنىدۇ. ئۇندىن باشقا، ھىندىستان مۇسۇلمانلىرىغا بولغان ئۈمىدىمۇ زور.

نەدەۋي 1947 ــ 1950 - يىللىرى ئارىسىدا ھىجازغا ۋە 1951 - يىلى مىسىرغا باردى. كۆپلىگەن ئىسلام دۆلىتىنى ئايلاندى، كۆردى، ياشىدى، دەرس ۋە دوكلاتلار بەردى، خەلق ئاممىسىغا خىتاب قىلدى. ئاياق باسقان ھەر يېرىدە ئۇنىڭ ئەجرى - مېھنىتى ۋە كۆز يېشى بار ئىدى.

1957-يىلى "ئەرەب ئىلىم جەمئىيىتى"گە مۇخبىر بولۇپ تاللاندى. 1956-يىلى دەمەشق ئۇنىۋېرسىتېتىدا تەكلىپلىك پروفېسسور سۈپىتىدە دوكلات بېرىش ئۈچۈن سۈرىيەگە دەۋەت قىلىنغان ئىدى.

مىسىردىكى چاغلىرىدا ئۇنىڭدىن مىسىرنىڭ ياخشى تەرەپلىرى ھەققىدىكى تەسىراتىنى سورىغىنىمدا: "ئاللاھقا ئىمان ئېيتىش ۋە ئېتىقادتا چىڭ تۇرۇش، مۇسۇلمانلارغا، بولۇپمۇ چەتئەللىكلەرگە بولغان ھۆرمەت ۋە مۇھەببەت، كەمتەرلىك، كەڭ قورساقلىق ۋە ئىشلەپچىقىرىش پائالىيىتىنىڭ زىچلىقى" دېدى؛ ئاندىن ئۇ ياقتۇرمىغان تەرەپلەرنىڭ نېمىلەر ئىكەنلىكىنى سورىغىنىمدا بولسا، بىر ئاز ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن: "يالىڭاچلىق، گېزىت - ژۇرناللاردا يەر ئالغان يالىڭاچ رەسىملەر، بەزى زىيالىيلارنىڭ دىنىمىز ھارام قىلغان بەزى قائىدە - نىزاملارغا چېقىلىشى، مەسچىت - جامەلەرگە لىق تولىدىغان جامائەتنىڭ ئازىيىپ كېتىشى ۋە ياۋروپا ئېقىمىغا قارىغۇلارچە ئەگىشىش" دەپ جاۋاب بەردى. ئۇندىن باشقا، دوستۇم نەدەۋىي ساختا قىلىقلارنى ھېچ ياقتۇرمايدۇ. يەپ - ئىچىش، كىيىنىشتە بەكمۇ ئاددىي - ساددا بولۇپ. خىيال پەرەسلىك ۋە دورامچىلىقنىمۇ ياقتۇرمايدۇ. پۇل - مالغا ھېچ ئېتىبار بەرمەيدۇ، رەببىگە بولغان تەۋەككۇلچىلىكنى ھەممىدىن ئەلا بىلىدۇ.

ئۇنىڭ ئۆزى ئويلىغان مەقسەتكە يېتىش يولىدىكى پىداكارلىقى تىللاردا داستاندۇر. باشقىلار مەغلۇبىيەتكە ئۇچراۋاتسىمۇ، ئۇنىڭ ھەر ساھەدە مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشىنىڭ بىردىنبىر سىرى بولسا، ئۇنىڭ تەۋەرنەمەس ئىخلاسىدۇر. سۆزۈمنى ئۇزارتتىم، ئەمما بۇ سۆزلىرىم بىلەن قېرىندىشىم نەدەۋىي ھەققىدە ئازدۇر- كۆپتۇر بىر نەرسە دېيەلىدىم دەپ ئويلايمەن.

پروفېسسور، دوكتور ئەھمەد شىرباسى

ئەزھەر ئۇنىۋېرسىتېتى ئوقۇتقۇچىسى

# مۇسۇلمانلارنىڭ ئارقىدا قېلىشى بىلەن دۇنيا نېمىلەرنى يوقاتتى؟

مۇسۇلمانلارنىڭ ئاۋۋال چېكىنىپ، ئاندىن دۇنيا رەھبەرلىكىدىن يىراقلىشىشى ۋە ئەڭ ئاخىرى ھايات ۋە پائالىيەت ساھەسىدىن چېكىنىپ چىقىشلىرى، تارىختا دائىم كۆرۈلۈپ تۇرىدىغان باشقا قوۋم ۋە مىللەتلەرنىڭ چېكىنىشلىرى، دۆلەت ۋە ھۆكۈمەتلەرنىڭ يىقىلىشى، پادىشاھ ۋە ئىستىلاھچىلارنىڭ مەغلۇپ بولۇشلىرى، زەپەر قۇچقان غازىلارنىڭ مەغلۇبىيەتكە ئۇچراشلىرى، مەدەنىيەتنىڭ ۋەيران بولۇشى ۋە سىياسىي ھاياتنىڭ چۆكۈشى قاتارلىق ۋەقەلەرگە ئوخشاش ئاددىي بىر ھادىسە ئەمەس. ھەر مىللەتنىڭ تارىخى بۇنىڭغا ئوخشاش ھادىسىلەر بىلەن تولغاچقا، ئىنسانىيەت تارىخىدا بۇنىڭ مىساللىرى بەكمۇ كۆپ. ئەمما تارىختىكى ھەر ھادىسىنىڭ ئوخشىشى تېپىلسىمۇ، مۇسۇلمانلارنىڭ ھايات سەھنىسىدىن چېكىنىشى تارىختا كۆرۈلۈپ باقمىغان ئاجايىپ ھادىسىدۇر.

بۇ ھادىسە، ھۆكۈمەت ۋە دۆلەتتىن ئايرىلىپ قالغان قەبىلە ۋە ئائىلىلەر بۇياقتا تۇرسۇن، ھەتتا ئەرەبلەرگە ياكى ئىسلامنى قوبۇل قىلغان قەۋم ۋە مىللەتلەرگىمۇ مەنسۇپ ئەمەس، چۈنكى بۇ، تارىختا بۇنىڭدىنمۇ كەڭ ۋە بۇنىڭدىنمۇ بەتتەر (يامىنى) ئۇچرىمايدىغان تەسىر دائىرىسى كەڭ ئىنسانىي بىر پالاكەتتۇر. ئەگەر دۇنيا بۇ مۇسىبەتنىڭ ئۇستىدىكى مۇتەئەسسىپلىك پەردىسىنى قايرىپ تاشلاپ، خاراب بولۇشنىڭ سالمىقىنى دەڭسەپ كۆرۈپ، ھەقىقەتنى چۈشەنگەن بولسا ئىدى، بۇگۈننى كۆز يېشى، ئازاب، ئەلەم، ماتەم كۈنى دەپ ئېلان قىلاتتى. مىللەتلەر بىر - بىرىگە تەزىيە بىلدۈرەتتى ۋە دۇنيانى ماتەم ھاۋاسى قاپلىغان بولاتتى. ئەمما بۇ ھادىسە بىر كۈننىڭ ئىشى ئەمەس،

بەلكى ئۇزۇن يىللاردىن بېرى تەدرىجىي مەيدانغا كەلگەن ئىدى. دۇنيا بۈگۈنگىچە بۇ ھادىسىنى مۇۋاپىق بىر شەكىلدە ئېتىبارغا ئېلىپ، توغرا دىئاگنوز قويمىدى. چۈنكى، دۇنيا بۇ پالاكەت مەيدانغا كەلتۈرگەن زىيان ۋە چىقىمىنى ھېسابلىيالىغۇدەك ئۆلچەمدىن مەھرۇم.

دۇنيا زەئىپ ۋە ئاجىز مىللەتلەرنىڭ كۆز يېشى ۋە قان-تەر بەدىلىگە ھوزۇر سۈرگەن، نۇرغۇن كىشىنى قۇل قىلىۋالغان، كۆپلىگەن دۆلەت ۋە قىتئەلەرنى ئۆزىگە بويسۇندۇرغان ۋە بىر زامان جاھانغا ھۆكۈمرانلىق قىلغان بىر دۆلەتنىڭ چۆكۈشى بىلەن ھېچبىر نەرسىسىنى يوقىتىپ قويمايدۇ. سەلتەنەت ۋە ھۆكۈمرانلىقنىڭ ۋە باياشاتلىق ۋە سائادەتنىڭ ئىنسانلارغا مۇستەبىتلىك بىلەن ھۆكۈمرانلىق قىلغان بىر گۇرۇھتىن باشقا بىر گۇرۇھقا ياكى بىر شەخستىن باشقا بىر شەخسكە ئۆتۈش بىلەن ئىنسانىيەت بەختسىز بولۇپ كەتمەيدۇ. ئاساسىنى يوقاتقان، ئېنېرگىيە مەنبەسى ئۈزۈلگەن بىر دۆلەتنىڭ چۆكۈشى، ياشىغان ۋە كۈندىن كۈنگە زەئىپلەشكەن بىر دۆلەتنىڭ چېكىنىشى بىلەن دۇنيا ئەسلا مەيۈسلەنمەيدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە، كائىنات قانۇنلىرى بۇنىڭغا مەجبۇرلايدۇ. ئىنسانلارنىڭ ھەر كۈن تۆككەن كۆز يېشى ئۆلۈپ كەتكەن بىر رەھبەردىن ۋە ئايرىلغان بىر ھۆكۈمداردىن تېخىمۇ قىممەتلىكتۇر. ئۆز سائادەت ۋە باياشاتلىقى ئۈچۈن بىر كۈن بولسىمۇ ئەمگەك قىلمىغان، ئۆز تىنچلىق ۋە ھوزۇرى يولىدا بىر سائەت خىزمەت قىلىشتىن قاچقان بىرىگە ئىنسانىيەت قىلچىلىك ئىچ ئاغرىتمايدۇ. يەر ۋە كۆك ھەر كۈن يۈز بېرىۋاتقان ۋە تارىختا مىڭلارچە قېتىم تەكرارلانغان بۇ خىل ھادىسىلەرگە قارىتا بەكمۇ تاش يۈرەك، رەھىمسىزدۇر.

«ئۇلار (غەرق بولۇپ) نۇرغۇن باغلارنى، بۇلاقلارنى، زىرائەتلەرنى، چىرايلىق جايلارنى قالدۇردى. ئۇلار بەھرىمەن بولۇۋاتقان نېمەتلەرنى قالدۇردى. شۇنداق قىلىپ، ئۇلارنى باشقىلارغا (بەنى ئىسرائىلغا) مىراس قىلىپ بەردۇق، ئۇلارغا ئاسمانمۇ، زېمىنمۇ يىغلىمىدى، ئۇلارغا مۆھلەتمۇ بېرىلمىدى». شۇنىسى ھەقىقەتكى، نۇرغۇن ھۆكۈمدار ۋە مىللەتلەر يەر يۈزىنىڭ ئېغىر يۈكى،

ئىنسانىيەتنىڭ باش بالاسى، كىچىك ۋە ئاجىز مىللەتلەرنىڭ ئازاب ئوقۇبىتى ۋە خەلق ئاممىسى ئۈچۈن بىر پىتنە ـ پاسات ۋە مىكروب مەنبەسى بولۇپ پۈتكۈل جەمئىيەتنىڭ ھۆجەيرىلىرىنى زەھەرلەپ، ساپ ـ ساغلام ۋۇجۇدلارنىڭ كېسەل يۇقتۇرۇۋېلىشىغا يول ئاچتى. مانا بۇ ئەھۋالدا ئۇنى جىددىي داۋالاپ، كېسەل يۇققان ئەزانى كېسىپ ئېلىپ ساغلام ۋۇجۇدتىن يىراقلاشتۇرۇش، ئالەملەرنىڭ رەببى بولغان ئاللاھنىڭ رەھمەت ۋە ئىلاھىي سۈپىتىنىڭ ئىپادىسىدۇر. پۈتۈن ئىنسانىيەت ئائىلىسى، ھەتتا دۇنيادىكى بارلىق شەخس بۇنىڭغا شۈكرى قىلىشى ۋە مىننەتدارلىق تۇيغۇلىرىنى ئىپادىلىشى كېرەك.

«زۇلۇم قىلغان قەۋمنىڭ يىلتىزى قۇرۇتۇلدى (يەنى ئۇلار پۈتۈنلەي ھالاك قىلىندى) جىمى ھەمدۇسانا (پەيغەمبەرلەرگە ياردەم بېرىپ، كۇففارلارنى ھالاك قىلغانلىقى ئۈچۈن) ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى ئاللاھقا خاستۇر!»

پەيغەمبەرلەرنىڭ ۋەزىپىسىنى مىراس ئالغان ۋە ئىنسانىيەت ئۈچۈن ئادەم بەدىنىدىكى ھاياتلىق تومۇرىدەك مۇھىم بولغان مۇسۇلمانلارنىڭ ئارقىغا چېكىنىشى، دۆلەتلەرنىڭ يوقىلىشى، بوران - شاۋقۇنلىرىنىڭ توختاپ قېلىشى؛ زەئىپ، ئىقتىدارسىز، ئادەتتىكى بىر مىللەتنىڭ ياكى بىر ئۇنسۇرنىڭ ۋە ياكى بىر جەمئىيەتنىڭ چېكىنىشىگە ئوخشىمايدۇ. چۈنكى بۇ، ئىنسانىيەتنىڭ روھىنى تەشكىل قىلغان ئەلچىلىك دەۋاسىنىڭ چېكىنىشى ۋە دۇنيا نىزامىنىڭ ئۈستىگە قۇرۇلغان ئاساسىنىڭ يىقىلىشى دېگەنلىكتۇر.

ئارىدىن بىر نەچچە ئەسىر ئۆتكەن بولسىمۇ، مۇسۇلمانلارنىڭ شەرق ۋە غەربتىكى چېكىنىشلىرى ۋە رەھبەرلىك ئورنىدىن چۈشۈرۈلۈشى ھەقىقەتەن ئىنساننى قورقۇتىدىغان ھادىسىمىدۇر؟

ھەرخىل مىللەتلەر ۋە ئىنسانلار جەمئىيىتى بىلەن تولغان دۇنيا، بۇ ئىدېئال نەسلىنىڭ چېكىنىشى بىلەن ھەقىقەتەن بىر نېمە يوقاتقانمىدۇ؟ ئەگەر يوقاتقان بولسا، پالاكەت ۋە خارابە قايسى دەرىجىدە؟

www.uyghurkitap.com

ئىسلام دۆلەتلىرىنىڭ خارابە دۆۋىسى ئۈستىگە بۈيۈك بىر دۆلەت قۇرغان ۋە ھەتتا جاھان ھاكىمىيىتىنى مۇسۇلمانلارنىڭ قولىدىن (تارتىۋالغان) ياۋروپا مىللەتلىرىنىڭ رەھبەرلىك ئورنىغا چىقىشى بىلەن دۇنيانىڭ ۋە مىللەتلەرنىڭ ئەھۋالى قانداق بولدى؟ مىللەتلەرنىڭ قوماندانلىقىدا، دۇنيا رەھبەرلىكىدە، دىنىدا، ئەخلاقتا، سىياسىي ھاياتتا ۋە ئىنسانىيەتنىڭ كېلەچىكىدە بۇ چوڭ ئۆزگىرىشنىڭ تەسىرى نېمە؟

ئەگەر ئىسلام دۇنياسى دومىلاپ كېتىۋاتقان يار لېۋىدىن قايتىپ، غەرق بولغان ئۇيقۇسىدىن ئويغىنىپ، ھايات تىزگىنىنى قولىغا ئالغۇدەك بولسا، ئەھۋال قانداق بولاتتى؟

ئالدىمىزدىكى بۆلۈملەردە مانا بۇ سوئاللارغا جاۋاب بېرىشكە تىرىشىمىز.

ئەبۇلھەسەن ئەلى ئەننەدەۋى

# بىرىنچى قىسىم

# جاھىلىيەت دەۋرى

www.uyghurkitap.com

# بىرىنچى بۆلۈم

## ئىنسانىيەت ئۆلۈم گىرداۋىدا

شۈبھىسىز، مىلادى 6 ـ ، 7 ـ ئەسىرلەر ئىنسانىيەت تارىخىنىڭ ئەڭ قالاق دەۋرلىرىدىن بىرى ئىدى. ئىنسانىيەت ئەسىرلەردىن بىرى كەيىنگە چېكىنىپ، يوقۇلۇشقا يۈزلىنىۋاتاتتى. يەر يۈزىدە ئىنسانىيەتنىڭ چېكىنىشىنى توختىتالىغۇدەك بىر كۈچ يوق ئىدى. كۈننىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ چېكىنىش تېخىمۇ تېزلىشىۋاتاتتى ۋە دەھشەتلىك تۈسكە كىرىۋاتاتتى. بۇ ئەسىردە ئىنسانلار ياراتقۇچىسىنى، ئۆزىنى ۋە (قايتىدىغان) جايىنى ئۇنۇتقان، ياخشى بىلەن يامان، گۈزەللىك بىلەن پەسلىكنى ئايرىش قابىلىيىتىنى يوقاتقان، پەيغەمبەرلەرنىڭ دەۋەتلىرى ئۇزۇندىن بېرى ئۈزۈلۈپ قالغانىدى. ئۇلارنىڭ توغرا يول كۆرسەتكۈچى مەشئەللىرى ئۆزلىرىدىن كېيىن چىققان ياكى توختىماستىن داۋاملاشقان بوران ـ چاپقۇندا ئۆچكەن ۋە ئۆچمەي يېنىپ تۇرغانلىرى بولسا، ئائىلە ۋە شەھەرلەرنى ئەمەس، بەلكى بەزى قەلبلەرنى يورۇتالىغۇدەك ھالەتتە قالغان ئىدى. ئەھلى دىنلار يا پىتنە ـ پاساتلار ئالدىدا پەقەت ئۆزلىرىنىڭ شەخسىي ئېتىقادىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن ياكى مەئىشەت ۋە ماددىي تەرەپتىن كەلگەن زەربىلەرگە بەرداشلىق بېرەلمىگەنلىكىدىن جەمئىيەتتىن ئايرىلىپ، ئىستىقامەتگاھلارغا يوشۇرۇنغان ئىدى. ھايات سەھنىسىدە قالغانلار بولسا، ھۆكۈمدارلار ۋە بايلار بىلەن كېلىشىپ، ئۇلارنىڭ جىنايەتلىرىگە، زوراۋانلىقلىرىغا ۋە خەلقنىڭ مال ـ مۈلكىنى ھەقسىزلەرچە يېغىۋېلىشىغا ياردەمچى بولغان ئىدى.

## دىنلار ۋە مىللەتلەرگە بىر نەزەر

بۇ ئەسىردە چوڭ دىنلار بىر ئۆچۈم ھىيلىگەر ۋە نوپۇزلۇق كىشىلەرنىڭ تىجارەت دەسمايىسىگە، دىنىي بۇرمىلىغۇچىلار ۋە مۇناپىقلارنىڭ ئويۇنچۇقىغا ئايلىنىپ قېلىپ، ئۆز روھىنى ۋە شەكلىنى يوقاتقان ئىدى. ئەگەر بۇ دىنلارنىڭ تۇنجى ئىگىلىرى (دىنلارنى ئېلىپ كەلگۈچىلەر) قايتىدىن تىرىلگەن بولسا، تارقاتقان دىنلىرىنى تونۇيالمىغان بولاتتى. مەدەنىيەت، رەھبەرلىك ۋە سىياسەت بۆشۈكى بولغان يەرلەرنىڭ باش - باشتاق، ھۆكۈمەتسىز ۋە ئىسيانلار ماكانى ھالىغا كەلگەنلىكىنى كۆرەتتى. ھۆكۈمدارلار بولسا، ئۆز خاھىشى ۋە ئارزۇلىرى بىلەن مەشغۇل بولۇپ، خەلققە زۇلۇم قىلىشتىن قولىنى تارتمايۋاتاتتى. نە دۇنياغا يورۇقلۇق بېغىشلىغۇچى كۆز قاراشلار، نە مىللەتنى قاراڭغۇلۇقتىن قۇتقۇزىدىغان پائالىيەت يوق ئىدى. روھىي دۇنياسى ۋەيران بولغان، ھاياتلىق مەنبەسى ئۈزۈلگەن ئىدى. ئىنسانىيەت يا ساماۋى دىنلارنىڭ ساپ بىر مەنبەسىگە ياكى مۇقىم بىر ئىنسانىي تۈزۈمگە ئىگە ئەمەس ئىدى.

## مىلادى 6 ـ ئەسىردىكى خرىستىئانلىق

خرىستىئانلىق ھېچقاچان بىر مەدەنىيەتكە ئاساس بولغۇدەك ياكى بىر دۆلەتكە يورۇقلۇق بېغىشلىغۇچى شەكىلدە ئىنسانىيەتنىڭ ھەر تۈرلۈك مەسىلىلىرىنى ھەل قىلالىغۇدەك دەرىجىدىكى ئالەمشۇمۇل دىن ئەمەس ئىدى. پەقەت ھەزرىتى ئىيسا تەلىماتلىرىدىن ۋە دىنىي تەۋھىدتىن بىر قىسىم ئىزنالارنى يەتكۈزەتتى. كېيىن پائۇل كېلىپ خرىستىئانلىقنىڭ چىرىقىنى ئۆچۈردى. خرىستىئانلىقنى ئۆزىگە سىڭدۈرگەن بۇتپەرەسلىك ۋە ئۆزىدە يوقاتمىغان نادانلىق، خۇراپاتلىق بىلەن بىرلەشتۈردى. قالاق، ئارقىدا قالغانلار قۇنستانتىيىنى سۈپۈرۈپ تاشلىدى. شۇنداق قىلىپ، خرىستىئانلىق يۇنان ئەپسانىلىرى، رىم بۇتپەرەستلىكى، مىسىر ئەپلاتونچىلىقى ۋە رۇھبانلىقى (راھىبچىلىقى) بىلەن

يوغۇرۇلغان بىرلەشمە دىنغا ئايلاندى. بۇ جەرياندا ھەزرىتى ئىيسانىڭ تەلىماتى بىر تامچە سۇنىڭ دېڭىزدا غايىب بولغىنىدەك ئېرىپ يوقالدى. نەتىجىدە، خرىستىئانلىق مەنىۋى ئوزۇق بېرەلمەيدىغان، ھېسسىياتنى قوزغىتالمايدىغان، ھاياتنىي مەسىلىلەرنى ھەل قىلالمايدىغان، توغرا يولنى كۆرسىتىپ بېرەلمەيدىغان ۋە ئەقىلنى تەرەققىي قىلدۇرالمايدىغان ئېتىقاد ۋە ئەنئەنىگە ئايلىنىپ قالدى. ھەتتا دىنىنى بۇرمىلىغۇچىلارنىڭ مەقسەتلىك پائالىيەتلىرى ۋە جاھىللارنىڭ ئاغدۇرمىچىلىقى ئىلىم بىلەن تەپەككۇر ئارىسىغا تارتىلغان پەردە بولۇپ قالدى. كېيىنكى، مەزگىللەردە بۇتپەرەس دىنىغا ئۆزگىرىپ كەتتى. قۇرئان كەرىمنى ئىنگلىز تىلىغا تەرجىمە قىلغان سالە مىلادى 6 ـ ئەسىر خرىستىئانلىقى ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: ”خرىستىئانلار پوپلارغا ۋە خرىستىئان ئەزىزلىرىنىڭ رەسىملىرىگە ئىبادەت قىلىشتا ھەددىدىن ئاشۇرۇۋەتكەن ئىدى. ھەتتا بۇ ئەسىردە ئەڭ يۇقىرى ئورۇننى كاتولىكلار“ ئالغان ئىدى.

## رىم ئىمپىراتورلۇقىدا مەزھەپ كۈرەشلىرى

كېيىنكى دەۋرلەردە دىنلار ئارىسىدا ۋە دىنلارنىڭ ئۆزىنىڭ ئىچكى مەسىلىلىرى ھەققىدە ھەرخىل پەلسەپىۋى كۈرەشلەر باش كۆتۈرۈشكە باشلىدى. سەپسەتىلەر بىلەن تولغان تۇگىمەس سۆركىلىشلەر خەلقنىڭ زېھنىنى مەشغۇل قىلىپ، ئەقىل ـ پاراستىنى يوق قىلدى. ھەرىكەت كۈچىنى تۈگەتتى ۋە نۇرغۇن قانلىق ئۇرۇشلارغا، قەتلىئاملارغا، جاپا ـ مۇشەققەتلەرگە، بىر ـ بىرىنىڭ مال ـ مۈلكىنى تالان ـ تاراج قىلىشقا ۋە ئۆلۈملەرگە سەۋەب بولدى. مەدرىسلەر، چېركاۋلار ۋە ئۆيلەر بىر ـ بىرى بىلەن بەسلىشىدىغان ھەربىي لاگېرلارغا ئايلاندى، شەھەرلەر ئىچكى ئۇرۇشلارغا سۆرەپ كىرىلدى.

بۇ دىنىي ئىختىلاپلارنىڭ ئەڭ كۆزگە كۆرۈنەرلىكى شام خرىستىئانلىرى ۋە رىم دۆلىتى بىلەن مىسىر خرىستىئانلىرى ياكى تېخىمۇ توغرىسى، مەلەكانىيە بىلەن مونوفىستلەر ئارىسىدا يۈز بەرگەن ئىدى. مەلەكانىيلەر ھەزرىتى ئىيسانىڭ

مەۋجۇدلۇقنىڭ ئىككىلىككە ئىشىنەتتى. مۇنۇفىستلەر بولسا، خۇددى بىپايان دېڭىزغا چۈشكەن سىركە تامچىسىغا ئوخشاش ھەزرىتى ئىسانىڭ مەۋجۇدلۇق ئىچىدە يوقالغان ئىلاھىي مەۋجۇدلۇق ئىكەنلىكىگە ئىشىنەتتى. بۇ ئىككى تەرەپ ئارىسىدىكى توقۇنۇش 6 ـ، 7 ـ ئەسىرلەردە ئۆتكۈرلىشىپ، رىقابەتكە چۈشكەن ئىككى دىن ئارىسىدىكى قانلىق ھەرىكەتكە ئايلاندى. بۇ خۇددى يەھۇدىيلار بىلەن خرىستىيانلار ئارىسىدىكى توقۇنۇش ئىدى. تەرەپلەر بىر ـ بىرىنى يولسىزلۇق ۋە ئاساسسىزلىق بىلەن ئەيىبلەيتتى.

دوكتور بۇتلېر (Butler) مۇنداق دەيدۇ: ”بۇ ئىككى ئەسىر، يەنى 6 ـ ۋە 7 ـ ئەسىر مىسىرلىقلار بىلەن رىملىقلارنىڭ بىر ـ بىرى بىلەن توختىماستىن داۋاملىشىپ تۇرغان توقۇنۇش دەۋرى بولۇپ، دىن ۋە ئىرق ئايرىمچىلىقى بۇ كېلىشمەسلىكنى تېخىمۇ كۈچەيتكەن ئىدى. دىن ئايرىمچىلىقى ئىرق ئايرىمچىلىقىدىن تېخىمۇ ئۈستۈن كەلگەن ئىدى. ئۇ ۋاقىتلار مەلەكانىيە بىلەن مۇنۇفىستلەر ئارىسىدىكى بۇ دۈشمەنلىك بىردىنبىر سەۋەبچى دەپ قارىلاتتى. بىرىنچى گۇرۇھ ئىسمىدىن چىقىپ تۇرغىنىدەك، ئىمپېراتورلۇق، شەھەر ۋە مال ـ مۈلۈك ئىگىلىرىنىڭ گۇرۇھى بولۇپ، ئەجدادلىرىدىن ئۆزلىرىگە مىراس قالغان مەسىھ مەۋجۇدلۇقىنىڭ ئىككىلىكىگە ئىشىنەتتى. مىسىر خەلقىنى ئاساس قىلغان مۇنۇفىست قىبتىلار گۇرۇھى بولسا، بۇ خىل ئېتىقادقا قاتتىق قارشى چىقاتتى. قىياسقا ھۇجۇم قىلاتتى. ئىنجىلغا ئېتىقاد قىلغان بىر مىللەت ئۇياقتا تۇرسۇن، ھەتتا ئازغىنە ئەقلى بولغان بىر قوۋممۇ پەرق قىلالايدىغان، ئىنسانىي ھاڭ ـ تاڭ قالدۇرغۇدەك ئەخمىقانە سۈركىلىشلەرگە ۋە قانلىق ئۇرۇشلارغا كىرگەن ئىدى.“

ئىمپېراتور ھېراكلىيۇس (610 ــ 641) مىلادى 638 ـ يىلى پارسلار ئۈستىدىن غەلىبە قىلغاندىن كېيىن، ئۆز ئىمپېراتورلۇقى ئىچىدە بىر ـ بىرى بىلەن توقۇنۇشقان مەزھەپلىرىنى بىرلەشتۈرۈپ بىر مەركەزگە باغلاشقا ئۇرۇندى. ھەزرىتى ئىسا مەۋجۇدلۇقىنىڭ ئەسلى ماھىيىتى، سۈپەتلىرىنىڭ بىر ياكى ئىككى ئىكەنلىكى توغرىسىدا خەلقنىڭ مۇنازىرىگە كىرىشىنى مەنئى قىلىپ، ئۇلارنى بىر مەركەز ۋە

رەھبەرلىك قىلغۇچى ئاللاھقا ئېتىقاد قىلىشقا چاقىرغان بىر قانۇن لايىھىسى ھازىرلىدى. مىلادى 641 ـ يىلىنىڭ باشلىرىدا بۇ پىكىر بىردەك قوبۇل قىلىندى. شۇنداق قىلىپ، مونوفىزىت مەزھىپى دۆلەتنىڭ ۋە ئۇنىڭغا قاراشلىق بولغان خرىستىئان چېركاۋلىرىنىڭ رەسمىي مەزھىپىگە ئايلاندى. ھېراكلىيۇس بۇ يېڭى مەزھەبنى تارقىتىش ۋە مۇستەھكەملەش ئۈچۈن ئۇنىڭغا قارشى بولغان باشقا بارلىق مەزھەبلەرگە قارشى تۈرلۈك ئۇسۇل ـ چارىلەرنى قوللاندى.

ئەمما قىبتىلار كېلىشىمنى بۇزۇپ، ئۇنىڭغا قارشى چىقىپ، ئۆزلىرىنى بۇ ئويدۇرما ۋە بۇرمىلاشلاردىن قوغدىدى. ھەر تۈرلۈك خەتەرلەرگە قارىماستىن، ئەسلى ئېتىقادى يولىدا ئۆلۈشتىن قەتئىي چېكىنمىدى. ئىمپېراتور ھېراكلىيۇس مەزھەبلەرنى بىرلەشتۈرۈپ، ئارىدىكى ئىختىلاپلارغا خاتىمە بېرىش ئۈچۈن ئاللاھنىڭ بىرلا ئىرادىسى بارلىقىنى يەنە بىر قېتىم ئېلان قىلىشنى قارار قىلدى. ھېراكلىيۇس بۇ ئىرادىنىڭ يولغا قويىسا بولىدىغان ياكى بولمايدىغانلىقى ھەققىدە خەلقنىڭ تالاش ـ تارتىش قىلىشىنى قەتئىي مەنئى قىلدى. ئۇ بۇ بۇيرۇقنى دۆلەت يارلىقى سۈپىتىدە شەرق ئۆلكىلىرىگە ئەۋەتتى. لېكىن بۇ مىسىردىكى يىرىك مۇناسىۋەتنى يۇمشىتالمىدى. كېيىن كۆرۈنسىنىڭ 10 يىللىق ھاكىمىيىتى دەۋرىدە، مىسىردا ئىنسان خىيالىغا كەلمەيدىغان ئېچىنىشلىق ۋەقەلەر يۈز بەردى.

نۇرغۇنلىغان كىشىلەر چىدىغۇسىز ئازابلاردىن كېيىن بوغۇپ ئۆلتۈرۈلدى. مەھكۇملار ئوتقا قاقلىنىپ، بەدىنىدىكى ياغلار ئېرىپ، يەرگە ئاققۇزۇلدى. بەزىلىرى قۇم توشقۇزۇلغان تاغارلارغا سېلىنىپ دېڭىزلارغا تاشلاندى. ۋە بۇنىڭغا ئوخشايدىغان نۇرغۇن زۇلۇم ـ سىتەم يۈز بەردى.

## ئىجتىمائىي چۈشكۈنلۈك ۋە ئىقتىسادىي ۋەيرانچىلىق

بۇ ئەسىردە، مەيلى رىم ئىمپېراتورلۇقىدا ياكى شەرقتە بولسۇن، ئىجتىمائىي چۈشكۈنلۈك ئاخىرقى چەككە يەتكەن ئىدى. خەلققە كەلگەن بالايى ـ ئاپەتلەر

www.uyghurkitap.com



يەتمىگەندەك، باج ۋە مال باھاسىنىڭ توختىماي ئۆرلىشى ئۈستى ـ ئۈستىگە كەلگەن ئىدى. خەلق ھۆكۈمەتتىن قاتتىق نەپرەتلىنەتتى ۋە دۈشمەنلىك نەزىرىدە قارايتتى. بارلىق چەت دۆلەتلەر ئۇنىڭدىن ئۆزىنى ئۈستۈن تۇتاتتى. كۈندىن ـ كۈنگە كۆپەيگەن باج ۋە سىلىقلارنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەيتتى. بۇ سەۋەبتىن چوڭ قوزغىلاڭلار ۋە ئىسيانلار چىقتى. مىلادى 532 ـ يىلى پايتەختتە چىققان ئىسياندا 30 مىڭ ئادەم ئۆلدى. كىشىلەرنىڭ تىجەشلىك بولۇشى زۆرۈر بولغان پەيتتىمۇ خامان سورىغاندەك بۇزۇپ چېچىش ۋە ئىسراپچىلىق چېكىدىن ئاشقان ئىدى. بىردىنبىر ئارزۇلىرى قانداق قىلىپ بولمىسۇن، مال ـ دۇنيا تېپىش ۋە ئاخىرىدا ئۆز ھەۋىسى، كۆڭۈل خوشلۇقى ۋە شەھۋانىي ئارمانلىرىنىڭ قاندۇرۇلۇشى ئۈچۈن سەرپ قىلىش ئىدى.

ئېسىل خىسلەتلەرنىڭ ئۇلى تەۋرىنىپ، ئەخلاقى ئاساسلار يوقالغان ئىدى. ھەتتا كىشىلەر ئارزۇ ۋە كۆڭۈل ـ خاھىشلىرىنى ئەركىن ھالەتتە ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن بويتاقلىقنى ئۆيلىنىش ـ ئۇچاقلىق بولۇشتىن ئەۋزەل كۆرەتتى. سالەنىڭ دېگىنىدەك: "ئادالەت سېتىلىدىغان تاۋارغا ئوخشاش بازارغا سېلىنغان بولۇپ، كىشىلەر ھەددىدىن زىيادە پارىخورلۇق قىلاتتى. ھىيلە ـ سۇيىقەست يامراپ كەتكەن ئىدى." ئەدۋارد گىببون مۇنداق دەيدۇ: "رىم ئىمپېراتورلۇقى مىلادى 6 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا چۈشكۈنلىشىش ۋە چېكىنىشنىڭ ئاخىرقى نۇقتىسىغا كەلگەن ئىدى. گويا بىر زامانلاردا پۈتۈن دۇنيا مىللەتلىرىنى سايىسى ئاستىغا ئالغان بىر ئۇلۇغ چىنار كۈندىن ـ كۈنگە سارغىيىپ، قۇرۇق ـ قاقشال شاخقا ئايلىنىپ قالغىنىغا ئوخشاش." "دۇنيا تارىخى ۋە تارىخچىلار" نىڭ يازغۇچىلىرى مۇنداق دەيدۇ: چوڭ شەھەرلەرنىڭ بۇرۇنقى ھەشەمىتى ۋە ھەيۋىتىنى قولدىن كەتكۈزۈپ قويۇش سەۋەبىدىن خاراب بولۇپ يىقىلىشى، شۇ دەۋردىكى بىزانس ئىمپېراتورلۇقىنىڭ ئېغىر سېلىقلىرىغا، تىجارەتنىڭ ئاجىزلىشىشىغا، دېھقانچىلىق ۋە ئىشلەپچىقىرىشقا ئەھمىيەت بەرمەسلىكى شەھەر مەدەنىيىتى تەرەققىياتىنىڭ توختاپ قېلىشىغا سەۋەب بولغان قورقۇنچلۇق چېكىنىشنىڭ

ئەڭ چوڭ دەلىلىدۇر.

## رىم ئىمپېراتورلۇقى دەۋرىدىكى مىسىرنىڭ ئىقتىسادىي ۋە دىنىي ئەھۋالى

نىل دەرياسىدىن ئىبارەت ھايات مەنبەسىگە ۋە باي تۇپراققا ئىگە بولغان مىسىر 7 ـ ئەسىردە رىم ئىمپېراتورلۇقى ۋە خرىستىئانلىق سەۋەبىدىن ئاللاھنىڭ بەختسىز ئۆلكىسىگە ئايلاندى. مىسىر خرىستىئانلىقتىن مېتافىزىك، ئىلاھىيەت پەلسەپىسى ۋە ھەزرىتى ئىيسانىڭ مەۋجۇدلۇقى بىلەن مۇناسىۋەتلىك تالاش ـ تارتىش ۋە ئىختىلاپلاردىن باشقا نەرسىگە ئىگە بولالمىدى. ئاخىرى بۇ زىددىيەتلەر مىلادى 7 ـ ئەسىردە پۈتۈنلەي ئەسلى يولىدىن چىقىپ، خەلقنىڭ تەپەككۇر كۈچىنى خورىتىپ، ھەرىكەت ئىقتىدارىنى زەئىپلەشتۈردى. مىسىر، رىم ئىمپېراتورلۇقىدا ئېغىر دىنىي زۇلۇم ۋە دەھشەتلىك سىياسىي تېروردىن باشقا نەرسىگە ئېرىشەلمىدى. رىم ئىمپېراتورلۇقى ۋە خرىستىئانلىقنىڭ 10 يىللىق ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدا بىر مەزگىللەردە ياۋروپانىڭ دىنىي تېروردىن تارتقان ئىزتىراپىنى بېشىدىن ئۆتكۈزدى. مىسىرنىڭ يىلىكلىرىگە تەگكەن بۇ ئۈششۈك پۈتۈن ھايات قانۇنلىرىنى ئۇنتۇلدۇرۇپ، ھەرخىل روھى ۋە دىنى تەسىرلەرنى ئۆچۈرۈپ تاشلىغان ئىدى. رىم ئىمپېراتورلۇقىنىڭ ئىشغالىيىتى ئاستىدا بولغانلىقى ئۈچۈن سىياسىي ئەركىنلىكتىن، خرىستىئانلىقنىڭ دىنىي بېسىمى ئاستىدا بولغانلىقتىن ئەقىل ۋە دىنىي ئەركىنلىكتىن مەھرۇم ئىدى.

دوكتور گۇستاۋلەبۇن "ئەرەب مەدەنىيىتى" ناملىق ئەسىرىدە مۇنداق دەيدۇ:

"مىسىر خرىستىئان بولۇشقا مەجبۇرلاندى. شۇنىڭ بىلەن تېگى يوق قالاقلىق ھېگىغا ئىتتىرىلدى. بۇ ۋەزىيەتتىن پەقەت ئەرەب ئىستىلاسى ئارقىلىق قۇتۇلدى. ئۇ مەزگىلدە بىر قانچىلىغان دىنىي ئىختىلاپلارغا سەھنە بولغان مىسىر ھەر تۈرلۈك ئىزتىراپ ۋە تولغاق دەستىدىن قانلىق يىغلاۋاتاتتى. بۇ ئايرىمچىلىق

تۇپەيلى مىسىرلىقلار ئۆلتۈرۈلۈۋاتاتتى، قەغىشلەرگە ئۇچراۋاتاتتى. دىنىي ئىختىلاپلار قانسىراتقان، تەدبىرلىك ھۆكۈمدارلار ئەبجىقىنى چىقىرىۋەتكەن مىسىر رىملىقلارغا قارشى ئۆچمەنلىك ساقلاۋاتاتتى ۋە زالىم بىزانس قەيسەرلىرىنىڭ ئالىقىنىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن پۇرسەت كۈتۈۋاتاتتى.“

دوكتور ئەل فەرد بۇتلىر ”ئەرەبلەرنىڭ مىسىرنى فەتىھ قىلىشى“ ناملىق ئەسىرىدە مۇنداق دەيدۇ:

”ھەقىقەتەن 7 ـ ئەسىردە دىنىي مەسىلىلەر مىسىر خەلقىنىڭ چۈشەنچىسىدە سىياسىي ئىشلاردىنمۇ خەتەرلىك ئىدى. گۇرۇھۋازلىق باشقۇرۇش ئىشلىرىدىن ياكى گۇرۇھلار ئارىسىدا چىققان ئىختىلاپلاردىن ۋۇجۇدقا كەلمەيتتى، ئەكسىچە بارلىق ئوقۇشماسلىق دىنىي ۋە ئېتىقاد مەسىلىلىرىدىن مەيدانغا كېلەتتى. كىشىلەر دىنىي بېشىغا كۈن چۈشكەندە چىقىش يولى تېپىپ بېرىدىغان ۋاپادار ياردەمچى دەپ بىلمەيتتى. ئۇلارچە بولغاندا، دىن مۇئەييەن شەكىلدە قېلىپلاشقان ئابستراكت چۈشەنچىلەردىن ئىبارەت ئىدى. خەلق يۇقىرى پەللىگە چىقارغان ئىختىلاپ ۋە تالاش ـ تارتىشلار ئېتىقات چۈشەنچىلىرى ئارىسىدىكى ئىنچىكە پەرقلەر ۋە خىيالى شەكىللەردىن باشقا نەرسە ئەمەس ئىدى. مېتافىزىك پەلسەپىسى ۋە دىنىنىڭ ئاساسلىرىدىكى پەرقلەرگە ئوخشاش ھېچبىر قىممەتكە ئىگە بولمىغان بىر تۈركۈم چۈشەنچە ۋە ئىدراكى مەسىلىلەر ئۈستىدە ھاياتلىرىنى خەتەرگە ئاتاتتى.“

يەنە بىر تەرەپتىن رىملىقلار مىسىرنى خۇددى كالىنى ساغقاندەك سېغىۋاتاتتى. كىرىم مەنبەلىرىنى تالان ـ تاراج قىلىۋاتاتتى ۋە قانلىرىنى سۈلۈككە ئوخشاش سۈمۈرىۋاتاتتى. دوكتور ئەلفەرد بۇتلەر:

”رىملىقلار مىسىر خەلقىگە باشتا سېلىق سۈپىتىدە بىر قانچىلىغان ئېغىر باجلارنى سالغان ئىدى... شۈبھىسىزكى، رىملىقلار سالغان باج ـ سېلىقلار خەلق كۆتۈرەلمىگۈدەك دەرىجىدە ئېغىر ئىدى. ھەمدە تەقسىماتتا ئادىللىق يوق ئىدى“ دەيدۇ.

"دۇنيا تارىخچىلىرى تارىخى" نىڭ ئاپتورلىرى مۇنداق دەيدۇ:

"مىسىر مەھسۇلاتلىرىنىڭ زور بىر قىسمىنى بىزانس ئىمپېراتورلۇقى خەزىنىسىگە تاپشۇراتتى. مىسىر دېھقانلار سىنىپى ھەر تۈرلۈك سىياسىي ھوقۇق ۋە ئىمتىيازدىن مەھرۇم قىلىنغاندىن تاشقىرى، رىم ئىمپېراتورلۇقىغا باج ۋە يەر ئىجارىسىگە ئوخشاش ھەر تۈرلۈك سېلىق تۆلەشكە مەجبۇر ئىدى. بۇ ئەسىردە مىسىر بايلىقى بارغانسېرى ئازايماقتا ئىدى.

پۈتۈن شەرەپ ۋە شۆھرەتلىرىنى ئۇنتۇلدۇرغان، ھاياتى مەقسەتلىرىنى ۋە غايىلىرىنى يوقاتقان، ئۆزلىرىدىن باشقىلارغا قارىغۇدەك ماغدۇر قويمىغان دىنىي زۇلۇم، سىياسىي ئىستىبدات ۋە ئىقتىسادىي تالان - تاراجلارنىڭ مىسىرغا ئېلىپ كەلگىنى يۇقىرىقىلاردىن ئىبارەت ئىدى."

## ھەبەشىستان (ئېفئوپىيە)

مىسىرنىڭ قوشنىسى ھەبەشىستان مونافىزىست مەزھىبىدە ئىدى، ھەممە ئىپتىدائىي جەمئىيەتتىن قالغان بىر قانچىلىغان بۇتلارغا ئىبادەت قىلاتتى. تەۋھىد ئەقىدىسى خرىستىئانچە ئىلىم ۋە ئىستىلاھلىرى مەيدانىغا كەلتۈرگەن بۇتپەرەسلىكتىن باشقا نەرسە ئەمەس ئىدى. دىندا روھ، دۇنيادا ئىشىق ۋە ھەرىكەت يوق ئىدى. نىقيە ھەيئىتى دىنىي مەسىلىلەردە ھەبەشىستاننىڭ ئەركىن ئەمەسلىكىنى ۋە ئىسكەندىرىيە ھاكىمىيىتىگە قاراشلىق ئىكەنلىكىنى جاكارلىغان ئىدى.

## غەربىي شىمالىي ياۋروپا دۆلەتلىرى

ياۋروپانىڭ غەربىي شىمالىغا تارقالغان ياۋروپا مىللەتلىرىگە كەلسەك، ئۇلار تېپىك جاھالەتنىڭ، ساۋاتسىزلىقنىڭ ۋە قانلىق ئۇرۇشلارنىڭ تۈن قاراڭغۇلۇقى ئىچىدە بولۇپ، ئىلىم ۋە مەدەنىيەتنىڭ شەپەق نۇرى بۇ جايلارغا يېتىپ يارمىغان

ئىدى. ئەندۇلۇس (ھازىرقى ئىسپانىيە) مۇسۇلمان ئەرەبلىرىمۇ ئىلىم ۋە مەدەنىيەت ساھەسىدىكى ئىلگىرىلەشلىرىنى بۇ يەرلەرگە يەتكۈزۈشكە ئاجىزلىق قىلغان ئىدى. بىرەر تاسادىپىي ھادىسىلەرگە يولۇقمىغان بولۇپ، مەدەنىيەت كارۋانلىرى كىچىك ئۆتكەن چوڭ يولدىن بەكمۇ يىراقتا ئىدى. ئۇلار دۇنيا ھەققىدە ھېچقانداق مەلۇماتقا ئىگە بولمىغىنىدەك، زاماندىش دۇنيانىڭمۇ ئۇلار ھەققىدىكى خەۋىرى يوق دېيەرلىك ئىدى. شەرق ۋە غەربتە بېسىپ ئۆتۈلگەن ۋە يېڭى تارىخ بېتىنىڭ ئېچىلىشىغا سەۋەب بولۇۋاتقان ۋەقەلەردىن تامامەن خەۋەرسىز قالغانىدى. تۇرمۇشتا بالىلىق دەۋردە ياشاۋاتقان خرىستىئانلىق بىلەن ئەڭ ئاخىرقى نەپەسلىرىنى ئېلىۋاتقان بۇتپەرەسلىك ھاكىملىق ئورنىدا ئىدى. يىغىنچاقلىغاندا، ئۇلار دىنىي رەھبەرلىك ۋە سىياسىي يېتەكچىلىكتىن مەھرۇم ئىدى.

ھ. ج. ۋېلز مۇنداق دەيدۇ: "بۇ دەۋر، يەنى 6 ـ، 7 ـ ئەسىرلەر غەرب ياۋروپاسىدا ئىنتىپاقلىق ۋە ئىنتىزامدىن ئەسەر يوق ئىدى."

روبېرت برىففائۇلت مۇنداق دەيدۇ: "5 ـ ئەسىردىن 10 ـ ئەسىرگىچە بولغان ئارىلىقتا ياۋروپانى قاراڭغۇلۇق قاپلىغان ئىدى. بۇ قاراڭغۇلۇق بارغانسېرى قارا تۇس ئېلىۋاتاتتى ۋە ئادەتتىكىدىن ئېغىرلىشىۋاتاتتى. بۇ دەۋرنىڭ مۇرەككەپلىكى ئىلگىرىكى دەۋرلەرنىڭ ياۋايىلىقى ۋە ئەخمەقانىلىقىدىن تېخىمۇ قورقۇنچلۇق ۋە دەھشەتلىك ئىدى. بۇ تۈرقى بىلەن پارلاق نۇرلىرى ئۆچۈپ يوقۇلۇشقا يۈزلەنگەن ئۇلۇغ مەدەنىيەتنىڭ پۈراقلىرىنى ئەسلىتەتتى. بۇ مەدەنىيەتنى ئۆزىگە ئۆزلەشتۈرگەن چوڭ دۆلەتلەر، ئىتالىيە ۋە فرانسىيەگە ئوخشاش ئۆتمۈشتە يۈكسەك پەللىلەرگە چىققان ئىلغار مىللەتلەر يوقۇلۇشقا، باشسىزلىق (ھۆكۈمەتسىزلىككە) ۋە قورقۇنچلۇق چۈشكۈنلۈككە يۈزلەنگەن ئىدى."

## يەھۇدىيلار

بۇ دەۋردە ياۋروپا، ئاسىيا ۋە ئافرىقىدا دىنىي پرىنسىپلار جەھەتتە يەر

يۇرتىدىكى مىللەتلەردىن باي، دىنىي ئۇقۇم ۋە ئاتالغۇلارنى چۈشىنىشتە بەكمۇ ماھىر بولغان بىر مىللەت بار بولۇپ، بۇ يەھۇدىي مىللىتى ئىدى. لېكىن مەدەنىي، سىياسىي ۋە دىنىي ساھەدە باشقىلارغا تەسىر كۆرسەتكۈدەك دەرىجىدە ئەمەس ئىدى. چۈنكى، ئۇلار ئۇزۇن مەزگىل باشقىلارنىڭ باشقۇرۇشى ئاستىدا ياشىغان ئىدى. ھەمىدە دائىم زۇلۇم، ئىسكەنجە، ئىستىبداتلىق، بېسىم ۋە ئىزتىراپ ئىچىدە ياشاۋاتاتتى. ئۇزۇن مەزگىللىك قۇللۇق ھايات، چىدىغۇسىز زۇلۇم ئاستىدىكى نالە ـ پەرياد، كۈچلۈك مىللەتچىلىك، مۇتەئەسسىپلىك، ئاچكۆزلۈك، مال ـ دۇنيا تەمەسى، مۇئامىلىدىكى جازانىخورلۇقى ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش ئىشلار بىلەن تولۇپ ـ تاشقان ئۆزىگە خاس تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈشى يەھۇدىيلارنى باشقا مىللەتلەردىن ئايرىپ تۇرىدىغان خاراكتېرلىك ئالاھىدىلىك ئىدى. بۇلارنىڭ ھەممىسى باشقا مىللەتلەردە تېپىلمايدىغان قورقۇنچلۇق بىر ئىنسان تىپى ياراتقان ئىدى. شۇنداقلا، يەھۇدىيلار شۇ مەزگىلدە ئەسىرلەر ۋە نەسىللەر بويىچە ئاجىز ۋاقىتلىرىدىكى غىلتاڭ مىجەزلىكى، غالىب زامانلىرىدىكى ئەدەبسىزلىكلىرى ۋە رەھىمسىزلىكلىرى، ھەر دائىم پىتنە ـ پاساتقا سەۋەب بولۇشلىرى، ئىنساپسىز قوپاللىقلىرى، ئۆزلىرىنى بارلىق مىللەتلەردىن ئۈستۈن تۇتۇشلىرى، كىشىلەرنىڭ مال ـ مۈلكىنى ناھەق يەۋېلىشلىرى، ئاللاھ كۆرسەتكەن يولدىن چىقىشلىرى ۋە بۇنىڭغا ئوخشاش ئۆزىگە خاس خۇسۇسىيەتلىرى بىلەن ئۆزىنى تونۇتقان چاكىنا مىللەت ئىدى. قۇرئان كەرىم يەھۇدىيلارنىڭ 6 ـ ۋە 7 ـ ئەسىر دۇنياسىنىڭ رەھبەرلىك ۋە يېتەكچىلىك ئورنىدىن ئايرىلىپ قېلىشىغا سەۋەب بولغان ئەخلاقىي بۇزۇقچىلىق، روھىي چۈشكۈنلۈك ۋە ئىجتىمائىي بۇزۇقلۇققا ئوخشاش ئىشلىرىنى تەپسىلىي ۋە چوڭقۇر بىر ئىپادە بىلەن كۆز ئالدىمىزغا گەۋدىلەندۈرۈپ بېرىدۇ.

## يەھۇدىي ـ خرىستىئان توقۇنۇشى

7 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا، يەھۇدىيلارنى خرىستىئانلارغا، خرىستىئانلارنى

يەھۇدىيلارغا قارشى قوزغايدىغان ۋەقەلەر مەيدانغا كېلىشكە باشلىدى. فوكاس دەۋرىنىڭ (مىلادى 610 ـ يىللىرى) ئاخىرقى يىللىرى، ئانتاكىيادا يەھۇدىيلار خرىستىئانلارغا قارشى قوزغالدى. ئىمپېراتور قوماندانى تەرىپىدىن ”ئابنوسوس“ ئىسيانىنى باستۇرۇش ئۈچۈن ئانتاكىياغا ئەۋەتىلدى. ”ئابنوسوس“ ۋەزىپىسىنى مىسلى كۆرۈلمىگەن ۋەھشىيلىك بىلەن ئورۇندىدى. پۈتۈن خەلقنى قىلىچتىن ئۆتكۈزدى. بەزىسىنى دارغا ئاستى، بەزىسىنى بوغۇپ ئۆلتۈردى، بەزىسىنى چىدىغۇسىز جاپا ـ مۇشەققەت ئىچىدە قويدى. بەزىسىنى بولسا، يىرتقۇچ ھايۋان قەپەسلىرىگە تاشلىدى.

يەھۇدىيلار بىلەن خرىستىئانلار ئارىسىدىكى بۇ ئۇرۇش تۇنجى قېتىملىق ئەمەس ئىدى. مەقرىزىي ”ئەلھىكان“ ناملىق ئەسىرىدە مۇنداق دەيدۇ: ”رىم ئىمپېراتورى فاكوس دەۋرىدە ئىران ھۆكۈمدارى خىسراۋ مىسىر ۋە شام تەرەپكە قوشۇن ئەۋەتتى. قوشۇن پەلەستىن ۋە قۇددۇستىكى چېركاۋلار بىلەن سۇرىيە شەھەرلىرىنى ۋەيران قىلىپ، پۈتۈن خرىستىئانلارنى ئۆلتۈردى. كېيىن ھەربىي يۈرۈش پىلانلىرىدا ئورۇن ئالغان مىسىرغا ھۇجۇم قىلدى. خەلقنىڭ زور بىر قىسمىنى ئۆلتۈرۈپ، قالغانلىرىنى ئەسىر ئالدى. يەھۇدىيلار خرىستىئانلارغا ئۆچ ئېلىپ، چېركاۋلىرىنى يەر بىلەن يەكسان قىلغان ئىرانلىقلارغا ياردەم قىلدى. ئۇلارنى تەبەرىيە، جەبەلۇلجەلىل، ناسىرىيە يېزىسى ۋە قۇددۇس شەھىرىدە مەرىكىلەر بىلەن كۈتۈۋالدى. خرىستىئانلارنى زور مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىتىپ، ئىنسان خىيالىغا كەلمەيدىغان دەرىجىدە زۇلۇم قىلىشقا باشلىدى. قۇددۇستىكى چېركاۋلىرىنى بۇزۇپ، يۇرتلىرىغا ئوت قويۇپ بەردى. ياغاچتىن ياسالغان كرېستلارنى سۇندۇرۇپ پارچىلىدى، قۇددۇس پوپى ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرىنى ئەسىر ئالدى.“

مەقرىزىي ئىرانلىقلارنىڭ مىسىرنى ئىشغال قىلىشىنى بايان قىلغاندىن كېيىن، سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ مۇنداق دەيدۇ:

”بۇ جەرياندا يەھۇدىيلار سۇر شەھىرىدە قوزغالدى ۋە ئارىلىرىدىن بىر

گورۇھ يەھۇدىي دىنى بىلەن خرىستىئانلارنى ئۆزئارا ئۇرۇشتۇرۇپ يوقىتىش ئۈچۈن يۇرتنىڭ ھەر تەرىپىگە ئەۋەتتى. 20 مىڭ كىشى قاتناشقان يەھۇدىي - خرىستىئان ئۇرۇشىدا يەھۇدىيلار سۇر شەھىرىنىڭ سىرتىدىكى خرىستىئان چېركاۋىنى كۆيدۈرۈپ تاشلىدى. ئەمما بىر مەزگىلدىن كېيىن، خرىستىئانلار زورىيىپ كۈچەيدى. شۇنىڭ بىلەن، يەھۇدىيلار دەھشەتلىك قىسمەتكە ئۇچراپ، نۇرغۇنلىرى ئۆلتۈرۈلدى. ھېراكلىيوس شەرقى رىم ھۆكۈمدارى بولغاندىن كېيىن، بىر چارە تېپىپ، ئىرانلىقلارنى زور تالاپەتكە ئۇچراتتى ۋە خىسراۋنى مەملىكىتىگە قايتىشقا مەجبۇرلىدى. كېيىن ھېراكلىيۇس ئىرانلىقلار ۋەيران قىلغان يەرلەرنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش، مىسىر ۋە شامنى زىيارەت قىلىش ئۈچۈن قۇنستانتىنىپول (ھازىرقى ئىستانبۇل) دىن يولغا چىقتى. تەبەرىيە ۋە باشقا رايونلاردىكى يەھۇدىيلار ھېراكلىيۇسنى قارشى ئېلىپ، قىممەتلىك سوۋغاتلىرىنى تەقدىم قىلدى ۋە ئۆزلىرىگە زىيانكەشلىك قىلماسلىق ھەققىدە كاپالەت بېرىشنى ۋە بۇ توغرىدا قەسەم قىلىشنى تەلەپ قىلدى. ھېراكلىيۇس تەلەپنى قوبۇل قىلىپ، ئۇلارغا كاپالەت بەردى ۋە سۆزىدە تۇرىدىغانلىقى ھەققىدە قەسەم ئىچتى. ھېراكلىيۇس قۇددۇسقا كىرگىنىدە، خرىستىئانلار ئىنجىل، كرېست، ھەر تۈرلۈك ئەتىر ۋە يۇنان شاملىرى بىلەن قارشى ئالدى. شەھەردىكى چېركاۋ ۋە كاتېدرال (باش چېركاۋ) لارنىڭ پۈتۈنلەي خاراب بولغانلىقىنى كۆرگەن ھېراكلىيۇس كۆز ئالدىدىكى مەنزىرىنىڭ دەھشىتىدىن يىغلاپ تاشلىدى ۋە قاتتىق قايغۇردى. خرىستىئانلار يەھۇدىيلارنىڭ ئىرانلىقلار بىلەن بىرلىشىپ خرىستىئانلارغا قارشى رەھىمسىزلەرچە ھۇجۇمغا ئۆتكەنلىكىنى، چېركاۋلارغا ئوت قويۇپ خارابىلىققا ئايلاندۇرغانلىقىنى بايان قىلدى. خرىستىئانلار ھېراكلىيۇسنى يەھۇدىيلاردىن ئىنتىقام ئېلىش ئۈچۈن كۈشكۈرتتى ۋە بۇنى نورمال بىر ئىش سۈپىتىدە كۆرسەتتى. ئەمما ھېراكلىيۇس يەھۇدىيلارغا كاپالەت بەرگەنلىكىنى ھەمدە ۋەدىسىدە تۇرىدىغانلىقى ھەققىدە قەسەم بەرگەنلىكىنى ئېيتىپ، ئۇلاردىن ئۆچ ئېلىشنىڭ مۇمكىن ئەمەسلىكىنى ئېيتتى. خرىستىئان

www.uyghurkitap.com

راھىب، پاترىك (چېركاۋدىكى ئالىي روھانىي) ۋە پوپلار يەھۇدىيلارغا ھۇجۇم قىلىپ، ئۇلارنى قىلىچتىن ئۆتكۈزۈشنىڭ ناھايىتى نورمال ئىش ئىكەنلىكىنى، چۈنكى يەھۇدىيلارنىڭ ھىيلىگەرلىك بىلەن كاپالەتنى خرىستىئانلارغا قارشى قىلغان ۋەھشىيلىكى بىلىنىشتىن بۇرۇن ئالغانلىقىنى ئېيتىپ، بۇ كاپالەتنىڭ قوبۇل قىلىشقا ئەرزىمەيدىغانلىقىنى بايان قىلدى. ھەممە ئۆزلىرىنىڭ ۋە پۈتۈن خرىستىئانلارنىڭ قەسەمنىڭ كاففارىتى ئۈچۈن ھەر جۈمە كۈنى روزا تۇتىدىغانلىقىنى ۋە بۇنى ئەسىرلەر بويى داۋاملاشتۇرىدىغانلىقىنى بايان قىلدى. ھېراكلىيۇس خرىستىئانلارنىڭ تەلەپلىرىنى قوبۇل قىلىپ، يەھۇدىيلارغا قارشى دەھشەتلىك قەتلىئاملىرىغا كىرىشتى. يەھۇدىيلارنى بىر باشتىن قىلىچتىن ئۆتكۈزدى. شام ۋە مىسىرغا ئوخشاش رىم ئىمپېراتورلۇقى زېمىنلىرىدا قېچىپ يۈرگەن ۋە يوشۇرۇنۇۋالغانلاردىن باشقا ھېچقانداق يەھۇدىي قالمىدى.

بۇ بايانلار ھەر ئىككى تەرەپنىڭ يەنى خرىستىئان ۋە يەھۇدىيلارنىڭ ئىنسان قېنىغا نەقەدەر تەشنا ئىكەنلىكىنى، دۈشمەنلىرىنى يەر بىلەن يەكسان قىلىش ئۈچۈن قانداق چارە قوللانغانلىقىنى، ئۆز ۋەدىلىرىگە خىلاپ مۇئامىلىدە بولغانلىقلىرىنى ئوچۇق كۆرسىتىپ تۇرۇپتۇ. ھېچقانداق بىر قوۋم ياكى مىللەتنىڭ بۇ قەدەر ناچار ئەخلاقى ۋە ئىنسان ھاياتىغا كۆرسەتكەن ھۆرمەتسىزلىكى بىلەن ئادالەت ۋە تىنچلىق بايرىقىنى لەپىلدىتىپ ئىنسانىيەتنى نۇر سايىسى ۋە ھاكىمىيىتى ئاستىدا خۇشال بىر ھاياتقا ئىگە قىلىشى مۇمكىن ئەمەس.

## ئىران ۋە ئىراندىكى بۇزغۇنچىلىق ھەرىكەتلىرى

مەدەنىي دۇنيانى رىملىقلار بىلەن بۆلۈشۈپ ئىدارە قىلغان ئىرانلىقلارغا كەلسەك، ئىران دۇنياغا تونۇلغان ئانارخىست (ھۆكۈمەتسىز) ئىدىيىسىدىكى كىشىلەرنىڭ پائالىيەت مەيدانى ئىدى. ئەخلاقى ئاساسلىرى، ئۇزۇن مەزگىلدىن بېرى ھەر تۈرلۈك جىسمانىي زەئىپلىشىش ۋە روھىي بۇزۇقلۇق ھەممە پەرىشانلىق ئەسىرى ئاستىدا ئېرىپ يوقالغان ئىدى. نورمال بىر ئەخلاق قۇرۇلمىسىغا ئىگە

بولغان دۆلەتلەر ئۆزلىرى بىلەن توي قىلىش مەنئى قىلىنغان كىشىلەر بىلەن توي قىلىشنىڭ رەزىللىك ئىكەنلىكىنى شەكسىز قوبۇل قىلغان ۋاقىتلاردا، ئىراندا بۇ مەسىلە تېخى تالاش ـ تارتىش ۋە ئىختىلاپ تېمىسى ئىدى.

ھەتتا مىلادى 5 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا دۆلەت رەئىسلىكىگە ئوخشاش ئەڭ مۇھىم ۋەزىپىنى ئۆتەۋاتقان ئىككىنچى يازدىگىر ئۆز قىزى بىلەن ئۆيلەنگەن بولۇپ، كېيىن ئۇنى ئۆلتۈرگۈزۈۋەتكەن ئىدى. يەنە مىلادى 6 ـ ئەسىردە رەھبەرلىك ئورنىدا بولغان بەھرام جۇۋابىن ئۆز سىڭلىسى بىلەن ئۆيلەنگەن.

دانىيە كوپىنھاگىن ئۇنىۋېرسىتېتى شەرق تىللىرى پروفېسسورى ۋە ئىران تارىخى مۇتەخەسسىسى ئارتھەر كرىستىنسىن: ''ساسانىيلار دەۋرىدىكى ئىران'' ناملىق ئەسىرىدە مۇنداق دەيدۇ:

جاتھىياس ساسانىي دەۋرىنىڭ باشقا زاماندىش تارىخچىلىرى ئىرانلىقلارنىڭ ئۆزلىرى بىلەن توي قىلىش مەنئى قىلىنغان تۇغقانلىرى بىلەن ئۆيلىنىشكە ئوخشاش ئادەتلىرىنى ئىسپاتلاۋاتىدۇ. ساسانىي دەۋرى تارىخىدا بۇ خىل توي قىلىش ئادەتلىرىنى ئۇچرىتىش مۇمكىن. شۇنداق، بەھرام خرىستىئان بولۇشتىن ئىلگىرى، چەشتەپس ئۆزلىرىگە ھارام بولغان تۇغقانلىرى بىلەن ئۆيلەنگەن ئىدى.

ئىرانلىقلارغا نىسبەتەن بۇ خىل نىكاھ گۇناھ ھېسابلانمايتتى. ئەكسىچە، ئاللاھقا يېقىنلىششقا ۋەسىلە بولىدىغان خەيرلىك بىر ئىش سۈپىتىدە ئۇلۇغلىنىپ. جۇڭگولۇق سەيياھ شۈەنزاڭ: ''ئىرانلىقلار ئۆز مەيلىچە ھەرقانداق كىشى بىلەن ئۆيلىنىدۇ'' دېگىنىدە، بۇ نىكاھنى كۆزدە تۇتقان ئىدى.

مىلادى 3 ـ ئەسىردە مانى ئوتتۇرىغا چىقىپ، ئىراننى پۈتۈنلەي قاپلىغان شەھۋەتپەرەسلىككە قارشى خىيالىي زۇلمەت ۋە نۇر كۈرىشىگە يول ئاچقان بىنورمال ۋە قورقۇنچلۇق بىر تەلىماتنى ئوتتۇرىغا قويىدى. يەر يۈزىدىكى يامانلىق ۋە بۇزۇقچىلىقنى يىلتىزىدىن تۈگىتىش ئۈچۈن بويتاقلىق ھاياتىنى تەشەببۇس

قىلدى. يورۇقلۇقنىڭ قاراڭغۇلۇق بىلەن بىرلىشىشىنى، چوقۇم ئالدىنى ئېلىش كېرەك بولغان بىر پالاكەت سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا قويدى. مانى بۇ دۇنيانىڭ يىلتىزىنى كۆيدۈرۈش ئارزۇسىدا ئىدى. ئۇ يوقلۇق ۋە نەسلىنى قۇرۇتۇش مەقسىتىدە يورۇقلۇقنىڭ قاراڭغۇلۇقتىن ئۈستۈنلىكىنى ساقلاش ئۈچۈن نىكاھنى مەنئى قىلغان ئىدى. مىلادى 276 - يىلى "مۇرادىغا يېتىشتىن ئىلگىرى يوقىتىش كېرەك" دەپ بەھرام، مانىنى ئۆلتۈردى. ئېمىشقىكىن، ئۇنىڭ كۆز قاراشلىرى ئۆلۈمى بىلەن بىللە يوقالماي، تاكى ئىسلام فەتىھلىرىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىغا قەدەر مەۋجۇد بولۇپ تۇرغان ئىدى.

كېيىنكى مەزگىللەردە، ئىرانلىقلارنىڭ ئىچكى دۇنياسىدا مانىنىڭ زىيانلىق كۆز - قاراشلىرىغا قارشىلىق تۇيغۇلىرى پەيدا بولۇپ، مىلادى 487 - يىلى تۇغۇلغان مازدەكنىڭ پىكىرلىرىنى قوبۇل قىلىشقا باشلىدى. مازدەك ئىنسانلارنىڭ تۇغۇلغاندىلا باراۋەر ئىكەنلىكىنى، ئارىلىرىدا ھېچقانداق پەرق يوقلۇقىنى، شۇنىڭ ئۈچۈن ئىنسانلارنىڭ ئۆز ئارا كىبىرلىق قىلماي، باراۋەر ياشىشى كېرەكلىكىنى ئوتتۇرىغا قويدى. مازدەكنىڭ قارىشىچە، ئىنسانلارنىڭ ۋۇجۇدىدىكى ھېسسىي ئېپادىلىرىنىڭ قوغدىلىشى ۋە بەختەرلىكى مەسىلىلىرىدە مال - مۈلۈك ۋە ئاياللارنىڭ تامامەن ئورتاق ۋە باراۋەر بولۇشى كېرەك ئىدى.

شەھرىستانى مۇنداق دەيدۇ: "مازدەك، ئىنسانلارنىڭ خۇددى سۇ، ئوت ۋە يايلاقلارغا شېرىك بولغىنىغا ئوخشاش ئاياللار ۋە مال - مۈلكلەرنى ھالال قىلىپ، ئىنسانلارنى بۇ مەسىلىدە ئورتاق قىلدى. بۇ كۆزقاراشلار، چۈشەنچىلەر ياشلارنىڭ، بايلارنىڭ، ھەۋەس ۋە ئەيش - ئىشرەتكە بېرىلگەنلەرنىڭ ۋە قەلبلىرى ئېغىشقا باشلىغان كىشىلەرنىڭ زور ئالقىشىغا ۋە ئوردىنىڭ قوللىشىغا ئېرىشتى. ئىران ھۆكۈمدارى كۇبات بۇ چۈشەنچىلەرنىڭ تارقىلىشىغا ۋە قوللىغۇچىلىرىنى كۆپەيتىشكە ياردەم قىلدى. نەتىجىدە، ئىران مازدەكىزمنىڭ تەسىرى ئاستىدا ئەخلاق كىرىزىسى گىردابىغا ۋە غالجىرلاشقان شەھۋەت پاتقىقىغا پاتتى." تەبەرى مۇنداق دەيدۇ: "بەزى بىلىمسىز كىشىلەر بۇ ۋەزىيەتنى پۇرسەت ۋە غەنىمەت بىلىپ،

مازدەك ۋە ئۇنىڭ دوستلىرىغا ياردەم قىلدى، ئۇلار بىلەن مۇرىنى - مۇرىگە تىرەپ خىزمەت قىلدى. بۇ سەۋەبتىن خەلق نۇرغۇنلىغان پالاكەتلەرگە گىرىپتار بولدى ۋە تۈيۈق يوللارغا كىرىپ كەتتى. ۋەزىيەت شۇ ھالەتكە يەتتىكى، مازدەكنىڭ قوللىغۇچىلىرى باشقىلارنىڭ ئۆيىگە كىرىپ، ئۆيىدىكىلىرىگە باسقۇنچىلىق قىلىپ، ماللىرىنى بۇلاپ - تالىسىمۇ، كىشىلەر قارشىلىق كۆرسىتەلمەيتتى. مازدەكنىڭ ئادەملىرى ئىران ھۆكۈمدارى كۇباتنىڭ بۇ ئىشلارنى ياقتۇرغانلىقىنى، بۇنىڭغا قارشى چىققانلارنىڭ يوق قىلىنىدىغانلىقىنى ئۇقتۇردى. قىسقا بىر مۇددەت ئىچىدە دادا بالىسىنى، بالا دادىسىنى تونۇيالمايدىغان ھالەتكە كەلدى. بالىلار ئۆزىگە تەئەللۇق نەرسىلەرنىڭ ھېچقايسىسىغا ئىرىشەلمىدى."

تەبەرى يەنە مۇنداق دەيدۇ: "كۇبات مازدەكنىڭ چۈشەنچىلىرىنى قوبۇل قىلىشتىن ئىلگىرى خەلقنىڭ ئالقىشىغا ئىرىشكەن ھۆكۈمدارلاردىن بىرى ئىدى. لېكىن مازدەكنىڭ ئىدىيىسىنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىنكى ئىدارىي ئىشلىرى نەتىجىسىدە چوڭ شەھەرلەر پۈتۈنلەي ۋەيران بولدى".

## خىسراۋلارنىڭ مۇقەددەسلەشتۈرۈلۈشى

ئىران ھۆكۈمدارلىرى خىسراۋلارنىڭ تومۇرىدا ئىلاھىي قاننىڭ ئاقىدىغانلىقىنى جاكارلاشتى. خەلق ئۇلارغا ئىلاھىي كۆزدە قارايتتى. ۋۇجۇدىدا ئىلاھىي ۋە مۇقەددەس بىر مەۋجۇداتنىڭ بارلىقىغا ئىشىنەتتى. چەكسىز مۇھەببەت كۆرسىتەتتى ۋە ئۇلۇغلۇقىنى مەدھىيىلەيدىغان قەسىدىلەرنى ئوقۇيتتى. قانۇنلاردىن ئۈستۈن تۇرىدىغان، تەنقىد قىلغىلى بولمايدىغان مەۋجۇدىيەت سۈپىتىدە قارايتتى. ھەتتا ئىنسانلىقتىن تاشقىرى بىر يارىتىلغۇچى سۈپىتىدە چۈشىنەتتى. ئىسىملىرىنى تىلغا ئالمايتتى ۋە ھېچكىم مەجلىسلىرىگە قاتنىشالمايتتى. ھەربىر كىشىدە ھەققى بارلىقىغا، لېكىن ھېچكىمنىڭ ئۇلاردا ھەققى يوقلۇقىغا ئىشىنەتتى. ئۇشۇقچە ماللىرى ۋە ئارتۇقچە نېئمەتلىرىنى ھەرقانداق بىرىگە بېغىشلىشنى مەجبۇرىيەت ئەمەس، بەلكى مەرھەمەت ۋە

ئىلتىپاتىنىڭ ئىپادىسى دەپ بىلەتتى. خەلقنىڭ ئۇلارغا ئىنائەت قىلىشىدىن باشقا ھەققى يوق ئىدى. ھۆكۈمدارلىق ئۈچۈن مۇئەييەن بىر خانىدانلىق نەسلى قىلىنغانىدى. بۇ "مەۋجۇدىيەت" خانىدانى ئىدى. خەلق تاج كىيىش ۋە باج ئېلىشنىڭ پەقەت بۇ جەمەت شەخسلىرىگە خاس ئالاھىدىلىك ئىكەنلىكىگە ئىشىنەتتى. بۇ ھەق دادىدىن ئوغلىغا مىراس قالاتتى. بۇ ھەقتە بويۇنتاۋلۇق قىلغانلار ياكى قارشى چىققانلارغا زالىم، نەسەبى گۇمانلىق ئاددىي بىر كىشى نەزىرىدە قارىلاتتى. خەلق مال - مۈلۈكلىرىنى ۋە مىراسلىرىنى بۇ جەمەتكە ھېچبىر نەرسە تاما قىلماستىن سېخىيلىق بىلەن بېرىۋېتەتتى. بۇ جەمەتتىكىلەر ئىچىدە چوڭلار بولمىغاندا، جەمەتتىكى كىچىك باللارنى ھۆكۈمدارلىق ئورنىغا چىقىراتتى. ئەرلەر بولمىسا، بىر ئايالنى ئۆزلىرىگە ھۆكۈمدار قىلىپ تاللايتتى. دەرۋەقە، شىرۋەيھنىڭ كېيىن يەتتە ياشتىكى ئوغلى ئەزدەشىرنى، خىسراۋنىڭ ئوغلى خۇسرەۋنى كىچىك ۋاقتىدا ھۆكۈمدارلىق ئورنىغا چىقاردى. ھەتتا خىسراۋنىڭ قىزى بوران ۋە ئىككىنچى قىزى ئازەرمى دەختنى ئۆزلىرىگە ھۆكۈمدار قىلىپ سايلىدى. ئەمما، رۇستەم، جۇبىن ۋە باشقا چوڭ سەركەردىلىرىدىن بىرىنى ئۆزلىرىگە ھۆكۈمدار قىلىپ سايلاشنى خىياللىرىغىمۇ كەلتۈرمىدى. چۈنكى ئۇلار خان جەمەتىگە (ئېسىل زادىلەرگە) مەنسۇپ ئەمەس ئىدى.

## تەبىقىلەر ئارىسىدىكى تەڭسىزلىك

خەلقنىڭ روھانىي ئائىلىلەرگە ۋە ئېسىلزادىلەرگە بولغان ئېتىقادلىرى خىسراۋلارغا بولغان ئېتىقادلىرىغا ئوخشايتتى. خىسراۋلارنىڭ يارىتىلىش ئېتىبارى بىلەن خەلقتىن يۇقىرى ئىكەنلىكىنى، ئەقىل ۋە شەخسىيەت جەھەتتە ئىنسانلاردىن ئۈستۈن ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلاتتى. ئۆمۈرۋايەتلىك ھوقۇق بېرەتتى ۋە شەكسىز قۇللۇق بىلدۈرەتتى. "سامانىيلار دەۋرىدىكى ئىران" ناملىق تارىخى ئەسەرنىڭ ئاپتورى پروففېسور ئارتھەرسىن مۇنداق دەيدۇ:

"ئىران جەمئىيىتى مەسلەك ۋە نەسەب ئاساسىغا قۇرۇلغان بولۇپ،

جەمئىيەتتىكى تەبىقىلەر ئارىسىدا قورقۇنچلۇق پەرق بار ئىدى. ئۇلارنىڭ ئارىسىنى تۈزەش ياكى بىر - بىرىگە باغلاش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ھۆكۈمەت تۆۋەن تەبىقىدىكى بىر پۇقرانىڭ ھەر قانداق بىر ئىسىلزادە ياكى ئۇلۇغنىڭ مۈلكىنى سېتىۋېلىشىنى مەنئى قىلاتتى".

ھەر كىشىنىڭ نەسەبى تەرىپىدىن بەلگىلەنگەن دەرىجىسىگە رازى بولۇپ، ~~ئۆزىدىن يۇقىرىدىكىلەرگە~~ كۆز تىكمەسلىكى ساسانىي سىياسىتىنىڭ ئاساسلىرىدىن بىرى ئىدى. ھېچكىم ئاللاھ ئۆزىگە بەرگەن ھۈنەردىن باشقا ھۈنەرنى ئۆگىنەلمەيتتى. ئىران ھۆكۈمدارلىرى ئاددىي كىشىلەرگە ۋەزىپە بەرمەيتتى. شۇنىڭ بىلەن، خەلق بىر - بىرىدىن تامامەن پەرقلىق سىنىپلارغا ئايرىلدى. ھەر بىر تەبىقىنىڭ جەمئىيەتتە مۇئەييەن ئورنى بار ئىدى.

خەلق ئارىسىدىكى تەبىقىلەرگە بۆلۈنگەن بۇ تەڭسىزلىك ئىنسانىيەت يۈزىگە سۈرۈلگەن قارا ئىدى. ئارىستوكراتلارنىڭ ۋە يۇقىرى خىزمەت ئورۇنلىرىدىكى كىشىلەرنىڭ يىغىنلىرىدا مەسىلىلەر ئاشكارا ئوتتۇرىغا قويۇلاتتى. خەلق ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرىنىڭ ئالدىدا بۇتقا ئوخشاش ئىدى ۋە ئىتلىرىمۇ تۇرۇشنى خالىمايدىغان يەردە ئولتۇراتتى. پەقەت ئىسلام پەيغەمبىرى بۇنىڭغا قاتتىق قارشى چىقىپ تۈگەتتى. ئىرانلىقلارنىڭ ئۆز ئۆرپ - ئادىتىدىن چىقالماي خوجايىنلىرى ئالدىدا قالغان جەۋر - جاپانىڭ ئېغىر بويۇنتۇرۇقىدىن قانداق قۇتۇلغانلىقى تەبەرىنىڭ بايانلىرىدىن روشەن بىلىنىپ تۇرۇپتۇ. تەبەرى مۇنداق دەيدۇ:

"ئەبۇ ئوسمانىيلار ئەننەھدىدىن بايان قىلىنىشىچە، مۇغىيرە كۆۋرۈكتىن ئۆتۈپلا ئىرانلىقلارنىڭ دۆلىتىگە كىرمەكچى بولدى. بىر يەردە ئولتۇرۇپ، رۇستەمدىن كۆۋرۈكتىن ئۆتۈشكە رۇخسەت بېرىشىنى تەلەپ قىلدى. ئۇ ئەرەبلەرنى پەس كۆرىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن ھېچقانداق ئىلتىپات كۆرسەتمىدى. رۇستەم مۇغىيرە ئىبنى شۇئبەنى ئالتۇن سىم بىلەن توقۇلغان كىيىملەرنى كىيگەن مۇلازىملىرى بىلەن كۈتۈۋالدى. ھەر يەرگە بىباھا گىلەملەر سېلىنغان ئىدى. سارايغا كىرىش ئۈچۈن ئۇزۇن بىر مۇساپىنى بېسىپ ئۆتۈشكە

www.uyghurkitap.com



تۇغرا كېلەتتى. رۇستەم مۇغىرەنى قارشى ئالغىنىدا تۆت تال ئۆرۈمە چېچى بار ئىدى. تەختكە بىرلىكتە ئولتۇردى. خەلق دەرھال غەلىيان قىلىپ مۇغىرەگە ئېتىلدى ۋە ئۇنى رۇستەمنىڭ تەختىدىن چۈشۈرۈپ ھاقارەتلىدى. مۇغىرە خەلققە مۇنداق دېدى:

- سىلەرنى مۇلايىم، ۋاپادار كىشىلەر دەپ ئويلايتتىم. مۇنداق قىلغىچە ئېچىڭلاردىن بەزىلەرنىڭ ياراتقۇچى بولغىنىدىن خەۋەر بەرگەن بولساڭلار، تېخىمۇ ياخشى بولاتتى. سىلەرنىڭ بۇ سەلتەنىتىڭلار ئۇزۇن سۈرمەيدۇ. بىز بۇنداق ئىشنى قەتئىي قىلمايمىز. مەن سىلەرگە ئۆز ئىختىيارىم بىلەن كەلمىدىم. مېنى تەكلىپ قىلدىڭلار، بۈگۈن سىلەرنىڭ زاۋاللىققا يۈز تۇتقانلىقىڭلارنى ۋە ئارقا - ئارقىدىن مەغلۇبىيەتكە دۇچار بولىدىغانلىقىڭلارنى بىلدىم. ھېچقانداق بىر دۆلەت بۇ ھالىتى ۋە ئېتىقادى بىلەن مەۋجۇد بولۇپ تۇرالمايدۇ. ھەر ۋاقىت يوقۇلۇشقا مەھكۇمدۇر".

## ئىرانلىقلارنىڭ ئۈستۈنلۈك ئارزۇلىرى

ئىرانلىقلار كېيىنكى مەزگىللەردە ئۆزلىرىنى ئۈستۈن كۆرۈشكە، باشقا ئىرق ۋە مىللەتلەرگە قارىغاندا پەۋقۇلئاددە ئۈستۈن ئىكەنلىكىنى جاكارلاشقا باشلىدى. ئاللاھنىڭ ئۆزلىرىنى ھېچبىر مىللەتتىن تېپىلمايدىغان ئالاھىدىلىككە ئىگە قىلغانلىقىغا ئىشىنەتتى. بۇ سەۋەبتىن باشقا مىللەتلەرنى پەس كۆرۈپ خارلايتتى. ھەتتا ئۇلارغا ئۇلارنىڭ خارلىقىنى ئىپادىلەيدىغان مەسخىرىلىك لەقەملەرنى قويىاتتى.

## ئاتەشپەرەسلىك ۋە ئۇنىڭ تۇرمۇشتىكى تەسىرى

ئىرانلىقلار بۇرۇندىن تارتىپ يېگانە ئاللاھقا ئىبادەت قىلاتتى ۋە پەقەت ئۇنىڭغىلا سەجدە قىلاتتى. لېكىن كېيىنكى دەۋرلەردە ئېپتىدائىي

جەمئىيەتتىكىدەك قۇياش، ئاي، يۇلتۇزلار ۋە ئاسمان جىسىملىرىنى مۇقەددەسلەشتۈرۈشكە باشلىدى. ئاخىرى، ئىران دىنلىرىنىڭ ئاساسى بولغان زەردۇشتىلۇق مەيدانغا كەلدى. رىۋايەتلەرگە قارىغاندا، زەردۇشت بۇتلارنى يوق قىلىپ، خەلقنى تەۋھىدكە چاقىرغان ۋە مۇنداق دېگەن: "كائىناتنىڭ نۇر چاچقان ۋە ئوت يېنىپ تۇرغان ھەر يېرىدە ئاللاھنىڭ نۇرى پارلاپ تۇرىدۇ". شۇنداق قىلىپ، زەردۇشت خەلقنى ئىبادەت ۋاقىتلىرىدا قۇياش ۋە ئوتقا ئىبادەت قىلىشقا بۇيرۇدى. چۈنكى، زەردۇشتىنىڭ قارىشىچە، ئوت ئىلاھنىڭ سىمۋولى ئىدى. بۇنىڭ بىلەن بىرگە تۆت ئۇنسۇر (ئامىل) يەنى ئوت، ھاۋا، تۇپراق ۋە سۇنى بۇلغاشنى مەنئى قىلدى. زەردۇشتىنى كېيىن دۇنياغا كەلگەن ئالىملار بىر يۈرۈش تۈزۈملەرنى تۈزۈپ، بۇ مەزھەبتىكىلەرنى بۇ تۈزۈملەرگە بويسۇنۇشقا مەجبۇرلىدى. ئوت ئارقىلىق ئېلىپ بېرىلىدىغان ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى مەنئى قىلدى. شۇنىڭ بىلەن خەلق تىجارەت ۋە دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىشقا مەجبۇر بولدى. ئوتنىڭ مۇقەددەسلەشتۈرۈلۈپ ئىبادەت قىلىنغۇچى سۈپىتىدە قوللىنىلىشىدىن كېيىن، ئىنسانلار بىۋاسىتە ئوتقا چوقۇنۇشقا باشلىدى. ھەتتا ئوت ئۈچۈن ھەيكەل ۋە ئىبادەتخانىلار ياسىدى. نەتىجىدە، ئاتەشپەرەسلىكنىڭ سىرتىدىكى بارلىق ئەقىدە ۋە دىنلار يوقالدى. ھەقىقەتلەر بىر بۇلۇڭغا تاشلىنىپ، تارىخ ئۇنتۇلدى.

ئاتەشپەرەستلىكتە ئۆزىگە چوقۇنغۇچىلارغا قانۇن - تۈزۈم بەلگىلەپ بەرمىگەن، پەيغەمبەر ئەۋەتمىگەن، ئۇلارنىڭ كۈندۈلۈك تۇرمۇشىغا ئارىلاشمىغان، ۋە ئاسىي گۇناھكارلارنى جازالىمايدىغان بولغاچقا، ئاتەشپەرەستلىك مۇئەييەن بىر ۋاقىت ۋە بىر ئورۇندا ئېلىپ بېرىلىدىغان ئىبادەت ۋە مۇراسىملارغىلا ئايلىنىپ قالغان. ئۇلار ئۆيلىرىدە، ھۆكۈمەت ئورۇنلىرىدا ۋە ھۆكۈمرانلىق دائىرىلىرىدە، سىياسىي ۋە ئىجتىمائىي ھاياتتا ئەركىن پائالىيەت قىلاتتى. خالىغان شەكىلدە پوزىتسىيە بىلدۈرەتتى. ئۆزلىرى خالىغان شەكىلدە پائالىيەت قىلاتتى. مەنپەئەت ۋە پايدا قەيەردە بولسا، شۇ تەرەپكە قارايتتى. ئەلۋەتتە ھەر دائىم ھەر قانداق

يەردە مۇشرىكلارنىڭ ئەھۋالى شۇنداق ئىدى.

ئىرانلىقلارنىڭ قەلبلىرىنى ئىسلاھ قىلىدىغان، ئەخلاقىنى گۈزەللەشتۈرىدىغان، شەھۋەتلىرىنى باسىدىغان، تەقۋالىقنى، خەيرلىكنى، ياخشى ئىشلارغا دەۋەت قىلىدىغان، ئائىلە ھاياتىنى، ئائىلىسىنى رەتكە سالىدىغان، دۆلەتنىڭ سىياسىي ھاياتىغا نىشان كۆرسىتىپ، مىللەتكە ھايات مەنبەسى بولىدىغان، خەلق بىلەن زالىم ھۆكۈمدارلار ۋە شەپقەتسىز باشقۇرغۇچىلارنىڭ ئارىسىدا توساق رولىنى ئوينايدىغان، زالىمنىڭ ياقىسىدىن ئېلىپ، مەزلۇمنىڭ قولىنى تۇتىدىغان، ئالەمشۇمۇل ۋە ئاساسى بار دىنىدىن مەھرۇم قالدى. شۇنىڭ بىلەن، مەجۇسىيلار بىلەن ھەر نەرسىنى نورمال، ئادەتتىكىدەك چۈشىنىدىغان دىنسىزلار ۋە ماتېرىيالىستلار ئارىسىدا ھېچقانداق پەرق قالمىدى.

## چىن: دىنلار ۋە تۈزۈملەر

6 ـ 7 ـ ئەسىرلەردە چىن (جۇڭگو) غا ئۈچ خىل ئىدىيە ھاكىم ئىدى:

1 ـ لاۋزى (ئىدىيىسى)

2 ـ كۇڭ فۇزى (ئىدىيىسى)

3 ـ بۇددىزم

لاۋزى ئىدىيىسى قىسقا مۇددەت ئىچىدە بۇتپەرەسلىككە ئايلىنىش بىلەن بىرگە ئەمەلىيەتكە قارىغاندا نەزەرىيىگە زىيادە تايىناتتى. لاۋزى ئىدىيىسىنىڭ قوللىغۇچىلىرى ئەمەلىي ھاياتتىن ئۆزىنى چەتكە تارتىپ، چەت ياقىلاردا ياشايدىغان زاھىدلار بولۇپ، توي قىلمايتتى، ئائىلىلەرگە قارىمايتتى ۋە ئۇلار بىلەن ھەر قانداق ئالاقىدە بولمايتتى. بۇ سەۋەبتىن لاۋزى ئىدىيىسى ساغلام بىر ھاياتقا ياكى غايىۋى بىر دۆلەتكە ئاساس بولمايتتى. ھەتتا بۇ ئىدىيىۋى ئېقىمنىڭ قۇرغۇچىسىدىن كېيىن دۇنياغا كەلگەنلەر ئۇنىڭغا قارشى چىقىپ، باشقا دىنلارغا كىرىشكە باشلىدى.

كۈنگە قۇرۇپ، ئۇلار بىلەن تىنچ ئۆتۈپ كىتىدىغان دىنلار ئىچىدە ياخشىسى ئىدى. ئۇلار ئىچىدە قوي ۋە باشقا سان-سانىسىز هايۋانلارنى قۇربانلىق قىلىش ئىشلىرىدا، ماددىي، سىياسىي ۋە ئىدارىي (باشقۇرۇش) مەسىلىلەرنىڭ تەرتىپكە سېلىنىشىدا كونتروللۇق رولىنى ئويناتتى. ئەمما بۇ ئىدىيە مەنسۇپلىرى (قوللىغۇچىلىرى) بەزىدە مۇئەييەن بىر ئىلاھقا ئىبادەت قىلىشنى تاشلاپ، دەرەخ ۋە دەرياغا ئوخشاش كۆڭلى خالىغان نەرسىلەرگە ئىبادەت قىلاتتى. كۆپ قۇربانلىق قىلىش چۈشەنچىلىرىدە ھەقىقىي نۇر، ئىمان ۋە قانۇن يوق ئىدى. پەقەت كىشىلەرنىڭ خالىغان ۋاقتىدا پايدىلىنىپ، خالىغىنىدا تاشلاپ قويىدىغان ھېكمەتلىك سۆزلەر ۋە بىلىملىك كىشىلەرنىڭ تەجرىبىلىرى بار ئىدى.

## بۇددىزم: گۈللىنىشى ۋە زاۋاللىققا يۈزلىنىشى

بۇددىزمغا كەلسەك، 6 ـ، 7 ـ ئەسىرلەردە بۇددىزم ئەسلى ساپلىقى ۋە قىممىتىنى يوقاتقان ئىدى. ئارقىسىدىن مەيدانغا كەلگەن ئازغۇن براخمانىزم ئۇنى بىر لوقما گۆشنى يۇتقاندەك يۇتۇپ، يىتىپ بارغانلا يېرىدە بۇت ـ ھەيكەللەرنى تىكلەيدىغان قورقۇنچلۇق بۇتپەرەسلىككە ئايلاندۇرۇۋەتتى. بۇددىستلار يىتىپ بارغان ۋە ماكانلاشقان يېرىدە بۇددالارنىڭ ھەيكىلىنى تىكلەيتتى. ئاخىرىدا بۇ ھەيكەللەر بۇددىزمنىڭ دەسلەپكى دەۋرلىرىدە پارلىغان دىنىي ۋە مەدەنىي ھاياتىنى پۈتۈنلەي يوقاتتى.

ھىندىستان ئۇنىۋېرسىتېتلىرىدىن بىرىدە خىزمەت قىلىدىغان "ھىندى مەدەنىيىتى تارىخى" پروفېسسورى ئىشۋاراتوبا مۇنداق دەيدۇ:

"بۇددىزمنىڭ سايىسىدا ئىلاھلارنىڭ تاشقى كۆرۈنىشىگە ۋە ھەيكەللىرىگە ئىبادەت قىلىشقا ئېتىبار بېرىدىغان بىر دۆلەت قۇرۇلغان ئىدى. شۇنىڭ بىلەن، بۇددىزم ئوتتۇرىغا قويغان قېرىنداشلىق مۇناسىۋىتىنىڭ مەزمۇنى پۈتۈنلەي ئۆزگەردى. بۇددىزمنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە بولمىغان ئىشلار مەيدانغا

كەلدى". بۇ ھەقتە پروفېسسور ئىشۇراتوپا بىلەن زامانداش ھىندىستانلىق يازغۇچى ۋە چوڭ بىر سىياسىي ئەربابمۇ مۇنداق دېگەن: "براخمانىزم بۇددىزمنى ئىلاھىيلاشتۇرۇۋەتتى، بۇددىزممۇ براخمانىزمغا تامامەن بويسۇندى. شۇنىڭ بىلەن، بۇددىزم ئوتتۇرىغا قويغان قىرىنداشلىق مۇناسىۋەتتى مال - مۈلۈك مەنبەسىگە، ئەڭ ئاخىرىدا، مۇئەييەن بىر تەبىقىنىڭ مەنپەئەت مەركىزىگە ئايلاندى. بۇددىزم ئوتتۇرىغا قويغان بەلگىلىمىلەر نىزاملار يوقالدى. سېھىر ۋە ۋەھىمىلەر ئىبادەت ئاساسلىرىغا سىڭىپ كىردى. نەتىجىدە، ھىندىستاندا مىڭ يىلدىن ئارتۇق ھاكىم ئورۇندا تۇرۇپ، تەرەققىي قىلغان دىنلار چېكىنىشكە ۋە زاۋاللىققا يۈز تۇتتى." رھىس راۋىدىس خانىم بۇددىزم گىرىپتار بولغان چۈشكۈنلۈك ۋە كېسەللىكلەرنى سىرادھا گورىسىنىڭ "ھىندى پەلسەپىسى" ناملىق ئەسىرىدىن نەقىل كەلتۈرۈپ مۇنداق بايان قىلىدۇ:

بۇددىزمنىڭ ئەخلاق ئاساسلىرىغا ساغلام بولمىغان چۈشەنچىلەر ھاكىم بولدى. ھەتتا بۇددىزم بۇ ئاساسسىز خىياللار نەتىجىسىدە يېمىرىلىپ يوقالدى. يېڭى - يېڭى مەزھەپلەر ئوتتۇرىغا چىقتى. بارغانسېرى تەرەققىي قىلغان بۇ مەزھەپلەر كىشىلەرنىڭ قەلبلىرىگە ھاكىم بولدى. كېيىنچە بۇلارمۇ كۈندىن - كۈنگە زەئىپلىشىپ، ئورنىنى يېڭى - يېڭى مەزھەبلەرگە بوشىتىپ بەردى. تارىخ مۇشۇ شەكىلدە داۋاملاشتى. ئەڭ ئاخىرىدا بۇ خام - خىياللار ئۈستى - ئۈستىگە جۇغلىنىپ، بوشلۇقنى ئورىدى ۋە ئەتراپنى قاراڭغۇلۇق قاپلىدى. ئاسمان ۋە قىممەتلىك بىر دىنىنىڭ قۇرغۇچىسى بولغان بۇددانىڭ نەسىھەتلىرى پەلسەپىۋى تەتقىقات ۋە بەس - مۇنازىرە نەتىجىسىدە غايىب بولدى.

براخمانىزم ۋە بۇددىزم زاۋاللىققا يۈز تۇتتى. بۇددىزمغا بىر يۈرۈش ناچار ئادەتلەر سىڭىپ كىردى. ھەتتا بۇددىزم بىلەن براخمانىزمنى بىر - بىرىدىن ئايرىش قىيىنلاشتى. نەتىجىدە، بۇددىزم براخمانىزم ئىچىدە ئېرىپ يوقالدى.

دىنلار تارىخى مۇتەخەسسىسلىرى ۋە بۇ دىنلارنى مەيدانغا كەلتۈرگۈچىلەرنىڭ تەرجىمھالى بىلەن شۇغۇللانغۇچى تەتقىقاتچىلارغا كۆرە، بۇددىزمدىكى ئىلاھ ۋە



www.uyghurkitap.com

ئېتىقاد چۈشەنچىسى ئىختىلاپ ۋە مۇنازىرە تېمىسى سۈپىتىدە مەۋجۇدلۇقىنى داۋاملاشتۇرغان ئىدى. ھەتتا نۇرغۇنلىرى ھەيرانلىق ئىلكىدە: "بۇ چوڭ دىن ئاللاھ ئېتىقادىدىن يىراق بولغان ئەخلاقىي ئاساسلار ئۈستىدە قانداق تۇرىدۇ؟" دەپ سورىشىدۇ. بۇددىزم نەپسنى تەربىيىلەش، شەھۋەتنى تىزگىنلەش، ئېسىل ئەخلاقلار بىلەن بېزىلىش، ئازاب - ئوقۇبەتتىن قۇتۇلۇش ۋە ئىلىم ھاسىل قىلىش يولىدىن باشقا بىر نەرسە ئەمەس ئىدى.

شۇڭا جۇڭگولۇقلاردا مەسىلىلەرنى ھەل قىلالىغۇدەك ئالەمشۇمۇل بىر دىنىي سىستېما يوق ئىدى. يىراق شەرق مىللەتلىرى ئارىسىدىكى جۇڭگولۇقلار دىنىي ۋە ئىلمىي مىراسلىرىنى مۇھاپىزەت قىلاتتى. لېكىن مەيلى ئۆز مەدەنىيىتىگە بولسۇن ياكى باشقىلارغا بولسۇن، كىچىككىنە بىر نەرسە تەقدىم قىلغۇدەك ھالى يوق ئىدى.

## ئوتتۇرا ئاسىيادىكى مىللەتلەر

تۈركلەر، موڭغۇللار ۋە ياپونلارغا ئوخشاش ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە شەرق ئۆلكىلىرىدە ياشىغان باشقا مىللەتلەر ئەسلىنى يوقاتقان بۇددىزم بىلەن ئەخمىقانە بۇتپەرەسلىكنىڭ ئارىسىدا ئىدى. ئىلمىي ئەمگەكلىرى ۋە ئىلغار سىياسىي نىزاملىرى يوق ئىدى. تېخىچە بالىلىق دەۋرىنى بېشىدىن ئۆتكۈزۈپ بولمىغان بولۇپ، تەپەككۇر ئېڭى بەكمۇ قالاق ئىدى.

## ھىندىستان: دىنىي، ئىجتىمائىي ۋە ئەخلاقىي ۋەزىيىتى

ھىندىستانغا كەلسەك، ھىندى تارىخچىلىرى ھىندىستاننىڭ دىنىي، ئىجتىمائىي ۋە ئەخلاقىي جەھەتتە باشتىن ئۆتكۈزگەن دەۋرلىرى ئىچىدە مىلادى 6 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدىكى دەۋرنىڭ ئەڭ ئارقىدا قالغان بىر دەۋر ئىكەنلىكى ھەققىدە ئورتاق پىكىرنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. ھىندىستان بۇ دەۋردە قوشنا ۋە دوست دۆلەتلىرى بىلەن بىللە پۈتۈن دۇنياغا ۋابا كېسىلىدەك

يامىرىغان ئەخلاقىي ۋە ئىجتىمائىي بوھرانىنى بېشىدىن ئۆتكۈزۈۋاتاتتى. تەرەققىي قىلغان دۆلەتلەرگىچە سوزۇلغان بۇ قاراڭغۇلۇق ھىندىستانغا خېلىلا چوڭقۇر تەسىر قىلغان ئىدى. ئەمما ھىندىستان بەزى جەھەتلەردە باشقا دۆلەتلەردىن پەرقلىنەتتى. بۇلارنى تۆۋەندىكى ئۈچ نۇقتىغا يىغىنچاقلاشقا بولىدۇ:

1 ـ ئىلاھ ۋە ئىبادەتخانىلارنىڭ كۆپلۈكى

2 ـ جىنسىي ھەۋەسلەرنىڭ ئازغۇنلۇقى

3 ـ سىنىپلار ئارىسىدىكى تەڭسىزلىك ۋە ئىنساپسىزلارچە يۈرگۈزۈلگەن ئىجتىمائىي ئىمتىيازلار

## ئازغۇن بۇتپەرەسلىك

6 ـ ئەسىردە بۇتپەرەسلىك ئەڭ يۇقىرى پەللىگە چىققان ئىدى. ۋەدا دەۋرىدىكى ئىلاھلارنىڭ سانى 33 بولغان بولسا، بۇ ئەسىردە 330 مىليونغا يەتتى. پارلاق، يېقىملىق ۋە ياخشى دەپ قارالغان ھەر نەرسىگە ئىلاھ سۈپىتىدە چوقۇنىلاتتى. شۇنداق قىلىپ ھەيكەللەر، بۇتلار ۋە ئىلاھلار ساناپ بولغىلى بولمايدىغان دەرىجىدە كۆپەيگەن بولۇپ، ئىلاھ دېگىلى بولمايدىغان ئىلاھلار بار ئىدى. بۇ ئىلاھلاردىن بەزىلىرى تارىخىي شەخسلەر، مۇئەييەن زامان ۋە ھادىسىلەردە ئاللاھنىڭ ئۆز شەخسىيىتىگە ئوخشايدىغانلىقىنى ئېيتىپ جار سالغان قەھرىمانلار، بەزىلىرى ئىلاھلاردەك كۆرۈنگەن تاغلار بولسا، يەنە بەزىلىرى ئىلاھلار تەجەللى قىلغان ئالتۇن ـ كۈمۈشلەر ئىدى.

بىر قىسمى بولسا، ماھادىيا ئىلاھىنىڭ بېشىدىن چىققانلىقى ئېتىراپ قىلىنغان گانگا دەرياسى، ھەرپ، يېزىق ۋە تاناسىل ئەزالىرى، ھايۋانلار، بولۇپمۇ ئەڭ چوڭى كالا، ئاسمان جىسىملىرى ۋە بۇنىڭغا ئوخشايدىغان نەرسىلەر ئىدى. شۇنداق قىلىپ، دىن - قوبۇل قىلغىلى بولمايدىغان، ئاللاھ تەرىپىدىن چۈشۈرۈلگەنلىكىگە دائىر ئەڭ كىچىك بىر بېشارىتى بولمىغان، خۇراپات، ئەپسانە، شېئىر، ئىبادەت ۋە

ئېتىقادلار بىلەن پەردىلەنگەن بىر دىنغا ئايلانغان ئىدى.

بۇ دەۋردە ھەيكەلتاراشلىق سەنئىتى تەرەققىي قىلىپ، 6 - ۋە 7 - ئەسىرلەردە ئەڭ يۇكسەك پەللىگە چىققان ئىدى. ھەتتا بۇ ئەسىر ھەيكەل ياساشتا ئۆتكەن ئەسىرلەرگە قارىغاندا شانلىق نەتىجە ياراتقان ئىدى. ھۆكۈمداردىن تارتىپ يوقسۇل خەلققىچە بارلىق تەبىقىلەر يەنى پۈتۈن خەلق بۇتلارغا تىۋىناتتى. ھەتتا بۇددىزم ۋە جۇڭگو دىنلىرى بۇ پالاكەتتىن قۇتۇلالمىغان ئىدى. بۇ ئىككى دىن ئۆز مەۋجۇدلۇقىنى ساقلاپ، ئۆز ماكانلىرىدا ئۆز مەيلىچە داۋام قىلىش ئۈچۈن بۇتپەرەسلىكنى ئۆزلىرىگە قالقان قىلىۋالغان ئىدى.

ھەيكەلتاراشلىق ۋە بۇتپەرەسلىكنىڭ بۇ ئەسىردىكى سەۋىيىسىنى (647 - 606 - يىللاردا) ھىندىستاندا ھۆكۈم سۈرگەن ھارىشىنىڭ چاقىرغان ھەشەمەتلىك يىغىنىغا قاتناشقان ۋە 630 - يىلدىن 644 - يىلغىچە ھىندىستاندا زىيارەتتە بولغان جۇڭگولۇق مەشھۇر سەيياھ شۈۋەنزاڭدىن بىلەلەيمىز:

"ھۆكۈمدار كىننەۋچە ھىندىستاندا تارقالغان دىنلارنىڭ ئالىملىرىدىن تەشكىل قىلىنغان، نۇرغۇنلىغان كىشىلەر ئىشتىراك قىلغان ھەشەمەتلىك بىر خاتىرە مۇراسىمى ئۆتكۈزدى. بۇ مۇراسىمدا ھۆكۈمدار بۇدداھ ئۈچۈن تەييارلىغان 50 گەز ئېگىزلىكتىكى ئالتۇن ھەيكەلنى ئىبادەتخانىغا تىكلىدى ۋە بۇدداھنىڭ باشقا كىچىك بىر ھەيكىلىنى قولىغا ئېلىپ خاتىرە ئورنىغا چىقتى. ھۆكۈمدار ھارىشىنىڭ قولىدا كۈنلۈككە ئوخشايدىغان بىر نەرسە بار ئىدى. بىر ياندىن ھۆكۈمدار كامىروپ ھەيكەلنىڭ ئۈستىدىكى چىۋىنلارنى قورۇيتتى."

بۇ سەيياھ ھۆكۈمدار ئائىلىسى ۋە ساراي كىشىلىرى ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ:

- بەزىلىرى "سۇغا"، بەزىلىرى "بۇدداھ" قا، بەزىلىرى قۇياشقا، بەزىلىرى بولسا "ۋەشنۇ" غا ئىبادەت قىلاتتى. بىر قىسمى بۇلاردىن پەقەت بىرسىگىلا ئىبادەت قىلسا، باشقا بىر قىسى بۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ ئالدىدا سەجدە قىلاتتى.

www.uyghurkitap.com



## شەھۋەت ئازغۇنلۇقى

ھىندى خەلقى ۋە دىنلىرى تا بۈگۈنكى زامانلىرىدىن تارتىپ شەھۋەتپەرەس-لىكى بىلەن مەشھۇر ئىدى. بەلكىم جىنسىي ھېسسىياتلىرىنى ئازدۇرۇپ شەھۋەت ئارزۇلىرىنى ئۇرغۇتىدىغان ۋاستىلار ھېچبىر مىللەتنىڭ دىنىدا ھىندىستاندىكىدەك سىڭمىگەن ئىدى. ھىندى كىتابلىرى ۋە دىنىي ئەپسانىلىرىنى نەقىل كەلتۈرۈپ، كۆپتۈرۈپ بايان قىلغان ئىلاھلارنىڭ كۆرۈنۈشى، چوڭ ۋەقەلەرنىڭ مەيدانغا كېلىشى، ھاياتلىق دۇنياسىنىڭ ۋۇجۇدقا كېلىشى سەۋەبلىرى ۋە بۇنىڭغا ئوخشاش ئەر ۋە ئايال ئىلاھلارنىڭ تۈشەكلىرى ۋە بەزىلىرىنىڭ ئىپپەتلىك ئائىلىلەرگە تاجاۋۇزلۇق قىلىشىغا ئوخشاش رىۋايەت ۋە ھېكايىلەر قۇلاقلارنى پاك قىلىپ، يۈزلەرنى قىزارتقۇدەك پەسكەش ۋە يىرگىنچلىك ئىدى. بۇلارنى دىنىي جاسارەت ۋە كۈچلۈك ئېتىقاد بىلەن رەت قىلغان مۇخلىس دىندارلاردىنمۇ بۇ ھېكايىلەرنىڭ تەسىرىنى ھېس قىلغىلى بولىدۇ.

ھەتتا ئىبادەتخانىلىرى ۋە سەزگۈلىرىدە ئوينىغان رولى ئاپئاشكارا كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ئۇلارغا چوڭ ئىلاھلىرى مەھادىۋنىڭ جىنسىي ئەزاسىغا ئىبادەت قىلىشى ۋە چاكىنا بىر شەكىلدە ئەرلەرنىڭ ۋە ئاياللارنىڭ، ئوغۇل ۋە قىزلارنىڭ بىر كەلىمە بىلەن ئېيتقاندا يەتتە ياشتىن يەتمىش ياشقا قەدەر پۈتۈن خەلقنىڭ بۇ يىرگىنچلىك رەسمىگە ئىبادەت قىلىشى، شۇنداقلا بەزى تارىخچىلار مىسال قىلىپ كەلتۈرگەندەك، بەزى دىنىي گۇرۇھلارغا تەۋە ئەرلەرنىڭ يالىڭاچ ئاياللارغا، ئاياللارنىڭ يالىڭاچ ئەرلەرگە ئىبادەت قىلىشى قوشۇلسا، ئەھۋالنىڭ نەقەدەر ئېغىر دەرىجىدە ئىكەنلىكى مانا مەن دەپ ئوتتۇرىغا چىقىدۇ.

ئىبادەتخانىلار راھىب ۋە زىيارەتچىلەرنىڭ ئىپپىتىگە كۆز تىككەن ئازغۇن ۋە يولدىن چىققانلار بىلەن تولغان ئىدى. ئۇرغۇنلىغان ئىبادەتخانىلار يولدىن چىققان ئازغۇنلارنىڭ ئاشنىلىرىنى يوشۇرىدىغان ۋە ئەخلاقسىز كىشىلەرنىڭ

شەھۋەتلىرىنى قاندۇرىدىغان پاھىشىخانىغا ئايلاندى. دىن ۋە ئىبادەت ئۆچۈن ئايرىلغان يەرنىڭ ئەھۋالى بۇ بولسا، خان جەمەتىنىڭ ئورۇنلاشقان سارايلىرى ۋە بايلارنىڭ ئۆيلىرىنى ئۆزىڭىز پەرەز قىلىڭ!... ئىبادەتخانىلاردىكى كىشىلەر ھەرقانداق يامانلىق ۋە زىنا قىلىشتا بىر ـ بىرى بىلەن بەسلىشەتتى. ئىبادەتخانىلاردا ئەر ـ ئاياللار پائالىيەتلىرى ئورۇنلاشتۇرۇلاتتى. كەيىپ (مەست) بولدىمۇ، ئار ـ نومۇس ۋە ھايا پەردىلىرىنى يىرتىپ، قەدىر ـ قىممىتىنى، شان ـ شەرىپىنى يەرگە ئۇراتتى. ھايا قىلىشنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلمەيتتى. مۇشۇنداق جىنسىي ھەۋەسلەرنىڭ ۋە يالىڭاچلىقنىڭ ئازغۇن قايناملىرى پۈتۈن دۆلەتنى قاپلاپ، خەلقنىڭ ئەخلاق قۇرۇلمىسىنى تېگى ـ تەكتىدىن يوق قىلاتتى.

## زالىملارچە تەبىقە تۈزۈمى

سىنىپلار ئارىسىدىكى نىزامغا كەلسەك:

ھېچقانداق بىر مىللەتنىڭ تارىخىدا ھىندى دىنى ۋە مەدەنىيىتى ئوتتۇرىغا چىقارغان تۈزۈمگە ئوخشاش ئىنسان ئابرۇيىنى دەپسەندە قىلىدىغان، تەبىقىلەر ئارىسىدا قورقۇنچلۇق ھاڭ پەيدا قىلغان، نائىنساپ ھۆكۈمران تەبىقىسى كۆرۈلمىگەن ئىدى. نېمە سەۋەبتىندۇر، ھىندىستان بۇ تۈزۈمگە ئۇزۇن مەزگىل بويۇن ئەگدى ۋە ھازىرغىچە ئېگىپ كەلمەكتە.

"ۋەدا" دەۋرىنىڭ ئاخىرلىرىدا، ھەر خىل كەسىپلەرنىڭ قولىدىن قولغا ئۆتۈشى نەتىجىسىدە ئوتتۇرىغا چىققان تەرتىپسىزلىكنى سەزگەن كىشىلەر ھۆكۈمران سىنىپلارنىڭ خۇسۇسىيەتلىرىنى ۋە ئابرۇيىنى قوغداش باھانىسى بىلەن ئوتتۇرىغا چىقتى. ھەزرىتى ئىيسانىڭ تۇغۇلۇشىدىن ئۈچ ئەسىر بۇرۇن، ھىندىستاندا براخمانىزم مەدەنىيىتى دۇنياغا كەلدى. ھىندى خەلقى ئۈچۈن بىر ئاساسىي قانۇن ھازىرلاندى. پۈتۈن دۆلەتنىڭ ئاۋاز بىرىشى بىلەن قوبۇل قىلىنغان سىياسىي ۋە مەدەنىي بىر قانۇن ئوتتۇرىغا چىقتى ھەمدە بۇ قانۇن

دۆلەتنىڭ كۈندىلىك ھاياتىدا دىنىي مۇراجىئەت ۋە رەسمىي قانۇن سۈپىتىدە ئورۇن ئالدى. بۇ قانۇن ھازىرمۇ "مۇنۇئاستىر" نامى بىلەن ئىپادىلىنىدۇ.

بۇ قانۇن دۆلەت پۇقرالىرىنى تۆت پەرقلىق سىنىپقا ئايرىيدۇ.

1 ـ براخمانلار: كاھىنلار ۋە دىنىي زاتلار

2 ـ كىشاترىيالار: ئەسكەرلەر

3 ـ ۋائىچيىلار: دېھقانچىلىق ۋە تىجارەت بىلەن شۇغۇللانغۇچىلار

4 ـ چۇدرالار: چاكار ۋە قۇللار

بۇ قانۇننى ئوتتۇرىغا قويغان "مونو" مۇنداق دەيدۇ:

مۇتلەق قۇدرەت ئىگىسى دۇنيانىڭ مەنپەئەتى ۋە تىنچلىقى ئۈچۈن براخمانلارنى ئېغىزدىن، كىشاترىيالارنى قوللىرىدىن، ۋائىچيالارنى پاچاقلىرىدىن، چۇدرالارنى پۇتلىرىدىن يارىتىپ، دۇنيانىڭ پايدىسى ئۈچۈن ھەر بىرىگە ئايرىم - ئايرىم ۋەزىپە ۋە مەسئۇلىيەت يۈكلىدى. براخمانلارنىڭ ۋەزىپىسى "ۋەدا" دەپ ئاتالغان مۇبارەك تېكىستلەرنى ئۆگىنىش ياكى بىرىلگەن قۇربانلىقلارنى ئىلاھلارغا تەقدىم قىلىپ ساداقەت بىلدۈرۈش؛ كىشاترىيالارنىڭ ۋەزىپىلىرى بولسا، ئىنسانلارغا پۇت - قول بولۇپ سەدىقە بېرىش، قۇربانلىق تەقدىم قىلىش، "ۋەدا" لارنى ئۆگىنىش ۋە شەھۋانىي ھەۋەسلىرىنى تىزگىنلەش؛ ۋائىچيالارنىڭ ۋەزىپىلىرى پادىلارنى ئوتلىتىش، "ۋەدا" لارنى ئوقۇش، تىجارەت ۋە دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىش؛ چۇدرالارنىڭ ۋەزىپىسى پەقەت بۇ ئۈچ تەبىقىگە خىزمەت قىلىش.

## براخمانلارنىڭ ئۈستۈنلۈكى

بۇ قانۇن براخمانلارنى "ئىلاھ" دەرىجىسىگە كۆتۈرۈپ، ھەق ۋە ئىمتىيازلىرىنى كاپالەتكە ئىگە قىلدى. "مونو" مۇنداق دەيدۇ: "براخمانلار ئاللاھنىڭ تاللانغان

قۇللىرى ۋە يولباشلىغۇچىلىرى بولۇپ، ئۇلار قۇللىرى چۇدرالارنىڭ ماللىرىدىن خالىغانلىرىنى كۈچ ئىشلەتمەي ئالالايدۇ. چۈنكى قۇللارنىڭ ھېچقانداق نەرسىسى يوق بولۇپ، قولىدىكى بارلىق مال - مۈلۈك خوجايىنىنىڭدۇر. مۇقەددەس كىتاب "رىگ ۋەدا" نى قوغدىغۇچى بىر براخمان ھەرىكەت ۋە گۇناھلىرى بىلەن باشقا ئۈچ تەبىقىنى ئاياغ ئاستى قىلسىمۇ، يەنە مەغپىرەت قىلىنغان بولىدۇ. جىددىي ئېھتىياج ۋە زۆرۈرىيەت ۋاقىتلىرىدىمۇ ھۆكۈمدارنىڭ براخمانلاردىن باج ياكى پۇل - مال ئېلىشى ئۇيغۇن ئەمەس. براخماننىڭ ئۆز يۇرتىدا ئاچلىقتىن ئۆلۈشى ھېچقاچان توغرا ئەمەس. ئەگەر بىر براخمان ئۆلۈم جازاسىغا خاس بىر جىنايەت سادىر قىلسا، ھاكىم پەقەت ئۇنىڭ جىنايەتلىرىنى توختىتالايدۇ. لېكىن ئوخشاش جىنايەتنى باشقا تەبىقىلەر سادىر قىلسا، ئۆلۈم بىلەن نەتىجىلىنىدۇ.

كىشاترىيالار بولسا، ۋائىچيا ۋە چۇدرالاردىن ئۈستۈن، ئەمما براخمانلارنىڭ ئەڭ تۆۋەن دەرىجىلىرىدىن تەركىب تاپاتتى. "مونو" مۇنداق دەيدۇ: "10 ياشتىكى براخمان 100 ياشتىكى كىشاترىيادىن خۇددى دادا بالىسىدىن ئۈستۈن بولغىنىدەك ئۈستۈندۇر".

## خار كۆرۈلگەن بىچارىلەر

پەس كۆرۈلگەن چۇدرالارغا كەلسەك...

ھىندى جەمئىيىتىدە بۇلار مەدەنىي ۋە دىنىي قانۇنلارنىڭ ھۆكۈملىرىدە ھايۋانلاردىنمۇ بەتتەر پەس، ئىتتىنمۇ بەك ناچار ئەھۋالدا ياشايتتى. چۈنكى قانۇنلاردا ناھايىتى ئوچۇق بەلگىلەنگەن ئىدى.

چۇدرالارنىڭ براخمانلارغا خىزمەت قىلىشى چوڭ سائادەت بولۇپ، قىلغان خىزمەتلىرى ئۈچۈن ھەق ياكى مۇكاپات تەلەپ قىلىشقا ھېچقانداق ھوقۇقى يوق ئىدى.

شۇنىڭدەك يەنە مال - مۈلۈك ۋە پۇل يىغىش جەھەتتە ھېچقانداق

ئىگىدارچىلىق ھوقۇقى يوق ئىدى. چۈنكى، بۇ براخمانلارغا زەرەر يەتكۈزەتتى. ئەگەر خىزمىتىدىن ھەيدەلگەن چۇدرالاردىن بىرى براخمانغا قولىنى ئۇزاتسا، قولى كېسىلەتتى. ئاچچىقىدا ئىتتىرگەن بولسا، پۇتى كېسىلەتتى.

ئەگەر خارلانغان چۇدرالاردىن بىرى بىر براخماننىڭ يېنىدا ئولتۇرماقچى بولسا، ھۆكۈمدار دەرھال چۇدرانىڭ پاچىقىنى داغلاپ، يۇرتىدىن سۈرگۈن قىلاتتى. ئەگەر قولى بىلەن تۇتسا ياكى باشقا ھەرىكەت قىلسا، تىلىنى كېسەتتى. ئەگەر ئاچچىقلىنىپ ئۆچمەنلىك قىلسا، قايىنىتىلغان زەيتۇن يېغى ئىچۈرۈلەتتى.

ئىت، مۈشۈك، پاقا، تىمساھ ۋە قارغا ئۆلتۈرگەنلىكى ئۈچۈن بېرىلگەن كاففارەت بىلەن بۇ خارلانغان تەبىقىدىن بىرى ئۈچۈن بېرىلگەن كاففارەت پەرقلەنمەيتتى.

## ھىندى جەمئىيىتىدىكى ئاياللارنىڭ ئورنى

ھىندى جەمئىيىتىدە ئاياللار قۇلنىڭ ئورنىدا بولۇپ، ئەرلەر بەزىدە ئايالىنى تاۋىكادا ئۇتتۇراتتى، بەزىدە بىر ئايالنىڭ بىر قانچە ئېرى بولاتتى. ئېرى ئۆلۈپ كەتسە، ئۇنىڭ بىلەن تىرىك كۆمۈۋېتىشكە بولاتتى، قايتا تويى قىلالمايتتى. ئېغىرغا ئالغۇسىز ھاقارەت سۆزلىرى ۋە مۇئامىلىلەرگە دۇچار بولاتتى. ئۆلگەن ئېرىنىڭ ئۆيىدە قۇل سۈپىتىدە قېلىپ، خىزمەت قىلاتتى. بەزىدە ئېرىنىڭ ئۆلۈمىدىن ھېس قىلغان قايغۇ سەۋەبى بىلەن تۇرمۇش ۋە دۇنيا مۇشەققەتلىرىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن ئۆزىنى ئوتقا تاشلايتتى. مۇشۇنداق مال - مۈلۈك ۋە پىكىر جەھەتتىن باي بولغان بۇ دۆلەت، بەزى تارىخچىلارنىڭ ھېكمەت بۇلىقى، سىياسەت ۋە ئادالەت مەنبەسى، ئىدىيالىستلار ۋە مۇتەپەككۇرلارنىڭ ماكانى سۈپىتىدە خاراكتېرلەندۈرۈلگەن بۇ مىللەت، ھەق دىنىدىن ۋە ئۇنىڭ ئاساسلىرىدىن يىراقلىشىشى، دىنىي زاتلارنىڭ يولدىن چىقىشى، ئىنسانلارنىڭ قىياس ۋە پەرەزدە ئالدىغا كېتىشى ھەمدە نەپسلىرىنىڭ تۇزاقلىرىغا چۈشۈپ، شەھۋانىي

ئارزۇلارغا قۇل بولۇشى سەۋەبى بىلەن... شۇنداق، بۇ مىللەت بۇ سەۋەبتىن ھېچبىر جەمئىيەتتە ئۇخشىشى كۆرۈلمىگەن، تارىختا تەڭدىشى ئۇچرىمايدىغان جاھالەتكە، كۇلكىلىك بۇتپەرەسلىك، يىرگىنچلىك شەھۋەت ۋە ئىجتىمائىي زۇلۇمغا زېمىن بولدى.

## ئەرەبلەر: ئاللاھدىلىكلىرى ۋە قابىلىيەتلىرى

جاھىلىيەت دەۋرىدىكى ئەرەبلەر دۇنيا مىللەتلىرى ئارىسىدا پاساھەتتە، ئىپادىلەش كۈچىدە، ھۆررىيەتتە، ئىززەت ـ نەپس، چەۋەندازلىق، شىجائەت ۋە جەسۇرلۇقتا، توغرا دەپ قارىغان يولدا دادىل مېڭىشتا، ئاشكارا پاراڭلاردا، ئەستە تۇتۇش قابىلىيىتىدە، زېرەكلىكتە، ئۇغۇل ـ قىز مۇھەببىتىدە، خاتىرجەملىكتە، ئىدارە قىلىشتا ۋە بۇنىڭغا ئوخشاش نۇرغۇن مەسىلىلەردە، تولۇلۇك ئارتۇقچىلىق ۋە قابىلىيەتلەردە ئۆزىنى تونۇتۇپ، يۇقىرى پەللىگە يەتكەن ئىدى. لېكىن كېيىنكى مەزگىللەردە ئەرەبلەرنىڭ ئەلچى ۋە پەيغەمبەردىن ئايرىلىپ قېلىشى، پەقەت ئۆز زېمىنى بولغان ئەرەب يېرىم ئارىلىنىڭ چېگرىسى ئىچىدە تىقىلىپ قېلىشى، ئەجدادلىرىنىڭ دىنلىرىغا ۋە ئۆز ئەنئەنىلىرىگە ھەددىدىن تاشقىرى باغلىنىپ قېلىشى نەتىجىسىدە، دەۋرداش مىللەتلەر ئىچىدە ئاز كۆرۈلىدىغان كۈچلۈك بۇتپەرەسلىككە ۋە قورقۇنچلۇق دىنىي چۈشكۈنلۈككە مۇپتىلا بولدى. نەتىجىدە، ئەخلاقىي ۋە ئىجتىمائىي كېسەللىكلەر ئەرەبلەرنى ئىجتىمائىي تۇرمۇشى بۇزۇلغان، چۈشكۈنلەشكەن، مەۋجۇدلۇق ئاساسى يېمىرىلگەن، جاھىلىيەت ھاياتىنىڭ پاتقىقىغا پاتقان، دىنلىرىنىڭ گۈزەل خىسلەتلىرىدىن يىراقلاشقان قورقۇنچلۇق جەمئىيەتكە ئايلاندۇرۇپ قويغانىدى.

## جاھىلىيەت بۇتپەرەسلىكى

ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرۈش بارلىق ئەرەبلەرنىڭ ئورتاق دىنى ۋە ئومۇملاشقان ئېتىقادى ئىدى. ئاللاھنىڭ كائىناتنى يوقتىن بارلىققا كەلتۈرۈپ، ئاسمان -

زېمىننى ئىدارە قىلىدىغانلىقىغا ۋە ھەر شەيئىنىڭ ئاللاھنىڭ تەسەررۇپى ئاستىدا ئىكەنلىكىگە ئىشىنەتتى. ئەگەر ئۇلاردىن: "يەر ۋە ئاسمانىنى كىم ياراتتى؟" دەپ سورالسا، دەرھال "ئەزىز ۋە ئالىم بولغان ئاللاھ" دەپ جاۋاب بېرەتتى. ئەمما پەيغەمبەرلەرنىڭ ساپ، پاك ۋە ئۇلۇغ ئەلچىلىكلىرىنى جاھالىيەت ئېتىقادى بىلەن تولغان كاللىسى قوبۇل قىلمايتتى.

يەنە بىر تەرەپتىن، دىنىي چۈشەنچىلەردىن، پەيغەمبەرلىك ۋە ئەلچىلىكتىن يىراقلاشقان زېھنلىرى يېتەرسىز دۇنيا ئەنئەنىلىرىگە، چىرىك ئىگىدارچىلىق تۈزۈملىرىگە ۋە ھادىسىلىرىنىڭ بۇ ھاياتتىكى تەرەققىياتىغا قىياسەن، ھەر قانداق بىر شەخسنىڭ دۇئاسىنى ئاسماننىڭ ئەڭ ئۈستۈنكى قەۋەتكە ئۆرلەپ، ئۇ جايدا ھېچقانداق ۋاستە ۋە ۋەسىلە بولغۇچىسىز، توغرىدىن توغرا (بىۋاستە) ئاللاھ ھۇزۇرىدا قوبۇل قىلىنىشىغا ئىشەنمەيتتى. شۇڭا ئۇلار دۇئا ۋە ئىبادەتلىرىنى ئاللاھقا يەتكۈزگۈچى ۋاستە ئىزدىدى. ئۇلارنى دۇئالىرىغا ۋاستە قىلىپ ئاللاھقا يۈزلەندۈردى. بەزى ۋاقىتلاردا ۋاستە قىلغان نەرسىلەرنى ئالدىغا قويۇپ ئىبادەت قىلدى. شۇنداق قىلىپ، شاپائەت چۈشەنچىسى زېھنلىرىدە چوڭقۇر يەر ئالدى. نەتىجىدە، بۇ چۈشەنچە شاپائەت قىلغۇچىلارنىڭ پايدا ۋە زىيان يەتكۈزەلەيدىغان كۈچكە ئىگە ئىكەنلىكىگە ئۆزگەردى. كېيىن ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرۈشتە ھەددىدىن ئېشىپ، ئاللاھ تائالادىن باشقا نۇرغۇنلىغان ئىلاھلارنى پەيدا قىلدى. ھەتتا ئۇلارنىڭ كائىناتنىڭ ئىدارە قىلىنىشىدا شېرىك ئىكەنلىكىگە، پايدا ۋە زىيان ياخشىلىق ۋە يامانلىق، بېرىش ۋە ئېلىش جەھەتلەردە ئۆز ئالدىغا كۈچكە ئىگە ئىلاھىدە مەئبۇد ئىكەنلىكىگە ئىشەندى. دەسلەپتە ئاللاھنىڭ ئۇلۇغلۇقىنى ۋە تەڭداشسىز قۇدرىتىنى قوبۇل قىلىپ، ئەۋلىيا ۋە شاپائەتچىلەر بىلەن قانائەتلىنەتتى. لېكىن كېيىنكىلەر ياسىۋالغان بۇتلىرى بىلەن ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرۈشكە ۋە ئۇلارنىڭ ياخشىلىق، يامانلىق، پايدا - زىيان، ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈش ۋە يوق قىلىشقا ئوخشاش تەرەپلەردە مۇستەقىل ئىكەنلىكىگە ئىشىنىشكە باشلىدى. بۇ جەرياندا ئاللاھنىڭ ئىلاھلارنىڭ ئىلاھى

ۋە ئەڭ چوڭى ئىكەنلىكى ھەققىدىكى ئېتىقادىنىڭ ئېنىقلىقى ئىپادىلەنمىدى.

## ئەرەبلەرنىڭ جاھىلىيەت دەۋرىدىكى بۇتلىرى

جاھىلىيەت دەۋرىدە بۇتلار بارغانسېرى ئومۇملىشىپ، خەلق چۈشەنچىسىدە چوڭقۇر يەر ئېلىۋاتاتتى. ھەتتا بۇتپەرەسلىك ئارزۇسىنى كۆز بىلەن كۆرگىلى، قول بىلەن تۇتقىلى بولىدىغان ھالغا يەتكەن ئىدى. كېيىن يېتەرسىز، ئاجىز بىلىملەر بىلەن بىرلەشكەن بۇ ئارزۇ كەڭ - كۆلەملىك تارقالغان ئېتىقادقا ئايلاندى. ۋاستىلەر بىلەن ئىلاھلارنى ئايرىيالايدىغانلار جەمئىيەتنىڭ يۇقىرى قاتلىمىدىكى بىر قانچە كىشى ئىدى. نەتىجىدە، ئەرەب جەمئىيىتى بۇتپەرەسلىك پاتقىقىغا پېتىپ قالدى. ھەربىر شەھەرنىڭ، يېزا - مەھەللىنىڭ، ھەتتا شەخسلەرنىڭ ئالاھىدە بۇتلىرى بولاتتى، ھەممە ئۆيدە بۇت بار ئىدى.

كەلبى مۇنداق دەيدۇ:

"مەككىدە ھەر ئۆينىڭ چوقۇنىدىغان بۇتلىرى بار ئىدى. بىرەرسى سەپەرگە چىقماقچى بولسا، قىلىدىغان ئەڭ ئاخىرقى تەييارلىقى يۈز - كۆزىنى بۇتلارغا سۈرۈش ئىدى. سەپەردىن قايتىپ كەلگىنىدە قىلىدىغان تۇنجى ئىشى يەنە بۇتلارغا يۈز - كۆزىنى سۈرۈش ئىدى".

ئەرەب بۇتپەرەسلىكى شۇ قەدەر تەرەققىي قىلغان ئىدىكى، بەزىسى بىر ئۆينى ۋە بەزىلىرى بولسا بىر بۇتنى ئۆزىگە ئىلاھ قىلىپ تاللايتتى ۋە ئۇنىڭغا ئىبادەت قىلاتتى. بۇنىڭغا كۈچى يەتمىگەنلەر ياكى ئۆي سېلىشقا قادىر بولالمىغانلار كەبىنىڭ ئالدىغا ياكى باشقا بىر يەرگە ئۆزى ياقتۇرغان بىر تاشنى تىكلەيتتى ۋە كەبىنى تاۋاپ قىلغاندەك تاش ئەتراپىنى ئايلىناتتى. بۇ خىل بۇتلارنى "ئانساب" دەپ ئاتىشاتتى.

پەقەت ئاللاھقا ئىبادەت قىلىش ئۈچۈن ياسالغان كەبىنىڭ ئىچ ۋە سىرتىدىلا 360 بۇت تىكلەنگەن ئىدى. شۇنداق قىلىپ، ئەرەبلەردە بۇتلار ۋە

www.uyghurkitap.com

ھەيكەللەرگە ئىبادەت قىلىشتىن تارتىپ تاش پارچىلىرىغا قەدەر چوقۇنىدىغان ھالەت شەكىللەندى.

بۇخارى ئەبۇرەجائىل ئۇتارىدىن مۇنداق نەقىل كەلتۈرىدۇ: بىز تاشلارغا چوقۇناتتۇق. ئۆزىمىز چوقۇنۇۋاتقان تاشتىن تېخىمۇ چىرايلىق تاش تاپساق، كونىسىنى تاشلاپ، يېڭىسىغا چوقۇناتتۇق. تاش تاپالمىغاندا، بىر چاڭگال توپا ئالاتتۇق ۋە ئەتراپىدا تاۋاپ قىلاتتۇق.

كەلبى مۇنداق دەيدۇ:

"بىر ئادەم سەپەرگە چىقىپ ھەرقانداق بىر يەردە قونسا، تۆت تال تاش ئېلىپ، ئەڭ چىرايلىقىنى ئىلاھ قىلاتتى. قالغان ئۈچىنى قازاننىڭ ئاستىغا قوياتتى. كېتىدىغان ۋاقتىدا شۇ پېتى تاشلاپ قويۇپ يولىغا راۋان بولاتتى".

## ئەرەبلەرنىڭ ئىلاھلىرى

بۇرۇنقى زامانلاردا ياشاپ ئۆتكەن ۋە ھازىرمۇ ياشاۋاتقان بارلىق مۇشرىك مىللەتلەرگە ئوخشاش، ئەرەبلەرنىڭمۇ يۇلتۇز، جىن ۋە پەرىشتىلەردىن تەركىب تاپقان بىرمۇنچىلىغان ئىلاھلىرى بار ئىدى. پەرىشتىلەرنى ئاللاھنىڭ قىزلىرى دەپ قاراپ، ئۇلارنىڭ ئاللاھنىڭ ھوزۇرىدا ئۆزلىرى شاپائەت قىلىدىغانلىقىغا ئىشىنەتتى. ۋە ئۆز ئېڭىدا پەرىشتىلەرنىڭ ۋاستىسى ئارقىلىق ئاللاھقا يۈزلىنەتتى. جىنلارنى بەكمۇ قۇدرەتلىك دەپ بىلگەچكە ئۇلارنى ئاللاھقا شېرىك قىلىشۋالاتتى ۋە كېچە-كۈندۈز جىنلارنىڭ ھوزۇرىدا سەجدە قىلاتتى.

كەلبى مۇنداق دەيدۇ:

"خۇزائە قەبىلىسىگە مەنسۇپ بولغان بەنۇ مەلىھلەر جىنلارغا چوقۇناتتى."

ساد دەيدۇكى:

"ھۇمەير قەبىلىسى قوياشقا، كىنانە ئايغا، تەمىم دەبرانغا، لەخىم ۋە جۇزام

يۇپىتېرغا، تاي قەبىلىسى سۇھەيل يۇلتۇزىغا، قەيس قەبىلىسى سىرئۇس يۇلتۇزىغا، ئەسەد قەبىلىسى بولسا، مىركۇرى يۇلتۇزىغا چوقۇناتتى."

## ئەرەب دۆلەتلىرىدە يەھۇدىلىق ۋە خىرىستىيانلىق

يەھۇدىلىق ۋە خىرىستىيانلىق ئەرەبلەرنىڭ ئارىسىغا خېلىلا كەڭ تارقالغانىدى. ئەمما ئەرەبلەر دىنلارنىڭ ئاساسى مەنبەلىرىدىن ئۆزلىرىگە كۆپ نەرسە سىڭدۈرمىدى. ئەرەب مەملىكەتلىرىدىكى يەھۇدىلىق ۋە خىرىستىيانلىق خۇددى ئالدىدا ئېيتىپ ئۆتكىنىمىزدەك، شامدىكى يەھۇدىلىق بىلەن رىم ئىمپىراتورلۇقىدىكى خىرىستىيانلىقنىڭ ئۆز ئەينى كۆچۈرۈلمىسى بولۇپ، ھەر خىل بۇزغۇنچىلىققا ئۇچراش ۋە ئۆزگەرتىلىش نەتىجىسىدە ئەسلى ماھىيىتىنى يوقىتىپ قويغانىدى.

## پەيغەمبەرلىك ۋە ئۆلۈمدىن كېيىنكى ھاياتقا ئىمان

ئەرەبلەر ئۆز خىياللىرىدا پەيغەمبەرلەرنى مۇقەددەس جانلىق دەپ بىلەتتى. ئۇلارنىڭ تەسەۋۋۇرىدا پەيغەمبەرلەر يىمەيتتى، ئىچمەيتتى، ئۆيلەنمەيتتى، بازار-رەستىلەرگە چىقمايتتى. ئۇلارنىڭ ئەقلىسىز كاللىسى ئۆلۈمدىن كېيىن قايتا تىرىلىشنى، بۇ ھاياتتىن كېيىن باشقا بىر ھاياتنىڭ بارلىقىنى ۋە ئۇ يەردە ھەر بىر ئىنساننىڭ ھېسابقا تارتىلىپ، مۇكاپات ۋە جازاغا تارتىلىدىغانلىقىنى ھەرقانچە قىلىپمۇ قوبۇل قىلمايۋاتاتتى. ئۇلار دائىم مۇنداق دەيتتى: "دۇنيا ھاياتىدىن باشقا ھايات يوق. تۇغۇلۇپ ئۆلىمىز. بىزنى پەقەت ۋاقىت يوق قىلىدۇ. قۇرۇق سۆڭەككە ئايلانغاندىن كېيىن يەنە قايتا يارىتىلىپ تىرىلدۈرۈلەمدۇق؟"

سائىد دەيدۇكى: "بارلىق ئەرەبلەر قىيامەت كۈنىنى ئىنكار قىلاتتى. ھېساب ۋە جازا كۈنىنىڭ كېلىدىغانلىقىنى قوبۇل قىلمايتتى. ئاخىرەت ھاياتىنى پۈتۈنلەي رەد قىلاتتى. دۇنيانىڭ باشقا بىرى تەرىپىدىن يارىتىلىپ، باشقۇرۇلىۋاتقان

www.uyghurkitap.com

بولسىمۇ، بىر كۈنى پۈتۈنلەي خاراپ بولىدىغانلىقىغا ئىشىنەتتى. شۇنداق بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ھېساب كۈنىنىڭ كېلىدىغانلىقىغا ئىشىنىدىغانلارمۇ بار ئىدى. ئەگەر قەبرىسى بېشىدا تۆگە سويۇلسا، مەھشەرگاھقا ئۇ تۆگىنى مىنىپ بارىدىغانلىقىغا؛ ئەگەر تۆگە سويۇلمىسا، پىيادە بارىدىغانلىقىغا ئىشىنەتتى."

## ئىجتىمائىي ۋە ئەخلاقىي كېسەللىكلەر

ئەخلاق قۇرۇلمىلىرىغا كەلسەك...

ئەرەبلەرنىڭ ئارىسىدا پۈتمەس-تۈگىمەس ئىجتىمائىي كېسەللىكلەر بەكمۇ كەڭ تارقالغانىدى. شاراب ئىچىش ئادەتلىرى كۈندىن كۈنگە ئومۇملىشىپ جەمئىيەتنىڭ قان-قېنىغا سىڭىپ كەتكەنىدى. شائىرلار ئىچىملىك ئالەمنى ۋە ئىچىملىك سورۇنلىرىنى مەدھىيىلەيتتى. ئىچىملىك زىياپەتلىرى ھەققىدىكى شېئىرلار ئەدەبىيات ۋە تارىخنىڭ كۆپ قىسمىنى ئىگەللەيتتى. ئىچىملىكلەرنىڭ ئىسىم ۋە لەقەملىرى بەكمۇ كۆپ بولۇپ، ئىچىملىك ھەققىدىكى تەتقىقات ۋە ئىزدىنىشلەر ئىنساننى ھەيران قالدۇرغۇدەك دەرىجىدە ئىدى. ئىچىملىك بوتكىلىرى ھەر ۋاقىت ئوچۇق تۇراتتى ۋە ئىشىكى ئۈستىدە "غايە" دەپ ئاتالغان بىر بايراق لەپىلدەپ تۇراتتى.

لەبىد مۇنداق دەيدۇ:

"ئىشىكلەر تاقىلىپ، چۈشكىچە بايراق،

قەدىناس ھەمراھىم، ئۇلپىتىم ھاراق."

ئىچىملىك تىجارىتى ئۇ قەدەر كەڭ يېيىلغان ئىدىكى، "تىجارەت" كەلىمىسىمۇ ئىچىملىك سودىسىغا خاس كەلىمىگە ئايلىنىپ قالغانىدى.

لەبىد بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: "سودىگەرنىڭ غايىسى (يەنى مەيپۇرۇشنىڭ بايرىقى)"

ئامىر ئىبنى قامئە مۇنداق دەيدۇ:

"ئۆيقۇدىن ئويغىنىپ كىيىمىمنى كىيگەن ۋاقتىمدا تىجارىتىمنى (شارابىمنى) يۇدۇملاتتىم ۋە بېشىمنى ئۇۋۇلايتتىم."

قىمار جاھىلىيەت دەۋرى كىشىلىرىنىڭ ئۆزلىرىدىن ئىپتىخارلىنىدىغان ۋەسىيلىدىن بىرى ئىدى.

جاھىلى مۇنداق دەيدۇ: "ئى رىتانىڭ ئوغلى! سەن بىزنى تۆگىنىڭ سۈتىنى ئىچىپ، گۆشىنى يېگەنلىكىمىز ئۈچۈن ئەيىبلەۋاتىسەن. بۇنىڭ ئەيىب ئىكەنلىكىنى ئىنىق. ئەمما بىز ئۇلارنى يېقىرلارغا تارقىتىپ بېرىمىز ۋە ياقتۇرمىغانلىقىمىز ئۈچۈن سېتىپ، ئۇنىڭ پۇلىغا مەي ئىچىپ، قىمار ئوينايمىز."

قىمار سورۇنلىرىغا بارماسلىق ئەيىپ دەپ قارىلاتتى. شائىر مۇنداق دەيدۇ: "ئەگەر مەن ئۆلسەم، قولىدىن ئىش كەلمەيدىغان، گېپىنى ئوخشاپ قىلالمايدىغان، ئىككى يۈزلىمچى، قىمار ئويناشنى بىلمەيدىغان بىرىگە يېقىنلاشما!"

قەتادە مۇنداق دەيدۇ:

"جاھىلىيەت دەۋرىدە بىر ئادەم مال-مۈلكىنى، ھەتتا ئائىلىسىنى قىمار تاۋىكاسىغا تىكەتتى. ئاندىن بەكمۇ پەرىشان ھالەتتە باشقىلارنىڭ قولىغا قاراپ ئولتۇراتتى. بۇ ئارقىلىق قىمار ئۇلارنىڭ ئارىسىغا نەپرەت ۋە دۈشمەنلىك پەيدا قىلىدىغان خەتەرلىك نەرسىگە ئايلىنىپ قالغان ئىدى."

ھىجازدىكى ئەرەب ۋە يەھۇدىلار ئۆسۈم ئېلىپ-بېرىشەتتى. بۇ ئىش ئۇلارنىڭ ئارىسىدا بەكمۇ كەڭ يېيىلىپ، پۈتۈن جەمئىيەتنى قاپلىغان ئىدى. تەبەرى بۇ مەنزىرىنى مۇنداق تەسۋىرلىگەن ئىدى:

"جاھىلىيەت دەۋرىدىكى ئۆسۈم پۇل بولسا ھەسسىلەش، ھايۋان بولسا ياش ھىساپلاش يولى بىلەن ئېلىپ بېرىلەتتى. بۇنىڭغا ئاساسەن قەرز ئالغۇچى

قەرز مۇددىتى توشقاندا قەرز بەرگۈچىنىڭ ئالدىغا بېرىپ ئۇنىڭدىن: قەرزىمنى قايتۇرامسەن ياكى ھەسسىلەمسەن؟- دەپ سورايتتى. ئەگەر قەرز تۆلەش ئىمكانىيىتى بولسا، دەرھال تۆلەپ قەرزدىن قۇتۇلاتتى. ئۇنداق بولمىسا، قەرز تۆلىشى ئۈچۈن تېخىمۇ ئاسان بولۇشى ئۈچۈن بەلگىلىك بىر مۇددەت تەلەپ قىلاتتى. مەسىلەن: ئالغان قەرزى بىر ياشلىق چىشى تۆگە بولسا، قەرز مۇددىتى توشقان ۋاقىتتا ئىككى ياشلىق تۆگە قايتۇرۇشى؛ ئەگەر مۇددەت ئۈچ يىل بولۇپ قالسا، ئۈچ ياشلىق تۆگە، تۆت يىل بولسا، تۆت ياشلىق تۆگە قايتۇرۇشى كېرەك ئىدى. بۇ سىستېما نەق پۇل ئۈچۈنمۇ ئىناۋەتلىك بولۇپ، ئەگەر 100 سوم قەرز ئېلىپ، مۇددىتى توشقاندا كېچىكتۈرۈشنى تەلەپ قىلسا، كېلەركى يىلى ئىككى يۈز سوم تۆلىشى، ئەگەر يەنە كېچىكتۈرسە، تۆت يۈز سوم ۋە يەنە كېچىكتۈرسە سەككىز سوم قەرز تۆلىشى كېرەك ئىدى. بۇ ھەسسىلەش يۇقىرىدا ئىپادىلەنگەن شەكىلدە ئاشقانسېرى، كۆپەيگەن قەرز قەرزدار تەرىپىدىن تەل-تۆكۈس تۆلەنگەن مۇددەتكىچە داۋاملىق كۆپىيىپ تۇرىدۇ."

جاھىلىيەت دەۋرىدىكى ئۆسۈم پۈتۈن جەمئىيەتنىڭ قات-قېتىغا سىڭىپ كەتكەچكە نورمال دەپ قارىلاتتى، ھەتتا نورمال تىجارەت بىلەن ئۆسۈم ئارىسىدا ھېچقانداق پەرق قالمىغان ئىدى. شۇڭا: "سودا-سېتىقمۇ ئۆسۈمگە ئوخشاش" دەيتتى. تەبەرى مۇنداق دەيدۇ: "جاھىلىيەت دەۋرىدە ئۆسۈم بىلەن قەرز ئالغانلار قەرز مۇددىتى توشقاندا قەرز ئىگىسىنىڭ ئالدىغا بېرىپ: ماڭا يەنە مۆھلەت بەرگىن، قەرزىمنى ئاشۇرۇپ تۆلەي!- دەيتتى. بۇ ئەھۋالدا ئۇلارغا بۇ خىل ئۆسۈمنىڭ ھالال ئەمەسلىكى ئېيتىلغاندا، ئۇلار: سودا-سېتىقتا ۋە تىجارەتتە يەنە ئوخشاشلا ئارتۇق پۇل تۆلەيمىز، بۇ ئىككىسىنىڭ ھېچقانداق پەرقى يوق،- دەيتتى.

زىنامۇ كەڭ يېيىلغان، ئۇنىڭ ئۈستىگە ھېچكىم نەپرەتلەنمەيدىغان ئىشلاردىن بولۇپ، ئەر بىلەن ئايالنىڭ ئوتتۇرىسىدا نىكاھ بولماي تۇرۇپ خالىغىنىچە ياشىشى ئادەت خارەكتېرلىك ئەھۋالغا ئايلىنىپ قالغانىدى. ھەتتا بەزى دىندار ئاياللار

پاھىشىلىك قىلىشقا زورلىناتتى. ئىبنى ئابباس مۇنداق دەيدۇ: "جاھىلىيەت دەۋرىدە ئايال قۇللار زىناغا مەجبۇرلىناتتى ۋە پۇلغا سېتىلاتتى."

ھەزرىتى ئائىشە مۇنداق دەيدۇ:

"جاھىلىيەت دەۋرىدە تۆت تۈرلۈك نىكاھ بار ئىدى:

بىرىنچىسى: ھازىرقى كىشىلەرنىڭ ئارىسىدىكى مەۋجۇت نىكاھ بولۇپ، بىر كىشى بىرىنىڭ قىزى ياكى ئۆگەي قىزى بىلەن نىكاھلىنىپ، ئۇنىڭ مەھرى ھەققىنى بېرەتتى ۋە ئۆيلىنەتتى.

ئىككىنچىسى: ئايالى ھەيزدىن پاكلانغاندىن كېيىن، ئېرى ئۇنىڭغا: پالانچىنىڭ قېشىغا بار ۋە ئۇنىڭدىن ھامىلە بول! -دەيتتى ۋە ئۇنىڭدىن كېيىن ئېرى ئايالىغا قەتئىي يېقىنلاشمايتتى. ئايال ئۆزى بۇيرۇلغان ئەردىن ھامىلە بولغانغا قەدەر ئۆز ئېرىدىن يىراق تۇراتتى. ھامىلە بولغانلىقى ئېنىق بولغاندا، ئېرى خالىسا ئايالى بىلەن جىنسى مۇناسىۋەتتە بولاتتى. يېڭى تۇغۇلىدىغان بوۋاقنىڭ ئېسىلزادە بولۇشى ئۈچۈن شۇنداق قىلىشاتتى. بۇ نىكاھنىڭ ئىسمى ئىستىبدا نىكاھى ئىدى.

ئۈچىنچىسى: ئوندىن ئارتۇق ئادەم بىرلىكتە بىر ئايالنىڭ يېنىغا كىرەتتى ۋە ھەممىسى ئۇ ئايال بىلەن جىنسى مۇناسىۋەت ئۆتكۈزەتتى. ئەگەر ئايال ئۇلاردىن ھامىلە بولۇپ بالا تۇغسا، بىر نەچچە كۈندىن كېيىن ئۇ ئادەملەرنىڭ ھەممىسىگە خەۋەر يوللايتتى. ئەرلەرنىڭ ھەممىسى كېلەتتى. ھەممىسى بىر يەرگە كەلگەندىن كېيىن ئايال ئۇلارغا: بولغان ئىشلاردىن ھەممىڭلارنىڭ خەۋىرىڭلار بار. مەن بىر بالا تۇغدۇم. ئى پالانى! بۇ سېنىڭ سېنىڭ بالاڭ،- دەيتتى ۋە ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى ئۆزى ياقتۇرغان كىشىگە بالىنى بېرەتتى. ئۇ ئادەم بالىنى چوقۇم ئالاتتى.

تۆتىنچىسى: بىر قانچە كىشى بىرلىكتە بىر ئايالنىڭ يېنىغا كىرىدۇ. ئايال ئۇلارنىڭ ھېچقايسىنى رەد قىلمايدۇ. چۈنكى بۇنداق ئاياللار ئاممىۋى بولۇپ،

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

ئىشىكلىرىنىڭ ئالدىغا بايراق قاداپ قويىاتتى ۋە بۇ ئارقىلىق ئۇلارنىڭ كىملىكى بىلىنەتتى. خالىغان كىشى بۇ ئاياللارنىڭ قېشىغا كىرەتتى. ئايال ھامىلە بولۇپ، بالا تۇغقاندا، بارلىق ئەرلەر يىغىلاتتى. ئىلىم ئەھلىلىرى بىر كىشىنى بالىنى بالىنى دادىسىغا تاپشۇرۇشى ئۈچۈن چاقىراتتى. ئاندىن بالا دادىسى دەپ جەزىم قىلىنغان كىشىگە تاپشۇرۇلاتتى ۋە بالا ئۇ كىشىنىڭ بولاتتى. ئۇ كىشىمۇ بالىغا ئىگە چىقاتتى.

## جاھىلىيەت دەۋرىدىكى ئاياللار

جاھىلىيەت دەۋرىدە ئاياللار خۇددى مالغا ئوخشاش ئېلىنىپ سېتىلاتتى. ھەر تۈرلۈك زورلۇق-زومبۇلۇق ۋە تىل-ھاقارەتكە ئۇچرايتتى. ھەققى يېيىلەتتى، مال-بايلىقى تالان-تاراج قىلىناتتى، مىراستىن مەھرۇم قىلىناتتى، ئېرىدىن ئاجىراشقاندىن كېيىن ياكى ئېرى ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن ئۆزى خالىغان بىر ئەرگە تېگىشكە يول قويۇلمايتتى. خۇددى بىر مال ياكى ھايۋاندەك قولدىن قولغا ئۆتۈپ تۇراتتى. ئىبنى ئابباس مۇنداق دەيدۇ: "بىر كىشىنىڭ دادىسى ياكى ھامىيسى ئۆلگەن ۋاقىتتا، ئۇنىڭ ئايالى ئۇ كىشىگە قالاتتى. ئۇ كىشى مەھرى ھەققىنى بەرگۈچە ئۇ ئايالنى ئۆز قولىدا تۇتۇپ تۇراتتى ياكى قاماق ئاستىدا تۇتاتتى ۋەياكى ئايال ئۆلەتتى، شۇنىڭ بىلەن مال-بايلىقى ئۇ كىشىگە قالاتتى."

ئەتا ئىبنى ئەبى رەباھ مۇنداق دەيدۇ: "جاھىلىيەت دەۋرىدە بىر ئادەم ئۆلسە ۋە ئۇ ئائىلىدە كىچىك بالا بولسا، ئايال قايتا ياتلىق بولۇش ئۈچۈن ئۇ كىچىك بالا چوڭ بولغۇچە كۈتىشى لازىم ئىدى.

ئەس سۇددىي مۇنداق دەيدۇ: "جاھىلىيەت دەۋرىدە بىر كىشىنىڭ دادىسى، قېرىنداشى ياكى ئوغلى ئۆلۈپ كېتىپ، ئايالى قېلىپ قالغاندا ئۆلگەن كىشىنىڭ مىراسچىلىرىدىن بىرى چاققانلىق قىلىپ كىيىمىنى ئايالنىڭ ئۈستىگە

تاشلىۋالسا، ئۇ كىشى ئۆلگۈچى بەرگەن مەھرى ھەققى بىلەن ئۇ ئايالنى ئۆز ئەمرىگە ئالالايتتى ياكى مەھرى ھەققىنى ئېلىپ، ئايالنى باشقا بىرىنىڭ ئەمرىگە بېرەلەيتتى. ئەگەر ئايال مىراسچىلاردىن چاققان كېلىپ ئۇلاردىن قۇتۇلالىسا، ئۇدۇل ئۆز ئۆيىگە كېتەتتى ۋە ئۆز ئىختىيارىچە ياشايتتى."

جاھىلىيەت دەۋرىدە ئاياللار ھەر جەھەتتىن ھەقسىزلىققا ئۇچرايتتى. ئەرلەر ھەممە ئىشنى ئۆز ئېلىكىگە ئېلىۋالغاچقا، ئاياللار ھېچبىر ھەققىدىن پايدىلىنالمايتتى. ئۇلارغا بېرىلگەن مەھرى ھەققى قولىدىن تارتىۋېلىناتتى ۋە ھەر تۈرلۈك يوللار بىلەن قىيىن-قىستاققا ئېلىناتتى. ئېرىنىڭ ئەرزىيتىگە ۋە قوپال مۇئامىلىسىگە دۇچ كېلەتتى. بەزىدە بىر چەتكە قايرىلىپ قويۇلاتتى.

ئەڭ ياخشى تائاملار ئەرلەرگە خاس بولۇپ ئاياللار ئۇلاردىن مەھرۇم ئىدى. ئەرلەر خالىغان بىر ئايال بىلەن ئۆيلىنەلەيتتى. ئۇلارنىڭ ئۆيلىنىشى ئۈچۈن ھېچقانداق توسالغۇ يوق ئىدى.

جاھىلىيەت دەۋرىدە قىزلارغا بولغان ئۆچمەنلىك ئۇلارنى تىرىك كۆمۈۋېتىش دەرىجىسىگە يەتكەنىدى.

مەيدانى ھەيسەم ئىبنى ھادىدىن نەقىل كەلتۈرۈپ مۇنداق دەيدۇ: "قىزلارنى تىرىك كۆمۈش ئادىتى بارلىق ئەرەب قەبىلىلىرىدە كەڭ يېيىلغان بولۇپ، ناھايىتى ئاز ساندىكى كىشىلەر بۇ ئادەتتىن مۇستەسنا ئىدى. ئىسلام دىنى كەلگەندە، باللارنى تىرىك كۆمۈۋېتىش ئادىتى ھەرخىل يوللار بىلەن ئېلىپ بېرىلىۋاتاتتى. بەزىلىرى نومۇسلىرىنى قوغداش، بەزىلىرى شەرەپ ۋە غۇرۇرلىرىنى بۇلغىماسلىق، بەزىلىرى قارا، كۆك كۆزلۈك، كېسەلچان ياكى مەجرۇھ قىزلاردىن بىزار بولغانلىقى ۋە بەزىلىرى يوقسۇللۇق ۋە تۇرمۇش قىيىنچىلىقىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن قىزلارنى تىرىك كۆمۈۋېتەتتى. بەزى ئەرەب كاتىپباشلىرى ۋە كارۋان ئىگىلىرىنىڭ بۇ قىزلارنى سېتىۋالىدىغانلىقىمۇ خاتىرلەنگەن.

ساسائا ئىبنى ناجىئە مۇنداق دەيدۇ: "ئىسلام يېتىپ كەلگەن ۋاقىتتا تىرىك

كۆمۈلۈش ئالدىدا تۇرغان ئۈچ يۈز بالىنى قۇتۇلدۇرۇۋالدىم. بەزى ئەرەبلەر خۇددى ئابدۇلمۇتەللىپتەك ئون ئوغلى بولسا بىرىنى قۇربانلىق ئۈچۈن ئاتىۋېتەتتى. بەزىلىرى: پەرىشتىلەر ئاللاھنىڭ قىزلىرىدۇر، قىزلىرىڭلارنى قويىۋېتىڭلار، ئۇلار ئۇنىڭ ھەققىدۇر، - دەيتتى.“

جاھىلىيەت دەۋرىدە قىزلار ۋەھشىلەرچە ئۆلتۈرۈلەتتى. تارىختا مىسلى كۆرۈلمىگەن قەبىھلىك بىلەن تىرىك كۆمۈلەتتى. بەزىلىرىنىڭ تىرىك كۆمۈلىشى دادىسىنىڭ سەپىرى سەۋەبى بىلەن كېچىكتۈرۈلەتتى، ئەمما قىز چوڭ بولغاندىن كېيىن چوقۇم كۆمۈلەتتى. بۇ ھەقتە نۇرغۇنلىغان مەرسىيەلەر نەقىل قىلىنغان بولۇپ، بەزىلىرىدە قىزلارنىڭ ئىگىز يەرلەردىن تاشلانغانلىقى ئىپادىلەنگەن.

## ئەرەبلەردە قەبىلە مۇتەئەسسىپلىكى ۋە قان داۋاسى

ئەرەبلەردە قەبىلە مۇتەئەسسىپلىكى ۋە قان داۋاسى بەكمۇ شىددەتلىك بولۇپ، ئۇنىڭ ئاساسى مەنبەسى جاھالەت ئىدى. ئەرەبلەر ئارىسىدا كەڭ يېيىلغان: «زالىم ۋە مەزلۇم بولسۇن، ئۆز قېرىندىشىڭغا ياردەم قىل» دېگەن ماقال-تەمسىل بۇنىڭ دەلىلى بولالايدۇ. ئەرەبلەر زالىم ياكى مەزلۇم دېمەي بىر-بىرىگە ياردەم قىلىشاتتى.

ئەرەب جەمىيىتىدە ئۆزلىرىنى باشقىلاردىن ئۈستۈن ۋە ئىمتىيازلىق دەپ قارايدىغان كىشى ۋە ئائىلىلەر بار بولۇپ، ئۇلار ئۆزلىرىنى خەلقتىن ئۈستۈن تۇتاتتى. ئۇلار ئەنئەنىلەرنىڭ كۆپىنچىسىگە ئېتىۋار بەرمەيتتى، ھەتتا ھەجنىڭ بەزى پەرزلىرىگىمۇ قىلمايتتى. ئەرافاتتا تۇرمايتتى، ۋاقتىدىن بۇرۇن ئۇ يەردىن كېتەتتى. مەنئى-رۇخسەت، ھالال-ھارامنى ئۇنتۇپ قالاتتى. ئۈستۈن ئورۇن مەنسەپ ۋە ھەر خىل ماقاللار ئەجدادتىن ئەۋلادقا قالىدىغان مىراس مالغا ئايلىنىپ قالغان ئىدى. قولدىن قولغا ئۆتۈپ تۇراتتى. ئىمتىيازلىق ئاقسۆڭەكلەردىن باشقا ئاۋام تەبىقىمۇ بار بولۇپ، ئۇلار ئاددىي پۇقرالار

ئىدى. يىغىنچاقلاپ ئېيتقاندا، تەبىقىلەر ئارىسىدىكى تەڭپۇڭسىزلىق ئەرەب جەمىيىتىنىڭ ئەڭ ئېغىر مەسىلىلىرىدىن بىرى ئىدى.

جەڭ-ئەرەب جەمىيىتىنىڭ روھى قۇرۇلمىسىنىڭ خارەكتىر ئالاھىدىلىكى بولۇپ، بۇ ئۇلارنىڭ كۆچمەن ھايات كەچۈرىشىنىڭ نەتىجىسى ئىدى. ھەتتا جەڭ ئۇلارنىڭ بىردىن بىر تەسەللى مەنبەسى ۋە كۆڭۈل ئېچىش ۋاستىسى ئىدى.

ئەرەب شائىرلىرىدىن بىرى مۇنداق دەيدۇ:

"ئەگەر تاپالمىساق باشقا دۈشمەن،

قېرىندىشىمىز بەكرنى ئۇراتتۇق بەزەن."

قان تۆكۈش ۋە جەڭ قىلىش ئۇلارنىڭ نەزىرىدە ئاددىي ئىش بولۇپ، ئەھمىيەتسىز، ئۇششاق-چۈششەك ئىشلارمۇ بىر-بىرىنىڭ قېنىنى تۆكۈشكە يېتەرلىك سەۋەب بولاتتى. مەسىلەن: ۋائىل ئوغۇللىرىدىن بەكىر قەبىلىسىدىن تەغلەپ قەبىلىسى ئارىسىدىكى قانلىق ۋەقەلەر قىرىق يىل داۋام قىلغان ئىدى. ۋەقەنىڭ سەۋەبى مۇنداق ئىدى: مائاد قەبىلىسىنىڭ باشلىقى كۇلەيب مۇنقىز بىنتى رەسسۇسنىڭ تۆگىسىنىڭ يىلىنىغا ئوق ئېتىپ، ئوقنىڭ سۈتكە ئارىلىشىپ كېتىشىگە سەۋەب بولغان ئىدى. شۇنىڭ بىلەن جەساس ئىبنى مۇررە كۇلەيبنى ئۆلتۈردى ۋە نەتىجىدە بەكىر قەبىلىسى بىلەن تەغلەپ قەبىلىسى ئارىسىدا شىددەتلىك توقۇنۇش پەيدا بولدى. كۇلەيبنىڭ قېرىندىشى مۇھەلھال بۇ ۋەقەنىڭ نەتىجىسىنى مۇنداق سۆزلەپ بېرىدۇ: "قانچىلىغان جانلارنىڭ قېنى تۆكۈلدى، ئانىلار تىزلىرىغا ئۇرۇپ پەرياد چەكتى، باللار يېتىم قالدى، كۆز ياشلىرى تىنمىدى، جەسەتلەر كۆمۈلمىدى..."

داھىس ۋە غابرا قەبىلىلىرى ئارىسىدا چىققان توقۇنۇشمۇ مۇشۇنىڭغا ئوخشاش بولۇپ، ئەرزىمەس سەۋەب بىلەن باشلانغان ئىدى. قەيس ئىبنى زۇھەير بىلەن خۇزەيفە ئىبنى بەدرىنىڭ ئارىسىدا بىر مۇسابىقە ئېلىپ بېرىلىۋاتاتتى. قەيسنىڭ ئېتى داھىسنىڭ ئېتىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقاندا، خۇزەيفە قەبىلىسىدىن

www.uyghurkitap.com



بىرى ئالدىغا چىقىپ ئۇنىڭ يۈزىگە بىر شاپىلاق ئۇردى ۋە ئۇنىڭ بىلەن ئېلىشىپ قىلىشىغا سەۋەب بولدى. شۇنىڭ بىلەن بىر خۇن داۋاسى باشلاندى. قەبىلىلەر بىر-بىرىگە كىرىشىپ كەتتى. ھەر قەبىلە ئۆز ئادەملىرىگە ياردەملەشتى. بىر-بىرىنىڭ ئادەملىرىنى ئەسىر ئالدى. بىر-بىرىنى يوق قىلىش ئۈچۈن قولىدىن كەلگەن يامانلىقنى قىلدى. مىڭلارچە كىشى ئۆلدى. جاھىلىيەت دەۋرىدىكى ئەرەبلەرنىڭ كۈندىلىك ھاياتلىرى دادىلارنىڭ باللىرىغا تەۋسىيە قىلىدىغان خۇن داۋاسى ۋە باشقا دۈشمەنلىك ئۈچۈن توقۇلغان تورلار بىلەن تولغان ئىدى. بەدەۋىي ھايات كەچۈرۈشى، تۇرمۇش شارائىتلىرىنىڭ بېتەرسىزلىكى، قارانىيەت ھېرسى، ئۆچمەنلىك ۋە خۇسۇمەت تۇيغۇسى ۋە ھاياتقا ئېتىبارسىز قاراشلىرى قاتارلىق ئامىللار ئەرەبلەرنى ئۆز-ئارا توقۇنۇشقا، بىر-بىرىنى بۇلاڭ-تالاڭ قىلىشقا ئېلىپ بارغانىدى. ھەتتا پۈتۈن ئەرەب يېرىم ئارىلى تۇزاق مەيدانىغا ئايلىنىپ كەتكەچكە، قاچان ئۆلتۈرۈلۈپ، نەدە بۇلاڭ-تالاڭ قىلىنىشى ھەر ئادەمنى قاتتىق ئەنسىرىتىدىغان ئامىللاردىن ئىدى. چۈنكى ئادەملەر قاراقچىلار بىلەن ئۆز قەبىلىلىرى ئارىسىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقاندىمۇ باشقىلار تەرىپىدىن قاچۇرۇلاتتى. كۈچلۈك قەبىلىلەرمۇ ئەرەب قەبىلىلىرىنىڭمۇ ئارىسىدىن ئۆتۈپ قالسا، ھەر دائىم ناھايىتى چاققان قوغدىغۇچىلارنى ۋە بەكمۇ سەزگۈر ئىزچىلارنى ياللىۋالاتتى. خىسراۋنىڭ تۆگىلىرى مەدائىندىن ھىرەدىكى نۇئمان ئىبنى مۇنزىرغا بارغىچە قاتتىق مۇھاپىزەت قىلىناتتى. نۇئمانمۇ بەنى رابىيە قەبىلىسىنىڭ مۇھاپىزەتچىلىرى بىلەن خىسراۋنىڭ تۆگىلىرىنى يەمەندىكى ھەۋزە ئىبنى ئالى ئەل ھەنەۋىگە بارغىچە نازارەت قىلىپ قوغدايتتى. ھەۋزە بولسا، بەنى ھانىق زېمىنىدىن تەمىمگىچە بولغان تۇپراقلارنى قوغداپ كۈزىتەتتى. شۇنداقلا، تەمىممۇ ئۇلارنى يەمەنگە يەتكۈزۈپ خىسراۋنىڭ يەمەندىكى ئادەملىرىگە تاپشۇراتتى.

## قۇرۇقلۇق ۋە دېڭىزدىكى قاراقچىلىق يۇقىرى پەللىگە چىققانىدى

نەتىجىدە، يەر يۈزىدە خارەكتېرى تۈزۈك بىر مىللەت، ئەخلاق ۋە پەزىلەت

ئۆستىگە قۇرۇلغان بىر جەمىيەت، مەرھەمەت ۋە ئادالەت ئاساسلىرىغا تايانغان بىر دۆلەت، ئىلىم-ھېكمەتلىك قوماندان ۋە پەيغەمبەر ئارقىلىق يېتىپ كەلگەن بىر دىن قالمىغانىدى. يەنى ھەممە نەرسە ۋەيران بولغانىدى.

## قاراڭغۇ زۇلمەتتىكى يورۇقلۇق

بۇ زۇلمەت قاراڭغۇلۇقتا بەزى چىركاۋ ۋە بۇتخانىلاردا كۆرۈلگەن كۆچسىز ۋە زەيىپ يورۇقلۇق خۇددى قاراڭغۇ كېچىدە ئەتراپقا نۇر چاچقان، ئەمما قاراڭغۇلۇقنى بېسىپ ئۆتەلمىگەن، ئەتراپنى يورۇتالمىغان پارقىراق قوڭغۇزغا ئوخشاپ قالغانىدى. ھەقىقىي ئىلىم ئاشىقلىرى ۋە ھەق دىن تەشنالىرى يۇرت-يۇرت كېزىپ، دۇنيانى ئايلانماقتا ۋە ھايات بۇلىقى ئىزدەۋاتاتتى. نىھايەت، دۇنيادا ناھايىتى ئاز ساندا قېلىپ قالغان بەزى مۆھتەرەم كىشىلەردىن پاناھلىق تىلەيتتى. خۇددى سۇدا بوغۇلۇپ قالاي دېگەن بىرى كەلكۈندە پارچىلىنىپ كەتكەن تاختا پارچىلىرىغا ئېسىلىۋالغاندەك ئۇلارغا مەھكەم باغلىناتتى. بۇنداق كىشىلەرنىڭ نەقەدەر ئازلىغانلىقىنى 6-ئەسىردە دۇنيانىڭ شەرقىدىن غەربىگىچە كەزگەن ھەق ئاشىقى سالمان فارىسى بەرگەن مەلۇماتلاردىن بىلەلەيمىز. شامدىن مۇسۇلغا، مۇسۇلدىن نۇسايبىنغا ۋە ئۇ يەردىن باسراغا بارغان سەلمان فارىسى ئۆزى بېسىپ ئۆتكەن يۇرتلاردىكى ئىلغار كىشىلەر بىلەن سۆھبەتلىشىپتۇ. ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭغا ئۆزلىرىدىن باشقا بىرىنى تەۋسىيە قىلىپتۇ. ئۇ تۆتىنچى كىشىدىن ئۆتۇپ، بەشىنچى كىشىنى تېپىشتىن بۇرۇن ئىسلام ئۇنىڭ قاراڭغۇلۇقتىكى ھەقدادىغا يېتىشكەنىدى. بۇ ھادىسىنى سالمان فارىسىنىڭ ئۆز ئاغزىدىن ئاڭلاپ باقايلى:

"شامغا يېتىپ بارغىنىمدا بۇ دىنغا مەنسۇپ بولغانلارنىڭ ئەڭ مۆھتەرەمى كىم؟" دېدىم. "چىركاۋدىكى پوپ" دېيىشتى. چىركاۋغا بېرىپ پوپقا: "مەن بۇ دىننى تاللىدىم، سىز بىلەن بۇ يەردە قېلىشنى، چىركاۋغا خىزمەت قىلىشنى ۋە سىزدىن ئىلىم ئۆگىنىشنى خالايمەن" دېدىم. پوپ ماقۇل بولدى، بىللە

ئىچكىرىگە كىردۇق. پوپ ياخشى بىرىدەك تۇرمايتتى. ئۇ خىرىستىيانلارنى سەدىقە بېرىشكە بۇيرۇيتتى. خەلق بەرگەن مالنى ئۆزى ئېلىۋېلىپ، يوقسۇللارغا ھېچنىمە بەرمەيتتى. شۇ ئارقىلىق يەتتە كۇپ ئالتۇن ۋە كۈمۈش يىغقان ئىدى. پوپنىڭ بۇ قىلىقى مېنى بەكمۇ نەپرەتلەندۇردى. پوپ ئۆلگەندە، خىرىستىيانلار ئۇنى دەپنە قىلىش ئۈچۈن يىغىلدى.

مەن ئۇلارغا: "بۇ يامان ئادەم ئىدى. سىلەرنى سەدىقە بېرىشكە بۇيرۇيتتى، دەۋەت قىلاتتى، ئەمما سىلەرگە بەرگەن نەرسىلەرنى ئۆزى ئېلىۋېلىپ، يوقسۇللارغا ھېچنىمە بەرمەيتتى" دېدىم. "سەن قانداق بىلىسەن؟" دەپ- سوراشتى. "ئۇنىڭ خەزىنىسىنى كۆرسىتەيمۇ؟" دېدىم. "قېنى، كۆرسەت!" دېيىشتى. ئۇلارغا خەزىنىسىنىڭ يېرىنى كۆرسەتتىم. ئۇ يەردىن يەتتە كۈپقا لىق تولدۇرۇلغان ئالتۇن، كۈمۈش چىقىرىلدى.

ئۇلار بۇنى كۆرگەندىن كېيىن: ئاللاھقا قەسەم قىلىمىزكى، بۇ ئادەمنى مەڭگۈ كۆممەيمىز، - دېيىشتى ۋە جەسەتنى ئاۋۋال ئاستى، ئاندىن تاش ياغدۇردى. ئاندىن ئۇنىڭ ئورنىغا باشقا بىرىنى پوپ قىلىپ تەيىنلىدى. مەن ئۇ ئادەمدەك ئىبادەتكار، پەزىلەتلىك، زاھىد، تەقۋا، دۇنيا مېلىغا ئېتىۋار قىلمايدىغان، ئاخىرەت ھاياتى ئۈچۈن پىداكار، كېچە-كۈندۈز ئىبادەت قىلىدىغان باشقا بىرىنى كۆرمىدىم. بۇنى شۇنچىلىك ياقتۇردۇمكى، تېخى ھېچكىمنى ئۇنچىلىك ياقتۇرۇپ باقمىغان ئىدىم. ئۇنىڭ يېنىدا بىر مۇددەت تۇردۇم. ئۇ ئۆلۈم تۆشىكىگە چۈشكەندە: "ئى پالانچى! ھازىرغىچە يېنىڭىزدا تۇردۇم ۋە سىزگە ھازىرغا قەدەر ھېچ كىمگە كۆرسەتمىگەن ھۆرمەتنى كۆرسەتتىم. ئەمما سىزگە ئاللاھنىڭ ئەمرى يېقىنلاشتى. ماڭا كىمنى تەۋسىيە قىلىسىز، ئەمرىڭىز نېمە؟" دەپ- سورىدىم. ئۇ: "ئوغلۇم! ئاللاھقا قەسەم قىلىمەنكى، ھازىر مېنىڭ يولۇمدا مېڭىۋاتقان بىر كىشىنىمۇ تونۇمايمەن. ئىنسانلار پۈتۈنلەي ھالاك بولدى. بۇرۇنقى ئېتىقادلىرىنى ئۆزگەرتىپ، توغۇق يولغا كىرىپ كەتتى. ئەمما مۇسۇلدىكى پالانچى ئادەم ئۆزىنى بۇ توپان بالاسىدىن قۇتۇلدۇرۇپ قالالىدى. ئۇ مېنىڭ يولۇمدا كېتىۋاتىدۇ، سەن

ئۇنىڭ قىشىغا بارغىن!“ دېدى. ئۇ ۋاپات بولغاندىن كېيىن، دەرھال مۇسۇلدىكى زاتنىڭ قىشىغا بېرىپ: ”پالانچى كىشى ۋاپاتىدىن بۇرۇن ماڭا سىزنى تەۋسىيە قىلدى ۋە ئوخشاش يولدا مېڭىۋاتقانلىقىڭىزنى ئېيتتى“ دېدىم. ئۇ زات: ”بوپتۇ، يېنىمدا تۇرغىن!“ دېدى. ئۇنىڭ يېنىدا تۇردۇم ۋە ئۇنىڭمۇ دوستىغا ئوخشاش بىرى ئىكەنلىگىنى كۆردۇم. ئۇمۇ كۆپ ئۆتمەي ۋاپات بولدى. ۋاپاتىدىن بۇرۇن ئۇنىڭدىن: ”ئى پالانچى! پالانچى كىشى ۋاپاتىدىن بۇرۇن ماڭا سىزنى تەۋسىيە قىلغان ئىدى ۋە مېنى سىزنىڭ قىشىڭىزغا ئەۋەتكەن ئىدى. ھازىر سىزگە ئاللاھنىڭ پەرمانى يېتىپ كەلدى. سىز ماڭا كىمنى تەۋسىيە قىلىسىز؟“ دېدىم. ئۇ زات: ”ئوغلۇم! ئاللاھقا قەسەم قىلىمەنكى، نۇسايبىندە ياشايدىغان بىر شەخستىن باشقا بۇ يولدا مېڭىۋاتقان بىرىنى بىلمەيمەن، ئۇ پالانچى ئادەم، سەن شۇنىڭ يېنىغا بارغىن!“ دېدى. ئۇ ۋاپات بولۇپ دەپنە قىلىنغاندىن كېيىن، نۇسايبىندىكى زاتنىڭ يېنىغا بېرىپ، ئۇنىڭغا بېشىمدىن ئۆتكەنلەرنى ۋە مېنى يېنىدا تۇرغۇزغان كىشىنىڭ ئەمرلىرىنى ئېيتىپ ئۆتتۇم. ئۇمۇ: ”بوپتۇ، يېنىمدا تۇرغىن!“ دېدى. ئۇنىڭ يېنىدا تۇردۇم. ئۇنىڭمۇ بۇرۇنقى ئىككى كىشى بىلەن ئوخشاش يولدا ئىكەنلىكنى كۆردۈم. كۆپ ئۆتمەي ئۇ ئادەممۇ سەكراتقا چۈشتى. ئۆلۈم ۋاقتى يېقىنلاشقاندا: ”ئى پالانچى! ماڭا پالانچى پالانچىنى ۋە ئۇ سىزنى تەۋسىيە قىلدى. ئەمدى سىز ماڭا كىمنى تەۋسىيە قىلىسىز ۋە قانداق ئەمرلىرىڭىز بار؟“ دەپ سورىدىم. ئۇ :”ئوغلۇم! ئاللاھقا قەسەم قىلىمەنكى، باسرادا ياشايدىغان بىرى كىشىدىن باشقا بىزنىڭ يولىمىزدا مېڭىۋاتقان ۋە مەن ساڭا تەۋسىيە قىلغۇدەك بىر كىشىنى بىلمەيمەن، ئۇمۇ بىزگە ئوخشاش بىرى. خالىساڭ، ئۇنىڭ يېنىغا بارغىن!“ دېدى.

ئۇمۇ ئۆلۈپ، دەپنە قىلىنغاندىن كېيىن، باسرادىكى زاتنىڭ يېنىغا بېرىپ ئەھۋالنى بىلدۈردۈم. ئۇمۇ يېنىدا قېلىشىمغا رۇخسەت قىلدى. ئالدىنقىلارنىڭ يولىدا ماڭغان ۋە ئوخشاش پرىنسىپلارغا ئەمەل قىلغان بۇ كىشىنىڭ يېنىدا قالدىم. تىرىشتىم، ئىشلىدىم، بىر نەچچە كالا ۋە ئۆچكەم بولدى. ئۇنىڭغىمۇ

ئاللاھنىڭ ئەمرى كەلدى. ئۆلۈمى يېقىنلاشقاندا ئۇنىڭغا: ”ئى پالانچى! مەن بىر ۋاقىتلاردا پالانچىنىڭ يېنىدا تۇردۇم. ئۇ پالانچىنى، پالانچى پالانچىنى ۋە ئۇ سىزنى ماڭا تەۋسىيە قىلدى. سىز ماڭا كىمنى تەۋسىيە قىلىسىز ۋە قانداق ئەمرلىرىڭىز بار؟“ دەپ سورىدىم. ئۇ: ”ئوغلۇم! ئاللاھقا قەسەم قىلىمەنكى، مەن بۇ يولدا مېڭىۋاتقان ۋە ساڭا تەۋسىيە قىلالىغۇدەك ھېچكىمنى بىلمەيمەن. ئەمما پەيغەمبەر دەۋرى يېقىنلاشتى. بۇ پەيغەمبەرمۇ ئىبراھىم پەيغەمبەرنىڭ دىنى ئۈچۈن ئەۋەتىلىدۇ. ئۇ ئەرەب مەملىكەتلىرىدە تۇغۇلىدۇ ۋە خورما دەرەخلىرى بىلەن ئورالغان ھارراغا كۆچىدۇ. ئۇنىڭ ئوچۇق ئالامەتلىرى بار. ھەدىيە قوبۇل قىلىدۇ، ئەمما سەدىقە ئالمايدۇ. ئىككى مۈرىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا «پەيغەمبەرلىك مۆھۈرى» بار. ئەگەر ئۇ دىيارغا كېتەلىسەڭ، دەرھال كەتكىن!“ دېدى.

# ئىككىنچى بۆلۈم

# جاھىلىيەت دەۋرىدىكى ئىقتىسادى ۋە سىياسى نىزام

## مۇتلەق ھاكىممۇتلەقلىق

جاھىلىيەت دەۋرىدىكى ئىدارە شەكلى مۇتلەق ھاكىممۇتلەق تۈزۈمى بولۇپ، بەكمۇ زالىم ۋە قەبىھ ئىدى. خۇددى ئىراندا بولغانغا ئوخشاش، بۇ ئىدارە مېخانىزمىسى خاندانلىقنى ئۇلۇغلاش ئۇستىگە قۇرۇلغانىدى. ساسان ئوغۇللىرى ھۆكۈمرانلىق ھەققىنىڭ ئۆزلىرىگە ئاللاھ تەرىپىدىن بېرىلگەنلىكىگە ئىشىنەتتى ۋە بۇ كۆز-قاراشنى باشقىلارغا قوبۇل قىلدۇرۇش ئۈچۈن قولىدىن كەلگەن ھەر ئىشنى قىلاتتى. نەتىجىدە، ئۇلار بۇ مۇقەددەس ھۆكۈمرانلىق ھەققىنى خەلققە قوبۇل قىلدۇردى. شۇنىڭ بىلەن ھاكىممۇتلەق ھاكىمىيەت تۈزۈمى خەلقنىڭ ئېتىقادىغا ئايلاندى. بۇ ئىدارە مېخانىزمىسى ھۆكۈمدارلارنىڭ مۇتلەق ئۇلۇغلۇقىغا تايىناتتى. جۇڭگولۇقلار ئۆز بېشىدىكى ھۆكۈمرانىنىڭ "كۆك" نىڭ ئوغلى ئىكەنلىكىگە ئىشىنەتتى. ئۇلارنىڭ قارىشىچە، جانلىقلار يەر بىلەن "كۆك"نىڭ بىرلىشىشى نەتىجىسىدە مەيدانغا كەلگەنىدى. ئىمپېراتور خۇاڭدى بۇلارنىڭ تۇنجى بالىسى ئىدى. ئىمپېراتور مىللەتنىڭ ئەڭ بۈيۈك ئەجدادى ھېسابلىناتتى. ئۇ ئۆزى خالىغانچە ئىش قىلاتتى. ھەتتا ئىمپېراتورغا :"سەن مىللەتنىڭ ھەم ئاتىسى ھەم ئانىسى" دېيىشەتتى. پادىشاھ دېگەن ئۆلگەن ۋاقىتتا جۇڭگولۇقلار قاتتىق پەرىشان بولغانىدى ۋە ماتەم كىيىمى كىيگەنىدى. بەزىلىرى يىغىنە بىلەن يۈزىنى ئۆتمە-تۆشۈك قىلسا، بەزىلىرى چاچلىرىنى ۋە بەزىلىرى قۇلاقلىرىنى كەسكەنىدى. بۇ لىيەن ھۆكۈمرانلىق قىلغان تۆپراقلاردىكى

خەلقىنىڭ ۋەتەنىنىڭ بىر قىسمىنى ئۇلۇغلاش ئاساسىغا تايىناتتى. چۈنكى رىم ۋەتىنى ۋە مىللىتىنى ئۇلۇغلاش ئىمپېراتورلۇقنىڭ ئاساسى پرىنسىپلىرىدىن بىرى ئىدى. رىم ئىمپېراتورلۇقى باشقا دۆلەت ۋە مىللەتلەرنى رىم ئىمپېراتورلۇقى ئۈچۈن ئىشلەيدىغان خىزمەتچى ۋە مەركەزگە قان ئېقتىدىغان تومۇر دەپ قارايتتى. شۇڭا دۆلەت ھەق ۋە ھوقۇق تونۇمايتتى، خەلققە زۇلۇم ۋە ئازاپنىڭ ھەر قانداقىنى راۋا كۆرەتتى. ئوخشاش دىن ۋە ئېتىقادقا ئىشىنىدىغان پادىشاھنىڭ خەلقىگە ناھايىتى سەممىي ۋە قىزغىن مۇئامىلە قىلىدىغان باشقا جەمىيەتلەرمۇ بۇ زۇلۇم ۋە ئازاپ قايىنىمىدىن ئۆز نىسۋىسىنى ئالماقتا ئىدى. ھۆكۈمران ئۇلارنىڭ ئۆز يۇرتلىرىدا ئەركىن-ئازادە ياشىشىغا يول قويمايتتى، بارلىق ھەقلىرىنى چەكلەيتتى. رىم ئىمپېراتورلىقىنىڭ قارىشىچە، بۇ جەمىيەتلەر بەزىدە مىنىدىغان ۋە بەزىدە سېغىپ ئىچىلىدىغان تۆگىدىن پەرقى يوق ئىدى. ئۇلارغا ئۆرە تۇرغىدەك ۋە سۈت بېرەلىگۈدەكلا يەم بېرەتتى.

روببىرت برىفولت رىم ئىمپېراتورلۇقى ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: ”رىم ئىمپېراتورلۇقىنىڭ تارىخ سەھنىسىدىن يوقىلىشىنىڭ سەۋەبى پەقەتلا پارىخورلۇق ۋە زۇلۇمغا ئوخشاش ئىجتىمائى كېسەللىكلەرلا بولماستىن بەلكى قورۇلغان تۈنجى كۈنىدىن تارتىپ گۈللەنگەن دەۋرلىرىگە قەدەر جەمىيەتكە ھاكىم بولغان كىشىنىڭ ئەقلى يەتمىگىدەك دەرىجىدىكى يامانلىقلاردۇر. چۈنكى ئاجىز بىر ئاساسقا تايانغان ئىنسانى مۇئەسسەسەلەر شەخسىي تىرىشچانلىقلار بىلەن ئۆزلىرىنى قۇتقۇزالمايتتى. بولۇپمۇ دۆلەت بۇنداق بىر ئاساس ئۈستىگە قۇرۇلسا، قىسقا ۋاقىت ئىچىدە ئاغدۇرۇلۇپ يوقىلىشى مۇتلەق ئىدى. كۆرگىنىمىزدەك رىم ئىمپېراتورلۇقى كۆپ سانلىق كىشلەرنىڭ كۆز ياشلىرى ۋە قان-تەرى بەدىلىگە ئاز ساندىكى بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ باياشاتلىقى ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان بىر ئېكسپىلاتاتسىيە ماشىنىسىدىن باشقا بىر نەرسە ئەمەس ئىدى. بۇ بىر ئۈچۈم كىشىلەر باشقا كۆپ سانلىق كىشىلەرنىڭ قان-تەرىنى سۈمۈرۈشتىن باشقا بىر ئىش قىلمايتتى. بۇنىڭ بىلەن بىرلىكتە، رىم ئىمپېراتورلۇقى سودا-

تىجارەت تولۇق بىخەتەرلىككە ۋە ئادالەتكە ئېرىشكەن بولۇپ، بۇ دۆلەتنىڭ ئاساسىي پىرىنسىپلىرى ئىدى. بىخەتەرلىك سوت-ئىجرا ئورگانلىرى ئىنتايىن كۈچلۈك بولسىمۇ ئەمما، ئەپسۇسكى، بۇلار دۆلەتنىڭ ئۆلىدا پەيدا بولغان دەزلەر ۋە يوشۇرۇن خەتەرلەرنىڭ ئالدىنى ئالالمىدى."

## مىسىر ۋە شامدىكى رىم ھۆكۈمرانلىقى

دوكتور ئالفىرد باتىر رىمنىڭ مىسىردىكى ھۆكۈمرانلىقى ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: "رىم ھۆكۈمرانلىرىنىڭ خەلقنىڭ ماللىرىنى تارتىۋېلىپ غەنىمەت سۈپىتىدە ئۆز كىشلىرىگە تارقىتىشتىن باشقا بىر مۇددىئاسى يوق بولۇپ، ھۆكۈمرانلىقتىكى مەقسەتنىڭ خەلقنىڭ تۇرمۇش سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈش ياكى ھازىرقى ئەھۋالدىن ياخشىراق ھالغا ئېرىشتۈرۈش ۋە ياكى ئېھتىياجلىق ماددىلار بىلەن تەمىنلەش ئىكەنلىكىنى خىياللىرىغىمۇ كەلتۈرۈپ قويۇشمايتتى، دېمەككى، رىم ھۆكۈمرانلىقى باشقا قوۋملەرنى بېسىپ ئۇلارنىڭ ئۈستىگە ھاكىمىيەت تەختى قۇرغان پەقەتلا قۇرال كۈچىگە تايانغان ۋە ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدىكى مىللەتلەرگە ئازراقمۇ شەپقەت تۇيغۇسى بولمىغان رەھىمسىز بىر ھۆكۈمرانلىق ئىدى."

سۈرىيە(شام) لىق ئەرەب تارىخچىسى رىم ئېمپىراتورلۇقىنىڭ شامدىكى ھۆكۈمرانلىقى ھەققىدە مۇنۇلارنى دەيدۇ:

"رىملىقلار دۆلىتىدىكى ئىچكى مالىمانچىلىق ۋە ھەرخىل زورلۇقلارغا دۇچ كەلسىمۇ، دەسلىپىدە شاملىقلارغا ناھايىتى ياخشى مۇئامىلە قىلدى. ئەمما كېيىنچە، دۆلىتى زەئىپلەشكەن شاملىقلار قۇللۇق ۋە خورلۇقتا ئەڭ پەسكەش ئەھۋالغا چۈشۈپ قالدى. ئەمما رىملىقلار شام خەلقىنى بىۋاستە ئاسسىمىلاتسىيە قىلالمىدى. چۈنكى شاملىقلار ھېچقاچان رىملىقلارنى دوراشقا تىرىشمىدى. ئۆز تۇپراقلىرىدا مەۋجۇدىيەتلىرىنى قوغداپ قېلىشنى بىلدى. ھەردائىم بىرى

يەرلىك ۋە بىرى كۆچمەن يەنى يات پېتى ياشىدى. ئەمما ئىچىنارلىقى شۇكى، مەلۇم مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن شاملىقلار رىملىقلار يولىغا قويغان ئېغىر باج-سېلىقلارنى تۆلەش ئۈچۈن باللىرىنى ساتقۇدەك ھالغا كەلدى. قۇللۇق، زۇلۇم ۋە ئازاب-ئوقۇبەت ئاخىرقى نۇقتىغا يېتىپ باردى. رىملىقلارنىڭ شامدا تىكلىگەن سەنەد ئابىدىلىرى ۋە بۈيۈك ئەسەرلەر قارىسىلدىغان قامچىلارنىڭ ئاستىدا مەيدانغا كەلگەنىدى.

رىملىقلار شامنى 700 يىل ئۆز ھاكىمىيىتى ئاستىدا تۇتتى. بۇ مۇددەت ئىچىدە دۆلەت جىدەل-ماجىرا، زۇلۇم، ئىستىبدات، تۆھمەت ۋە ئۆلۈم ھادىسىلىرى بىلەن تولۇپ تاشتى. يۇنانلارمۇ شامنى 369 يىل باشقۇردى. بۇ دەۋردە شىددەتلىك ئۇرۇشلار ۋە چىدىغۇسىز ئازاپ-ئوقۇبەتلەر قاتتىق ئەۋج ئالدى. يۇنانلار ئۆز خارەكتېرىنى بارلىق رەزىللىكلىرى بىلەن ئوتتۇرىغا قويدى. يۇنانلارنىڭ شام خەلقى ئۈستىگە قۇرغان مۇستەبىت تۈزۈم ھۆكۈمرانلىقىنىڭ ئەڭ زالىمى ۋە پالاكەتلەرنىڭ ئەڭ خەتەرلىكى ئىدى.

نەتىجىدە، مەيلى رىملىقلار ياكى ئىرانلىقلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقى باشقىلار تەرىپىدىن قارشى ئېلىنمىدى. سىياسى ۋە ئىقتىسادى ئەھۋال دۆلەتنىڭ مەركەز ۋە پايتەختلىرىدىمۇ كىرزىسكە ئۇچرىدى.

## ئىراندا باج سىستېمىسى

ئىراندا يۈرگۈزۈلگەن ئىقتىسادىي تىزىم ۋە ئىقتىسادىي سىياسەت ئادىل ۋە مۇقىم ئەمەس، شۇنداقلا كۆپىنچە ھاللاردا زالىم ۋە قەبىھ بولۇپ، پۈتۈنلەي باج مەمۇرلىرىنىڭ ئەخلاق قۇرۇلمىلىرىغا، چىققان ئۇرۇشلارغا ۋە يۈرگۈزۈلگەن سىياسەتكە باغلىق ئىدى.

«ساسانىيلار دەۋرىدە ئىران» ناملىق كىتابنىڭ ئاپتورى مۇنداق دەيدۇ: "باج مەمۇرلىرى ۋەزىپە ئىجرا قىلىۋاتقاندا مال قاچۇرۇش ۋە خىيانەت قىلىشتىن

قەتئىي چىكىنمەيتتى. باجلارنىڭ مىقدارى بىر ئۆرلەپ، بىر تۆۋەنلىشى بىلەن بىرگە، دۆلەتنىڭ كىرىم ۋە چىقىملىرىمۇ مۇستەھكەم ئاساسلار ئۈستىگە قۇرۇلغانىدى. بەزىدە ئۇرۇش باشلانسا، دۆلەتنىڭ چىقىم قىلغۇدەك خەزىنىسى يوق ئىدى. بۇنىڭ ئۈچۈنمۇ يېڭى باجلارنى يولغا قويۇش، مال قاچۇرۇش ۋە خىيانەت قىلىشتىن قەتئىي چىكىنمەيتتى. باي غەربىي رايونلىرى بولۇپمۇ بابىل بۇ خىل باجلارنىڭ دائىملىق نىشانى ئىدى.»

## پادىشاھلارنىڭ خەزىنە ۋە بايلىقلىرى

ئىران ھۆكۈمدارلىرى قەدىمدىن بېرى، مال-دۇنيا ۋە قىممەتلىك ئەشيالارنى يىغىپ ساقلاشقا ئادەتلەنگەن بولۇپ، دۆلەت خەزىنىسىدىن خەلققە كۆپ نەرسە سەرپ قىلىنمايتتى. مەسىلەن: خۇسرەۋ ماللىرىنى مىلادى 607-، 608- يىللىرى ياساتقان بىر بىناغا توشىغاندا 468 مىليون مىسقال ئالتۇن يۆتكىگەنىدى. ئۇ تەختكە چىقىپ ئون ئۈچ يىل ئۆتكەندە خەزىنىسىدە 80 مىليون مىسقال ئالتۇن بار ئىدى.

## تەبىقىلەر ئارىسىدىكى قورقۇنچلۇق پەرق

ئىراندا باي كىشىلەرنىڭ سانى بەكمۇ ئاز، خەلقنىڭ كۆپ قىسمى يوقسۇل ئىدى. «ساسانىيلار دەۋرىدە ئىران» ناملىق كىتابنىڭ يازغۇچىسى ئىراننىڭ ئەڭ بەرىكەتلىك دەۋرىنىڭ ئادىل ھۆكۈمرانلىرىدىن بىرى بولغان نۇشىرۋاننى تەسۋىرلەپ مۇنداق دەيدۇ: "خسراۋ مالىيە نىزامىنى يولغا قويغاندا، دۆلەت خەزىنىسىنى ھەردائىم خەلق مەنپەئەتىدىن ئۈستۈن تۇتاتتى. ئەمما خەلق بۇرۇنقىدەكلا جاھالەت ۋە قىسىنچىلىق ئىچىدە ھاياتىنى داۋاملاشتۇرۇۋەردى. ھەتتا جەمىيەتتىكى تەبىقىلەر ئارىسىدىكى قورقۇنچلۇق پەرقنى ۋە تۆۋەن تەبىقىدىكى خەلقنىڭ ئېچىنىشلىق ھاياتىنى كۆرگەن شەرقىي رىم پەيلاسوپلىرى

www.uyghurkitap.com

بۇ مەنزىرىنىڭ دەھشىتىدىن يۈرەكلىرى ئېچىشقان ھالدا ئىران جەمىيىتىنى مۇنداق تەسۋىرلىگەن ئىدى: "كۈچلۈكلەر ئاجىزلارنى ئېزىپ، ھەرخىل يوللار بىلەن ئازاپلايدىغان زۇلۇم ۋە مونوپول چېقى."

ھۆكۈمرانلارنىڭ قارىشىچە ئەمەل ۋە مەنسەپ بەزى ئىمتىيازلىق ۋە نوپۇزلۇق كىشى ۋە ئائىلىلەرگە تەۋە بولىشى لازىم ئىدى.

روبېرت برىفولت رىم دەۋرىدىكى ئېكسپىلاتاتورلاردىن سۆز ئېچىپ مۇنداق دەيدۇ: "ئۇلارغا نىسبەتەن بىر ئىجتىمائى قۇرۇلما كاردىن چىقىپ، يوقىلىشقا يۈزلەنگەن ۋاقىتتا، ھۆكۈمدارلار بۇ قۇرۇلمىنىڭ پائالىيەت ۋە خىزمىتىنى توختىتىشتىن باشقا بىر ئىش قىلمايتتى. شۇڭا رىم جەمىيىتى چېكىنىش دەۋرىدە ئېكسپىلاتاتورلارغا بويۇن ئېگەتتى ۋە ئۇنىڭ بويۇنتۇرۇقى ئاستىدا ئېزىلەتتى. جەمىيەتتىكى ھېچكىم ئۆز ھۈنىرىنى ئۆزگەرتەلمەيتتى. بالا ئاتىسىنىڭ ھۈنىرىنى مەجبۇرى داۋاملاشتۇراتتى."

## ئىراندا دېھقانلار

داۋاملىق يېغىلىنىپ تۇرغان ھەرخىل باجلار پۈتۈنلەي خەلق ئاممىسىنىڭ شىللىسىگە چۈشكەن ئېغىر يۈك ئىدى. شۇڭا نۇرغۇنلىغان دېھقان ئىشلىرىنى تەرك ئېتىشكە مەجبۇر بولدى. بەزىلىرى ئۆزى ياقتۇرمايدىغان بىر مىللەتنىڭ ئەسكىرى بولۇش، ئۇنىڭ بالاسى ياكى كۆڭۈلسىزلىكلەردىن قېچىپ چىركاۋلارغا سېغىنغانىدى. خەلق ئارىسىدا ھورۇنلۇق، مىسكىنلىك ۋە ھەرخىل جىنايەتلەر كۆپىيىپ، ھارام تىجارەت ھەر يەردە قانات يايغانىدى.

«ساسانىيلار دەۋرىدە ئىران» ناملىق ئەسەرنىڭ ئاپتورى مۇنداق دەيدۇ: "ئۆز تۇپراقلىرىغا مەھكەم باغلانغان دېھقانلار چارىسىزلىق ۋە يوقسۇللۇق ئىچىدە تولغىنىۋاتاتتى. ئۇلار ھەقسىز ئىشلىتىلەتتى ۋە ھەرخىل ئىشلارغا سېلىناتتى."

تارىخچى ئەميان مارسى لىلۇس مۇنداق دەيدۇ: "بۇ بىچارە دېھقانلار

ئەسكەرلەرنىڭ ئارقىسىدىن پىيادە ماڭاتتى. ئۇلار ئەبەدى قۇللۇققا مەھكۇم قىلىنغانىدى. مائاش ياكى ھەق دېگەندەك نەرسىلەر ھېچ بېرىلمەيتتى. دېھقان بىلەن پومېشچىكلارنىڭ مۇناسىۋىتى خۇددى خوجايىن بىلەن قۇلنىڭ مۇناسىۋىتىگە ئوخشايتتى."

## زۇلۇم ۋە تېرور

يەھۇدىيلار شام ۋە ئىراقتا ياقۇبىيلار بولسا مىسىردا قەبىھلەرچە زۇلۇمغا كىرىشىپ كەتتى. ھۆكۈمرانلار ئەتراپقا ۋەھشىيلىك چاچتى، قان ئېقىتتى. ماللارنى بۇلاپ-تالىدى، باشقىلارنىڭ ئىززەت-نەپسىگە چېقىلدى ۋە دۆلەتنى ئوت ئىچىگە سۆرەپ كىردى. دەرتمەنلەر ئۆز دەرتلىرىنى تۆكۈشتىن ئەيمىنىپ ئىچىگە يۇتۇشقا مەجبۇر بولدى. ئەمما قىززىقارلىقى شۇكى، خەلق بۇ بۇزۇق مىزاننىڭ ئىلاھى تەقدىر ۋە قېچىپ قۇتۇلغىلى بولمايدىغان قىسمەت ئىكەنلىكىگە ئىشىنەتتى.

## ساختا مەدەنىيەت ۋە ھەشەمەتلىك ھايات

داغدۇغا، ھەشەمەت ۋە ئىسراپچىلىقنىڭ پاتقىقىغا پاتقان رىم ۋە ئىران دۆلەتلىرى ساختا مەدەنىيەت ۋە جەزىبىدار ھايات دېگىنىدا جان تالىشىۋاتاتتى. رىم ۋە پارس دۆلىتىنىڭ ھۆكۈمرانلىرى غەپلەت قۇدۇقىغا غۇلاپ كەتكەنىدى. ئۇلارنىڭ دۇنيا ھاياتىغا بېرىلىش ۋە كەيپ سۈرۈشتىن باشقا غەم-غۇسسىلىرى يوق ئىدى. مەغرۇرلۇقى ۋە چوڭچىلىقىدىن ئۇلارغا يېقىنلاشقىلى بولمايتتى. كۈندىلىك ھاياتنى قولايلاشتۇرىدىغان دۇنيا ھاياتىنى تېخىمۇ جەلىبكار ھالغا كەلتۈرىدىغان بىر يۈرۈش مەسىلىلەر ھەققىدە كەڭ دائىرىلىك، ئىنچىكە تەتقىقات ئىزدىنىشلار ئېلىپ بېرىلىۋاتاتتى. خىسراۋ ئەبىنۇشىرنىڭ 12 مىڭ ئايالى، ئەللىك مىڭ ئېتى سان-ساناقسىز دەرىجە كۆڭۈل ئېچىش بويۇملىرى، ھەشەمەتلىك سارايلىرى ھەرخىل بايلىق ۋە كىرىم مەنبەلىرى بار ئىدى. ئۇنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تور بېتى
www.uyghurkitap.com



سارىيى تەنتەنە ۋە ھەشەمەتنىڭ ماكانى ئىدى.

ماكارىيۇس مۇنداق دەيدۇ:

"تارىختا خىسراۋلاردەك يىراق شەرق بىلەن يېقىن شەرق ئارىسىدىكى دۆلەتلەردىن ھەدىيە-تارتۇق قوبۇل قىلىدىغان، ھاكاۋۇر ۋە مال-بايلىقلا تۈيمايدىغان باشقا بىر ھۆكۈمدار كۆرۈلمىدى. ئىسلام فەتھلىرىدە ئىراقتىن قاچقان خىسراۋلارنىڭ خەزىنىلىرىدە تاشلاپ قويغان كىيىملىرى، قىممەتلىك ئەشيالىرى، سوۋغاتلار ۋە باھا پىچىلمەس مۇجەۋھەرلەر ھەددىن زىيادە كۆپ ئىدى. ئۇندىن باشقا، ئەرەبلەر ئېغىزلىرى قوغۇشۇپ بىلەن پېچەتلىنىپتىلگەن ساندۇقلارغا تولغان بىر تۈرلۈك چىدىرنى تېپىۋالغانىدى. ئەرەبلەر مۇنداق دېيىشىدۇ: "بىز ساندۇقنىڭ ئىچىدە يىمەك-ئىچمەك بار دەپ ئويلاپتۇق، ساندۇقنى ئېچىپ نېمە كۆردۇق؟ ئالتۇن ۋە كۈمۈش قاچىلار..."

ئەرەب تارىخچىلىرى مۇسۇلمانلار مەدائىنغا بېسىپ كىرگەندە قولغا كىرگۈزگەن «خىسراۋ سارىيى» نى تەسۋىرلەپ مۇنداق دەيدۇ:

"سارايى 3600 قەدەم چوڭلۇقىدا بولۇپ، ھەربىر پاياندازنىڭ كەڭلىكى ئۈچ قەدەم كېلەتتى. تاختايلىرى ئالتۇندىن، بىزەكلىرى ئالماس-ياقۇتتىن، مېۋىلىرى جاۋاھىردىن، ياپراقلىرى ئالتۇن سۈيى ۋە يىپەك توقۇلمىلاردىن بولۇپ، ئىچىدە خۇددى سىزىپ قويغان رەسىمدەك يوللار، دەريادەك نەقىشلەر ۋە سارايىنىڭ دەل ئوتتۇرىسىدا چىركاۋغا ئوخشايدىغان بىر قۇرۇلۇش بار ئىدى. ئەتراپى ئېكىنزارلىق ۋە خۇددى باھار پەسلىدە ئالتۇن شاخلاردا ئۈنۈپ چىققان يىپەك بىخلارغا ئوخشايتتى. ئەتراپقا چېچىلىپ تۇرغان نۇر خۇددى ئالتۇن-كۈمۈشتەك يالتىرايتتى. زىلچە- سىزاق گىلەملەر قىشتا قوللىنىلاتتى ۋە ئۇنىڭدىن باھار پەسلىنىڭ خۇش ھىدى كېلىپ تۇراتتى. بەزمى قىلماقچى بولسا، سورۇننى شۇ گىلەملەرنىڭ ئۈستىگە قۇراتتى ۋە ئۆزلىرىنى خۇش ھاۋالىق باغدا ئولتۇرغاندەك ھېس قىلىشاتتى".

بۇ مەنزىرە بىزگە ئىران مەدەنىيىتى پىتىپ قالغان ھەشەمەتچىلىك ۋە ئىسراپخورلۇق پاتقىقىنى ناھايىتى ئوچۇق تەسۋىرلەپ بەرمەكتە.

رىم ئىمپېراتورلىقى ۋە مەدەنىيىتى ئاستىدىكى شامنىڭ ئەھۋالىمۇ بۇنىڭدىن پەرقلەنمەيتتى. بۇ ئىككى دۆلەت ۋە مەدەنىيەت، يەنى رىم ۋە ئىران مەدەنىيىتى مەغرۇرلۇق، ھەشەمەت ۋە داغدۇغىدا خۇددى بەيگىگە چۈشكەن ئىككى ئاتقا ئوخشايتتى. شامدىكى رىملىق پاپالار ۋە مۆتىۋەر ئىنسانلار ئەسلى يولىدىن خېلىلا ئېزىپ كەتكەن ئىدى. ئايۋان-سارايلار، مەيخانا ۋە بەزمىخانىلار كۆڭۈل ئېچىش مەنقۇلات(بۇيۇم) لىرى ۋە كەيپ-ساپا قىلىدىغان ماددىلار بىلەن تولۇپ تاشقان ئىدى. يىغىنچاقلاپ ئېيتقاندا، رىملىقلار ھەشەمەت، ئىسراپخورلۇق ۋە رىياكار ھاياتنىڭ پاتقىقىغا پىتىپ قالغان ئىدى. شائىر ھاسسان ئىبنى سابىت غەسسانلىق جەبەلە ئىبنى ئەيھەمنىڭ مەجلىسى ھەققىدە توختىلىپ مۇنداق دەيدۇ:

"مەجلىستە بەشى ساز چېلىپ ناخشا ئېيتىدىغان، باشقا بەشى "ھىرە" ناخشىلىرىنى تەكەش قىلىپ ئېيتىدىغان جەمئىي 10 رىملىق ئايالنى كۆردۈم. ئۇلارنى بۇنىڭغا "ئىياس ئىبنى غەبىس" ھەدىيە قىلغان ئىدى. مەككە ۋە باشقا ئەرەب دىيارلىرىدىن سازچىلار توپ-توپ بولۇپ كېلىشەتتى. بەزمە باشلانغىنىدا يەرگە ياسمىن شاخلىرى ۋە ھەرخىل رەيھانلارنى قويۇپ ئولتۇراتتى. ئالتۇن ۋە كۈمۈش قەدەھلەرگە ئىپار ۋە ئەنبەر ئارىلاشتۇرۇلۇپ كۈمۈش پەتنۇسلاردا سۇنۇلاتتى. قىشتا نەمدەلگەن سەندەل دەرىخىنى قالايتتى. يازدا بولسا، ئەتراپقا قار تۆكۈلەتتى. ئۆزى ۋە ئەتراپىدىكىلەر يازدا يازلىق كىيىملەرنى، قىشتا قارابۇلغۇن ۋە ئۇنىڭغا ئوخشاش ھايۋانلارنىڭ تېرىسىدىن تىكىلگەن جۇۋا-سىرىق پەلتولارنى كىيىپ، راھەت-پاراغەت ئىچىدە ياشايتتى."

ئىمتىيازلىق كىشىلەر، يۇرت چوڭلىرى، بايلار، ھاللىق سەۋىيىدىكى ئائىلە ئەزالىرى ۋە ئوتتۇرا تەبىقىنى تەشكىل قىلغان كىشىلەر ھۆكۈمرانلارنى دوراپ، كىيىم-كېچەكىم يېمەك-ئىچمەك، ئىچىملىك سورۇنلىرى ۋە ھەشەمەتچىلىكتە

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئۇلارغا يېتىشىش ئۇچۇن تىرىشاتتى. ھۆكۈمرانلارنىڭ ئادەتلىرىنى ۋە ھايات پەلسەپىلىرىنى ئۆزلىرىگە ئۈلگە قىلاتتى.

يېغىنچاقلاپ ئېيتقاندا، ھايات ئىچىدىن چىققىلى بولمايدىغان دەرىجىدە قالايمىقانلىشىپ، مەدەنىيەت مەسىلىسى تېخىمۇ چىگىش ھالغا كېلىپ قالغانىدى. بىر شەخسنىڭ ئۆز كىيىمى ۋە يېمەكلىكى ئۈچۈن قىلغان راسخوتى بىر يېزا كىشىلىرىنى تويغۇزغىدەك ياكى بىر قەبىلىنى كېيىندۈرگىدەك دەرىجىگە بېرىپ يەتكەنىدى. ئىمتىيازلىق ۋە مۆتىۋەر كىشىلەرنىڭ مۇشۇنداق قىلىشى كېرەك ئىدى. بۇ ئادەتكە سەل قارىغان ياكى ئورۇندىمىغانلار كۆزگە ئىلىنمايتتى ۋە مەسخىرە قىلىناتتى. ھەتتا بۇ ئۆرپ-ئادەت ھاياتنىڭ بىباھا دەستۇرىغا ۋە جەمئىيەتنىڭ ۋاز كەچكىلى بولمايدىغان قانۇنىغا ئايلىنىپ قالغانىدى.

شەبى مۇنداق دەيدۇ:

"ئىرانلىقلار باش كىيىملىرىنى قەبىلىلەر ئارىسىدىكى ئىمتىياز ۋە ئورنىغا قاراپ تىكتۈرەتتى. ئەڭ شەرەپلىك بولغانلارنىڭ باش كىيىمىنىڭ قىممىتى 100 مىڭ دەھەم ئىدى. ھۇرمۇز(ئادەم ئىسمى)مۇ ئەڭ شەرەپلىكلەر گۇرۇپپىسىغا مەنسۇب بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنىڭ باش كىيىمى ئۈنچە-مەرۋايىتلار بىلەن بېزەلگەن بولۇپ، قىممىتى 100 مىڭ دەرھەم ئىدى. بىرىنىڭ ئەڭ شەرەپلىك بولۇشى ئۈچۈن يەتتە ئائىلىدىن بىرى بولۇشى كېرەك ئىدى. ئۇندىن تۆۋەن دەرىجىدە شەرەپلىك بولغانلارنىڭ باش كىيىمىنىڭ قىممىتى 50 مىڭ دەرھەم ئىدى. رۇستەمنىڭ كىيىمى 70 مىڭ دەرھەمگە سېتىلغان بولۇپ، باش كىيىمى 100 مىڭ دەرھەم قىممىتىدە ئىدى."

خەلق بۇ ھەشەمەتلىك ھاياتقا ۋە ئۇنىڭ بۇزۇق ئەقىدىلىرىگە ئاستا-ئاستا كۆنۈپ قالدى. ئۇنىڭ غىزاسى بىلەن ئوزۇقلىنىپ، ئۇنىڭ قولىدا ئۆسۈپ يېتىلدى. ئۇنىڭ تەبىئىتىدە ئىككىنچى بىر خارەكتېر پەيدا بولدى. چۈنكى ھەر قانچە قىلىپمۇ بۇ ھاياتتىن قۇتۇلالمىغانىدى. ھەتتا ئېھتىياجلىق ۋە قىيىنچىلىق

پەيتلىرىدىمۇ ئاددى-ساددا ھاياتقا قايتىپ بولالمىدى. ئۇلارنىڭ ئېيتىشىچە، ئىراننىڭ ئەڭ ئاخىرقى ھۆكۈمرانى مەدائىندىن قاچقان ۋاقتىتا، يېنىدا 1000 دانە ئوۋچى ئىتى، 1000 ناخشىچى يولۋاسلىرىغا قارايدىغان 1000 مىڭ خىزمەتچى، قۇشلارغا ۋە باشقا نەرسىلەرگە قارايدىغان 1000 خىزمەتچى ئېلىپ ماڭغانىدى، ھەتتا بۇلارنى ئاز كۆرگەنىدى. ئەھۋاز ھۆكۈمدارى ھۇرمۇز ھەزرىتى ئۆمەرنىڭ ھوزۇرىدا سۇ تەلەپ قىلدى، ئۇنىڭغا قوپال بىر قاچىدا سۇ بېرىلدى. ھۇرمۇز مۇنداق دېدى: "ئۇسساپ ئۆلسەممۇ، بۇنداق قاچىدا سۇ ئىچمەيمەن". شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭغا ئۇ خالىغان قاچىدا سۇ بېرىلدى.

## باج-سېلىقنىڭ ئېغىرلىشىشى

بۇ دەبدەبىلىك ۋە ھەشەمەتلىك ھايات باج-سېلىقنىڭ ئېغىرلىشىشىغا، دېھقان، ھۈنەرۋەن، سودىگەر ۋە تىجارەت تەبىقىسىنىڭ ماللىرىنىڭ تالان-تاراج قىلىنىشى ئۈچۈن يېڭى قانۇنلارنىڭ تۈزۈلۈشىگە سەۋەب بولدى. ھۈنەرۋەننىڭ ھالى خارابلىشىپ، مۇنقەرز بولۇشقا باشلىدى، يېڭى باج-سېلىقلار خەلقنىڭ زېمىنىسىگە تېخىمۇ يۈك ئېلىپ كېلىپ بەللىرىنى تۈزىيەلمەس ھالغا كەلتۈرۈپ قويدى. «ساسانىيلار دەۋرىدە ئىران» ناملىق ئەسەرنىڭ ئاپتورى مۇنداق دەيدۇ: "ئىران ھۆكۈمرانلىرىنىڭ خەلقتىن سوۋغا ئېلىشى ئۆرپ-ئادەتكە ئايلانغانىدى ۋە بۇنى «ئەيىن» دەپ ئاتايتتى. بۇ، رەسمى باج-سېلىقلارغا قوشۇمچە قىلىنغان بولۇپ، نەۋرۇز ۋە بايرام كۈنلىرىدە يەنە ئايرىم سوۋغا-سالام ئېلىناتتى. ئىرمىنىيە-باتۇمدىكى ئالتۇن مەدەنلىرى ھۆكۈمدارنىڭ شەخسىي مىلى بولۇپ، ئۆزىنىڭ شەخسىي راسخوتلىرى ئۈچۈن سەرپ قىلاتتى."

شاملىق ئەرەب تارىخچىمۇ مۇنداق دەيدۇ:

"شام خەلقى جىزىيە، ئۆشۈر ۋە مال بېجىدىن باشقا يەنە كىشى بېشىغا ئايرىم باج تۆلەشكە مەجبۇرلانغانىدى. رىملىقلارنىڭ مەدەن ئوچاقلىرى، باج-

سېلىق، مۇنبەتلىك ۋە مول-ھوسۇللۇق ئېكىنزارلىق ۋە يايلاقلىرىغا ئوخشاش مول كېرىم مەنبەلىرى بار ئىدى. بۇ كىرىم مەنبەلىرى «ئۇششار» دەپ ئاتالغان كۆتۈرە ئالغۇچى شىركەتلەرگە ئىجارىگە بېرىلەتتى. ئاندىن بۇلارنىڭ باج ۋە راسخوت ھەققىنى ھۆكۈمەتتىن سېتىۋالاتتى. ھەر بىر ۋىلايەتتە بۇنداق ئۆشرىچى شىركەتلەردىن بىر قانچىسى تېپىلاتتى. ھەر بىر شىركەتنىڭ باجگىر ۋە كاتىبلىرى بولاتتى. ئۇلار ئۆزلىرىنى بەكمۇ ئىبسلزادە ھېسابلايتتى. ئىبلىشى كېرەك بولغان مىقداردىن ئارتۇق باج-سېلىق ئالاتتى. خەلقنىڭ قولىدا نېمە بولسا، شۇنى تارتىپ ئالاتتى. كۆپىنچە ھاللاردا بېجىنى تۆلىيەلمىگەنلەرنى قۇل ئورنىدا سېتىۋېتەتتى.

بىر تارىخچى رىم ئېمپىراتورلىقىنىڭ سىياسىتىنى تىلغا ئېلىپ مۇنداق دەيدۇ: "ياخشى مالچى قويلىرىنىڭ يۇڭىنى ۋاقتىدا قىرقىپ تۇرىدۇ. رىم ئېمپىراتورلىقىمۇ ئۆتكەن ئىككى ئەسىر ئىچىدە ئۆز ھۆكۈمرانلىقىدىكى خەلققە بۇنىڭغا ئوخشاش مۇئامىلە يۈرگۈزدى. تاشقى دۈشمەنلەرنىڭ ھۇجۇمىدىن قوغداش باھانىسى بىلەن خەلقنى ئاچ-زار قويۇپ خانىۋەيران قىلىۋەتكەن ئىدى."

## پەرىشان قىلغان بېسىم

شۇنىڭ بىلەن، بۇ ئىككى دۆلەت خەلقى بىر-بىرىدىن پۈتۈنلەي ئايرىم ئىككى گۇرۇھقا بۆلۈندى. ھۆكۈمرانلار، ئەمەلدارلار، ساراي خادىملىرىنىڭ ئائىلىلىرى، ئۇلارنىڭ ئۇرۇق-تۇغقانلىرى ۋە ئۇلار بىلەن چېتىشلىق بولغان بايلار رەيھان شاخلىرى ۋە گۈل-چېچەكلەر ئارىسىدا ياشايتتى، كۆز قاماشتۇرغۇچى مال-بايلىق ئىچىدە ئۈزۈپ يۈرەتتى. ئاتلىرىنىڭ تاقلىرىنى ئالتۇندىن ياساپ، ئۆيلىرىنى يىپەك-دۇردۇنلار بىلەن بېزەيتتى.

دېھقان، ھۈنەرۋەن، ئۇششاق تىجارەتچى ۋە باشقا ئىشلەمچىلەر مىكىنبىر جاپادا ئۆتكۈزەتتى. باج-سېلىق، ئۆسۈم ۋە ھايات شەرت-شارائىتىنىڭ

ئىغىرلىقى ئاستىدا ئېزىلىۋاتاتتى. پۇت-قولى كىشەنلىنىپ، بويۇنلىرى تاسما بىلەن باغلىناتتى. يىغىنچاقلىغاندا، ھايۋاندەك ياشاشقا مەجبۇر بولاتتى. ھاياتتا باشقىلىرى ئۈچۈن ئىشلەپ، جاپا-مۇشەققەت تارتىشتىن باشقا ئىشى بولمىغىنىدەك، قورساق تويغۇزۇشتىن باشقا دەرتلىرىمۇ يوق ئىدى. بۇ ئازاپلىق ھاياتتىن قۇتۇلغىنىدا بولسا، ئۆزلىرىنى كەيپ-ساپا ۋە ئويۇن-تاماشىنىڭ قوينىغا ئاتاتتى. بۇ جاپالاردىن قۇتۇلغان ۋاقىتلىرىدا، ھايات شارائىتلىرىنىڭ قىيىنلىقىغا قارىماي، يۇقىرى تەبىقىنى تەشكىل قىلىدىغان شەخسلەرنىڭ تۇرمۇش ئادەتلىرىنى ئۆگىنەتتى ۋە ئۆز تۇرمۇشلىرىدا تەقلىد قىلاتتى. ھالبۇكى، بۇ، تۇرمۇش خىراجىتىنى قامداشتىنمۇ بەكرەك تىرىشچانلىق تەلەپ قىلاتتى. نەتىجىدە، ھاياتلىرى زىندان بولدى. ئۆز نەسلىنى شالغۇتلاشتۇرۇپ، كۈنلىرىنى مەنىسىز ئىشلار بىلەن ئۆتكۈزدى.

## مال-بايلىق ئازغۇنلۇقى ۋە نامراتلىق غەپلىتى

شۇنداق قىلىپ، پەيغەمبەرلەرنىڭ ئەلچىلىگى، ئۇستۇن ئەخلاقى ئۆلچەملىرى ۋە پەزىلەتلىرى مەدەنىي دۇنيادا، مال-دۇنيانىڭ ئازغۇنلۇقى بىلەن نامراتلىق غەپلىتى ئارىسىدا يۇقاپ كەتتى. بايلار ھەشەمەت ۋە راھەت-پاراغەت سەۋەبىدىن دىنغا بىپەرۋا قارايتتى، ئاخىرەتكە بەك ئەھمىيەت بەرمەيتتى، ئۆلۈمنى ۋە ئۇندىن كېيىنكىسىنى ئويلىمايتتى. دېھقان ۋە ئىشچىلارمۇ خۇددى بايلارغا ئوخشاشلا، ھايات شارائىتلىرىنىڭ قىيىنلىقى، غەم ۋە ئېزىلىشلىرىنىڭ كۆپلۈكى سەۋەبىدىن دىنغا بەك ئەھمىيەت بەرمەيتتى. ھاياتنىڭ غەم-غۇسسىلىرى يوقسۇل بىلەن باينى ئوخشاشلا ئاۋارە قىلاتتى. ھەر ئىككىسىنىڭ ياشاشتىن ئىبارەت بىرلا غېمى بار ئىدى. ھايات چاقپىلىكى ئىنسانلار ئۇستىدە تېز ئايلىنىۋاتاتتى. ئەمما ئەڭ ئېچىنارلىقى شۇكى، ئىنسانلار بىر قېتىم بولسىمۇ باشلىرىنى كۆتۈرۈپ دىنغا ۋە ئاخىرەت ھاياتىغا قاراپ قويمايتتى. روھى، ھېسسىي ۋە ئۇلۇغ ئىشلار بىلەن شۇغۇللىنىشقا قەتئىي ۋاقىت چىقارمىدى.

## جاھىلىيەت شەكىللەندۈرگەن مەنزىرە

بىر ئىسلام ئالىمى بۇ مەنزىرىنى مۇنداق تەسۋىرلەپ بەرگەن ئىدى: "بىلكى رىملىقلار ۋە ئىرانلىقلار بىرنەچچە ئەسىرلىك ھاكىمىيەت دەۋرلىرىدە دۇنيا راھىتىگە بېرىلىپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن، ئاخىرەت ھاياتىنى ئۇنتۇپ، ھايات تىزگىنىنى شەيتاننىڭ قولىغا تۇتقۇزۇپ قويغان ئىدى.

ھايات ئۈچۈن كېرەكلىك ۋاسىتىلاردا خىلمۇخىل ئالغا باسقان ئىدى. ۋە بۇنىڭ بىلەن كۆرەڭلەپ كەتكەن ئىدى. دۇنيانىڭ ھەر تەرىپىدىن كەلگەن "پەيلاسوپلار" ئۇلارغا ھايات ئۈچۈن لازىم بولغان مۇھىم نۇقتىلارنى ۋە ھەرخىل يېڭىلىقلارنى ئۆگەتكەن ئىدى. خەلق پەيلاسوپلار يولغا قويغان پىرىنسىپلارغا تولۇق ئەمەل قىلىشقا تىرىشتى. ۋە ئۆزلىرىمۇ بەزى نەرسىلەرنى قوشۇمچە قىلدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، بۇ ئىشلاردىن پەخىرلىنەتتى. ھەتتا ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئېسىلزادىلارنىڭ ئىچىدە قىممىتى يۈزمىڭ دەرھەمدىن تۆۋەن تاج ياكى كەمەر تاقىغانلارغا، ئالىي دەرىجىلىك سارىيى، ھاممامى ۋە باغچىلىرى بولمىغانلارغا ياكى تۇلپارلىرى ۋە چىرايلىق دېدەكلىرى بولمىغان، ھېسسىياتسىز ۋە يۈرۈش-تۇرۇشنى بىلمەيدىغانلارغا بەك ئەھمىيەت بەرمەيتتى ۋە ئەيىبلەيتتى. بۇندىن باشقا ئېيتىپ تۈگەتكۈسىز دەرىجىدە كۆپ ئۆرپ-ئادەتلىرى بار ئىدى. دۆلىتىمىزنىڭ ھۆكۈمدارلىرى ئۇلار ھەققىدىكى رىۋايەتلەرنى بىزگە خېلى كۆپ سۆزلەپ بەرگەن ئىدى. بۇ ئورۇنسىز ئىسراپخورلۇق نورمال ھايات پىرىنسىپلىرىغىمۇ سىڭىپ كىرگەن ئىدى. روھلىرىنى بۇلغاپ، قەلبلىرىنى ئۆلتۈرگەن ئىدى، كۆڭۈللىرى نۇردىن، ھىدايەتتىن مەھرۇم قالغاچقا، مەدەنىيەتنىڭ ھەر ساھەسىدە قورقۇنچلۇق بوھران مەيدانغا كەلگەن ئىدى ۋە كۈتۈلمىگەن بىر ئاپەتنەك پۈتۈن دۆلەتنى سارالمىسىغا سالغان ئىدى. شەھەرلىك ياكى يېزىلىق، باي ياكى يوقسۇل ھەممىسى بۇ كېسەلدىن قۇتۇلالمىغان ئىدى. چۈنكى جەمىيەت بۇ پاتقاققا بەكمۇ چوڭقۇر پېتىپ كەتكەن ئىدى. قەلبىنى چەكسىز

غەم ۋە ئىزتىراپقا بوغقان بۇ ھاڭدىن قۇتۇلالمايۋاتاتتى، پالاكەتنىڭ ئېغىرلىقى ئالدىدا بەكمۇ ئاجىز قېلىۋاتاتتى. چۈنكى، بۇنداق ھايات ئىنسانلارغا بەكمۇ ئېغىر كېلىۋاتاتتى باج تۆلەشتىن باش تارتقانلارنى ئۆلتۈرەتتى ياكى قاتتىق قىيىن-قىستاققا ئالاتتى. قوبۇل قىلىپ باج تۆلىگەنلىرىنىمۇ ئېشەك ۋە ئۆكۈز ئورنىدا سۇ توشۇش، خامان تېپىش ۋە ئورما ئورۇشقا ئوخشاش ئىشلاردا ئىشلىتەتتى. ئۇ بىچارىلەرگە پەقەت ئەڭ ئېھتىياجلىق نەرسىلىرىنى قامدىيالىغۇدەك دەرىجىدە ھەق بېرەتتى. ئازراقمۇ ئارام ئالغىلى قويمايتتى. شۇڭا ئۇلار باشلىرىنى كۆتۈرۈپ ئاخىرەت ئىشلىرىغا يۈزلىنەلمەيتتى. تېخىمۇ توغرىسى، ئۇنداق قىلىشقا قۇربى يەتمەيتتى. بۇ كەڭ كەتكەن دۆلەتتە دىنىي ئېتىقادتىن خەۋىرى بولغان بىرمۇ كىشى يوق ئىدى."

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

# ئىككىنچى قىسىم

# جاھىلىيەتتىن ئىسلامىيەتكە

www.uyghurkitap.com

# بىرىنچى بۆلۈم

# پەيغەمبەرلەرنىڭ ئىسلاھ ۋە ئىنقىلاب مېتودلىرى

## مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ كۆزى ئالدىدىكى دۇنيا

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام پەيغەمبەر بولۇپ ئەۋەتىلگەن ۋاقىتلاردا دۇنيا شىددەتلىك زىلزىلىگە سەھنە بولغان ۋە مۇدھىش تىترەك ئىچىدە قالغان ئىدى. ھەممە نەرسە ئۆز ئورنىدىن قوزغىلىپ ئەتراپقا چېچىلغان، بىباھا ئابىدەلەرنىڭ بىر قىسمى يىلتىزىدىن قومۇرۇلۇپ تاشلانغان، بىر قىسمى ماكچىيىپ كاردىن چىققان، بەزىلىرى ئۆز ئورنىدىن ئېلىنىپ باشقا يەرگە ئېتىلغان، بەزىلىرى دەسسەپ - چەيلىنىپ مۇردىغا ئايلاندۇرۇلغان ئىدى.

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام دۇنيانى بىر پەيغەمبەر كۆزى بىلەن كۆزەتتى ۋە ھالسىرىغان (كونىراپ كەتكەن) بىر ئىنسانىيەت مەنزىرىسىگە دۇچ كەلدى. بۇ ئىنسانىيەت ياغاچقا، تاشقا، دەرياغا ۋە بۇنىڭغا ئوخشاش ئۆزلىرىگە ھېچ پايدا - زىيىنى يەتمەيدىغان مەۋجۇداتلارغا سەجدە قىلىۋاتاتتى.

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئەقلى كۈچى بۇزۇلۇپ، پىكىر دۇنياسى قالايمىقانلاشقان بىر ئىنسانىيەتنى كۆردى. قۇياشتەك ئوچۇق ھەقىقەتلەر ۋە ھېچ يوشۇرۇن تەرىپى بولمىغان ھادىسىلەرمۇ ئەقلىگە سىغمايۋاتاتتى. ئوي - پىكىر مېخانىزمى تارمار بولغان، ھەممە نەرسىسى تۈگەشكەن ئىدى. ئويئوچۇق نەرسىلەر نەزەرىيىۋى، نەزەرىيىۋى نەرسىلەر ئاشكارا ئىدى. ئۇنىڭ نەزىرىدە، ئىشىنىشى كېرەك بولغان نەرسىلەرنى دەل ئەكسىچە چۈشىنەتتى، ھۇزۇرى

قاچقان ئىدى. ئاچچىق نەرسىلەرنى تاتلىق دەپ بىلەتتى ۋە مەدەنىيەتچىلىكنى چىرايلىق دەپ قوبۇل قىلاتتى. خەتەرلىك، ئېغىر تائاملارنى ئىشتىھا بىلەن يەيتتى. ھېسسىياتلىرى ئۆچكەن ئىدى. رەزىل دۈشمىنىدىن قاچمايتتى، سادىق دوستىغا يېقىنلاشمايتتى، غەيرىي بىر ھېسسىيات ئىچىدە تولغىنىۋاتاتتى.

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام دۇنيانىڭ كىچىك بىر پارچىسىنى تەمسىل قىلىدىغان بىر جەمئىيەتكە دۇچ كەلدى. ئۇ يەردە ھەر نەرسە ئەسلى سالاھىيىتى ۋە ئۆز ئورنىدىن يىراقلاشتۇرۇلغان ئىدى. ئۇ يەرگە ئاچ بۆرىلەر، زالىم دۈشمەنلەر ھاكىم بولغان ئىدى. قاتىللار كوچىمۇ كوچا ئايلىنىپ داۋراڭ سالاتتى. ئەخلاقلىق، دورۇست كىشىلەر ھەممە نەرسىدىن مەھرۇم، بەختسىز ئىدى.

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بۇ جەمئىيەتنىڭ ياخشى تەرەپلىرىنى ئىنكار قىلمىغىنىدەك، يامان تەرەپلىرىنىمۇ قوبۇل قىلمىدى. ئۇ يەردە ئادىمىزاتنى تېز سۈرئەتتە يوقلۇق ئالىمىگە ئېلىپ بارىدىغان ۋە ئىنسانىيەتنى ئۆلۈم ئازگىلىغا ئىتتىرىدىغان بۇزۇق قورال (ۋاستە)لارنى كۆرگەن ئىدى.

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ھاراق - شاراپنىڭ بەكمۇ كەڭ يېيىلغانلىقىنى، يالغانچىلىق ۋە ئالدامچىلىقنىڭ ئەۋج ئالغانلىقىنى، ئۆسۈم بېرىپ ئېلىش ۋە جازانىخورلۇقنىڭ يۇقىرى پەللىگە چىققانلىقىنى كۆردى. تەمەخورلۇق ۋە ئاچكۆزلۈكنىڭ، چۈشكۈنلۈك ۋە قارا نىيەتلىك دەرىجىسىگە چىققانلىقىنى، زورلۇق ۋە زۇلۇمنىڭ بالىلارنى تۇپراققا تىرىك كۆمۈۋېتىدىغان ۋە بوۋاقلارنى قەبىھلەرچە ئۆلتۈرۈۋېتىدىغان دەرىجىگە يەتكەنلىكىنى كۆردى.

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئاللاھنىڭ زېمىنىنى قولدىن قولغا مىراس سۈپىتىدە ئۆتكۈزۈۋالغان قوماندانلارنى، ئاللاھنىڭ قۇللىرىنى ئۆزلىرىگە قۇل قىلىۋالغان پادىشاھلارنى كۆردى. ئۆزلىرىنى ئاللاھتىن باشقا ئىلاھ دەپ ئېلان قىلىپ، خەلقنىڭ ماللىرىنى ھەقسىز يەپ - ئىچكەن ۋە ئاللاھ كۆرسەتكەن

يولدىن قەدەممۇ قەدەم يىراقلاشقان ئەربابلار ۋە راھىبلارنى كۆردى.

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئادەمزات ئورنىنىڭ پايدىلانغىلى بولمىغۇدەك دەرىجىدە زەئىپلەشكەنلىكىنى ياكى ئەسلى مۇددىئاسىدىن بۇرۇۋېتىلگەنلىكىنى، توغرا باشقۇرۇلمىغانلىقىدىن ئۆز ساھىبىغا ۋە ئىنسانىيەتكە يۈك بولغانلىقىنى كۆردى. يىگىتلىكنىڭ باشباشتاقلىق ۋە يولسىزلۇققا، مەرتلىكنىڭ ھىيلە ۋە ئىسراپچىلىققا، يوللۇق مۇداپىئەنىڭ جاھىلىيەت مۇتەئەسسىپلىكىگە، زېھنىنىڭ ئاچكۆزلۈك ۋە ئالدامچىلىققا، ئەقلىنىڭ يېڭى - يېڭى جىنايەتلەرگە، نەپسى شەھۋەتنىڭ ئەقىل ئالمىغۇدەك يوللارغا يۈزلەندۈرۈلگەنلىكىنى كۆردى.

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام پۈتۈن ئىنسانىيەتنىڭ، يىغىنچاقلاپ ئېيتقاندا، كائىناتنىڭ مەدەنىيەت ئابىدىسىنى تىكلىگۈدەك ماھىر بىر سەنئەتكاردىن مەھرۇم، ئىشلەتمىگەن خام ماددا ئىكەنلىكىنى كۆردى. خۇددى ھايات دېڭىزىنى يېرىپ ئالغا ئىلگىرىلەيدىغان بىر كېمىنىڭ مەيدانغا كېلىشىدە ئۇستا ياغاچچىنىڭ قولىدىن ئۆتمىگەن تاختا پارچىلىرىغا دۇچ كەلگەندەك، (مانا مۇشۇنداق) مەنزىرىگە دۇچ كەلدى.

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام خەلقنىڭ پادىچىسىز مال توپىغا ئوخشاش ئىگە - چاقىسىز تاشلىۋېتىلگەنلىكىنى، سىياسەتچىلەرنىڭ بېشى قويۇۋېتىلگەن بىر ئاۋارە تۆگىنىڭ ھالىغا چۈشۈپ قالغانلىقىنى، ھۆكۈمدارلىقنىڭ ئۆزىنى، بالىلىرىنى ۋە قېرىنداشلىرىنى جاراھەتلەندۈرگەن مەستىنىڭ قولىدىكى قىلىچنىڭ ئورنىغا چۈشۈپ قالغانلىقىنى كۆردى.

## بۇزۇلغان ھاياتتىن مەنزىرىلەر

بۇزۇلغان بۇ ھاياتنىڭ ھەر بىر ساھەسى بىر ئىسلاھاتچىنىڭ پائالىيىتى ۋە غەمخورلۇقىنى كۈتمەكتە ئىدى، بولار - بولماس ئىسلاھاتچىلار بۇنداق ھاياتنىڭ پەقەت بىر تەرىپىنى تۈزىتەلىشى، ھەتتا ئۇنىمۇ قىلالماسلىقى مۇمكىن.

ئىسلاھاتچىنىڭ پۈتۈن ئۆمرى جەمئىيەتنىڭ بىر خاتاسىنى تۈزىتىش بىلەن ئۆتىدۇ. ھاياتىنى بىر نۇقتا ئۈستىگە سەرپ قىلىدۇ. ھالبۇكى، ئىنسان پىسخولوگىيىسى كۆپ قاتلاملىق (كۆپ تەرەپلىك) مۇرەككەپ بىر مەنزىرە شەكىللەندۈرىدۇ. قىلدام تومۇرلىرى بەكمۇ ئىنچىكە، كىرىش ئېغىزلىرى ۋە ئىشىكلىرى بەكمۇ كۆپ، قۇتۇلۇشى ۋە تەسەللى نۇقتىلىرى بەكمۇ مەخپىي بولىدۇ. ئەگەر يولىدىن چىقىپ كېتىپ قالسا (ئېزىپ كەتسە)، خاتالىقلىرىدىن پەقەت بىرىنى تۈزىتىش ياكى ئادەتلىرىدىن بىر قانچىسىنى ئۆزگەرتىش بىلەن ئۇنى توسۇپ قالغىلى بولمايدۇ. ھەممە نەرسىنى ۋەيران قىلىۋېتىدۇ. شۇڭا ئىنسان قەلبىنى يامانلىقتىن ياخشىلىققا، بۇزۇلۇشتىن تۈزىلىشكە قاراپ ئۆزگەرتىش، خۇددى مۇنبەت تۇپراقتا ئۆسكەن پايدىسىز ئوت ـ چۆپنى يۇلۇپ تازىلىغانغا ئوخشايدۇ. تەربىيىلەشنىڭ بۇزۇلۇشى نەتىجىسىدە ئادەمزاتنىڭ روھىدا بىخلانغان جىنايەت ئۇرۇقلىرىنى يۇلۇپ تاشلاپ، ئۇنىڭ ئورنىغا ئەخلاق ـ پەزىلەت ۋە ياخشىلىقنى سۆيۈش، ئاللاھتىن قورقۇش ئىدىيىسىنى تىكلەش ئەڭ توغرا يولدۇر.

ئىنسانلار جەمئىيەتتە كۆرۈلگەن كېسەللىكنى داۋالاش ۋە يېڭى يېتىشۋاتقان نەسىللەردە كۆرۈلگەن خاتالىقلارنى تۈزەشكە پۈتۈن ئۆمۈر كېتىدۇ، بەزىدە ئىسلاھ قىلىشقا ئىسلاھاتچىلارنىڭ پۈتۈن ئۆمرى كەتكەن تەقدىردىمۇ ھېچبىر نەرسە ئۆزگەرمەيدۇ (تۈزەلمەيدۇ)، ئىسلاھاتچىدىن بىرى كەيىپ ـ ساپا ۋە ئويۇن ـ تاماشىنى ئۆزگە كەسىپ قىلىۋالغان باشباشتاق، ئىنتىزامسىز بىر جەمئىيەتتە ئىچىملىكنى چەكلىسە، مۇۋەپپەقىيەت قازىنالمايدۇ، ئەمگىكى بىكارغا كېتىدۇ. چۈنكى، ئىچىملىك گەرچە زەھەر بولسىمۇ، ئىنسان نەپسىنىڭ غىزاسى بولغاچقا، ئىنسان نەپسى گۇناھ بولۇشقا قارىماي كەيىپ سۈرۈشنى خالايدۇ. تەشۋىقاتلار، مەتبۇئات ۋاسىتىلىرى، كىتابلار، لېكسىيە ـ دوكلاتلار، تېببىي ۋە ئەخلاقىي زىيىنىنى چۈشەندۈرىدىغان كىچىك قوللانمىلار، كەسكىن قانۇنلار ۋە ئېغىر جازالار ھېچقاچان بۇنى توسالمايدۇ. بۇ پەقەت چوڭقۇر روھىي ئىسلاھات بىلەن ھەل قىلىنىشى مۇمكىن. ئەگەر بۇ يولدىن باشقا بىر يول

بىلەن ھەل قىلىشقا ئۇرۇنۇلسا، يېڭى - يېڭى جىنايەتلەرنىڭ تۇغۇلۇشىغا ياكى ئىسمىنى ۋە شەكلىنى ئۆزگەرتىشتەك ھەرخىل تۈيۈق يوللارغا كىرىپ قېلىشىغا سەۋەبچى بولىدۇ.

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام پەقەت بىر رايوننىڭ ئادىمى ياكى بىر دۆلەتنىڭ رەھبىرى ئەمەس ئىدى. ئەگەر مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بىر رايوننىڭ ئادىمى بولۇش، مىللىتىنىڭ داھى (رەھبەر)لىرى ۋە سىياسىي رەھبەرلىرىنىڭ يولىدا مېڭىشنى خالىغان بولسا ئىدى، ئەرەبىستان ئۇنىڭ ئۈچۈن ئەڭ مۇۋاپىق يەر بولۇپ، پائالىيەت سەھنىسى بەكمۇ كەڭ ئىدى. ئەگەر مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بۇ خىيالدا بولغان بولسا ئىدى، قۇرەيش ۋە باشقا ئەرەب قەبىلىلىرىنى بىر بايراق ئاستىغا يىغىپ، قۇۋۋەتلىك ئەرەب بىرلىكى قۇرالايتتى ۋە بۇ بىرلىكنىڭ قوماندانلىق ئورنىغا ئولتۇرالايتتى. شۈبھىسىزكى، بۇ بايراقنىڭ ئاستىغا تۇنجى بولۇپ ھىشامنىڭ ئوغلى ئەبۇجەھل، رەبىيانىڭ ئوغلى ئۇتبە ۋە باشقىلىرى كىرەتتى، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى ئۆزلىرىنىڭ قوماندانى قىلىپ، ئۇنىڭ رەھبەرلىكىدە جەڭ قىلاتتى. مەككە خەلقى ئۇنىڭ دۇرۇست ۋە راستچىل ئىكەنلىكىنى كۆرمىگەنمىدى؟ مەككىدىكى ۋاقىتدا، ئەڭ چوڭ ۋەقەگە ئۇنى ھاكىم قىلىپ، شەرەپنىڭ ئەڭ بۈيۈكىنى ئۇنىڭغا بەرمىگەنمىدى؟ ھەجەرۇل ئەسۋەدنىڭ كەبىدىكى ئورنىغا قويۇلۇشىدا ئۇنى ھاكىم قىلمىغانمىدى؟ ئۇتبە ئىبنى رەبىيەنىڭ ۋاسىتىسى بىلەن (چۈنكى ئۇلارنىڭ سىياسىي كۈچى ئاجىز ئىدى): "ئەگەر رەئىسلىك قىلىشنى خالىساڭ، پۈتۈن بايراقلىرىمىزنى ساڭا تاپشۇرايلى، سەن ئۆلگۈچە بىشىمىزدا رەئىس بولغىن" دېمىگەنمىدى؟

ئەگەر مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بۇ تەكلىپنى قوبۇل قىلغان بولسا ئىدى، ئەرەب يىگىتلىرى ۋە ئاتاقلىق قوشۇنى بىلەن ئىران دۆلىتىنى ئۆرۈپ، مەزلۇم ئەرەب مىللىتىنى زەپەرگە ئېرىشتۈرۈش ئارقىلىق مىللىي شەرەپ ۋە ئەرەب ئىستىلاسىنىڭ ئۇلىنى رۇم ۋە ئىران قەلئەسىنىڭ ئۈستىگە قۇرغان بولاتتى.

سىياسىي ئەھۋال ئىككى ئىمپېراتورلۇق بىلەن ئۇرۇشۇشقا ئىمكان بەرمىگەن

تەقدىردىمۇ، ھەبەشىستان (ئېفىئوپىيە)، يەمەن ياكى باشقا قوشنىلىرىغا ئۇرۇش ئېچىپ، ئۇلارنى يېڭى بەرپا قىلىنغان ئەرەب بىرلىكىگە قوشۇۋالالايتتى.

ئەرەبلەرنىڭ ئۆز ھاياتلىرىدا سىياسىي قوماندانغا، ياخشى باشقۇرغۇچىغا، تەجرىبىلىك بىر رەئىس ۋە ئالدىنكۆرەر رەھبەرگە موھتاج كۆپلىگەن سىياسىي ۋە ئىقتىسادىي مەسىلىلىرى بار ئىدى. ئەگەر بۇ مەسىلىلەر بۇ سۈپەتلەرگە ئىگە بىر ئادەمنىڭ قولىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلسە ئىدى، ئەرەبلەرنىڭ بۈيۈك ئورنى ۋە يېڭى بىر تارىخى بولغان بولاتتى.

## مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام باتىللىقنى باتىللىق بىلەن تۈگىتىش ئۈچۈن ئەۋەتىلمىدى

شۈنىسى ھەقىقەتكى، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام باتىللىقنى باتىللىق بىلەن تۈگىتىش، بىر دۈشمەننى باشقا بىر دۈشمەننىڭ ئورنىغا ئالماشتۇرۇش، بىر نەرسىنى بىر يەردە ھارام، باشقا بىر يەردە ھالال قىلىش، بىر مىللەتنىڭ ئۆرپ - ئادىتىنى باشقا مىللەتنىڭكىگە ئۆزگەرتىش ئۈچۈن، ئۆچۈپ قالاي دېگەن چوغنى پۈۋلەپ ئۇلغايتىدىغان، پىچاقنى سۆڭەككە تىقىدىغان (سەۋر - تاقەتنى تاشۇرىدىغان) سىياسىي قوماندان ياكى زىيادە مىللەتچىلىك قىلىدىغان رەھبەر سۈپىتىدە ئەۋەتىلمىگەن ئىدى. (مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام شۇنداقلا) ئىنسانلارنى ئىران ۋە رۇملارنىڭ زومىگەرلىكىدىن قۇتۇلدۇرۇپ، ئادنان ۋە كاھتانلارنىڭ ھاكىمىيىتىگە ئۆتكۈزۈپ بېرىش ئۈچۈن ئەۋەتىلمىگەن ئىدى. بەلكى، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام پۈتۈن ئىنسانىيەتكە ئاگاھلاندۇرغۇچى ۋە خۇشخەۋەر يەتكۈزگۈچى سۈپىتىدە ئەۋەتىلگەن ئىدى. يىغىنچاقلىغاندا، ئىنسانىيەتنى رەببىنىڭ (پەرۋەردىگارىنىڭ) ئىزنى بىلەن ئاللاھقا دەۋەت قىلىدىغان يورۇتقۇچى بىر مەشئەل سۈپىتىدە ئەۋەتىلگەن ئىدى. شۇنداقلا، ئاللاھنىڭ بارلىق قۇللىرىنى قۇلغا قۇللۇق قىلىشتىن قۇتۇلدۇرۇپ، بىر ئاللاھقا يۈزلەندۈرۈش، ئىنسانىيەت ئالىمىنى دۇنيا ئازابىدىن تارتىپ چىقىرىپ، دۇنيا ۋە

ئاخىرەت سائادىتىگە ئېرىشتۈرۈش، ھەرخىل دىنلارنىڭ چېدىغۇسىز زۇلۇملىرىدىن ئىسلام نىزامىغا، ئۇ بۇيۇك ئۇيۇقلارغا قاراپ قاناتلاندۇرۇش، پۈتۈن ئىنسانىيەتنى ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامانلىقلاردىن توسۇش، ياخشى (گۈزەل) نەرسىلەرنى ھالال قىلىپ، ئەسكىلىكلەرنى چەكلەش، ئۇستىدىكى ئېغىر يۈكلەرنى ئېتىپ، پۇت - قوللىرىدىكى كىشەنلەرنى پاچاقلاپ تاشلاش ئۈچۈن ئەۋەتىلگەن ئىدى.

شۇنى ئەسلىتىپ ئۆتۈش كېرەككى، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ خىتابى پەقەت بىر مىللەت ياكى رايونلارغا خاس بولماستىن، بەلكى پۈتۈن ئىنسانىيەت روھىغا ۋە ئادەمزات قەلبىگە ئۇرتاقتۇر.

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ مىللىتى بولغان ئەرەبلەر، ئۆزلىرى ئۇچرىغان ئەخلاقىي بوھران، قالاقلىق ۋە بۇزۇقچىلىق تۈپەيلىدىن ئىسلاھ قىلىنىشقا ۋە قاتتىق جەڭ قىلىشقا بەكمۇ مۇھتاج ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، مەككە شەھىرى ۋە ئەرەب يېرىم ئارىلى جۇغراپىيىلىك ئورنى ۋە سىياسىي ئەركىنلىك جەھەتتىن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىشلىرى ئۈچۈن مۇھىم ئىستراتېگىيىلىك نۇقتا ئىدى. ئەينى ۋاقىتتا، ئەرەب مىللىتىمۇ روھى ئالاھىدىلىكلىرى ۋە ئەدەبىي ئۇستۇنلۈكى بىلەن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ دەۋىتى ئۈچۈن ئەڭ ئۇيغۇن مەيدان ۋە ئەلچىلىكنى قانات يايدۇرۇشنىڭ ئەڭ ياخشى زېمىنى ئىدى.

## ئىنسان تەبىئىتىنىڭ قۇلۇپ ۋە ئاچقۇچلىرى

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئۆيلەرگە كەينى تەرەپتىن كىرىدىغان ۋەياكى دېرىزىلەردىن شۇڭغۇيدىغان، ئىجتىمائىي كېسەل ۋە ئەخلاقىي بۇزۇقچىلىقنىڭ پەقەت بەزىلىرى بىلەن مەشغۇل بولىدىغان، ئۇنداق ئادەتتىكى ئىسلاھاتچىلاردىن ئەمەس ئىدى. چۈنكى بۇنداق ئىسلاھاتچىلارنىڭ بىر قىسمى دۆلەتنىڭ بەزى يەرلىرىدە كۆرۈلگەن كېسەللىكلەرنى ۋاقىتلىق داۋالاپ قويىماقتا، بىر قىسمى بولسا، ھېچبىر ئىش قىلماي تۇرۇپ ئۆلۈپ كېتىۋاتماقتا.

www.uyghurkitap.com

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئىسلاھات ۋە دەۋەت سارىيىغا داغدام ئىشىكتىن مىڭىپ كىردى ۋە ئىنسان تەبىئىتىنىڭ قۇلۇپىنى ئۆز ئاچقۇچى بىلەن ئاچتى. بۇ قۇلۇپ پەيغەمبىرىمىزدىن بۇرۇنقى ۋە كېيىنكى ئىسلاھاتچىلار پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئاچقۇچىدىن باشقا ئاچقۇچتا ئاچالمىغان، ئېچىلىشى قىيىن قۇلۇپ ئىدى. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئىنسانلارنى پەقەت ئاللاھقىلا ئىمان ئېيتىشقا چاقىردى. بۇتپەرەسلىكنى، جاھىلىيلىقنى ۋە پۈتۈن ساختا ئىلاھلارنى ئوتتۇرىدىن يوقاتتى. يىغىنچاقلىغاندا، ئاللاھنىڭ بىرلىكىنى ئېلان قىلدى. قوۋمىنى ئەتراپىغا يىغىپ: «ئى ئىنسانلار! "ئاللاھتىن باشقا ئىلاھ يوق" دەڭلار! نىجاتلىق تېپىڭلار!...» دەپ خىتاب قىلدى، ئۇلارنى پەيغەمبەرلىككە ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان ئېيتىشقا چاقىردى.

# ئىككىنچى بۆلۈم

# مۇسۇلمانلارنىڭ جاھىلىيەتتىن ئىسلامىيەتكە ئۆتۈشى

## جاھىلىيەتنىڭ مۇداپىئەسى

جاھىلىيەت كىشىلىرى بۇ تەڭداشسىز دەۋەتنىڭ ماھىيىتىنى، يۆنىلىش ۋە مەقسىتىنى تېزلا چۈشەندى. چۈنكى، بۇ دەۋەتنىڭ جاھىلىيەت ئىنسانلىرى ئالدىدا ھېچقانداق يوشۇرۇن تەرىپى يوق ئىدى. ئۇلارنىڭ قۇلاق پەردىلىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ بوم ئاۋازلىرى بىلەن تىترىگەن چاغدا، بۇ دەۋەتنىڭ جاھىلىيەتنىڭ يۈرىكىگە قارىتىلغان ئوق، ئۆلۈم پەرمانى ۋە ئاللاھقا ئىمان ئېيتىشقا چاقىرىدىغان چاقىرىق ئىكەنلىكىنى دەرھال چۈشەندى. شۇنىڭ بىلەن، جاھىلىيەت كىشىلىرى ئارىسىدا قىيامەت قوپتى. ئەنئەنە ۋە ئۆرپ ـ ئادەتلىرىنى قوغداش يولىدا ئاخىرقى قېتىم ھايات ـ ماماتلىق ئۇرۇشقا ئاتلاندى. يېگانە دەۋەتچى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا قارشى ئاتلىق قوشۇن ۋە ھەر خىل گۇرۇپپىلار شەكلىدە ھۇجۇم قىلدى. ئەھۋال بەكمۇ يامانلاشتى، پىچاق سۆڭەككە يەتكەن ئىدى. ئىچىدىن بىر گۇرۇپپا كىشى چىقىپ: "ئىلاھىڭلارنى مۇداپىئە قىلىڭلار، سىلەردىن تەلەپ قىلىنغان نەرسە بۇ" دەۋاتاتتى. چۈنكى، ئۇلار جاھىلىيەت ئۈستىگە قۇرۇلغان پۈتۈن ئاساسلىرىنىڭ ۋە تايانچ نۇقتىلىرىنىڭ تەھدىت ئاستىدا قالغانلىقىنى ۋە ھاياتلىرىنىڭ خەتەردە ئىكەنلىكىنى بىلگەن ئىدى. مانا بۇ پەيتتە تارىخ يوقتىپ قويغان قورقۇنچلۇق ئازاب ـ ئوقۇبەت ۋە زۇلۇملار باشلانغان ئىدى. ئەمما بۇلارنىڭ ھەممىسى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ زەپەر قۇچۇشىنىڭ ئىشارىتى ئىدى. چۈنكى، ئۇ

مەقسىتىگە يەتكەن ئىدى. يايىنى تولۇق كېرىپ، ئوقنى جاھىلىيەتنىڭ جان يېرىگە قارىتىپ ئاتقان ئىدى.

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام دەۋىتى يولىدا تاغلارمۇ بەرداشلىق بېرەلمەيدىغان چىدىغۇسىز دەرىجىدىكى ئېغىرچىلىقلارغا كۆكسىنى كېرىپ تاقابىل تۇردى. ئۇنىڭغا تۇغدۇرۇلغان قىيىنچىلىق، قورۇلغان تۇزاقلار ئۇنى بۇ يولدىن قايتۇرالمىدى. ھېچقاچان مۇشرىكلارنىڭ يالغان ۋەدىلىرىگە ئالدانمىدى. ھەتتا تاغىسىغا مۇنداق دېگەن ئىدى: «ئى تاغا! ئوڭ قولۇمغا قۇياشنى، سول قولۇمغا ئاينى بەرسىمۇ، مەن بۇ يولۇمدىن قايتمايمەن، يا ئاللاھ بۇ دەۋىتىمگە زەپەر قازاندۇرىدۇ ياكى مەن بۇ يولدا ئۆلىمەن».

## يېڭى دىن يولىدا

رەسۇلۇللاھ خەلقنى 13 يىل ئوچۇقتىن ئوچۇق ئاللاھنىڭ بىرلىكىگە، پەيغەمبىرىگە ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان ئېيتىشقا چاقىردى. دەۋىتىنىڭ يوشۇرۇن، مەخپىي تەرىپى يوق بولۇپ، ھەر نەرسە ئوتتۇرىدا ئوچۇق - ئاشكارا ئىدى. بۇلارنى بىرەرسىگە ياراپ قېلىش ئۈچۈن قىلمىغان ئىدى. ھېچكىمگە خۇشامەتچىلىك قىلمايتتى. كېسەللىكىنىڭ شىپاسىنى ئۆز دەۋىتىدىن ئىزدەپ تاپاتتى. بۇنىڭغا چىدىمىغان قۇرەيشلەر پەرياد كۆتۈرۈپ، رەسۇلۇللاھقا تۇشمۇ تۇشتىن ھۇجۇم قىلدى. ئوقلىرىنىڭ ئۇچىنى رەسۇلۇللاھقا قاراتتى، رەسۇلۇللاھ ئۇلارنىڭ ئالدىدىكى يالغۇز نىشان ئىدى.

بالا - چاقا ۋە قېرىنداشلىرى بىلەن رەسۇلۇللاھنىڭ ئارىسىغا بىر توسۇق پەيدا قىلىش ئۈچۈن شەھەرنى قىزىل قىيامەتكە ئايلاندۇردى. ئىشلار تېخىمۇ قىيىنلاشقانلىقى ئۈچۈن، رەسۇلۇللاھقا ئىشىنىش، ئۇنىڭ ئارقىسىدىن مېڭىش ھەممە ئادەمنىڭ قولىدىن كەلمەيتتى. پەقەت كاللىسىنى قولتۇقىغا قىسىپ ماڭالايدىغان (تەۋەككۇلچى) باتۇر، ئۆزى ئىشەنگەن يولدا تىكەنلىك بولسىمۇ

مېڭىشتىن يانمايدىغان سەمىمىي كىشىلەر جاسارەت قىلالايتتى. قۇرەيشتىن بىر توپ ياش ئۆتتۈرىغا چىقىپ، ھېچنېمىگە قارىماي بۇ يولدا ھەرىكەتلىنىۋاتاتتى. چۈنكى، ياشلىقى ئۇرغۇپ تۇراتتى ۋە ئۇلار ئۇچۇن دۇنيانىڭ ھېچ نەرسىسى مۇھىم ئەمەس ئىدى. ئاخىرەت ھاياتىنى، جەننەتنى ئارزۇ قىلاتتى. ئۇلار ئىمان ئېيتىشقا چاقىرغان بىر دەۋەتچىنىڭ: «رەببىڭلارغا ئىمان ئېيتىڭلار!» دېگىنىنى ئاڭلىدى. ھۆر - ئەركىن بولۇشقا قارىماي جاھىلىيەت ھاياتى ئۇلارغا تار كېلىشكە باشلىغاچقا، ئىچىدە بىر بوغۇقلۇق بار ئىدى. خۇددى روھىي ھالىتى بارغانسېرى تارىيىپ بوغۇلۇۋاتقاندەك، ھەممىشە تىكەن ئۈستىدە ئولتۇرۇۋاتقاندەك، قورقۇنچلۇق تىكەنلەرنىڭ ئۈستىدە تولغىنىۋاتقاندەك ئازابلىناتتى، نىھايەت بۇ ھاياتتىن، ئاللاھ ۋە رەسۇلىغا ئىمان ئېيتىش ئارقىلىق قۇتۇلالايدىغانلىقىنى چۈشەنگەن ئىدى.

شۇڭا ئۇلار ئۆز يۇرتلىرىدا تۇرۇۋاتقان رەسۇلۇللاھنىڭ ھايات يولىنى ئىنچىكىلەپ تەتقىق قىلىپ، ئۇنىڭ ئارقىسىدىن مېڭىشتى. قۇرەيشلەرنىڭ پەيغەمبەر بىلەن قوۋمى ئارىسىغا تور تارتىۋېتىشى بىلەن جاپا - مۇشەققەتلەرگە تولغان ئۇزۇن مۇددەتلىك كۆچۈش (ھىجرەت) باشلىدى. ياشلار قوللىرىنى پەيغەمبەرگە ئۇزاتتى. جانلىرىنى ۋە پۈتۈن ماللىرىنى ئۇنىڭغا تاپشۇردى. ھالبۇكى، ئۇلار ھاياتلىرىنىڭ جىددىي خەۋپلەرگە دۇچ كېلىدىغانلىقىنى، ھەر زامان خەتەر ۋە پالاكەتنىڭ ئاستىدا قالىدىغانلىقىنى ناھايىتى ياخشى بىلەتتى. ئۇلار قۇرئاندىن باشقىسىغا قۇلاق سالمايتتى.

﴿ئىنسانلار «ئىمان ئېيتتۇق» دەپ قويۇش بىلەنلا سىنالماي تەرك ئېتىلىمىز دەپ ئويلامدۇ؟سىلەر ئىچىڭلاردىن ئىلگىرىكىلەر ئۇچرىغان كۈلپەتلەرگە ئۇچرىماي تۇرۇپ جەننەتكە كىرىشنى ئويلامسىلەر؟ سىلەردىن ئىلگىرى ئۆتكەن (مۇئمىن) لەر ئېغىرچىلىقلارغا، كۈلپەتلەرگە ئۇچرىغان ۋە چۆچۈتۈۋېتىلگەن ئىدى، ھەتتا پەيغەمبەر ۋە مۇئمىنلەر: «ئاللاھنىڭ (بىزگە ۋەدە قىلغان) ياردىمى قاچان كېلىدۇ؟» دېگەن ئىدى. بىلىڭلاركى، ئاللاھنىڭ ياردىمى ھەقىقەتەن يېقىندۇر.﴾

www.uyghurkitap.com

ئەڭ ئاخىرى، قۇرەيشلەر ئارزۇ قىلغان نەرسىلەرگە ئېرىشتى. پۈتۈن كۈچى بىلەن رەسۇلۇللاھ ۋە ئەتراپىدىكى ئىمانلىق ئازغىنە كىشىگە ھۇجۇم قىلدى. قوللىرىدىكى پۈتۈن ئوقنى ئۇلارنىڭ ئۈستىگە ياغدۇردى. ئەمما بۇلارنىڭ ھەممىسى ئۇلارنىڭ ئىمانلىرىنى تېخىمۇ كۈچەيتىپ، ئالغىلى بولمايدىغان قەلئەگە ئايلاندۇرۇپ قويۇۋاتاتتى. ﴿ئۇلار: "بۇ (يەنى قىيىن ئەھۋالدا قالغاندا دۈشمەن ئۈستىدىن غەلىبە قىلىش) ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى بىزگە ۋەدە قىلغان ئىشتۇر. ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى راست ئېيتتى" دېيىشتى. (بۇ ئىش) ئۇلارنىڭ (ئاللاھ بولغان) ئىمانىنى ۋە (ئاللاھنىڭ بۇيرۇقلىرىغا بولغان) بويسۇنۇشىنى تېخىمۇ كۈچەيتتى﴾.

دىنىي دەۋا يولىدا تارتقان بۇ ئازاب - ئوقۇبەتلىرى بىر تەرەپتىن ئۇلارنىڭ ئەقىدىلىرىگە بولغان ئىشەنچىسى، دىن يولىدىكى جان پىدالىقنى، كۆيۈرلۈق ۋە كاپىرلارغا بولغان نەپرەتلىرىنى ئاشۇرۇپ، تېخىمۇ كۈچەيتىۋەتسە، يەنە بىر تەرەپتىن ھېس - تۇيغۇ، پىكىر - چۈشەنچىلىرىگە ئوت تۇتاشتۇرۇپ، روھلىرىنى تازىلىغان ئىدى. بۇنىڭ بىلەن، ئۇلار خۇددى سۈزۈپ ئېلىنغۇبىلىنغان ساپ ئالتۇنغا ئايلاندى، ھەر تۈرلۈك تۇسالغۇلاردىن ۋە بالا - قازالاردىن يېڭى بىلەپ پارقىرىتىلغان قىلىچتەك (يەنى ھېچ ئىش بولمىغاندەك ساق - سالامەت) چىقتى.

## دىنىي تەربىيە

رەسۇلۇللاھ مۇسۇلمانلارنىڭ روھىنى قۇرئان بىلەن ئوزۇقلاندۇرۇپ، قەلبلىرىگە ئىمان تەربىيىسىنى سىڭدۈرەتتى. ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان ئاللاھنىڭ ھۇزۇرىدا پاك - پاكىز بەدەن، پۈتۈنلەي تەسلىم بولغان قەلب، ئىنتائەتكار ۋۇجۇد ۋە كۈچلۈك تەپەككۇر سۈزگۈچى ئىچىدە كۈندە بەش قېتىم سەجدە قىلىشنى بۇيرۇغان ئىدى. ماددىي قىيىنچىلىق ۋە شەھۋەت دولقۇنلىرىنىڭ بېسىمىنى يېڭىپ، ئاسمان ۋە زېمىننىڭ رەببى بولغان ئاللاھقا يېقىنلىشىش سۈرىتىدە روھلىرىنىڭ ئۇلۇغلۇقى، قەلبلىرىنىڭ پاكلىقى ۋە ئەخلاقلىرىنىڭ

ئەۋس ۋە خەزرەج قەبىلىلىرى ئارىسىدا چىققان بىئاس جېڭىنىڭ چاڭ - توزىڭى تېخى بېسىقمىغان بولۇپ، ئىككى تەرەپنىڭ قىلىچلىرىدىن قان تامچىلاپ تۇراتتى. ئىسلام بۇلارنىڭمۇ قەلبلىرىنى بىرلەشتۈردى. ئەگەر بىرەرسى يەر يۈزىدىكى پۈتۈن بايلىقنى دىن يولىدا سەرپ قىلغان تەقدىردىمۇ يەنە ئۇلارنى ياراشتۇرالمايتتى، قەلبلىرىنى بىر - بىرىگە تۇتاشتۇرالمايتتى. رەسۇلۇللاھ مەدىنىلىكلەر بىلەن مۇھاجىرلار ئارىسىدا قېرىنداشلىق مۇناسىۋىتى ئورناتتى. بۇ ئۆز قېرىندىشىنىمۇ قىزغاندۇرىدىغان ۋە ھېچ كۆرۈلۈپ باقمىغان قېرىنداشلىق ئىدى. تارىختا خاتىرىلەنگەن سۆيگۈ ۋە دوستلۇقلار بۇ قېرىنداشلىق يېنىدا كۆمۈلۈپ قالاتتى.

مەككىلىك مۇھاجىرلار بىلەن مەدىنىلىك ئەنسارىلار مەيدانغا كەلتۈرگەن تەڭداشسىز جەمئىيەت، ئىنسانلارنىڭ خاتىرجەملىكى ئۈچۈن چىقىرىلغان بۈيۈك ئىسلام ئۈممەتلىرىنىڭ جەۋھىرىگە ۋە ئىسلامنىڭ نەق ئۆزىگە ۋەكىللىك قىلاتتى. بۇنداق خەتەرلىك بىر دەۋردە بۇنداق بىر جەمئىيەتنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىرىلىشى پىتنە ۋە خەتەر چەمبىرى ئىچىدە تولغىنىۋاتقان ئىنسانىيەتكە دالدا، ھەر تۈرلۈك بوھران تەھدىتى ئاستىدا ئېڭراۋاتقان دۇنياغا قالقان بولغان ئىدى. شۇڭا رەسۇلۇللاھ ئەنسارىلار بىلەن مۇھاجىرلارنى قېرىنداش بولۇشقا چاقىرغان ۋاقىتتا: «ئەگەر بۇ ھۆكۈمگە ئەمەل قىلمىساڭلار، يەر يۈزىدە پىتنە ۋە چوڭ قالايمىقانچىلىق تۇغۇلىدۇ» دېگەن ئىدى.

## مۇھىم تۈگۈن يېشىلدى

رەسۇلۇللاھ مۇسۇلمانلارنى چوڭقۇر ۋە كۈچلۈك تەربىيىدىن ئۆتكۈزۈۋاتاتتى، قۇرئان كەرىم ئۇلارنىڭ روھىنى ئۇرغۇتۇپ، قەلب جەۋھەرلىرىنى تازىلايتتى. رەسۇلۇللاھنىڭ سۆھبەت - يىغىلىشلىرى مۇسۇلمانلارنىڭ دىنىي ساھەدىكى ئىلىملىرىنى ئاشۇرۇپ، ئۇلارنى شەھۋەت ئارزۇلىرىنىڭ توزاقلىرىدىن يىراقلاشتۇرۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئاللاھنىڭ رازىلىقىغا ئېرىشىپ، جەننەت

www.uyghurkitap.com

ئۈستۈنلۈكى كۈنسېرى ئېشىپ بېرىۋاتاتتى. رەسۇلۇللاھ مۇسۇلمانلارغا زۇلۇم ۋە ئازاب - ئوقۇبەت قارشىسىدا سەۋر قىلىش، بىر - بىرىگە ياخشى مۇئامىلە قىلىش نەپسىلىرىنىڭ تىزگىنىنى ھەر دائىم قولىدا تۇتۇشى قاتارلىق نەسىھەتلەرنى قىلاتتى.

مۇسۇلمانلار خۇددى قولىدا قىلىچ تۇتۇپ تۇغۇلغاندەك جەڭ قىلىشقا بەكمۇ ھېرىسمەن ئىدى. چۈنكى، ئۇلار بىرسۇس، داھىس ۋە غەبرا جەڭلىرىنى قىلغان مىللەتنىڭ نەسىللىرى ئىدى. پىجار جېڭى بولغىلىمۇ تېخى ئۇزۇن بولمىغان ئىدى. (لېكىن) رەسۇلۇللاھ پەقەت ئۇلارنىڭ جەڭچىلىك روھىنى تەربىيىلەپ، بەدەۋىي ھاياتتىن ئالغان قوپال تەبىئەتلىرىنى تورمۇزلاشقا تىرىشاتتى. ئۇلارغا: "پۇت - قولۇڭلارنى يىغىشتۇرۇپ ناماز ئوقۇڭلار" دەيتتى. ئۇلارمۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەمرىگە بويسۇناتتى. قۇرەيشتىن كەلگەن ھەر خىل ئازاب ۋە بېسىمغا قىلچە بوش كەلمەي كۆكرەك كېرىپ چىقاتتى. پالاكەت كۈنلىرى چىشىنى چىشلەپ سەۋر قىلاتتى. قىلىچ قوللىنىشقا ھەقلىق ئورغۇنلىغان سەۋەبلەر بولسىمۇ، ھېچبىر مۇسۇلماننىڭ ئۆزىنى مەككىدە قىلىچ ياكى باشقا كۈچ بىلەن قوغدىغانلىقى تارىخ بېتىگە يېزىلمىغان ئىدى. مانا بۇ ئىتائەت ۋە بويسۇنۇشنىڭ ئەڭ ئوچۇق مىسالى ئىدى. ناھايەت قۇرەيشلەر تېخىمۇ رەزىللىشىپ، بۇزغۇنچىلىق ۋە ئازغۇنلۇقتا چېكىگە چىققانلىقتىن، ئاللاھ رەسۇلىنىڭ ۋە ئۇنىڭغا ئەگەشكەنلەرنىڭ ھىجرەت قىلىشىنى بۇيرۇدى. شۇنداق قىلىپ، ئۇلار يەسرىب يەنى مەدىنىگە ھىجرەت قىلدى. ئەسلىدە بۇ يەرگە ئۇلار كېلىشتىن بۇرۇنلا ئىسلام نۇرى چېچىلغان ئىدى.

## پەيغەمبەر شەھىرى مەدىنىدىكى ئەھۋال

مەدىنىلىكلەر مەككىلىك مۇسۇلمانلارنى قىزغىن قارشى ئالدى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا يېڭى دىنىدىن باشقا بىر مۇھەببەت يوق بولۇپ، بۇ، تارىخ شاھىت بولغان دىنىي ھاكىمىيەتنىڭ ئەڭ پارلاق مەنزىرىسى ئىدى.

ۋىسالىغا بالدۇرراق يېتىش ئارزۇسى، ئىلىم ئىشتىياقى، دىنىي مەسىلىلەرنى ئۆگىنىش ۋە ئۆز نەپسىنى سوتلاش قاتارلىق جەھەتلەردە تېخىمۇ ئۈستۈن بىر ئورۇننى قولغا كەلتۈرۈشكە تۈرتكە بولاتتى. خۇشال ۋە قايغۇلۇق ۋاقىتلىرىدا رەسۇلۇللاھقا ئىتائەت قىلاتتى. مولچىلىق ياكى قىيىنچىلىق ۋاقىتلىرىدا ئاللاھ يولىدا جەڭ قىلاتتى. 10 يىل ئىچىدە رەسۇلۇللاھ بىلەن بىللە 27 قېتىم جەڭ (جىھاد) قاتناشتى. رەسۇلۇللاھنىڭ ئەمرى بىلەن دۈشمەنگە قارشى جەڭ قىلىش ئۈچۈن 100 قېتىمدىن كۆپ سەپەرگە ئاتلاندى. دۇنيا نېئمەتلىرىدىن قۇرۇق قېلىشى ئۇلارنىڭ خىيالىغىمۇ كىرىپ چىقمايتتى. بالىلىرى ۋە ئائىلىسىنىڭ سۆيگۈسى ئۇلارنىڭ قەلبىدە باھا پىچىلمەيدىغان نەرسە ئىدى. ئۇلار تېخى ئادەتلەنمىگەن، كۆنەلمىگەن ھۆكۈملەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان نۇرغۇن ئايەتلەر نازىل بولغان بولۇپ، بۇ ئايەتلەر ئارقىلىق مال، جان، پەرزەنت ۋە قەبىلىلىرى ھەققىدە ئىجرا قىلىنىشى قىيىن بولغان بىرمۇنچە مەسئۇلىيەت يۈكلەنگەن ئىدى.

ئەمما مۇسۇلمانلار ئاللاھنىڭ ئەمرلىرىنى ئۈستۈن پىداكارلىق روھى بىلەن ئىچ - ئىچىدىن سۆيۈنۈپ تۇرۇپ ئورۇندايتتى. شۇنىڭ بىلەن مۇھىم تۈگۈن يەنى شېرىك ۋە كۇپۇرلۇق تۈگۈنى يېشىلدى... ئاندىن قالغانلىرى ئۆزلۈكىدىن ھەل بولدى. رەسۇلۇللاھ تۇنجى جىھاد بايرىقىنى لەپىلدەتتى. ھەر ئەمر - پەرمان ئۈچۈن يېڭى بىر جىھاد ئۇسۇلى ئىزدەشكە ئېھتىياج قالمىدى.

ئىسلام جاھىلىيەت بىلەن قىلغان تۇنجى جەڭدە زەپەر قۇچتى، ئەسلىدىمۇ ھەر توقۇنۇشنىكى زەپەر ئىسلامنىڭ ئىدى. يېغىنچاقلىغاندا، پۈتۈن مۇسۇلمانلار قەلبى، پىكرى ۋە جانلىرى بىلەن ھۇزۇر ئىچىدە ياشاۋاتاتتى. ئۇلارنىڭ قەلبى ھىدايەت نۇرى بىلەن يورۇتۇلغاندىن كېيىن رەسۇلۇللاھقا ئېتىراز بىلدۈرمەيتتى ۋە كەلگەن ئەمرلەرنىڭ ئىجرا قىلىنىش يولىدا قەلبلىرىدە ھېچقانداق بېسىم ھېسسىياتى يوق ئىدى. ھۆكۈملەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئەمر - پەرماننىڭ سىرتىدا بىر يول ئىزدەشكە ئورۇنمايتتى.

قىلغان ھەر بىر ئىش ـ ھەرىكەتنى رەسۇلۇللاھقا بىلدۈرۈپ تۇراتتى ۋە سەۋەنلىك ئۆتكۈزۈپ قويغان ۋاقىتلىرىدا ۋۇجۇدلىرىنى قاتتىق ئازاب ـ ئوقۇبەتنى قاچۇرمايتتى. ئىچىملىكنى چەكلىگەن ئايەت نازىل قىلىنغان ۋاقىتتا قوللىرىدا شارابتىن باشقا نەرسە يوق ئىدى. ئاللاھنىڭ ئۇلۇغ پەرمانى يېتىۋاتقان يۈرەك بىلەن چاڭقىغان لەۋ ئارىسىغا توسۇق بولدى. كۆبلەر چېقىلدى، شارابلار مەدىنە كوچىلىرىدا سەل بولۇپ ئاقتى.

شۇنداق قىلىپ، شەيتان ۋەسۋەسىسى قەلبلىرىدىن قوغلاپ چىقىرىلدى. تېخىمۇ توغرىسى، نەپسىنىڭ ئازغۇن تامالىرى سۆكۈپ تاشلاندى. باشقىلاردىن كۆتكەن ئىنسانىي ئاۋۋال ئۆز نەپسىدە كۆرسەتتى. دۇنيا ئاخىرەتنى ۋە ئۆزلىرى ياشاۋاتقان شۇ كۈننىڭ ئەتىسىنى ئويلايدىغان كىشىلەر ھالىغا كەلدى. ئۇلارنى ھېچبىر پالاكەت قورقۇتالمايتتى، ھېچبىر نېئمەت ۋە بايلىق ئازدۇرۇپ كېتەلمەيتتى. پېقىرلىقا ئېزىقمايتتى، بايلىقا نانكورلۇق قىلمايتتى. ھېچقانداق تىجارەت ئۇلارنى يولدىن چىقىرالمايتتى، ھېچقانداق كۈچ بىلەكلىرىنى قايرىيالمايتتى. ئۇلار يەر يۈزىدە ھاكاۋۇرلۇق قىلىش، پىتنە ـ پاسات ۋە بۇزغۇنچىلىق چىقىرىشنى خالىمايتتى. ئىنسانلار ئۇچۇن توپتوغرا بىر ئۆلچەم بولغان ئىدى. ھەر دائىم ھەق ۋە ئادالەتنى كۆزلەيتتى. ئۆزلىرىنىڭ، ئاتا ـ ئانىلىرىنىڭ ياكى ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىنىڭ مەنپەئەتىگە زىت بولسىمۇ، ئاللاھ ئۇچۇن گۇۋاھچى بولۇشتىن چېكىنمەيتتى. پۈتۈن يەر يۈزى ئۇلارنىڭ قوماندانلىقىغا تاپشۇرۇلغان ئىدى.

ئۇلار ئىنسانلارغا قارىتىلغان خېيىم ـ خەتەرلەر قارشىسىدىكى قالقان، دۇنيانى قوغدايدىغان پولات قەلئە ۋە ئىنسانىيەتنى ئاللاھنىڭ دىنىغا چاقىرىدىغان دەۋەتچى ئىدى. ئۇلار رەسۇلۇللاھنىڭ ئەخلاقىنى ئۆزلىرىگە سىڭدۈرگەچكە، رەسۇلۇللاھ پەيغەمبەرلىك ۋەزىپىسىنى ھەققى بىلەن ئادا قىلىش ۋە تەڭداشسىز بىر ئۇممەت يېتىشتۈرۈش مەمنۇنىيىتى ئىچىدە رەببىنىڭ دەرگاھىغا قاراپ يول ئالدى.

## ئىنسانىيەت تارىخىدا تەڭدىشى كۆرۈلمىگەن زور ئىنقىلاب

رەسۇلۇللاھنىڭ مۇسۇلمانلارنىڭ روھىدا ۋە ئۇلارنىڭ ۋاسىتىسى ئارقىلىق پۈتۈن ئىنسانلار بىلەن قىلغان بۇ ئىنقىلابى ئىنسانىيەت تارىخىدا تەڭدىشى كۆرۈلمىگەن بىر زور ئىنقىلاب ئىدى. بۇ ئىنقىلابنىڭ ھەر جەھەتتىن يەنى شەكىلدە، چوڭقۇرلۇقتا، قۇۋۋەتتە، قانات يېيىشتا، ئوچۇقلۇقىدا، ئەقىلگە مۇۋاپىقلىقىدا تەڭدىشى يوقتۇر. شۇنداق ھەر ساھەدە تەڭداشسىز بىر كىملىككە (سالاھىيەتكە) ساھىب ئىدى. ئەمما قەدىمدىن بۇيانقى پەۋقۇلئاددە ھادىسىلەرگە ئوخشاش مەخپىي، سىرلىق ئەمەس ئىدى. ئۇنداق ئىكەن، بۇ ئىنقىلابنى رەسمىي تۈردە تەتقىق قىلىپ، ئۇنىڭ ئىنسانىيەت تارىخىدىكى تەسىر دائىرىسىنىڭ زادى قايسى دەرىجىدە ئىكەنلىكىنى بىلىشىمىز لازىم.

## ھەقىقىي ئىمانىنىڭ ھەر خىل ئارزۇ ـ ئىستەك ۋە ئەخلاقلار بولغان تەسىرى

مەيلى ئەرەبلەر ياكى پۈتۈن ئىنسانىيەت بولسۇن، جاھىلىيەت پاتقىقىغا پاتقانىدى. ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدىكى نەرسىلەرگە قۇل ـ چۆرە بولۇۋاتاتتى، پايدىلىنىشى ئۈچۈن يارىتىلغان جانلىق ـ جانسىز ھەممە مەبۇدلارغا سەجدە قىلىۋاتاتتى. ئۇلارنىڭ چوقۇنغان نەرسىلىرى ئىنائەت قىلغانلىقى مۇكاپاتلاپ، گۇناھ ئۆتكۈزگەننى جازالىغۇدەك ئەھۋالدا ئەمەس ئىدى. بىر ئىشقا بۇيرۇمايتتى ياكى بىر ئىشتىن توسمايتتى. دىنلىرى ناھايىتى ئاددىي بولۇپ، ھاياتنىڭ چەك ـ چېگرىسىدىن نېرىسىغا ئۆتەلمەيتتى، ئىنسانلارنىڭ قەلبى، روھى ۋە ئىچ دۇنياسىدا ھاكىمىيەت ئورنى ھەتتا ئەخلاق ۋە ئىجتىمائىي ھاياتلىرىدىمۇ ھېچقانداق ـ تەسىرى يوق ئىدى. ئاللاھقا ئىشىنى تۈگىتىپ ئايرىلغان (كەتكەن)، سەلتەنەت ماقامىنى ئۆزىنىڭ شاھ تونىنى كىيگۈزگەن كىشىلەرگە قالدۇرۇپ كەتكەن بىر سەنئەتكار سۈپىتىدە قارايتتى. شۇڭلاشقا ئۇلار ھۆكۈمرانلىق

www.uyghurkitap.com

ئاپپاراتىنى قولىغا ئېلىۋېلىپ، مەملىكىتىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى، ئىشلارنىڭ باشقۇرۇلۇشى، ئوزۇق - تۈلۈكنىڭ تارقىتىلىشىغا ئوخشاش دۆلەتنىڭ ھەرخىل مۇئەسسەسەلەرنى خالىغانچە قوللىنىپ پايدىلىنىشقا باشلىدى. ئاللاھقا بولغان ئېتىقاد ئۇلار ئۈچۈن پەقەت تارىخىي بىلىم ئىدى. ئەينى ۋاقىتتا ئاللاھقا بولغان ئېتىقادلىرى، ئاسمان ۋە زېمىننىڭ ئاللاھ تەرىپىدىن يارىتىلغانلىقى ھەققىدىكى چۈشەنچىلىرى، سەنئەت تارىخى سىنىپىنىڭ ئوقۇغۇچىسى بېرىدىغان جاۋابتىن پەرق قىلمايتتى. بىر ئوقۇغۇچىدىن: ”شۇ كونا تەختنى كىم ياسىدى؟“ دەپ سورالسا، ئۇ ھېچ ئىككىلەنمەيلا: ”بۇرۇنقى ھۆكۈمدارلاردىن بىرى!“ دەپ جاۋاب بېرىدۇ. ئۇلارنىڭ دىنلىرى ئاللاھقا قىلىنغان دۇئا ۋە ئىلتىجادىن يىراق ئىدى. قانداق قىلىپ ئاللاھنىڭ رازىلىقىغا ئېرىشەلەيدىغانلىقىنى بىلمەيتتى. يىغىنچاقلىغاندا، ئىلىملىرى يوق دېگۈدەك دەرىجىدە ئاز ۋە چەكلىك بولۇپ، قەلبلىرىدە ئەيمىنىش ۋە مۇھەببەت تۇيغۇسى ئويغىتىشتىن يىراق ئىدى.

يۇنان پەلسەپىسى ”ۋاجىبۇل ۋۇجۇد“ بولغان ئاللاھ نى قۇدرەتسىز دەپ تەرىپلەيتتى. قۇدرەت، ھاكىمىيەت، چەكلەش ۋە رەھىم - شەپقەت قىلىش قاتارلىق سۈپەتلىرىنىڭ يوقلۇقىنى، ئاللاھنىڭ پەقەت «تۇنجى ئىللەت» ئىكەنلىكىنى بايان قىلاتتى. ئۇندىن باشقا، ئاللاھنىڭ ئىلىم، ئىرادە ۋە تاللاش قۇدرىتىنى يوققا چىقىراتتى. نەتىجىدە يۇنان پەلسەپىسى ئاللاھنىڭ ھەممە سۈپىتىنى ئىنكار قىلىپ، ياراتقۇچىنىڭ شان - شەرىپىنى تۆكىدىغان ۋە ئۇنى يارىتىلغانلار سەۋىيىسىگە چۈشۈرىدىغان بىر مۇنچە پرىنسىپلىرىنى ئىلگىرى سۈرەتتى. ھالبۇكى، ياراتقۇچىنىڭ سۈپەتلىرى يوققا چىقىرىلغان ۋاقىتتا، ”ۋاجىبۇل ۋۇجۇد“ دېگەن بىر نەرسىنى ئويلاش مۇمكىن ئەمەس، ئەمما ھېچبىر شەھەر، جەمئىيەت، نىزام، ئىش ۋە ھېچبىر بىنانىڭ كۈچ سەرپ قىلىنماي تۇرۇپ ئۆزلۈكىدىن پۈتۈپ قېلىشى ھېچ كۆرۈلگەن ئەمەس. قىسقىسى، گرېك پەلسەپىسىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان بارلىق دىن ئاللاھقا ئىتائەت قىلىش، پالاكەت باسقان ۋاقىتتا ئاللاھقا يالۋۇرۇش ۋە ئۇنىڭغا چىن قەلبىدىن باغلىنىش ئالاھىدىلىكلىرىنى يوقاتقان

ئىدى. دۇنيادا مەۋجۇد بولغان باشقا دىنلارمۇ ئۆز جەۋھىرىنى يوقىتىپ، ھەممىسى قۇرۇق شەكىل ۋە ئەنئەنە ھالىغا كېلىپ قالغان بولۇپ، ئۇلار خۇددى ئىمانىنىڭ كۆلەڭگىسىگە ئايلىنىپ قالغان ئىدى.

ئەرەبلەر ۋە مۇسۇلمان مىللەتلەر بۇ ئۆلۈك، يۈرەكسىز ۋە ئەھمىيەتسىز ئىلىملەردىن قۇتۇلۇپ، روھ، قەلب، سالاھىيەت (شەخسىيەت) ۋە ئورگانلار ئۈستىگە ھاكىمىيەت قۇرىدىغان، ئەخلاق ۋە ئىجتىمائىي ھاياتقا تەسىر قىلىدىغان، ھايات بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىلىملەرنى ئۆزلەشتۈردى. گۈزەل ئىسىملارغا ۋە ئۇلۇغ سۈپەتلەرگە ئىگە بولغان ئاللاھقا ئىمان ئېيتتى. شۇنداق، پۈتۈن ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى (رەببى)، ناھايىتى مېھرىبان ۋە شەپقەتلىك، ئاخىرەت كۈنىنىڭ ئىگىسى، ھۆكۈمدارلار ھۆكۈمدارى، پۈتۈن نۇقسانلاردىن خالىي، ھەر نەرسىنى كۆزىتىپ تۇرىدىغان، ھەممىدىن ئۈستۈن، قۇللىرىنىڭ ئېھتىياجلىرىنى ۋە ئەھۋاللىرىنى كۆزىتىدىغان، ھەر نەرسىنى يوقتىن بار قىلغان، ھەر تۈرلۈك ئاپەت ۋە غەم ـ قايغۇدىن خالىي، ئۇلۇغلۇق ئىگىسى (ساھىبى)، مەۋجۇداتلارغا شەكىل بەرگەن، ئەزىز، ھاكىم، گۇناھلارنى كەچۈرىدىغان، مەرھەمەت ئىگىسى، مەۋجۇدات ئالىمىنىڭ يېگانە ئىگىسى (ساھىبى)، ھەر نەرسىنى قوغداپ كۆزىتىدىغان، ھېچكىم تەرىپىدىن ئازارەت قىلىنمايدىغان ۋە قۇرئان كەرىمدە بايان قىلىنغان بۇنىڭغا ئوخشاش نۇرغۇن سۈپەتلەرگە ئىگە ئاللاھقا ئىمان ئېيتتى. ياخشى قۇللىرىنى جەننەت بىلەن مۇكاپاتلايدىغان، خالىغىنىغا مول رىزىق ئاتا قىلىدىغان، ئاسمان ـ زېمىندىكى پۈتۈن (بارلىق) سىرلىق كۆزلەرنىڭ يوشۇرۇن بېقىشلىرىنى ۋە قەلبلەرنىڭ مەخپىيىتىنى بىلىدىغان، قۇرئان كەرىمدە بايان قىلىنغان باشقا تەسەررۇپ، قۇدرەت ۋە ئىلىم سۈپەتلىرىنىڭ ئىگىسى بولغان ئاللاھقا... بۇ قۇدرەتلىك ۋە جۇشقۇن ئىمان بىلەن مۇسۇلمانلارنىڭ قەلبىدە بۈيۈك بىر ئىنقىلاب مەيدانغا كەلدى. ئاللاھقا ئىمان ئېيتقان ۋە ئاللاھتىن باشقا ئىلاھ يوق دېگەنلەرنىڭ ھاياتى بىردىنلا ـ باشقىچە تۈسكە كىرەتتى. پۈتۈن ۋۇجۇدىنى قاپلىغان ئىمان، قان تومۇرلىرى ۋە ھېس ـ تۇيغۇلىرىغىچە سىڭگەن ئىدى.

www.uyghurkitap.com



خۇددى روھى ۋە قىنىدەك ۋۇجۇدىدا ئايلىناتتى. جاھىلىيەتنىڭ ھەممە يىلتىزىنى قومۇرۇپ تاشلاپ، قەلبىنى ۋە ئەقلىنى پۈتۈنلەي ئەسىر قىلاتتى. شۇنىڭ بىلەن ئوتتۇرىغا باشقىچە بىر ئىنسان چىقاتتى. بۇ ئىنساندا شەكىللەنگەن ھەققىي ئىمان، سەزگۈرلۈك (ھوشيارلىق)، سەۋر ـ تاقەت، جاسارەت ۋە غەيرەت ئەقىلنى، پەلسەپەنى ۋە ئەخلاق تارىخىنى ھەيران قالدۇرغان ئىدى ۋە بۇ مەڭگۈلۈك داۋاملىشىدۇ. مانا پۈتۈن بۇلارغا مۇكەممەل ئىلىم ۋە ھەققىي ئىماندىن باشقىچە بىر سەۋەب كۆرسىتەلمىگەن ئىدى.

## ۋىجدان ئازابى

بۇ ئىمان بىر ئەخلاق ئىنتىزامى ۋە روھ تەربىيىسى ئىدى. ئىگىسىنىڭ قەلبىگە ئەخلاقىي دەرس، كۈچلۈك ئىرادە، روھىي كۈچ، نەپس كونترولى ۋە ئىنساپ قاتارلىق يۈكسەك ئىلھام بەخش ئېتەتتى. بۇ ئىمان ھازىرغىچە ئەخلاق تارىخى ۋە پسىخولوگىيە ئىسپاتلىغان، ئەخلاقى ھەرىكەتلەرنى ۋە ئىنسانىي چۈشكۈنلۈكنى تورمۇزلايدىغان يېگانە قۇۋۋەت ئىدى. ھەتتا ئىنسانىڭ ھاۋايى ـ ھەۋىسى ئۇرغۇپ، ئىنسان دېگەن مەۋجۇدات پاتقاققا پېتىپ قالغان ۋە ئۆزىنى نازارەت قىلىدىغان كۆز، ئۇ پاتقان پاتقاقتىن تارتىپ چىقىرىدىغان قول تېپىلمىغان ۋاقىتلاردا بۇ ئىمان ئۇنى ئەيىبلىگۈچى نەپس، كۈچلۈك ۋىجدان ئازابى ۋە مەنىلىك خىيال بولاتتى. مانا بۇ ئىمانغا ساھىب بولغان كىشى قانۇن ئالدىدا گۇناھىنى ئېتىراپ قىلىشتىن قاچمايتتى. ئاللاھنىڭ غەزىپى ۋە ئاخىرەت ئازابىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن ئۆزلىرىنى چىدىغۇسىز دەرىجىدىكى ئېغىر ئازاب ـ ئوقۇبەتتىن تارتمايتتى.

ئىشەنچلىك تارىخچىلار بۇ ھەقتە بىزگە ئىسلام تارىخىدىن باشقا ھېچقانداق تارىختا كۆرۈلمىگەن مىساللار سۇنماقتا. بۇلاردىن بىرىنى "سەھىھ مۇسلىم" نىڭ رىۋايىتىدىن نەقىل كەلتۈرىمىز:

«مائىز ئىبنى مالىك ئەسلەمى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا كېلىپ:"ئى ئاللاھنىڭ رەسۇلى! نەپسىمگە زۇلۇم قىلىپ زىنا قىلدىم، مېنى بۇ گۇناھتىن پاكلىشىڭنى ئۈمىد قىلىمەن" دېدى. رەسۇلۇللاھ رەت قىلدى. ئەتىسى يەنە كېلىپ: "ئى ئاللاھنىڭ رەسۇلى! مەن زىنا قىلدىم" دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسساالام بۇ قېتىم يەنە رەت قىلدى ۋە قوۋمىدىن: "بۇ ئادەمنىڭ قەلبىدە بىر چاتاق بارمۇ ياكى نورمال بولمىغان بىر ھەرىكىتىنى كۆردۈڭلارمۇ؟" دەپ سورىدى. قوۋمى ئۇنىڭغا: "ئۇنى ئەقىللىق، دۇرۇست ئادەم دەپ بىلىمىز" دەپ جاۋاب بەردى. ئۈچىنچى قېتىم كەلگىنىدە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسساالام يەنە قوۋمىغا ئادەم ئەۋەتىپ ئۇنىڭ ھەققىدە مەلۇمات تەلەپ قىلدى. جاۋاب ئوخشاشلا:"ئەقلىدە ۋە ھەرىكەتلىرىدە ھېچقانداق بىنورماللىق يوق" ئىدى. تۆتىنچى قېتىم ئىلتىجا قىلغىنىدا بىر ئازگال قېزىلدى ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسساالامنىڭ ئەمرى بىلەن چالما ـ كېسەك قىلىندى».

ئىمام مۇسلىم مۇنداق بىر ھەدىس رىۋايەت قىلغان: «غامىدىيە ئىسىملىك بىر ئايال پەيغەمبەر ئەلەيھىسساالامنىڭ ئالدىغا كېلىپ: "ئى ئاللاھنىڭ رەسۇلى! مەن زىنا قىلدىم، مېنى گۇناھىمدىن پاكلىغىن!" دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسساالام رەت قىلدى. ئەتىسى يەنە كېلىپ: "ئى ئاللاھنىڭ رەسۇلى! مېنى نېمىشقا قايتۇرىۋېتىسەن؟ مائىزغا ئوخشاش مېنىمۇ رەت قىلمىغىن. ئاللاھ نامىدا قەسەم قىلىمەنكى، مەن ھەتتا زىنادىن ھامىلدار بولۇپ قالدىم" دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسساالام: "راست شۇنداق بولسا، ھازىرچە كېتىپ تۇرۇپ، بالىنى تۇغقاندىن كېيىن كەل!" دېدى. ئۇ ئايال تۇغۇتتىن كېيىن بالىسىنى يۆگەككە يۆگەپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسساالامنىڭ ئالدىغا كېلىپ: "مانا، بالىنى تۇغدۇم" دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسساالام: "ھازىرچە قايتىپ كېتىپ، بالاڭ تاماق يېيەلىگۈدەك بولغۇچە ئېمىتقىن!" دېدى. بالا تاماق يېيەلىگۈدەك بولغاندا، ئۇنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسساالامنىڭ ئالدىغا ئېلىپ باردى. بالىنىڭ قولىدا بىر پارچە نان بار ئىدى. ئايال: "ئى ئاللاھنىڭ رەسۇلى! بالا سۈت ئېمىشتىن توختىدى،

تاماق يېيەلىگۈدەك ياشقا كىردى" دېدى. رەسۇلۇللاھ ئالىسنى بىر مۇسۇلمانغا بەردى. ئاندىن ئۇ ئايالنىڭ كۆكسىگە كەلگۈدەك چوڭقۇرلۇقتا ئازگال كولاشقا بۇيرۇق بەردى. پەيغەمبەرنىڭ ئەمرى بىلەن خەلق ئۇ ئايالنى چالما - كېسەك قىلدى. خالىد ئىبنى ۋەلىد ئايالغا بىر تاش ئېتىپ بېشىنى ياردى. ئېتىلىپ چىققان قان ئۇنىڭ يۈزىگە چاچرىدى. خالىد ئىبنى ۋەلىد ئايالغا ھاقارەت ياغدۇردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇنى ئاڭلاپ: "ئېغىر - بېسىق بول، خالىد! جېنىم ئۇنىڭ ئىلكىدە بولغان ئاللاھ بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، بۇ ئايال شۇنداق بىر تەۋبە قىلدىكى، ئەگەر زومبۇلۇق بىلەن باشقىلارنىڭ مېلىنى ئېلىۋالغان بىرى بۇنداق تەۋبە قىلسا، گۇناھلىرى كەچۈرۈم قىلىناتتى" دېدى. ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئايالنى ئازگالدىن چىقىرىشنى بۇيرۇدى ۋە نامىزىنى چۈشۈرۈپ دەپنە قىلدى».

## ھەرخىل ھەۋەس ۋە قارا نىيەتلەر قارشىسىدىكى غەيرەت

بۇ ئىمان ئىنسانىنىڭ تىنچلىقى، ئىپپەت ۋە شەرىپىنىڭ بىردىنبىر قاراۋۇلى ئىدى. ھېچكىم كۆزمەيدىغان يالغۇز ۋە ئادەمسىز يەرلەردە قوزغىلىدىغان شەھۋەت ئارزۇسى ۋە قارا نىيەتتىن ئۇنى خۇددى پولات قالقاندەك توسايتتى. ئىماننىڭ ھاكىمىيىتى ۋە قوماندانلىقىدا ياشىغان ئىنسان ھېچنېمىدىن قورقمايتتى. ئىسلام زەپىرى تارىخىدا، غەنىمەتلەرنىڭ تارقىتىلىشى، ئامانەتلەرنىڭ ئىگىسىگە قايتۇرۇلۇشى ۋە ھەر ئىشنىڭ ئاللاھ رازىلىقى ئۈچۈن قىلىنىشى توغرىسىدا ئىنسانىيەت تارىخىدا ئوخشىشىنىڭ بولۇشى مۇمكىن ئەمەس. مانا بۇ، مۇسۇلمانلارنىڭ ئىمانىنىڭ كۈچلەنگەنلىكى، ئاللاھنىڭ نازارىتى ئاستىدا ياشايدىغانلىقى ۋە ئاللاھنىڭ ھەر زامان ۋە ھەر يەردە نازىر ئىكەنلىكىنى بىلگەنلىكىنىڭ نەتىجىسىدۇر.

تەبەرى مۇنداق دەيدۇ: مۇسۇلمانلار مەدائىن شەھرىنى ئالغاندىن كېيىن، غەنىمەتلەرنى بىر يەرگە يىغدى. ئاندىن بىر ئادەم يېقىنلاشتى. قولىدا بىر



www.uyghurkitap.com

كۆپەچ بار ئىدى. كۆپەچنى غەنىمەت توپلىغان خادىمغا بەردى. خادىمنىڭ ئەتراپىدىكىلەر: ھازىرغىچە بۇنىڭ ئوخشىشىنى كۆرمىدۇق، قولىمىزدىكى غەنىمەت بۇنىڭ قىممىتىدىن ئاشالمايدۇ، ھەتتا يېتەلمەيدۇ... دېيىشتى ۋە: بۇنىڭدىن بىر نەرسە ئالدىڭمۇ؟ - دەپ سوراشتى. كۆپەچنى كەلتۈرگەن ئادەم: ئاللاھنىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، ئاللاھتىن قورقمىغان بولسام، بۇ كۆپەچنى سىلەرگە ئېلىپ كەلمىگەن بولاتتىم. - دېدى. بۇ ئادەمنىڭ ياخشى كىشى ئىكەنلىكىنى چۈشەندى ۋە: سەن كىم بولىسەن؟ - دەپ سوراشتى. ئۇ ئادەم: ئاللاھ بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، سىلەر ۋە باشقىلار ماختىسۇن دەپ كىم ئىكەنلىكىمنى ئېيتمايمەن. ئەمما شۇنى ئېيتىپ قويايكى، مەن ئاللاھقا ھەمدۇسانا ئوقۇيدىغان ۋە ئۇنىڭ مۇكاپاتىنى كۈتىدىغان بىر قۇلمەن. - دەپ جاۋاب بەردى. بىر ئادەم ئۇنىڭ بىلەن بىللە دوستلىرىنىڭ قېشىغا باردى. ھەمراھ بولغان كىشى ئۇ يەردىكىلەردىن بۇ ئادەمنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى سورىدى، ئۇنىڭ ئامىر ئىبنى ئابدىقەيس ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ بەردى".

## ئىززەت - نەپس ۋە ئېغىر - بېسىقلىق

ئاللاھقا بولغان ئىمانلىرى مۇسۇلمانلارنىڭ باشلىرىنى بەكمۇ ئۈستۈن قىلغان ئىدى. بويۇنلىرى ئاللاھتىن باشقا ھېچقانداق ئىلاھ، ھېچقانداق ئازغۇن پادىشاھ، ئالىم، دىنىي ياكى دۇنياۋىي رەئىسنىڭ ئالدىدا ئېگىلمىگۈدەك دەرىجىدە تىك تۇراتتى. مۇسۇلمانلارنىڭ قەلب ۋە كۆزلىرى ئاللاھنىڭ ئۇلۇغۋارلىقى ۋە بۈيۈكلۈكى بىلەن تولغان ئىدى. تاشقى گۈزەللىك، دۇنيانىڭ ساختا ۋال - ۋۇللىرى، تەنتەنە ۋە سەلتەنەت سىرتقىلىرى ئۇلارنىڭ نەزىرىدە ھېچنېمىگە ئەرزىمەيتتى. پادىشاھلارنىڭ ھەشەمىتىگە ۋە دەبدەبىسىگە، راھەت - پاراغىتىگە، ئۈنچە - مارجان ۋە زىبۇ زىننىتىگە، ئىنسان كىيىمى كىيدۈرۈلگەن ھەيكەلگە كۆز قىرىنى سېلىپمۇ قويمايتتى.

ئەبۇ مۇسا رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «نەجاشىنىڭ قېشىغا باردۇق،

نەجاشى مەجلىستە ئولتۇراتتى. ئوڭ تەرىپىدە ئامىر ئىبنى ئاس، سول تەرىپىدە ئىمارە، ئەتراپىدا باشقا كىشىلەر ئولتۇراتتى، ئامىر ۋە ئىمارە نەجاشىغا: مۇسۇلمانلار ساڭا سەجدە قىلمايدۇ! - دېدى. دەل قارشىسىغا كەلگىنىمىزدە پوپ ۋە راھىبلارنىڭ: پادىشاھقا سەجدە قىلىڭلار! - دېگىنىنى ئاڭلىدۇق، جەئفەر: بىز ئاللاھتىن باشقىسىغا سەجدە قىلمايمىز، - دەپ جاۋاب بەردى».

## دۇنيا بايلىقىغا ۋە سۆيۈملۈك نەرسىلەرگە ئېتىبار قىلماسلىق

قوماندان شاد قادىسىيە جېڭىدىن بۇرۇن، ئىران باش قوماندانى رۇستەمگە رەبىئ ئىبنى ئامىرنى ئەلچى قىلىپ ئەۋەتتى. رۇستەمنىڭ چېدىرى يىپەك گىلەملەرگە تولغان، بىباھا ئۈنچە - مەرۋايىت ۋە ياقۇتلار بىلەن بېزەلگەن ئىدى. بېشىدا تاجى، ئۈچىسىدا بەكمۇ قىممەتلىك كىيىملەر بار ئىدى. رۇستەم ئالتۇن تەخت ئۈستىدە ئولتۇراتتى، رەبىئ ئاددىي كىيىملىرى، قالقان ۋە ئورۇق ئېتى بىلەن گىلەملەرنى دەسسەپ ئىلگىرىلىدى ۋە ئېتىنى ئۇ يەرگە باغلىدى. دۇبۇلغا، قورال ۋە تۆمۈر قالپىقى بىلەن رۇستەمنىڭ ھوزۇرىغا كىرىشكە تەمشەلگىنىدە، مۇھاپىزەتچىلەر: قورالىڭنى تاشلا! - دېدى. رەبىئ ئۇلارغا: مەن ئۆزلۈكۈمدىن ئەمەس، بەلكى دەۋىتىڭلارغا بىنائەن كەلدىم، بولمىسا قايتىپ كېتىمەن، - دەپ جاۋاب بەردى. رۇستەم: توسماڭلار! كىرسۇن، - دېدى. رەبىئ نەيزىسىنى گىلەملەرگە سانجىپ - سانجىپ كىرىپ كەلدى ۋە پۈتۈن گىلەم ئۆتمە - تۆشۈك بولۇپ كەتتى. چېدىردىكىلەر: نېمە ئۈچۈن بۇ يەرلەرگە قەدەر كەلدىڭلار؟ - دەپ سورىغىنىدا، رەبىئ: ئاللاھ بىزنى قۇلغا قۇل بولۇشتىن ئاللاھقا ئىبادەت قىلىشقا، دۇنيانىڭ قىسىلچىقىدىن ئىمانىنىڭ كەڭچىلىكىگە، دىنلارنىڭ زۇلۇمىدىن ئاللاھنىڭ ئادالىتىگە دەۋەت قىلىش ئۈچۈن ئەۋەتتى، - دەپ جاۋاب بەردى.

## تەڭداشسىز يىگىتلىك مىسالى

ئاخىرەت ئىمانى مۇسۇلمانلارنىڭ قەلبلىرىگە تەڭداشسىز جاسارەت،

جەننەتكە بولغان يالقۇنلۇق ھەسرەت ۋە ھاياتقا قارشى كەم ئۇچرايدىغان كەمسىتىش تۇيغۇسى بەخش ئەتكەن ئىدى. مۇسۇلمانلار ئاخىرەت ھاياتىنىڭ سائادىتىگە ئېرىشىش ئۈچۈن قوللىرىدىن كەلگىنىنى قىلىشقا تىرىشاتتى. جەننەت ئۇلارغا پۇتۇنلەي قىسمەت قىلىنغان ئىدى. كۆزلىرى خۇددى جەننەتنى كۆرۈپ تۇراتتى. نىھايەت ئۆي كەپتەرلىرىدەك جەننەتكە قاراپ ئۇچۇپ كەتتى، ھېچنەرسە ئۇلارغا توسقۇنلۇق قىلالمىدى.

ئۇھۇد جېڭىدا، مۇسۇلمانلار تالاپەتكە ئۇچراۋاتاتتى، شۇ ئەسنادا ئەنەس ئىبنى نەزىر ئالدىغا ئىتتىلىپ چىقىپ، سەئد ئىبنى مۇئازنىڭ قارشىسىغا كەلدى ۋە ئۇنىڭغا: ئى سەئد ئىبنى مۇئاز! كەبىنىڭ رەببى بولغان ئاللاھقا قەسەم قىلىمەنكى، كۆزلىرىم جەننەتنى كۆرۈۋاتىدۇ ۋە بۇرنۇمغا ھىدى كېلىۋاتىدۇ، - دېدى. سەئد ئىبنى مۇئاز يەنە: ئىبنى نەزىرنىڭ بەدىنىدە 80 دىن ئۇشۇق نەيزە، قىلىچ ۋە ئوق يارىسى كۆردۇق. ئۇنى مۇشرىكلار ئۆلتۈرۈپ پارچىلىۋەتكەن ئىدى، سىڭلىسى ئۇنى بارماق ئۇچلىرىدىن تونۇيالىدى، - دېدى.

رەسۇلۇللاھ بەدىر غازىتىدا: «كەڭلىكى ئاسمان - زېمىندەك بولغان جەننەتكە قاراپ يۈگۈرۈڭلار!» دېگەن ئىدى. ئەنسارىلاردىن ئۇمەير ئىبنى ھامام دەرھال ئالدىغا چىقىپ: ئاسمان - زېمىن كەڭلىكىدىكى جەننەتكىمۇ يا رەسۇلۇللاھ؟ - دەپ سورىدى. رەسۇلۇللاھ: «ھەئە، شۇنداق» دېدى. ئۇمەير ئىبنى ھامام: ۋاھ نېمىدېگەن ياخشى، نېمىدېگەن ياخشى! - دېيىشكە باشلىدى. رەسۇلۇللاھ ئۇمەيرگە: «سېنىڭ بۇ سۆزلىرىڭگە نېمە تۈرتكە بولدى؟» دەپ خىتاب قىلدى. ئۇمەير: ئى رەسۇلۇللاھ! ئاللاھقا قەسەم قىلىمەنكى، باشقا بىر نەرسە ئەمەس، پەقەت جەننەت ئەھلىدىن بىرى بولۇش ئۈچۈن بۇ سۆزنى قىلدىم، - دەپ جاۋاب بەردى. رەسۇلۇللاھ: «مانا سىلەر جەننەت ئەھلىدۇر» دېدى. ئۇمەير قولىغا خورما ئېلىپ، يېيىشكە باشلىدى ۋە: ئەگەر بۇ خورمىلارنى يەپ تۈگەتكىچە ياشىسام، ئۇزۇن ھايات سۈرگەن بولىمەن، - دېدى ۋە قولىدىكى خورمىلارنى تاشلىۋېتىپ، دۈشمەنگە قاراپ ئېتىلدى ۋە ئاخىرى شېھىت بولدى.

www.uyghurkitap.com



ئەبۇ بەكرى ئىبنى مۇسا ئەشئەرى رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: دادام دۈشمەنىنىڭ قارشىسىدا تۇراتتى، مەن رەسۇلۇللاھنىڭ: «جەننەتنىڭ ئىشىكلىرى قىلىچنىڭ سايىسى ئاستىدا» دېگەن ھەدىسىنى نەقىل كەلتۈرۈۋاتقىنىنى ئاڭلىدىم. ئۇ يەردىكىلەردىن ئۇستى ـ بېشى پەرىشان بىرسى ئالدىغا چىقىپ: ئى ئەبۇ مۇسا! رەسۇلۇللاھنىڭ قىلغان بۇ سۆزىنى ئاڭلىغان سەنمۇ؟ ـ دەپ سورىدى. ئەبۇ مۇسا (دادام): شۇنداق، ـ دەپ جاۋاب بەردى. ئۇ ئادەم باشقىلارغا بۇرۇلۇپ: ئاللاھ سىلەرگە سالامەتلىك بەرسۇن! ـ دېدى، ئاندىن قىلىچىنىڭ غىلىپىنى سۇندۇرۇپ تاشلاپ، دۈشمەن ئۇستىگە يېلىنىڭ قىلىچ بىلەن ئېتىلدى ۋە شېھىت بولغۇچە جەڭ قىلدى.

ئامىر ئىبنى جۇمۇھ ئېغىر دەرىجىدە ئاقسايدىغان كىشى ئىدى. ئۇنىڭ تۆت ئوغلى غازات كۈنلىرى رەسۇلۇللاھ بىلەن بىرلىكتە جەڭگە چىقاتتى. رەسۇلۇللاھ ئۇھۇد جېڭىگە ئاتلىنىش ئالدىدا ئۇمۇ كېلىشنى تەلەپ قىلدى. ئەمما ئوغۇللىرى: ئاللاھ ساڭا رۇخسەت قىلدى، سەن قالغىن، بىز سېنىڭ ۋەزىپەڭنى ئورۇنلايمىز. ھەم ئاللاھ سېنىڭ جىھادقا چىقماسلىقىڭغا رۇخسەت قىلدى، ـ دېيىشتى. ئامىر ئىبنى جۇمۇھ رەسۇلۇللاھنىڭ ئالدىغا كېلىپ: ئى رەسۇلۇللاھ! ئوغۇللىرىم سىلەر بىلەن جىھادقا چىقىشىمغا توسقۇنلۇق قىلىۋاتىدۇ. ئاللاھقا قەسەم قىلىمەنكى، مەن شېھىت بولۇپ، جەننەتكە ئاقساپ ـ ئاقساپ مېڭىپ كىرىشنى ئارزۇ قىلىمەن، ـ دېدى. رەسۇلۇللاھ: ئاللاھ سېنىڭ جىھادقا چىقماسلىقىڭغا رۇخسەت قىلدى، ـ دېدى. ئاندىن ئوغۇللىرىغا: «داداڭلارغا نېمە ئۈچۈن توسقۇنلۇق قىلدىڭلار؟ بەلكى ئاللاھ ئۇنى شېھىتلىك بىلەن مۇكاپاتلىشى مۇمكىن» دېدى. ئامىر ئىبنى جۇمۇھ رەسۇلۇللاھ بىلەن بىرلىكتە جەڭگە كىردى ۋە ئۇھۇد غازىتىدا شېھىت بولدى.

شەداد ئىبنى ئەلھاد رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: بىر بەدەۋىي رەسۇلۇللاھنىڭ قېشىغا كېلىپ ئىمان ئېيتتى ۋە ئۇنىڭغا تەۋە بولدى. كېيىن: ئى رەسۇلۇللاھ! مەنمۇ سىلەر بىلەن ھىجرەت قىلسام، ـ دېدى. رەسۇلۇللاھ ئۇنى

بەزى ساھابىلەرگە تاپشۇردى. رەسۇلۇللاھ خەيبەر غازىتىدا قولغا كىرگۈزۈلگەن غەنىمەتلەرنى تەقسىم قىلغاندا، يەدەۋىيىنىڭ نىسىۋىسىنى بېرىش ئۈچۈن بىر ساھابىسىگە تاپىلىدى. بەدەۋىي ساھابىلەرنىڭ ئاتلىرىنى ئوتلىتىۋاتاتتى. ساھابە كېلىپ، ئۇنىڭ نىسىۋىسىنى بەردى. بەدەۋى: بۇ نېمە؟ - دەپ سورىدى. ساھابە: رەسۇلۇللاھ ساڭا ئايرىغان نىسىۋە، - دېدى. بەدەۋىي نىسىۋىنى ئېلىپ ئۇدۇل رەسۇلۇللاھنىڭ ئالدىغا كەلدى ۋە: ئى ئاللاھنىڭ رەسۇلى! بۇ نېمە؟ - دەپ سورىدى. رەسۇلۇللاھ: نىسىۋەڭ، - دەپ جاۋاب بەردى. بەدەۋىي: مەن ساڭا بۇنىڭ ئۈچۈن ئەمەس، (گېلىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ) بۇ يەرگە بىر ئوق سانچىلىپ ئۆلۈش ۋە شۇ پېتى جەننەتكە كىرىش ئۈچۈن ئەگەشتىم، - دېدى. رەسۇلۇللاھ: ئەگەر ئاللاھنىڭ ۋەدىسىگە ئىشەنسەڭ، ئاللاھ سېنى ۋەدە قىلغان نەرسىسى بىلەن مۇكاپاتلايدۇ، - دەپ جاۋاب بەردى. ئاندىن ئۇلار دۈشمەن بىلەن ئېلىشىش ئۈچۈن جەڭ مەيدانىغا قاراپ ئىلگىرىلىدى ئۇزۇن ئۆتمەي بەدەۋىي رەسۇلۇللاھنىڭ ئالدىغا شېھىت بولغان ھالدا كەلتۈرۈلدى. رەسۇلۇللاھ: ئۇ ئاللاھقا راست ئېيتتى، ئاللاھ مۇ ئۇنى مۇرادىغا يەتكۈزدى، - دېدى.

## مەنمەنلىكتىن بويسۇنۇشقا

بۇ ئىمانغا ساھىب بولۇشتىن ئىلگىرى ئىنسانلارنىڭ ئىش - ھەرىكەتلىرى، مۇئامىلىسى، ئەخلاقى قۇرۇلمىلىرى، سودا - سېتىقى، سىياسىي ۋە ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلىرى پۈتۈنلەي ئۆز بېشىمچىلىق ۋە مەنمەنلىك ئىچىدە ئىدى. ھېچبىر باشقۇرغۇچىنى قوبۇل قىلمايتتى، ھېچبىر نىزامغا رىئايە قىلمايتتى ياكى بەلگىلىك بىر يولدا ماڭمايتتى. ھەر دائىم ئارزۇ - ھەۋەسلىرىنىڭ پېشىدىن ماڭاتتى، ھەر تەرەپكە قارىغۇلارچە يول ئالاتتى. ھاياتلىرى تاسادىپىي

ئىشلار بىلەن تولغان ئىدى. ئەمما ئۇلار ھازىر ئىمان ۋە قۇللۇق باغچىسىغا شۇڭغۇدى ۋە ئۇ يەردىن چىقىشنى خالىمايتتى. مال - مۈلۈك، ھاكىمىيەت، بۇيرۇق ۋە قوماندانلىقنىڭ پەقەت ئاللاھقىلا ئائىت ئىكەنلىكىنى قوبۇل قىلدى. بۇنىڭ

بىلەن بىرگە ئىبادەت، قۇللۇق ۋە مۇتلەق ئىتائەتنىڭ ئۆزلىرىگە بېرىلگەن ۋاز كېچىلمەس ۋەزىپىلەر ئىكەنلىكىنى شەك - شۈبھىسىز ئېتىراپ قىلدى. نەپسىدىكى پۈتۈن يامانلىقنى چىقىرىپ تاشلاپ، ئاللاھنىڭ ھۆكۈملىرىگە چىن قەلبلىرىدىن بويسۇن ئەگدى. قانچىلىك گۇناھى بولسا، ئۈستىلىرىدىن ھەممىسىنى ئۈچۈرۈپ تاشلىدى. خېيىم - خەتەردىن، ناچار ئارزۇ - ھەۋەسلەرگە قۇل بولۇشتىن قۇتۇلدى. شۇنىڭ بىلەن ئاللاھ رازىلىق بىلدۈرۈپ، رۇخسەت قىلغان مال - مۈلۈك ۋە پۇل - پۈچەكتىن باشقا ھېچ نەرسىسى بولمىغان تەقۋا بەندىلەر ھالىغا كەلدى. ئاللاھنىڭ رۇخسىتىسىز باشقىلار بىلەن ئۇرۇشمايتتى ياكى سۈلھى قىلىشمايتتى. ئاللاھنىڭ رۇخسىتىسىز ياكى ھۆكمىگە ئۇيغۇن كەلمىگۈچە ھېچنېمىگە رازىلىق بەرمەيتتى، ھېچكىمگە يامانلىق قىلمايتتى، زىيان يەتكۈزمەيتتى، ھېچنەرسىنى چەكلىمەيتتى، دوستلۇق ئورناتمايتتى، باشقىلار بىلەن ئارىسىنى بۇزمايتتى. ئەرەبلەر قۇرئان كەرىم نازىل قىلىنغان تىلنى ئۆزلەشتۈرگەن ۋە رەسۇلۇللاھنىڭمۇ ئوخشاش بىر تىلنى قوللانغانلىقىنى كۆرگەن ۋاقىتتا، ئۆزلىرى ئۆسۈپ - يېتىلگەن جاھىلىيەت ھاياتىنى تونۇپ يېتىپ ئىسلامنىڭ ھەقىقىي مەنىسىنى چۈشىنىپ يەتكەن ۋاقىتتا، شۇنداق، مانا مۇشۇ ۋاقىتتا، بۇ ھەرىكەتنىڭ بىر ھاياتتىن باشقا بىر ھاياتقا، بىر ھۆكۈمرانلىقتىن باشقا ھۆكۈمرانلىققا ئۆز بېشىمچىلىقتىن ئىنتىزامچانلىققا، جەڭ قىلىشتىن سۈلھى قىلىشقا، بىر ھاكىمىيەتتىن باشقا بىر ھاكىمىيەتكە مەنمەنلىك قىلىشتىن بويسۇنۇشقا ئۆتۈش ئىكەنلىكىنى چۈشەندى، ئىسلامغا كىرگەندىن كېيىن (مۇسۇلمان بولغاندىن كېيىن) ناتوغرا يوللارغا مېڭىش، ئىلاھىي قانۇنغا مۇخالىپ (قارشى) چىقىش رەسۇلۇللاھ كۆرسەتكەن يولدىن باشقا يول تاللاش ياكى رەسۇللاھقا قىيىنچىلىق تۇغدۇرۇش، ئاللاھتىن باشقىسىنىڭ ھاكىمىيىتىگە كىرىش، بېرىلگەن بۇيرۇقلارغا بويسۇن تولغاش، ئەنئەنە ۋە ئۆرپ - ئادەتلەرگە خىلاپلىق قىلىش، نەپسىنىڭ ئارزۇ - ھەۋەسلىرىگە قۇربان بولۇش دېگەندەك ئىشلار ئەقلىگە كىرىپ چىقمايتتى. مۇسۇلمان بولۇشى بىلەنلا جاھىلىيەت ھاياتىدىكى ئۆرپ - ئادەت ۋە ئەنئەنىلىرىنى چۆرۈپ تاشلاپ

ئىسلام ئەنئەنىسى، ئۆرپ ـ ئادىتى ۋە خۇسۇسىيەتلىرىگە ماسلاشتى. بۇ ئۇلۇغ ئىنقىلاب ئىسلامىيەتنىڭ رۇخستى ئاستىدا قىسقا ۋاقىتتا پۈتۈن مەۋجۇدلۇقى بىلەن ئۇلارنىڭ قەلب تۆرىدىن ئورۇن ئالدى.

رەسۇلۇللاھ بەيتۇللاھنى تاۋاپ قىلىۋاتقان ۋاقىتتا، فۇزالە ئىبنى ئۇمەير ئىبنى مەلۇھ ئۇنى ئۆلتۈرۈشكە تەمشىلىۋاتاتتى. رەسۇلۇللاھ فۇزالىگە يېقىن كەلگەندە: ئى فۇزالە، سەنمۇ؟ ـ دەپ سورىدى. شۇنداق! مەن بولىمەن، ـ دېدى. رەسۇلۇللاھ: بۇ يەردە يالغۇز نېمىنى خىيال قىلىۋاتىسەن؟ ـ دەپ سورىدى، ھېچنېمە، پەقەت ئاللاھنى زىكىر قىلىپ تۇردۇم، ـ دېدى. رەسۇلۇللاھ كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ: ئاللاھتىن مەغپىرەت تىلىگىن! ـ دېدى. ئاندىن قولىنى فۇزالىنىڭ كۆكسىگە قويۇپ، ئۇنىڭ ھاياجىنىنى باستى.

فۇزالە بۇ ۋەقەنى مۇنداق بايان قىلىپ بەردى: ئاللاھقا قەسەم قىلىمەنكى، رەسۇلۇللاھ قولىنى كۆكسۈمدىن ئالغان ھامان، ئۇنىڭ ئاللاھ ياراتقان ئىنسانلار ئىچىدە مەن ئەڭ سۆيگەن كىشى ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدىم. ئۇ كۈنى ئۆيگە كېتىۋاتقىنىمدا، مەن بۇرۇن ئۇلپەتداشلىق قىلغان بىر ئايالغا ئۇچرىشىپ قالدىم، ئۇ ئايال: كەل مۇڭدىشايلى! ـ دېدى. مەن: ئاللاھ ۋە ئىسلامىيەت مېنى بۇ ئىشتىن چەكلىدى، ـ دېدىم.

## ئىلاھىيەت ساھەسىدىكى دەلىللەر

پەيغەمبەرلەر ئىنسانلارغا ئاللاھنىڭ ماھىيىتى، سۈپەتلىرى، ئىشلىرىدىن، بۇ ئالەمنىڭ باشلىنىش ۋە ئاخىرلىشىشىدىن، ئىنساننىڭ ئۆلگەندىن كېيىنكى ئەھۋالىدىن خەۋەر بەرگەن ئىدى. پۈتۈن ئىلىملەر ئىنسانىيەتكە قىيىنچىلىق تارتماي، ئاسان چۈشىنىپ ئۆزلەشتۈرۈش ئۈچۈن پەيغەمبەرلەرنىڭ ۋاسىتىسى ئارقىلىق ئەۋەتىلگەن ئىدى. ئەمما بۇنىڭ بىلەن بىللە، نامەلۇم شەخسلەرنىڭ دامىغا دەسسىمەسلىك ئۈچۈن، قىلغان تەتقىقات ۋە ئىزدىنىش ئىشلىرىدا بەكمۇ

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى



دىققەت قىلىشنى تەلەپ قىلغان ئىدى. چۈنكى پرىنسىپ ۋە ئاساسلىرى مۇقىم بولمىغان ئىلىملەرنى ئىنچىكىلەپ تەتقىق قىلىپ، ئۇنىڭ سىرلىقىنى ئاچىدىكەن دەپ، بۇ ئىلىملەرنى قىلماقچى بولغان تەتقىقاتلارغا ئاساس قىلىۋېلىش ھېچقاچان توغرا ئەمەس. ھەممىدىن مۇھىمى بۇ ئىلىملەر ھېسسىيات ۋە ۋۇجۇدنىڭ نېرىسىدا بولغاچقا، ئۇ يەردە ھېس - تۇيغۇ ئورگانلىرى ئىشلىمەيدۇ. ھېچقاچان نەزەربەند ئاستىغا ئېلىنمايدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە قوللىرىدا بۇ ئىلىملەردىن دەسلەپكى مەلۇماتلارمۇ يوق.

ئەمما ئىنسانلار بۇ نېئمەتلەرگە شۈكرى قىلماي، تەكرار كونا ھاياتلىرىغا قايتتى. يېڭىدىن مۇنازىرە قىلىشقا باشلىدى. رەھبىرى ۋە قوماندانى بولمىغان دۆلەتلەرگە قاراپ سەل بولۇپ ئاقتى. بۇ ھەقتە ئىنسانىيەت نەسىللەر بويىچە مىڭبىر مۇشەققەتتە ئېرىشكەن خەرىتە ئۈستىدىكى ئىسپاتلار ۋە جۇغراپىيە ئىلىملىرىگە قانائەت قىلماي، ئۆزىنىڭ ۋىجىك بەدىنى، قىسقىغىنا ئۆمرى ۋە يېتەرسىز سايمانلىرى بىلەن تاغلارنىڭ ئېگىزلىكىنى، دېڭىزلارنىڭ چوڭقۇرلۇقىنى، چۆللەرنىڭ ھەجمى (كۆلىمى) ۋە چەك - چېگرالىرىنى يېڭىدىن ئۆلچەپ بېقىشقا ئۇرۇنغان بىر تەتقىقاتچىنىڭ ئەھۋالىدىن تېخىمۇ ناچار، تېخىمۇ ھارغىن ۋە تېخىمۇ ئېچىنارلىق ئەھۋالغا چۈشۈپ قالدى. شۇنىسى ھەقىقەتكى، بۇنىڭغا ئوخشاش ئىشلارنى قىلىشقا ئۇرۇنغان ھەر كىم ئۈمىدسىزلىككە دۇچار بولىدۇ، بىر قانچە يەرگە قالايمىقان سىزىق ۋە ئىشارەت سىزىپ قويۇشتىن باشقا ھېچ ئىش قىلالمايدۇ. (رىبائىللىقنى) يىراقنى كۆرەلمەيدىغان، ھىدايەتتىن قۇرۇق قالغان كىشىلەرنىڭ ئىلاھىي ئىلىملەرنى تەتقىق قىلىشىمۇ بۇنىڭدىن ھېچ پەرقلەنمەيدۇ. ئۆزىگە يات بولغان بىر ساھەدە تونۇتامى يوق پىكىرلەر، چالا مەلۇماتلار، بىر - بىرىگە باغلاشمايدىغان چۈشەنچىلەر، ئۇنىڭدىن - بۇنىڭدىن ئېلىنغان نەزەرىيىلەرنى ئىلگىرى سۈرۈپ ھەم ئۆزىنى ئالدايدۇ، ھەم باشقىلارنىڭ يولدىن چىقىشىغا سەۋەبچى بولىدۇ.

مانا بۇلاردىن بىلىۋالالايمىزكى، پەيغەمبەرلەر ئىنسانلارغا ھەر زامان،

ھەر يەردە باياشات (راھەت) بىر ھاياتقا ۋە ئۇستۇن بىر مەدەنىيەتكە ئۇل بولالىغۇدەك نىزام ۋە ساغلام پرىنسىپلارنى ئۆگەتتى. ئەمما ئارىدىن ئەسىرلەر ئۆتۈپ، ئىنسانلارنىڭ بۇ نىزام - پرىنسىپلارنى ئۇنتۇپ، مەدەنىيەتلىرىنى كېرىكى قالمىغان ئاساسلار ئۈستىگە بەرپا قىلىشلىرى بەكمۇ ئەپسۇسلىنارلىق ئىش بولدى. نەتىجىدە، مەدەنىيەتلىرىنىڭ بۇ ئاساسلىرى يىمىرىلىپ، بىنا قورقۇنچلۇق ھالدا سىلكىندى ۋە ئەڭ ئاخىرى بىنا ئۆگزىسى باشلىرىغا ئۆرۈلۈپ چۈشتى.

ساھابىلەر ھاياتلىرىنى خاتىرجەملىك ۋە خۇشاللىق ئىچىدە ئۆتكۈزدى. چۈنكى ئۇلار ھەر ئىشتا رەسۇلۇللاھقا بويسۇناتتى. ئورۇنسىز تالاش - تارتىشتىن قاچاتتى. ئىسلامىيەت كەلتۈرگەن تەگداشسىز نېئمەتلەر ئىچىدە كېلەچەكىدىن خاتىرجەم، ھۇزۇر ئىچىدە ياشايتتى. زېھنى - قۇۋۋىتى ۋە ئەجىر - مېھنەتلىرىنى باشقا ساھەلەرگە سەرپ قىلاتتى، ۋاقىتلىرىنى دىن ۋە دۇنيا ئىرىنكچىلىكىدە ئۆتكۈزەتتى. مۇستەھكەم بىر تۈنتۇقچا مەھكەم ئېسىلىپ ئىسلامىيەتنى ئۆزلىرىنىڭ ھايات مىزانى قىلىشقان ئىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com



# ئۈچىنچى بۆلۈم

# ئىسلام جەمئىيىتى بىر دەستە گۈل

ئاللاھقا، پەيغەمبىرىگە، ئاخىرەت كۈنىگە كەلتۈرگەن بۇ ئىمان، ئۆزىنى ئاللاھقا ۋە دىنىغا تاپشۇرۇش روھىي ھاياتنىڭ پۈتۈن خاتالىقلىرىنى تۈزىتىپ، جەمئىيەتنىڭ ھەر ساھەسىگە ۋە ھەر بىر شەخسنىڭ ئىدىيىسىگىچە سىڭگەچكە، پۈتۈن ئىنسانىيەت بىر دەستە تىكەنسىز گۈلگە، بىر ئائىلە ئەزالىرىغا ئايلانغان ئىدى. دادىلىرى ھەزرىتى ئادەم، ھەزرىتى ئادەم بولسا تۇپراقتىن يارىتىلغان ئىدى. ئەرەبلەرنىڭ باشقا مىللەتتىن، باشقا مىللەتنىڭ ئەرەبلەردىن تەقۋالىقىدىن باشقا ئۈستۈنلۈكى يوق ئىدى. پۈتۈن ئۈستۈنلۈك تەقۋالىقتا ئىدى، ئاللاھنىڭ رەسۇلى مۇنداق دېگەن ئىدى: «ھەممىڭلار ئادەم ئاتىنىڭ ئەۋلادى، ئادەم ئاتا بولسا، تۇپراقتىن يارىتىلدى. ئۆز ئاتىلىرى بىلەن مەغرۇرلانغانلار (ئۆزىنى ئۈستۈن چاغلىغانلار) بۇ قىلمىشىدىن ۋاز كەچسۇن، ئەگەر ۋاز كەچمىسە، ئاللاھنىڭ نەزىرىدە يەر بېغىرلىغۇچى ھايۋانلاردىن بەكرەك يامان ئەھۋالغا چۈشۈپ قالىدۇ».

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىنسانلارغا يەنە مۇنداق دېدى:

«ئى ئىنسانلار! ئاللاھ سىلەرگە جاھىلىيەتنىڭ نىجاسەتلىرىنى ۋە ئاتىلىرى بىلەن مەغرۇرلىنىشنى چەكلىدى. ئىنسانلار ئىككىگە بۆلۈنىدۇ، بىرىنچىسى، راستچىل، تەقۋا ۋە ئاللاھقا ئىتائەتكار بولغانلار؛ ئىككىنچىسى، گۇناھكار، ئاسىي ۋە ئاللاھقا قارشى چىققانلار».

«سىلەرنىڭ نەسەبىڭلار سىلەرگە ھېچ ئۈستۈنلۈك ئېلىپ كېلەلمەيدۇ.

ھەممىڭلار ئادەم ئاتىنىڭ ئەۋلادى. ھەممىڭلار باراۋەر بىر ـ بىرىڭلاردىن پەقەت دىن ۋە تەقۋالىقتىن باشقا ئۈستۈنلىكىڭلار يوق».

ئەبۇ زەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن مۇنداق بىر ھەدىس رىۋايەت قىلىدۇ:

رەسۇلۇللاھ ئەبۇزەرگە مۇنداق دېگەن ئىدى: «ماڭا قارا، ئەبۇ زەر! سېنىڭ ھېچكىمدىن، ھېچبىر زەڭگىدىن تەقۋالىقتىن باشقا ھېچ ئۈستۈنلىكىڭ يوق». ساھابىلەر يېرىم كېچىدە رەسۇلۇللاھنىڭ ئاللاھقا: «پۈتۈن بەندىلىرىڭنىڭ بىر ـ بىرى بىلەن قېرىنداش بولغانلىقىغا گۇۋاھچىمەن، ئى پەرۋەردىگارىم!» دەپ مۇناجات قىلغانلىقىنى ئاڭلىغان ئىدى.

## «ئىرقچىلىققا سەۋەبچى بولغانلار بىزدىن ئەمەس»

رەسۇلۇللاھ جاھىلىيەتنىڭ پۈتۈن ھاياتلىق تومۇرى ۋە يىلتىزىنى قومۇرۇپ تاشلىدى، ئاساسىنى تەۋرەتتى، قانچىلىك يوچۇقى بولسا ھەممىسىنى تاقىدى. ۋە پۈتۈن كائىناتقا: «ئىرقچىلىققا چاقىرغان، ئىرقچىلىق ئۈچۈن جەڭ قىلغان ۋە ئىرقچىلىق يولىدا ئۆلگەن بىزدىن ئەمەس» دەپ جاكارلىدى.

جابىر ئىبنى ئابدۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: بىز بىر جەڭدە ئىدۇق. مۇھاجىرلاردىن بىرى بىلەن ئەنسارىلاردىن بىرى غوۋغا چىقاردى. ئەنسارى: ئى ئەنسارىلار! نەدە سىلەر؟ ـ دەپ ۋارقىرىدى. مۇھاجىرمۇ: ئى مۇھاجىرلار! نەدە سىلەر؟ ـ دەپ ۋارقىرىدى. بۇنى ئاڭلىغان رەسۇلۇللاھ: «بۇ ئادەتنى تاشلاڭلار، چۈنكى بۇ سۆز سەسكەندۈرگۈچى بىر پۇراق چاچماقتا» دېدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام جاھىلىيەت مۇتەئەسسىپلىكىنى چەكلىدى. جاھىلىيەت دەۋرىدىكى ئەرەبلەر ئارىسىدا كەڭ يېيىلغان ياردەملىشىش ئۇسۇلىغا چەك قويدى. ھەتتا: «زالىم ياكى مەزلۇم بولسۇن قېرىندىشىڭغا ياردەم قىل!». سۆزىمۇ جاھىلىيەت دەۋرىنىڭ مەشھۇر ماقال ـ تەمسىلى ۋە ۋاز كېچىلمەس دەستۇرى ئىدى.

www.uyghurkitap.com

رەسۇلۇللاھ مۇنداق دېگەن ئىدى: «ھەقسىز بولسىمۇ ئۆز قوۋمىغا ياردەم قىلغان كىشى تاقەتسىزلىكتىن قۇيرۇق پۇلاڭلاتقان تۆگىگە ئوخشايدۇ».

شۇڭا ئەرەبلەرنىڭ روھى دۇنياسى ۋە زېھنىلىرى تامامەن ئۆزگەردى. ھەتتا مۇسۇلمان ئەرەبلەر ئىغىزىدىن چۇشمەيدىغان يۇقىرىقى ماقال ـ تەمسىلنى ھەزىم قىلالماس ھالىغا كەلدى. بىر قېتىم رەسۇلۇللاھ: «زالىم ياكى مەزلۇم بولسۇن، ئۆز قوۋمىڭغا ياردەم قىل!» دېيىشى بىلەن بىر مۇسۇلمان ئەرەب ئۆزىنى تۇتالماي: «ئى رەسۇلۇللاھ! ماقۇل، مەزلۇمغا ياردەم قىلاي، ئەمما زالىمغا قانداق ياردەم قىلىمەن؟» دېدى. رەسۇلۇللاھ ئۇنىڭغا: «ئۇنىڭ زۇلۇمغا قارشى چىق، بۇ زالىمغا قىلغان ياردىمىڭ ھېسابلىنىدۇ» دېدى.

## ھەممىڭلار (مالچىغا ئوخشاش) ئۆز مېلىڭلارنىڭ مەسئۇلى

ئىسلام جەمئىيىتىدىكى ھەر تۈرلۈك تەشكىلات ۋە گۇرۇھلار بىر ـ بىرىگە ياردەم قىلىدىغان، قوللايدىغان، بىرى يەنە بىرىگە زۇلۇم قىلمايدىغان ھالغا كەلدى. ئەركەكلەرگە (ئەرلەر) ئاياللارغا نىسبەتەن كۆپرەك ھەق بېرىلدى. چۈنكى، ئاللاھ قۇرئاندا ئەرلەرنىڭ ئاياللاردىن كۆپلىگەن نۇقتىلاردا ئۈستۈن ئىكەنلىكىنى بايان قىلىدۇ. ئەينى ۋاقىتتا ئەرلەر ئۆز مېلىدىن ئاياللارغا سەرپ قىلىدۇ. ياخشى ئاياللار ئاللاھقا ئىتائەتكاردۇر، ئەرلىرى يانلىرىدا بولمىغان ۋاقىتلاردا ئىپپەت ـ نومۇسىنى ساقلايدۇ. چۈنكى، ئاللاھ شۇنداق قىلىشقا بۇيرۇدى. ئاياللارنىڭمۇ ھەققى ۋە مەسئۇلىيەتلىرى بار. بۇ ئارقىلىق جەمئىيەت ئەزالىرى ئۆز مېلىغا مەسئۇل پادىچى ھالىغا كەلدى.

دۆلەت رەئىسى بىر پادىچىدۇر، ئائىلە ئەزالىرى (خوتۇن، بالا ـ چاقىلىرى) دىن مەسئۇلدۇر. ئاياللار ئەرلىرىنىڭ ئائىلىسىنىڭ پادىچىسىدۇر. ئەرلىرىنىڭ ھوقۇقلىرىغا ۋە بالىلىرىغا مەسئۇلدۇر. خىزمەتچى خوجايىنىنىڭ مېلىنىڭ پادىچىسىدۇر ۋە ئۇلارغا مەسئۇلدۇر.

شۇنداق قىلىپ، ئىسلام جەمئىيىتى ھەر تۈرلۈك پائالىيەت ـ ھەرىكەتلىرىگە مەسئۇل، ئەقىللىق، يېتىشكەن بىر جەمئىيەت بولۇپ شەكىللەندى.

## ئاللاھنىڭ ئەمرىگە بويسۇنمىغانغا ئىتائەت قىلىنمايدۇ

مۇسۇلمانلار ھەر دائىم ھەق تەرەپتە تۇردى. پۈتۈن مەسىلىلەرنى كېڭەش ئارقىلىق ھەل قىلدى. خەلىپىگە، ئۇ ئاللاھقا ئىتائەت قىلغىچە ئىتائەت قىلاتتى. خەلىپە ئاللاھنىڭ ئەمرىگە قارشى چىقىشى بىلەنلا خەلق ئۇنىڭ ئىتائىتىدىن چىقاتتى. بۇ ھۆكۈمنىڭ ئاساسى "ئاللاھ نى ئىنكار قىلغان (ئاللاھنىڭ ئەمرىگە بويسۇنمىغان) غا ئىتائەت قىلىنمايدۇ" پرىنسىپى ئىدى.

پادىشاھ ۋە ھۆكۈمدارلارنىڭ باج ـ سېلىقى، بايلارنىڭ ۋاز كېچىلمەس سەرمايىسى بولغان خەزىنە ۋە ماللىرى ئاللاھنىڭ ماللىرىغا ئايلاندى. بۇ ماللار پەقەت ئاللاھ ۋە ئاللاھنىڭ رازىلىقى ئۈچۈن سەرپ قىلىناتتى. مۇسۇلمانلار بۇ خەزىنە ۋە ماللارنىڭ قوغدىغۇچىلىرى ئىدى. خەلىپە يېتىمنىڭ تەربىيىچىسىگە ئوخشايتتى. خەلىپىنىڭ قول ـ ئىلكىدە بولسا، يېتىمنىڭ بارلىق ئېھتىياجىنى قامدايتتى، ئەمما ئۇنىڭ مېلىدىن ھېچ نەرسە ئالالمايتتى. ئەگەر خەلىپە پېقىر بولسا، مالدىن پەقەت بەلگىلەنگەن مىقداردا ئالالايتتى. پادىشاھ ۋە ھۆكۈمرانلارنىڭ زورلۇق بىلەن بۇلاپ ئېلىۋېلىپ، خالىغىنىغا بەرگەن ۋە خالىغىنىدىن تارتىپ ئېلىۋالغان، كۆڭلى تارتقانلىرىغا رەخت پارچىسىدەك تارقىتىپ بەرگەن تۇپراقلىرى ئاللاھنىڭ مۈلكىگە ئايلاندى. ئاللاھنىڭ بىر غېرىچ تۇپرىقىغا تاجاۋۇز قىلغانلارنىڭ، يەتتە قات يەرنى بوينىدا سۆرەپ يۈرىدىغانلىقى ئوچۇق بايان قىلىنغان ئىدى.

## رەسۇلۇللاھ جەمئىيەتنىڭ روھى ۋە قەلبىدە تەخت قۇرغان ئىدى

ئىسلامىيەتتىن ئىلگىرى ئىنسانلار قىلغان ـ ئەتكەن ھەر ئىشنىڭ ھۇزۇر

ۋە راھەتنى يوقىتىپ، ھەر تەرىپى چىرىگەن، يوق بولۇش ئالدىدا تۇرغان بىر جەمئىيەت ھالىغا چۈشكەن ئىدى. قوماندانلىرىنىڭ پىكرى ئۆلىنىماي ياكى ئۇلار بىلەن مەسلىھەتلەشمەي تۇرۇپ جەڭ مەيدانلىرىغا ئېلىپ كىرىلەتتى، جەڭدىن بىر نەتىجە چىقماي ياكى كۆزلەنگەن مەقسەتكە يەتمەي تۇرۇپ سۈلھى قىلىشقا زورلىناتتى. ئىنسانلار، مەرھەمەت ھېسسىياتى، ۋىجدان ئازابى دېگەنلەرگە قارىماي ئىنساپسىزچە ئېزىلىپ، جان پىدا قىلىشقا، زورلۇقلارغا ۋە چىدىغۇسىز ئىشلارغا زورلىناتتى. ئۇلار قوماندانلىرىنى ۋە قوماندانلىرىمۇ ئۇلارنى ھېچ ياقتۇرمايتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۆزلىرى ياقتۇرمىغانلارغا ئىتائەت قىلىش، ئۆز دۈشمەنلىرى ئۈچۈن جان ۋە ماللىرىنى پىدا قىلىش مەجبۇرىيىتىدە ئىدى. ئىنسانلار قەلب ئوتى ئۆچكەن، ھېسسىياتى توڭلىغان، ئىككى يۈزلىمچى ۋە يالغانچىلىق ئىدىيىسىدە يېتىشكەن بولۇپ، قەلبلىرى خورلۇق، زۇلۇم ۋە بېسىم ئاستىدا تەربىيىلەنگەن ئىدى.

تارىختا تۇرغۇنلىغان ئۆلمەس ئەسەرلەرنىڭ مەيدانغا كېلىشىگە ۋە پەۋقۇلئاددە ھادىسىلەرنىڭ كېلىپ چىقىشىغا سەۋەب بولغان، ئىنسانلار

"سۆيگۈ" دەپ ئاتىغان بۇ كۈچلۈك ھېسسىيات، ئىسلامىيەتتىن بۇرۇن يەر يۈزىدىن غايىب بولغان ئىدى. ئەسىرلەردىن بېرى بۇ ھېسسىيات بىلەن مەشغۇل بولۇپ، ئۇنىڭ مېۋىلىرىنى توپلىيالىغۇدەك بىر ئىنسان چىقمىغان ئىدى. شۇنىڭ بىلەن بۇ كۈچلۈك ھېسسىيات كونا - يېڭى شائىرلار مەدھىيىلەپ كېلىۋاتقان پارلاق رەڭلەرنىڭ گۈزەللىكلىرى ۋە ئالدىغۇچى سىزىقلىرى ئارىسىدا يوقاپ كەتكەن ئىدى.

رەسۇلۇللاھ ئىشنى مانا مۇشۇنداق ئېزىلگەن ۋە گاڭگىراپ قالغان بىر جەمئىيەتتە باشلىغان ئىدى. ئىنسانلارنى ۋابا كېسىلىدەك چىرمىغان مەسىلىلەرنى ھەل قىلىپ، ئۇلارنى ئاسارەتتىن قۇتۇلدۇردى. ئۇ خۇددى جەمئىيەتنىڭ يۈرىكى ۋە روھىغا ئايلانغان ئىدى. ئۇلارنىڭ كۆز نۇرى، كامالىتى ۋە گۈزەللىك سۈپەتلىرىنى، ئېھسان ۋە ياخشىلىقنىڭ ئەڭ ئۈستۈن مەنىلىرىنى



www.uyghurkitap.com

ئۆزىگە جۇغلىغان خۇش خەۋەرچى ئىدى. ئۇنى تونۇيدىغانلار ئۇنىڭ جەزىبىسىدىن ئۆزلىرىنى ئالالمايتتى. ئۇنى سۈپەتلىگەنلەر مۇنداق دەيتتى:

ئۇنىڭدىن ئىلگىرى ۋە كېيىن ئۇنىڭغا ئوخشاش ئادەم كۆرمىدىم، ھەقىقىي سۆيگۈ خۇددى سۇ يۇقىرىدىن پەسكە ئاققاندەك ئۇنىڭغا يۈزلىنەتتى. قەلبلەر ۋە كۆڭۈللەر خۇددى ماگنىت تۆمۈر پارچىلىرىنى ئۆزىگە تارتقاندەك ئۇنىڭ جەزىبىسىگە باغلىناتتى، گوياكى ئۇ قەلب ۋە كۆڭۈللەرنىڭ ماكانى ئىدى. ئۇ ئۇممەتلىرى تەرىپىدىن شۇ قەدەر ياخشى كۆرۈلەتتى ۋە شۇ دەرىجىدە ئىنائەت قىلىناتتىكى، ئاشىق ـ مەشۇقلار تارىخىدا مۇنداق بىر سۆيگۈ كۆرۈلمىگەن ئىدى. ئۇنىڭغا ئۆز نەپسلىرىدىن، ئائىلىسىدىن، ماللىرىدىن ۋە بالا ـ چاقىلىرىدىنمۇ ئۈستۈن كۆرۈشتەك تەڭداشسىز سۆيگۈ ۋە پىداكارلىق ئۆرنەكلىرى كۆرسىتىلگەن ئىدى.

## تەڭداشسىز سۆيگۈ ۋە پىداكارلىقلار

ئەبۇ بەكرى ئىبنى ئەبۇ كۇھافە مۇسۇلمان بولغاندىن كېيىن، بىر كۈنى مەككىدە قاتتىق ئۇرۇلدى. ئۇتبە ئىبنى رەبىئە ئەبۇ بەكرى ئىبنى ئەبۇ كۇھافىگە يېقىنلىشىپ، مىخ قېقىلغان ئاياقلىرى بىلەن ئۇنى تېپىپ، يۈزىنى ـ كۆزىنى قانغا بوياپ، قورسىقىغا دەسسەپ ـ چەيلىگەن ئىدى. ھەتتا ئۇنىڭ (ئەبۇ بەكرىنىڭ) بۇرنى تونۇمىغىدەك ھالغا كەلگەن ئىدى. بەنى تەمىم قەبىلىسى ئەبۇ بەكرىنى بىر پارچە رەختكە يۆگەپ ئۇنىڭ ئۆيىگە ئېلىپ باردى. باشقىلار ئۇنىڭ چوقۇم ئۆلىدىغانلىقىغا ئىشەنگەن ئىدى. ئەبۇ بەكرى ئۇ كۈنى كەچ بولمايلا گەپ قىلىشقا باشلىدى. تۇنجى سۆزى: «رەسۇلۇللاھنىڭ ئەھۋالى قانداق؟» ئىدى. بۇنى ئاڭلىغان تەمىم قەبىلىسى ئەزالىرىنىڭ تېخىمۇ غەزىپى تېشىپ، ئۇنىڭغا ھاقارەت ياغدۇردى. ئاندىن ئەبۇ بەكرىنىڭ ئانىسى ئۇممۇلخەيرگە: «بۇنىڭغا ھەرگىز يېمەك ـ ئىچمەك بەرمىگىن» دەپ تەھدىت سېلىپ چىقىپ كېتىشتى. ئانىسى ئوغلى بىلەن يالغۇز قالغاندا، ئۇنى بىر نەرسە يېيىشكە زورلىدى. ئەبۇ

بەكرى تەكرار: «رەسۇلۇللاھ نېمە ئىش قىلىۋاتىدۇ؟» دەپ سورىدى. ئانىسى: «ئاللاھ بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، دوستۇڭدىن ھېچ خەۋىرىم يوق» جاۋابىنى بەردى. ئەبۇ بەكرى ئانىسىغا: «خەتتابنىڭ قىزى ئۇممۇ جەمىلەنىڭ قېشىغا بېرىپ، ئۇنىڭدىن رەسۇلۇللاھنىڭ ئەھۋالىنى سورىغىن» دېدى. ئانىسى ئۇممۇ جەمىلەنىڭ قېشىغا باردى. ئۇممۇ جەمىلە ئۇنىڭغا: «مەن ئەبۇ بەكرىنى ياكى ئابدۇللاھنىڭ ئوغلى مۇھەممەدنى تونۇمايمەن. ئەگەر ئوغلۇڭ خالىسا، مەن ئۇنىڭ يېنىغا باراي» دېدى. ئەبۇ بەكرىنىڭ ئانىسى ئۇممۇلخەير: «ماقۇل» دېدى ۋە ئىككىسى ئەبۇ بەكرىنىڭ يېنىغا كەلدى. ئەبۇ بەكرى ئۆلۈم گىرداۋىدا ئىدى. ئۇممۇ جەمىلە ئەبۇ بەكرىگە يېقىنلاشتى ۋە: «ئاللاھ بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، سىزنى بۇ ھالغا قويغان قەۋم پاسىق، كاپىردۇر. ئاللاھ ئۇلاردىن ئىنتىقامىڭىزنى ئالىدۇ، ئىنشائاللاھ!» دەپ پەرياد قىلىشقا باشلىدى. ئەبۇ بەكرى يەنە: «رەسۇلۇللاھنىڭ ئەھۋالى قانداق؟» دەپ سورىدى. ئۇممۇ جەمىلە: «ئانىڭىز يېنىمىزدا سۆزلىرىڭىزنى تۇيماسمۇ؟» دېدى. ئەبۇبەكرى: «ئۇنىڭدىن سىزگە ھېچ زەخمەت يەتمەيدۇ، قورقماڭ!» دېدى. ئۇممۇ جەمىلە: «رەسۇلۇللاھنىڭ ئەھۋالى ياخشى» دېدى. ئەبۇ بەكرى: «ئۇ ھازىر نەدە؟» دەپ سورىدى. ئۇممۇ جەمىلە: «ئىبنى ئەكرەمنىڭ ئۆيىدە» دەپ جاۋاب بەردى. ئەبۇ بەكرى: «ئاللاھقا قەسىمىم بار، رەسۇلۇللاھنى كۆرمىگۈچە ھېچنەرسە يېمەيمەن، ئىچمەيمەن» دېدى. كەچ كىرىپ، ئەل ئايىغى بېسىققاندىن كېيىن، ئۇممۇلخەير ۋە ئۇممۇ جەمىلە ئەبۇ بەكرىنى رەسۇلۇللاھنىڭ يېنىغا ئېلىپ باردى.

دادىسى، قېرىندىشى ۋە يولدىشى ئۇھۇد جېڭىدا رەسۇلۇللاھنىڭ سەپلىرىدە شېھىت بولغان مەدىنىلىك بىر ئايال كارۋاننىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ: ”رەسۇلۇللاھنىڭ ئەھۋالى قانداق؟“ دەپ سورىدى. ”ياخشى، ئاللاھقا شۈكرى! سىلەر ئارزۇ قىلغاندەك ئەھۋالدا“ دېگەن جاۋاب كەلدى. ئايال: ”ئۇنى ماڭا كۆرسىتىڭلار، ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرۈشنى تەلەپ قىلىمەن“ دېدى ۋە رەسۇلۇللاھنى كۆرۈپ: ”ئى رەسۇلۇللاھ! نېمە بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ساڭا مۇسىبەت يەتمىسۇن،

بىزگە يەتكىنى مۇھىم ئەمەس" دېدى.

مۇشرىكلەر خۇبەيبنى (رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ) دارنىڭ ئالدىغا ئەكەلدى ۋە قاقاقلاپ كۈلۈشۈپ: "ھازىر سېنىڭ ئورنۇڭدا مۇھەممەدنىڭ بولۇشنى خالامسەن؟" دەپ سوراشتى. خۇبەيب: "ياق، ئۇلۇغ ئاللاھ بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، مېنىڭ قۇتۇلۇشۇم ئۈچۈن، مۇھەممەدنىڭ ئايىقىغا تىكەن كىرىشىگىمۇ چىدىيالمايمەن" دەپ جاۋاب بەردى. مۇشرىكلار بىر - بىرىگە قاراپ كۈلۈشتى.

زەيد ئىبنى سابىت مۇنداق دەيدۇ: ئۇھۇد جېڭىدا رەسۇلۇللاھ مېنى سەئد ئىبنى دابىيانىنىڭ قېشىغا ئەۋەتتى ۋە: «ئەگەر ئۇنى كۆرسەڭ، "رەسۇلۇللاھ سېنىڭ ھال - ئەھۋالىڭنى سورىدى" دەپ سالىمىمنى يەتكۈزگىن!» دېدى. ئۆلۈكلەر ئارىسىدا ئايلىنىپ يۈرۈپ سەئد ئىبنى دابىيانىنى تاپتىم. يېنىغا بارغىنىمدا، ئاخىرقى نەپەسلىرى قالغان ئىدى. پۈتۈن بەدىنى قىلىچ، نەيزە ۋە ئوقتىن ئۆتمە - تۆشۈك بولۇپ كەتكەنىدى. ئى سەئد! ساڭا رەسۇلۇللاھنىڭ سالىمى بار، سېنىڭ ئەھۋالىڭنى سوراش ئۈچۈن مېنى ئەۋەتتى، - دېدىم. سەئد: ئاللاھنىڭ رەسۇلىغا سالىمىمنى ئېيتقىن. "ئى رەسۇلۇللاھ! جەننەتنىڭ پۇرىقىنى ئېلىۋاتىمەن" دېگەنلىكىمنى ئېيتقىن، - دېدى. ئاندىن قەۋمىم ئەنسارىغا: كۆزۈڭلارنى قىمىرلىتالىغۇدەكلا ئەھۋالىڭلار بولسا، رەسۇلۇللاھنى قوغداش يولىدا ھېچقانداق باھانە كۆرسەتمەڭلار، - دېدى ۋە جان ئۈزدى.

ئۇھۇد جېڭىدا دۈمبىسىنى رەسۇلۇللاھقا قالقان قىلغان ئەبۇ دۇجانە كەلگەن پۈتۈن ئوقلار ۋۇجۇدىغا سانجىلغان ھالدا ھېچ مىدىرلىمىغان ئىدى.

مالىك ئەل خۇدرى رەسۇلۇللاھنىڭ يارىسىنى ئېغىزى بىلەن تازىلاپ، يەرگە بىر تامچە قېنىنىمۇ ئېقىتمىغان ئىدى. يارا تازىلانغاندىن كېيىن، رەسۇلۇللاھ: «ئاغزىڭدىكى قاننى تۈكۈرىۋەت!» دېدى. مالىك ئەل خۇدرى: "ئاللاھ بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، بۇ قاننى ھەرگىز تۈكۈرمەيمەن" دەپ جاۋاب بەردى.

ئەبۇ سۇفيان مەدىنىگە كېلىپ، قىزى ئۇممۇ ھەبىبەنىڭ ئۆيىگە چۈشتى.

ئۇ رەسۇلۇللاھنىڭ تۆشىكىدە ئۇلتۇرماقچى بولغانىدى، قىزى ئۇممۇ ھەبىبە دەرھال تۆشەكنى قاتلاپ ئېلىۋەتتى، ئەبۇ سۇفيان: "قىزىم بىلەلمىدىم، ئەجىبا تۆشەك مەندىن قىممەتلىكمۇ ياكى مەن تۆشەكتىنمۇ؟" دەپ سورىدى. قىزى: "شۇنداق، تۆشەكنى سەندىن قىممەتلىك كۆرىمەن. چۈنكى، ئۇ رەسۇلۇللاھنىڭ تۆشىكى، سەن بولساڭ بىر قىبرى مۇشرىك" دەپ جاۋاب بەردى.

سەقىف قەبىلىسىدىن ئۇرۋە ئىبنى مەسئۇد ھۇدەيبىيە غازىتىدىن قايتقاندىن كېيىن، دوست - بۇرادەرلىرىگە مۇنداق دېگەن ئىدى: "ئى خالايىق! ئاللاھقا قەسەم قىلىمەنكى، قەيسەر، خىسراۋ ۋە نەجاشىغا ئوخشاش نۇرغۇن ھۆكۈمدارلارنىڭ ئالدىغا ئەلچى بولۇپ باردىم. قەسەم قىلىپ ئېيتىمەنكى، مۇھەممەدنىڭ ساھابىلىرى مۇھەممەدكە كۆرسەتكەن ھۆرمەت ۋە مۇھەببەتنى ھېچبىر پادىشاھ ھۇزۇرىدا كۆرمىدىم. ئۇ تۈكۈرگەن ۋاقىتتا، تۈكۈرۈكى ئادەملىرىدىن بىرىنىڭ ئالىقىنىغا چۈشەتتى، ئۇ ئادام ھېچ ئىككىلەنمەي تۈكۈرۈكنى يۈز - كۆزىگە سۈركەيتتى. ئۇ بەرگەن ئەمر - بۇيرۇقلارنى دەرھال ئورۇندايتتى. ئۇ تاھارەت ئالغان ۋاقىتتا، تاھارەت سۈيىنى تالىشىپ، ئۇرۇشۇپ كەتكىلى تاس قالاتتى. ئۇ سۆزلىگەندە، سۈكۈت قىلىپ ئاڭلايتتى، سۆيگۈ ۋە ھۆرمەتلىرىدىن ئۇنىڭغا تىكىلىپ قارىيالمايتتى".

## ئىتائەت ۋە بويسۇنۇشنىڭ ئاجايىپ كۆرۈنۈشلىرى

مۇسۇلمانلار سۆيگۈ - مۇھەببەت بىلەن ھاياجانلىنىپ، قېنى قىزىغان ئەسكەرلەرگە ئوخشاش رەسۇلۇللاھقا شەرتسىز بويسۇناتتى ۋە ئىتائەت قىلاتتى. خەلق پۈتۈن قەلبى بىلەن ئۇنى ھۆرمەتلىگەچكە، ئۆزلىرىنى ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلىشتىن تارتالمىغان ئىدى. سەئد ئىبنى مۇئازنىڭ ئۆزى ۋە ئەنسارىلار ھەققىدە بەدرى غازىتىدىن بۇرۇن ئېيتقان سۆزلىرى بۇنىڭ ئەڭ تىپىك مىسالى بولالايدۇ. ئۇ مۇنداق دېگەن ئىدى: "مەن ئەنسارىلارنىڭ نامىدا ئېيتىمەن. سەن خالىغىنىڭچە تەپەككۇر قىلالايسەن. خالىغان كىشىنىڭ ئىشىنى ھەل قىلىپ،

خالىمىغان كىشىنىڭكىنى قىلمىساڭمۇ بولىدۇ. ماللىرىمىزدىن خالىغىنىڭچە ئېلىپ، خالىمىغىنىڭنى بىزگە قويساڭ بولىدۇ. بىزدىن ئالغان نەرسىلەر بىزگە قويغان نەرسىلەردىن تېخىمۇ سۆيۈملۈكتۇر. ھەر قانداق ئىشقا بۇيرۇق قىلساڭ مۇتلەق ئورۇندايمىز. ئاللاھقا قەسەم قىلىمەنكى، غەمدانىدىكى كۆلگىچە بارساڭ، ئارقاڭدىن بىزمۇ ماڭىمىز. سەن شۇ دېڭىزنى كۆرسەتسەڭ، كۆزىمىزنى يۇمماي تۇرۇپ سېنىڭ بىلەن شۇڭغۇيمىز".

مۇسۇلمانلارنىڭ رەسۇلۇللاھقا بولغان ئىتائىتىنىڭ نەقەدەر كۈچلۈك ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەيدىغان ھادىسىلەردىن بىرى، تەبۇك غازىتىدىن قاچقان (چېكىنگەن) ئۈچ كىشى ھەققىدە رەسۇلۇللاھنىڭ مەدىنىلىكلەرگە قىلغان ئالاقە قىلماسلىق ئەمرى ئىدى. خەلق رەسۇلۇللاھنىڭ ئەمرىگە قەتئىي بويسۇندى. مەدىنە شەھىرى ئۇ ئۈچ كىشى ئۈچۈن خۇددى ئۆلۈكلەر شەھىرىگە ئايلانغان ئىدى. ھېچكىم ئۇلار بىلەن سۆزلەشمەيتتى. سوئاللىرىغا جاۋاب بەرمەيتتى، پۈتۈن خەلق ئۇلاردىن مۇناسىۋىتىنى ئۈزگەن ئىدى. كەئب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بۇ ھەدىسنى مۇنداق بايان قىلغان ئىدى:

رەسۇلۇللاھ خەلققە تەبۇك غازىتىدىن چېكىنگەن مەن بىلەن يەنە ئىككى كىشى بىلەن سۆزلىشىشنى مەنئى قىلدى. خەلق بىزگە ئېغىز ئاچمىدى. خۇددى يات كىشىلەردەك كۆرەتتى. ھەتتا يەر يۈزىمۇ ئۆزگەرگەن ئىدى. ئۇ يەرلەر مەن كۆرگەن، مەن تونۇيدىغان يەرلەر ئەمەس ئىدى. ناھايەت، مۇسۇلمانلارنىڭ مەندىن ئالاقە ئۈزۈشى مەن ئۈچۈن چىدىغۇسىز ئازاب بولدى. ھېچ چىدىغۇچىلىكىم قالمىغان ئىدى. ئەبۇ قەتادەنىڭ تېمىدىن ئارتىلىپ ھويلىغا كىردىم. قەتادە تاغامنىڭ ئوغلى ئىدى. ئۇنى ئەڭ ياخشى كۆرەتتىم، ئۇنىڭغا سالام بەردىم. ئاللاھقا قەسەم قىلىمەنكى، سالىمىمنى ئالمىدى. ئۇنىڭغا: ئەبۇ قەتادە ئۆتۈنۈپ قالاي، گەپ قىلغىن! سەن مېنىڭ ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىنى سۆيىدىغانلىقىمنى بىلمەمسەن؟ - دېدىم. جاۋاب بەرمىدى. تەكرار سورىدىم. يەنە ئېغىز ئاچمىدى. قايتا - قايتا سورىدىم. ئاخىرى: ئاللاھ ۋە

ئۇنىڭ پەيغەمبىرى ئىخىمۇ ياخشى بىلىدۇ، ـ دېدى. كۆزلىرىم ياشقا تولدى. يەنە تامدىن ئارتىلىپ ئۆيگە چىقىپ كەتتىم.

كەئب ئىبنى مالىكنىڭ رەسۇلۇللاھقا بولغان ئىتائىتىنى كۆرسىتىدىغان ھادىسىلەردىن بىرى مۇنداق ئىدى. كەئبنىڭ غەم ـ قايغۇلۇق كۈنلىرىدىن بىرىدە، رەسۇلۇللاھ ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ: «ئاللاھنىڭ رەسۇلى سېنىڭ ئائىلەڭدىن ئايرىلىشىڭنى بۇيرۇدى» دېدى. كەئب: "ئايالىمنى تالاق قىلامدىم؟" دەپ سورىدى. رەسۇلۇللاھ: «ياق، تالاق قىلما، پەقەت ئۇنىڭدىن ئايرىم ياشا ۋە ئۇنىڭغا يېقىنلاشما!» دېدى. بۇنى ئاڭلىغان كەئب ئايالىغا: "داداڭنىڭ يېنىغا بارغىن ۋە ئاللاھنىڭ ھۆكۈمى كەلگۈچە ئۇ يەردە تۇرغىن" دېدى.

كەئبنىڭ رەسۇلۇللاھقا بولغان سۆيگۈسى ۋە ئۇنى دۇنيادىكى پۈتۈن ئىنساندىن ئارتۇق كۆرىدىغىنىنى ئىسپاتلايدىغان تۆۋەندىكى ھادىسىمۇ ئەسلەپ ئۆتۈشكە ئەرزىيدۇ. غەسسان پادىشاھى كەئبنىڭ ئىشەنچىسىگە ئېرىشىپ، ئۇنىڭ ئۆزىگە يېقىندى بولۇشىنى ئارزۇ قىلاتتى. ھالبۇكى، بۇ تەكلىپ كەئبنىڭ غەم ـ قايغۇلۇق كۈنلىرىدە ئۇنىڭ ئۈچۈن ئېغىر ئازاب بولغان ئىدى. ئۇ تەكلىپنى دەرھال رەت قىلدى. كەئب بۇ ھادىسىنى مۇنداق بايان قىلغان ئىدى: مەدىنە بازىرىدا ئايلىنىپ يۈرەتتىم. شام (سۈرىيە)دىن مەدىنىگە ئاشلىق ساتقىلى كەلگەنلەردىن بىرى توساتتىن: ماڭا كەئب ئىبنى مالىكنى كۆرسىتىپ بېرىدىغانلار بارمۇ؟ ـ دەپ ۋاقىراشقا باشلىدى. ئۇ يەردىكى كىشىلەر مېنى ئىشارەتلىدى. ھېلىقى ئادەم يېنىمغا كېلىپ، غەسسان پادىشاھىنىڭ خېتىنى تۇتقۇزۇپ قويدى. ساۋاتىم بولغاچقا مەكتۇبنى ئوقۇشقا باشلىدىم. مەكتۇبتا: "ئاڭلىشىمىزچە، دوستۇڭ مۇھەممەد ساڭا زۇلۇم قىلىۋېتىپتۇ، ھالبۇكى، ئاللاھ سېنى ئازاب ـ ئوقۇبەت ۋە قىيىنچىلىق تارتىش ئۈچۈن ياراتمىدى. بىزنىڭ قېشىمىزغا كەل، بىز سېنى قوغدايمىز" دەپ يېزىلغان ئىدى. مەكتۇبنى ئوقۇغاندىن كېيىن: بۇمۇ بېشىمغا بىر بالادۇر، ـ دېدىم ۋە ئۇنى كۆيدۈرۈۋەتتىم.

مۇسۇلمانلارنىڭ رەسۇلۇللاھنىڭ ئەمرىگە بويسۇنۇش ۋە ئىتائەت

قىلمىشلىرىنى ئىپادىلەيدىغان جەلپ قىلارلىق ھادىسىلەردىن بىرى. ئىچىملىكنى چەكلەيدىغان ۋاقىتتا ئىچىملىك ئىچىلىۋاتقان سورۇندا يۈز بەرگەن ھادىسىدۇر. ئەبۇ بۇرەيدە دادىسىدىن نەقىل قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: سورۇن قۇرۇپ، شاراب ئىچىۋاتاتتۇق، ئورنۇمدىن تۇرۇپ رەسۇلۇللاھنىڭ يېنىغا باردىم ۋە سالام بەردىم، دەل ئۇ ۋاقىتتا ئىچىملىكنى چەكلەيدىغان مۇنۇ ئايەتنى ئوقۇدى: ﴿ئى مۇئمىنلەر! ھاراق ئىچىش، قىمار ئويناش، بۇتلار (يەنى چوقۇنۇش ئۈچۈن تىكلەنگەن تاشلار) غا چوقۇنۇش، پال ئوقلىرى بىلەن پال سېلىش شەيتاننىڭ ئىشى، پاسكىنا قىلىقلاردۇر. بەختكە ئېرىشىش ئۈچۈن شەيتان ئىشىدىن يىراق بولۇڭلار، شەيتان ھاراق، قىمار ئارقىلىق ئاراڭلاردا دۈشمەنلىك، ئاداۋەت تۇغدۇرماقچى، سىلەرنى نامازدىن ۋە ئاللاھ نى ياد ئېتىشتىن توسماقچى بولىدۇ. سىلەر ئەمدى (ھاراق، قىماردىن) يانامسىلەر؟﴾

مەن دوستلىرىمنىڭ يېنىغا قايتىپ كېلىپ بۇ ئايەت كەرىمنى ﴿سىلەر ئەمدى ھاراق، قىماردىن يانامسىلەر؟﴾ دېگەن يەرگىچە ئوقۇدۇم. بەزىلىرى قوللىرىدا شاراب ئىچىۋاتاتتى. بىر قىسمىنى ئىچتى، بىر قىسمى قەدەھتە قالدى. قەدەھلەر ئۈستۈنكى لېۋىنىڭ ئاستىغا چاپلىشىپ قالغاندەك تۇراتتى. ئاندىن ئېغىزلىرىدا قالغان شارابنى تۆكۈۋېتىپ: "ياندۇق، ياندۇق، ياندۇق، ئى رەببىمىز!" دېيىشتى.

رەسۇلۇللاھقا ئىتائەت قىلىش ۋە ئۇنى ئۆز نەپسىدىن، ئائىلىسىدىن ۋە نەسەبىدىن ئۈستۈن كۆرۈشنىڭ تىپىك مىساللىرىدىن بىرى بولغان ئىبنى جەرىرنىڭ ئىبنى زەيدتىن رىۋايەت قىلغان ۋەقەلىكنى كۆزدىن كەچۈرەيلى! رەسۇلۇللاھ.ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇبەينى چاقىرىپ: «داداڭنىڭ ئېيتقان سۆزىنى ئاڭلىدىڭمۇ ؟» دېدى. ئابدۇللاھ: ئاتا ـ ئانام ساڭا قۇربان بولسۇن! ئۇ نېمە دەۋاتىدۇ؟ ئى رەسۇلۇللاھ! ـ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «داداڭ: "مەدىنىگە قايتقىنىمىزدا، ئېسىلزادىلەر ھەقىرلەرنى ئۇ يەردىن قوغلاپ چىقىرىدۇ" دەۋاتىدۇ» دېدى. ئابدۇللاھ: شۇنداق، توغرا دەيدۇ. ئى رەسۇلۇللاھ!

www.uyghurkitap.com



ئاللاھقا قەسەم قىلىمەنكى، ئىسلازادە بولغانلار سىلەر، ھەقىر بولسا ئۆزىدۇر. ئەمما يەنە ئاللاھقا قەسەم قىلىمەنكى، مەدىنىگە قايتقىنىمدا، مەدىنە خەلقى مېنىڭدىن بەكرەك ئىتائەتكار بىرىنىڭ يوقلۇقىنى بىلىدۇ. ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ رەسۇلى دادامنىڭ بېشىنى ئېلىشىمنى خالىسا، قىلىچە ئىككىلەنمەي بېرىپ كاللىسىنى كەلتۈرىمەن، - دېدى. رەسۇلۇللاھ: «ياق» دەپ جاۋاب بەردى. مەدىنىگە يېتىپ بارغاندا، ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇبەي دادىسىنى شەھەرگە كىرگۈزمەسلىك ئۈچۈن شەھەر دەرۋازىسىدا تۇردى ۋە قىلىچىنى چىقىرىپ، دادىسىنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ: "مەدىنىگە بارغاندا، ئىسلازادە ۋە ھەقىر ئېنىق ئايرىلىدۇ" دېگەن سەنمىدىڭ؟ ئاللاھقا قەسەم قىلىمەنكى، ئىسلازادىلىكنىڭ رەسۇلۇللاھ ئىككىڭلاردىن قايسىڭلارغا تەۋە ئىكەنلىكىنى كۆرىسەن. ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ رەسۇلىنىڭ رۇخسىتىسىز شەھەر دەرۋازىسىدىن ئىچىگە كىرەلمەيسەن! - دېدى. بۇنىڭ ئاڭلىغان ئابدۇللاھنىڭ دادىسى: ئى خەزرەجلىكلەر، نەدە سىلەر؟ ئوغلۇم مېنى ئۆز ئۆيۈمدىن قوغلاۋاتىدۇ! - دەپ ۋاقىراشقا باشلىدى. ئابدۇللاھ: ئاللاھقا قەسەم قىلىمەنكى، رەسۇلۇللاھنىڭ رۇخسىتىسىز ھېچكىم ئۇنى قوغدىيالمايدۇ، - دېدى. بىر نەچچە كىشى بۇ مەسىلىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن خېلى كۆپ تىرىشقان بولسىمۇ، ئابدۇللاھ: ئاللاھقا قەسەم قىلىمەنكى، ئاللاھ ۋە رەسۇلۇللاھنىڭ رۇخسىتىسىز ئۇنى ھېچكىم شەھەرگە ئەكىرەلمەيدۇ! - دەپ تۇرۇۋالدى. نىھايەت رەسۇلۇللاھنىڭ ئالدىغا بېرىپ، مەسىلىنى ئۇقتۇردى. رەسۇلۇللاھ: «بېرىپ ئابدۇللاھقا دادىسىنى ئۆيىگە كىرىشكە رۇخسەت قىلىشنى ئېيتىڭلار» دېدى. بۇنى ئاڭلىغان ئابدۇللاھ: رەسۇلۇللاھ ئەمر قىلغان بولسا، مەيلى كىرسۇن! - دېدى.

# تۆتىنچى بۆلۇم

## مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام قانداق قىلىپ جاھىلىيەت كىشىلىرىنى ئۈستۈن ئىنسانلىق سەۋىيىسىگە كۆتۈردى؟

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام مانا بۇ چوڭقۇر يىلتىزى ۋە كۈچلۈك ئىمانى، تەۋرەنمەس ئىلاھى تەلىماتى، مۇكەممەل تەربىيە سىستېمىسى، ئۈستۈن شەخسىيىتى، شۇنداقلا مۆجىزىلىرى تۈگىمەيدىغان، ئېگىلىقلىرى كونىرىمايدىغان بۇ مۆجىزە كىتاب بىلەن ئىنسانىيەتكە يېپيېڭى بىر ھايات يولى تەييارلاپ بەردى.

مۇھەممەد جاھالەت ۋە كۇفرىنىڭ سەلتەنەت دەۋرىدە، تۇپراق ئاستىغا كۆمۈلۈپ قالغان، يېرى بىلىنمىگەن، ھېچكىم دىققەت ـ ئېتىبارىغا ئالمىغان خام ماددا يىغىندىسىنى يەنى ئىنسانىيەتنىڭ ئىستېداتى ۋە قابىلىيىتىنى راۋاجلاندۇرۇشقا تىرىشتى. ئالالاھنىڭ ياردىمى بىلەن ئىنسان قەلبىگە يوشۇرۇنغان ئىمان ۋە ئەقىدىنى تېپىپ چىقىپ، ئۇ يەرگە يېپيېڭى روھ سىڭدۈردى. مەخپىي خەزىنىلەرنى قازدى. ئاللاھ بەرگەن ئىستېدات ۋە قابىلىيەتنى نۇرلۇق ـ مەشئەلگە ئوخشاش تۇتاشتۇردى. ئاندىن ھەممىسىنى يەر ـ يېرىگە ئورۇنلاشتۇردى. ئىنسانلار خۇددى ئۇ يەرلەر ئۇچۇن يارىتىلغان ئىدى. خۇددى ئۇ يەر بوش قالغاندەك، ھەممەيلەن ئۆز يېرىنى كۆزلەيتتى، بىر ئاز ئاۋۋال يەرلىرىگە يېتىشمەك ئۇچۇن جان پىدا قىلاتتى. جانسىز مەۋجۇداتتەك تۇرغان ئىنسانلار بىردىنلا ھەرىكەتچان ۋۇجۇد ۋە كونترول قىلغىلى بولمايدىغان مەۋجۇداتقا ئايلاندى. ھەرىكەتسىز جەسەتكە ئوخشايتتى، قىسقا ۋاقىتتا

دۇنياغا ھۆكۈمرانلىق قىلىدىغان بىر ھەرىكەت كۈچىگە ئىگە بولدى. ئۆزلىرى مېڭىۋاتقان يولنى كۆرەلمىگۈدەك دەرىجىدە ئىدى. ئەمما بىردىنلا باشقىلارغا يول كۆرسەتكۈچى ھوشيار قوماندان سەۋىيىسىگە يۈكسەلدى. "ئەسلىدە ئۆلۈك (يەنى كاپىر) بولۇپ، بىزنى ئۇنى (يەنى ئۇنىڭ قەلبىنى ئىمان بىلەن) تىرىلدۈرگەن، بىز ئۇنىڭغا كىشىلەر ئارىسىدا ھىدايەت تېپىشقا نۇر بەرگەن بىر ئادەم زۇلمەتتە (يەنى كۇفرىنىڭ قاراڭغۇلۇقىدا) قالغان ۋە ئۇنىڭدىن قۇتۇلالمىغان بىر ئادەم بىلەن ئوخشاشمۇ؟ كاپىرلارغا ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرى ئەنە شۇنداق چىرايلىق كۆرسىتىلدى".

رەسۇلۇللاھ مەيلى ھەممە نەرسىدىن قۇرۇق قالغان ئەرەب بولسۇن ياكى باشقا مىللەتلەردىن بولسۇن، قىسقا ۋاقىتتا، تارىختىكى ئەڭ مۇنەۋۋەر شەخسلىرىنى ۋە ئەڭ ئۇستۇن تالانت ئىگىلىرىنى يېتىشتۈردى. دادىسى خەتتابنىڭ تۆگىچىسى، جاسارەت ۋە غەيرەتتە قۇرەيشنىڭ ئادەتتىكى ئەزالىرىدىن بىرى، قوۋمى ۋە قېرىنداشلىرى ئىچىدە ھېچ مۇھىم ئورنى ۋە ئۇستۇنلۈكى بولمىغان ھەزرىتى ئۆمەر تالانتى ۋە دۇرۇستلىقى بىلەن بىردىنلا دۇنيانى ھەيران قالدۇردى. خىسراۋ ۋە قەيسەرنى تەختىدىن چۈشۈرۈپ، تۇپراقلىرىنى ئىسلام دۆلىتىنىڭ چېگرىسى ئىچىگە ئالغان ئىدى.

رىۋايەت شەكلىدە تىللاردا داستان بولغان ئادالەت، تەقۋا ۋە ئىخلاسىدىن باشقا دۆلەت رەھبەرلىكى ۋە نىزامىدا خىسراۋ ۋە قەيسەرلەر ئۇنىڭ قولىغا سۇ قويۇپ بېرەلمەيتتى.

## خالىد ئىبنى ۋەلىد

خالىد ئىبنى ۋەلىد قۇرەيش قەبىلىسىنىڭ ئاتلىق جەڭچىلىرىدىن بىرى ئىدى. جەڭ ماھارىتى يوق، قېلىپلاشقان يەرلىك جەڭ ئۇسۇلىدىن باشقىسىنى بىلمەيتتى. قۇرەيش چوڭلىرى ئۇنى قەبىلە جەڭلىرىدە ياردەمگە چاقىراتتى ۋە ئۇ

بۇ پۇرسەتتە ئۇلارنىڭ ئىشەنچ ۋە ماختىنىشغا ئېرىشەتتى. ئەينى ۋاقىتتا، ئەرەب يېرىم ئارىلىدا ھېچ شۆھرىتى يوق ئىدى. ئەمما خالىد ئىبنى ۋەلىد بىردىنلا بىر ئىلاھىي قىلىچتەك يالتىرىدى. قارشىسىغا چىققان ھەرقانداق نەرسىنى پارچىلاپ تاشلايتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ رىم ئىمپېراتورلۇقىنىڭ ئۈستىگە چاقماق چاققاندەك چۈشۈپ، تارىختا ئەبەدىي ئىز قالدۇردى.

## ئەبۇ ئۇبەيدە

ئەبۇ ئۇبەيدە راستچىل، دۇرۇست، ئىشەنچلىك ۋە پاكىزە ئىنسان ئىدى. مۇسۇلمانلارنىڭ ھۇجۇمچى ئاتلىق قوشۇنىغا قوماندانلىق قىلاتتى. ئەمما ئۇمۇ بىردىنلا مۇسۇلمانلارنىڭ باش قوماندانلىقىغا يۈكسەلدى. ھەرەقلىنى سۈرىيەنىڭ گۈزەل باغلىرىدىن ۋە يېشىل ۋادىلىرىدىن قوغلىدى ۋە: "ئەلۋىدا سۈرىيە، مەڭگۈلۈك ئەلۋىدا" دېگۈزگەن ئىدى.

## ئامىر ئىبنى ئاس

ئامىر ئىبنى ئاس قۇرەيش قەبىلىسىنىڭ چوڭلىرىدىن ئىدى. ھەبەشىستان (ئېفىئوپىيە) غا ھىجرەت قىلغان مۇسۇلمانلارنى قايتۇرۇپ كېلىش ئۈچۈن قۇرەيشلەر تەرىپىدىن ھەبەشىستانغا ئەلچى قىلىپ تەيىنلەندى، ئەمما ئۇ ھېچ نەتىجىگە ئېرىشەلمەي قايتىپ كەلگەن ئىدى. مۇسۇلمان بولغاندىن كېيىن مىسىرنى ئىستىلا قىلدى. بىردىنلا يېڭىلمەس كۈچ - قۇۋۋەتكە ئايلاندى.

## سەئىد ئىبنى ئەبۇ ۋاققاس

سەئىد ئىبنى ئەبۇ ۋاققاس مۇسۇلمان بولۇشتىن بۇرۇن ئەرەب تارىخىدا قوشۇن قوماندانى ياكى رەھبەر ئىكەنلىكى خاتىرىلەنمىگەن ئىدى. مۇسۇلمان بولغاندىن كېيىن مەدائىننىڭ ئاچقۇچلىرىنى قولغا ئالدى. ئىران ۋە ئىراقنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ ئىلمىي ئادرېسى



ئىستىلاچىسى بولۇپ داڭق چىقاردى.

## سەلمان فارسى

سەلمان فارسى ئىران يېزىلىرىنىڭ بىرىدىكى بىر پادىچىنىڭ ئوغلى بولۇپ، مۇسۇلمان بولۇشتىن بۇرۇن قۇللۇقتىن قۇللۇققا، پالاكەتتىن پالاكەتكە ئۇچراپ يۈرگەن ئىدى. مۇسۇلمان بولغاندىن كېيىن، تېخى تۇنۇگۇنلا ئاددىي پۇقراسى بولغان ئىران ئىمپېراتورلۇقىنىڭ پايتەختىگە ۋالىي بولدى. سەلمان فارسى ۋالىيلىق ۋەزىپىسىنىڭ ئاخىرىغىچە زاھىت ۋە تەقۋالىقىدىن ھېچنەرسە يوقاتمىغان ئىدى. خەلق ئۇنى يەنىلا پېقىر كەپىسىدە ئولتۇرغان ياكى بېشىدا ئېغىر يۈك توشۇۋاتقان ھالەتتە كۆرەتتى.

## بىلال ھەبەشى

بىلال ھەبەشى پەزىلەت ۋە ئىخلاسىنىڭ يۇقىرى پەللىسىگە چىققاچقا، مۆئمىنلەرنىڭ ئەمىرى ھەزرىتى ئۆمەر تەرىپىدىن "ئەسسەيد" لەقىمى بېرىلگەن ئىدى.

## ئەبۇ ھۇزەيفەدىن ئازاد قىلىنغان سالىم

ھەزرىتى ئۆمەر سالىمنى خەلىپىلىك تەختىگە لايىق كۆرەتتى ۋە: "ئەگەر سالامەت بولغان بولسا، ئۇنى خەلىپە قىلغان بولاتتىم" دەيتتى.

مۇئتە جېڭىدا مۇسۇلمان قوشۇنىنىڭ قوماندانلىق ۋەزىپىسىنى ئۆز ئۈستىگە ئالغان زەيد ئىبنى ھارىس... ۋە يەنە جەئفەر ئىبنى ئەبۇ تالىب، خالىد ئىبنى ۋەلىدكە ئوخشاش قانچىلىغان قەھرىمانلار... ئەينى ۋاقىتتا زەيدنىڭ ئوغلى ئۇسامەمۇ ئەبۇ بەكرى ۋە ھەزرىتى ئۆمەردەك قوشۇندا قوماندانلىق قىلىۋاتاتتى.

ئەبۇزەر، مىقداد، ئەبۇ دەربا، ئەممار ئىبنى ياسىر، مۇئاز ئىبنى جەبەل ۋە ئۇبەيد ئىبنى كەئىب... كۆڭۈللىرىدىكى ئىسلام ھارارىتىنىڭ تەسىرىدە كۆزگە كۆرۈنگەن زاھىت ۋە ئۇلۇغ ئالىم بولغان ئىدى.

ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىب، ھەزرىتى ئائىشە، ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد، زەيد ئىبنى سابىت ۋە ئابدۇللاھ ئىبنى ئاببباس... شۇنداق، ھەممىسى رەسۇلۇللاھنىڭ يېنىدا ھەر تەرىپىدىن ئىلىم چاقناپ تۇرغان، دىللىرىدىن ھېكمەتلەر ياغىدىغان، نامى دۇنياغا پۇر كەتكەن، ئۇلۇغ ئالىم بولغان ئىدى. قەلبلىرى بەكمۇ نازۇك ئىدى. ئۇلار سۆز قىلغاندا، كائىنات سۈكۈت قىلاتتى. ئۇلار خىتاب قىلغاندا، تارىخ ئۇلارنىڭ سۆزلىرىنى خاتىرىلەيتتى.

## مۇۋاپىق بىر ئىنسانىيەت جەمئىيىتى

مەدەنىي دۇنيا ۋە زامانىۋى مىللەتلەر تەرىپىدىن كەمسىتىلگەن ۋە قوشنا دۆلەتلەر تەرىپىدىن خورلانغان، ئۇ يەر - بۇ يەرگە چېچىلىپ كەتكەن بۇ خام ئەشيالاردىن ئىنسانىيەت تارىخىدا ئوخشىشى ھېچ كۆرۈلمىگەن، دەرىجىدىن تاشقىرى بىر خەلق شەكىللەندى. بۇ خەلق باشلىنىش نۇقتىسى نامەلۇم بىر يولغا ياكى قاچان باشلانغانلىقى ۋە قاچان توختايدىغانلىقى بىلىنمىگەن يامغۇرغا ئوخشايتتى. ئىنسانىيەت جەمئىيىتىنىڭ ھەر ساھەسىدە ئىقتىدار ۋە سالاھىيەتكە ئىگە خەلق ئىدى. دۇنياغا ھېچ ئېھتىياجى بولمىغان، ئەمما ئۇنىڭسىز دۇنيا ياشىيالمايدىغان خەلق ئىدى. بۇ ئىلغار جەمئىيەت مەدەنىيەت ۋە دۆلىتىنى شەخسەن ئۆزى قۇرغان بولۇپ دۆلەت رەھبەرلىكىدە ھېچبىر مىللەت ياكى ھۆكۈمەتتىن مەدەت تىلىمىدى. سۇلتانلىرى چەكسىز ياتقان ئىككى چوڭ قىتئەگە سوزۇلغان كۈچلۈك دۆلەت قۇردى. كۈچ - قۇۋۋەت، دىيانەت، سالاھىيەت ۋە ئامانەتكە ئوخشاش ئۇستۇن سۈپەتلەرنى ئۆزىگە مۇجەسسەملەشتۈرگەن ياخشى كىشىلەر ئارقىلىق يوقسۇللۇقنى تۈگەتتى ۋە بارلىق توسالغۇلارنى يېڭىپ ئۆتتى. شۇ ئارقىلىق پۈتۈن دۇنياغا جەڭ ئېلان قىلالايدىغان دۆلەت قۇردى.

جاھاندا تەڭدىشى يوق. بۇ مىللەت قىسقا ۋاقىت ئىچىدە، تۆت ئەرەپكە قول سوزالايدىغان بۇ جاھانگىر دۆلەتنىڭ ھىمايىسىدە ئادىل ھۆكۈمدار، ئىشەنچلىك خەزىنىچى، ئادىل ھاكىملار، ئاللاھتىن باشقىسىنىڭ ئالدىدا ئېگىلمەيدىغان قوماندان، تەقۋا ۋالىيلار ۋە ئىخلاسمەن قوشۇن يېتىشتۈردى. بۇلارنىڭ ھەممىسى مىللەتكە ھاكىملىق قىلىۋاتقان دىنىي تەربىيە ۋە توختىماي داۋاملىشىۋاتقان ئىسلام دەۋاسىنىڭ ئەسەرلىرى ئىدى. شۇنى ئېيتىش ئۆتەيكى، بۇلار ھازىرغىچە قۇرۇمىغان ۋە توختىمىغان ئىسلام بۇلىقىدۇر.

بۇ دەۋردە ھۆكۈمرانلىق قىلغانلار مال - بىساتتىن ھىدايەتنى ئۈستۈن كۆرەتتى. راستچىل ۋە تەقۋا بولۇشى بىلەن بىللە ئىقتىدارلىق كىشىلەر ئىدى. مانا بۇ ۋاقىتتا ئىسلام مەدەنىيىتى بەكمۇ ئۈستۈنلۈككە (ئەۋزەللىككە) ئىگە ئىدى. دىنىي ھايات ئىنسانىيەت تارىخىنىڭ ھېچقايسى دەۋرىدە كۆرۈلمىگەن خۇسۇسىيەتلىرى بىلەن ئوتتۇرىغا چىقتى.

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام پەيغەمبەرلىك ئاچقۇچى بىلەن ئىنسانىيەت تەبىئىتىنىڭ قۇلۇپىنى ئېچىپ، ئىنسان روھىدىكى خەزىنىلەر، مۆجىزىلەر، ئېنېرگىيە، ھەر تۈرلۈك قابىلىيەت ۋە ئىستىداتلارنى ئوتتۇرىغا چىقاردى. جاھىلىيەتنىڭ ئەجەللىك يېرىگە زەربە بېرىپ مەقسىتىگە يەتتى. كىرزىسلەرنىڭ ئىچىدە تولغىنىۋاتقان دۇنيانى ئاللاھنىڭ ياردىمى بىلەن يېڭى بىر نىشانغا توغرىلاپ، پارلاق بىر دەۋر ئاچتى. مانا بۇ دەۋر تارىخ بەتلىرىدە مەرۋايىتتەك پارلىغان ئىسلام دەۋرى ئىدى.

# ئۈچىنچى قىسىم

## ئىسلام دەۋرى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېگانە ئادرېسى

# بىرىنچى بۆلۈم

# ئىسلامنىڭ ھۆكۈمرانلىق دەۋرى

## مۇسۇلمان مىللەتلەر ۋە ئۇلارنىڭ خۇسۇسىيەتلىرى

مۇسۇلمانلار تارىخ سەھنىسىگە چىقىپلا، دۇنيا رەھبەرلىكىنى قولىغا ئېلىپ، ئەڭ ئاۋۋال ئىنسانىيەت رەھبەرلىكىنى سۇيىئىستېمال قىلغان ۋە ئۇنى خاتا يوللارغا قوللانغان ناچار مىللەتلەرنى تەختتىن چۈشۈردى. باشقا ئىنسانلار بىلەن بىرلىكتە ئېغىر - بېسىق، سالماق، مۇۋاپىق ۋە ئادىل يولغا قەدەم باستى. چۈنكى ئۇلارنى دۇنيانىڭ قوماندانلىق ئورنىغا كۆتۈرىدىغان، باشقا مىللەتلەرنىڭ بەخت - سائادىتى ۋە خاتىرجەملىكىنى پەقەت ئۇلارنىڭ سايىسىدە ۋە رەھبەرلىكىدە كاپالەتكە ئىگە قىلىدىغان سەۋەبلەر خېلى كۆپ ئىدى. تۆۋەندە بۇ سەۋەبلەردىن بىر نەچچىسىنى قىسقىچە سۆزلەپ ئۆتىمىز.

1- ئۇلار ئاللاھ تەرىپىدىن نازىل قىلىنغان كىتابقا ۋە ئىلاھىي نىزامغا ئىشىنەتتى. ئۆز ئارزۇ - ئىستەكلىرىگە قاراپ قانۇن تۈزمەيتتى. چۈنكى بۇ زۇلۇم، خاتالىق ۋە جاھالەتنىڭ مەنبەسى ئىدى. ئەينى ۋاقىتتا ئۇلار باشقىلار بىلەن بولغان مۇناسىۋەتلىرىگە، مۇئامىلە ۋە سۆز - ھەرىكەتلىرىگە ناھايىتى دىققەت قىلاتتى. ئاللاھ ئۇلارغا يورۇقىدا يۈرەلىگۈدەك نۇر، ئىنسانلارغا ھۆكۈم قىلالىغۇدەك نىزام بەرگەن ئىدى. ﴿ئەسلىدە ئۆلۈك (يەنى كاپىر) بولۇپ، بىز ئۇنى (يەنى ئۇنىڭ قەلبىنى ئىمان بىلەن) تىرىلدۈرگەن، بىز ئۇنىڭغا كىشىلەر ئارىسىدا ھىدايەت تېپىشقا نۇر بەرگەن بىر ئادەم زۇلمەتتە (يەنى كۇفرىنىڭ قاراڭغۇلۇقىدا) قالغان ۋە ئۇنىڭدىن قۇتۇلالمىغان بىر ئادەم بىلەن ئوخشاشمۇ؟﴾.

ئۇلۇغ ئاللاھ يەنە مۇنداق دەيدۇ:

﴿ئى مۇئمىنلەر! ئاللاھنىڭ ھەقلىرىنى ئادا قىلىشقا تىرىشىڭلار، ئادىللىق بىلەن گۇۋاھلىق بېرىڭلار، بىرەر قوۋمغا بولغان ئۆچمەنلىكىڭلار ئۇلارغا ئادىل بولماسلىقىڭلارغا سەۋەب بولمىسۇن، دۈشمىنىڭلارغا ئادىل بولۇڭلار، بۇ (يەنى ئۇلارغا ئۆچمەن تۇرۇپ ئادىل بولۇشۇڭلار) تەقۋادارلىققا ئەڭ يېقىندۇر، ئاللاھتىن قورقۇڭلار، ئاللاھ ھەقىقەتەن قىلمىشىڭلاردىن خەۋەرداردۇر﴾.

2 ـ مۇسۇلمانلار رەھبەرلىك ۋە قوماندانلىق ئورنىنى بۈگۈنكى ۋە ئۆتمۈش دەۋرلەردىكى بەزى مىللەت، شەخس ۋە دۆلەت رەھبەرلىرىنىڭ قىلغىنىدەك ئەخلاق ۋە روھىي پاكىزلىقى بولماي تۇرۇپ قولىغا ئالمايتتى. چۈنكى، ئۇلار ئۇزۇن ۋاقىتقىچە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تەربىيىسى ۋە نازارىتى ئاستىدا ياشىغان ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارنى تەڭداشسىز تەلىم ـ تەربىيە سۈزگۈچىدىن ئۆتكۈزۈپ، زاھىدلىق ۋە تەقۋادارلىق، ئىپپەت، ئامانەت، سەمىمىيەت ۋە ئاللاھتىن قورقۇشقا ئادەتلەندۈرگەن ئىدى ۋە ئەمەل ـ مەنسەپ ئۈچۈن قارانىيەتلىك قىلىشنى ئۇلارنىڭ كاللىسىدىن چىقىرىپ تاشلىغان ئىدى. رەسۇلۇللاھ: «ئاللاھ بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، بىز بۇ ئىشنى (ئەمەل ـ مەنسەپ) تەلەپ قىلغان ياكى قارانىيەتلىك قىلغان ئادەمگە ھەرگىز بەرمەيمىز» دېگەن ئىدى.

ئۇلارنىڭ قولاق تۈۋىدە: ﴿ئەنە شۇ ئاخىرەت يۇرتىنى يەر يۈزىدە چوڭچىلىق قىلىشنى ۋە بۇزغۇنچىلىق قىلىشنى كۆزلىمەيدىغانلارغا خاس قىلدۇق، (ياخشى) ئاقىۋەت تەقۋادارلارغا مەنسۇپتۇر﴾ دېگەن ئايەت ھەر دائىم جاراڭلاپ تۇراتتى. ئۇلار ئورۇن، مەرتىۋىگە پەرۋانە ئۆزىنى چىراغقا ئۇرغاندەك ئۇرمايتتى. ئورۇنلىنىدىغان ۋەزىپىنىڭ ئېغىر ـ يېنىكلىكىنى ئۆلچەپ بېقىپ، چامى يەتمىگۈدەك ئورۇنغا ھەرگىز كۆز تىكمەيتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئۆزلىرىگە ئايرىلغان ۋەزىپىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىشقا تىرىشاتتى. ئۆز نەپسىلىرىنى مەينەتچىلىكتىن (گۇناھتىن) پاكىزلايتتى ۋە ماللىرىنى بۇ يولغا سەرپ قىلىشتىن قىلچە چېكىنمەيتتى. خەلققە ھەل قىلىپ

بەرگەن بىرەر ئىش، ئۇ ئىش ئۈچۈن سەرپ قىلىنغان مال ۋە ئەمگەكنى (ئەجىر - مېھنەت) ئۈچۈن ھېچقاچان ئۇلارنىڭ ئىلتىپات قىلىشىنى، ھەدىيە بېرىشى ياكى بەدەل تۆلىشىنى تەلەپ قىلمايتتى. چۈنكى، ئۇ ۋەزىپىنى ئۇلارغا تاپشۇرۇلغان ئامانەت ۋە ئاللاھ تەرىپىدىن قىلىنغان سىناق دەپ بىلەتتى. شۇنداقلا، قىيامەت كۈنى رەببىنىڭ ھۇزۇرىدا ھازىر بولۇپ، چوڭ - كىچىك بارلىق گۇناھلىرىنىڭ ھېسابىنى بېرىدىغانلىقىنى بىلەتتى ۋە ئاللاھ تائالانىڭ مۇنۇ ئايەتلىرىنى ھەر دائىم يادىغا ئالاتتى: ﴿شۈبھىسىزكى، ئاللاھ سىلەرنى ئامانەتلەرنى ئىگىسىگە قايتۇرۇشقا، كىشىلەر ئارىسىدا ھۆكۈم قىلغاندا ئادىل ھۆكۈم قىلىشقا بۇيرۇيدۇ. ئاللاھ سىلەرگە نەسىھەت قىلغان ئىشلار نېمىدېگەن ياخشى، ئاللاھ ھەقىقەتەن سۆزلىرىڭلارنى ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، ئىشىڭلارنى كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر﴾؛ ﴿ئاللاھ سىلەرنى (ئۆتكەنكى ئۈممەتلەرنىڭ) ئورۇنباسارلىرى قىلدى، ئاللاھ سىلەرنى بەرگەن نېمىتىگە شۈكۈر قىلسۇن دەپ، بەزىڭلارنى بەزىڭلاردىن بىر قانچە دەرىجە يۇقىرى قىلدى، پەرۋەردىگارىڭ (ئاسىيلىق قىلغۇچىلاردىن) ئەلۋەتتە تېز ھېساب ئالغۇچىدۇر، (ئىتائەت قىلغۇچىلارنى) ئەلۋەتتە مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، (ئۇلارغا) ناھايىتى مېھرىباندۇر﴾.

3 - مۇسۇلمانلار ئۆزلىرىنى دۇنيادىكى بارلىق مىللەت ۋە رايونلاردىن ئۈستۈن ۋە ئەلا چاغلايدىغان، دۆلەت ياكى مىللەتنىڭ مەنپەئەتى ۋە سائادىتى ئۈچۈن كەتمەن چاپىدىغان گۇرۇھ ۋە ياكى ھەرقانداق بىر ئىرق ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان كىشىلەردىن ئەمەس ئىدى. ئۇلار پەقەت ۋە پەقەت ھۆكۈم قىلىشقا (ھۆكۈمرانلىق قىلىشقا)، باشقا بارلىق مەۋجۇدات بولسا، ئۇلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدا ياشاش ئۈچۈن يارىتىلمىدى. ئۇلار ھېچقاچان ئۆزلىرىنىڭ سايىسىدا ياشايدىغان ۋە ئۇلارنىڭ ھىمايىسىدە كۆرەڭلەپ، تەكەببۇرلۇق قىلىدىغان ئەرەب ئىمپېراتورلۇقى قۇرۇش، ئىنسانلارنى رىم ۋە ئىران ھاكىمىيىتىدىن قۇتۇلدۇرۇپ، ئەرەب ياكى ئۆز سەلتەنەتلىرىنىڭ بويۇنتۇرۇقى ئاستىغا ئېلىش ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى پەقەت پۈتۈن ئىنسانىيەتنى قۇلغا قۇل بولۇشتىن، يىگانە

ئاللاھقا قۇللۇق قىلىشقا يۈزلەندۈرۈش ئۈچۈن ئوتتۇرىغا چىقىرىلغان ئىدى. ئەمەلىيەتتىمۇ شۇنداق بولدى. مۇسۇلمانلارنىڭ ئەلچىسى رەبئىي ئىبنى ئامىر يەزدەجىردنىڭ سارىيىدا مۇنداق دېگەن ئىدى. "ئاللاھ بىز ئىنسانلارنى قۇللارغا قۇللۇق قىلىشنى تاشلاپ، يېگانە ئاللاھقا قۇللۇق قىلىشقا، تار ئالەمدىن كەڭ (چەكسىز) ئۇپۇقلارغا ۋە ھەرخىل دىنلارنىڭ زۇلۇمىدىن ئىسلامنىڭ ئادالىتىگە چىقىرىش ئۈچۈن ئەۋەتتى".

ئۇلارنىڭ نەزىرىدە پۈتۈن ئىنسانىيەت تەڭ - باراۋەر ئىدى. بارلىق ئىنسان ئادەم ئەلەيھىسسالامدىن كەلگەن، ئادەم ئەلەيھىسسالام بولسا، تۇپراقتىن يارىتىلغان ئىدى. ئەرەبنىڭ باشقىلاردىن ۋە باشقىلارنىڭ ئەرەبتىن تەقۋالىقتىن باشقا ھېچقانداق ئۈستۈنلۈكى يوق ئىدى.

﴿ئى ئىنسانلار! بىز سىلەرنى بىر ئەر ۋە ئايالدىن ياراتتۇق، پەقەت بىر - بىرىڭلار بىلەن تونۇشۇشۇڭلار ئۈچۈن سىلەرنى چوڭ - چوڭ مىللەتلەرگە ۋە كىچىك - كىچىك قەۋملەرگە ئايرىدۇق. ئاراڭلاردىكى ئەڭ تەقۋا بولغىنى ئاللاھ نەزىرىدە ئەڭ شەرەپلىكتۇر﴾.

مىسىر ۋالىيسى ئامىر ئىبنى ئاسنىڭ ئوغلى مىسىرلىق بىر قىبتىنى ئۇرىدۇ ۋە: "مانا بۇ (تاياق) شەرەپلىك ئائىلىنىڭ بالىسىدىن!" دەپ ئەجدادلىرىدىن ماختىنىدۇ. بۇنى ئاڭلىغان ھەزرىتى ئۆمەر قىساس تەلەپ قىلىدۇ ۋە مىسىر ۋالىيسى ئامىر ئىبنى ئاسقا: "ئانىسىدىن ھۆر تۇغۇلغان كىشىلەرنى قاچاندىن بېرى ئۆزۈڭلارغا قۇل قىلىۋالدىڭلار؟" دەيدۇ.

مۇسۇلمانلار ئۆزلىرىدىكى دىن، ئەخلاق ۋە ئىلىمنى ھېچقاچان باشقىلاردىن ئايىمايتتى. رەھبەرلىك قورۇلمىسى، ئورۇن ۋە مەنسەپكە تەيىنلەشتە ھېچبىر نەسەب، رەڭ ۋە دۆلەت تەۋەلىكى ئېتىبارغا ئېلىنمايتتى. ئۇلار خۇددى تاغ ۋە چۆللەرنى يېشىل بوستانغا ئايلاندۇرىدىغان بەرىكەتلىك باھار يامغۇرىغا ئوخشايتتى. پۈتۈن مەملىكەت ۋە خەلق بۇ بەرىكەت ۋە رەھمەتتىن ئۆز

نېسىۋىسىگە لايىق پايدىلىناتتى.

مۇسۇلمانلارنىڭ ھاكىمىيىتى ۋە ھىمايىسىدىكى باشقا مىللەت ۋە جەمئىيەتلەر ـ ھەتتا ئىسلامىيەتتىن بۇرۇن زۇلۇم دەستىدىن ئېچىنىشلىق ئىڭرىغانلارمۇ دىن، ئىلىم، ئەخلاق ۋە ئەمەلدىن ئۆز نېسىۋىلىرىنى ئېلىپ، قۇرۇلماقچى بولغان يېڭى دۇنيانىڭ ئىنشائاتىدا ئەرەبلەرگە يېقىندىن ھەمكارلاشتى. ھەتتا بۇ مىللەتلەردىن يېتىشىپ چىققان بەزى شەخسلەر بەزى ساھەلەردە ئەرەبلەردىنمۇ ئېشىپ كەتكەن ئىدى. ئەرەبلەر ئۆزلىرىگە باش تاجى قىلغان ۋە پۈتۈن مۇسۇلمانلارنىڭ ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولغان قوماندان، فىقھى ئالىملار ۋە ھەدىسشۇناسلار پۈتۈنلەي ئۇلاردىن چىققان ئىدى.

ئىبنى خالدۇن مۇنداق دېگەن:

”شۇنىسى ئاجايىپ بىر ئىشكى، شەرئىي ۋە ئەقلىي ئىلىملەردىن ئەسەر يازغانلار ئىچىدە بىر نەچچە ئەرەبتىن باشقا ھەممىسى باشقا مۇسۇلمان مىللەتلەردىن ئىدى. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى نەسەب جەھەتتىن ئەرەبلەرگە ھەرقانچە يېقىن بولسىمۇ، تىللىرى ۋە ئۆسۈپ ـ يېتىلگەن مۇھىتلىرى ئەرەبلەر بىلەن پۈتۈنلەي مۇناسىۋەتسىز ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، مىللەتنىڭ مەركىزىنى ئەرەبلەر تەشكىل قىلاتتى ۋە شەرىئەتنىڭ ساھىبىمۇ ئەرەبلەر ئىدى“.

ئىسلامىيەت ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋرلەردە بۇ مىللەتلەردىن يەر يۈزىنىڭ يۇلتۇزلىرى، مەرۋايىتلىرى ۋە ئىنسانىيەتنىڭ تەكداشسىز شەخسلىرى، ساناقلىق قوماندانلار، ھۆكۈمرانلار، ۋەزىرلەر ۋە پەزىلەتلىك كىشىلەر يېتىشىپ چىققان ئىدى. بۇلار ئەخلاق ـ پەزىلەت، قابىلىيەت، دىن ۋە ئەمەل، ئىنسانپەرۋەرلىك جەھەتتىن بەكمۇ ئۈستۈن ئىدى. ئۇلارنىڭ سانىنى پەقەت ئاللاھ بىلىدۇ.

4 ـ ئىنسان روھ ۋە بەدەندىن تەشكىل تاپقۇچى مەۋجۇدىيەت. ئەينى ۋاقىتتا ئىنساننىڭ ئەقلى، قەلبى، ھەرخىل تۇيغۇ ئەزالىرى ۋە ئورگانلىرى بار. ئىنسان پەقەت بۇ قۇۋۋەتلەرنىڭ ئۆز ۋۇجۇدىدا ئۇيغۇن ۋە ئۆلچەملىك ھالدا

www.uyghurkitap.com



تەرەققىي قىلىشى نەتىجىسىدە نورمال دەرىجىدە ئىلگىرىلەش، ئارقىلىق ھۇزۇر ۋە شادلىققا ئېرىشەلەيدۇ، ھاياتنى ھەقىقىي تۈردە بەھر ئالالايدۇ. ساغلام مەدەنىيەت پەقەت ئىنسانىي ئاسان يوللار بىلەن كامالەتكە ئېرىشتۈرىدىغان دىنىي، ئەقلىي، ئەخلاقىي ۋە جىسمانىي شەرت - شارائىتلارغا ئەھمىيەت بەرگەندە، ئاندىن بەرپا بولىدۇ. تەجرىبە - ساۋاقلار شۇنى كۆرسىتىپ تۇرۇپتىكى، بۇمۇ پەقەت ھايات تىرگىنى ۋە مەدەنىيەت كېمىسىنىڭ يول خەرىتىسىنى روھ ۋە ماددىغا ئىشىنىدىغان، ئەخلاقىي ۋە دىنىي ھاياتى ئۆرنەك قىلىنغۇدەك سەۋىيىگە يەتكەن، پايدىلىق ئىلىملەر بىلەن قوراللانغان، ئەقلى ساغلام ۋە پەزىلەتلىك كىشىلەرنىڭ قولىغا تۇتقۇزۇش بىلەن ئەمەلگە ئاشىدۇ. ئەگەر مۇھىم ۋەزىپىلەرگە قويۇلىدىغان بۇ شەخسلەرنىڭ ئېتىقاد ياكى تەربىيىسىدە بىرەر نۇقسان كۆرۈلسە، بۇ نۇقسان مۇتلەق ھالدا ئۇ مەدەنىيەتكىمۇ تەسىر كۆرسىتىدۇ ۋە بارغانسېرى كېڭىيىپ، ھەرخىل مەسىلە ۋە ئېغىر ئەھۋاللارنىڭ كېلىپ چىقىشىغا يول ئاچىدۇ. ئەگەر بىر جەمئىيەت ماددا، زوق، مەنپەئەت ۋە ھېس - تۇيغۇ ئالىمىدىن باشقا نەرسىگە ئىشەنمىسە، ئۆزى ياشاۋاتقان ھاياتنىڭ سىرتىدىكى باشقا بىر ھاياتقا كۆڭۈل بۆلمىسە، ئېنىقكى بۇ جەمئىيەتنىڭ قۇرۇلمىسى، پرىنسىپ ۋە ئاساسلىرى مەدەنىيەتنىڭ شەكلى ۋە تەبىئىتىگە تەسىر قىلىدۇ ۋە ئۇنى ئۆز قېلىپىغا سالىدۇ. بۇ ئارقىلىق ئىنسانىيەت بىر ساھەدە ئالغا ئىلگىرىلىسە، باشقا ساھەدە تۆگىشىدۇ. بۇ خىل مەدەنىيەت ھاك تاش ۋە كاھىش، ياپراق ۋە رەخت، قوغۇشۇن ۋە تۆمۈر ئىچىدە، پارلاق جەڭ مەيدانلىرىدا، مۇنازىرە سورۇنلىرىدا، مەھكىمە زاللىرىدا، ئويۇن - تاماشا كۇلۇبلىرىدا ۋە ئەيش - ئىشرەت ئالىمىدە بۈيۈك نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرىدۇ. بۇنىڭ بىلەن بىللە، قەلبلىرىنى ۋە روھىنى ئۆلتۈرىدۇ. ئائىلىنىڭ ئېرى بىلەن، بالىنىڭ ئاتىسى بىلەن، ئاتىنىڭ بالىسى بىلەن، قېرىنداشنىڭ قېرىندىشى بىلەن ۋە ئەرلەرنىڭ دوست - بۇرادەرلىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ئۈزۈلىدۇ، نابۇت بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن، مەدەنىيەت سىرتقى كۆرۈنۈشى ۋە بەھەيۋەت قىياپىتى

بىلەن كۆزلەرنى قاماشتۇرىدىغان، ئەمما يۈرىكى ئەلەم ۋە ئازابلار ئىچىدە مۇجۇلغان، تەن سالامەتلىكى بۇزۇلغان سېمىز بىر ۋۇجۇدقا ئايلىنىپ قالىدۇ.

ئەگەر بىر جەمئىيەت ماددىنى ئىنكار قىلسا ياكى ماددىي جەھەتكە بىپەرۋالىق قىلسا؛ روھ، مېتافىزىكا ۋە ھېس - تۇيغۇ ئورگانلىرىنىڭ سېزىمىدىن باشقا ھېچنەرسىگە ئېتىبار بەرمىسە؛ ماددىي ھاياتنى چەكلىسە ياكى سەل قارىسا (خورلىسا)، مەدەنىيەت چېچەكلىرى سولىشىدۇ ۋە ئىنسان ئىنىرگىيىسى كېرەكسىز بولۇپ تۈگىشىدۇ. بۇ خىل مەدەنىيەتنىڭ تورىغا چۈشۈپ قالغان كىشىلەر ئۆزىنى چەتكە تارتىپ، جەمئىيەتتىن ئالاقىسىنى ئۈزۈپ تاشلاشنى ياكى شەھەرنى تەرك ئېتىپ، چۆللەردە كېزىپ يۈرۈشنى، ئۆي - ئوچاقلىق بولۇشتىن، ئۆمۈر بويى بويتاق يۈرۈشنى ئەۋزەل كۆرۈشكە باشلايدۇ. ۋۇجۇدىنىڭ ھاكىمىيەت ۋە ھۆكۈمرانلىقىنى زەئىپلەشتۈرۈپ، روھلىرىنى پاكلاش ئۈچۈن ئۆز ۋۇجۇدىغا چىدىغۇسىز ئازاب - ئوقۇبەت سالىدۇ. ماددا دىيارىدىن روھ ئىقلىمىغا ئۆتۈش ۋە ئۇ يەردە كامالەتكە يېتىش ئۈچۈن ھاياتتىن ئۆلۈمنى ئەۋزەل بىلىدۇ. چۈنكى، ئۇلارنىڭ ئېتىقادلىرىغا كۆرە، كامالەت مەرتىۋىسىگە ماددىي ئالەمدە يەتكىلى بولمايدۇ. نەتىجىدە، مەدەنىيەت سەكراتقا چۈشىدۇ، شەھەرلەر خارابلىشىدۇ، ھاياتلىق نىزامى بۇزۇلىدۇ. مەنتىقىغە توغرا كەلمەيدىغان بۇ چۈشەنچىنىڭ بىر كۈنى روھ ۋە ئەخلاقنى مۇھىم دەپ ھېسابلىمايدىغان، خەتەرلىك ماتېرىيالىزم تەرىپىدىن ئاغدۇرۇلۇپ تاشلىنىدىغانلىقى مۇقەررەر.

شۇنىڭ بىلەن، ئىنسانىيەت ئارقىغا چېكىنىپ، ئورنىنى پەس ئارزۇ - ھەۋەس ئۈچۈن يىرتقۇچ ھايۋان ھالىغا كەلگەن كىشىلەرگە بوشىتىپ بېرىدۇ ياكى روھانىيلىقتا بوغۇلغان بۇ جەمئىيەت قويۇق ماتېرىيالىست بىر جەمئىيەتنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچرايدۇ. زەئىپ بولغاچقا قارشىلىق كۆرسىتەلمەيدۇ ۋە ئاق بايراق چىقىرىشقا مەجبۇر بولىدۇ. ياكى بولمىسا، دۇنيا ئىشلىرىنىڭ ھەل قىلىنىشى يولىدا ئوتتۇرىغا چىققان بىر مۇنچە قىيىنچىلىقلارنى يېڭىش ئۈچۈن ماتېرىيالىزمغا ياكى ئۇنىڭ رەھبەرلىكىگە قولىنى ئۇزىتىدۇ. سىياسىي مەسىلىلەردە ئۇلارغا تايىنىدۇ،

ئۆزى ئىبادەت ۋە دىنىي ئەنئەنىلەر بىلەن كۇن ئۆتكۈزگىنىگە قانائەت ھاسىل قىلىدۇ. بۇ ئارقىلىق دىن بىلەن سىياسەت بىر - بىرىدىن ئايرىلىدۇ، روھىي ۋە ئەخلاقىي قىممەتلەر ئېرىپ، ئەسلى فۇنكسىيىسىنى يوقىتىدۇ. بۇ پالاكەتنىڭ داۋامىدا ئىنسانلار جەمئىيەتتىكى ۋە رېئال ھاياتتىكى ئىناۋىتىدىن ئايرىلىدۇ. بۇ ئارقىلىق ھاياتقا ھېچبىر تەسىرى بولمىغان قۇرۇق نەزىرىيە ياكى قارانچۇق ھالىغا چۈشۈپ قالىدۇ. يىغىنچاقلىغاندا، ھايات پۈتۈنلەي ماتېرىيالىزمغا ئاغىدۇ. ئورنى تولدۇرۇلمىغان بۇنداق بوشلۇقتا ئۆز ئىرقىنىڭ نەسىللىرىگە رەھبەرلىك قىلغان بىر مىللەت تارىختا بەك ئاز كۆرۈلدى. چۈنكى، مەدەنىيەت ئازغۇن ماتېرىيالىزم، ئىدېئالىزم ۋە روھانىيلىق ئارىسىدا سىقىشىپ قالىدۇ، بېشى بالادىن قۇتۇلمايلا ئۆتۈپ كېتىدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ساھابىلىرى ئېسىل كىشىلەردۇر. چۈنكى ئۇلار سىياسەت، كۈچ - قۇۋۋەت، ئەخلاق ۋە دىيانەتنى بىر - بىرىدىن ئايرىۋەتمەي، بىر پۈتۈن ھالدا ئېتىبارغا ئالاتتى. دۇنيا رەھبەرلىكىنىڭ نامزاتلىرى بۇ يەردە ھەر جەھەتتىن يېتىشتۈرۈلۈپ ھازىرلىناتتى. بىر تەرەپتىن بەك ئاز كىشىگە نېسىپ بولغان ئەخلاقىي تەربىيە، ناھايىتى ئۈستۈن روھىي قۇرۇلمىسى ۋە تاپ - تازا ھايات يوللىرى بىلەن كامالەتكە يەتسە، يەنە بىر تەرەپتىن روھىي غىزاسى بىلەن بەدەن ئېھتىياجىنى، ئۈستۈن ماددىي قابىلىيىتى بىلەن كەڭ چۈشەنچە ئۇيۇقلىرىنى ئايرىلماس بىر شەكىلدە بىرلەشتۈرۈپ، مىللەتلەرنى ئەخلاقىي، روھىي ۋە ماددىي تەرەققىياتنىڭ پەللىسىگە ئېلىپ چىقاتتى.

## تۆت خەلىپە دەۋرى - ھەقىقىي مەدەنىيەتنىڭ ئەڭ پارلاق مىسالىدۇر

بىر ئاز ئاۋۋال سۆزلەپ ئۆتكىنىمىزدەك، بۇ ساھەدە تارىخىي دەۋرلەر بويىچە تۆت چوڭ خەلىپە دەۋرىدىن تېخىمۇ مۇكەممەل، تېخىمۇ ياخشى ۋە تېخىمۇ پارلاق بىر دەۋر كۆرۈلۈپ باقمىدى. تۆت چوڭ خەلىپە دەۋرى روھ، ئەخلاق، دىن، ئىلىم ۋە ماددىي ئۇنسۇرلىرى تولۇق يېتىلگەن بىر ئىنسان تەربىيىلەش ۋە پارلاق

بىر مەدەنىيەت قۇرۇش ئۈچۈن قولمۇقول ھەمكارلاشقان دەۋر ئىدى. بۇ دەۋردە ئىسلام ئىمپېراتورلۇقى دۇنيانىڭ ئەڭ بۈيۈك ئىمپېراتورلۇقى ئىدى. ماددىي ۋە سىياسىي كۈچى بىلەن ئۆز دەۋرىنىڭ بارلىق قۇۋۋەتلىرىگە قارشى چىقالايتتى. ھەر تەرەپ ئەخلاق ئۆرنەكلىرى، پەزىلەتلىك كىشىلەر بىلەن تولغان ئىدى.

ئىنسانلارنىڭ ھاياتىغا ۋە ئىدارە - ئورگانلارغا ئۈستۈن ئەخلاقىي ئۆلچەملەر ھۆكۈمرانلىق قىلاتتى. ئۇ يەردە ئەخلاق ۋە پەزىلەت، تىجارەت ۋە ھۈنەر بىرلىكتە ئىلگىرىلەيتتى. ئىستىلاھ دائىرىسىنىڭ ئۇ قەدەر كەڭلىكى ۋە مەدەنىيەتنىڭ ئۇ قەدەر چوڭقۇر تەرەققىي قىلغىنىغا باقماي، ئەخلاقىي ۋە روھىي ساھەدىكى ئىلگىرىلەش قىلچە توختىمايتتى، ئەكسىچە كۈندىن كۈنگە تېخىمۇ ئىلگىرىلەپ ئالغا باساتتى. مەملىكەت دائىرىسىنىڭ چوڭ، نوپۇسىنىڭ كۆپ بولۇشىغا قارىماي، جىنايەت ۋە گۇناھ ئىشلار يوق دېيەرلىك ئىدى. شەخسنىڭ شەخس بىلەن، شەخسنىڭ جەمئىيەت بىلەن ۋە جەمئىيەتنىڭ شەخس بىلەن بولغان مۇناسىۋەتلىرى بەكمۇ قويۇق (مۇكەممەل) ئىدى. مانا بۇ، ئىنساننىڭ ئەقلى يەتمەيدىغان، خىيالپەرەستلەر ئويلاپمۇ يېتەلمىگەن كامالەت دەۋرى ئىدى.

بۇ دەۋر، پەقەت رەھبەرلىكنى ئۆز قولىدا تۇتقانلارنىڭ ۋە بۇ مەدەنىيەتنىڭ قۇرۇلۇشىدا ئۆچمەس تۆھپە قوشقانلارنىڭ ھايات يوللىرى، ئەخلاقلىرى، ئەقىدىلىرى، تەلىم - تەربىيىلىرى، رەھبەرلىك ۋە سىياسىي ساھەدىكى مۇۋەپپەقىيەتلىرى ئارقىلىق ۋۇجۇدقا كەلگەن ئىدى. چۈنكى ئۇلار قەيەردە بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، دىندار ۋە ئەخلاقى ئۈستۈن كىشىلەر ئىدى. مەيلى ھاكىم ياكى ئاددىي پۇقرا، ساقچى ياكى ئەسكەر بولسۇن، ھەممىسى راستچىل، ئىشەنچلىك، كەمتەر، ئۈستۈن ئەخلاقلىق كىشىلەر ئىدى. زېمىنىنىڭ دۆلەت ئەربابلىرىدىن بىرى مۇسۇلمان ئەسكەرلەر ھەققىدە مۇنداق دېگەن ئىدى:

"ئۇلار كېچىلىرىنى ئىبادەت، كۈندۈزلىرىنى روزا تۇتۇش بىلەن ئۆتكۈزىدۇ، ۋەزىپىسىنى چوقۇم ئەمەلگە ئاشۇرىدۇ. ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن توسىدۇ. بىر - بىرىگە ناھايىتى مېھرىبان ۋە ئىنساپلىق مۇئامىلە قىلىشىدۇ".

يەنە بىرى مۇنداق دەيدۇ: "مۇسۇلمانلار كۈندۈزى ئات ئۈستىدە، كېچىلىرى جايناماز ئۈستىدە (يەنى ئىبادەت بىلەن) ئۆتىدۇ. بەدىلىنى تۆلىمەي تۇرۇپ ئۆزىگە تەۋە بولمىغان ھېچقانداق نەرسىگە قول تەگكۈزمەيدۇ. سالام ـ سائەتسىز ھېچبىر يەرگە كىرمەيدۇ. جەڭدە قارشىسىدىكى دۈشمەننى مەغلۇپ قىلغۇچە ئۇرۇشىدۇ".

ئۈچىنچى بىرى مۇنداق دەيدۇ: "مۇسۇلمان كۈندۈزلىرىنى ئات ئۈستىدە، كېچىلىرىنى جايناماز ئۈستىدە ئۆتكۈزگەچكە، ھەر دائىم ئوقلىرىنى ئۇچلاپ، نەيزىلىرىنى تۈزلەپ تۇراتتى. يېنىڭىزدا ئولتۇرغان بىرىگە سۆز قىلسىڭىزمۇ، قۇرئان ۋە زىكىر ئاۋازىدىن سۆزىڭىزنى تۇيمايتتى".

مۇسۇلمان ئەسكەرلىرى مەدائىندە خىسراۋنىڭ 100 مىڭ دىنار قىممىتىدىكى تاج ۋە تەختىنى غەنىيمەت ئالغاندىن كېيىن، ئۇلارغا چېقىلماي ئۇدۇل قوماندانغا كەلتۈردى. قوماندانمۇ دەرھال مۇسۇلمانلارنىڭ خەلىپىسىگە ئەۋەتكەن ئىدى. خەلىپە ھەيرانلىق بىلەن: "بۇ ئىشنى قىلغانلار چوقۇم ئەڭ ئىشەنچلىك كىشىلەردۇر" دېگەن ئىدى.

## ئىسلام خەلىپىلىرىنىڭ ئومۇمىي ھاياتقا كۆرسەتكەن تەسىرلىرى

رەسۇلۇللاھقا ئەڭ يېقىن بولغان بىر قانچە كىشى ئىنسانىيەتنى ئۆز ھاكىمىيىتى ئاستىغا توپلاش، پۈتكۈل ئادىمزاتقا رەھبەرلىك قىلىش، ئۇلارغا توغرا يولنى كۆرسىتىش، غايە ۋە نىشانلىرىنى بەلگىلەش، سەلتەنەت دەۋرىدە دۇنيانى گۈللەندۈرۈپ، ھۇزۇر ۋە باياشاتلىققا ئېرىشتۇرۇش، يەر يۈزىگە بەرىكەت ياغدۇرۇپ، ھەر تەرەپنى باغۇ ـ بوستانغا ئايلاندۇرۇش ئۈچۈن يارىتىلغان ئىدى. بۇ بىر قانچە كىشى دۇنيانى ئەڭ گۈزەل شەكىلدە گۈللەندۈرۈپ قوغدىغان كىشىلەر ئىدى. ئۇلار ھاياتنى تۆمۈر قەپەس ياكى بويۇنلىرىغا ئۆتكۈزۈلگەن تۆمۈر ھالقا دەپ قاراپ، ئۇنىڭغا ئۆچمەنلىك قىلىشقا ياكى ئۇنى پارچىلاپ تاشلاشقا

ئۆرۈنمايتتى. شۇنداقلا، ئۇلار ئۆزلىرى ياشاۋاتقان دۇنيانى ئارزۇ - ھەۋەس، ئويۇن - تاماشا ۋە ئەيش - ئىشرەت ئۈچۈن يەنە بىر قېتىم كەلمەيدىغان پۇرسەت دەپ قاراپ، ئۇنىڭدىن ھوزۇر ئالغاچ كۈن ئۆتكۈزۈشكە بېرىلمەيتتى.

ئەمما ھاياتنىڭ بىر سائىتىنىمۇ بوش ئۆتكۈزمىگىنىدەك، گۈزەل نېمەتلەردىنمۇ يۈز ئۆرۈمەيتتى. ئەينى ۋاقىتتا، دۇنيانى گۇناھكارلارنىڭ جازا ۋە ئازاب - ئوقۇبەت تارتىدىغان يېرى دەپ قاراپ، ئۇنىڭدىن تېزرەك قۇتۇلۇشقا تىرىشاتتى. دۇنيانى كەڭ سېلىنغان داستىخانغا ئوخشىتىپ، ئۇنىڭغا ئاچ بۆرىلەردەك ئېتىلمايتتى. دۇنيانىڭ خەزىنىلىرىنى، كىرىم مەنبەلىرىنى ۋە ھەر تۈرلۈك نېمەتلەرنى ئىگىسىز مالدەك كۆرۈپ، ئۇلار ئۈچۈن بىر - بىرى بىلەن دە - تالاش قىلمايتتى. دۇنيادىكى زەئىپ، ئاجىز مىللەتلەرنى ئۆزلىرىنىڭ ئوۋ مېلى كۆرۈپ، ئۇلارنى تۇزاققا چۈشۈرۈش ئۈچۈن بىر - بىرى بىلەن بەسلەشمەيتتى...

چۈنكى، ئۇلار دۇنيا ھاياتىنى ۋە ئاللاھنىڭ نېمىتىنى ھەر تۈرلۈك ياخشىلىقنىڭ ئاساسى ۋە سەۋەبى دەپ بىلەتتى. دۇنيادا ئەمەللىرى بىلەن ئاللاھقا يېقىنلىشاتتى ۋە ئىنسانىيەتنىڭ كامالەت دەرىجىسىدە ئۆزلىرىگە ئايرىلغان سەۋىيىگە يېتىش ئۈچۈن تىرىشاتتى. ئەڭ ئۈستۈن ماقام بولغان سالىھ ئەمەل ۋە جىھادقا پۈتۈن كۈچى بىلەن ئاتلىنىپ، چەكسىزلىك ئالىمىگە قاراپ ئالغا ئىلگىرىلەيتتى. ﴿سىلەرنىڭ قايسىڭلارنىڭ ئەمەلىي ئەڭ ياخشى ئىكەنلىكىنى سىناش ئۈچۈن، ئاللاھ ئۆلۈمنى ۋە تىرىكلىكنى ياراتتى (ئاللاھ غالىبتۇر، تەۋبە قىلغۇچىنى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر)﴾؛ ﴿ئىنسانلارنىڭ قايسىلىرىنىڭ ئەمەلىي ئەڭ ياخشى ئىكەنلىكىنى سىناش ئۈچۈن، بىز ھەقىقەتەن يەر يۈزىدىكى شەيئىلەرنىڭ ھەممىسىنى يەر يۈزىنىڭ زىننىتى قىلدۇق﴾.

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا چىن قەلبىدىن ئىشەنگەن ئۇ كىشىلەر بۇ دۇنيانى ئاللاھنىڭ مۈلكى دەپ قوبۇل قىلاتتى ۋە ئىككى سەۋەب تۈپەيلىدىن ئاللاھنىڭ ئۆزلىرىنى يەر يۈزىگە خەلىپە قىلغانلىقىغا ئىشىنەتتى.

بىرىنچىسى، ئىنسان بولغانلىقى ئۈچۈن يەر يۈزىدە ئاللاھنىڭ خەلىپىسى

بولدى. ﴿ئاللاھ يەر يۈزىدىكى ھەممە نەرسىنى سىلەرنىڭ پايدىلىنىشىڭلار ئۈچۈن ياراتتى﴾؛ ﴿ئۆز ۋاقتىدا پەرۋەردىگارىڭ پەرىشتىلەرگە: «مەن يەر يۈزىدە خەلىپە (يەنى ئورۇنباسار) يارىتىمەن» دېدى﴾؛ ﴿شەك ـ شۈبھىسىزكى، بىز ئادەم بالىلىرىنى ھۆرمەتلىك قىلدۇق، ئۇلارنى قۇرۇقلۇقتا (ئۇلاغلارغا) مىندۇردۇق، دېڭىزدا (كېمىلەرگە) چىقاردۇق، ئۇلارنى شېرىن يېمەكلىكلەر بىلەن رىزىقلاندۇردۇق، ئۇلارنى مەخلۇقاتلىرىمىزنىڭ نۇرغۇنىدىن ئۈستۈن قىلدۇق﴾.

ئىككىنچىسى، مۇسۇلمان بولۇپ، ئاللاھنىڭ ئەمر ۋە ھۆكۈملىرىگە ھەقىقىي مەنىسى بىلەن بويسۇنغانلىقى ئۈچۈن ئاللاھ ئۇلارنى يەر يۈزىنىڭ خەلىپىسى قىلىپ تاللىدى ۋە يەر يۈزىنىڭ پۈتۈن مال ـ مۈلكىنى ئۇلارغا تاپشۇرغان ئىدى.

﴿ئاللاھ ئىچىڭلاردىكى ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان كىشىلەرگە، ئۇلاردىن بۇرۇن ئۆتكەنلەرنى زېمىندا ھۆكۈمران قىلغاندەك، ئۇلارنىمۇ چوقۇم ھۆكۈمران قىلىشنى، ئۇلار ئۈچۈن تاللىغان دىنىنى چوقۇم مۇستەھكەم قىلىپ بېرىشنى ۋەدە قىلدى. ئۇلار ماڭا ئىبادەت قىلىدۇ. ماڭا ھېچ نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەيدۇ. شۇ كېيىن كاپىرلارغا بولغانلار ئاللاھنىڭ ئىتائىتىدىن چىققۇچىلاردۇر﴾.

ئۇلۇغ ئاللاھ بۇ مۇسۇلمان خەلقىنىڭ يەر يۈزىدىكى نېئمەتلەردىن ئىسراپ قىلماي، بۇزۇپ ـ چاچماي پايدىلىنىشنى تەلەپ قىلغان ئىدى.

﴿ئاللاھ يەر يۈزىدىكى ھەر شەيئىنى سىلەرنىڭ پايدىلىنىشىڭلار ئۈچۈن ياراتتى...﴾؛ ﴿... يەڭلار، ئىچىڭلار، ئىسراپ قىلماڭلار، ئاللاھ ئىسراپ قىلغۇچىلارنى ھەقىقەتەن ياقتۇرمايدۇ﴾؛ ﴿ئېيتقىنكى، «ئاللاھ بەندىلىرى ئۈچۈن ياراتقان لىباسلارنى، شېرىن، پاك رىزىقلارنى كىم ھارام قىلدى؟» ئېيتقىنكى، «ئۇلار بۇ دۇنيادا مۆئمىنلەر ئۈچۈن يارىتىلغان، (گەرچە ئۇلارغا كۇففارلار شېرىك بولسىمۇ) ئاخىرەتتە بولسا مۆئمىنلەرگە خاستۇر﴾.

ئاللاھ تائالا دۇنيادىكى مىللەتلەرنى ۋە ھەر تۈرلۈك ئىنسانلار جەمئىيەتلىرىنى بۇ مۇسۇلمان خەلققە ئامانەت قىلغان ئىدى. ئۇلارغا (مۇسۇلمان خەلققە) بۇ دۇنيادا مىللەتلەرنىڭ شەكىللىنىشى، ھاياتى، ئەخلاقىي قۇرۇلمىلىرى ۋە ئارزۇ ـ ئىستەكلىرىنى نازارەت قىلىش ۋەزىپىسى بېرىلگەن ئىدى.

ئۇلار ئازغانلارنى توغرا يولغا سالىدۇ، ھەددىدىن ئاشقانلارنى تىزگىنلەيدۇ، يولدىن چىققانلارنى تەرتىپكە سالىدۇ، نۇقسانلارنى تۈزەيدۇ، جەمئىيەتتە ياخشى خىسلەتلەرنى يايىدۇ. ئاجىزنىڭ ھەققىنى كۈچلۈكتىن، مەزلۇمنىڭ ھەققىنى زالىمدىن ئېلىپ بېرىدۇ، قىسقىسى، يەر يۈزىدە ئادالەتنىڭ ئاساسىنى قۇرۇپ، ھۇزۇر ۋە ئىشەنچ قاناتلىرىنى پۈتۈن دۇنياغا ئاچىدۇ.

﴿(ئى مۇھەممەد ئۈممىتى!) سىلەر ئىنسانلار مەنپەئەتى ئۈچۈن ئوتتۇرىغا چىقىرىلغان ئەڭ ياخشى ئۈممەتسىلەر، (چۈنكى سىلەر ئاللاھقا ئېتىقاد قىلىسىلەر)﴾؛ ﴿ئى مۆئمىنلەر! خۇدالىق ئۈچۈن گۇۋاھلىق بېرىشتە، ئۆزۈڭلارنىڭ ياكى ئاتا ـ ئاناڭلارنىڭ ياكى تۇغقانلىرىڭلارنىڭ زىيىنىغا (گۇۋاھلىق بېرىشكە) توغرا كەلگەن تەقدىردىمۇ، ئادالەتنى بەرپا قىلىشقا تىرىشىڭلار، (گۇۋاھلىق بېرىلگۈچى) باي بولسا (ئۇنىڭغا رىئايە قىلماستىن)، ياكى پېقىر بولسا (ئۇنىڭغا ئىچ ئاغرىتماستىن) ھامان ئادىل گۇۋاھ بولۇڭلار، ئاللاھ سىلەردىن ئۇلارغا يېقىندۇر (يەنى ئۇلارنىڭ مەنپەئەتىنىڭ نېمىدە بولىدىغانلىقىنى ئوبدان بىلىدۇ)، نەپسى خاھىشىڭلارغا ئەگىشىپ (ھەقىقەتتىن) بۇرۇلۇپ كەتمەڭلار. ئەگەر تىلىڭلارنى تولغىساڭلار (يەنى گۇۋاھلىقنىكى پاكىتنى بۇرمىلىساڭلار)، ياكى گۇۋاھلىقتىن باش تارتساڭلار، مۇنداقتا ئاللاھ ھەقىقەتەن سىلەرنىڭ قىلمىشىڭلاردىن خەۋەردار بولۇپ تۇرغۇچىدۇر﴾.

ئىسلامنى قوبۇل قىلىپ، مۇسۇلمان بولغان ئاۋستىرىيەلىك لېئوپولد ۋېئەس (مۇھەممەد ئەسەد) بىر مۇسۇلماننىڭ ياخشى ـ يامان سۈپەتلىرىنى ناھايىتى ئوچۇق قىلىپ مۇنداق ئىپادىلەپ بەرگەن ئىدى:

www.uyghurkitap.com



"مۇسۇلمانلار خرىستىئانلارغا ئوخشاش دۇنياغا يامان كۆزى بىلەن قارىمايدۇ. چۈنكى، دۇنيا ھاياتىغا بىپەرۋالىق قىلماسلىقىمىزنى ۋە غەرب مەدەنىيىتىگە ئوخشاش ئۆزىمىزنى بەكمۇ ئۇرۇپ كەتمەسلىكىمىزنى تەلەپ قىلىدۇ. بۇگۈنكى غەرب مەدەنىيىتى بولسا، خرىستىئان دىنىنىڭ دەل ئەكسىچە، دۇنيا ھاياتىغا خۇددى ئاچكۆز تاماقىا ئېتىلغاندەك ئېرىلىپ كېتىۋاتماقتا. ئىشىنىڭ غەلىتە يېرى شۇكى، غەرب مەدەنىيىتى دۇنيا ھاياتىنى بىر لوقما ئاشتەك يۇتۇۋېتىش ئۈچۈن قارشى تەرەپنى پەقەتلا كۆزگە ئىلمايۋاتىدۇ. ئەمما ئىسلام دەل ئەكسىچە، ھاياتقا ھۆرمەت ۋە سۆيگۈ بىلەن قارايدۇ. ئۇ دۇنيا ھاياتىغا چوقۇنمايدۇ. بۇ باسقۇچ بەكمۇ مۇھىم بولغاچقا، ئۇنى ھېچكىمنىڭ پەس كۆرۈشكە ۋە ئۇنىڭغا سەل قاراشقا ھەققى يوق. بىزنىڭ بۇ دۇنيادىكى سەپىرىمىز بەلگىلىك ۋە چەكلىك بولۇپ، بىر كۈنى چوقۇم ئاخىرلىشىدۇ. چۈنكى، ئاللاھنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى شۇنداق. شۇڭا ئىنسانىنىڭ دۇنيا ھاياتى بەكمۇ قىممەتلىك. ئەمما دۇنيا ھاياتىنىڭ بىر بىكەت، بىر قورال، بىر ۋاستە ئىكەنلىكىنى ھېچقاچان يادىمىزدىن چىقارماسلىقىمىز لازىم".

ئىسلام دىنى "بۇ ئالەم مېنىڭ ياشايدىغان ئورنۇم ئەمەس" دېگەن كۆز قاراشنىمۇ قەتئىي رەت قىلىدۇ. ئىسلام ئۆزىگە لايىق بىر يول تاللىۋالدى. ئىسلامنىڭ يولى بۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدىن كېسىپ ئۆتىدۇ. ئىسلام بىزنى مۇنداق دۇئا قىلىشقا ئۈندەيدۇ: ﴿ئى پەرۋەردىگارىمىز! بىزگە دۇنيادا ياخشىلىق ئاتا قىلغىن! ئاخىرەتتىمۇ ياخشىلىق ئاتا قىلغىن، بىزنى دوزاخ ئازابىدىن قۇتۇلدۇرغىن!﴾.

ئىسلامنىڭ نەزىرىدە مەيلى دۇنيا ياكى ھاياتىي پائالىيەتلەر بولسۇن، روھىي جىھادىمىزغا ھېچقانداق توسقۇن بولالمايدۇ، ماددىي ئۆتۈكلار ئىسلامدا قوبۇل قىلىنىدۇ ۋە ئېتىبارغا ئېلىنىدۇ. ئەمما ھېچقاچان ماددىي ھاياتنى ياشاش غايىسى قىلىۋېلىشقا بولمايدۇ. ئىسلامغا كۆرە، بارلىق تىرىشچانلىقنىڭ غايىسى ھەم شەخسىي ھەم ئىجتىمائىي (ئەھۋالىمىزنى) تۈزىتىش ئۈچۈندۇر. ئەگەر

بۇ پرىنسىپ داۋاملاشتۇرۇلسا، ئىنساننىڭ ئەخلاقىي قابىلىيىتىمۇ بۇ دەستۇرغا ئۇيغۇن شەكىلدە ئىلگىرىلىيەلەيدۇ. چۈنكى ئىسلام ئىنساننى قىلغان چوڭ ـ كىچىك بارلىق ئىشلىرىدا ئەخلاقىي مەسئۇلىيەت تۇيغۇسىغا ئۇندەيدۇ. ئىسلام نىزامى ھېچقاچان ئىنجىلنىڭ: ”قەيسەرنىڭ ھەققىنى قەيسەرگە، ئاللاھنىڭ ھەققىنى ئاللاھقا بېرىڭلار“ ئەمرىگە كۆز يۇممايدۇ. چۈنكى ئىسلام ھاياتى ئېھتىياج ۋە ۋەزىپىلىرىمىزنى ئەخلاقىي ۋە ئەمەلىي دەپ ئىككىگە بۆلۈشكە قەتئىي يول قويمايدۇ، ھەق ياكى باتىل! بۇ ئىككىسىنىڭ بىرىنى تاللىشى شەرت. ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىدا بىر ئورۇن ياكى دەرىجە يوق. شۇڭا ئىسلام ئەمەل ۋە ھەرىكەتكە بەكمۇ ئەھمىيەت بېرىدۇ. چۈنكى، ئەمەل ئەخلاقنىڭ ئايرىلماس بىر قىسمى. شۇڭا ئۇنىڭدىن ۋاز كېچىشكە بولمايدۇ. ھەر بىر مۇسۇلمان ئەتراپىدا بولۇۋاتقان ئىشلارغا مەسئۇل بولۇشى، ھەر زامان ۋە ھەر يەردە ھەقنى قوغداش ۋە باتىللىقنى يوقىتىش ئۈچۈن جىھادنى ئۆزىنىڭ ئەڭ مۇھىم ۋەزىپىسى دەپ بىلىشى لازىم. ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ:

﴿(ئى مۇھەممەد ئۈممىتى!) سىلەر ئىنسانلار مەنپەئەتى ئۈچۈن ئوتتۇرىغا چىقىرىلغان، ياخشىلىققا بۇيرۇپ يامانلىقتىن توسىدىغان، ئاللاھقا ئىمان ئېيتىدىغان ئەڭ ياخشى ئۈممەتسىلەر﴾.

تۇنجى جىھاد بايرىقى ۋە ئىسلام ئىستىلاسىنىڭ ئاساسى مانا بۇ يەرگە تايانماقتا. ئەگەر ئىسلامىيەتنىڭ ئىستىلا ۋە ھاكىمىيىتىنى ئىمپېراتورلۇق دېيىشكە توغرا كەلسە، ئىسلامىيەت مانا بۇ مەنىدە ئىمپېراتوردۇر. ئەمما بۇ ئىمپېراتورلۇقتا ئىشغالىيەت ۋە زورلۇق ياكى مىللىي ئىقتىساد شەخسىيەتچىلىكىنىڭ تەسىرى يوق. ئاندىن تۇنجى ئىسلام مۇجاھىدلىرى ھاياتى ۋە تىرىكچىلىكىنى باشقىلارنىڭ قولىدىن تەمىنلەش غايىسى ۋە ئارزۇسىدا جىھاد مەيدانلىرىغا قاراپ ئىتىلمىغان ئىدى. ئۇلار بۇ جىھادقا ئىنسان روھىنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئىمكان ياراتقۇدەك ئەڭ ياخشى ۋەزىيەتنى شەكىللەندۈرۈش ئۈچۈن چىققان ئىدى. ئىسلام تەلىماتىغا ئاساسلانغاندا، پەزىلەتلىك ئىلىم ئىنساننى ياخشى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئىشلارنى قىلىشقا ئۈندەيدۇ.

ئىسلامىيەت ھېچقاچان ئەپلاتوننىڭ: "ياخشىلىق بىلەن يامانلىقنى ئايرىما دېگەن نەزەرىيىسىگە قوشۇلمايدۇ. يەنى شۇنى دېمەكچىمەنكى، ياخشىلىقنىڭ كۆپىيىشى ۋە يامانلىقنىڭ ئازلاپ، يوقىلىشى ئۈچۈن جاپالىق كۈرەش قىلماي تۇرۇپ، پەقەت نەزەرىيە ۋە ئەپلاتۇنچىلىق بىلەن بۇلارنى بىر ـ بىرىدىن ئايرىش ئىسلامغا ماس كەلمەيدۇ. ھەقىقەتەن ئىسلامىيەتتە دېيىلگىنىدەك، ئەگەر ئىنسانلار ئەخلاق ـ پەزىلەتنى پۈتۈن دۇنياغا يېيىشقا تىرىشسا، ياخشىلىق گۈللەپ ياشنايدۇ. ئەكسىچە، ئەگەر قۇرۇق گەپ سېتىپ، ئازراقمۇ ھەرىكەت كۆرسەتمىسە، شۇ پېتى ئۆلىدۇ، بۇ دۇنيادىن غايىب بولىدۇ".

## ئىسلام مەدەنىيىتى ۋە ئۇنىڭ ئىنسان ھاياتىدىكى تەسىرى

ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ روھ ۋە شەكىللىرى بىلەن تولۇق ئوتتۇرىغا چىقىرىلىشى، ھىجرىيەنىڭ بىرىنچى ئەسرىدە ئىسلام دۆلىتىنىڭ پۈتۈن ھەيۋىتى بىلەن مەۋجۇدلۇقىنى جاكارلىشى، ئەخلاق ۋە دىنلار تارىخىدا يېڭى بىر دەۋر، سىياسىي ۋە ئىجتىمائىي ساھەدىمۇ يېڭى بىر بارلىق بولغان ئىدى. بۇ يېڭى مەدەنىيەت بىلەن مەدەنىيەتنىڭ يۆنىلىشى ئۆزگەردى. دۇنيا ئۇنىڭ بىلەن يېڭى بىر ئورۇنغا ئېرىشتى. قەدىمدىن بېرى پەيغەمبەرلەر ئىسلام دەۋىتىنىڭ بايراقدارى بولۇپ، خەلقنى ئىسلام دەۋىتى بىلەن خەۋەرلەندۈرۈپ كەلگەن ۋە ئىخلاسمەن كىشىلەر بۇ يولدا جاپالىق كۈرەشلەر قىلغان ئىدى. ئەمما بۇ دەۋەت (دەۋا) لەرگە ئۆزنى ئاتىغانلار ھىجرىيەنىڭ بىرىنچى ئەسرىدە قۇرۇلغىنىدەك ئىسلامىي ئاساس ۋە نىزاملار ئۈستىگە قۇرۇلغان ۋە ئۇنىڭ ئەسلى ئاساسلىرىغا تايانغان بىر ھۆكۈمەت ياكى ئىسلام ئەھكاملىرىغا ئاساسلانغان، مۆھۈرى ئۇرۇلغان (يەنى ئۇ ھۆكۈمرانلىق قىلغان) بىر مەدەنىيەت قۇرالمىدى. نەتىجىدە، بۇ دەۋەت ۋە جىھادنىڭ غايىسى، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ۋە تۆت چوڭ خەلىپىنىڭ قولىدا ئۇستۇنلۇك كۆرگىنىدەك، بۇ يولدا مۇۋەپپەقىيەتكە

ئېرىشەلمىگەن ئىدى. ئىسلامىيەتنىڭ بۇ چوڭ ئىستىلاسى جاھىلىيەت ئۈچۈن ئەڭ چوڭ پالاكەت ئىدى. چۈنكى جاھىلىيەت مۇنداق بولۇشنى، ئۆز ئىچىدىن مۇنداق بىر پالاكەتنىڭ چىقىشىنى ھېچ كۈتمىگەن ئىدى.

لېكىن ئىسلامىيەتنىڭ جاھىلىيەت ھاياتىغا ئېلىپ بارغان دىنىي ۋە روھىي چاقىرىقلىرى بىردىنلا قۇتۇلۇش يولى، سائادەت، روھ، ماددا، ھايات، مەدەنىيەت، ئىجتىمائىي كۈچ، ھۆكۈمەت ۋە سىياسەتكە ئايلانغان ئىدى. ئىسلام دىنى قولاي ۋە ئەقىلگە ئۇيغۇن؛ ۋەھىمە، خۇراپىيلىق ۋە ئەپسانىلەردىن يىراق، ئىلىم ۋە ھېكمەتلەرگە تولغان تەڭداشسىز دىندۇر.

ئىسلام دىنى ئادەمزات تەجرىبىسىدىن، ئىنسانلار يولغا قويغان قانۇن ۋە ئۆلچەملەردىن يىراق، ساماۋى ۋەھىي ۋە ئىلاھىي تەلىمات؛ دىنىي قۇرۇلمىسى ساغلام، ئاساسى مۇستەھكەم، ئۇستۇن بىر مەدەنىيەت. بۇ مەدەنىيەتتە تەقۋالىق، ئىپپەت - نومۇس ۋە ئىشەنچ روھى ھۆكۈم سۈرىدۇ. ئېسىل ئەخلاق مال ۋە مەنسەپتىن يۇقىرى ئورۇنغا قويۇلىدۇ. ئىنسان روھى ئىچى قۇرۇق، شەكىلۋازلىققا پىدا قىلىنمايدۇ. بۇ مەدەنىيەتتە ئىنسانلار تەڭ - باراۋەر بولۇپ، بىر - بىرىدىن تەقۋالىقتىن باشقا ئۇستۇنلۈكى يوق. ئىنسانلار ئاخىرەت ھاياتىغا ئەھمىيەت بېرىدۇ. روھلار راھەتلىنىدۇ، ھۇزۇر تاپىدۇ. يۈرەكلەر ئىتائەتمەنلىك ئىچىدە مەستخۇش بولىدۇ. ھايات سەھنىسىدە جېدەل - ماجىرا، جىنايەت، ئازغۇنلۇق ئازىيىدۇ. ئۆچمەنلىك ۋە دۈشمەنلىك ئورۇقلىرى ئاستا - ئاستا چىرىپ كېتىدۇ. شۇنداق، مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى پىچ ئورگانلىرى سېسىغان، ئۇلى دەز كەتكەن، چوڭلار كىچىكلەرنى ئېزىپ، كۈچلۈكلەر ئاجىزلارنى يۇتىدىغان، خەلق ئويۇن - تاماشا ۋە ئەيش - ئىشرەت يولىدا بىر - بىرى بىلەن بەسلىشىدىغان، مال ۋە مەنسەپكە كۆز قىزارتىش، ھەشەمەتچىلىك ۋە ئىسراپخورلۇقتا بىرى يەنە بىرىدىن ئېشىپ چۈشكەن، ئىزتىراپ، خاپىلىق ۋە سانجىقلار ئىچىدە تولغانغان بىر مەدەنىيەتكە قارشى قويۇلغان ئىدى. چۈنكى، پۈتۈن دۇنيا قانغا بويالغان، مەدەنىيەت ئىنسانلار ئۈچۈن خۇددى قورقۇنچلۇق جەھەننەمگە ئايلانغان ئىدى.

﴿ئۇلارنىڭ تەۋبە قىلىشى ئۈچۈن بىز ئۇلارغا چوقۇم ئەڭ چوڭ ئازابتىن (يەنى ئاخىرەت ئازابىدىن) ئىلگىرى ئەڭ يېقىنكى ئازاب (يەنى دۇنيا ئازابى)نى تېتىتىمىز﴾.

ئىسلام ھۆكۈمىتى شۇنداق بىر ھۆكۈمەت ئىكەنكى، ئۇنىڭ ھۆكۈمرانلىقى دىكى بارلىق ئىنسان باراۋەردۇر. ئىسلام ھۆكۈمىتى ئاجىزلارنىڭ ھەققىنى كۈچلۈكلەردىن ئېلىپ بېرىدۇ. خەلقنىڭ ئۆي - ماكان ۋە ماللىرىنى قوغدىغىنىدەك، ئۇلارنىڭ ئەخلاقىنىمۇ قوغدايدۇ. ئۇ خەلقنىڭ جان، ئىپپەت ۋە نومۇسلىرىنىڭ كۆزەتچىسىدۇر. خەلقنىڭ رەھبەرلىرى ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ سالىھ كىشىلەر بولۇپ، قولىدىكى ئىمتىياز بەكمۇ يۇقىرى، ئەمما تۇرمۇش سەۋىيىسى ئەڭ تۆۋەن ئىدى. مانا بۇ ئىسلام نىزامى زۇلۇم ۋە ۋەھشىيلىك قوللىنىپ، خەلقنى قان قۇستۇرىدىغان، ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدىكىلەرنى زۇلۇم ۋە خىيانەتكە مەجبۇرلايدىغان ھۆكۈمەتكە قارشى قويۇلغان ئىدى. چۈنكى، بۇ زالىم ھۆكۈمەتنىڭ خەلقى، باشقىلارنىڭ مېلىنى يېۋېلىش، ئىپپەت - نومۇسغا چېقىلىش ۋە قانلىرىنى تۆكۈشتە بىر - بىرى بىلەن بەسلىشەتتى. ھۆكۈمەت ئەخلاق نامى ئاستىدا نامۇۋاپىق ھەرىكەتلەر بىلەن ئىنسانلارنىڭ ئەخلاقىنى بۇزاتتى. ئىنسانلارنىڭ ئەڭ ناچارلىرى قوماندان ۋە ھۆكۈمرانلار ئىدى. ھايۋانلىرى ۋە ئىتلىرى توق يۈرسە، خەلقى ئاچلىقتىن تولغىناتتى. سارايلىرى ئەڭ ئېسىل كىيىملەرگە تولغان، ئەمما خەلقى يېرىم - يالىڭاچ ھالەتتە قالغان ئىدى. شۇڭا ئىنسانلار ئىسلامىيەتكە ھەرقانداق توسقۇنلۇققا پەرۋا قىلماي قوچاق ئاچتى، ھېچقانداق زورلۇق تارتمايلا ئىسلامنى قوبۇل قىلدى. جاھىلىيەتنىڭ ھېچقايسى تەرىپىنى ئىسلامىيەتتىن ئۈستۈن ياكى ئەۋزەل كۆرمىگەن ئىدى. ئىسلامغا كىرگەنلەر ھېچنەرسىنى يوقىتىپ قويمىدى. چۈنكى، ئۆلۈمنىڭ تەمىنى، ئىماننىڭ لەززىتىنى تېتىغان ۋە ئىسلامنىڭ بۈيۈكلۈكىنى بىلگەن ئىدى. ئەينى ۋاقىتتا ئۆزلىرىدىن ئېيتىشقا لايىقكى، ئۇ كۈچلۈك بىر دۆلەتكە، جانلىرىنى ۋە پۈتۈن مېلىنى پىدا قىلغۇدەك بىر رەھبەرلىك ھەيئىتىگە، ھۇزۇر تولغان كۆڭۈلگە ئىگە ئىدى

ۋە ئۆلگەندىن كېيىنكى ھاياتتا تولۇق خاتىرجەملىككە ئېرىشەلەيتتى. كىشلەر ئۆز ئارزۇسى بىلەن تۈركۈم - تۈركۈملەپ جاھىلىيەت مەيدانىدىن ئىسلامىيەت مەيدانىغا ئۆتۈۋاتاتتى. جاھىلىيەت چەمبىرى بارغانسېرى كىچىكلەپ، ئىسلام دەۋاسى كۈنسېرى ئۇيۇقدا قاراپ ئۆرلىگەچكە، ئۇنىڭ نۇرى پۈتكۈل جاھاننى قاپلاۋاتاتتى. نىھايەت پىتنە - پاسات يەر يۈزىدىن سۆكۈپ تاشلاندى ۋە ئاللاھنىڭ دىنى ھاكىمىيەت بايرىقى لەپىلدىدى.

بۇ ئىنقىلابنىڭ تەسىرى ھەقىقەتەن چوڭ بولدى. ئۇنىڭدىن بۇرۇن، يەنى جاھىلىيەت ۋاقتى ياكى ئىسلامنىڭ دەسلەپكى دەۋرلىرىدە دەۋەت يولى بەك قىيىن ۋە بەكمۇ خەتەرلىك ئىدى. بۇگۈن بولسا، ناھايىتى ئاسان ۋە خەتەرسىز ھالغا كەلدى. جاھىلىيەت دەۋرىدە ئىنسانلارنىڭ ئاللاھقا ئىبادەت قىلىشى قىيىن بولسا، ئىسلام دەۋرىدە ئاللاھنى ئىنكار قىلىشى قىيىن ئەھۋالغا چۈشتى. تېخى تۈنۈگۈن ئاپئاشكارا ۋە پەرۋاسىزلارچە جەھەننەمگە دەۋەت قىلىنغان بولسا، بۈگۈن بۇ چاقىرىق بېسىقتۇرۇلغان ئىدى. تۈنۈگۈن ئاللاھقا ئۇچۇقتىن - ئۇچۇق ۋە كۆپلەپ تۆھمەت قىلىنىپ ئىسيان چىقىرىلغان بولسا، بۈگۈن بولار ئاستا - ئاستا يوق بولماقتا. تېخى تۈنۈگۈن ئىنسانلارنى ئاللاھقا دەۋەت قىلىش جىنايەت ھېسابلىنىپ، ئىلاھىي دەۋەت مەخپىي يەتكۈزۈلگەن بولسا، مانا بۈگۈن ئۇچۇقتىن - ئۇچۇق، ئۇنلۇك ۋارقىراپ، ئەركىن ۋە خاتىرجەم ھالدا، ھېچبىر قارشىلىققا ئۇچرىماي قىلىنماقتا. مۇسۇلمانلار مۇناسىۋەت ۋە ئەقىدىلىرى يولىدا ھېچقانداق مۇشەققەتتىن، يېڭى دىنلىرى يولىدا ھېچقانداق قىيىنچىلىقتىن قورقمىغان ھالدا ئالغا ئىلگىرىلىمەكتە.

﴿ياد ئېتىڭلاركى، ئۆز ۋاقتىدا سىلەر (مەككە) زېمىنىدا ئاز سانلىق بولۇپ، بوزەك قىلىنغان ئىدىڭلار، كىشىلەر (يەنى مۇشرىكلار)نىڭ تالان - تاراج قىلىشىدىن قورقاتتىڭلار، شۈكۈر قىلىشىڭلار ئۈچۈن ئاللاھ سىلەرنى (مەدىنىدە) يەرلەشتۈردى. (بەدرى ئۇرۇشىدا) ئۆز ياردىمى بىلەن سىلەرنى كۈچلەندۈردى.

سىلەرگە ھالال نەرسىلەر (يەنى غەنىمەتلەر)نى رىزىق قىلىپ بەردى[1].

بۇ دەۋەتنىڭ پىدائىيلىرى ياخشىلىققا بۇيرۇپ يامانلىقتىن توساتتى، شۇنداق، نەق گەپنى قىلغاندا، بۇيرۇيتتى ۋە توساتتى. بۇ ئارقىلىق ئىنسانلارنىڭ خاراكتېرى ۋە كۆز قاراشلىرى خالار ـ خالىماس، ئاستا ـ ئاستا، خۇددى ئىنسان ئۆسۈملۈكلەر باھار مەۋسۇمىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغىنىدەك، ئىسلامىيەتنىڭ تەسىرىدە ئۆزگىرىپ باشقىچە بولۇشقا باشلىدى. ئىسيانكار، تاش يۈرەكلەر پۈتۈنلەي ئېرىپ يۇمشىدى. ئىسلامىيەتنىڭ پرىنسىپ ھەقىقەتلىرى يۈرەكلەرنىڭ چوڭقۇر قاتلىمىغىچە سىڭىپ كىرىپ، قان تومۇرلىرىدا دولقۇنلىنىشقا باشلىدى.

ئىنسانلارنىڭ نەزىرىدە ھەر نەرسىنىڭ قىممىتى تامامەن ئۆزگەردى. كونا قىممەت ـ ئېتىبار قارىشى ئۆزگىرىپ، ئۇنىڭ ئورنىنى يېڭى ئۆلچەملەر ئالدى. جاھىلىيەت ھاياتىنى قوبۇل قىلىش ۋە ئۇنى قوغداش ئەقىلسىزلىق، مۇتەئەسسىپلىك دەپ سۆيەتلىنىشكە باشلىدى. شۇنىڭ بىلەن ئىسلام دەۋرىنىڭ يېگانە ئىلغار غايىسى سۆيۈنىدە قوبۇل قىلىندى. ئىسلامنى ئۆزىنىڭ ھايات نىزامى دەپ قوبۇل قىلىش، ئۇنىڭ بارلىق دۇنيا ئاساسلىرىنى رېئال تۇرمۇشقا تەتبىقلاش بولسا، ئاقىلانىلىك دەپ قارالدى. بارلىق مىللەت، ھەتتا پۈتۈن ئىنسانىيەت ئىسلامىيەتكە قاراپ ئاستا ـ ئاستا يېقىنلىشىۋاتاتتى. لېكىن ئىنسانلار بۇ يېقىنلىشىشنى سەزمىگەن ئىدى. بۇ خۇددى يەر شارىدىكى ئىنسانلار سەييارىلەرنىڭ قۇياش ئەتراپىدا ئايلىنىۋاتقانلىقىنى سەزمىگىنىگە ئوخشايتتى. ئىسلامىيەت كەلتۈرگەن روھ ئۇلارنىڭ پەلسەپىسىدە، دىنلىرىدا، ئەدەبىياتلىرىدا ۋە مەدەنىيەتلىرىدە ئوچۇق ئەكس ئېتىۋاتاتتى. لېكىن ئۇلار بۇنى ھېس قىلمىغان ئىدى. يۈرەكلىرى ۋە روھلىرى بۇ ئۆزگىرىشلەردىن ئۆز نېسىۋىسىنى ئېلىۋاتاتتى. ھەتتا ئۆز ئارىسىدا كەڭ يېيىلغان ئىسلاھات ھەرىكەتلىرى مۇسۇلمانلار چېكىنىشكە باشلىغاندىن كېيىنمۇ داۋاملىشىۋەردى.

ئىسلامىيەت تەۋھىد ئېتىقادىنى يېيىپ، بۇتپەرەسلىك ۋە مۇشرىكلىقنى

[1] سۈرە ئەنفال 26 ـ ئايەت

ئوتتۇرىدىن يوقاتتى. شۇ كۈندىن ئېتىبارەن، شېرىك ئەقىدە مۇشرىكلار تەرىپىدىنمۇ كەمسىتىلىشكە ۋە خورلىنىشقا باشلىدى. ھەتتا شېرىك ئەقىدىنىڭ زۇلمەت قۇدۇقىغا دومىلاپ كەتكەن مۇشرىكلار (ئىسلامىيەتتىن ئىلگىرى) بارلىقنى ئۇنىڭغا ئاتىغان ۋە ئۇ يولدا ئۆلۈم كۆزىگە كۆرۈنمىگەن ھالدا بولغان بولسا، كېيىن ئۇنىڭدىن خىجىل بولۇشقا، ئۆزىنى تارتىشقا ۋە يىراقلىششقا باشلىدى. ھەتتا بارلىق دىنلارنىڭ مەنسۇپلىرى ئۆزلىرىنىڭ دىنىي نىزاملىرىدىكى شېرىك ئەقىدىلىرىنى ياكى شېرىك ئالامەتلىرىنى، بۇتلىرىنى، رەسىملىرىنى ۋە تىللىرىنى ئۇنىڭ بىلەن بېزەشكە باشلىدى. دىنىي پرىنسىپ ۋە ئاساسلىرىنى ئىسلام تەۋھىدىگە ئوخشاش، ماس شەكىلدە ئىزاھلاشقا ۋە ئىپادىلەشكە تىرىشتى.

پروفېسسور ئەھمەد ئەمىن مۇنداق دەيدۇ:

"خرىستىئانلار ئارىسىدا كۆپلەپ مەيدانغا كەلگەن ئايرىمچىلىق ۋە تالاش - تارتىشلاردا ئىسلامنىڭ تەسىرى ئوچۇق كۆرۈنمەكتە. تۆۋەندىكى ھادىسە بۇ ھەقىقەتنى ئوچۇق ئىپادىلەپ بېرىدۇ: مىلادى 8 - ئەسىردە يەنى ھىجرىيە 2 - ، 3 - ئەسىرلەردە سېپتىمانىيە رايونىدا پوپنىڭ گۇناھ يۇيۇشنى رەت قىلىش ۋەقەسى مەيدانغا كەلدى. بۇنداق قىلىشقا پوپنىڭ ھەققى يوق ئىكەنلىكىنى، ئىنسانلار ئۆتكۈزگەن گۇناھلارنىڭ ئەپۇ قىلىنىشى پەقەت ئاللاھقا خاس ئىكەنلىكى ئىلگىرى سۈرۈلگەن ئىدى. ھالبۇكى، ئىسلامدا روھانىيلىق يوق، پاترىئارخ (روھانىي)، پوپ ياكى راھىب يوق. ئەسلىدىمۇ گۇناھنى ئېتىراپ قىلىش، گۇناھنى يۇيۇش دېگەندەك نەرسىلەرنىڭ ئىسلامدا يوق ئىكەنلىكى ھەممىگە ئايان".

مىلادى 8 - ، 10 - ئەسىرلەر يەنە ھىجرىيە 3 - ، 4 - ئەسىرلەردە، يەنى ئىسلامنىڭ تەسىرىدە رەسىم ۋە دىنىي ھەيكەللەرنى چېقىپ تاشلاشقا تەشۋىق قىلغان بىر ھەرىكەت مەيدانغا كەلگەن ئىدى. خرىستىئان مەزھەبلىرىدىن بىرى رەسىم ۋە ھەيكەللىرىنى ئۇلۇغلاشنى (ئىلاھلاشتۇرۇشنى) چەكلىدى.

رىم ئىمپېراتورى 3 ـ لوئىس مىلادى 726 ـ يىلى رەسىم ۋە ھەيكەللەرنى ئىلاھلاشتۇرماسلىق (ئۇلۇغلىماسلىق) توغرىسىدا پەرمان چىقاردى.

730 ـ يىلى چىقىرىلغان ئىككىنچى پەرماندا بۇ ھەرىكەت (ئۇلۇغلاش ھەرىكىتى) بۇتپەرەسلىك دەپ ئېلان قىلىندى. V كونستانتىن ۋە IV لوئىس ئوخشاش پىكىردە بولسىمۇ، 2 ـ جورجى (گىئورگى)، ئىستانبۇل پاترىئارخى (روھانىسى) گېرمانىيۇس (جېرمانىيۇس) ۋە خانىش ئىرىنى ھەيكەللەرگە چوقۇنۇش ئېتىقادىدا چىڭ تۇردى. بۇ ئىككى تەرەپ ئارىسىدا قانلىق ماجىرالار چىقتى. ئەمما بۇ يەردە بۇ ۋەقەنى تەپسىلىي يېزىپ ئولتۇرمايمىز. بىز پەقەت بەزى تارىخچىلارنىڭ خرىستىئانلارنىڭ رەسىم ۋە ھەيكەللەرنى پۈتۈنلەي يوقىتىش ھەرىكەتلىرىنىڭ ئىسلامنىڭ تەسىرى ئاستىدا مەيدانغا كەلگەنلىكىنى ئەسلەتكەنلىكىنى ئۇقتۇرماقچىمىز. ئۇ تارىخچىلار مۇنداق دەپ يازغان ئىدى:

”ئۆز دەۋرىدە چىركاۋلاردىكى كرېست ۋە رەسىملەرنى كۆيدۈرۈپ، ئۇلارغا سەجدە قىلىشنى چەكلىگەن تورىن پوپى كلادىيۇس ـ تەخمىنەن ھىجرىيەنىڭ 213 ـ يىلى (مىلادى 828 ـ يىلى) پوپلۇققا تەيىنلەنگەن ـ مۇسۇلمان يۇرتى بولغان ئەندۇلۇستا تۇغۇلۇپ چوڭ بولغان ئىدى. ئىسلامنىڭ رەسىم ۋە ھەيكەللەردىن يىرگىنىدىغانلىقى ھەممىگە ئايان ھەقىقەتتۇر.

ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم ھەزرىتى ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن مۇنداق بىر ھەدىسنى رىۋايەت قىلىدۇ. ھەزرىتى ئائىشە مۇنداق دېگەن ئىدى: بىر قېتىم رەسۇلۇللاھ سەپەردىن قايتقىنىدا، دېرىزىگە رەسىملىك نەقىشلىك پەردىنى كۆرۈپلا ئۇنى يىغىپ ئالدى، ئۇنىڭ چىرايى ئۆڭۈپ كەتكەن ئىدى. ئۇ مۇنداق دېدى: «ئى ئائىشە! يارىتىش خۇسۇسىيىتىدە ئاللاھقا ئوخشىتىلىشقا تىرىشقانلار قىيامەت كۈنى ئەڭ شىددەتلىك ئازابقا دۇچار بولغۇچىلاردۇر». شۇنىڭ بىلەن، ئۇ پەردىنى كېسىپ، ئۇنىڭدىن بىر ـ ئىككى ياستۇق تىكتۇق. بۇ ھەقتە كۆپلىگەن ھەدىسلەر بار.

يەنە بىر قىسىم خرىستىئانلار ئىيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىلاھلىق خۇسۇسىيى-تىنى ئىنكار قىلىپ، "ئۈچ"لۈك ئەقىدىسىنى تەۋھىدكە يېقىنلاشتۇرۇپ بايان قىلغان ئىدى.

ياۋروپا دىنلىرى ۋە خرىستىئان چېركاۋلىرىنىڭ تارىخىنى تەتقىق قىلغانلار ئىسلام چۈشەنچىسىنىڭ پۈتۈن ياۋروپادا چېركاۋ نىزاملىرىغا قارشى قوزغالغانلار ۋە ئىسلاھاتچىلارنىڭ زېھنىلىرىگە قىلغان تەسىرىنى ئوچۇق كۆرەلەيدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، بۈيۈك ئىسلاھاتچى لوتىرنىڭ چاقىرىقى، تارىخچىلارنىڭ ئېتىراپ قىلغىنىدەك، ئىسلام ۋە ئۇنىڭ بەزى ئەقىدىلىرىنىڭ تەسىرىنىڭ ئەڭ ئوچۇق ئىپادىسى.

بۇنىڭغا ئوخشاش، ئىسلام قانۇنى ۋە ئىدىيىسىنىڭ ئىسلام ئىستىلالىرىدىن كېيىن خرىستىئان ياۋروپا ۋە بۇددىست ھىندىستاندىكىگە ئوخشاش، بارلىق مىللەتلەرنىڭ ئىجتىمائىي ھاياتىغا، ئەخلاقىغا ۋە قانۇنلىرىغا تەسىر قىلغىنىمۇ ھەقىقەت. بۇ تەسىرلەر، تەۋھىد ئېتىقادىغا يۈزلىنىشتە، ئاياللارنى ھۆرمەتلەپ ئۇلارنىڭ ھوقۇقلىرىغا رىئايە قىلىشتا، ھەر قايسى تەشكىلات (گۇرۇھ)لار ئارىسىدىكى باراۋەرلىكنى ئېتىراپ قىلىشتا ۋە بۇنىڭغا ئوخشاش ئىسلامىيەت ھەل قىلغان، شەرىئەت ۋە مەدەنىيەت ئۆزىنى كۆرسەتكەن كۆپلىگەن قانۇنلاردا ئوچۇقتىن - ئوچۇق كۆرۈلمەكتە.

ھىندىستاننىڭ مىسىردىكى سابىق ئەلچىسى ۋە داڭلىق تەتقىقاتچى ك. م. پانىكار ئىسلامىي تەۋھىد ئەقىدىسىنىڭ ھىندىستان مىللىتىنىڭ ئىدىيىسى ۋە دىنىغا كۆرسەتكەن تەسىرىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ:

"ئىسلامىيەت ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋردە، ئىسلام دىنىنىڭ ھىندىستان دىنلىرىغا قىلغان چوڭقۇر تەسىرى ئىنكار قىلىنمىغۇدەك دەرىجىدە ئوچۇق. ھىندى دىنلىرىدىكى ئاللاھقا ئىبادەت قىلىش پىكرى ئىسلامنىڭ ئەسىرىدۇر. ئۇ دەۋردىكى (ئەسىردىكى) دىن ۋە پىكىر داھىيلىرى ئۆز ئىلاھلىرىغا ھەرخىل

www.uyghurkitap.com

ئىسىملارنى بەرگەن بولسىمۇ، خەلقنى ئاللاھقا ئىبادەت قىلىشقا چاقىرىشتىن قىلچە تەپتارتمىغان ئىدى. ئىلاھنىڭ يالغۇز ئىكەنلىكىنى، قۇتۇلۇش ۋە سائادەتنىڭ پەقەت ئۇنىڭدىن كۈتۈلىدىغانلىقىنى ئۇچۇق ئىپادە قىلدى. بۇ تەسىر باگتى دىنى ۋە كەبىر دەۋىتىگە ئوخشاش ئىسلام ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋردە ھىندىستاندىكى بارلىق دىن ۋە دەۋەتلەردە ئۆزىنى ئوچۇق ئىپادە قىلغان ئىدى".

ھىندىستان باش مىنىستىرى جەۋاھىرلال نەھرۇ: "ھىندىستاننىڭ بايقىلىشى" ناملىق ئەسىرىدە مۇنداق دەپ يازغان ئىدى:

"ھىندىستاننىڭ غەربىي شىمالىدىن كىرگەن مۇجاھىدلارنىڭ ۋە ئىسلامنىڭ ھىندىستان تارىخىدىكى ئەھمىيىتى بەكمۇ چوڭ. چۈنكى، ئىسلام ھىندى جەمئىيىتىدە كەڭ يېيىلغان پىتنە - پاساتنى تۈگەتتى. سىنىپ ئايرىمچىلىقى ۋە پارىيا (ھىندىستاندا "قاست" دەپ تونۇلمىغانلارغا بېرىلگەن نام) سىستېمىسىنى ئەمەلدىن قالدۇردى ۋە ھىندىلارنىڭ ئۆزلىرى ياشاۋاتقان دۇنيادىن ئۈمىد ئۈزۈش خىياللىرىنى ئىنجىتقان ئىدى. مۇسۇلمانلار ئىشەنگەن ۋە تۇرمۇشىدا تەتبىقلىغان ئىسلام قېرىنداشلىقى ۋە باراۋەرلىكى نەزەرىيىسى ھىندىلارنىڭ زېھنىلىرىدە چوڭقۇر تەسىر قالدۇرغان ئىدى. بۇ تەسىر ھىندى جەمئىيىتى باراۋەرلىك ۋە ئىنسان ھەقلىرىدىن مەھرۇم قويغان بەزى كىشىلەردە تېخىمۇ كۆپ كۆرۈلگەن ئىدى. زامانىمىزنىڭ قىممەتلىك يازغۇچىسى ن. ج. مەتھا "ھىندى مەدەنىيىتى ۋە ئىسلام" ناملىق ئەسىرىدە مۇنداق دەيدۇ: ئىسلامىيەت كونا مەدەنىيەتلەر زەئىپلىشىپ يوقىلىشقا يۈزلەنگەن بىر ئەسىردە ھىندىستانغا نۇرلۇق مەشئەل كەلتۈردى ۋە ئۇنىڭ بىلەن قاراڭغۇلۇق قاپلىغان پۈتۈن جەمئىيەتنى قايتا يورۇتتى. بۇ ئارقىلىق ئۈستۈن ئىدىيە پىكرى ئېتىقادقا ئايلانغان ئىدى. ئىسلامنىڭ پىكرلەر ئالىمىدىكى ئىستىلاسى باشقا دۆلەتلەرنىڭ سىياسەت مەيدانىدىكى ئۈستۈن ئىدىيەلىرىدىن تېخىمۇ ئۇنۇملۈك ۋە تېخىمۇ تەسىرلىك بولغان ئىدى. ھىندىستاننىڭ تەلەيسىزلىكى تارىختىكى ھىندىستان ھۆكۈمىتىنىڭ ئىسلامغا

بولغان پوزىتسىيەسى ئىدى. ھۆكۈمەت ئىسلامنىڭ ئاساسى پرىنسىپلىرى ۋە ھەقىقەتلىرىنى خۇنۇكلەشتۈرۈپ، ئىسلامنىڭ ئىنسانىيەتكە بېغىشلايدىغان بەخت - سائادەت ۋە گۈزەللىكلىرىنى كىشلەرنىڭ نەزىرىدىن مەخپىي تۇتقان ئىدى".

ھازىرقى مەۋجۇت دىن ياكى مەدەنىيەتنىڭ ھېچبىرى ئۆزىنىڭ ئازدۇر - كۆپتۇر ئىسلامىيەتنىڭ ياكى مۇسۇلمانلارنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغانلىقىنى ئىنكار قىلالمايدۇ.

روبېرت برىفائۇلت "ئىنسانىنىڭ يارىتىلىشى" ناملىق ئەسىرىدە مۇنداق دەيدۇ:

"ياۋروپادا تەرەققىي قىلغان ھەر ساھەدە ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ مۇتلەق چوڭ تۆھپىسى، بەلگىلىك تەسىرى ۋە مۇھىم رولى بار ئىدى". يەنە بىر يېرىدە مۇنداق دەيدۇ:

"ياۋروپانى ھاياتلىققا ئېرىشتۈرگىنى ئەرەبلەرگە ئاتا قىلىنغان پايدىلىق ئىلىملەر ئەمەس. ئىسلام مەدەنىيىتى تۇنجى نۇرىنى چاچقاندىن ئېتىبارەن ياۋروپا ھاياتىدا چوڭ ۋە تۈپتىن ئۆزگىرىشلەر مەيدانغا كەلگەن ئىدى".

ئەگەر ئىشلار مۇشۇ تەرىقىدە داۋاملىشىپ، ئىنسانىيەت ئۆزلىرىگە باشلامچىلىق قىلىش ئۈچۈن يارىتىلغان بىر تۈركۈم (ئىسلام پرىنسىپلىرىنى ئۆزلىرىنىڭ يېتەكچى ئىدىيەسى قىلغان) كىشلەرنىڭ يېتەكلىشىگە مۇيەسسەر بولغان، ئامانەتلەر ئۆز ئىگىسىگە تاپشۇرۇلۇپ، سۇلار ئۆز يۆلىنىشىدە ئاققان بولسا ئىدى، بۈگۈن بىز ئۇقۇۋاتقان روھىي چۈشكۈنلۈك، يەر تەۋرەش، پاجىئە، زۇلۇم ۋە ئازاب - ئوقۇبەتلەرگە تولغان تارىخ ئورنىغا، پۈتۈن ئىنسانىيەت تەلمۈرۈپ، تەئەججۈپلىنىپ قارىغۇدەك پارلاق ۋە شەرەپلىك بىر تارىخ بولغان بولاتتى. ئەمما شۇنىسى يەكمۇ ئەپسۇسلىنارلىقكى، تەقدىر - قىسمەت باشقىچە چىقتى، مۇسۇلمانلار داجىشقا باشلىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورپىكتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىكىر تارقىتىسى



# ئىككىنچى بۆلۈم

## ئىسلامىي ھاياتتىكى چۆكۈش

### چۆكۈش ۋە يۈكسىلىشنى ئايرىغان روشەن سىزىق

ئەدىبلەردىن بىرى مۇنداق دەيدۇ: ”دۇنيادا (ھاياتتا) ئىككى ئىشنىڭ ۋاقتى ئالدىن بىلىنمەيدۇ: شەخس ھاياتىدىكى ئۆيقۇ ۋە مىللەت تارىخىدىكى چۆكۈش. بۇلارنىڭ ۋاقتى پەقەت بۇلار شەخس ۋە جەمئىيەت ئۈستىدىن غالىب كېلىپ، ئۇلارنى ئۆز چاڭگىلىغا ئالغاندا ئاندىن بىلىنىدۇ. بۇ خۇسۇسىيەت (ھادىسە) كۆپلىگەن مىللەتلەردە ئوچۇق كۆرۈلۈۋاتىدۇ. ئەمما مۇسۇلمانلار ھاياتىدىكى چېكىنىش ۋە چۆكۈش باشقا مىللەتلەرگە قارىغاندا تېخىمۇ ئېنىق (روشەن) باشلاندى.

ئەگەر بارمىقىمىز بىلەن كامالەت ۋە زاۋاللىق دەۋرىنى ئايرىيدىغان سىزىقنى كۆرسەتمەكچى بولساق، تۆت چوڭ خەلىپە دەۋرى بىلەن ئەرەب ھۆكۈمدارلىقى ۋە مۇسۇلمان پادىشاھلىقلىرىنىڭ مەيدانغا كەلگەن تارىخىي سىزىقنى كۆرسىتىشىمىز لازىم.

### مۇسۇلمانلارنىڭ يۈكسىلىش سەۋەبلىرىگە بىر نەزەر

يۈكسىلىش دەۋرىدە ئىسلامىيەت، ئىمان، ئەقىدە، ئەمەل، ئەخلاق، تەربىيە، روھىي پاكلىق، ئۇستۇن ھايات، كامالەت ۋە سوغۇققانلىق، بولۇپمۇ پۈتۈن دۇنيانىڭ

رەھبەرلىكى جەھەتتە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ مۆجىزىسى بولغان ئىلغار (مۇنەۋۋەر) كىشىلەرنىڭ قولىدا ئىدى. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارنى خۇددى ئالتۇن زەرگىرىدەك تۇجۇپىلەپ ئەجىر سىڭدۈرۈپ، ئىسلام ئۇچىقىدا تاۋلىدى. نەتىجىدە، شۇنداق بىر شەخسىيەت ھاسىل بولدىكى، ۋۇجۇدى ئەسلىدىكىدەك، لېكىن ئارزۇ ـ ئىستەكلىرى ۋە ھاۋايى ـ ھەۋەسلىرى يۇرۇنقىدىن تامامەن ئۆزگەرگەن ئىدى. ئەگەر بىر تەتقىقاتچى ئۇلارنىڭ ھاياتىنى تەتقىق قىلىپ قالسا (قىلىدىغان بولسا)، ئۇلارنىڭ ھاياتى پائالىيىتىدە ئىسلام ئاساسلىرى ۋە روھىغا خىلاپ بولغان جاھىلىيەت قالدۇقىدىن ھېچقانداق ئەسەر تاپالمايدۇ. ئەگەر ئىسلام ئىنسانىيەتنىڭ يالغۇز بىر ئەزاسى بىلەن ئىپادە قىلىنسا، ئۇ شەخسنىڭ ھايات مۇھىتىدىن سىرتقا پەقەتلا ھالقىپ كەتمەيتتى.

بىر ئاز ئاۋۋال سۆزلەپ ئۆتكىنىمىزدەك، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆزى يېتىشتۈرگەن كىشىلەر دىن بىلەن دۇنيانى بىر ـ بىرىگە باغلاشتا تېپىك مىسال ۋە تەڭدىشى يوق ئۆرنەك

لەر ئىدى. ھەر بىرى قوماندانلىق ۋە رەھبەرلىك ۋەزىپىسىنى قىلچە ئىككىلەنمەي ئۆز ئۈستىگە ئالالىغۇدەك سەۋىيىدە ئىدى، ئىنسانلارنىڭ ئالدىدا مېڭىپ ئۇلارغا يول باشلايتتى. ئۇلارغا ھاكىملىق قىلاتتى، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئادالەت ۋە ئىلىم بىلەن ھۆكۈم چىقىراتتى. مۇسۇلمانلارنىڭ مال ـ بىساتلىرىنى ساقلايدىغان كۆزەتچىلەر ئىدى. قوشۇنغا قوماندانلىق قىلغۇدەك ۋە جەڭ ۋەزىيىتىنى ناھايىتى ياخشى كونترول قىلالىغۇدەك قوماندانلار ئىدى. شۇنداقلا، ھەر بىرى بىردىن دۆلەت رەھبىرى ئىدى، ئۆز دۆلىتىنىڭ رەھبەرلىكىدە قولىدىن كېلىشىچە غەيرەت قىلاتتى، دۆلەت مەسىلىلىرى ھەققىدە ئىزدىنەتتى ۋە ئاللاھنىڭ ئەمر ـ پەرمانلىرىنى تولۇق ئادا قىلاتتى. ھەر بىرى ھەم تەقۋادارلىقتا زاھىت، ھەم ئاللاھ يولىدا جان پىدا قىلىدىغان قەھرىمان، ھەم ئادىل ھاكىم، ھەم سالاھىيەتلىك فىقھىشۇناس، ھەم ئىقتىدارلىق تەتقىقاتچى، ھەم ئالدىنكۆرەر ھۆكۈمدار، ھەم تەجرىبىلىك دىپلومات ئىدى. دىنى ۋە ئىدارىي ئىشلارغا يالغۇز

www.uyghurkitap.com

بىر ئادەم يەنى خەلىپە ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ ئەمرى ۋەكىللىك قىلاتتى.

خەلىپىنىڭ ئەتراپىدا پەيغەمبەر مەدرىسىسى ياكى باشقىچە ئېيتقاندا، پەيغەمبەر مەسجىدىدە ئىلىم تەھسىل قىلغان، خەلىپە بىلەن بىر ئوچاقتا تاۋلانغان، ئوخشاش چۈشەنچىگە ئىگە ۋە ئوخشاش تەربىيە ئالغان بىر رەھبەرلىك ھەيئىتى بولاتتى. خەلىپە ئۇلار بىلەن مەسلىھەتلىشەتتى ۋە ئۇلارغا ياردەم بېرەتتى. ئۇلارنىڭ مەسلىھەتىسىز ھېچ ئىشنى باشلىمايتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تەربىيىسىدىن ئۆتكەن بۇ كىشىلەرنىڭ روھى خاراكتېرلىرى مەدەنىيەتكە رەھبەرلىك قىلىش شەكلىدە ئىنسانلارنىڭ ئىجتىمائىي ۋە ئەخلاقىي ئىش - پائالىيەتلىرىگە سىڭىپ كىرىپ، يېڭى بىر مەدەنىيەتنىڭ خېمىر تۇرۇچىنى ھازىرلىغان ئىدى. بۇ جەرياندا روھ بىلەن ماددا، دىن بىلەن رەھبەرلىك، دىن بىلەن دۇنيا، مەنپەئەت بىلەن پرىنسىپ، ئەخلاق بىلەن ئارزۇ - ئىستەك، مىللەت بىلەن مىللەت ئارىسىدا ھېچقانداق دۈشمەنلىك، ئايرىمچىلىق، جېدەل - ماجىرا، بىر - بىرىگە ماسلاشماسلىق ياكى ھەددىدىن ئاشۇرۇۋېتىش ھادىسىلىرى كۆرۈلمىگەن ئىدى.

## ئىسلام رەھبەرلىكىگە قويۇلغان شەرتلەر

ئىسلام رەھبەرلىكى بەكمۇ جىددىي ۋە ئېغىر سۈپەتلەرگە ئىگە بولۇشنى تەلەپ قىلىدۇ. ئۇنىڭ شەرتلىرىنى تۆۋەندىكىچە ئىككى ماددىغا يىغىنچاقلاشقا بولىدۇ:

1 - جىھاد

2 - ئىجتىھات

بۇ ئىككى ماددا ئۇ قەدەر قىسقا بولۇشىغا قارىماي، مەنە جەھەتتىن تەسىر دائىرىسى بەكمۇ كەڭدۇر.

## جىھاد:

جىھاد ـ ئەڭ بۈيۈك ئارزۇغا يېتىش ئۈچۈن قولدىكى بارلىق ئىمكانلارنى قوللىنىش (ئىمكانلاردىن پايدىلىنىش) ۋە بۇ يولدا پۈتۈن كۈچى بىلەن تىرىشچانلىق كۆرسىتىش دېمەكتۇر. بىر مۇسۇلمان ئۈچۈن ئۇنىڭ ئەڭ چوڭ ئارزۇسى ئاللاھقا ئىبادەت قىلىش، ئۇنىڭ رازىلىقىغا ئېرىشىش، ھۆكمىگە بويۇن ئېگىش ۋە ئەمر ـ پەرمانىغا بويسۇنۇشتۇر. مانا بۇ غايە ئۇنىڭ ئەقىدە، تەربىيە، ئەخلاق، ئارزۇ ـ ئىستەكلىرىگە؛ ئاللاھنىڭ ھۆكمىگە بويۇن ئېگىش ۋە ئۇنىڭغا ئىبادەت قىلىشقا توسقۇنلۇق قىلىدىغان ئىچكى ـ تاشقى دۈشمەنلەرگە قارشى ئۇزۇن مۇددەت غەيرەت كۆرسىتىشنى تەلەپ قىلىدۇ.

مۇئمىن كىشى بۇنىڭدا[1] مۇۋەپپەقىيەت قازانغاندىن كېيىن، ئاللاھنىڭ ھۆكمى ۋە ئەمر ـ پەرمانلىرىنىڭ پۈتۈن دۇنياغا ۋە ئىنسانىيەتكە يەتكۈزۈلۈشى ئۈچۈن جىھاد بايرىقىنى قولىغا ئېلىشى لازىم. چۈنكى، جىھاد ئاللاھنىڭ ئەمرى ۋە شۇنداقلا قۇللىرىغا قىلغان (كۆرسەتكەن) شەپقىتىدۇر. چۈنكى يالغۇز (شەخسىي) قىلىنىغان ئىبادەت ۋە ئىتائەت بەزىدە جىھاد قىلمىغۇچە كىشىگە قىيىنچىلىق تۇغدۇرىدۇ. مانا بۇ قۇرئان كەرىمدە "پىتنە" سۈپىتى بىلەن بايان قىلىنغان تېمىدۇر. پۈتۈن كائىناتنىكى جانلىق ـ جانسىز مەۋجۇدىيەت، ئۆسۈملۈك، ھايۋانلار ۋە ئىنسانلارنىڭ ئاللاھنىڭ ئىرادىسىگە، يارىتىش كۈچىگە ۋە تەبىئىي قانۇنلىرىغا شەرتسىز بويسۇنىدىغانلىقى ھەممىگە ئايان.

﴿ئۇلار (يەنى يەھۇدىي ۋە ناسارالار) ئاللاھنىڭ دىنىدىن (يەنى ئىسلام دىنىدىن) باشقا دىننى تىلەمدۇ؟ ھالبۇكى ئاسمان ۋە زېمىندىكىلەر ئىختىيارى ۋە ئىختىيارسىز رەۋىشتە ئاللاھقا بويسۇنغان تۇرسا، ئۇلار (قىيامەت كۈنى) ئاللاھ تەرىپىگە قايتۇرۇلىدۇ﴾

﴿بىلمەمسەنكى، ئاسماندىكىلەر (يەنى پەرىشتىلەر)، زېمىندىكىلەر (يەنى

---

[1] سۈرە ئالى ئىمران 83 ـ ئايەت.

ئىنسانلار، جىنلار ۋە زېمىندا ياشايدىغان بارلىق مەخلۇقاتلار)، كۈن، ئاي، يۇلتۇزلار، تاغلار، دەرەخلەر، ھايۋانلار (ئاللاھقا بويسۇنۇپ، ئاللاھنىڭ تەسەررۇپ قىلىش بويىچە ھەرىكەت قىلىدۇ) ۋە نۇرغۇن كىشىلەر ئاللاھقا سەجدە قىلىدۇ، نۇرغۇن كىشىلەر (كۇفرى سەۋەبلىك) ئازابقا دۇچار بولىدۇ﴿.[1]

بۇ ئايەتتىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، مۇسۇلماننىڭ جىھادى - پەيغەمبەرلەرگە چۈشۈرۈلگەن ئىلاھىي نىزاملارنى رېئاللىققا ئايلاندۇرۇش، ئاللاھنىڭ كالامىنى ئۇلۇغلاش، ئاللاھنىڭ ھۆكۈملىرىنى تەتبىقلاش ۋە ئاللاھنىڭ ھۆكمىدىن باشقا بىر ھۆكۈم، ئۇنىڭ ئەمرىدىن باشقا بىر ئەمرنىڭ يوق ئىكەنلىكىنى قوبۇل قىلىشتىن ئىبارەت. جىھاد قىيامەتكىچە داۋاملىشىدۇ. جىھادنىڭ سان - ساناقسىز تۈرى ۋە قىسىملىرى بار بولۇپ، ئاللاھ يولىدا جەڭ قىلىش - بۇلاردىن ئەڭ شەرەپلىكىدۇر. ئۇنىڭ غايىسى دۇنيادا ھاۋايى - ھەۋەس ۋە نەپسى - خاھىشلارنىڭ ئۈستۈنلىكىگە خاتىمە بېرىشتۇر.

﴾پىتنە تۈگىگەن، دىن پۈتۈنلەي ئاللاھ ئۈچۈن بولغانغا قەدەر ئۇلار بىلەن ئۇرۇشۇڭلار؛ ئەگەر ئۇلار (كۇفرىدىن) يانسا، ئاللاھ ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرىنى كۆرىدۇ﴿.[2]

بۇ جىھادنىڭ يەنە بىر شەرتى شۇكى، جىھاد بايرىقىنى قولىغا ئالغان كىشى ئۆزى كۈرەشكە ئاتلانغان يولدىكى ئىسلامنى يوقىتىش ئۈچۈن تىرىشىۋاتقان كۇفرى ۋە جاھىلىيەتنى ياخشى تونۇشى لازىم. جىھاد مەيدانىغا قاراپ ئېتىلغان مۇجاھىد ئىسلامنى ھەقىقىي مەنىسى بىلەن بىلىشى، جاھىلىيەت ۋە كۇفرىنى ياخشى تەتقىق قىلىشى، سىرتقى كۆرۈنۈش ۋە كۆز بوياپچى شەكىللەرگە ئالدانماسلىقى كېرەك!

ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن ئىدى:

---

[1] سۈرە ھەج 18- ئايەت.
[2] سۈرە بەقەرە 193- ئايەت.

"ئىسلام مۆھىتىدا يېتىلىپ، جاھىلىيەتنى ھېچ تونۇمايدىغانلارنىڭ جاھىلىيەتنىڭ پۈتۈن شەكىللىرىنى، كۆرۈنۈشلىرى ۋە تۈرلىرىنى ئىنچىكىلەپ تەتقىق قىلىشى شەرت ئەمەس. ئەمما مۇسۇلمانلارغا رەھبەرلىك قىلىدىغان، كۇفرى ۋە جاھىلىيەتكە قارشى ئىسلام قوشۇنلىرىغا قوماندانلىق قىلىدىغان بىر شەخسنىڭ جاھىلىيەت ۋە كۇفرى ھەققىدىكى مەلۇماتى پۈتۈن مۇسۇلمانلارنىڭكىدىن چوقۇم ئۈستۈن بولۇشى كېرەك".

شۇنىڭغا ئوخشاش ئىسلام بايرىقىنى قولىغا ئالغان كىشىلەر يۇكسەك دەرىجىدە قابىلىيەتلىك ۋە قۇۋۋەتلىك بولۇشى لازىم. تۆمۈرگە تۆمۈر، ھەتتا تۆمۈردىنمۇ قاتتىق بىر نەرسە بىلەن، شامالغا بوران بىلەن جاۋاب قايتۇرۇشى لازىم. كۇفرىغا ۋە كاپىرلار قوشۇنىغا قارشى كۈچى بىلەن، قوللىرىدىكى بارلىق ئىمكانىيەتلىرى بىلەن، ئادىمىزات كەشىپ قىلغان ۋە زامانىمىز تېخنىكىسى ئوتتۇرىغا چىقارغان ھەر تۈرلۈك قورال - ياراق، ئۈسكۈنە ۋە جەڭ تېخنىكىسى بىلەن قارشى چىقىشى، بۇ ساھەگە ھەرگىز سەل قارىماسلىقى ۋە ئارقىدا قالماسلىقى لازىم.

﴿دۈشمەنلىرىڭلار (بىلەن ئۇرۇش قىلىش) ئۈچۈن، قولۇڭلاردىن كېلىشىچە قورال كۈچى، جەڭ ئېتى تەييارلاڭلار، بۇنىڭ بىلەن ئاللاھنىڭ دۈشمىنىنى، ئۆزۈڭلارنىڭ دۈشمىنىڭلارنى ۋە ئۇلاردىن باشقا دۈشمەنلەرنى قورقۇتىسىلەر، ئۇلارنى سىلەر تونۇمايسىلەر، ئاللاھ تونۇيدۇ، سىلەرنىڭ ئاللاھ يولىدا سەرپ قىلغىنىڭلار مەيلى نېمە بولسا بولسۇن، سىلەرگە ئۇنىڭ ساۋابى تولۇق بېرىلىدۇ، سىلەرگە زۇلۇم قىلىنمايدۇ (يەنى بۇ ساۋابتىن ھېچنەرسە كېمەيتىلمەيدۇ)﴾.

## ئىجتىھات:

ئىجتىھاتتىن سۆز ئېچىشىمىزدىكى مەقسەت شۇكى، مۇسۇلمانلارغا رەھبەرلىك قىلغان شەخسلەر مۇسۇلمانلارنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشلىرىدا ۋە

www.uyghurkitap.com



ھۆكۈمەتكە قاراشلىق مىللەتلەردە يۈز بەرگەن ھادىسە ۋە پالاكەتلەرنى فىقھى كىتابلىرىدا، تۆت مەزھەبنىڭ ھېچقايسىسىدا ياكى ھېچقانداق پەتىۋا كىتابىدا تىلغا ئېلىنمىغان، يېڭى پەيدا بولغان مەسىلىلەرنى ئىسلام ئاساسلىرىغا ئۇيغۇن شەكىلدە ھەل قىلالىغۇدەك سەۋىيىگە ئىگە بولۇشى كېرەك. ئەينى ۋاقىتتا، بۇ شەخس ئىسلام روھىنى چۈشىنىشى، شەرىئەت سىرلىرىدىن خەۋەردار بولۇشى، ئىسلام قانۇنلىرىنىڭ ئاساسلىرىنى پىششىق بىلىشى، بىر - بىرلەپ ياكى بىراقلا ئوتتۇرىغا چىققان مەسىلىلەرنى ھەل قىلىپ، ئېزىتىراپ ئىچىدە تولغىنىۋاتقان مىللەتنى ئازابتىن قۇتۇلدۇرالىغۇدەك ئىجتىھات كۈچىگە ئىگە بولۇشى كېرەك.

مۇسۇلمانلارغا باش بولغان شەخس ئاللاھنىڭ بۇ كائىناتنى ياراتقان تەبىئىي ئېنېرگىيە، يەر ئاستى ۋە يەر ئۈستى بايلىقلىرىدىن پايدىلىنالىغۇدەك قابىلىيەت، كۈچ ۋە غەيرەتكە ئىگە بولۇشى ۋە بۇ ئارقىلىق يەر يۈزىدىكى بۇنچە نېمەتنىڭ كاپىر تائىپىسىنىڭ قولىغا ئۆتۈپ كېتىپ، ئۇلارنىڭ يامان غەرەزلىرى ئۈچۈن قوللىنىپ، دۇنيا يۈزىدە ۋەھىمە پەيدا قىلىشىغا ۋە شەيتاننىڭ غايىلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇپ، يەر يۈزىدە بۇزغۇنچىلىق چىقىرىشىغا يول قويماسلىقى ۋە ئۇ بايلىقلارنى ئىسلام يولىدا سەرپ قىلىشى كېرەك.

## خەلىپىلىكنىڭ نائەھلىلەر قولىغا چۈشۈپ كېتىشى

ئەمما بۇ مۇھىم ئورۇنغا نائەھلى، لاياقەتسىز، بىلىمسىز، زىممىسىدىكى ۋەزىپىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالمايدىغان، دىنىي ۋە ئەخلاقىي تەربىيەدە بورۇنقى، ھەتتا ئۆزى ياشاۋاتقان دەۋر كىشىلىرىگىمۇ يېتەلمەيدىغان، ئىسلام دىنىنىڭ تەلىماتى ۋە نىشانىنى قوماندانلىق مەرتىۋىسى ۋە رەھبەرلىك ماقامىغا مۇناسىپ شەكىلدە ئاڭقىرالمىغان، قەلب ۋە روھلىرى تېخى جاھىلىيەت دەۋرىنىڭ قالدۇقلىرىدىن تازىلانمىغان، ئىسلام يولىدا جىھاد قىلىش روھىدىن، دىن ۋە دۇنيا مەسىلىلىرىدە ئىسلام خەلىپىسىنىڭ مەۋجۇدلۇقىنى ھېس

قىلدۇرالىغۇدەك ئىجتىھات كۈچىدىن مەھرۇم كىشىلەرنىڭ چىقىشى ئىنسانىيەت ئۈچۈن ئەڭ چوڭ بەختسىزلىكتۇر. بۇ ھۆكۈمنىڭ تەسىر دائىرىسى يىراقنى كۆرەر خەلىپە ئۆمەر ئىبنى ئابدۇلئەزىزدىن (مىلادى 1010 ـ يىل) باشقا، ئۇمەۋىي ۋە ئابباسىيلارنىڭ بارلىق خەلىپىلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالالىغۇدەك دەرىجىدە كەڭ.

## ئىسلامىي ھاياتنىڭ بۇزۇلۇشى

خەلىپىلىكنىڭ نائەھلىلەر قولىغا چۈشۈپ قېلىشى نەتىجىسىدە ئىسلامىيەتنىڭ بەزى ساھەلىردە ئېچىلغان يارا ئېغىرلىرى تېخى ساقىيىپ كېتەلمىگەچكە، ئىسلامىي ھاياتتا پات ـ پات چۆكۈش، يىقىلىشلار بولۇپ تۇرماقتا.

## دىنىنىڭ سىياسەتتىن ئايرىلىشى

دىن بىلەن سىياسەت ئەمەلىي ھاياتتا بىر ـ بىرىدىن ئايرىلدى. رەھبەرلىكنى ئۆز قولىغا ئالغانلار دىن ۋە ئىلىم ساھەسىدە ئالىم ۋە ئۆلىمالارغا ئېھتىياجى چۈشمىگۈدەك ئەھۋالدا ئەمەس ئىدى. شۇڭا رەھبەرلىك ۋە سىياسەت ساھەسىدە ھاكىممۇتلەقلىك باشلاندى. ئۆلىما ۋە فىقھشۇناسلارغا ئېھتىياجى چۈشكەن ھامان ئۇلارنى ئۆزلىرىنىڭ خاس ۋەزىرلىرى قىلىۋېلىپ، ئۆز مەنپەئەتلىرى ئۈچۈن قوللاندى. بەزىدە ئۇلارنى ئۆز ھالىغا قويۇۋەتتى ۋە بەزىدە ئېغىر ئازاب ـ ئوقۇبەتلەرگە دۇچار قىلدى. بۇ ئارقىلىق رەھبەرلىك تۈزۈمى دىنىنىڭ نازارىتىدىن چىقىپ، خىسراۋ ۋە قەيسەرلەرنىڭ ھاكىممۇتلەقلىقىگە، زالىم شاھلارنىڭ زومىگەرلىك تۈزۈمىگە ئايلاندى. رەھبەرلىك قۇرۇلمىسى باغلاقتىن بوشىنىپ كەتكەن ئازغۇن تۆگىگە ئوخشاپ قالدى. ئالىم ۋە ئۆلىمالار خەلىپىگە قارشى چىقىپ، ئۇنى ئوتتۇرىدىن يوق قىلىشنىڭ كويىغا چۈشتى. ئۇلار جەمئىيەتنىڭ ئىسلاھ قىلىنىشىدىن ئۈمىدلىرىنى ئۈزگەنلىكتىن ئەتراپىدا يۈز بېرىۋاتقان ئىشلارغا قۇلاق يوپۇرۇپ ئۆز ئىشلىرى بىلەن مەشغۇل

بولدى ۋە جەمئىيەتتىن ئالاقىسىنى ئۈزدى. كۆرگەن - ئاڭلىغان ھادىسىلەرگە پەرىشان بولاتتى. يۈرىكى ئېچىشىپ، قان يىغلايتتى، ئەمما قوللىرىدىن ھېچ ئىش كەلمەيتتى. ھەتتا بەزىلىرى دىنني ياكى شەخسىي بىر مەنپەئەتى ئۈچۈن ھۆكۈمەتكە ياردەم قىلاتتى. مانا بۇ دەۋردە دىن ۋە رەھبەرلىك بىر - بىرىدىن ئايرىلىپ، تۆت چوڭ خەلىپە دەۋرىدىن بۇرۇنقى ئەھۋالغا چۈشۈپ قالدى. نەتىجىدە، دىنىنىڭ قاناتلىرى كېسىلىپ، قوللىرى قايرىلدى. ئەمما ھۆكۈمەتنىڭ پۇت - قولى ئۆز مەيلىگە قويۇۋېتىلگەن ئىدى. ھەر تۈرلۈك ئورۇنلاشتۇرۇش، سۆزلەش، ئەمر قىلىش ۋە چەكلەش ھوقۇقى بېرىلدى. بۇ ئارقىلىق ئالىم - ئۆلىمالار بىر گۇرۇھقا، بۇ دۇنيالىقنى ئارزۇ قىلغانلار باشقا بىر گۇرۇھقا ئايرىلدى. ئارىلىرىدا ئايرىمچىلىق كۆرۈلۈشكە باشلىدى. ھەتتا بەزىدە بۇ ئايرىمچىلىق دۈشمەنلىك ۋە جېدەل - ماجىرالارغا قەدەر بېرىپ يەتتى.

## رەھبەرلىك (ھۆكۈمەت) قۇرۇلمىسىدا جاھىلىيەتكە يۈزلىنىش

ھۆكۈمەت ئەزالىرى ۋە ئۆلىمالار، ھەتتا خەلىپىلەر دىن ۋە ئەخلاق جەھەتتىن خەلققە تېپىك ئۈرنەك بولۇش سالاھىيىتىدىن يىراقلاشتى. بەزىلىرىدە تېخىچە جاھىلىيەت قالدۇقلىرى ۋە ئۇنىڭغا يۈزلىنىش تەسىرى بار ئىدى. جاھىلىيەت كىرلىرى مەيلى ئومۇمىي ياكى ئىجتىمائىي ھاياتتا بولسۇن، ئۇلارنىڭ قەلب ۋە روھلىرىغىچە سىڭگەن ئىدى. شۇڭا ئەخلاقلىرى، كۆز - قاراشلىرى ۋە ئىش - ھەرىكەتلىرىدە ئىنسانلارغا يامان تەسىر بەردى. دىن ۋە ئەخلاق نازارىتى ئەمەلدىن قېلىشى بىلەنلا كونترول مېخانىزمىمۇ ئۆزلۈكىدىن يوقالدى. ياخشىلىقنى بۇيرۇپ، يامانلىقتىن توسۇش ھەرىكىتىمۇ ئۆز قۇدرىتىنى يوقاتتى. چۈنكى بۇ ھەرىكەت ئۆزىگە ئارقا تىرەك بولغۇدەك قۇۋۋەت ۋە ئۆزىنى ھىمايە قىلغۇدەك ھۆكۈمەتكە تايانمىغان ئىدى. پەقەت ئۆزلىرىنى ئاللاھ يولىغا ئاتىغان، ئەمما قوللىرىدا ھېچقانداق قۇۋۋەت ۋە جازالاش ھوقۇقى بولمىغان بەزى كىشىلەر تەرىپىدىن ئېلىپ بېرىلىۋاتاتتى. بۇنىڭ ئەكسىچە، ئەسكىلىكنىڭ



www.uyghurkitap.com

يېيىلىشى ئۈچۈن باشلامچىلىق قىلىدىغان يەر ۋە كىشىلەر كۆپ ئىدى. شۇڭا ئىسلام مەملىكەتلىرىدە جاھىلىيەت ھېيلىلىرى قايتا تىرىلىپ، خەلق بەتخەجلىك، ھەشەمەت، ئويۇن ـ تاماشا ۋە ئەيش ـ ئىشرەتكە يۈزلەندى ۋە ئاخىرى ئەيش ـ ئىشرەت، شەھۋەت پاتقىقىغا پېتىپ قالدى. ھەتتا بۇ يولدا ھەممە نەرسىنى پىدا قىلغۇدەك ھالغا يەتتى. جاھىزنىڭ: ''ئاغانىي، ھايۋان'' قاتارلىق ئەسەرلىرىنى بىر ۋاراقلاپ چىقىش ئۇ دەۋرنىڭ بەتخەجلىك ۋە ئويۇن ـ تاماشىغا بولغان ئازغۇنلۇقى، ئەيش ـ ئىشرەت ۋە شەھۋەتكە بولغان خۇمارى، دۇنيا ھاياتى ۋە مال ـ دۇنياغا بولغان ھېرىسمەنلىكىنى ئەسلەپ ئۆتۈش ئۈچۈن كۇپايە قىلىدۇ. بۇ ھايات يولى بىلەن، بۇ ئەخلاقى چۈكۈش بىلەن، ئويۇن ـ تاماشا ۋە ئەيش ـ ئىشرەتكە بولغان ھېرىسمەنلىك بىلەن ھېچبىر مىللەت ھەم ئىسلام مەسئۇلىيىتىنى ئۆز ئۈستىگە ئالالمايدۇ ھەمدە پەيغەمبەرلەرنىڭ خەلىپىلىك ماقامىدا ئولتۇرالمايدۇ. شۇنداق، بۇ ھالغا چۈشكەن مىللەت ئاللاھ ۋە ئاخىرەت كۈنىنى ئەسلەپ، خەلقنى دىن ۋە تەقۋالىققا دەۋەت قىلالمايدۇ. ئادىمىزاتقا ئۆز ئەخلاقى بىلەن ئۈلگە بولالمايدۇ. ھەتتا ئۆزىنىڭ ھايات ۋە ھۆرىيەتتىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنالمايدۇ.

﴿بۇ (يەنى مۇناپىقلارغا ئاللاھنىڭ تۇتقان يولى) ئاللاھنىڭ ئۆتكەنكى ئۈممەتلەرگە تۇتقان يولىدۇر، ئاللاھنىڭ تۇتقان يولىدا ھېچقانداق ئۆزگىرىش تاپالمايسەن﴾.

## ھۆكۈمدارلارنىڭ ئىسلامغا يامان يوللاردىن ۋەكىللىك قىلىشى

ھۆكۈمەت ئەزالىرى قىلغان ياكى تەرك ئەتكەن ھەر ئىشىدا پەقەت ئۆزلىرىگە ۋە سىياسەتلىرىگە ۋەكىللىك قىلاتتى، ھېچقاچان ئىسلامغا ۋەكىللىك قىلمىغان ئىدى. پەقەت بەزى ۋاقىتلاردا ئىسلامنىڭ ئىدارە سىستېمىسىغا، جەڭ قانۇنىغا، مەدەنى نىزامىغا ۋە ئەخلاقىي ئاساسلىرىغا ۋەكىللىك قىلاتتى. شۇڭا نەزەرىيىسى غەيرىي مۇسۇلمانلارنىڭ قەلبىدىكى قۇۋۋەت ۋە تەسىرىنى يوقاتتى.

ئۇلار بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى يېرىكلەشتى. ياۋروپالىق بىر تارىخچىنىڭ سۆزلىرى بىلەن ئېيتقاندا، ئىسلام دىنى ئارقىدا قېلىشقا باشلىدى. چۈنكى، ئىنسانلار بۇ يېڭى دىنغا ۋەكىللىك قىلغۇچىلارنىڭ توغرا - دۇرۇسلىقىدىن شۈبھىلىنىشكە باشلىدى.

## پايدىلىق ۋە ئەمەلىي ئىلىملەرگە يېتەرلىك دەرىجىدە ئەھمىيەت بېرىلمەسلىكى

ئىلغار تەبىقىنى تەشكىل قىلغان ئەدىبلەر تەجرىبىدىن ئۆتكەن، پايدىلىق، ئەھمىيەتلىك ۋە ئەمەلىي ئىلىملەرگە رىملاردىن قوبۇل قىلغان مىتافىزىكا ۋە دىنىي پەلسەپەگە قىزىققاندەك قىزىقمىدى. يۇنان پەلسەپەسى ئەسلىدە يۇنان بۇتپەرەسلىكىنىڭ يۇنان مىللىتى تەرىپىدىن ئۆز تىللىرىغا كۆچۈرۈپ ئېلىنىشىدىن باشقا نەرسە ئەمەس. يۇنانلار بۇ بۇتپەرەستلىكنىڭ بېشىغا "سەنئەت" تاجىدىن بىرنى تاقاپلا پەلسەپە دەپ ئاتىۋېلىشقان ئىدى. ھالبۇكى، بۇ پەلسەپە ھەقىقەتەن ئۇقۇم (نەزەرىيە) بىلەن ھېچقانداق مۇناسىۋىتى بولمىغان قۇرۇق گەپ، بىر مۇنچە تەخمىن ۋە مۆلچەرلەردىن ئىبارەت ئىدى. ئەمما ئاللاھ تائالا مۇسۇلمانلارنىڭ بۇ خىل نەزەرىيىلەردىن يىراق تۇرۇشىنى بۇيرۇدى ۋە ئۇلارغا يېتىپ ئاشقۇدەك ئىلىم - مەرىپەت بەرگەن ئىدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئاللاھنىڭ زاتى، سۈپەتلىرى ۋە بۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك باشقا مەسىلىلەرنى ئۇلارغا نازىل قىلغان ئايەتلەر ئارقىلىق خۇددى خىمىيۋى ئانالىزغا ئوخشاش تەپسىلىي بايان قىلىپ بەردى. بۇ ئارقىلىق ئۇلارنى رەببىنىڭ نۇرلۇق يولىغا يۈزلەندۈرگەن ئىدى. لېكىن مۇسۇلمانلار بۇ بۈيۈك نېئمەتلەرگە شۈكۈر قىلمىدى. ئەسىرلەر بويى زېھىن كۈچلىرىنى ئاشۇ ئىلىم ۋە مەسىلىلەرگە سەرپ قىلدى.

قانچە يىللاپ بۇ ئىلىملەردىن قۇرۇق قالدى. زېھىن ۋە قابىلىيەتلىرىنى ھېچقانداق مەنپەئەت بەرمەيدىغان، بەلگىلىك بىر نەتىجىگە ئېرىشەلمىگەن، دۇنيا ۋە ئاخىرەت ئۈچۈن زەررىچە پايدىسى بولمىغان بىر مۇنچە نەزەرىيە ۋە

پەلسەپە مۇنازىرىلىرى ئۈچۈن مەشغۇل قىلدى. مۇسۇلمانلار تەبىئەت كۈچلىرىنى ئۆز ئىلكىگە ئېلىپ، ئۇلارنى ئىسلام مەنپەئەتى ئۈچۈن قوللىنىش ۋە بۇ ئارقىلىق ئىسلامنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى ھاكىمىيىتىنى پۈتۈن جاھانغا يېيىش ئۈچۈن ياردىمى تەگكۈدەك ئىلىملەر بىلەن شۇغۇللىنىشنىڭ ئورنىغا، بىھۇدە نەرسىلەر بىلەن ھەپىلىشىپ يۈردى.

شۇنىڭغا ئوخشاش مۇسۇلمانلار روھ، ئىشراق پەلسەپەسى ( ھىجرىيە 549 - 587 - يىللىرىدا ياشىغان شاھابۇددىن ئەل سەھرۇۋەرى باشچىلىقىدا مەيدانغا كەلگەن ئىسلامىي پەلسەپە ئېقىمىنىڭ نامى.) ۋە ۋاھدەتى ۋۇجۇد (ۋۇجۇد بىرلىكى) گە ئوخشاش مەسىلىلەر بىلەن ھەپىلىشىپ نۇرغۇن ۋاقىتلىرىنى بىھۇدە ئۆتكۈزدى. زېھىن ۋە قابىلىيەتلىرىنى خوراتتى.

بۇ دەۋردە مۇسۇلمانلارنىڭ پايدىلىق ئىلىملەردە قازانغان نەتىجىلىرى ئۆتمۈش ئەسىرلەرگە قارىغاندا تېخىمۇ چوڭ بولسىمۇ، بۇ مۇۋەپپەقىيەتلەر باشقا ئىلمىي ساھەلەردىكى كەڭ ئىستىلاغا ماس كەلمەيتتى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، بۇ تارىختىكى ئۇزۇن سەلتەنەت دەۋرلىرىگىمۇ ئۇيغۇن كەلمەيتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، تەبىئىي پەن بىلىملىرىدە يېتىشكەن مۇتەخەسسىس ۋە داھىيلار باشقا ساھەلەردىكىگە نىسبەتەن يوق دېيەرلىك ئىدى.

ياۋروپا، مۇسۇلمانلار يېزىپ قالدۇرغان فىزىكا ۋە ئاسترونومىيە (ئاسمان بىلىملىرى) گە ئوخشاش تەبىئىي پەن بىلىملىرىگە مۇناسىۋەتلىك كىتابلاردىن ئۆزلىرىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن ھەرقانچە كۆپ پايدىلىنىپ، قەدىر - قىممىتىگە يەتكەن بولسىمۇ، بۇ كىتابلار ياۋروپادا 17 - ، 18 - ئەسىرلەردە مەيدانغا كەلگەن كىتابلارنىڭ ئالدىدا بەكمۇ ئاز ئىدى.

ئەندۇلۇس ئالىملىرى ۋە شەرق پەيلاسوپلىرىنىڭ ئەسەرلىرى بىلەن ھەرقانچە ماختانساقمۇ، ئۇلار غەربنىڭ ئىلىم، پەلسەپە، تەجرىبە ۋە تەبىئىي پەن ساھەلىرىدە قولغا كەلتۈرگەن ئىنسان ئەقلىنى تاڭ قالدۇرغۇدەك

مۇۋەپپەقىيەتلىرى ئالدىدا يوق دېيەرلىك ئىدى. بىز بۇ يەردە تېخى بايقاش ۋە ئىجادلارنى، سان - مىقدار ۋە خۇسۇسىيەتلەرنى، ئىلمىي تەتقىقات ۋە تېخنىكا ساھەسىدىكى ئىش - پائالىيەتلەرنى ھېسابقا ئالمىدۇق. ئەگەر مۇسۇلمانلارنىڭ روھىي، ئىلمىي ۋە تەجرىبە ئىلىملىرى ساھەلىرىدىن قايسىسىغا تېخىمۇ كۆپ ئەھمىيەت بەرگەنلىكىنى بىلىشنى خالىسىڭىز، ئىبنى ئەرەبىينىڭ "فۇتۇھاتۇل مەككىيە" ناملىق كىتابى بىلەن، تەجرىبە ئىلىملىرى ۋە پەلسەپە ساھەسى ھەققىدە يېزىلغان كىتابنى ئوقۇپ سېلىشتۇرۇپ باقسىڭىز، تەبىئىي پەن بىلىملىرى بىلەن ئىجتىمائىي پەن ئىلىملىرى ئارىسىدىكى پەرقنىڭ قانچىلىك دەرىجىدە ئىكەنلىكى بىلەلەيسىز. شەرقنىڭ مەنىۋى ھېس - تۇيغۇسى بىلەن تونۇلىشىمۇ مانا شۇنىڭ ئۈچۈندۇر.

## ئازغۇنلۇق ۋە بىدئەتلەر

بۇ دەۋردە ئىسلامنىڭ ساپ تەۋھىد ئەقىدىسى شىرىك، جاھالەت ۋە ئازغۇنلۇق پەردىلىرى بىلەن توسۇلۇپ قېلىشقا ئاز قالدى. دىنىي نىزامدا ۋە مۇسۇلمانلار ھاياتىدا چوڭ ئورۇن ئىگىلىگەن ۋە ئۇلارنى ھەق دىنلىرى ۋە دۇنيا ئىشلىرىدىن يىراقلاشتۇرىدىغان بىر مۇنچە بىدئەتلەر ئوتتۇرىغا چىقتى. ھالبۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئارقىلىق كەلتۈرۈلگەن ئىسلام دىنى مۇسۇلمانلارنىڭ دۇنيا مىللەتلىرى ئارىسىدا خالى بىر ئورۇن ئىگەللىشى ۋە ئۈستۈنلۈككە ئېرىشىشىنىڭ تۈپ نېگىزى ئىدى. بۇ دىننىڭ ئەڭ ئىلغار تەرىپى ۋە تەڭداشسىزلىقى ئۇنىڭ ساغلاملىقى ۋە مەنتىقىغە ئۇيغۇن كېلىشى ئىدى. چۈنكى ئۇ ئاللاھنىڭ ۋەھيىسى، قانۇنى، تەڭداشسىز تەلىماتى ۋە يۈكسەك ماقامى ئىدى.

﴿ئۇ ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچى، مەدھىيىگە لايىق ئاللاھ تەرىپىدىن نازىل قىلىنغاندۇر﴾.

ئەگەر ئىسلام ئاساسلىرىغا ئىنسانلارنىڭ ئىدىيىسى، ئىش ـ ھەرىكىتى، ئارزۇ ـ ھەۋەسلىرى قېتىلىپ قالسا، ئۇ ۋاقىتتا ئىسلام دىنىنىڭ ئۆز ئېتىقادچىلىرى تەرىپىدىن بۇرمىۋېتىلگەن دىنلار ۋە ئىنسانلار ئۆزلىرى ئويدۇرۇۋالغان نىزاملاردىن ھېچقانداق پەرقى قالمايدۇ. ئىسلامنىڭ ئۈستۈنلۈكى ئۇنىڭ ئۆز پېتى ساقلانغان ۋەھىيسى ۋە ئىلىملىرى بىلەن ئۆلچىنىدۇ. ئەگەر ئىسلام ئىنسانلار تەرىپىدىن بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىسا، دۇنيا ۋە ئاخىرەت سائادىتىنى ئەمەلگە ئاشۇرالمايدۇ. ھەرخىل ئىدىيە، نەزەرىيىلەرنى ئۆزىگە بويسۇندۇرغان، كىشىلەرنى خۇددى ماگنىتتەك ئۆزىگە تارتىدىغان ھەقىقىي جەزبىدارلىقنى يوقىتىدۇ.

## ئىسلام مۇسۇلمانلارنى خۇراپىيلىقتىن يىراقلاشتۇرۇپ ھەقىقەتكە ئۈندەيدۇ

شۇنى يادىمىزدىن چىقارماسلىقىمىز لازىمكى، چېكىنىشىنىڭ پۈتۈن جەريانىدا ئىسلامىيەت ھەر تۈرلۈك ئۆزگەرتىش ۋە بۇزغۇنچىلىق قىلىش سۇيىقەستلىرىدىن يىراق تۇرۇپ، ھاياتى كۈچىنى قوغدىدى ۋە مۇسۇلمانلارنى ھەرقاچان ھەقىقەتكە ئۈندەپ، ئۇلارنى ئۆزى كۆرسەتكەن يولدىن چىقىپ كېتىشتىن توستى. شۇنداقلا ئۇ يولغا ھەر دائىم پارلاق نۇر چېچىپ تۇردى.

﴿ئاللاھ شۇ كىتاب (يەنى قۇرئان) ئارقىلىق رازىلىقىنى تىلىگەنلەرنى سالامەتلىك يوللىرى (ئاللاھنىڭ شەرىئىتى ۋە ئۇنىڭ ئەھكاملىرى)غا يېتەكلەيدۇ، ئىرادىسى بويىچە ئۇلارنى (كۇفرى) قاراڭغۇلۇقتىن (ئىماننىڭ نۇرىغا چىقىرىدۇ) ۋە ئۇلارنى توغرا يولغا ھىدايەت قىلىدۇ﴾.

قۇرئان كەرىم ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەدىسلىرىنى ئوقۇپ تۇرغۇچىلارنىڭ روھىدا شېرىك ۋە بىدئەتكە، جاھالەت ۋە زالالەتكە، جاھىلىيەت ئەخلاقى ۋە ئۇنىڭ قالدۇقلىرىغا، ئەقىلسىزلەرنىڭ ئازغۇنلۇقى ۋە شاھلارنىڭ ئىستىبداتلىرىغا قارشى ئىنقىلاب تۇيغۇسى ئويغىنىدۇ. تارىخنىڭ ھەر دەۋرىدە ۋە ئىسلام دۇنياسىنىڭ ھەر يېرىدە قۇرئان ۋە سۈننەت نۇرىدا مۇسۇلمان

www.uyghurkitap.com



خەلقنى پەيغەمبەرلەرنىڭ يولىغا باشلىغان، دىنىي پائالىيەتلەرنى جانلاندۇرغان، ئىنسانلارغا جىھاد روھىنى سىڭدۈرگەن ۋە ئىجتىھات ئىشىكلىرىنى كەڭ ئاچقان غايىۋى شەخسلەر كۆپ ئۇچرايدۇ. ئەينى ۋاقىتتا بۇ غايىۋى شەخسلەر نۇرغۇن چوڭ خەلىپە يولىغا قويغان نىزاملارغا ئۇيغۇن ئىسلام ھۆكۈمىتى قۇرۇش ئۈچۈن پۈتۈن كۈچى بىلەن تىرىشقان ئىدى. ھەتتا بەزىلىرى بۇ يولدا شېھىت بولغان، بەزىلىرى تۆت چوڭ خەلىپە دەۋرىنى ئەسلىتىدىغان بىر دەۋرگە ۋەكىللىك قىلىشتا مۇۋەپپەقىيەت قازانغان ئىدى.

﴿مۇئمىنلەرنىڭ ئىچىدە (رەسۇلۇللاھ بىلەن غازاتقا چىققاندا ساباتلىق بولۇپ، شېھىت بولغانغا قەدەر داداللىق بىلەن جەڭ قىلىش توغرىلىق) ئاللاھقا بەرگەن ئەھدىنى ئىشقا ئاشۇرغان نۇرغۇن كىشىلەر بار. ئۇلارنىڭ بەزىسى (ئەھدىگە ۋاپا قىلىپ) شېھىت بولدى. بەزىسى (شېھىت بولۇشنى) كۈتمەكتە، ئۇلار (پەرۋەردىگارىغا بەرگەن ئەھدىنى) ھەرگىز ئۆزگەرتكىنى يوق﴾.

ئەنە شۇلار مۇنۇ ھەدىستە بايان قىلىنغان كىشىلەردۇر: «ئۇممىتىمدىن بىر گۇرۇھ قىيامەتكە قەدەر ھەقنى قوغدايدۇ. ئۇلارغا قارشى چىققانلار، ئۇلاردىن ياردىمىنى ئۈزگەنلەر، ئۇلارغا ھېچقانداق زىيان يەتكۈزەلمەيدۇ»[1].

ئىسلامدا جىھاد ۋە يېڭىلىق داۋاملىشىپ كەلگەن بولۇپ، ئۇنى ھېچقانداق كۈچ توختىتالمىدى. شۇنداقلا ئىسلاھات مەشئەللىرىگە كەينى كەينىدىن ئوت يېقىلدى ۋە بوران - چاپقۇنلارمۇ ئۇلارنى ئۆچۈرەلمىدى.

## ئالتىنچى ئەسىردە ئىسلام دۇنياسىنى تىترەتكەن قورقۇنچلۇق پالاكەت

ھىجرىيە 6 - ئەسىردە، سەلجۇقىيلار ئىمپېراتورلۇقىدىن كېيىن زەئىپ ۋە قېرىلىق ئالامەتلىرى كۆرۈلگەن، ھۆكۈمدار ۋە قوماندانلار تەرىپىدىن ھەرخىل بەگلىكلەرگە بۆلۈنگەن ئىسلام دۇنياسىنى ئاللاھ تائالا ئىسلامنىڭ شەرەپ ۋە

[1] ھاكىم رىۋايەت قىلغان.

ئېرىزىتىنى ئۇلۇغلايدىغان، مۇقەددەس تۇپراقلاردا ھايات بولاقلىرى ئاچچىدىغان بۈيۈك قوماندانلار بىلەن نېمەتلەندۇرگەن ئىدى. بۇ دەۋردە، ئاۋۋال مۇقەددەس تۇپراقلارنى ئىشغال (ئىستىلا) قىلىش مەقسىتىدە خرىستىئانلار تەرىپىدىن ئېلىپ بېرىلغان ئەھلى سەلىب يۈرۈشلىرى ئىسلامغا ۋە پۈتۈن مۇسۇلمانلارغا قارشى جەڭگە ئاتلىنىشقا، ئىسلامىيەت بۆشۈكى بولغان ئەرەب يېرىم ئارىلى ۋە سۈرىيەگە قوشنا بولغان دۆلەتلەرگە تەھدىت سېلىشقا باشلىدى. ياۋروپانىڭ بۇ ئەھلى سەلىب قوشۇنلىرى قۇددۇسنى ۋە سۈرىيەنىڭ ھەممە شەھىرىنى ئىشغال قىلدى. ھەتتا پەيغەمبەر شەھىرى بولغان مەدىنىگىمۇ ھۇجۇم قىلماقچى بولدى. شۇنى ئېيتىپ ئۆتۈش كېرەككى، ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ خەلىپىلىك دەۋرىدە بىر قىسىم مۇسۇلمانلارنىڭ ئىسلامدىن يېنىۋالغانلىقى ۋەقەسىدىن قالسا، ئەھلى سەلىب قوشۇنلىرى ئىسلام ۋە مۇسۇلمانلار ئۈچۈن ئەڭ چوڭ خەتەرلىك ئەھۋالغا ئايلىنىپ قالغانىدى. دەل بۇ خەتەرلىك پەيتتە، ئاللاھ تائالا مۇسۇلمانلارنىڭ ئاھۇ-زارىغا يېتىپ، ئۇلارغا ئىمادۇددىن ئاتابېك زەنگى (ھىجرىيە 541 - يىلى تۇغۇلغان)نى قوماندان قىلدى. ئەھلى سەلىب قوشۇنلىرى بىلەن قانلىق جەڭلەر ئېلىپ بارغان ۋە نۇرغۇن توقۇنۇشلاردا ئۇلارنى تالاپەتكە ئۇچراتقان ئىمادۇددىن ئاتابېك زەنگى تېخىمۇ ئىلگىرىلەپ "رەھا"نى ئەھلى سەلىبتىن قايتۇرۇۋالدى. ئاتابېك زەنگىدىن كېيىن، ئۇنىڭ ئورنىغا چوڭ ئوغلى ئادىل ھۆكۈمران نۇرىددىن مەھمۇد زەنگى (ھىجرىيە 569 - يىلى تۇغۇلغان) چىقتى. نۇرىددىن مەھمۇد زەنگى ئەھلى سەلىب قوشۇنلىرىنى سۈرىيەدىن قوغلاپ چىقىرىپ، قۇددۇسنى تەكرار مۇسۇلمانلارنىڭ قولىغا ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن قولىدىن كېلىشىچە غەيرەت قىلغان بولسىمۇ، غايىسى ئەمەلگە ئېشىشتىن بۇرۇن ۋاپات بولدى. ئۇنىڭ ئورنىغا ۋەلى ئەھدى، مۇزەففەر سۇلتان، مىسىر ھۆكۈمرانى سالاھىددىن يۇسۇپ ئىبنى ئەييۇبى چىقتى. ئاللاھ تائالا نۇرىددىن مەھمۇد زەنگى ئەمەلگە ئاشۇرالمىغان ئۇ شەرەپلىك ۋەزىپىنى سالاھىددىن ئەييۇبىغا نېسىپ قىلدى. ئاللاھ تائالا يىراقنى كۆرۈش، غايىسى ئۈچۈن ھەر

www.uyghurkitap.com

نەرسىنى پىدا قىلىش، قەلبى جىهاد ئىشقىدا لاۋۇلداپ يېنىش، ئاللاھ يولىدا پۈتۈن كۈچى بىلەن خىزمەت قىلىش، ئازغۇن ۋە كۇففارلارنى تارمار قىلىپ، ئىسلامنى زەپەرگە ئېرىشتۈرۈش ئۈچۈن ئاخىرقى تىنىقىغىچە ئۇرۇشۇش ئۇستۇن رەھبەرلىك، بۈيۈكلۈك، سەممىيەت، تەقۋالىق، يۈكسەك پەتىۋا كۈچى كۈچلۈك ئىنسانلىق غۇرۇرى ۋە گۈزەل ئەخلاقىقا ئوخشاش دۇنيادىكى ئىلغار شەخسلەردىن باشقا ھېچكىمدە تېپىلمايدىغان ئېسىل خۇسۇسىيەتلەرنى سالاھىددىن ئەييۇبىنىڭ شەخسىيىتىگە مۇجەسسەملىگەن ئىدى. سالاھىددىن ئەييۇبىنىڭ بۇ تەڭداشسىز سۈپەتلىرى ئىسلام مۆجىزىلىرىدىن بىرى، شۇنداقلا، ئىسلامنىڭ تارىخ سەھنىسىدىكى رولىنىڭ ئاياغلاشمىغانلىقى ۋە پۈتۈن ھاياتى كۈچى بىلەن تىك تۇرغانلىقىنىڭ جانلىق ئىسپاتى ئىدى. سالاھىددىن ئەييۇبى قىسقا مۇددەتتىن كېيىن، تۇنجى ئىشى سۈپىتىدە فىرات ۋە نىل دەريالىرى ئارىسىدا ياشاۋاتقان ئىسلام دۇنياسىنى، ۋەھىمە ئۇرغۇپ تۇرغان قوشۇنلىرىنى، پادىشاھ، ھۆكۈمران ۋە بۈيۈك قوماندانلارنى، ئىسلام بايرىقىنى يەر يۈزىدىن يوقىتىش ئۈچۈن ھەرىكەتلىنىۋاتقان ياۋۇز ياۋروپالىقلارغا قارشى جەڭ قىلىش ئۈچۈن بىرلەشتۈرۈپ، ئۇلارنى يىگانە كۈچكە ئايلاندۇردى. ھەرخىل ئىرقلاردىن تەشكىللەنگەن نۇرغۇنلىغان مۇسۇلمان خەلق ئاللاھ يولىدا جەڭ (جىهاد) قىلىش ئۈچۈن سالاھىددىن ئەييۇبىنىڭ بايرىقى ئاستىغا توپلاندى. ئۇنىڭدىن بۇرۇن تارىخ سەھنىسىدە بۇنداق بىر خەلق توپى كۆرۈلۈپ باقمىغان ئىدى. قىسقا مۇددەت ئىچىدە جىهاد مەشئىلى ۋە ئىسلام نەزىرىيىسى بارغانسېرى كۈچىيىپ پۈتۈن جاھاننى قاپلىدى. سالاھىددىن ئەييۇبى جىهاد قىلىش ئۈچۈن ئەينى دەۋر ئىسلام دۇنياسىدىكى ئىلىم، ئىجاد، پەن ۋە پۈتۈن جەڭ تېخنىكىلىرى ۋە بۇلار بىلەن بىللە نەزىرىيە، سەۋر - تاقەت ۋە ئەقلىدىن پايدىلىنىپ، ئەھلى سەلىب قوشۇنلىرىنى (ھىجرىيە 583 - يىلى) "ھەتتىين" دېگەن يەردە ئېغىر تالاپەتكە ئۇچراتتى. شۇ يىلى قۇددۇسنى قايتۇرۇۋېلىپ، ئەھلى سەلىبنىڭ ئاخىرقى ئۈمىدىنى يوققا چىقاردى. ئارقىدىنلا پەلەستىن تۇپراقلىرىنى قۇتقۇلدۇردى.

ئەھلى سەلىب "سۇر" شەھىرىگە قېچىشقا مەجبۇر بولدى. بۇ ئەھۋالنى كۆرگەن ياۋروپا چىشىنى چىشلەپ بارلىق مال ـ بايلىقنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئەڭ ئىلغار قوشۇنلىرىنى ئەنگلىيە (بىرىتانىيە) ئىمپېراتورى مەشھۇر قوماندان رىچاردنىڭ قوماندانلىقى ئاستىغا توپلىدى. مۇسۇلمانلار بىلەن ئەھلى سەلىب ئارىسىدا قانلىق جەڭلەر ئېلىپ بېرىلدى. ناھايەت 588 ـ يىلى (1192 ـ يىل 9 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى) تىنچلىق سۆھبىتى ئۆتكۈزۈلدى. ئەھلى سەلىب قوشۇنىنىڭ كۆپى پەلەستىندىن چېكىندى، ئەنگلىيە ئىمپېراتورى رىچاردمۇ دۆلىتىگە قايتتى. بىر يىلدىن كېيىن سالاھىددىن ئەييۇبى ۋاپات بولدى. ئىنگلىز تارىخچىسى "Peole Lave Stanly"نىڭ "سالاھىددىن ئەييۇبى" ناملىق كىتابىدا بايان قىلىنغان بۇ تىنچلىق سۆھبىتىگە مۇناسىۋەتلىك ئىزاھاتنى تىلغا ئېلىپ ئۆتۈشنى مۇۋاپىق كۆردۇم. بۇ ئارقىلىق سالاھىددىن ئەييۇبى قوماندانلىقىدىكى ئىسلام دۇنياسىنىڭ كۈچ ـ قۇدرىتىنى تېخىمۇ ياخشى بىلەلىشىمىز مۇمكىن.

"بەش يىل داۋاملاشقان مۇقەددەس جەڭلەر ئاياغلاشتى. مۇسۇلمانلار 1187 ـ يىل 7 ـ ئايدا 'ھەتتىين' دېگەن يەردە يۈز بەرگەن جەڭدە زەپەر قۇچۇشتىن بۇرۇن، ئۆلارنىڭ ئىئوردان دەرياسىنىڭ غەربىدە بىر غېرىچ تۇپرىقى يوق ئىدى. ئەمما مىلادى 1192 ـ يىل 9 ـ ئايدا' رەملە'دە قىلىنغان سۈلھىدىن كېيىن 'سۇر' دىن 'ياپا'غىچە سوزۇلغان تاقىم تۇپراقلاردىن باشقا، خىرىستىئان ئىگىدارچىلىقىدىكى پۈتۈن شەھەرلەرنى قولىغا ئالدى. بۇ تىنچلىق سالاھىددىن ئەييۇبىنى خىجىل قىلىپ، قايغۇلاندۇرغۇدەك شەكىلدە ئەمەس ئىدى. چۈنكى ئەھلى سەلىب ئىشغال قىلغان تۇپراقلارنىڭ كۆپ قىسمى پەرەڭلەرنىڭ قولىدا قالغان ئىدى. ئەمما مال ۋە جان زىيىنىنىڭ ئۈستىگە، جەڭ نەتىجىسى بەكمۇ ئېچىنارلىق ئىدى. پوپلارنىڭ تەشۋىقاتى ۋە قۇترىتىشى بىلەن قوزغالغان ياۋروپا بارلىق كۈچىنى مۇقەددەس تۇپراقلار ئۈچۈن سەپەرۋەر قىلغان ئىدى. گېرمانىيە ئىمپېراتورى "Barbarossa Friedrich"، ئاۋستىرىيە شاھى "Old Leop" قاتارلىقلار پۈتۈن كۈچىنى قۇددۇسنى ئىشغال قىلىش ئۈچۈن سەرپ قىلغان

ئىدى. ئەينى ۋاقىتتا، ئۇلار يىقىلىش ئالدىدا تۇرغان خرىستىئان ھۆكۈمىتىنى ساغلام ئاساس ئۈستىگە ئولتۇرغۇزۇپ، قۇددۇسنى پايتەخت قىلىش خىيالىدا ئىدى. لېكىن بۇ تىرىشچانلىقلارنىڭ نەتىجىسى نېمە بولدى؟ قەيسەر فرەدىك (Fredik) بۇ مۇددەت ئىچىدە ئۆلدى. فرانسىيە ۋە ئەنگلىيە ئىمپېراتورلىرى ئۆز دۆلەتلىرىگە قايتتى. ئەھلى سەلىب قوشۇنلىرىنىڭ كۆپلىگەن رەھبەرلىرى، چوڭلىرى، قوماندانلىرى "ئىليا" دېگەن يەرگە دەپنە قىلىندى. قۇددۇس بۇرۇنقىدەكلا سالاھىددىن ئەييۇبىنىڭ چېگرىسى ئىچىدە قالدى. خرىستىئانلار پەقەت كىچىك بىر ساھىل شەھىرى "ئاككا"نى ئالالىدى.

پۈتۈن خرىستىئان دۇنياسى بىر جان بىر تەن بولۇپ، مۇسۇلمانلارغا قارشى قوزغالدى. لېكىن سالاھىددىن ئەييۇبنى تۇرغان يېرىدىن مىدىرلىتالمىدى، سالاھىددىننىڭ قوشۇنلىرى ئۇزۇن داۋاملاشقان جىھاد ۋە دۈچ كەلگەن ئېغىرچىلىقلار تۈپەيلىدىن ھالسىزلاشمىدى. يىللارچە مۇرىنى مۇرىگە تىرەپ سالاھىددىن ئەييۇبىنىڭ قوماندانلىقىدا پىداكارانە جەڭ قىلغان مۇجاھىدلارنىڭ ھېچ بىرىدە كىچىككىنە بولسىمۇ خۇشياقماسلىق ياكى ۋايساش كۆرۈلمىدى. ئۇلار سالاھىددىننىڭ يېنىدىن بىر كۈنمۇ ئايرىلمىدى. قوماندانلىرىنىڭ جىھاد پەرمانى ۋە جەڭ بۇيرۇقىنى ئاڭلىغان ھامان جان ۋە ماللىرىنى پىدا قىلىشقا تەييار ئىدى. سالاھىددىن ئەييۇبغا سادىقلىقى بىلەن تونۇلغان قوماندانلاردىن بىرى دىجلە ۋادىسىدىكى ئۇزۇن سەپەر ئېغىر كەلگەنلىكتىن چىدىيالماي ۋايىسىدى، لېكىن يەنىلا قوشۇن ئىچىدە بۇزغۇنچىلىق چىقارمىدى. ھەر قاچان سالاھىددىن ئەييۇبىنىڭ يېنىدا تۇرىدىغانلىقىنى، سۇلتانىنىڭ زەپەرگە ئېرىشىشى ئۈچۈن ھەرقانداق پىداكارلىققا تەييار ئىكەنلىكىنى ئېلان قىلدى. مۇسۇل قوشۇنى ئاجايىپ قەھرىمانلىقى ۋە يىگىتلىكى بىلەن ئەڭ ئاخىرقى "ئەرسۇف" جېڭىگە قاتناشتى. سالاھىددىن ئەييۇبى مىسىر ۋە ئىراق قوشۇنلىرىدىن، سۇرىيەنىڭ شىمالى ۋە مەركىزىدىكى قۇۋۋەتلەردىن ياردەم كېلىدىغانلىقىغا ئىشىنەتتى. تۈركمەنلەر، ئەرەبلەر ۋە مىسىرلىقلار ئۆزلىرىنى سالاھىددىن ئەييۇبىنىڭ ئەمرىگە

ئاتىغان ئىدى. سۇلتان بۇيرۇغان ھەر ئىشنى جان پىدالىق بىلەن ئورۇنلاشقا قەسەم قىلغان ئىدى. بۇلارنىڭ ھەممىسىنى بىر يەرگە توپلاپ، ئارىلىرىدىكى جىنس ۋە ئىرق ئايرىمچىلىقى، شەخسلەر ئارىسىدىكى ئىچكى ئىختىلاپ ۋە قەبىلىۋازلىقلارنىڭ بولۇشىغا قارىماي بىر - بىرىگە مەھكەم باغلاپ، ئۇلارنى خۇددى بىر جان بىر تەنگە ئايلاندۇرۇۋەتكەنىدى. سالاھىددىن ئەييۇبى ئۇلارنى بۇ ھالغا كەلتۈرگىچە ھەرخىل ئېغىرچىلىقلارغا دۇچ كەلدى. ھەتتا بەزىدە بۇلۇنۇش خەۋپى كۆرۈلدى. بىر قېتىم قوشۇن 'يافا'دا ئىسيان كۆتۈردى. ئەمما بۇ پالاكەتلەرنىڭ يۈز بېرىشىغا قارىماي ھەرخىل تەركىبلەردىن تەشكىللەنگەن بۇ مىللەتلەر سالاھىددىن ئەييۇبىنىڭ 1187 - يىلى جىھاد بايرىقىنى قولىغا ئېلىشىدىن تارتىپ 1192 - يىلى كەچكۈزگىچە سۇلتانىنىڭ قوماندانلىقى ئاستىدا ئاللاھ يولىدا بىللە جەڭ قىلدى. بۇ ئۇزۇن مۇددەت ئىچىدە، ھەرقانداق رايوننىڭ ئىسيان چىقارغانلىقى، ھامىيلىقىدىكى بىرەر دۆلەتنىڭ ئۇنىڭغا قارشى قوزغالغانلىقى ياكى بىرەر قوماندانىنىڭ ئۇنىڭغا قارشى باش كۆتۈرۈپ چىققانلىقى تارىخ سەھىپىلىرىدە خاتىرىلەنمىگەن ئىدى. قوماندانلىقى ئاستىدىكى مىللەتلەر ئۇنىڭغا مۇتلەق ئىتائەت قىلاتتى ۋە ئۆزلىرىنى بېغىشلايتتى.

سالاھىددىن ئەييۇبىنىڭ ئىراقتىكى تۇغقانلىرىدىن بىرى ئۇنىڭغا قارشى قوزغالغان ئىدى. ئەمما سۇلتان ئۇنى كەچۈردى. ئاخىرىدا ئۇ ئادەم بۇ يولدىن قايتتى. مانا بۇلاردىن سالاھىددىن ئەييۇبىنىڭ دۆلەت ۋە مىللەت ئىچىدىكى نوپۇزىنىڭ قانچىلىك ئىكەنلىكىنى ناھايىتى ئوچۇق كۆرۈۋالالايمىز. بەش يىل داۋاملاشقان ئەھلى سەلىب يۈرۈشلىرىنىڭ بالا - قازا ۋە ئېغىرچىلىقلىرى ئاياغلاشتى. ئەمما سالاھىددىن ئەييۇبى يەنىلا جىززە تاغلىرىدىن نەۋبە چۆللىرىگىچە سوزۇلۇپ ياتقان تۇپراقلارنىڭ سۇلتانى ئىدى.

شۇنداق، ئۇ ئاناتولىيەنىڭ، كونيانىڭ، ئىستانبۇلنىڭ ۋە ئۆز چېگرىسى سىرتىدىكى دۆلەتلەرنىڭ يېگىلمەس شاھى ئىدى. ھەممىسى سالاھىددىن ئەييۇبىغا بولغان سادىقلىقى ۋە ساداقەتمەنلىكى يولىدا ناھايىتى ئېھتىياتچان

ئىدى. سالاھىددىن ئەييۇبى ھېچقايسىدىن ھېچقانداق نەرسە كۈتمەيتتى. ئۇلار سالاھىددىن ئەييۇبىنىڭ ئالدىغا ياردەم بېرىش ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ زەپەرلىرىنى تەبرىكلەش ئۈچۈن كېلەتتى.

سالاھىددىن ئەييۇبى بۇ جەڭلەرنىڭ قەھرىمانى ۋە بۇ دائىرىنىڭ مەركىزى ئىدى. قېرىنداشنى ئادىلمۇ جەڭ مەيدانلىرىدا كۆزگە كۆرۈنگەن يەنە بىر شەخس ئىدى. ھېچبىر قوماندان ياكى ھۆكۈمراننىڭ ئۇنى مەغلۇپ قىلغىنىنى بىلمەيمىز. ئۇ ھەر دائىم يېنىدا جەڭ مەجلىسىنى ئېلىپ يۈرەتتى. جەڭنىڭ ھەرىكەت پىلانلىرى ھەققىدە ئۇلار بىلەن مەسلىھەتلىشەتتى. بۇ مەجلىسنىڭ خاتا مەسلىھەتنىڭ سۇلتاننىڭ توغرا مەسلىھەتىدىن غالىب كەلگەن ۋاقتى بەكمۇ ئاز ئىدى، مەسىلەن سۇر ۋە ئاككادا بولغانغا ئوخشاش. لېكىن بۇ مەجلىس ئەزالىرىنىڭ ھېچ بىرىدە يامان غەرەز يوق ئىدى.

ئۆز قېرىنداشلىرى، ئوغۇللىرى، قېرىنداشلىرىنىڭ باللىرى، چوڭلار، غەيرەتلىك باشقۇرغۇچىلار، ئەدىبلەر، چېچەن (ئەقىللىق) ئاياللار، ۋاپادار كىشىلەر، مۇتەئەسسىپلەر، ۋەز ئېيتقۇچىلار ۋە بارلىق ئالىملار پۈتۈن كۈچى بىلەن جىھادقا ئاتلىنىپ، سالاھىددىن ئەييۇبىنىڭ بايرىقى ئاستىدا مۇرىنى مۇرىگە تىرەپ جەڭ قىلاتتى، قولىدىن كېلىشىچە، كۈچلىرى، قابىلىيەتلىرى ۋە نەسىھەتلىرى بىلەن ئۇنىڭغا ياردەملەشكەن ئىدى. ھەممىسى سالاھىددىن ئەييۇبىنى ئۆزلىرىنىڭ چوڭى ۋە قوماندانى دەپ تونۇيتتى. ئېغىر ۋەزىيەتلەردە، قايغۇلۇق ۋاقىتلاردا ۋە قانلىق جەڭلەردە ئۇلارغا يالغۇز بىر ئىرادە ۋە بىر قەلب ھاكىم بولاتتى... ئۇ بولسىمۇ سالاھىددىن ئەييۇبىنىڭ كۈچلۈك قەلبى ۋە پولاتتەك ئىرادىسى ئىدى.

## سالاھىددىن ئەييۇبىدىن كېيىن ئىسلام دۇنياسىدا ھۆكۈمرانلىق يوقالماقتا

سالاھىددىن ئەييۇبى ۋەزىپىسىنى تولۇق ئادا قىلغاندىن كېيىن ۋاپات

بولدى. ئىسلامنىڭ مەۋجۇدىيىتى ۋە مەركىزىگە تەھدىت سالغان يېقىن خەتەرلەر يوقىتىلدى. ئەھلى سەلىب ئاچچىق ساۋاق ئېلىپ كەلگەن يەرلىرىگە قايتتى. ھەر ئىككى تەرەپ كۈچ - قۇۋۋەت جەھەتتىن بىر - بىرىنى سىناپ باققان ئىدى. ياۋروپالىقلار 19 - ئەسىردە يېڭىدىن ئەھلى سەلىب قوشۇنى تەييارلاشقا باشلىدى. لېكىن مۇسۇلمانلار بۇرۇنقى ھاياتلىرىغا يەنى غەپلەت، تالاش - تارتىش، پارچىلىنىش ۋە ۋەيرانچىلىققا تولغان كۈنلىرىگە قايتقان ئىدى. شۇنىسى ئېچىنارلىقكى، ئىسلام دۇنياسى سالاھىددىن ئەييۇبىدىن كېيىن ئىسلامغا پۈتۈن سەمىمىيىتى بىلەن مەھكەم باغلانغان، ئىسلام مەنپەئەتىنى ئۆز مەنپەئەتىدىن ئۈستۈن كۆرىدىغان، قىلچە ئىككىلەنمەي جىھاد مەيدانىغا ئۆزىنى ئاتىدىغان بىر قوماندانغا ئېرىشەلمىدى. شۇنداق، ئاللاھنىڭ لۇتپى (مەرھەمىتى)، قۇدرىتى ۋە تەڭداشسىز مۆجىزىلىرى بىلەن ياۋروپانىڭ ئەھلى سەلىب قوشۇنىنى بويۇن ئەگدۇرۇپ، ئىسلامنىڭ مال ۋە شەرىپىنى قوغدايدىغان سالاھىددىن ئەييۇبىدەك باھادىر ئىسلامىيەتكە قايتا نېسىپ بولمىدى. نەتىجىدە، ئىسلام ئالەمىدە ئارقىغا چېكىنىش باشلاندى ۋە خەۋپ كۆلىمى ئېغىرلاشتى (چوڭايدى).

## چېكىنىش دەۋرىدە قولغا كەلتۈرۈلگەن نەتىجىلەر

ئىسلام دىنى چېكىنىش دەۋرىدىمۇ ھەرە كۆنىكىگە ئوخشاش ھەسەل ئىشلەپچىقىرىشنى داۋاملاشتۇردى. ھۆكۈمران ۋە ئىستىلاچىلار ئارىسىدىن ئەخلاق ۋە ھەرىكەتلىرىدە ساھابىلەر ۋە سەلەف سالىھلارنىڭ ھاياتلىرىنى ئۆزلىرىگە ئۈلگە قىلغان شەخسلەر چىقىۋاتاتتى. ئىسلام دۇنياسىدا تارىخ پەخىر بىلەن ياد ئەتكۈدەك بۈيۈك كىشىلەر يېتىشىۋاتاتتى.

مۇسۇلمانلار ئىسلامنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىنكى تۈنجى ھاياتلىرى ۋە بىردىنبىر توغرا يوللىرىدىن ئايرىلىپ قالغان بولسىمۇ، يەنىلا ئۆز زامانىسىنىڭ جاھىل مىللەتلىرىگە قارىغاندا پەيغەمبەرلىرىنىڭ يولىغا تېخىمۇ يېقىن ۋە ئاللاھقا بولغان ئېتىقادى تېخىمۇ كۈچلۈك ئىدى. مال - مۈلۈك ۋە دۆلەتلىرى

جاھىلىيەتنىڭ ئىپتىخارى يېيىلىپ ئالغا بېسىشىغا ئەڭ چوڭ توسالغۇ ئىدى. ئەيىب - نۇقسانلىرى شۇنچە كۆپ بولسىمۇ، يەنىلا دۇنيانىڭ ئەڭ كۈچلۈك دۆلەتلىرى ئىدى. باشقا دۆلەتلەر ئۇلارنىڭ ھەيۋىتىدىن لاغىلداپ تىترەيتتى. ھەر دائىم ئۇلارغا ئالىي ئېھتىرام بىلدۈرەتتى.

## مۇسۇلمانلارنىڭ قۇۋۋەت تومۇرلىرى بارغانسېرى ئاجىزلاشماقتا

ياتلارغا بىلىنمىگەن بۇ ئاجىزلىشىش ۋە چېكىنىش ئىسلامنىڭ ئاخىرقى قەلئەسى بولغان خارەزىمشاھ دۆلىتىنىڭ موڭغۇللار تەرىپىدىن (ھىجرىيە) 7 - ئەسىردە پارچىلىنىشى نەتىجىسىدە، مۇسۇلمانلارنىڭ ئېتىبار ۋە كۈچلىرىنىڭ پۈتۈنلەي يوقىلىشىغىچە داۋاملاشتى. باغداد قولدىن كەتتى، ئەتراپىنى غال - غال تىترەتكەن ھەيۋىسى قالمىدى. قارانچۇقلىرى يىقىلدى ۋە ئېتىبارغا يىرتقۇچ قۇشلار ھۇجۇم قىلدى. نەتىجىدە، دۈشمەنلەردە مۇسۇلمانلارغا ھۇجۇم قىلىش جاسارىتى ئۇرغۇدى. تاتار ۋە موڭغۇللار مۇسۇلمانلارنىڭ مەدەنىيىتىنى ۋەيران قىلىپ، ئۇلارنىڭ خانلىقلىرىنى تارتىۋالدى. دۇنيانى خارابىلىققا ئايلاندۇردى، ئىنسانلارنى چىدىغۇسىز ئازاب - ئوقۇبەتلەرگە مۇپتىلا قىلدى. چۈنكى تاتار ۋە موڭغۇللار دىن، ئىلىم، ئەنئەنە ۋە مەدەنىيەتلىرى بولمىغان قالاق ۋە ياۋايى مىللەت ئىدى. دۇنيا مانا مۇشۇنداق بىر مىللەتنىڭ قولىغا ئۆتۈپ كەتتى.

# ئۈچىنچى بۆلۈم

## ئوسمانىيلار ئىمپېراتورلۇقى تارىخ سەھنىسىدە

مانا بۇ خەتەرلىك پەيتتە ئوسمانىيلار (تۈركلەر) تارىخ سەھنىسىگە چىقتى. ئىككىنچى مۇرادنىڭ ئوغلى، 24 ياشلىق ئىككىنچى مۇھەممەدخان 1453 - يىلى (ھىجرىيە 753 - يىل) بىزانس (شەرقىي رىم) ئىمپېراتورلۇقىنىڭ مۇستەھكەم پايتەختى، تەڭدىشى يوق شەھەر — ئىستانبۇلنى ئىستىلا قىلدى. شۇنىڭ بىلەن، مۇسۇلمانلارنىڭ ئۈمىدلىرى يېڭىلاندى. قەلبلىرىدە يېڭى ئۈمۈقلار پەيدا بولدى. تۈركلەر ۋە ئۇلارنىڭ بېشىدىكى ئوسمانىيلار پادىشاھلىقى مۇسۇلمان مىللەتلەرنىڭ قوماندانلىقىنى قولىغا ئېلىپ، ئۇلارنى دۇنيادىكى بۇرۇنقى سەلتەنەت ۋە مەرتىۋىلىرىگە قايتا ئېرىشتۈرەلىگۈدەك دەرىجىدە كۈچلەندى.

مۇسۇلمانلارنىڭ 800 يىلغا يېقىن ۋاقىت مابەينىدە قولغا ئېلىش پۇرسىتىگە ئېرىشەلمىگەن ئىستانبۇلنىڭ ئىستىلاسى، تۈركلەرنىڭ لاياقەت ۋە قۇۋۋەتلىرى، جەڭ سەنئىتىدىكى ئۈستۈن قابىلىيىتى ۋە تالانتلىرى، قوشۇنلىرىنى ناھايىتى تەرتىپلىك ئىدارە قىلىش، جەڭ قوراللىرىنى تېخنىكا ۋە ھەرىكەت كۈچى بىلەن جاي - جايىدا قوللىنىش جەھەتتە ئۆز دەۋرىدىكى مىللەتلەردىن پەۋقۇلئاددە ئۈستۈن ئىكەنلىكىنىڭ ئەڭ چوڭ دەلىلىدۇر. ئەسلىدە بۇلارنىڭ ھەممىسى ھېچبىر مىللەت تەرك ئېتەلمەيدىغان مۇھىم ئىشلار ئىدى.

### فاتىھ سۇلتان مۇھەممەدنىڭ جەڭ تېخنىكىسىدىكى ئۈستۈنلۈكى

دراپەر (Draper) ئېيتقاندەك، فاتىھ سۇلتان مۇھەممەد ماتېماتىكا

www.uyghurkitap.com



بىلىملىرىنى ناھايىتى ياخشى بىلەتتى ۋە ئۇلارنى جەڭ تېخنىكىسىدا ناھايىتى مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا قوللانغان ئىدى. شۇنداقلا، فاتىھ سۇلتان مۇھەممەد بۇ ئىستىلا ئۈچۈن تولۇق تەييارلانغان بولۇپ، زامانىنىڭ ھەر تۈرلۈك جەڭ تېخنىكىلىرىدىن پايدىلانغان ئىدى.

بارۇن كاررا دە ۋاكس: "ئىسلام مۇتەپەككۇرلىرى" ناملىق ئەسىرىنىڭ بىرىنچى جىلدىدا فاتىھ سۇلتان مۇھەممەد ھەققىدە مۇنداق يازغان ئىدى: "بۇ ئىستىلا فاتىھ سۇلتان مۇھەممەدكە تاسادىپىيلا ياكى بىزانس ئىمپېراتورلۇقىنىڭ ئاجىزلىقى يۈزىسىدىن مۇيەسسەر بولمىغان ئىدى. چۈنكى فاتىھ سۇلتان مۇھەممەد بۇ جەڭگە كىرەكلىك پۈتۈن ھازىرلىقلارنى ئالدىن پۈتتۈرگەن ۋە زامانىدىكى ھەر تۈرلۈك ئىلمىي كۈچلەردىن تولۇق پايدىلانغان ئىدى. ئۇ دەۋردە توپ (زەمبىرەك توپى) تېخى يېڭىدىن ئىجاد قىلىنغان ئىدى. فاتىھ سۇلتان دەۋرىنىڭ ئىمكانلىرىغا يارىشا ئەڭ چوڭ توپلارنى قۇيدۇردى. ئۇ ئۆزىمۇ قورال - ياراق مۇتەخەسسىسى ئىدى. قۇيۇلغان توپ ئوقلىرىنىڭ ئېغىرلىقى 300 كىلوگرام بولۇپ، ئېتىش مۇساپىسى بىر مىلدىن ئۇزاق ئىدى. ئاڭلاشلارغا قارىغاندا، بۇ توپلارنى كۆتۈرۈش ئۈچۈن 700 ئادەم كىرەك ئىدى. ئۇنى تولدۇرۇش ئۈچۈن ئىككى سائەت ۋاقىت كېتەتتى. فاتىھ سۇلتان مۇھەممەد ھەرىكەتلەنگەن ۋاقىتتا، ئۇنىڭ قوماندانلىقىدا 300000 (ئۈچ يۈز مىڭ) مۇجاھىد ۋە دۈشمەنگە ئەجەللىك زەربە بېرىدىغان ئۇستا توپچى قىسمى بار ئىدى. شەھەرنى دېڭىزدىن قورشاۋغا ئېلىش ئۈچۈن 120 دانە جەڭ كېمىسىدىن تەركىب تاپقان ئۇستۇن دېڭىز قوشۇنى بار ئىدى. دېڭىز قوشۇنىنىڭ بىر قىسمىنى قۇرۇقلۇقتىن دېڭىز قولتۇقىغا يۆتكەش ۋە 70 كېمىنى ياغلىق تاختايلار ئۈستىدە تېيىلدۇرۇپ، قاسىم پاشا[1]دىن دېڭىزغا چۈشۈرۈش پەقەت فاتىھ سۇلتان مۇھەممەدنىڭ ئۆزىگىلا خاس تالانت ئىدى".

## تۈرك مىللىتىنىڭ ئارتۇقچىلىقلىرى

ئوسمانىيلار ئىمپېراتورلۇقىنىڭ قوماندانلىقىدا ياشىغان مۇسۇلمان تۈرك

[1] قاسىم پاشا: ئىستانبۇل شەھىرىنىڭ دۆڭلۈك مەھەللىلىرىدىن بىرى.

مىللەتلىرى ئۆز دەۋرىنىڭ باشقا مۇسۇلمان مىللەتلىرى ئارىسىدا نۇرغۇنلىغان ئارتۇقچىلىقلارغا ئىگە ئىدى ۋە بۇ ئارتۇقچىلىقلىرى بىلەن مۇسۇلمانلارنىڭ رەھبەرلىك ھوقۇقىنى قولىغا ئالغان ئىدى.

1 ـ تۈركلەر ئالدىنكۆرەر، قەھرىمان، قەلبلىرىدە جىھاد ئوتى يېلىنجاپ تۇرىدىغان، جەڭگىۋار مىللەت ئىدى. تۇرمۇشتىكى ئاددىي ـ ساددىلىقى ۋە تەبىئىتىدىكى پاكىزلىقى بىلەن شەرق دۇنياسىدىكى مۇسۇلمان مىللەتلەر جەڭ دەۋرلىرىدە ئۇچرىغان ئەخلاقىي ۋە ئىجتىمائىي پالاكەتلەردىن ساقلانغان ئىدى.

2 ـ ئىسلامنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋىي ھاكىمىيىتىنى قانات يايادۇرالايدىغان، مىللەتلەرنى پەنچىسىگە ئېلىۋالغان كونىلىق (مۇتەئەسسىپلىك) پەردىلىرىنى يىرتىپ تاشلايدىغان ۋە دۇنيا رەھبەرلىكىنى قولىغا ئالالايدىغان كۈچكە ئىگە ئىدى. شۇڭلاشقا ئوسمانىيلار پادىشاھلىرى دۆلەتلىرىنى قۇرۇپ، ھېچ ۋاقىت ئۆتكۈزمەيلا ئۇرۇش تېخنىكىلىرىنى تەرەققىي قىلدۇردى. بولۇپمۇ پارتىلاتقۇچ قوراللارغا كۆپ كۈچ چىقىرىپ، توپلارنىڭ قۇيۇلۇشىغا ناھايىتى ئەھمىيەت بەردى. يېڭى ـ يېڭى ئۇرۇش قوراللىرىنى ئىجاد قىلدى. بۇ ئارقىلىق ئۇرۇش تېخنىكىسى ۋە قوشۇن ئىنتىزامىنى بىرىنچى ئورۇنغا قويۇپ، جەڭ سەنئىتىنىڭ پىرىغا ئايلاندى. ئۇرۇش تېخنىكىسىدا ياۋروپالىقلارغا ئۆرنەك بولدى.

تۈركلەر ئاسىيا، ياۋروپا ۋە ئافرىقا قىتئەلىرىگە، ئىراندىن ماراكەشكىچە بولغان مۇسۇلمان شەرق ئەللىرىگە ھۆكۈمرانلىق قىلاتتى. كىچىك ئاسىيا (ئاناتولىيە) نى ھاكىمىيەت ئاستىغا ئېلىپ، ئىچكى ياۋروپا، ھەتتا ۋېنانا دەرۋازىسىغىچە بېرىپ يەتكەن ئىدى. ئاق دېڭىزنىڭ رەقىبسىز ھاكىمى ئىدى. ھەتتا ئاق دېڭىز ئوسمانىيلار ئىمپېراتورلۇقىنىڭ كىچىك بىر كۆلى بولۇپ قالغان ئىدى. ئۇ يەرگە ھېچقانداق يات ئەلنىڭ چىشى پاتمايتتى. قەيسەرنىڭ بابىئالىي (**Babiali**) دىكى ئەلچىسى بۈيۈك پېتروس (**Petros**) مۇنۇلارنى يازغان ئىدى:

"سۇلتان قارا دېڭىزغا ياتلارنىڭ كىرىشى چەكلەنگەن خاس سارىيى نەزىرىدە قارايتتى. ئوسمانىيلار ئىمپېراتورلۇقى ياۋروپالىقلار يۈز ئۆرانە كېلىشتىن ئەيمەنگۈدەك دەرىجىدە كۈچلۈك دېڭىز قۇۋۋىتى تەشكىللىدى. ھەتتا بۇ قۇۋۋەتنى يوقىتىش ئۈچۈن پوپلارنىڭ ئىلكىدىكى بارلىق ھاكىمىيەتلەر: ئىسپانىيە، پورتۇگالىيە، مالتا سەپەرۋەر بولدى (مىلادى 1547 - ، ھىجرىيە 547 - يىللىرى)، ئەمما ھېچقانداق نەتىجىگە ئېرىشەلمىدى.

ئوسمانىيلار ئىمپېراتورلۇقى بۈيۈك ھۆكۈمران قانۇنى سۇلتان سۇلايمان دەۋرىدە قۇرۇقلۇق ۋە دېڭىز ھاكىمىيىتىنى قولىغا ئېلىپ، روھىي ۋە سىياسىي كۈچلەرنى بىر - بىرىگە مەھكەم باغلىغان ئىدى.

بۈيۈك ھۆكۈمران قانۇنى سۇلتان سۇلايمان دەۋرىدە ئوسمانىيلار ئىمپېراتورلۇقىنىڭ تېررىتورىيىسى شىمالدا تۇنا ۋە ساۋا دەريالىرى، جەنۇبتا ھىندى ئوكيىنى ۋە نىل دەرياسى ھاۋزىسى، شەرقتە كاۋكاز تاغ تىزمىلىرى، غەربتە ئاتلاس تاغلىرىغىچە سوزۇلغان ئىدى.

بۇ دەۋردە ئوسمانىيلار ئىمپېراتورلۇقىنىڭ ئىگىلىكىدىكى تۇپراقنىڭ كۆلىمى 14,893,000 Km² بولۇپ، ياۋروپادا 1,998,000 Km²، ئاسىيادا 4,169,000 Km²، ئافرىقىدا 8,726,000 Km² ئىدى.

ئىمپېراتورلۇقنىڭ دېڭىز قۇۋۋىتى ئىككى مىڭدىن ئارتۇق جەڭ كېمىسىدىن تەشكىل تاپقان ئىدى. ئاق دېڭىزنىڭ شەرقى قىسمى، ئادرىياتىك دېڭىزى، مارمارا دېڭىزى، ئاق دېڭىز، قارا دېڭىز، قىزىل دېڭىز ۋە ئىران ئوسمانىيلار ئىمپېراتورلۇقىنىڭ تېررىتورىيىسى ئىچىدە ۋە ئۇنىڭ ھاكىمىيىتى ئاستىدا ئىدى. رىمدىن باشقا بۇرۇنقى دەۋرنىڭ مەشھۇر شەھەرلىرىنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك ئىمپېراتورلۇقنىڭ دائىرىسى ئىچىگە كىرگەن ئىدى.

ياۋروپالىقلار ئوسمانىيلار تۈركلىرىنىڭ ئالدىدا دىر - دىر تىترەيتتى. ياۋروپانىڭ بۈيۈك ھۆكۈمرانلىرى ئوسمانىيلار ھۆكۈمدارلىقىدىن پاناھلىق

تىلەيتتى. ئوسمانىيلار خرىستىئانلارنىڭ ھەرقانداق بىر شەھىرىگە بارسا، ئۇ شەھەرنىڭ خەلقى تۈركلەرگە ھۆرمەت يۈزىسىدىن چېركاۋ قوڭغۇراقلىرىنى چالمايتتى. فاتىھ سۇلتان مۇھەممەد بىزانسنىڭ ئۆلۈم خەۋىرىنى ئېلان قىلغاندا، پاپا خرىستىئانلارنىڭ مۇراسىم ئۆتكۈزمەسلىكى ۋە ئۈچ كۈن بويىچە شۈكرى دۇئاسى قىلىشى ھەققىدە بۇيرۇق چۈشۈرگەن ئىدى.

3 ـ ئوسمانىيلار تۈركلىرى ئۆزلىرىنىڭ جۇغراپىيىلىك ئورنى جەھەتتىن دۇنيا رەھبەرلىكىنىڭ ئەڭ ئالىي مەركىزىگە ئورۇنلاشقان ئىدى. ئاسىيانى ياۋروپاغا تۇتاشتۇرغان بالقان يېرىم ئارىلىغا جايلاشقان ئىدى. بۇ يەر ھەر جەھەتتىن مۇۋاپىق بىر يەر بولۇپ، پايتەخت ئىستانبۇل ئاسىيا بىلەن ياۋروپا ئوتتۇرىسىدا كۆۋرۈكلۈك ۋەزىپىسىنى ئۆز ئۈستىگە ئالغان ئىدى. ئاسىيا، ياۋروپا ۋە ئافرىقىغا ھۆكۈمرانلىق قىلغان بۈيۈك بىر دۆلەت ئۈچۈن ئىستانبۇل ئەلۋەتتە ئەڭ ياخشى پايتەخت ئىدى. ھەتتا ناپالىئون بوناپارت مۇنداق دېگەن: "ئەگەر دۇنيا يالغۇز بىر دۆلەت بولغان بولسا، پايتەختى بولۇشقا ئەڭ لايىق شەھەر شۈبھىسىز ئىستانبۇل بولاتتى".

ئۇ دەۋرلەردە ياۋروپا چوڭ خەتەرلەرگە دۇچ كەلگەن بولۇپ، ئىستىقبالى قاراڭغۇ ئىدى. چۈنكى، ھايات يوللىرى بۇزۇلغاچقا، قەلبلىرىدە قۇللۇق ھېس ـ تۇيغۇلىرى قايناپ تاشقان ئىدى. ئەگەر ئاللاھ نېسىپ قىلغان بولسا، تۈركلەر ئىسلام ۋە تەپەككۇر ساھەسىدە سالماق قەدەم تاشلاپ، خرىستىئان ياۋروپانى ئارقىدا قالدۇرۇپ، دۇنيا رەھبەرلىكىنى قوللىرىغا ئالالايتتى. بۇ ئارقىلىق ياۋروپانىڭ دۇنيا تىزگىنىنى قولىغا ئېلىۋېلىپ، ئۇنى ئوتقا تاشلاش ۋە يوق قىلىۋېتىشىدىن بۇرۇن ئىنسانىيەتنى ھەق ۋە ھىدايەتكە باشلىيالايتتى.

## تۈركلەردە ئەخلاقى چۈشكۈنلۈك، ئىلىم ۋە جەڭ سەنئىتىدىكى تۇرغۇنلۇق

تۈركلەردە ئىلىم، جەڭ تېخنىكىسى، قوشۇنلارنىڭ ئىنتىزامى ۋە تەربىيىسىدە

www.uyghurkitap.com

تۈرغۈنلۈق ھالىتى كۆرۈلۈشكە باشلىدى. چۈنكى، ئۇلار ئۇلۇغ ئاللاھنىڭ بۇ ھەقتىكى بۇيرۇقىنى ھەقىقىي تۈردە ئىجرا قىلالمىدى، ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە:

﴿دۈشمەنلىرىڭلار (بىلەن ئۇرۇش قىلىش) ئۈچۈن، قولۇڭلاردىن كېلىشىچە قورال كۈچى، جەڭ ئېتى تەييارلاڭلار، بۇنىڭ بىلەن ئاللاھنىڭ دۈشمىنىنى، ئۆزۈڭلارنىڭ دۈشمەنلىرىڭلارنى ۋە ئۇلاردىن باشقا دۈشمەنلەرنى قورقىتىسىلەر، ئۇلارنى سىلەر تونۇمايسىلەر، ئاللاھ تونۇيدۇ...﴾ دېگەن ئىدى.

ئەيتى ۋاقىتتا ئۇلار پەيغەمبىرىمىزنىڭ: «ھېكمەت مۆئمىننىڭ يىگىتى (قوۋۋىتى)دۇر، ئۇنى نەدە كۆرسە ئالىدۇ» دېگەن ھەدىسىگە دىققەت قىلمايدىغان بولغان ئىدى.

ياۋروپا دۆلەتلىرى ئەرىپىدىن چەمبەرچاس قورشىلىپ، جۇغراپىيە ۋە سىياسىي مەركەزلىرى ئېغىر ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغان ئوسمانىيلار ئىمپېراتورلۇقى بۈيۈك قوماندان ئەمر ئىبنى ئاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مىسىردا مۇسۇلمانلارغا قىلغان ۋەسىيىتىنى دائىم ئەسلەپ تۇرغان بولسا، بەكمۇ ياخشى بولاتتى. ئەمر ئىبنى ئاس مۇنداق دېگەنىدى: "قىيامەت كۈنىگىچە ئەتراپىڭىزدىكى تۈرغۈنلىغان دۈشمەنلەرنىڭ چەمبىرى ئىچىدە ئىكەنلىكىڭلارنى ۋە ئۇلارنىڭ ھەر دائىم سىلەرگە ۋە ئەزىز تۇپرىقىڭلارغا ھۇجۇم قىلىش ئۈچۈن پۇرسەت كۈتۈپ ياتقانلىقىنى ئۇنتۇماڭلار!".

ئەمما تۈركلەر ۋاقىت ئۆتكەنسىرى ھېچ تەرەققىي قىلمىدى. ياۋروپا مىللەتلىرى ئالدىغا قاراپ ئىلگىرىلىسە، ئۇلار ئارقىغا قاراپ چېكىندى.

## تۈركىيەدە ئىلىمنىڭ توڭلىتىلىشى

خالىدە ئەدىب ئادىۋار[1] تۈركىيەدىكى ئىلمىي تۈرغۈنلۈقنى ناھايىتى مۇۋاپىق ئۇسلۇب بىلەن تىلغا ئالغان ئىدى. مەن بۇ يەردە ئۇنىڭ سۆزىنى نەقىل

[1] خالىدە ئەدىب ئادىۋار: تۈركىيەنىڭ داڭلىق ئايال مۇتەپەككۇرى ۋە يازغۇچىسى.

كەلتۈرمەكچىمەن: "كالامچىلارنىڭ پەلسەپەسى، پۈتۈن دۇنيانى ھاكىمىيىتى ئاستىدا تۇتۇشقا داۋام قىلدى. بۇ ۋاقىتتا تۈركىيەدىكى مۇسۇلمان ئالىملارمۇ بۇ پەلسەپە بىلەن ھەپىلىشىپ ۋەزىپىلىرىنى ئورۇنلاۋاتاتتى. سۈلايمانىيە ۋە فاتىھ مەدرىسلىرى ئۇ دەۋرلەردە ئىلىم ۋە پەنلەرنىڭ مەركەزلىرى ئىدى. ئەمما غەربلىكلەر ئىلاھىيەت پەلسەپەسىنىڭ دىن ۋە كالام بىلەن مۇناسىۋەتلىك تېمىلىرىنىڭ مەنبەلىرىنى ئۆزۈپ تاشلاپ، زامانىۋى ئىلىم ۋە پەلسەپەگە ئاساس سېلىپ، دۇنيادا يېڭى بىر ئىنقىلاب ئېلىپ بېرىۋاتقان ۋاقىتلاردا، تۈركىيەدىكى ئالىملار ئوقۇتۇش سەۋىيەسىنى يۇقىرى كۆتىرىپ، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ۋەزىپىلىرىنى تەرتىپكە سالغۇدەك ئەھۋالدا ئەمەس ئىدى. ئۇلار ئىلىمنىڭ مىلادى 8 - ئەسىردىكى پېتى قالدىغانلىقىنى، ئۇنىڭدىن ئىلگىرىلەپ كەتمەيدىغانلىقى ياكى كېيىن قالمايدىغانلىقىنى پەرەز قىلىشاتتى. بۇ خاتالىق، 19 - ئەسىرگىچە تۈركلەرنىڭ ئوقۇ - ئوقۇتۇش سىستېمىسىغا ھاكىم بولدى. تۈركىيە ياكى باشقا ئىسلام دۆلەتلىرىدىكى ئالىملارنىڭ بۇ خىل ئىدىيىلىرى دىنىنىڭ ئاساسلىرىغا پەقەتلا ماس كەلمەيتتى. چۈنكى خرىستىئان ۋە مۇسۇلمانلار توختىماي ھەپىلەشكەن كالام ئىلمى ۋە ئىلاھىيەت پەلسەپىسى گرېك پەلسەپىسى ئاساسىدا شەكىللەنگەن ئىدى. بۇ پەلسەپە بۈتپەرەس پەيلاسوپ ئارستوتېلنىڭ پىكىرلىرىگە تايىناتتى. بۇ يەردە خرىستىئان ئەدىبلىرىنىڭ ئىدىيىلىرى بىلەن مۇسۇلمان ئالىملىرىنىڭ ئىدىيىلىرى ئارىسىدىكى پەرقنى سېلىشتۇرۇشنى مۇۋاپىق كۆردۈم. قۇرئان كەرىمنىڭ ھېچقانداق يېرىدە كائىناتنىڭ يارىتىلىشى ھەققىدە تەپسىلىي بايان يوق. تەلىمات ۋە كۆرسەتمىلىرىنىڭ يادروسى ۋە ئەڭ ئەھمىيەت بەرگەن نۇقتىسى ئەخلاقىي ۋە ئىجتىمائىي ھاياتتۇر. ئۇنىڭ ئەڭ يۈكسەك غايىسى ياخشى بىلەن يامانىنى، پايدا بىلەن زىيانىنى بىر - بىرىدىن ئايرىش ئىدى. قۇرئان كەرىم كائىنات ئۈچۈن لازىم بولغان نۇرغۇنلىغان قانۇن - نىزاملارنى كەلتۈرگەن ئىدى. مېتافىزىك ياكى پسىخولوگىيىلىك بىر مەسىلە مۇنازىرە قىلىنىغاندا، بەزىدە مۇرەككەپ ۋە چۈشىنىش قىيىن نۇقتىلارغا

ئۇچرايمىز. قۇرئان كەرىم تەۋھىد ئاساسىغا تايىنىدۇ. ئىسلام دىنى خۇشپىچىم ۋە ناھايىتى قولاي دىن. ئەينى ۋاقىتتا، ئىسلام دىنى كائىنات ھەققىدىكى يېڭى نەزەرىيىلەرگە باشقا دىنلاردىن بەكرەك ئەھمىيەت بېرىدۇ. ئەمما يېڭى ئىلمىي تەتقىقاتلارغا يېقىندىن ياردەمچى بولغان بۇ خۇشپىچىم ۋە قولايلىق مۇسۇلمانلار ھاياتىدا ئۇزۇن داۋام قىلمىدى. ھىجرىيە 9 - ئەسىرنىڭ ئالىملىرى ۋە كالامچىلىرى فىقھى ئىلىملەر ئۇياقتا تۇرسۇن، ئىلاھىيەتنى بىرمۇنچە باغ ۋە زەنجىرلەر بىلەن بوغۇپ تاشلاپ، تەتقىقات ۋە ئىجتىھاد ئىشىكىنى تاقىدى. دەل بۇ خەتەرلىك پەيتتە، ئارىستوتېلنىڭ پىكىرلىرى ئىسلام پەلسەپەسىگە ئېقىپ كىردى. دەل بۇنىڭ ئەكسىچە، خرىستىيانلىق (ئەسلىدە: راھىب پاۋلۇسنىڭ دىنى دېيىش تېخىمۇ توغرا) ئىنجىلدا كائىناتنىڭ يارىتىلىشى ھەققىدە تەكۋىن نامىلىق ئايرىم بۆلۈم ئايرىپ، ئۇ يەردە بۇ ھەقتە كۆپ نەرسىلەرنى بايان قىلغان ئىدى. خرىستىيانلار بۇنىڭ ئاللاھنىڭ سۆزى ئىكەنلىكىگە ئىشەنگەندىن كېيىن، توغرىلىقىنى تەستىقلاشقا مەجبۇر ئىدى. ئەمەلىيەت ۋە تەجرىبىلەر بۇ كۆز قاراشلارنى توغرىلىيالمىغاچقا، خرىستىيانلار دەلىل ئىزدەشكە ۋە ئارىستوتېلنىڭ ھىمايىسىگە كىرىشكە باشلىدى. چۈنكى، ئارىستوتېلنىڭ مەنتىقى ئۇلارنى سېھىرلىگەن ئىدى. غەربنىڭ پاكىت، تەجرىبە، ئانالىز ۋە تەھلىل يوللىرى ئارقىلىق كائىناتنى تەتقىق قىلىشقا باشلىشى بىلەن چېركاۋدىكىلەرنىڭ ئىناۋىتى تۆكۈلۈشكە باشلىدى. بىلىملىك كىشىلەر ئەمەلىي يوللار بىلەن كۆپلىگەن مۇھىم كەشپىياتلارنى ئوتتۇرىغا چىقارغانسېرى، خرىستىيان پوپلىرى چېركاۋ ھاكىمىيىتىنىڭ يىقىلىشىدىن قورقتى. شۇنىڭ بىلەن، دىن بىلەن ئىلىم ئارىسىدا شىددەتلىك ئىنقىلاب باشلاندى. ھەتتا بۇ سەۋەبتىن كائىنات ھەققىدە چوڭ تەتقىقات ۋە تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان نۇرغۇن ئالىملار بۇ ئىلىملىرىنىڭ قۇربانىغا ئايلاندى. نىھايەت، چېركاۋلار دىن ۋە ئىلىم ئارىسىدىكى شىددەتلىك ئىنقىلابتىن كېيىن، ھەقىقەتلەرنى ئېتىراپ قىلىشقا مەجبۇر بولدى. تەبىئىي پەن بىلىملىرى فاكۇلتېت ۋە ئۇنىۋېرسىتېتلارنىڭ قىسمەن دەرسلىكلىرىگە

كىرگۈزۈلدى. بۇ ئارقىلىق تېخى تۈنۈگۈنلا مۇسۇلمانلارنىڭ مەدرىسلىرىدىن پەرقى بولمىغان ئۇنىۋېرسىتېت ۋە ئاكادېمىيىلەر بۈگۈن زامانىۋى ئىلىملەرنىڭ مەركىزىگە ئايلاندى. ئەمما ئۇلار پەلسەپەلىرىنى تاشلىۋەتمىدى. نەتىجىدە، چېركاۋ ئىلغار تەبىقە ئاساسىدا بۈيۈك بىر ھاكىمىيەت قۇردى ۋە بۇ ئارقىلىق كاتولىك ۋە پروتېستان مەزھەبلىرىنىڭ پوپلىرى زامانىۋى ئىلىملەردە سۆز ساھىبىغا ئايلاندى. ئۇلار ھەتتا ھەر تېمىدا تەتقىقات ئېلىپ بارىدىغان ھالغا كەلدى. ئوسمانىيلار تۈركلىرىدىكى ئالىملار دەل بۇنىڭ ئەكسىچە ھەرىكەت قىلدى. زامانىۋى ئىلىملەرگە بەك ئەھمىيەت بەرمىدى. يات پىكىرلەرنى قەتئىي رەت قىلدى. بۇنىڭ بىلەن، ئوقۇتۇش سىستېمىسى قالاقلىشىپ تامامەن توختىدى. بۇ دەۋردە سىياسىي مەسىلىلەر پۈتۈنلەي يولدىن چىقتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، بۇ مەسىلىلەر پاكىت ۋە تەجرىبىلەرنىڭ يۈكىنى كۆتۈرەلىگۈدەك ئەھۋالدا ئەمەس ئىدى. ئۇلارغا ئەمدى ئارىستو پەلسەپەسىگە باغلىنىپ، ئىلىملىرىنى پاكىتلىق نەزەرىيىلەر ئۈستىگە قۇرۇشتىن باشقا چىقىش يولى قالمىغان ئىدى. شۇڭا 19 - ئەسىر ئىسلام مەدرىسلىرىنىڭ 13 - ئەسىر مەدرىسلىرىدىن قىلچە پەرقى يوق ئىدى".

## مۇسۇلمان دۆلەتلەردىكى پىكرىي ۋە ئىلمىي چېكىنىش

بۇ ئىلمىي چېكىنىش ۋە پىكرىي چۈشكۈنلۈك پەقەت تۈركىيەنىڭ ئىلمىي ۋە دىنىي ساھەسىگە خاس ئەمەس ئىدى. چۈنكى شەرقتىن غەربكىچە پۈتۈن ئىسلام ئالىمى ئىلمىي قاغجىراش ۋە پىكىر قىسىلچىلىقىغا دۇچار بولغان بولۇپ، ئىچكى ئەزالىرىنى بوشاڭلىق ۋە مىسكىنلىك قاپلىغان ئىدى. ئەگەر 8 - ئەسىرنى ھىسابقا ئالمىساق، 9 - ئەسىر مۇسۇلمانلارنىڭ دىن، ئىلىم، ئەدەبىيات، شېئىر ۋە پەلسەپە ساھەسىدە ئەڭ مول ھوسۇللۇق ۋە ئەڭ پارلاق ئەسىرلىرىنىڭ ئاخىرقىسى ئىدى. 10 - ئەسىردە تەقلىد، تۇرغۇنلۇق ۋە كۆچۈرۈپ ئېلىش دەۋرلىرىنىڭ باشلىنىشى بولدى. بۇ تۇرغۇنلۇق ۋە خىرەلىكنى دىنىي ئىلىملەر، ئەدەبىي

سەنئەتلەر، ماقالە ـ ئەسەرلەر، شېئىر، تارىخ ۋە ئوقۇتۇش پروگراممىلىرىدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ، چۈنكى چېكىنىش ۋە تۇرغۇنلۇق ھەر ساھەگە چاچرىغان ئىدى. ئىسلام دۇنياسىنىڭ تۈرلۈك رايونلىرىدا ياشىغان «شەرىئەت ۋە ئىلاھىي مەرىپەت ھەققىدە مەڭگۈلۈك رىسالە» ناملىق ئەسەرنىڭ يازغۇچىسى شەيخ ئەھمەد ئىبنى ئابدۇللاھ سەرھەندى (ھىجرىيە 1024 ـ يىلى تۇغۇلغان)، «ئاللاھنىڭ مۇستەھكەم ھوججىتى، شۈبھىنى كۆتىرىۋېتىش، بۈيۈك نىجاتلىق ۋە ئىنساپ رىسالىسى» ناملىق كىتابلارنىڭ يازغۇچىسى شەيخ ۋەلىيۇللاھ ئىبنى ئابدۇررەھىم دەھلىۋى (ھىجرىيە 1196 ـ يىلى تۇغۇلغان)، « زىھىندىكىلەرنى مۇكەممەللەشتۈرۈش ۋە مۇھەببەتنىڭ سىرلىرى» ناملىق ئەسەرلەرنىڭ ئاپتورى، شەيخ ۋەلىيۇللاھ ئىبنى ئابدۇررەھىمنىڭ ئوغلى شەيخ رەفىئۇددىن (ھىجرىيە 1233 ـ يىلى تۇغۇلغان)، « خەلىپىنىڭ تىكلىنىشى، قاغىشقا ئۇچرىغۇچىلار ۋە توغرا يول» ناملىق ئەسەرلەرنىڭ ئاپتورى شەيخ ئىسمايىل ئىبنى ئابدۇلغەنى ئىبنى ۋەلىيۇللاھ دەھلىۋى (ھىجرىيە 1246 ـ يىلى تۇغۇلغان) قاتارلىق كىشىلەرنى ھېسابقا ئالمىغاندا، يېقىنقى ئەسىرلەردە يېزىلغان مەنبە كىتابلىرىدا مۇتەخەسسىس ۋە تەتقىقاتچى دەپ ئاتالغان ياكى مەلۇم بىر سەنئەت تۈرىگە يېڭىلىق كەلتۈرگەن ۋە ياكى ئىلىمگە يېڭى ئىجادىيەتلەر قوشقان بىرەر شەخسنى كۆرسىتىش مۇمكىن ئەمەس. يېقىنقى ئەسىرلەردە كۆپلىگەن شېئىرلار يېزىلغان بولسىمۇ، ئەقىلگە خىتاب قىلغۇدەك كۈچلۈك بىر شېئىر ياكى كۆڭۈللەرنى مەست قىلغۇدەك بىر قەلەم كۆرەلمىدۇق. ئۇنىڭ ئورنىغا پارلاق كەلىمىلەرگە بولغان ھەۋەس، سۆز ـ ئىبارىلەردىكى مۇبالىغە ۋە پەرداز، پەقەت خۇشامەت قىلىش ئۈچۈن قەلەمگە ئېلىنغان غەزەللەر تۈپەيلى بۇزۇلۇپ پارچىلانغان سوغۇق بىر ئەدەبىيات بىلەن ئۇچراشتۇق. بۇنىڭدىن باشقا، دوستلار ئارىسىدا يېزىلغان مەكتۇپلار ۋە نورمال خەت ـ ئالاقىلەردە تومتاق ئىپادىلەر، مەنبە ۋە تارىخ كىتابلىرىدا كىشىنى بىئارام قىلىدىغان سەنئەت ئۇيۇنى كۆرۈۋاتىمىز.

ئوقۇتۇش ساھەسىدىكى مەنزىرىنىڭمۇ باشقىلىرىدىن پەرقى يوق.

بۇرۇنقى ئالىملارنىڭ ئاممىباب تىلدا يېزىلغان ئەسەرلىرىنىڭ ئورنىغا كېيىنكى ئالىملارنىڭ چۈشىنىكسىز تىلدا يېزىلغان ئەسەرلىرى ئالماشتى. بۇ ئەسەرلەر قەغەز تېجەش مەقسىتىدە يازغۇچىلىرى تەرىپىدىن بىرمۇنچە ئىزاھ، شەرھى، خۇلاسە، چۈشەندۈرۈش ۋە تېكىستلەر بىلەن تولدى. بەتلەرگە تىنىش بەلگىلىرى قويغۇدەك يەر قالمىدى. ئاپتورلار بۇ ئەسەرلىرىنى يازغاندا، جۈملە - ئابزاسلارنىڭ مۇرەككەپ ۋە چۈشىنىكسىز بولۇشىنى ئۆزلىرىنىڭ پرىنسىپى قىلىۋالغان ئىدى. ئەسەرلىرىنى ئۆتمۈشنى ئۇنتۇلدۇرىدىغان سەنئەت ئۇقۇمىدا يازغان ئىدى. مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى ئىسلام ئالىمىنى ۋابا كېسىلىدەك قاپلاپ، تومۇرلارغىچە سىڭىپ كىرگەن ئىلمىي ۋە ئىدىيىۋى چېكىنىشتىن خەۋەر بېرىۋاتاتتى.

## ئوسمانىيلار ئىمپېراتورلۇقىنىڭ شەرقتىكى زامانداشلىرى

ئوسمانىيلار ئىمپېراتورلۇقىنىڭ شەرقتە قۇۋۋەتلىك، زاماندىش ئىككى قوشنا دۆلىتى بار ئىدى. بۇلاردىن بىرى، بابۇر شاھ قۇرغان موغۇل ئىمپېراتورلۇقى (933/1547) ئىدى. بابۇر شاھ تېمۇر سۇلتان بىرىنچى سەلىمنىڭ زاماندىشى ئىدى. موغۇل ئىمپېراتورلۇقىنىڭ تەختىگە شۆھرىتى، قۇۋۋىتى، جەڭ كۈچى ۋە قولغا كىرگۈزگەن تۇپراقلارنىڭ كەڭلىكى بىلەن دۇنيادا داڭق چىقارغان بۈيۈك مۇسۇلمان ھۆكۈمرانلار چىقتى. بۇلارنىڭ ئەڭ بۈيۈكى ئۆرنەك زىب بولۇپ، موغۇل تەختىدە ئولتۇرغان ھۆكۈمرانلار ئىچىدە ئەڭ ئىقتىدارلىق، ئەڭ كۆپ تۇپراق ئىگىلىگەن، ئەڭ بۈيۈك ئىستىلاچى، ئەڭ دىندار، كىتاب ۋە سۈننەتكە ئەڭ رىئايە قىلغىنى شۇ ئىدى. ئۇ تەختتە 50 يىل ئولتۇردى.

ھىجرىيە 1118 ـ يىلى (18 ـ ئەسىرنىڭ) باشلىرىدا ۋاپات بولدى. ياۋروپا تارىخىدا بۇ ئەسىر ھەقىقەتەن ئەھمىيەتلىك ئەسىر ئىدى. ئەمما ياۋروپادا يۈز بېرىۋاتقان چوڭ ـ كىچىك ھادىسىلەردىن، تەرەققىيات ۋە ئالغا ئىلگىرىلەشلەردىن ھەم ئۆزلىرى ھەم ئەۋلادلىرى خەۋەرسىز ئىدى. ھەتتا ياۋروپالىق سودىگەر، دوختۇر ۋە ئەلچىلەر بۇ يىراق مەملىكەتلەرگە ئاز كەلگەنلىكىدىن ئۇلارنى

كەمستەتتى ۋە پەس كۆرەتتى.

ئوسمانىيلار ئىمپېراتورلۇقىغا زاماندash ئىككىنچى بىر دۆلەت ئافغانىستاندىكى سافاۋىلەر دۆلىتى ئىدى. بۇ دۆلەت ئالغا باسقان، مەدەنىي دۆلەت ئىدى. ئەمما شىئە مەزھىبىدە بولغاچقا، بەزىدە ئوسمانىيلار ئىمپېراتورلۇقىغا ھۇجۇم قىلاتتى ۋە بەزىدە مۇداپىئەگە ئۆتۈپ قالاتتى.

بۇ ئىككى دۆلەت ئۆز تېررىتورىيىلىرى ئىچىگە بېكىنىپ، دۇنيا بىلەن بولغان ئالاقىسىنى ئۈزگەچكە، غەرب ئۇيايقتا تۇرسۇن، شەرقتىكى قوشنا ئەللەردە يۈز بېرىۋاتقان ۋەقەلەردىنمۇ بىخەۋەر ئىدى. يات دۆلەتلەرلا ئەمەس، ئىسلام مەملىكەتلىرىدىكى ھادىسىلەردىنمۇ خەۋەرلىرى يوق ئىدى. بىر - بىرىگە ياردەم بېرىش ۋە بىرلىشىش دېگەنلەر ھېچبىرىنىڭ خىيالىغا كىرىپ چىقمايتتى. شۇنىسى ئېچىنىشلىقكى، شەرق مەملىكەتلىرى ۋە مەلۇم شەخسلەرگە تەئەللۇق ھۆكۈمەتلەردىكى بۇ قالايمىقانچىلىق، دادا[1] ۋەسىيىتىگە ئوخشاش نەسىلدىن نەسىلگە مىراس قالاتتى. خۇددى شۇنىڭدەك ياۋروپانىڭ ئۆزۈش تېخنىكىسى ۋە ئىلمىنى تەتقىق قىلىش، ئىلىم ۋە سەنئەتنى سىرتتىن نەقىل ئېلىش قاتارلىقلار بۇ ئەسىردە ھېچكىمنىڭ ئەقلىگە كىرمەيتتى.

## جاھالەتكە پاتقان ياۋروپانىڭ تەرەققىي قىلىشى، تەبىئىي پەن ۋە تېخنىكا ساھەلىرىدىكى ئىلگىرىلەشلىرى

مىلادى 16 - ۋە 17 - ئەسىرلەر ئىنسانىيەت تەرەققىيات تارىخىنىڭ ئەڭ مۇھىم دەۋرلىرىدۇر. بۇ ئەسىرلەردە ياۋروپا ئۇزۇن ئەسىرلىك ئۇيقۇسىدىن ئويغاندى. ياتقان يېرىدىن سەكرەپ تۇرۇپ، غەپلەت ۋە جاھالەتتە ئۆتكەن ۋاقىتلىرىنىڭ ئورنىنى تولدۇرۇشقا، مەقسەت - نىشانىغا قاراپ تېز ئىلگىرىلەشكە، ئەڭ توغرىسى، قاناتلىرىنى بار كۈچى بىلەن قېقىپ ئۇچۇشقا باشلىدى. ئۇلار يەر يۈزىدىكى پۈتۈن كۈچ - قۇۋۋىتى ئۆز چاڭگىلىغا ئېلىپ، كائىناتنىڭ سىرلىرىنى ئېچىشقا، يېڭى - يېڭى قىتئەلەر ۋە دېڭىزلارنى تېپىپ، ئىلىمدە، تېخنىكىدا

ۋە ھاياتنىڭ پۈتۈن ساھەلىرىدە يېڭى كەشپىياتلارنى بارلىققا كەلتۈرۈشكە يۈزلەندى. بۇ قىسقا مۇددەت ئىچىدە ئىلىمنىڭ ھەر تارمىقىدا كوپېرنىك، برۇنىي، گالىلىي، كوپلېر، نيوتونغا ئوخشاش ئالىم ۋە داھىيلار يېتىشىپ چىقتى. بۇلاردىن باشقا، كونا نىزامنى ئۆرۈپ تاشلاپ، ئۇنىڭ ئورنىغا يېڭى نىزام ئورناتقان، ئىلىمدە يېڭى دەۋرلەر ئاچقان بۈيۈك شەخسلەر بىلەن بىللە كولۇمبو، ماگېللان ۋە ۋاسكو دەگاماغا ئوخشاش كەشپىياتچى ۋە سەيياھلار يېتىشتى. بۇ دەۋردە بەزى مىللەتلەرنىڭ تارىخى يوقلىلىش ئالدىدا تۇراتتى. بەزى مىللەت ۋە جەمئىيەتلەرنىڭ يۇلتۇزلىرى ئۆچسە، بەزىلىرىنىڭ يېڭىدىن پارلاۋاتاتتى. ئۆچكەنلەر پارلاپ، پارلىغانلار ئۆچۈۋاتاتتى. ئۇ دەۋردە بىر سائەت بىر كۈن ياكى بىر نەچچە كۈن بىلەن باراۋەر ئىدى. بىر كۈن بولسا، بىر يىل ئەمەس، بىر ئەسىر قىممىتىدە ئىدى. بىر سائەتنى بوش ئۆتكۈزگەن بىر ئەسىرنى بوش ئۆتكۈزگەنگە ئوخشايتتى.

## مۇسۇلمانلارنىڭ ئىجتىمائىي ھاياتتىكى چېكىنىشى

ئەمما بۇ دەۋردە مۇسۇلمانلار سائەتلەر، كۈنلەر ئەمەس، ئەسىرلەر، نەسىللەر بويى بىكار ئۆتتى. قارشى تەرەپتىكى ياۋروپا مىللەتلىرى ھەر مىنۇت - سېكۇنتنى قەدىرلەپ، ھايات سەھنىسىنىڭ ھەر تەرىپىگە سالماق قەدەملەر بىلەن ئىلگىرىلىدى، بىر قانچە يىللىق قىسقا ۋاقىت ئىچىدە بىر قانچە ئەسىرنىڭ بوشلۇقىنى تولدۇردى.

تۈركىيەدە ئىلىم ۋە سەنئەتتىكى تۇرغۇنلۇقنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان ھادىسىلەردىن بىرى، كېمە ياساش تېخنىكىسىنىڭ تۈركىيەگە مىلادى 16 - ئەسىردە، مەتبەئەنىڭ بولسا، دۆلەت پايتەختىگە خۇددى كارانتىن قىلىنىدىغاندەك، 18 - ئەسىردە ئاندىن كېلىشى ئىدى. شۇنىڭغا ئوخشاش ئۇرۇش تېخنىكىسى ھەققىدە تەلىمات بېرىدىغان مەكتەپلەرمۇ تۈركىيەدە 18 - ئەسىردە ئېچىلدى. بۇ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا تۈركىيە سانائەت ۋە كەشپىياتتىن

تامامەن مەھرۇم قالدى. ھەتتا ئىستانبۇل ئاسمىنىدا ئۇچقان شارلارنى كۆرۈپ، ئۇلارنى ھىيلە ۋە سېھىر ئىشى دەپ ئويلاشقان ئىدى. ياۋروپادىكى كىچىك دۆلەتلەر چېغىدا تۇرمۇشلىرىدا راھەت ـ پاراغەتكە ئېرىشىپ، مەدەنىيەت ئاساسلىرىغا مەھكەم باغلىنىپ، تۈركلەرنى ئۆزلىرىنىڭ ئارقىسىغا تاشلاپ قويدى. ھەتتا مىسىردا تۈركىيەدىن تۆت يىل بۇرۇن رېلىس ياتقۇزۇلۇپ، پويىز قاتناشقا باشلىدى. ئۇندىن باشقا مىسىر تۈركىيەدىن بىر قانچە ئاي بۇرۇن ئۆزىنىڭ پوچتا ماركىسىنى قوللىنىشقا باشلىغان ئىدى.

## مۇسۇلمانلارنىڭ ئۇرۇش تېخنىكىسىدىكى كەمچىلىكلىرى

مۇسۇلمانلار پەقەت تەبىئىي پەن، پەلسەپە ۋە زامانىۋى ئىلىمدىلا ئەمەس، بەلكى ھەر ساھەدە ئارقىدا قالغان ئىدى. ھەتتا تۈركلەر ئۇرۇش تېخنىكىسىدىمۇ ياۋروپادىن كېيىن قالغان ئىدى. ھالبۇكى، تۈركلەر تېخى يېقىنقى زامانلارغىچە جەڭ سەنئىتىدە ياۋروپالىقلارغا ئۇستازلىق قىلىۋاتاتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، تۈركلەرنىڭ ئۇرۇش تېخنىكىسىدىكى ئۇستىلىقى ۋە قابىلىيىتىنى پۈتۈن دۇنيا قوبۇل قىلاتتى. ئەمما ياۋروپا ئىجاد، ھەرىكەتچانلىق ۋە ئىنتىزامچانلىقى بىلەن تۈركلەرنىڭ ئالدىغا ئۆتتى. ھەتتا ياۋروپانىڭ زامانىۋى ئۇسۇللار بىلەن تەربىيىلىگەن قوشۇنى 1774 ـ يىلى ئوسمانىيلار ئىمپېراتورلۇقى قوشۇنلىرىنى ئېغىر تالاپەتكە ئۇچراتتى. بۇ ئارقىلىق ياۋروپا ئۇرۇش مەيدانىدىكى ئۇستۇنلۇكىنى ئېلان قىلدى. بۇ ۋەقەدىن كېيىن، ئوسمانىيلار ھۆكۈمىتى بىر ئاز سەگەكلىشىشكە باشلىدى. قوشۇنلىرىنىڭ ئىنتىزامى ۋە ئەسكەرلەرنىڭ تەربىيىلىنىشى ئۈچۈن دەرھال ياۋروپادىن مۇتەخەسسىسلەر كەلتۈرۈلدى. ئۈچىنچى سەلىم سۇلتان 19 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئىسلاھات ھەرىكەتلىرىگە باشلامچىلىق قىلدى. ئۇ ئوقۇمۇشلۇق شەخس بولۇپ، ئۆزىدىن بۇرۇنقى ھۆكۈمرانلارغا ئوخشىمىغان ھالدا ساراي سىرتىدا ئوقۇپ يېتىشكەن ئىدى. ئۇ يىگىتىدىن مەكتەپلەر ئاچتى. ئۆزى شەخسەن ئىنژېنېرلىق مەكتىپىدە ئوقۇتقۇچىلىق قىلدى. زامانغا لايىق قوشۇن

تەربىيىلىدى. سىياسىي تېمىلاردا بىر قىسىم ئۆزگەرتىش ۋە تولۇقلاشلارغا كىرىشتى. تۈركلەرنىڭ مۇتەئەسسىپلىك ۋە كونىلىقنى ياقىلاش ئىدىيىلىرى ھەر تەرەپتىن تەرەققىي قىلىپ ئاخىرقى چەككە يەتتى.

نىھايەت، يەنىچەرىلەر (يېڭى چېرىكلەر) ئۈچىنچى سەلىمگە قارشى قوزغىلىپ، ئۇنى ئۆلتۈردى. ئۇنىڭ ئورنىغا 1807 ـ يىلدىن 1839 ـ يىلىغىچە تەختتە ئولتۇرغان ئىككىنچى مۇھەممەدخان، ئۇنىڭدىن كېيىن، بىرىنچى ئابدۇلمەجىدخان (1839- 1851) تەختكە چىقتى. ئىككىنچى سەلىم ۋە بىرىنچى ئابدۇلمەجىدخانلار ئۈچىنچى سەلىم باشلاپ بەرگەن ئىسلاھات ھەرىكەتلىرىنى داۋاملاشتۇردى. بۇ ئارقىلىق تۈركىيە بىر مۇنچە ساھەلەردە خېلى كۆپ تەرەققىيات نەتىجىلىرىگە ئېرىشتى.

مۇسۇلمان تۈركلەرنىڭ تەرەققىيات ۋە ھەرىكەت ساھەسىدىكى ئالغان مۇساپىلىرى بىلەن ياۋروپانىڭ 18 ـ، 19 ـ ئەسىرلەردە ئالغان مۇساپىلىرىنى سېلىشتۇرساق، ئارىدىكى قورقۇنچلۇق پەرق ئۆزلۈكىدىن ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. ياۋروپا بىلەن مۇسۇلمان تۈركلەر ئارىسىدىكى بۇ سېلىشتۇرما تاشپاقا بىلەن توشقان ئارىسىدىكى مۇسابىقىگە ئوخشايتتى. توشقان سەگەك ۋە ھەرىكەتچان ئىدى. تاشپاقا بولسا، كۆزىنى ئۇيقۇدىن ئاچالمايتتى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# تۆتىنچى قىسىم

# ياۋروپا دەۋرى

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# بىرىنچى بۆلۈم

# ماتېرىيالىست ياۋروپا

## ياۋروپا مەدەنىيىتى ۋە تارىخى

ھۆكۈمرانلىق مۇسۇلمان مىللەتلەردىن ياۋروپا مىللەتلىرىنىڭ قولىغا ئۆتكەندىن كېيىن، دۇنيا چۇشەنچىسىدە، مىللەت ۋە خەلقلەرنىڭ ئەخلاقىي، مەدەنىي ساھەلىرىدە، ئىجتىمائىي ھاياتتا، ئىنسانلارنىڭ ھەرىكەت جەريانىدا قانداق تەسىرلەر پەيدا بولغانلىقىنى، بۇ ئۆزگىرىش نەتىجىسىدە ئىنسانىيەتنىڭ نېمىگە ئېرىشكەنلىكىنى، پايدىسى جىق بولدىمۇ ياكى زىيىنىمۇ دېگەننى ئېنىقلاشتىن بۇرۇن، غەرب مەدەنىيىتىنىڭ ماھىيىتىنى، ئەھۋالىنى، روھىنى ۋە بۇ مىللەتلەرنىڭ ھايات پەلسەپەسىنى ۋە بۇ ھاياتنىڭ قانداق پەيدا بولۇپ، تەرەققىي قىلغانلىقىنى بىلىشىمىز كېرەك.

20 ـ ئەسىر غەرب مەدەنىيىتى ياۋروپانىڭ زۇلمەتلىك دەۋرلىرىنىڭ ئىزىنى باسقان ئاخىرقى ئەسىرلەرنىڭ مەھسۇلاتىمۇ ئەمەس، بەزىلەرنىڭ دېگىنىدەك ياكى ئۇيلىغىنىدەك يېڭى پەيدا بولغان ئالاھىدە نەرسىمۇ ئەمەس. ياۋروپا مەدەنىيىتى نەچچە مىڭ يىللىق تارىخقا ئىگە بولۇپ، ئەسلىدە يۇنان ۋە رىم مەدەنىيىتىنىڭ داۋامى ۋە بۇ ئىككى مەدەنىيەتنىڭ سىياسىي، ئىدىيۋى ۋە مەدەنىي ئاساسلىرىنىڭ ئۈستىگە قۇرۇلغان. يۇنان ۋە رىم مەدەنىيىتىنىڭ سىياسىي نىزامىنى، ئىجتىمائىي پەلسەپىسىنى ئىلمىي ۋە ئىدىيۋى مىراسىنى ئېقىتىماي ـ تېمىتماي، ھەممىنى ئۆزىگە قوبۇل قىلغان.

بۇ مەدەنىيەتنىڭ كۆز قاراشلىرىنى، ئالاھىدىلىكلىرىنى، ئارزۇ ـ ئىستەكلىرىنى 20 ـ ئەسىر مەدەنىيىتىگە سىڭىپ ئەكىردى. ھەتتا قان ـ قېنىغىچە، ھۈجەيرىلىرىگىچە سىڭدۈردى. شۇنى دەرھال بىلدۈرۈپ قويايكى، يۇنان مەدەنىيىتى ياۋروپا چۈشەنچىسىنىڭ تۈنجى پارلاق نۇرى، شۇنداقلا تارىختا يېزىلغان تۇنجى مەدەنىيەتتۇر.

يۇنان مەدەنىيىتى بۈگۈنكى ياۋروپا پەلسەپەسىنىڭ ئاساسىنى شەكىللەندۈردى. ياۋروپا پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن بۇنى ئىپادىلەيتتى. يۇنان مەدەنىيىتىنىڭ خارابىسى ئۈستىگە رىم مەدەنىيىتى پەيدا بولدى. ئۇمۇ پەقەت بىرلا روھنى ـ ياۋروپا روھىنى ئىپادىلەيتتى. ياۋروپا مىللەتلىرى يۇنان مەدەنىيىتىنىڭ ئىدىيىسىنى، ئەدەبىياتىنى، ئىلمىي ئاساسلىرىنى ۋە ئالاھىدىلىكلىرىنى قىممەتلىك مىراس سۈپىتىدە قوغدىدى. ئاخىرى، بۇ مەدەنىيەت 19 ـ ئەسىردە كۆز قاماشتۇرغۇچى پارقىراق تونلار بىلەن ھايات سەھنىسىگە چىقتى. رەڭدارلىقى ۋە كۆز چاقنىتىدىغان گۈزەللىكى بىلەن دەماللىقا يېگى توقۇلغان رەختنى ئەسلىتىدىغان بۇ تون ئەسلىدە يۇنان ۋە رىم مەدەنىيىتىنىڭ كۆچۈرۈلگەن نۇسخىسىدىن باشقا بىر نەرسە ئەمەس ئىدى.

بۇ يەردە غەرب مەدەنىيىتىنى چوڭقۇر تەتقىق قىلىپ، 20 ـ ئەسىرنى باھالىيالىشىمىز ئۈچۈن، ھەممىدىن ئاۋۋال، يۇنان ۋە رىم مەدەنىيەتلىرىنىڭ روھىنى ۋە ماھىيىتىنى ناھايىتى ياخشى بىلىشىمىز كېرەك.

## يۇنان مەدەنىيىتىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى

قەدىمكى يۇنان مىللىتى ئىلىم ۋە ئەدەبىياتتىكى قابىلىيىتى، ئىدىيە ـ تەپەككۇرىدىكى ئىلغارلىقى، ئەقىل ـ پاراسىتىنىڭ ئۈستۈنلۈكى بىلەن دۇنيانىڭ ئەڭ نادىر مىللەتلىرىدىن بىرى ئىدى. بۇ مىللەت پەلسەپە ۋە ئەدەبىياتى ئارقىلىق يېتىشتۈرگەن كۆپلىگەن ئەدىب، پەيلاسوپ ۋە راھىبلىرى بىلەن

دۇنيادا تەڭداشسىز رول ئوينىغان ئىدى. ئۇلار ئوتتۇرىغا چىقارغان ئەسەرلەر دۇنيا كۇتۇپخانىلىرىنى ھېلىمۇھەم تولدۇرۇپ تۇرماقتا...

بۇ يەردە بىز بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغىنى بۇ مىللەت مەيدانغا كەلتۈرگەن مەدەنىيەتتۇر. ئەگەر بۇ مەدەنىيەتكە باشقا مەدەنىيەتلەر بىلەن ئورتاق بولغان تەرەپلىرىنى چىقىرىۋېتىپ، تەنقىد كۆزى بىلەن قاراپ، ئۇنىڭ ماھىيىتى ۋە خۇسۇسىيەتلىرىنى كۆزىتىدىغان بولساق، باشقا مەدەنىيەتلەردىن، بولۇپمۇ شەرق مەدەنىيىتىدىن تۆۋەندىكىدەك ئارتۇقچىلىقلارغا ئىگە ئىكەنلىكىنى كۆرەلەيمىز.

1 ـ سەزگۈ ئەزالىرى بىلەن ھېس قىلغان نەرسىلەرگە ئىشىنىش، بۇلاردىن باشقىسىغا ئەھمىيەت بەرمەسلىك.

2 ـ دىنغا ۋە ئاللاھ ئېتىقادىغا بەك ئېتىبار قىلماسلىق.

3 ـ دۇنيا ھاياتى ۋە نېئمەتلىرىگە ھەددىدىن ئارتۇق بېرىلىش.

4 ـ ۋەتەن سۆيگۈسى.

بۇ ئوخشىمىغان خۇسۇسىيەتلەرنى بىر سۆز بىلەن يىغىنچاقلاش مۇمكىن. ئۇ بولسىمۇ، ماتېرىيالىزم. يۇنان مەدەنىيىتىنىڭ ئاساسىي ماددا بولۇپ، بۇ خۇسۇسىيەت يۇنان مەدەنىيىتىنىڭ ئەنئەنە، ئىلىم، پەلسەپە، شېئىر، دىن ۋە باشقا ھەر ساھەسىدە ئوچۇق كۆرۈنەتتى. شۇڭا يۇنانلار ئاللاھنىڭ قۇدرىتى ۋە سۈپەتلىرىنى ھەرخىل ئىلاھلار شەكلىدە تەسەۋۋۇر قىلىپ، كۆپلىگەن ھەيكەل ۋە ئىبادەتخانىلارنى ياسىدى. رىزىق، رەھمەت ۋە غەزەپ ئۈچۈن ئايرىم ـ ئايرىم ئىلاھلار قىلىۋالدى. ئاندىن ماددىي جىسىملاردا بولغان بارلىق خۇسۇسىيەتلەرنى ئىلاھلارغا كىيدۈردى.

ئۇلارنىڭ ئەتراپىدا بىر يۈرۈش خۇراپىيلىق ۋە ئەپسانىلەر تورى شەكىللەندۈردى. ئابستراكت ئۇقۇملارنى ئۆز قاراشلىرى ئاساسىدا چىقىرىپ،

www.uyghurkitap.com

ماددىي جىسىم ۋە شەكىللەر ھالىتىدە تەسەۋۋۇر قىلىشتى. ئاشىق ۋە گۈزەللىك تەڭرىلىرى بار ئىدى. بۇ ئارقىلىق ئارىستو پەلسەپەسىنىڭ "كون ئاقىل" ۋە "توققۇز پەلەك" نىزامى يۇنان روھىنىڭ ئاساسىنى تەشكىل قىلغان ماتېرىيالىزمىنىڭ كەم بولسا بولمايدىغان تەركىبلىرى بولۇپ قالدى.

ياۋروپا ئەدىبلىرى ماتېرىيالىزمنىڭ يۇنان مەدەنىيىتىدىكى ھۆكۈمرانلىقىنى تولۇق قوبۇل قىلغان بولۇپ، ھەتتا ئىلمىي تەتقىقاتلىرى ۋە كىتابلىرىدىمۇ بۇ ھەقتە توختالغان ئىدى. گېرمانىيە ئالىمى، دوكتور خائاس جەنۋەدە: "ياۋروپا مەدەنىيىتىنىڭ ماھىيىتى نېمە؟" دېگەن تېمىدا ئۈچ قېتىم دوكلات بەردى. بۇ ئالىم غەرب مەدەنىيىتىنىڭ شەرقنىڭ تەسىرىدىن يىراق، ئىلغار مەدەنىيەت ئىكەنلىكىدە چىڭ تۇرىدىغانلاردىن بىرى ئىدى. بىز بۇ يەردە ئۇنىڭ دوكلاتىدىن تېمىمىزغا مۇناسىۋەتلىك تەرەپلىرىنى قىسقىچە خۇلاسىلەپ بېرىمىز:

"يۇنان مەدەنىيىتى زامانىمىز غەرب مەدەنىيىتىنىڭ مۇتلەق كۆپىنى تەشكىل قىلماقتا، يۇنان مەدەنىيىتىگە تەئەللۇق كىشىلەرنىڭ نەزىرىدە مۇھىم بولغىنى ئىنساندىكى كۈچلەرنىڭ مۇناسىپ شەكىلدە تەرەققىي قىلىشىدۇر. ئۇلار ئۈچۈن ئەڭ غايىۋى نەرسە مۇتاناسىپ ۋۇجۇدتۇر. بۇلارنىڭ ھەممىسى ھېس - تۇيغۇ ئالىمىگە ھەددىدىن زىيادە ئېتىبار بەرگەنلىكىنىڭ نەتىجىسىدۇر. قەدىمكى يۇنانلار گىمناستىكا، تەنتەربىيە، ئۇسسۇل ۋە بۇنىڭغا ئوخشاش پائالىيەتلەرگە بەكمۇ ئەھمىيەت بېرەتتى. شېئىر، ناخشا، ھەيكەل، رەسىم، پەلسەپە ۋە تەبىئەت ئىلىملىرىگە ئوخشاش زېھنىي سەنئەتلەردە بەلگىلىك دەرىجىدە ئالغا باسقان ئىدى. زېھنىي تەرەققىياتى ھېچقاچان ۋۇجۇد تەرەققىياتىغا توسقۇنلۇق قىلمىغان ئىدى. دىن روھىي ۋە مەنىۋىي قىممەت - قاراشلاردىن تامامەن يىراق ئىدى. ئۇ يەردە دىنىي ۋە روھانىي سىنىپلار يوق ئىدى. ئەرفىس ۋە باشقىلىرىنىڭ ئۆرپ - ئادەتلىرىدە كۆرۈلگەن روھىي شەكىللەر شەرقتىن قوبۇل قىلىنغان بولۇپ، بۇلارنى يۇنان مەدەنىيىتىگە دۆڭگەپ قويۇش توغرا ئەمەس".

نۇرغۇنلىغان ياۋروپا ئالىمى قەدىمكى يۇنان دىنىنىڭ يەڭگىللىكى، تائەت -

ئىبادەتنىڭ ئازلىقى، ھەرىكەتلەرنىڭ ھەر خىللىقى، ئويۇن ـ تاماشا ۋە ئەيش ـ ئىشرەتنىڭ كۆپلۈكى ھەققىدە خېلى كۆپ نەرسىلەر سۆزلىنگەن ئىدى. مەسىلەن، لىكىي: "ياۋروپانىڭ ئەخلاق تارىخى" ناملىق ئەسىرىدە مۇنداق يازغان ئىدى: "يۇنان ھەرىكىتى پەقەت ئەقلىي ۋە زېھنىي ئىدى. مىسىر ھەرىكىتى دەل بۇنىڭ ئەكسىچە، روھىي ۋە مەخپىي ئىدى". رىملىق يازغۇچى ئەبۇلىس مۇنداق دېگەن: "مىسىرلىقلار ئەگرىلىرىگە يىغلاپ، يالۋۇرۇپ تۇرۇپ ئىبادەت قىلاتتى. يۇنانلار بولسا، ناخشا ئېيتىپ، ئۇسسۇل ئويناپ ئىبادەت قىلاتتى. شۈبھىسىزكى، يۇنان تارىخى بۇنى ئىسپاتلىماقتا. روھىدا ئىبادەت ۋە تەقۋا قورقۇنچى بولغان ھالدا يۇنان دىنى ۋە ئەنئەنىلىرىدەك كەيىپ ـ ساپا ۋە كۆڭۈل ئېچىش مۇراسىملىرى ئىچىگە غەرق بولغان باشقا بىر دىننى كۆرسىتىش مۇمكىن ئەمەس. يۇنانلار ئاللاھقا پەقەت ئۆز ئۇلۇغلىرىغا كۆرسىتىدىغان ئۇلۇغلاش ۋە ھۆرمەتنىلا كۆرسەتەتتى. ئاللاھقا تەزىم ۋە ئىبادەت قىلغاندا، كونا ئادەتلەر ۋە كۆڭۈلۈك پائالىيەتلىرى بىلەنلا قانائەتلىنەتتى.

يۇنانلىقلارنىڭ شۇنداق ئىلاھىي پەلسەپىلىرى ۋە ئەقىدىلىرى بار ئىدىكى، بۇلارنىڭ يېنىدا ئاللاھقا ئىبادەت قىلىش، ئۇنىڭغا بويۇن ئېگىش، دۇئا قىلىش، ئۇنىڭدىن پاناھلىق تىلەش ۋە ئۇنىڭدىن كەلگەن ھەر نەرسىگە سەۋر ـ تاقەت قىلىش قاتارلىق ئىشلار بەكمۇ غەيرىي تۇيۇلاتتى. كىم ئاللاھنىڭ سۈپەتلىرىنى يوققا چىقىرىپ، ئۇنى ھورۇن دېسە، ئۇنىڭ تاللاش، يوقتىن بار قىلىش، يارىتىش ۋە كائىناتنى ئىدارە قىلىش قۇدرىتىنى ئىنكار قىلىپ، بۇ ئالەمنى "پائال ئەقىل ۋە پەلەكلەرنىڭ ھەرىكىتى" دەپ نام بەرگەن پرىنسىپلىرىغا باغلىسا، ئۇ ئادەم بۇ ئەقىدىنىڭ شەرتى بويىچە رېئال ھاياتتا ئاللاھقا ئۆرپ ـ ئادەتلىرىدىنمۇ بەكرەك ئېتىبار بەرمەيدۇ دېمەكتۇر. شۇنداقلا ئاللاھقا دۇئا قىلمايدۇ، ئۇنىڭدىن قورقمايدۇ، ئۇنى سۆيمەيدۇ. ئۇنىڭ ئۇلۇغلۇقى ئالدىدا بويۇن ئەگمەيدۇ، قايغۇلۇق پەيتلەردە ئۇنىڭدىن ياردەم تىلىمەيدۇ. ئۇنىڭغا مىننەتدارلىق بىلدۈرمەيدۇ، يالۋۇرمايدۇ. نەتىجىدە، ئاللاھنى ئىلاھ ۋە رەببى سۈپىتىدە تونۇمايدۇ دېمەكتۇر.

ئەگەر يۇنانلىقلارنىڭ ئاللاھقا ئىبادەت قىلمىغانلىقلىرىنى، دىنىي ئىبادەتلىرى ۋە ھەرىكەتلىرىنىڭ روھسىز جەسەتلەرگە ئوخشاش ئىكەنلىكىنى، ئاللاھقا پەقەت بۈيۈكلىرىگە كۆرسىتىدىغان ئۇلۇغلاش ۋە ھۆرمەتنىلا كۆرسىتىدىغانلىقىنى تونۇساق، ئەسلا غەلىتىلىك ھېس قىلمايمىز. ئەمما يۇنانلىقلارنىڭ دۇنيا ھاياتىغا ۋە كەيپ - ساپاغا ھەددىدىن زىيادە بېرىلىپ كېتىشلىرى، گۈزەل - سەنئەت دەپ ئاتىۋالغان ناخشا - مۇزىكا، ھەيكەل ۋە رەسىملەرگە دەرىجىدىن تاشقىرى ھېرىسمەنلىكى، ئالىم ۋە يازغۇچىلارنىڭ شەخسى ئەركىنلىك نامى ئاستىدا ھەرقانداق چەكلىمىگە قارىماي ئېغىزلىرىغا كەلگەننى جۆيلۈپ، جەمئىيەتتە قالايمىقانچىلىق چىقىرىشى قاتارلىقلار جەمئىيەت قۇرۇلمىسى ۋە ئەخلاق ئۆلچىمىدە ساقايماس يارا پەيدا قىلدى. شۇنىڭ بىلەن، ئەخلاقىي سەپتە چوڭ ئىسيان چىقتى. بارلىق نىزاملاردا ئىنقىلاب مەيدانغا كەلدى. جۇمھۇرىيەتچىلەر (ھۆر ۋە ئىلغار كىشىلەر قەست قىلىنىدۇ)نىڭ بىردىنبىر غايىسى ئازغۇن شەھۋەتلىرىنىڭ ئارقىسىدىن يۈگۈرۈش، كەيپ - ساپا ئالەمىگە شۇڭغۇش، ھاياتقا ئېچىرقىغان ھېرىس بىلەن باغلىنىش ئىدى. ئەپلاتون "دۆلەت" ناملىق كىتابىدا سوقراتنىڭ جۇمھۇرىيەتچىلەرنى تەسۋىرلىگەن قۇرلىرىنى نەقىل كەلتۈرگەن ئىدى. سوقرات جۇمھۇرىيەتچىلەرنى شۇ قەدەر ياخشى تەسۋىرلىگەنىكى، خۇددى سوقرات دەۋرىمىزنىڭ تەنقىدچىسى بولۇپ، ياۋروپا شەھەرلىرىدىن بىرىدە ياشاۋاتقان 20 - ئەسىر ياشلىرىنى تەسۋىرلىگەندەك قىلاتتى.

"ئەگەر جۇمھۇرىيەتچىلەرگە: خۇشاللىق ۋە بەختنىڭ بىر قىسمى ئارزۇلاردىن ئىبارەت بولۇپ، بۇلار ياخشى ۋە ھۆرمەتلەشكە لايىقتۇر. باشقا بىر قىسمى شەھۋەتلەردىن ئىبارەتتۇر ۋە بۇلار ياماندۇر. بىرىنچىسىگە لايىق رەۋىشتە ئەمەل قىلىپ، ھۆرمەت بىلدۈرۈش، ئىككىنچىسىدىن نەپرەتلىنىپ، يىراقلىشىش كېرەك، - دېيىلسە، جۇمھۇرىيەتچى مەمەدانلار بۇ توغرا قانۇننى قوبۇل قىلمايدۇ، ھەتتا قۇلاقمۇ سالمايدۇ. بۇ ھەققەتلەرنى ئۇلارغا ئاڭلاتماقچى بولسىڭىز، سىزنى مەسخىرە قىلىدۇ، ھەرقانداق ئارزۇنىڭ ئوخشاش (تەڭداش)



www.uyghurkitap.com

ئىكەنلىكىنى، ھۆرمەتلىنىشتە ھېچقايسىسىنىڭ بىر - بىرىدىن پەرقى يوقلۇقىنى ئېيتىدۇ ۋە يەنىلا كۆڭلىرىنى شەھۋەتلىرىنىڭ ئارقىسىدىن پالاقشىپ يۈرۈپ ئۆتكۈزىدۇ. بىر كۈنمۇ راھەت ئىچىدە ئۆتمەيدۇ. ئۇلارنى بىر كۈن ئۇلتۇرۇپ ناخشا ئاڭلاۋاتقان، يەنە بىر كۈنى سۇغا قانائەت قىلىپ روزا تۇتۇۋاتقان، بەزىدە تەربىيە ۋە ئەخلاقنىڭ تەسىرىدە مۇلايىملاشقان، بەزىدە ھەممىنى تەرك ئەتكەن، غېرىب ۋە ھۇرۇن، بەزىدە پەيلاسوپ بولۇپ قالغان، بەزىدە سىياسەتكە ئارىلىشىپ ئۆز ئورنىغا لايىق ئۇتتۇقلارنى سۆزلىگەن، بەزىدە جەڭ تەدبىرلىرى ۋە ئەسكەرلەرنى كۆككە ئۇچۇرۇپ، ئۇلارغا كۆڭۈل بۆلگەن ۋە بەزىدە يول تاپقان سودىگەرلەرگە ھەۋەسلىنىپ تىجارەتكە ماڭغان، مىجەز - خۇلقى تۇراقسىز ئىنسانلار ھالىتىدە كۆرىسىز. ھاياتلىرىدا تەرتىپ - ئىنتىزام دېگەن نەرسە يوق، ئەمما ئۇلار بۇ ھاياتنى بەكمۇ راھەت ۋە ئاددىي چاغلايدۇ ۋە ھاياتنىڭ ئاخىرىغىچە شۇنداق ياشايدۇ".

ياۋروپانى ئۆزگىچە خاراكتېرغا ئىگە قىلغان ئۇقۇم "ۋەتەن" ئۇقۇمى ئىدى. ياۋروپادىكى "ۋەتەن" ئۇقۇمى ئاسىيادىكىگە قارىغاندا تېخىمۇ كۈچلۈك ۋە ئوچۇق بولۇپ، بۇنىڭدا جۇغراپىيىلىك شارائىتنىڭ تەسىرى چوڭ ئىدى. چۈنكى ئاسىيا دۆلەتلىرى كەڭرى تۇپراقلارغا ئىگە بولۇپ، بۇ تۇپراقلاردا ھەرخىل مىللەتلەر ياشايدۇ. ئىقلىمى ياخشى، تۇپرىقى مۇنبەت ئىدى. ئاسىيا قىتئەسى يەر يۈزىنىڭ كۆپ قىسمىنى ئىگىلەيدۇ. تارىختا داڭق چىقارغان بۈيۈك ئىمپېراتورلۇقلار ۋە دۆلەتلەر بۇ تۇپراقلاردا قۇرۇلغان ۋە ياشاپ ئۆتكەن ئىدى. ئەمما ياۋروپا تارىخىنىڭ ئەڭ مۇرەككەپ مەۋسۇملىرىنى باشتىن كەچۈردى. زۇلۇم، ئازاب - ئوقۇبەت، جېدەل - ماجىرا ۋە توپىلاڭلار ئارقا - ئارقىدىن يۈز بەردى. قىسقىچە، ياۋروپا بوھران ۋە ئازابتىن قېچىپ قۇتۇلالمىغان ئىدى. زېمىنىنىڭ كىچىكلىكى ۋە تۇرمۇش قىسىلچىلىقى بۇنىڭ بىردىنبىر سەۋەبى ئىدى.

ئۇندىن باشقا، ياۋروپانىڭ تاغ - دەريالىرى كىچىك ۋە مەلۇم رايونلارغا توپلىشىپ قالغان ئىدى. بۇ تاغلار بولۇپمۇ، غەربىي ۋە جەنۇبىي ياۋروپادا چوڭ

ئۇيغۇر كىتابلىرى ئامبىرى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ ئەڭ چوڭ تور بېكىتى

دۆلەتلەرنىڭ ئورنىنى ئىگىلىشىگە ئىمكانىيەت بەرمەيتتى. شۇڭا بۇ رايونلاردا كۆپىنچە كىچىك دۆلەتلەر قۇرۇلغان ئىدى. ئەنە شۇ دەۋر ياۋروپاسىنىڭ سىياسىي كۆز قارىشىمۇ بۇ كىچىك رايونلاردىن نېرىغا ئۆتەلمەيتتى. قەدىمكى گرېتسىيە بۇنىڭ تىپىك مىسالىدۇر. تارىخنىڭ باشلىنىشىدىن تارتىپ گرېتسىيەنىڭ پەقەت ئون كىچىك مۇستەقىل شەھىرى بار ئىدى. شۇڭا يۇنانلارنىڭ "ۋەتەن" ئۇقۇمىنى ئىلاھىيلاشتۇرۇشىنى غەلىتىلىك ھېس قىلماسلىق لازىم. لېكىن قەدىمكى يۇناندا ھۆكۈمرانلىق قىلغان ئىدىيەنىڭ "ۋەتەن" ئىدىيىسى ئىكەنلىكىنى بايان قىلدۇ. سوقرات ۋە ئاناخاگوراسقا ئوخشاش پەيلاسوپلار خەلقئارالىششىنى ھەرقانچە تەرغىب قىلغان بولسىمۇ، بۇ كۆز قاراش قەدىمكى يۇناندا بەك قىزغىن قارشى ئېلىنمىدى، قوللايدىغانلارمۇ چىقمىدى. ئەمما ئارستوتېلنىڭ ئەخلاق سىستېمىسى يۇنان پۇقرالىرىنى باشقىلاردىن يەنى يۇنان بولمىغانلاردىن ئۈستۈن كۆرۈش نەزىرىيىسىگە تاييىناتتى. ۋەتەن سۆيگۈسى ـ يۇنان پەيلاسوپلىرى قوبۇل قىلغان ئەخلاقى ئۆلچەملەرنىڭ بېشىدا كېلەتتى. ھەتتا ئارىستوتېل پەقەت ۋەتەننى سۆيۈش ۋە ئۇنىڭغا سادىق بولۇش بىلەنلا قالماي، يۇنانلارنىڭ ئەجنەبىيلەرگە ھايۋان مۇئامىلىسى قىلىشى كېرەكلىكىنى ئوتتۇرىغا قويغان ئىدى. بۇ تار مىللەتچىلىك ئىدىيىسى يۇنان خەلقىگە چوڭقۇر تەسىر قىلىپ، ئۇلارنىڭ قان تومۇرلىرىغىچە سىڭگەن ئىدى. ھەتتا پەيلاسوپلاردىن بىرى چىقىپ: "بىر يۇنان پۇقراسىنىڭ پايدىسى پەقەت ئۆزىگىلا ئەمەس، بەلكى پۈتۈن يۇنانلىقلارغا تېگىشى كېرەك" دېگەن ۋاقىتتا، يۇنان خەلقى بۇ پىكىرگە ھاڭ ـ تاڭ قالدى ۋە پەيلاسوپنى قىلغان سۆزلىرى ئۈچۈن پۇشايمان قىلدۇرۇۋەتتى.

## رىم مەدەنىيىتىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى

رىملىقلار يۇنانلىقلارنىڭ ئورنىنى ئىگىلىدى، رىملار كۈچ ـ قۇۋۋىتى، دۆلەتنىڭ تەرتىپ ـ ئىنتىزامى، تۇپرىقىنىڭ كەڭلىكى ۋە ئەسكىرى جەھەتتىن يۇنانلاردىن ئۈستۈن بولسىمۇ، ئىلىم، پەلسەپە، ئەدەبىيات، شېئىر، مائارىپ ۋە مەدەنىيەت

ساھەسىدە تېخى يۇنانلارغا يېتىشەلمىگەن ئىدى. چۈنكى يۇنانلار زاماندىش مىللەتلەردىن بولۇپمۇ، ئەسكىرى دەۋرنى بېشىدىن ئۆتكۈزۈۋاتقان رىملىقلاردىن كۆپ ئىلغار ئىدى. شۇڭا رىملىقلار ئىلمىي ساھەدە يۇنانلارغا بويۇن ئەگدى. ئۇلارنىڭ سايىسىدا كۈن كەچۈردى. ئۇلارنىڭ ئىلىم، پەلسەپە ۋە ئىدىيىلىرىنى قوبۇل قىلدى.

لېكىي مۇنداق دېگەن ئىدى:

"يۇنانلارنىڭ زور مىقداردا ئىلمىي بايلىقى بار ئىدى. يىللار ۋە ئەسىرلەر ئۆتكەنسېرى، بۇ بايلىقلىرىنى تېخىمۇ كۆپەيتتى. رۇملار بولسا، تېخى ئەسكىرىي ئىشلار بىلەن مەشغۇل ئىدى. ئەدەبىي ئەسىردىن بىرىمۇ يوق ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئۇلارنىڭ تىلى يۇكسەك ئىدىيە ۋە مەنىلەرنى ئىپادىلەش كۈچى يوق، كەمتۈك تىل ئىدى. شۇڭا ئىلمىي ساھەدە ئارقىدا قالغان رىملىقلار سىياسىي ساھەدە خەلقى ئۈستۈن بولغان يۇنان مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرىدە ئاستا - ئاستا ئۆزلىرىنى يوقىتىپ قويدى. ئىلىمنىڭ ھەر تارمىقىدا ئۇلارنىڭ سېھىرلىرىنى ئۆگىنىشكە باشلىدى. رىملارنىڭ بۈرۈنقى تارىخچىلىرى كىتابلىرىنى يۇنان تىلىدا يازاتتى. تاكى رىم شائىرلىرى لاتىن تىلىدا شېئىر يېزىشقا باشلىغىچە يۇنان تىلى ئىجادىيەت ۋە ئىلىم تىلى بولۇپ مەۋجۇدلۇقىنى داۋاملاشتۇردى".

رىملىقلار يۇنان مەدەنىيىتىگە پەقەت ئىجادىيەت ۋە ئەدەبىيات ساھەسىدىلا بويۇن ئەگمىگەن ئىدى. چۈنكى يۇنان مەدەنىيىتى ئەخلاق، خاراكتېر (مىجەز - خۇي)، قائىدە - يوسۇن، ئىجتىمائىي مۇناسىۋەت، ھېس - تۇيغۇ ۋە پىكىر - چۈشەنچە، قىسقىسى، ئومۇمىي ھاياتنىڭ ھەر ساھەسىدە رىم مەدەنىيىتىدىن ئۈستۈن ئىدى. شۇڭا رىملىقلار يۇنان مەدەنىيىتىنى ئۆزلىرىگە ئۆرنەك قىلىشقا ۋە بۇ مەدەنىيەت كارۋىنىغا قېتىلىشقا تىرىشتى.

نەتىجىدە، يۇنان پەلسەپىسى، يۇنان ئەنئەنىسى، ھەتتا يۇنان روھى رىملىقلار ئارىسىغا ئېقىپ كىرىپ، ئۇلارنىڭ قان ۋە تومۇرلىرىغىچە سىڭدى. رىملىقلار ياۋروپا تەبىئەتلىك بولغاچقا، پىكرىي خۇسۇسىيەت جەھەتتىن يۇنانلىقلاردىن بەك

پەرقلىنىپ كەتمەيتتى. بۇ ئىككى مىللەت ئارىسىدا نۇرغۇنلىغان ئوخشاشلىق بار ئىدى. ھەر ئىككىسى ھېسسىيات ئالىمىگە تەئەللۇق بولغان خۇسۇسىيەتلەرگە ئىشىنەتتى. دۇنيا ھاياتىغا ھەددىدىن زىيادە بېرىلەتتى، دىندىن شۇبھىلىنەتتى، ئىلىم - پەنگە گۇمان بىلەن قارايتتى، ئېتىقادتىن زېرىككەن ئىدى. دىنىي نىزامنى ۋە ئۇنىڭ ئىبادەت شەكىللىرىنى كەمسىتەتتى، چوڭ مىللەتچىلىك قىلىشاتتى ۋە ۋەتىنىنى ھەممىدىن بەك ئۈستۈن كۆرەتتى. ئۇندىن باشقا، قارا كۈچنى چوقۇنۇش دەرىجىسىدە چوڭ كۆرۈپ ھۆرمەت بىلدۈرەتتى.

تارىخىي بايانلارغا ئاساسلانغاندا، رىملىقلارنىڭ دىنىنىڭ ھېچقانداق ئېتىقادىي ئاساسى يوق ئىدى. مەن بۇ ھەقتە رىملىقلارنى ساددا دەپ ئويلايمەن. چۈنكى، رىمدا ھۆكۈم سۈرگەن، خۇراپىيلىققا تولغان بۇتپەرەست دىنىي نىزام شۇبھە، ئىسيان ۋە زەئىپ ئېتىقاد تەبىئىتىنى شەكىللەندۈرەتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، رىملىقلار ئىلمىي ساھەدە ئالغا بېسىپ، پىكىر - چۈشەنچىلىرى تەرەققىي قىلغانسېرى، دىنىي تېخىمۇ كەمسىتەتتى ۋە تېخى دەسلەپكى مەزگىللەردىلا ئىلاھلارنىڭ دۇنيا ئىشلىرىغا ۋە سىياسەتكە ئارىلىشالمايدىغانلىقىنى قانۇنلىرىغا كىرگۈزگەن ئىدى.

چىچېرو مۇنداق دېگەن ئىدى:

"ئەدەبىيات ۋە تىياتىر دەۋرلىرىدە سەنئەتچىلەر "ئىلاھلار دۇنيا ئىشلىرىغا ئارىلىشالمايدۇ" دېگەن مەنىدە بېيىتلار ئېيتسا، خەلق ئۇلارنى دىققەت ئىشتىياقى بىلەن ئاڭلايتتى".

خرىستىيان راھىبى ئاۋگوستىن مۇنداق دېگەن ئىدى:

"بۇتپەرەست رىملىقلار ئىبادەتتە ئىلاھلارغا چوقۇناتتى، ئەمما تىياتىر ۋاقتىدا ئۇلارنى مەسخىرە قىلاتتى".

شۇنىڭ بىلەن، رىم دىنى ئۆز ئېتىقادچىلىرى ئۈستىدىكى روھىي ھۆكۈمرانلىقىنى يوقاتتى. ئىنسانلار قەلبىدىكى تۇيغۇلار ئۆلدى. ھەتتا ئۇلار ئىلاھلارغا قارشى



www.uyghurkitap.com

چىقىشقا ۋە بەزىدە ئۇلارنى مەسخىرە قىلىشقا باشلىدى. تارىخىي ماتېرىياللارغا قارىغاندا، ئىمپېراتور ئاگوستىن كېمىسى دېڭىزغا چۆكۈپ كەتكەندە، قاتتىق ئاچچىقلىنىپ، دېڭىز ئىلاھىي "نېپتون" ھەيكىلىنى چىقىپ تاشلىغان ئىدى. گېرمانكۇس ئۆلگەن ۋاقىتتا نامىغا ئاتاپ قۇربانلىق مال سويۇلغان ئىلاھلارنىڭ ھەيكەللىرى خەلق تەرىپىدىن كوچىلارغا چىقىرىۋېتىلگەن ئىدى.

رىملىقلارنىڭ ئەخلاقى، سىياسىتى ۋە جەمئىيىتىدە دىنىنىڭ ھېچقانداق تەسىرى يوق ئىدى. دىن ئۇلارنىڭ ئارزۇ ـ ھېسسىياتلىرىغا ھاكىم بولالمىغىنىدەك، ئەخلاق ۋە تۇرمۇشىنى، ئوي ـ پىكىرلىرىنى كونترول قىلغۇدەك ھالىمۇ يوق ئىدى. چۈنكى، ئۇلار ئېتىقاد قىلغان دىن ئىنسان روھىغا ھۆكۈم قىلالايدىغان، يۈرەكنىڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىدىن ئېتىلىپ چىققان، كۈچلۈك دىن ئەمەس ئىدى. پەقەت بىر يۈرۈش شەكلەن تەقلىدلەردىن ئىبارەت ئىدى، خالاس! لېكىن سىياسەتتە پەقەت نام ۋە شەكىل جەھەتتىن بولسىمۇ، دىنىنىڭ بولۇشى كېرەك.

لېكىي مۇنداق دېگەن ئىدى:

"رىملىقلارنىڭ دىنى مەنپەئەت ئۈستىگە قۇرۇلغان بولۇپ، بۇ دىنىنىڭ بىردىنبىر نىشانى شەخسلەرنى ھەر تۈرلۈك ئاپەتلەردىن ۋە كۈلپەتلەردىن قۇتقۇزۇپ، باياشات ھاياتقا ئېرىشتۈرۈش ئىدى. رىمدا يۈزدىن كۆپرەك قەھرىمان ۋە بۈيۈك شەخسلەر مەيدانغا كەلگەن تۇرۇپ، ھاياتنىڭ پاراغىتىنى تاشلاپ، زاھىدلىق يولىغا كىرگەن بىرمۇ تەقۋادار كىشىنىڭ يېتىشىپ چىقماسلىقى، بۇنىڭ ئەڭ كۈچلۈك دەلىلى بولالايدۇ. رىم تارىخىدا دىنىنىڭ تەسىرى بىلەن ئېلىپ بېرىلغان پىداكارلىق ۋە پاراغەت مىسالىنى كۆرسىتىش مۇمكىن ئەمەس. مەيدانغا كەلگەن پىداكارلىقنىڭ ھەممىسى ۋەتەن سۆيگۈسىدىن كېلىپ چىققان ئىدى.

رىملىقلارنىڭ مەيلى زاماندىشلىرى ۋە ئۇنىدىن كېيىنكى مىللەتلەردىن ئالاھىدە پەرقى شۇكى، ئۇلارنىڭ مۇستەملىكىچىك روھى ئۈستۈن بولۇپ، ھاياتقا

www.uyghurkitap.com

پۈتۈنلەي ماددىي جەھەتتىن يۈزلىنىشنى ئۆزلىرىنىڭ دىنىي ئېتىقادى قىلىۋالغان ۋە شۇنىڭ بىلەن تونۇلغان ئىدى. زامانىمىز ياۋروپاسىمۇ ئەجدادلىرى رىملىقلاردىن بۇ ماتېرىيالىست كۆز قاراشنى قوبۇل قىلىپ، ئۇلارنىڭ ئىز باسارى بولدى.

مۇسۇلمان نىمىس ئالىم مۇھەممەد ئەسەد: "يوللارنىڭ ئايرىلىش نۇقتىسىدا ئىسلام" ناملىق قىممەتلىك ئەسىرىدە رىملىقلارنىڭ ماتېرىيالىست كۆز قاراشلىرىنى ناھايىتى ئوچۇق قىلىپ مۇنداق تەسۋىرلەپ بەرگەن ئىدى:

"رىم ئىمپېراتورلۇقىغا ھۆكۈمرانلىق قىلغان ئاساسىي ئىدىيە بارلىق كۈچ - قۇۋۋەتنى ئۆزىگە تۇپلاپ، باشقا مىللەتلەرنى رىم ئىمپېراتورلۇقىنىڭ مەنپەئەتى يولىدا قوللىنىش ئىدى. شۇڭا ئىمپېراتورلۇقنىڭ ھۆكۈمرانى ۋە باشقا مەنسەپدارلار ئىمتىيازلىق گۇرۇھىنىڭ ھەشەمەتلىك تۇرمۇش سەۋىيىسىنى تېخىمۇ يۇقىرى كۆتۈرۈش ئۈچۈن باشقىلارغا ھەرقانداق زۇلۇم ۋە جەبىر سېلىشتىن قىلچە يانمايتتى. رىملىقلارنىڭ مەشھۇر ئادالىتى پەقەت ئۆزلىرىگىلا تەئەللۇق ئىدى ۋە بۇ ئادالەت پەقەت ئەنە شۇنداق ھايات، مەدەنىيەت ۋە ھاياتقا پەقەت ماددىي كۆزى بىلەن قارايدىغان ئىدىيە ئاساسىدىلا قۇرۇلاتتى. رىملىقلارنىڭ ماتېرىيالىست كۆز قارىشى ئەقلىگە مۇۋاپىق بىر ئىشتىياق بىلەن پۇركۈنۈپ، ھەر قانچە بېزەلگەن بولسىمۇ، روھىي قىممەت - ئېتىباردىن پۈتۈنلەي يىراق ئىدى. شۇنىمۇ ئېيتىپ ئۆتۈش كېرەككى، رىملار ھېچقانداق دىنغا سەمىمىيىتى بىلەن يېقىنلاشمىغان ئىدى. ئەنئەنىۋىي ئىلاھلىرى يۇنان ئەپسانىلىرى ۋە خۇراپىيلىقلىرىنىڭ كۆچۈرۈلمىلىرىدىن ئىبارەت ئىدى. بۇلارغا پەقەت خەلقنى بىر - بىرىگە باغلاپ، بىرلەشتۈرگەن ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەرنى قوغداش ئۈچۈن ئېتىقاد قىلاتتى. ئىلاھلارنىڭ ئەمەلىي تۇرمۇشقا ئارىلىشىشىغا ھېچقاچان يول قويمايتتى. پەقەت تەلەپ قىلىنغان ۋاقىتلاردا كاھىنلارنىڭ تىلى بىلەن غايىبتىن خەۋەر بېرىش سالاھىيىتى بار ئىدى. لېكىن ئىلاھلارنىڭ ئىنسانلار ئۈچۈن قانۇنلارنى يولغا قويۇشى ئەسلا قوبۇل قىلىنمايتتى.

## رىم ئىمپېراتورلۇقىدىكى ئەخلاقىي چۈشكۈنلۈك

جۇمھۇرىيەت دەۋرىنىڭ ئاخىرلىرىدا رىم ئىمپېراتورلۇقىدا[1] ئەخلاقىي چۈشكۈنلۈك ۋە ھايۋانلارچە ياشاش ئىستىكى يامراپ كەتتى. ھەشەمەتچىلىك، پاراغەت، كۆڭۈل ئېچىش ۋە ئەيش - ئىشرەت بەكمۇ ئەۋج ئالدى. شۇنىڭ بىلەن، رىم ئىمپېراتورلۇقى دولقۇنلاپ تاشقان دېڭىزنىڭ قايناملىرىغا شۇڭغىدى. رىملىقلارنىڭ دۇنياغا مەشھۇر ئەخلاق نىزاملىرى بۇ قايناملاردا غايىب بولدى. ئىجتىمائىي نىزاملىرى شۇنداق قاتتىق سىلكىندىكى، ۋەيران بولۇشقا ئازلا قالدى. بۇ مەنزىرىنى ئامېرىكىلىق دراپەر ئۆزىنىڭ كۈچلۈك قەلىمى بىلەن مۇنداق تەسۋىرلىگەن ئىدى:

"رىم ئىمپېراتورلۇقى جەڭ قۇۋۋىتى ۋە سىياسىي نوپۇزى جەھەتتە ئەڭ يۇقىرى سەۋىيەگە يېتىپ، مەدەنىيەت چوققىلىرىغا قاراپ يۈكسەلگەن ۋاقىتتا، ئەخلاقىي بۇزۇقچىلىق ۋە تەربىيە كەمچىللىكى جەھەتتىمۇ ۋايىغا يەتكەن ئىدى. رىملىقلارنىڭ ھاياتى ئاساسەن بۇزۇقچىلىق بىلەن تولغان ئىدى. خەلق باشباشتاقلىقى تۆپەيلىدىن پۈتۈنلەي ئازغان بولغاچقا، دۇنيا ھاياتىغا ھەددىدىن زىيادە بېرىلەتتى ۋە ئۇنى ئەبەدىيلەشتۈرەتتى. ئۇلارنىڭ ئىدىيىسى بويىچە ھاياتلىق دۇنيادىن زوق ئېلىپ كۆڭۈل ئېچىشنىڭ بىردىنبىر پۇرسىتى ئىدى. بۇ ھاياتتا ئىنسان بىر نېئمەتتىن باشقا بىر نېئمەتكە، بىر ئىشتىياقتىن يەنە بىر ئىشتىياققا ئاتلاپ يۈرۈپ كۈن ئۆتكۈزۈشى كېرەك ئىدى. رىملىقلارنىڭ بەزىدە روزا تۇتۇپ، زاھىدلىققا يۈزلىنىشلىرى پەقەت ۋە پەقەت تاماققا بولغان ئىشتىھالىرىنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئىدى. بەزى ئىشلارغا ئۆزلىرىنى بەك ئۇرۇپ كەتمەسلىكىمۇ ئىشتىياق - ھەۋەسلىرىنىڭ ئۆمرىنى ئۇزارتىش ئۈچۈن ئىدى. داستىخانلىرى زىبۇ - زىننەت بىلەن بېزىلىپ، ئالتۇن ۋە كۈمۈش قاچىلار بىلەن تولدۇرۇلاتتى. كۆز قاماشتۇرىدىغان كىيىملەرگە پۈركەنگەن خىزمەتچىلەر، قىپيالىڭاچ بولۇۋېلىپ، ئەتراپقا شەھۋەت ئاررۇلىرى چاچىدىغان ئېپپەت - نومۇسسىز رىم نازىنىنلىرى

ئۇلارغا خىزمەت قىلاتتى. ھەشەمەتلىك ھامماملار، كەڭ - كەڭرى كۆكۈل ئېچىش سورۇنلىرى، گىلادىئاتورلارنىڭ بىر - بىرى بىلەن ياكى يىرتقۇچ ھايۋانلار بىلەن گال بوغۇشۇپ ئېلىشىشلىرى رىملىقلارنىڭ كەيپ - ساپا ھاياتلىرىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى ئىدى. بۇ ئېلىشىش شۇ قەدەر ئېچىنارلىق ئىدىكى، بىرى يەنە بىرىنىڭ قېنىنى تۆكۈۋەتكىچە داۋاملىشاتتى. دۇنيانى دەھشەتكە سالغان ۋە ئەقلىدىن ئازغان بۇ گىلادىئاتورلار ئۇچۇن دۇنيادا ئىبادەتكە لايىق بولغان بىردىنبىر نەرسە "كۈچ - قۇۋۋەت" ئىدى. چۈنكى، ئۇلار خەلقىنىڭ ماڭلاي تەرى ۋە ئۆز ئەمگىكى بىلەن توپلىغان مال - مۈلكىنى قارا كۈچ ئىشلىتىپ بىر دەمدىلا تارتىۋالالايتتى. شۇنداق، ئىنسانلار جەڭ مەيدانلىرىدا بىلەك كۈچى بىلەن غالىب كەلگەن ۋاقىتلاردا مەغلۇپ بولغان مىللەتنىڭ مال - مۈلكىنى تارتىۋېلىپ، ئۇلاردىن خالىغىنىچە باج - سېلىق ئالالايتتى. رىم ئىمپېراتورلۇقىنىڭ دۆلەت ئاپپاراتى بۇ تەلۋە كۈچنىڭ سىمۋولى ئىدى. رىم مەدەنىي نىزامى ئىمپېراتورلۇققا تەۋە زېمىن ئۈستىدىكى ھاكىمىيىتىنى داۋاملاشتۇرۇۋاتاتتى، لېكىن بۇ مەدەنىي نىزام يۇنان مەدەنىيىتىنىڭ تۇرغۇنلۇق دەۋرىدە كۆرۈنگەن ساختا جۇلالاردىن باشقا نەرسە ئەمەس ئىدى".

## رىملىقلار خىرىستىئانلاشماقتا

دەل شۇ ۋاقىتلاردا، تارىخچىلارنىڭمۇ دەلىل - ئىسپاتلار ئارقىلىق تارىخ بەتلىرىگە خاتىرىلىشى كېرەك بولغان مۇھىم بىر ھادىسە يۈز بەردى. ئۇ بولسىمۇ، خىرىستىئانلىقنىڭ بۇتپەرەست رىم تەختىگە يۈكسىلىشى ئىدى. بۇ ھادىسە كونستانتىنىنىڭ (مىلادى 305 - يىلى) تەختكە چىقىشى بىلەن باشلاندى. شۇنىڭ بىلەن، خىرىستىئانلار بۇتپەرەستلەر ئۈستىدىن غالىب كېلىپ، بىر دەمدىلا چۈشىدىمۇ كۆرۈپ باقمىغان كەڭ زېمىنغا، ھەر تەرەپكە قول سوزالايدىغان كۈچلۈك دۆلەتكە، بۇيرۇقىغا ھېچكىم خىلاپلىق قىلالمايدىغان قۇدرەتلىك ھاكىمىيەتكە ئېرىشتى. ئۆز سەلتەنىتى ۋە تەختى ئۈچۈن خىرىستىئانلارنىڭ

قانلىرىنى دەريادەك ئېقىتىپ، جەسەتلىرىنى كۆۋرۈك قىلىپ ئىمپېراتورلۇق تەختىگە چىققان كونستانتىن ھۆكۈمرانلىقنى قولىغا ئالغاندىن كېيىن، ئۇلارغا ناھايىتى ياخشى مۇئامىلە قىلدى، قولىدىن كېلىشىچە ياخشىلىق قىلدى. خرىستىئانلارنى مۇرىسىگە ئېلىپ كۆتۈردى ۋە ئىمپېراتورلۇقنىڭ ئاچقۇچلىرىنى ئۇلارنىڭ قولىغا تۇتقۇزدى.

## رىم ئىمپېراتورلۇقىنىڭ خرىستىئان دىنىغا يەتكۈزگەن زىيانلىرى

خرىستىئانلار جەڭ مەيدانلىرىدا زەپەر قۇچقان بىلەن دىنىي ساھەدە تالاپەتكە ئۇچرىدى. بۈيۈك بىر ئىمپېراتورلۇققا ئېرىشتى، ئەمما بۈيۈك دىنىنى يوقاتتى. چۈنكى، رىم بۇتپەرەسلىرى خرىستىئانلىقنى ئەسلى سالاھىيىتىدىن چىقىرىپ، باشقا شەكىللەرگە كىرگۈزۈپ قويدى. شۇنىڭ بىلەن، خرىستىئانلىق ئۆز ئېتىقادچىلىرى تەرىپىدىن ئۆزگەرتىلىپ بۇزۇۋېتىلدى. خرىستىئانلىقنىڭ ھامىيسى ۋە بايراقدارى بولغان بۈيۈك ھۆكۈمران كونستانتىن خرىستىئان دىنىنىڭ بۇزۇلۇپ، ۋەيران بولۇشىدا ئەڭ چوڭ رول ئوينىغان ئىدى.

درايپەر مۇنداق دەيدۇ:

"بۇتپەرەستلىك ۋە شېرىك ئەقىدە خرىستىئان دىنىغا رىم ئىمپېراتورلۇقىدىكى خرىستىئان قىياپىتىگە كىرىۋالغان يۇقىرى مەنسەپ ئەمەلدارلىرى ۋە مۇھىم ۋەزىپىلەردىكى مۇناپىقلارنىڭ تەسىرىدە كىرگەن ئىدى. بۇ مۇناپىقلار دىنىنىڭ ئەھكاملىرىغا رىئايە قىلمىدى ۋە بىرەر كۈن بولسىمۇ ئۇنىڭغا سەمىمىيىتى بىلەن ئېتىقادىمۇ بولمىغانىدى. ئىمپېراتور كونستانتىننىڭ ئۆمرىمۇ ئاساسەن زۇلۇم ۋە جىنايەت ئىچىدە ئۆتتى، چېركاۋ ئەھكاملىرىغا پەقەت ئۆمرىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدە قىسقا بىر مۇددەت ئەھمىيەت بەرگەن ئىدى (مىلادى 357 ـ يىلى).

خرىستىئان خەلق كونستانتىننى تەختكە چىقىرالىغۇدەك دەرىجىدە كۈچلۈك بولسىمۇ، بۇتپەرەستلىكنىڭ دەپتىرىنى يىرتىپ، ئۇنى يىلتىزىدىن قومۇرۇپ

www.uyghurkitap.com

تاشلىيالمىدى. خرىستىئان دىنى بىلەن بۇددا دىنى ئارىسىدىكى جېدەل-ماجىرا بىر قاتار دىنىي ئاساسلارنىڭ ئارىلىشىپ كېتىشىگە سەۋەب بولدى ۋە بۇنىڭ نەتىجىسىدە خرىستىئان دىنى بىلەن بۇددا دىنى ئوخشاش نىسبەت ئىگىلىگەن يېڭى بىر دىن هاسىل بولدى. بۇ ھەقتە ئىسلام دىنى خرىستىئان دىنىدىن تامامەن پەرقلىقتۇر. چۈنكى ئىسلام دىنى بۇتپەرەسلىكنى يىلتىزىدىن ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، ئەقىدىسىگە ھېچقانداق يات ئامىل ئارىلاشتۇرماي، ئىنسانىيەتكە ئەسلى ماھىيىتى بىلەن تەقدىم قىلىنغان ئىدى.

دۇنيا ھاياتىنىڭ قۇلى بولغان ۋە ھېچبىر دىنىي ئەقىدىگە باغلانمىغان كونستانتىن ئۆزىنىڭ شەخسىي مەنپەئەتى ۋە جېدەل ئىچىدىكى ئىككى پارتىيە يەنى خرىستىئانلىق ۋە بۇتپەرەسلىكنىڭ پايدىسىنى نەزەر ئېتىبارىغا ئېلىپ، بۇ ئىككى دىنى بىرلەشتۈرۈش نىيىتىگە كەلدى. بۇ ھەرىكەتكە ھەتتا خرىستىئان دىنىنى ناھايىتى ياخشى بىلىدىغان بۈيۈك شەخسلەرمۇ قارشى چىقمىدى. ئۇلار يېڭى دىنىڭ كونا بۇتپەرەسلىك ئېتىقادلىرى بىلەن بىرلەشتۈرۈلۈپ، ئۆزگەرتىلگەندىن كېيىن تېخىمۇ پارلايدىغانلىقىنى ۋە بۇ ئارقىلىق خرىستىئان دىنىنىڭ بۇتپەرەسلىك مەينەتچىلىكىدىن تازىلىنىپ، پاكلىنىدىغانلىقىنى خىيال قىلىشاتتى.

## تەلۋە روھانىيلىق

روھىي قىممىتى ۋە جەزبىدارلىقىنى يوقاتقان سېسىق بۇتپەرەسلىك بىلەن بىرلەشكەن خرىستىئان دىنى قالاق رىملىقلارنىڭ ھاياتىدا ھېچنەرسىنى ئۆزگەرتەلمىدى، روھلىرىدا پارلىداپ تۇرىدىغان يېپيېڭى بىر دىنىي ھايات شەكىللەندۈرەلمىدى، رىم تارىخىدا پارلاق بىر دەۋرنىڭ ئىشىكلىرىنى ئاچالمىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئىنسانىيەت ۋە مەدەنىيەت ئۈچۈن بۇتپەرەست رىم ئىمپېراتورلۇقى ئۆز ۋەھشىيلىكىدىن تېخىمۇ رەھىمسىز بولغان روھانىيلىقتا پۈركەندى. خرىستىئان دۇنياسىنى قاپلىغان بۇ روھانىيلىق ھەرىكىتى قىياس

قىلىنمىغۇدەك دەرىجىدە چېكىدىن ئاشقان ئىدى. بىز بۇ يەردە "ياۋروپا ئەخلاقى" ناملىق ئەسەردىن تېمىمىزغا مۇناسىۋەتلىك بەزى مىساللارنى كۆرۈپ ئۆتەيلى:

"مۇرتلارنىڭ (راھىبلار) سانى بارغانسېرى كۆپىيىپ قورقۇنچلۇق دەرىجىگە يېتىپ باردى. ئېتىبارلىرى ئېشىپ، ۋەزىپىلىرى يۇكسەلدى ۋە ئىنسانلارنى ئۆزلىرىگە قارىتىپ، ئۇلارنى ساراسىمىگە سالغۇدەك ھالغا كەلگەن ئىدى. ھازىرچە ئۇلارنىڭ سانى ھەققىدە ئېنىق بىر نەرسە دېيىش مۇمكىن ئەمەس. لېكىن تارىخچىلارنىڭ "بىلىق بايرىمى"دا 50 مىڭ مۇرت توپلانغانلىقىنى، مىلادى 4 ـ ئەسىردە بىر راھىبنىڭ 5000 راھىبقا نازارەتچىلىك قىلغانلىقىنى، راھىب "سەرابىن" نىڭ 10 مىڭ كىشىگە رەھبەرلىك قىلغانلىقىنى، 4 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا مۇرتلار سانىنىڭ مىسىر نوپۇسىغا تەڭلەشكەنلىكىنى بايان قىلىشى روھانىيلىق ھەرىكىتىنىڭ تەرەققىياتى ۋە سانىنىڭ كۆپلۈكى ھەققىدە بىزگە ئېنىق مەلۇمات بەرمەكتە".

## روھانىيلارنىڭ ئاجايىپ ـ غارايىپ ئىشلىرى

ئۆز ۋۇجۇدىغا زۇلۇم قىلىش دەل ئىككى ئەسىر بويىچە دىن ۋە ئەخلاقى ئۆلچەمدە يۇقىرى ماقام دەپ قارالغان ئىدى. تارىخچىلار بۇ ھەقتە كۆپلىگەن ئاجايىپ ـ غارايىپ ھادىسىلەرنى بايان قىلماقتا. رىۋايەت قىلىنىشىچە، ماكارىئۇس يالىڭاچ بەدىنىنى پاشىلارغا چاققۇزۇش ئۈچۈن ئالتە ئايغىچە سۇ ئامبىرىدىن چىقماي ياتقان ئىدى. ئەينى زاماندا بۇ ئادەم ھەر دائىم بىر پارچە ئېغىر تۆمۈرنى كۆتۈرۈپ يۈرەتتى. ئۇنىڭ ھەمراھى ئېسسبىيۇسمۇ ئىككى قىنتار ئېغىرلىقتىكى تۆمۈر پارچىسىنى كۆتۈرۈپ يۈرەتتى ۋە بۇ ئادەم سۇسىز بىر قۇدۇقتا ئۈچ يىل ياشىغان ئىدى. راھىب يوھان ئۈچ يىل بىر پۇتىدا تۇرۇپ ئىبادەت قىلغان ئىدى. ئۇ بۇ مۇددەت ئىچىدە ئولتۇرمىغان ياكى ئۇخلىمىغان ئىدى. بەك ھېرىپ كەتكەن ۋاقىتدا پەقەت مۇرىسىنى بىر يەرگە تىرەپ تۇرۇۋالاتتى. بەزى راھىبلار

ھېچقانداق كىيىم كىيمەي، قىپيالىڭاچ يۈرەتتى ۋە پەقەت ئۇرۇن چاچلىرىنى يېپىنچا قىلىۋالاتتى. ھايۋانغا ئوخشاش تۆت پۇتلاپ ماڭاتتى. نۇرغۇنلىرى ۋەھشىي ھايۋانلارنىڭ ئۆڭكۈرلىرىدە، سۇسىز قۇدۇقلاردا ۋە قەبرىستانلىقلاردا ياشايتتى. كۆپىنچىسى يېگى ياكى قۇرۇق ئۆت - چۆپلەرنى يەيتتى. بەدەن تازىلىقىنى روھىي پاكلىققا قارشى دەپ قارىغانلىقى ئۈچۈن بەدىنىنى پەقەتلا يۇمايتتى. ئۇلارنىڭ نەزىرىدە ئىنسانلارنىڭ تەقۋالىقتا ئەڭ يۈكسەك بولغىنى پاكىزلىقتىن ئەڭ يىراقلىشىپ، مەينەتچىلىككە ئەڭ يېقىن بولغىنى ئىدى.

راھىب ئېتىنىس مۇنداق دېگەن ئىدى:

راھىب ئانتونى ئۆمرى بويىچە پۇتىنى يۇيۇش گۇناھىنى ئىشلىمىگەن ئىدى. راھىب ئابراھام 50 يىلغىچە يۈز ۋە ئاياغلىرىغا سۇ تەگكۈزمىگەن ئىدى.

ئىسكەندەرىيە راھىبى كېيىن پۇشايمان قىلغان ھالدا مۇنداق دېگەن ئىدى: "ئېست! بىر ۋاقىتلار يۈز يۇيۇشنى ھارام دەپ ئويلايتتۇق، ھازىر بولسا ھامماملارغا بېرىۋاتىمىز".

راھىبلار يۇرتمۇيۇرت ئايلىنىپ يۈرۈپ، كىچىك باللارنى چىركاۋ ۋە چۆللەرگە ئېلىپ قاچاتتى، ئۇلارنى ئائىلە مېھرىدىن ئايرىپ، روھانىي قىلىپ تەربىيىلەيتتى. ھۆكۈمەت بۇلارغا ھېچقانداق چارە قىلالمىغاچقا، كۆرمىگەنگە سېلىۋالاتتى. خرىستىئان خەلقمۇ راھىبلارنىڭ بۇ ئىش - ھەرىكەتلىرىنى قوللايتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئاتا - ئانىسىنى تەرك ئېتىپ روھانىيلىققا يۈز تۇتقانلارنى قىزغىن قارشى ئالاتتى ۋە ئۇلارنىڭ ئىسمىنى پۈتۈن خەلققە ئېلان قىلاتتى. خرىستىئان تارىخىدىكى ئەڭ مەشھۇر بۈيۈك راھىبلار پۈتۈنلەي بالا قاچۇرۇش ماھارەتلىرى بىلەن تونۇلغان ئىدى. رىۋايەت قىلىنىشىچە، ئاياللار راھىب "ئامبروس"نى كۆرۈش بىلەنلا باللىرىنى ئۆيىگە ئەكىرىپ تىقىپ قوياتتى. دادىلار ۋە يېتىم ئىگىلىرى باللىرىغا ئىگە بولالمىغۇدەك ھالغا چۈشۈپ قالغان ئىدى. ئەڭ ئاخىرى بالا تەربىيىلەش ھوقۇقى پۈتۈنلەي راھىب ۋە پوپلارنىڭ قولىغا ئۆتتى".

## روھانىيلىقنىڭ ياۋروپا ئەخلاقىغا بولغان تەسىرى

روھانىيلىقتا ئەسلى پەزىلەت دەپ قارالغان ئىنسانپەرۋەرلىك ۋە مەرتلىك، يامانلىق ۋە رەزىللىك دەپ سانىلىدىغان بولۇپ قالدى. ئىنسانلار كۆڭلۈشنى ئۇنتۇپ قالدى. مەردلىك، جاسارەت، جۈرئەت، مۇلايىملىق ۋە روھىي پاكلىقنى يوقاتقان خەلق ئاستا ـ ئاستا روھانىيلىقنى تەرك ئېتىشكە باشلىدى. ئائىلە ھاياتى ئۇلىنىڭ بۇزۇلۇشى، قېرىنداش ـ تۇغقانلار ئارىسىدا ئۆچمەنلىك ۋە نەپرەت تۇمانلىرىنىڭ كەڭ يېيىلىشى روھانىيلىقنىڭ ئەڭ يامان ئاقىۋەتلىرىدىن بىرى ئىدى. يۈرەكلىرى شەپقەت ۋە مېھرىبان بىلەن سوققان، كۆزلىرى ھەمىشە ياشلىنىپ تۇرىدىغان راھىبلار ئەندىشە ئىچىدىكى ئاتا ـ ئانا ۋە پەرزەنتلەر ئالدىدا يۈرىكى تاشتەك قاتقان، كۆزلىرىدە ياشتىن ئەسەر قالمىغان، ئەقلىدىن ئازغان ئالۋاستى ئىدى. دادىلار بويتاق، ئانىلار تۇل ۋە بالىلار يېتىم قالغان ئىدى. شۇڭا ئۇرغۇن كىشى تىلەمچىلىك قىلىشقا مەجبۇر بولدى. راھىبلار ئىنسانلاردىن يىراق تۇرۇش ئۈچۈن چۆللەرگە قاراپ يول ئالاتتى. ئۇلارنىڭ بىردىنبىر ئارزۇسى ئۆزلىرىنى ئاخىرەت ئازابىدىن قۇتۇلدۇرۇش ئىدى. ئۆزلىرىنىڭ تىرىك ـ ئۆلۈكلۈكى خىيالىغىمۇ كىرىپ چىقمايتتى. لېكىن بۇ ھەقتە يۈرەكلەرنى ئېچىشتۇرۇپ، كۆزلەرگە يىغا ئۇلاشتۇرىدىغان ھادىسىلەرنى بايان قىلغان:

"راھىبلار ئائىلىلەرنىڭ سايىسىدىنمۇ ئۈركۈپ قاچاتتى، ئۇلارغا يېقىنلىشىش ۋە مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈشنى گۇناھ دەپ بىلەتتى. ئۇلارنىڭ ئېتىقادىغا ئاساسلانغاندا، تاسادىپىي يولدا ئاياللار بىلەن ئۇچرىشىپ قېلىپ، ئۇلارغا گەپ قىلىپ سېلىش روھىي جەڭگىۋارلىقنى ۋە ئەمەللەرنى يوققا چىقىراتتى. ھەتتا ئۇلارنىڭ ئانىسى، ئاچا ـ سىڭلىسى ياكى خوتۇنى بولۇپ قالسىمۇ، ئوخشاش ئىدى". لېكىن مۇشۇنىڭغا ئوخشاش كۈلكىلىك ۋە ئېچىنارلىق ھېكايىلەرنى كۆپ بايان قىلىدۇ.

## روھانىيلىقنىڭ ئازغۇن ماتېرىيالىزم ئالدىدىكى مەغلۇبىيىتى

ھېچكىم بۇ ئازغۇن روھانىيلىقنىڭ رىم ماتېرىيالىزىمىنى توسۇپ، قوزغىغان پەس ئارزۇلىرىنى ئۆز نىزامى ئاستىدا تىزگىنلىگەنلىكىنى ئىپتالمايدۇ. بۇنداق ئىش يۈز بەرمىدى، بولۇشىمۇ مۇمكىن ئەمەس. چۈنكى، ئىنسانىنىڭ تەبىئىتىگە زىت كېلىپ قالىدۇ. تارىخمۇ بۇنى ئىنكار قىلماقتا. مۇۋاپىق بىر يول تاللايدىغان، ئازغۇن ماتېرىيالىزمنى تورمۇزلىيالايدىغان ۋە ئۇنىڭدىن نورمال بىر ھايات يولى تاپالايدىغان بىردىنبىر نىزام ئادەمزاتنىڭ تەبىئىتىگە ئۇيغۇن، ساغلام، ئەخلاقىي، دىنىي ۋە روھىي نىزامدۇر. بۇ نىزام ئىنسان تەبىئىتىنى يوق قىلىشقا ئۇرۇنمايدۇ. بەلكى ئۇنى توغرا، پايدىلىق تەرەپلەرگە يۈزلەندۈرىدۇ. بۇ ئارقىلىق ئىنسان تەبىئىتى بۇزۇلمايدۇ. پەقەت يامانلىقتىن ياخشىلىققا قاراپ يۈزلىنىدۇ. ئىسلام دىنى مانا مۇشۇنداق قىلالىغان ئىدى. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام مانا مۇشۇ ئاساستا ھەرىكەت قىلغان بولۇپ، ئۇ ئەرەبلەرنىڭ جاسارەت ۋە مەردلىكىنى قەبىلىۋازلىق، جېدەل ـ ماجىرا، خۇن داۋاسى ۋە ئىنتىقام ھېسسىياتلىرىدىن يىراقلاشتۇرۇپ، ئۇلارنى ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلىشقا ۋە ئۇنىڭ نامىنى ئۇلۇغلاشقا چاقىرغان ئىدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۇلارنى كەڭ قورساقلىق ۋە سېخىيلىقلىرىنى ئاللاھ يولىدا ئىشلىتىشكە ئۈندىگەن ئىدى.

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام جاھالەت پاتقىقىغا پېتىپ قالغان ئەرەبلەرنى ئىسلام دىنى بىلەن شەرەپلەندۈرۈپ، جاھىلىيەت نىزامىنىڭ ئورنىغا ئىسلامىيەت نىزامىنى ئورناتتى ۋە بۇ ئارقىلىق يۈرەكلەر ئىنتىلىۋاتقان ھوزۇر ۋە خاتىرجەملىكنى بەرپا قىلدى.

بىر مۇسۇلمان ئالىمنىڭ دېگىنىدەك، قەلبلەر بىر نەرسىنى پەقەت باشقا بىر نەرسە بىلەن يوقىتالايدۇ. چۈنكى، ئۇلار ھەرىكەت ئۈچۈن يارىتىلغان. پەيغەمبەرلەرمۇ ئىنسانىيەتنىڭ تەبىئىتىنى ئۆزگەرتىپ بۇزۇش ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى كامالەتكە يەتكۈزۈش ئۈچۈن ئەۋەتىلگەن ئىدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەدىنىگە قەدەم باسقان چاغدا، مەدىنە خەلقىنىڭ

ئىككى كونا بايرىمى بار ئىدى ۋە ئۇ كۈنلەردە ئويناپ ـ تاماشا قىلاتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «بۇ ئىككى كۈننى نېمە ئۈچۈن ئۆتكۈزىسىلەر؟» دەپ سورىدى. ئۇلار: "جاھىلىيەت دەۋرىدە بۇ ئىككى كۈننى خاتىرىلەپ، تاماشا قىلىپ ئۆتكۈزەتتۇق" دەپ جاۋاب بەردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېدى: «ئاللاھ سىلەرگە بۇنىڭدىنمۇ ياخشىنى بەردى. ئۇ، قۇربان ۋە روزى ھېيتتۇر».

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دېگەن: ھېيت كۈنلىرىدىن بىرى ئىدى، ئەنسارىلاردىن ئىككى چۆرە يېنىمدا ئولتۇرۇپ، ئەنسارىلارنىڭ بۇئاس (ئەۋس قەبىلىسىنىڭ خەزرەج قەبىلىسى ئۈستىدىن غەلىبە قىلغان) كۈنى ئېيتىدىغان ناخشىلىرىنى ئېيتىۋاتقاندا، ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ كىرىپ قالدى. بۇ ئىككى چۆرە ئەسلىدە ناخشىچى ئەمەس ئىدى. ھەزرىتى ئەبۇ بەكرى: "دېمەك، رەسۇلۇللاھنىڭ ئۆيىدە شەيتان ئاۋازلىرى ياڭراۋېتىپتۇ - ھە؟!" دېگەنىدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم : «ئى ئەبۇ بەكرى! ھەر مىللەتنىڭ بىر بايرىمى بار. بۇ بىزنىڭ بايرىمىمىز» دېدى. يەنە بىر رىۋايەتتە: «ئى ئەبۇ بەكرى! ئۇلارنى ئۆز مەيلىگە قوي! بۈگۈن بايرام» دېگەنلىكى بايان قىلىنغان.

ئەمما خرىستىئان رىملىقلارنىڭ تەبىئىتى مەقسەتسىز، نىشانسىز يولدا بۇزۇلۇپ، يوقىلىشقا مەھكۇم بولدى. ئۇلار ئىنسان تەبىئىتى قوبۇل قىلالمايدىغان بىر نىزام ئورناتتى. ئىنسانلارغا چىدىغۇسىز ئېغىر ۋەزىپىلەر تاپشۇردى. ئورۇنباسارلار ئازغۇن ماتېرىيالىزمنى تىزگىنلەش ئۈچۈن بۇ ئېغىر نىزامغا بويۇن ئېگىشكە مەجبۇر بولدى. ئاخىرىدا بەرداشلىق بېرەلمەي ئىسيان كۆتۈردى. خرىستىئانلار رېئاللىقنى ئىنكار قىلىپ، پۈتۈن كۈچىنى روھانىيلىققا سەرپ قىلغانلىقى ئۈچۈن، ئىنسانلارنىڭ بۇزۇلغان ئەخلاقىنى ۋە ھاياتىنى تۈزىتەلمىدى. چوڭقۇر ھاڭغا دومىلاۋاتقان مەدەنىيەتنىڭ تىزگىنىدىن تۇتۇپ، ئۇنى قۇتقۇزۇۋالالمىدى. چۈنكى خرىستىئان مەملىكەتلىرىدىكى پىتنە ـ پاساتلار تۈپەيلىدىن تەقۋالىق ۋە روھانىيلىق بولۇك ـ پۇچقاقلارغا تىقىلىپ، ھاياتنىڭ نوپۇزىنى پۈتۈنلەي يوقاتتى. يامانلىقلار ۋە ئازغۇنلۇقلار بولسا، شەھەر مەركەزلىرىدە يامراپ كەتكەن ئىدى.

## ئازغۇن ماتېرىيالىزم ۋە تەلۋە روھانىيلىق

لېكىن خرىستىئان دۇنياسىنىڭ ئۇ دەۋردە قانداقلارچە روھانىيلىق بىلەن ئازغۇنلۇقنى بىرنى تاللاشقا مەجبۇر بولغانلىقىنى ئىزاھلاپ مۇنداق دەيدۇ:

”ھەشەمەت ۋە ئىسراپچىلىق خەلقنىڭ ئەخلاق ۋە تۇرمۇشىدا ئاخىرقى چەككە يەتكەن ئىدى. تەلۋىلىك، ئازغۇنلۇق، ھەشەمەتكە چوقۇنۇش، شەخسىي ئارزۇلىرىغا بېرىلىش قاتارلىقلار مەيلى ھۆكۈمدارلارنىڭ مەجلىسلىرىدە بولسۇن، مەيلى دۆلەت ئەربابلىرىنىڭ ياكى بايلارنىڭ يىغىلىشلىرىدا بولسۇن، كەم بولسا بولمايتتى. خەلق جەلبكار ۋە پۇزۇز كىيىنىشتە بىر - بىرى بىلەن بەسلىشەتتى. يىغىنچاقلاپ ئېيتقاندا، ھەشەمەت ۋە ئىسراپچىلىق جەمئىيەتنىڭ قەلبىدە چوڭقۇر يىلتىز تارتقان ئىدى. بۇنداق بىر دەۋردە دۇنيا تەلۋە روھانىيلىق بىلەن ئىنساپسىز ئازغۇنلۇقنى بىرنى تاللاشقا مەجبۇر بولدى. ئەڭ كۆپ زاھىت يېتىشتۈرگەن شەھەرلەر تەلۋىلىك ۋە ئازغۇنلۇق جەھەتتە باشقا شەھەرلەرنىڭ ئالدىدا تۇراتتى، بۇ دەۋردە ئىنساننىڭ شەرەپ ۋە سائادىتىگە دۈشمەن بولغان ئازغۇنلۇق ۋە ۋەھشىيلىك بىرلىشىپ كەتكەنىدى. جەمئىيەتنىڭ شەخسلەر ئۈستىدىكى مەنىۋى نوپۇزى پۈتۈنلەي ئاجىزلاپ كەتكەن ئىدىكى، خەلق جەمئىيەتتە بارلىققا كەلگەن ناچار ھادىسىلەرگە ۋە يامانلىقلاردىن ئەجەبلەنمەيدىغان بولۇپ قالغانىدى. بۇنىڭغا قارىماي، ئىنسانلارنىڭ قەلبى دىن ۋە ئۇنىڭ تەھدىت خاراكتېرلىك ئىپادىلىرىدىن قورقاتتى. چۈنكى دۇئا ۋە تىلەكلەرنىڭ ئىنساننىڭ بارلىق گۇناھلىرىغا كاپارەت بولىدىغانلىقىغا ئىشىنەتتى. جەمئىيەتتە ھىيلىگەرلىك، ئالدامچىلىق ۋە يالغانچىلىق قورقۇنچلۇق ھالدا ئەۋج ئالدى. ھەتتا بۇ ئەسىر قەيسەرلەر ئەسىرىنىمۇ بېسىپ چۈشتى. ئەمما پىكىر ئەركىنلىكىنىڭ ۋە مىللىي قەھرىمانلىق روھىنىڭ چۆكۈشى بىلەن دۈشمەنلىك، زۇلۇم، ۋەھشىيلىك ۋە تەلۋىلىك ئاستا - ئاستا ئازايدى“.



www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتابلىرى بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ ئېلېكتىرونلۇق ئادرېسى

## دىنىي مۇئەسسەسەلەردىكى ئازغۇنلۇق

مەيلى روھانىيلىق بولسۇن ياكى جەۋھىرى ئېلىپ تاشلانغان دىنىي نىزام بولسۇن، ئىككىلىسى ئىنسان تەبىئىتىنى بۇزۇۋېتىشتىن باشقا نەرسە ئەمەس ئىدى. شۇڭا ئىنسان تەبىئىتى يېڭى دىنىنىڭ ئوتتۇرىغا قويغان ۋە روھلارنى ئىگىلىگەن ھۆكۈمرانلىقى بىلەن بىچارە ھالغا چۈشۈپ قالدى. بۇنىڭغا ئەلۋەتتە باشقا ئامىللارمۇ تەسىر قىلدى. شۇنىڭ بىلەن، ئىنسانىيەتنىڭ تەبىئىتى بۇزۇلدى. چۈشكۈنلۈك ۋە تەلۋىلىك دىنىي مۇئەسسەسەلەرگىچە كىرىپ كەلدى. ھەتتا بەزى دىنىي مۇئەسسەسەلەر ئەخلاقىي بۇزۇقلۇقنا، تەلۋىلىك، ئازغۇنلۇقتا نورمال دۇنيادىكى بۇزۇقچىلىق مەركەزلىرىدىنمۇ ئېشىپ چۈشەتتى. بۇنىڭ بىلەن، دۆلەت خرىستىئانلار ئارىسىدا دوستلۇق، قېرىنداشلىق مۇناسىۋىتىنى چېگىتىش، قۇربانلارنىڭ ۋە ئەۋلىيالارنىڭ قەبرىلىرىنى زىيارەت قىلىپ، خاتىرىلەش مۇراسىملىرىنى ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن قۇرۇلغان دىنىي جەمئىيەتلەرنىڭ پائالىيەتلىرىنى چەكلىدى. چۈنكى بۇ يەردىكى غەيرىي ئەخلاقىي ھەرىكەتلەر ۋە ئازغۇنلۇقلار چېكىگە يەتكەن ئىدى. نەتىجىدە، پوپلار چوڭ گۇناھ ۋە تۈرلۈك جىنايەتلەر بىلەن ئەيىبلەندى.

پوپ ژۇرۇم مۇنداق دەيدۇ:

"پوپلارنىڭ قوللىرىدىكى بايلىق ھەشەمەت ئىچىدىكى بايلارنىڭ ۋە ھۆكۈمرانلارنىڭ سەلتەنىتىنى قايرىپ قويغۇدەك دەرىجىدە زور ئىدى. پوپلارنىڭ ئەخلاقى پۈتۈنلەي بۇزۇلغان، قەلبلىرىنى قارا نىيەت ۋە مال ـ دۇنيا ھېرىسمەنلىكى قاپلىغانىدى. يۇرۇش ـ تۇرۇش، سۆز ـ ھەرىكەتلىرىدە ئىنتايىن ھەددىدىن ئاشقان بولۇپ، يەر ۋە مەنسەپلەرنى تىجارەت مېلىغا ئوخشاش ئوچۇق ـ ئاشكارا ھالدا «كىم ئارتۇق» قىلىپ ساتاتتى.

جەننەتتىكى ئورۇنلارنى سېتىپ، ئالغۇچىلارغا يەر خېتى، ھۆججەت ۋە كەچۈرۈم خەتلىرىنى بېرەتتى. خەلقنىڭ قانۇنغا خىلاپ ھەرىكەتلەرنى قىلىشىغا رۇخسەت

بېرەتتى. خەت - چەككە ئۇخشاش "قۇتۇلۇش بەلگىلىرى"نى چەكلەنگەن ۋە مەنئىي قىلىنغان نەرسىلەرنى ھالال قىلىپ بېرىدىغان ئىجازەتنامىلەرنى تارقىتاتتى. پارىخورلۇق ۋە جازانىخورلۇق قىلاتتى. قولىدىكى مال - بايلىقنى بۇزۇپ - چېچىپ خەجلەيتتى. ھەتتا پاپا ئەنوسىن پاپالىق تاجىنى گۆرۈگە قويغان بولۇپ، كېيىن ئۇنىڭدىن ئايرىلىپ قالغان. ئاڭلىتىشلارغا قارىغاندا، پاپا لۇئىس X ئۆزىدىن بۇرۇنقى پاپانىڭ مال - بايلىقىنى يەپ تۈگەتكىنىدەك، ئۆزىدىن كېيىن كېلىدىغان پاپانىڭ مۈلۈك ۋە كىرىملىرىنىمۇ ئۆز نېسىۋىسى بىلەن قوشۇپ تۈگەتكەن ئىدى. رىۋايەت قىلىنىشىچە، فرانسىيىنىڭ بارلىق كىرىمى پاپالارنىڭ چىقىمى ۋە شەھۋەت ئارزۇلىرىنىڭ قاندۇرۇلۇشىغا يەتمەيتتى.

## ئىمپېراتورلۇق ۋە پاپالىق جېڭى

11- ئەسىردە ئىمپېراتورلۇق بىلەن پاپالىق ئارىسىدا قاتتىق جېدەل - ماجىرا باشلاندى. ئىككى تەرەپ ئوتتۇرىسىدىكى دۈشمەنلىك كۈنسېرى ئېشىپ باردى. بۇ ماجىرانىڭ دەسلەپىدە پاپالىق غالىب كەلدى. ھەتتا ئىمپېراتور 4 - ھېنرى 1077 - يىلى "كانوسا" قەلئەسىدىكى پاپالىق سارىيىغا بويۇن ئېگىشكە مەجبۇر بولدى. لېكىن پاپا 4 - ھېنرىنى ھۇزۇرىغا قوبۇل قىلمىدى ۋە بەزى مۆتىۋەرلەرنىڭ ئارىغا چۈشۈشى بىلەن مىڭ تەستە رازى بولدى. ئىمپېراتور پاپانىڭ ھۇزۇرىغا يالاڭ ئاياق، ئېچىز بىر قۇر كىيىم كىيىپ، توققۇز تازىم قىلىپ ئېگىلىپ كىردى ۋە تەۋبە ئېيتتى. شۇنىڭ بىلەن، پاپا ئىمپېراتورنىڭ گۇناھىنى كەچۈردى. ئۇنىڭدىن كېيىن، پاپالىق بىلەن ئىمپېراتورلۇق ئارىسىدا كۆپلىگەن چوڭ ۋەقە - ھادىسىلەر يۈز بەردى ۋە نەتىجىدە پاپالىق زەئىپلەشتى. بۇ ئۇزۇن مەزگىل جەريانىدا كىشىلەر دىنىي ۋە دۇنياۋىي سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن بىر - بىرى بىلەن دۈشمەنلەشتى. ئىمپېراتور ۋە پاپالىقنىڭ بويۇنتۇرۇقى ئاستىدا چىدىغۇسىز ئازابلارغا دۇچار بولدى.

ئوتتۇرا ئەسىردە پاپالار ئىمپېراتور ۋە پادىشاھلارغا نىسبەتەن بولمىغان

نوپۇز ۋە ئىمتىيازلارغا ئىگە ئىدى. شۇڭا پاپالار ياۋروپانى دىنىنىڭ سايىسىدا ئىلىم ۋە مەدەنىيەت ساھەسىدە كۆپلىگەن تەرەققىياتلارغا ئېرىشتۈرەلەيتتى. چۈنكى ئۇلارنىڭ ۋەكىللىرى پۈتۈن ياۋروپا دۆلەتلىرىنى ئايلىناتتى، خەلق بىلەن مۇناسىۋەت باغلايتتى. ئۇلارنىڭ مۇھەببىتىگە ئېرىشەلەيتتى. يەرلىك تىللاردا سۆزلىشىپ، ئۇلار بىلەن سۆھبەتلىشەلەيتتى ۋە ئۇلارنىڭ مۇھىم سىياسىي مەسىلىلىرىگە ئارىلىشاتتى. نەتىجىدە، پاپالار ھەممە يەردە ئوخشاش بىر تىلدا سۆزلىشەلەيدىغان ۋە دۆلەتنىڭ مۇھىم ئىشلىرىدا ئۈزلىرىگە ياردەم قىلالايدىغان چوڭ سىياسەتچىلەر ۋە قابىلىيەتلىك كىشىلەرگە ئېرىشكەن ئىدى.

## ياۋروپانىڭ دىنىي باشلامچىلىرىدىن تارتقان ئازابلىرى

دىنىي باشلامچىلارنىڭ بۇ كاتتا سەلتەنەتتىن پەقەت ئۆز مەنسەپ ۋە نوپۇزلىرى ئۈچۈنلا پايدىلىنىشى خرىستىئان دىنى ۋە مىللەتلىرى ئۈچۈن چوڭ بەختسىزلىك ئىدى. شۇڭا ياۋروپا جاھالەتنىڭ قاراڭغۇلۇقىغا، خۇراپاتلىق ۋە قالاقلىق ئازگىلىغا پاتتى. مەدەنىيەت پاپالارنىڭ ھاكىمىيىتى ۋە روھانىيلىقىدا تۇنجۇقتى، ياۋروپا قىتئەسىنىڭ نوپۇسى مىڭ يىلغىچە پەقەتلا كۆپەيمىدى.

شۇنىڭغا ئوخشاش ئەنگلىيە نوپۇسىدىمۇ 500 يىل ئىچىدە ھېچقانداق ئىلگىرىلەش بولمىدى. بۇنىڭ تۈپ سەۋەبى شۈبھىسىزكى، پوپ ۋە روھانىيلارنىڭ خەلققە چىرايلىق كۆرسىتىپ تەشۋىق قىلغان بويتاقلىق ھاياتى ئىدى. پوپ ۋە كاھىنلار دوختۇرلارنىڭ تەۋسىيەسى ۋە داۋالاش مېتودلىرىغا قۇلاق سالمىغاچقا، يۇقۇملۇق كېسەل قىتئەنىڭ ھەممە يېرىگە تېز سۇرئەتتە يامرىدى. "The Pus Second" دېگەن لەقىمى بىلەن ئاتاق چىقارغان "ئەبى سۇبىس"نىڭ تەخمىنەن 1430 ـ يىللىرى بۈيۈك بېرىتانىيە ئارىلىغا قىلغان ساياھەت خاتىرىسىدىن ئەنگلىيەنىڭ مەدەنىيەت ساھەسىدىكى چۆكۈشى ۋە قالاقلىقى، خەلقنىڭ نامرات ۋە پېقىرلىقىنى ناھايىتى ئوچۇق كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

www.uyghurkitap.com

## دىنىي باشلامچىلارنىڭ دىنىي كىتابلارغا قارشى ئۆتكۈزگەن جىنايەتلىرى

ياۋروپادا دىنىي باشلامچىلارنىڭ ئەڭ چوڭ خاتالىقى، ئۆزلىرىگە ۋە ئۆزلىرى ۋەكىللىك قىلغان دىنغا قارشى ئۆتكۈزگەن ئەڭ قورقۇنچلۇق جىنايەتلىرى شۇكى، ئۇلار قوللىرىدىكى مۇقەددەس دىنىي كىتابلارغا ئىنسانىي مەلۇماتلارنى، دەۋرىنىڭ تارىخ، جۇغراپىيە بىلىملىرىنى ۋە تەبىئەت ئىلىملىرىنى ئارىلاشتۇرۇۋەتكەن ئىدى. بۇ ئىلىملەر بىر جەھەتتىن ئۇ دەۋرنىڭ ئەڭ ئۈستۈن ئىلىملىرى ۋە ئۇ ئەسىرنىڭ ھېچكىم شۈبھىلەنمەيدىغان ھەقىقەتلىرى بولسىمۇ، ھەرگىز ئىنسان ئىلمىنىڭ ئاخىرقى نۇقتىسى ئەمەس ئىدى. ئەگەر ئىنسان ئىلمىنىڭ ھەر بىر ئەسىردە يېتەلىگەن سەۋىيىسى بىر چوققا دەپ قارالسا، ئۇ ھالدا ئىنسان ۋاقىت ئۆتۈشى بىلەن مەيدانغا كەلگەن تەرەققىيات ۋە ئۆزگىرىشلەرگە ئىشەنمەسلىكى كېرەك. ھالبۇكى، ئىنسانىيەتنى مەشغۇل قىلىۋاتقان ئىلىملەر توختىماي تەرەققىي قىلىۋاتىدۇ. شۇڭا دىنىي ئىنسانىي مەلۇماتلار ئاساسىغا ئولتۇرغۇزۇش خۇددى قۇم دۆۋىسىنىڭ ئۈستىگە ساراي سالغانغا ئوخشايدۇ. بەلكى پوپلار بۇ پائالىيەتلەرنى ياخشى نىيەتلىرى بىلەن قىلغان بولسىمۇ، لېكىن ئۆزلىرىگە ۋە دىنغا قارشى ئەڭ چوڭ جىنايەت ئۆتكۈزگەن بولۇشى مۇمكىن. دىن بىلەن ئىلىم ئارىسىدا يۈز بەرگەن بۇ جېدەل - ماجىرانىڭ بىردىنبىر سەۋەبى بۇ ئىدى. بۇ ماجىرادا ئىنسانىيەتنىڭ ئىلىملىرى (بۇنىڭ ئىچىدە ھەقىقەتلەر، خۇراپىيلىقلار، ياخشى ۋە يامان نەرسىلەرمۇ بار) بىلەن ئارىلىشىپ كەتكەن دىن ئىلىم ۋە ئەقىل ئالدىدا ئېغىر زىيانغا ئۇچرىدى. دىنىي زاتلار ئورۇن - مەنسەپلىرىدىن ئېلىپ تاشلىنىپ، بەللىرىنى قايتا رۇسلىيالمىغۇدەك ھالغا چۈشۈپ قالدى. بۇلاردىن تېخىمۇ پالاكەتلىكى ۋە يامىنى ياۋروپانىڭ دىنسىزلىششى ئىدى. شۇنداق، ياۋروپادا دىننى خورلايدىغان خاھىش شەكىللەندى.

دىنىي زاتلار مۇقەددەس كىتابلارغا ئىنسانىي مەلۇماتلارنى كىرگۈزۈۋېتىش بىلەنلا قانائەتلەنمىدى. ئۇلار ئېغىزدىن - ئېغىزغا ئېقىپ يۈرۈپ مەشھۇر بولغان

ۋە بەزى تەۋرات ۋە ئىنجىل تەپسىرچىلىرى ۋە شەرھىيچىلەر چۈشەندۈرگەن تارىخ، جۇغراپىيە ۋە تەبىئەتكە دائىر مەلۇماتلارنىمۇ مۇقەددەس دەپ بىلدى ۋە ئۇلارنى دىنىي تونغا ئوراپ، مۇتلەق ئىشىنىش كېرەك بولغان دىنىي ئاساس ۋە پرىنسىپلار دەپ قارىدى. بۇنىڭغا ئۇيغۇن بولمىغان خەۋەرلەرنىڭ ھەقىقەت بىلەن مۇناسىۋىتى يوقلۇقى ۋە ئۇلارنىڭ دەرھال تەرك قىلىنىشى كېرەكلىكى ھەققىدە چىڭ تۇردى. بۇ ساھەدە كۆپلەپ كىتاب نەشر قىلدى. مەسىلەن: ئاللاھ ئەۋەتكەن كىتابلار بىلەن ھېچقانداق ئالاقىسى بولمىغان خرىستىئان جۇغراپىيىسى "Topography Christian" ناملىق بىر كىتابنى ئويدۇرۇپ چىقتى ۋە بۇ كىتابنى بەكمۇ ئەتىۋارلىدى. ھەتتا بۇ كىتابقا ئىشەنمىگەنلەرنى سەت گەپلەر بىلەن ئەيىبلىدى.

## چېركاۋنىڭ ئىلىمگە قارشى يۈرگۈزگەن ۋەھشىيانە قىلمىشلىرى

چېركاۋلارنىڭ ئىلىمگە قارشى ئېلىپ بارغان ۋەھشىيانە قىلمىشلىرى ياۋروپادا راتسىئونالىزم ۋولقانى پارتىلاپ، تەبىئەت ۋە ئىلىم ئىگىلىرىنىڭ دىنىي ئەنئەنىلەر زەنجىرىنى پارچىلاپ تاشلىغان دەۋرگە توغرا كېلىدۇ. ئالىم ۋە ئەدىبلەر خرىستىئانلارنىڭ جۇغراپىيىگە مۇناسىۋەتلىك نەزەرىيىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بۇ ئويدۇرما كىتابلىرىغا ھاقارەت ياغدۇرۇپ، ئۇنى ئوچۇقتىن ئوچۇق تەنقىد قىلدى. ئۇندىن باشقا، كىتاب ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىشەنمىگەنلىكى ئۈچۈن ئۆزرىخاھلىق ئېيتقاچ، ئىلمىي كەشپىيات ۋە ئىجادىيەتلىرىنى پۈتۈن دۇنياغا ئېلان قىلدى. دەل شۇ پەيتتە، چېركاۋلاردا قىيامەت قايىم بولدى. ياۋروپا تىزگىنىنى قولىدا تۇتۇپ تۇرۇۋاتقان دىنىي زاتلار دەرھال ئاتلىنىپ، ئالىملارنى ھاقارەتلەشكە باشلىدى. خرىستىئان دىنى ئۈچۈن ئۇلارنىڭ مىلىنى تارتىۋېلىش ۋە ئۆلتۈرۈۋېتىشنىڭ ھالال ئىكەنلىكىنى ئېلان قىلدى. پاپالارنىڭ نەزىرىدىكى شەھەر، ئۆي، كەپە، ئورمان، ئۆڭكۈر ۋە باغلارغىچە تارقالغان بۇ كاپىر ۋە خۇداسىزلارنى جازالايدىغان "جازا مەھكىمىلىرى" قۇرۇلدى. بۇ مەھكىمىلەر

خرىستىئان دۇنياسىدا چېركاۋغا قارشى سوقىدىغان بىرمۇ يۈرەك قويماسلىق ئۈچۈن كېچە ـ كۈندۈز، پۈتۈن كۈچى بىلەن خىزمەت قىلدى. ياۋروپانى شەرقتىن غەربكە، شىمالدىن جەنۇبقىچە قويماي ئاختۇردى. ئىنسانلارنى جىنىدىن جاق تويغۇزۇۋەتتى، ياۋروپالىقلار ئانىسىدىن تۇغۇلغىنىغا مىڭ پۇشايمان قىلدى، هەتتا بىر خرىستىئان ئەدىب:

"بىر كىشىنىڭ خرىستىئان بولغاندىن كېيىن ئۆز ئەجىلى بىلەن ئۆلۈشى مۇمكىن ئەمەس" دېگەن ئىدى. بۇ مەھكىمىلەر تەرىپىدىن جازالانغانلار سانى تەخمىنەن 300,000 بولۇپ، بۇلاردىن 32,000 كىشى تىرىك كۆيدۈرۈۋېتىلگەنىدى. مەشهۇر تەبىئەت ئالىمى "برۇنى"مۇ تىرىك پېتى كۆيدۈرۈۋېتىلگەنلەرنىڭ ئارىسىدا ئىدى. چېركاۋ "برۇنى"نى ئوتتۇرىغا قويغان نەزەرىيىلىرى تۈپەيلىدىن جازالىغان ئىدى. چېركاۋلارغا قاتتىق قارشىلىق كۆرسەتكەن نەزەرىيىلەردىن بىرى "ئالەملەرنىڭ كۆپلۈكى" نەزەرىيىسى بولۇپ، شۇڭا ئۇ چېركاۋ تەرىپىدىن ئۆلۈمگە بۇيرۇلغان ئىدى. چېركاۋ بۇنىڭ بىلەنلا قالماي، ئۇنىڭ بىر تامچىمۇ قېنىنىڭ يەرگە ئاقماسلىقىنى، يەنى تىرىك كۆيدۈرۈلۈشىنى تەلەپ قىلدى ۋە "برۇنى" تىرىك پېتى كۆيدۈرۈلدى.

مەشهۇر تەبىئەت ئالىمى "گالىلېي"مۇ ئوخشاش ئاقىۋەتكە دۇچار بولدى. چۈنكى ئۇ يەر شارىنىڭ قۇياش ئەتراپىدا ئايلىنىدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويغان ئىدى.

## ئىسلاھاتچىلارنىڭ ئىنقىلابى

چېركاۋنىڭ ئالىملارغا قىلغان ۋەھشىي زۇلمىغا چىدىيالمىغان ئىلغار ئىسلاھاتچىلار زور بىر ئىنقىلابى ھەرىكەت باشلىدى. دىنىي زاتلار، چېركاۋ ۋەكىللىرى ۋە مۇتەئەسسىپلەرگە قارشى جەڭ ئېلان قىلدى. ئۇلارنىڭ ئېتىقادلىرىغا، مەدەنىيىتىگە، ئىلىمگە، ئەخلاقىغا، ئوقۇتۇش سىستېمىسىغا ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش ھەر تۈرلۈك مەنىۋىي مەنبەلەرگە قارشىلىق كۆرسەتتى.

ئاۋۋال خرىستىئانلىققا، كېيىنچە بارلىق دىنلارغا قارشى چىقتى. راتسىئونالىلار ۋە ئالىملار بىلەن خرىستىئان دىنى زاتلىرى ئارىسىدا، تېخىمۇ توغرىسى، دىن بىلەن ئامانلىق خادىملىرى ئارىسىدا مەيدانغا كەلگەن بۇ ماجىرا دىن بىلەن ئىلىم ماجىراسىغا ئايلاندى. ئىسلاھاتچىلار ئىلىم ۋە دىننىڭ بىرلىشىشى مۇمكىن بولمايدىغان ئىككى زىت قۇتۇپ ئىكەنلىكىنى، ئەقىل بىلەن دىنىي نىزامنىڭ ئەسلا ماسلاشمايدىغانلىقىنى، بۇلاردىن بىرىنى قوبۇل قىلغان كىشىنىڭ يەنە بىرىنى مۇتلەق تەرك ئېتىشى، بىرىنچىسىگە ئىشەنگەن كىشىنىڭ ئىككىنچىسىنى دەرھال ئىنكار قىلىشى كېرەكلىكىنى تەرغىب قىلدى. ئىسلاھاتچىلارغا دىن توغرۇلۇق سۆز ئاچقان ھامان يادىغا ئىلىم ۋە ھەقىقەت يولىدا ئېقىتىلغان پاك قانلار، راھىبلارنىڭ قوپاللىقلىرى ۋە پوپلارنىڭ پەس ئارزۇ - ھەۋەسلىرى يولىدا قۇربان قىلىنغان گۇناھسىز كىشىلەر كېلەتتى. كۆز ئالدىغا سىركە سانتىغان مۇز چىرايلار، چاك - چاك يىرىلغان قوللار، غەزەپ - نەپرەتلىك كۆزلەر، ئىنساپسىز تاش يۈرەكلەر، قاتاللاشقان ئەخمەق ئىنسانلار كېلەتتى. شۇڭا دىنغا ۋە مەنئۇبىيەتكە ۋە ئۇلارغا ۋەكىللىك قىلىدىغانلارغا قارشى قەلبلىرىدە قاتتىق نەپرەتلىنىش ھېسسىياتى تۇغۇلدى، ئۇ ھېسسىياتنى باشقىلارغىمۇ سىڭدۈردى ۋە بۇنى ئۆزلىرىنىڭ ۋەزىپىسى سۈپىتىدە داۋاملاشتۇردى.

## ئىسلاھاتچىلار ئۆتكۈزگەن خاتالىقلار ۋە ئورۇنسىز قىلمىشلار

ئىنقىلاب ھەرىكىتىگە كىرىشكەن بۇ ئىسلاھاتچىلار سەۋر - تاقەتنىڭ نېمىلىكىنى بىلمىگەننىڭ ئۈستىگە، غەيرەت قىلىش ۋە چىدامچانلىق كۆرسىتىش روھى، تەپەككۇرى ۋە تەتقىق قىلىش ئىنتىزامچانلىقىمۇ يوق ئىدى. ئەينى ۋاقىتتا، دىنى رەھبەرلىكنى مونوپول قىلىۋالغان كىشىلەر ئويدۇرۇۋالغان يالغان - ياۋىداق نەرسىلەر بىلەن ھەقىقىي دىننى بىر - بىرىدىن ئايرىيالىغۇدەك، دىننىڭ مەسئۇلىيەت ۋە ۋەزىپىلىرى بىلەن چېركاۋ ئەھلىنىڭ جاھالىتى، قالاقلىقى، مۇستەبىتلىكى ۋە ناچار قىلىقلىرىنى پەرق ئېتەلىگۈدەك ئىجتىھات ۋە تەپەككۇر

كۆچىگىمۇ ئىگە ئەمەس ئىدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئىنقىلابچىلار دىنىنى ئېتىزغا ئۇرۇق چاچقاندەك مۇنداقلا تەرك ئەتمىدى. لېكىن مۇئەسسەسىلەر ۋە دىنى زاتلارنىڭ قوپال ھەرىكەتلىرى ۋە ئالدىراقسانلىقى ھەرزامان، ھەرجايدا بولغىنىدەكلا، ئىنقىلابچىلارغىمۇ دىنى مەسىلىلەرگە كۆز يۈگۈرتۈپ، تەھلىل قىلىش پۇرسىتى بەرمىدى.

شۇنداقلا، ئىنقىلابچىلار زامانداشلىرى تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنغان ۋە بۇ ئارقىلىق ئۇلارنى كىرىزىسلەردىن قوتۇلدۇرۇپ، خاتىرجەملىككە ئېرىشتۈرگەن ئىسلام دىنىدەك بىر نەزەرىيىگە ئوبيېكتىپ نۇقتىئىنەزەر بىلەن قارىيالىغۇدەك پىكرى قابىلىيەتتىن، سەمىمىيەت ۋە ساداقەتتىن مەھرۇم ئىدى.

«ئۇلار ئەلچىگە - ئۇممى پەيغەمبەرگە (يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا) ئەگىشىدۇ، ئۇلار ئۆز ئىلكىدىكى تەۋرات، ئىنجىللاردا ئۇنىڭ (سۈپىتىنىڭ) يېزىلغانلىقىنى كۆرىدۇ. ئۇ ئۇلارنى ياخشى ئىش قىلىشقا بۇيرۇيدۇ، يامان ئىش قىلىشتىن توسىدۇ، ئۇلارغا پاك نەرسىلەرنى ھالال قىلىدۇ، ناپاك نەرسىلەرنى ھارام قىلىدۇ، ئۇلارنىڭ ئېغىر يۈكىنى يېنىكلىتىدۇ، ئۇلارنى سىلىنغان تاقاق، كويزا - كىشەنلەردىن بوشىتىدۇ (يەنى ئۇلارغا يۈكلەنگەن ئېغىر ۋەزىپىلەرنى ئېلىپ تاشلايدۇ)، ئۇنىڭغا ئىمان ئېيتقانلار، ئۇنى ھۆرمەتلىگەنلەر، ئۇنىڭغا ياردەم بەرگەنلەر، ئۇنىڭغا نازىل قىلىنغان نۇر (يەنى قۇرئان)غا ئەگەشكۈچىلەر بەختكە ئېرىشكۈچىلەردۇر».

لېكىن جاھىلىيەت مۇتەئەسسىپچىلىكى، شەرق مۇسۇلمانلىرى بىلەن غەرب خرىستىئانلىرى ئارىسىدا چىققان ئۇرۇشلار تۈپەيلىدىن سوقۇلغان قېلىن تاملار، كاھىن ۋە چېركاۋ ئەھلىنىڭ ئىسلام دىنى ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى ھەزرىتى مۇھەممەدكە قارشى ئېلىپ بارغان تەشۋىقاتلىرى، تەھلىل ۋە تەتقىقات ئىشتىياقىنىڭ يوقىلىشى، ئاخىرەت سائادىتىگە ئېرىشىش ئىشقىنىڭ زەئىپلىشىشى، ئۆلۈمدىن كېيىنكى مەڭگۈلۈك ھاياتقا ئەھمىيەت بېرىلمەسلىكى ۋە بۇلارغا قوشۇلۇپ مۇسۇلمانلارنىڭ ياۋروپادا ئىسلام نەزەرىيىسىنىڭ يېيىلىپ تەرەققى

قىلىشقا ئېتىبار بەرمەسلىكى... شۇنداق، مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى ياۋروپانىڭ ئىسلام دىنىغا قايتىشىغا، خۇددى ئاغرىقنىڭ دوختۇرغا، زەھەرلەنگۈچىنىڭ زەھەر قايتۇرغۇچقا ئېھتىياجلىق بولغىنىدەك جىددىي مۇھتاج بولغان پەيتلەردە دەرھال ئىسلامغا چىڭ ئېسىلىپ، ئۇنى باغرىغا بېسىشىغا توسقۇنلۇق قىلدى.

## غەربنىڭ ماتېرىيالىزمغا يۈزلىنىشى

ياۋروپا ھايات تومۇرلىرىنى قۇرۇتۇپ، بارلىق ياشاش يولىنى يوقىتىپ قويغاندىن كېيىن، ماتېرىيالىزمغا يۈزلەندى. ياۋروپا ئەقىدىسى، ھايات پەلسەپىسى، روھ ۋە ئەقىلگە بولغان كۆز قارىشى، ئەخلاقى ھەرىكەتلىرى، ئىلمى، ئەدەبىياتى، سىياسىتى، ھۆكۈمرانلىقى ۋە بارلىق مەنىۋى ئاساسلىرى بىلەن ماتېرىيالىزمغا يۈز تۇتتى. ئەلۋەتتە، بۇلارنىڭ ھەممىسى ئاۋۋال تەدرىجىي، ئاستا ـ ئاستا مەيدانغا كەلدى، كېيىنچە ناھايىتى تېزلەشتى. چۈنكى ماتېرىيالىزم كۈچلۈك ۋە زور ئىدى. پەيلاسوپ ۋە تەبىئەت ئالىملىرى كائىناتنىڭ ياراتقۇچىسى، ئىدارە قىلغۇچىسى ۋە باشقۇرغۇچىسىنىڭ يوقلۇقىنى، ماددا ۋە تەبىئەتتىن باشقا بۇ ئالەمنىڭ ھەرىكەتلىرىنى باشقۇرۇپ، كونترول قىلىدىغان بىر قۇۋۋەتنىڭ تېپىلمىغانلىقىنى ئېلان قىلدى. شۇنىڭ بىلەن دۇنيانى تەتقىق قىلىشقا، ئۇنىڭ پەيدا بولۇشى ۋە باشقا ھادىسىلەرنى پەقەت مېخانىك يوللار بىلەن ئىزاھلاشقا باشلىدى ۋە بۇنى: "ئوبيېكتىپ كۆز قاراش" دەپ ئاتىدى. ئاللاھنىڭ بارلىقىغا ئىمان ئېيتقان، ئۆرپ ـ ئادەت شەكلىدە بولسىمۇ ئۇنىڭ مەۋجۇدلۇقىنى قوبۇل قىلىدىغان بارلىق ئىزدىنىش ۋە نەزەرىيەلەر، ئۇلارنىڭ نەزىرىدە تەبىئىي پەن ئىلمىگە تايانمىغان قۇرۇق نەرسىلەر ئىدى. ئۇلارنى مازاق قىلاتتى ۋە ئۇلارنى ئۆزلىرىنىڭ مەسخىرە ئوبيېكتى قىلىۋالغان ئىدى. تېخىمۇ كېيىن ئۇلار تاللىۋالغان مېتود، نەزەرىيە ۋە تەتقىقات نەتىجىلىرى ئۇلارنى ماددا ۋە ھەرىكەتتىن باشقا ھەممە نەرسىنى ئىنكار قىلىشقا ئېلىپ باردى. بۇنىڭ بىلەن، سەزگۈ ئەزالىرى بىلەن ھېس قىلىنمىغان، تەجرىبىدىن ئۆتمىگەن، ئۆلچەپ ـ تارتىلمىغان ۋە سانالمىغان

www.uyghurkitap.com

نەرسىلەرگە ئىشەنمەسلىككە باشلىدى. نەتىجىدە، ئاللاھقا ئىمان ئېيتىش ۋە تەبىئەت سىرتىدىكى نەرسىلەرگە ئىشىنىش ئەقىلگە سىغمايدىغان ۋە ئىلمىي تەتقىقاتلاردىن ئۆتمىگەن بىر يۇرۇش پەرەزلەردىن ئىبارەت دەپ قوبۇل قىلىنىشقا باشلىدى.

ياۋروپالىقلار ئۇزۇن مەزگىلگىچە ئاللاھنى ئىنكار قىلىپ، دىنىنى قوبۇل قىلمىدى. ئۇلار دىنىنى پۈتۈنلەي ئىنكار قىلمىدى، لېكىن ئۇلار قوللانغان نەزەرىيە سىستېمىسى، ئىزدىنىش ۋە تەتقىقاتتا تۇتقان يوللىرى ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان ئېيتىش ئاساسىغا قۇرۇلغان، ئۆلىنى ۋەھىي ۋە ئەلچىلىك تەشكىل قىلغان ۋە ئىنسانىيەتنى ئاخىرەت ھاياتىغا دەۋەت قىلىدىغان دىن بىلەن ئەسلا ماسلاشمايتتى. چۈنكى بۇلار ئۇلارنىڭ سەزگۈ ئەزالىرى ۋە تەجرىبىلىرىنىڭ سىرتىدا بولۇپ، ئۆلچەش ـ تارتىش، ساناش ئەندىزىلىرىگە چۈشمىگەن ئىدى. شۇڭا ياۋروپالىقلارنىڭ دىنى ئېتىقادلارغا بولغان شۈبھىلىرى كۈندىن كۈنگە كۆچىيىپ بېرىۋاتاتتى.

## ماتېرىيالىزمنىڭ يېقىنقى دەۋردىكى رەزىللىكى

ياۋروپا بىلىم ۋە سەنئەت ئېقىمىنىڭ ئاۋانگارتلىرى ئۆز ئەنئەنىلىرىنىڭ مەجبۇرىيىتى، ياكى خرىستىئان دۇنياسىدىكى ئاتموسفېرانىڭ تەسىرى ۋە ياكى ئەخلاقىي ۋە ئىجتىمائىي مەنپەئەتلەر يۈزىسىدىن يىللارچە ئازغۇن ماتېرىيالىزم ۋە ئۇنىڭ ھايات پەلسەپىسىنى خرىستىئان دىنىنىڭ ئاساسلىرى بىلەن تەڭ يولغا قويدى. چۈنكى بىر مىللەت كىشىلىرىنى بىر ـ بىرىگە باغلاپ، باشباشتاقلىق ۋە چېكىدىن ئېشىپ كېتىشتىن توسۇپ قېلىش ئۈچۈن دىنىنىڭ قۇرۇق نامى بولسىمۇ، مەۋجۇد بولۇپ تۇرۇشى كېرەك ئىدى. ناھايەت، يېقىنقى دەۋرلەردە ماتېرىيالىزم ۋە خرىستىئانلىق بەكمۇ زەئىپلەشتى. تەرەققىي قىلغان ماتېرىيالىزم مەدەنىيىتىنىڭ تېخىمۇ تېز ئالغا بېسىشى، بۇنىڭ ئەكسىچە دىن ۋە ئەنئەنىلەرنىڭ ئارقىدا قېلىپ، مەدەنىيەتكە ماسلىشالماسلىقى ۋە بۇنىڭ بىلەن

بىرگە ھەرخىل قىيىنچىلىق ۋە ۋاقىت ئىسراپچىلىقى ئەندىشىسىدە ماتېرىيالىست مەدەنىيىتىنىڭ دىن بىلەن بىرلەشتۈرۈلمەسلىكى قاتارلىقلار خرىستىئان دىنى بىلەن ماتېرىيالىزمنىڭ بىر يەرگە كېلىشىنى پۈتۈنلەي قىيىنلاشتۇردى. شۇنىڭ بىلەن، ياۋروپالىقلار دىندىن ئاستا ـ ئاستا يىراقلىشىشقا باشلىدى. ئەخلاق ۋە شەرمى ـ ھايانى چۆرۈپ تاشلاپ، تېگى يوق ھاڭغا غۇلاپ كەتتى.

## ماتېرىيالىزمنىڭ جارچىلىرى ۋە رەھبەرلىرى

ياۋروپانىڭ ھەر تەرىپىدە يازغۇچىلار، ئاپتورلار، ئەدىبلەر، پەيلاسوپلار، جەمئىيەتشۇناسلار ۋە سىياسەتچىلەر ماتېرىيالىزمنىڭ "سەپسەتىلىرىنى" خۇر قىلىپ ئېيتىشقا، قەلەملىرى بىلەن ماتېرىيالىزم زەھىرىنى خەلقنىڭ زېھنى ۋە قەلبىگە سىڭدۈرۈپ، ئەخلاقنى ماددىي جەھەتتىن ئىزاھلاشقا باشلىدى. شۇنىڭ بىلەن، بەزىدە دوگمىچىلىق پەلسەپىسىنى ۋە بەزىدە ئېپىكۇر ئېقىمىنىڭ ماتېرىيالىزمىنى تەشۋىق قىلاتتى.

فىلورىنسىيەلىك ماكىيەۋىل (1469 ـ 1527) گە ئوخشاش سىياسەتچىلەر ئاۋۋال دىننىڭ سىياسەتتىن ئايرىلىشىنى ۋە ئەخلاقنىڭ شەخسىي ۋە كوللېكتىپتىن ئىبارەت ئىككى كاتېگورىيە بويىچە تەھلىل قىلىنىشىنى تەلەپ قىلدى ۋە مۇنۇلارنى قارارلاشتۇردى: ئەگەر دىن مۇتلەق بولۇشى كېرەك بولسا، ئۇ بىر شەخسىي مەسىلە سۈپىتىدە قېلىشى كېرەك. دۆلەت ئىشلىرىغا ۋە سىياسەتكە ئارىلاشماسلىقى لازىم. چۈنكى دۆلەت ئەڭ مۇھىم ۋە ھەممىدىن ئۈستۈن تۇرىدىغان ئورگاندۇر. خرىستىئانلىققا كەلسەك، خرىستىئانلىقنىڭ ئاساسىي ئاخىرەت ھاياتىغا تايىنىدۇ. دىندار ۋە مۇتەئەسسىپلەرنىڭ چېركاۋلارغا پايدىسى بولغان بىلەن دۆلەتكە ھېچقانداق پايدىسى يوق. چۈنكى ئۇلار دىنىي ھۆكۈملەرنىڭ ئاسارىتى ئاستىدا ياشايدۇ. شۇڭا ئۇلار دىنىي ھۆكۈم ۋە ئەخلاقىي پرىنسىپلاردىن سىرت ھەرقانداق مەنپەئەتكە يۈزلەنمەيدۇ. ئەسلىدە ھۆكۈمران ۋە پادىشاھلار تۈلكە مىجەزگە ئىگە بولۇشى، دۆلەتنىڭ ئەڭ كىچىك

مەنپەئەتى ئۈچۈن ئەھدىنى بۇزۇشى، يالغانچىلىق، خىيانەت، ئالدامچىلىق ۋە ئىككى يۈزلىمچىلىكتىن قىلچە تەپ تارتماسلىقى لازىم... ناھايەت بۇ چاقىرىق ئەمەلگە ئاشتى. بۇرۇنقى دىنلارنىڭ ئورنىغا چىققان نۇرغۇنلىغان مىللىي ۋە ئىرقىي كۈچلەرمۇ بۇ چاقىرىققا ئاۋاز قوشتى.

ئەدەبىياتچىلار، يازغۇچىلار، شائىرلار، ئەدىبلەر ۋە راھىبلار - بولۇپمۇ فرانسىيە ئىنقىلابىي ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى دەۋرلەردە بۇرۇنقى ئەخلاقىي قۇرۇلمىنى ۋە ئىجتىمائىي نىزامنى ئۆزگەرتىپ، يامانلىقلارنى كىشىلەرگە چىرايلىق كۆرسىتىشكە، ھەممە نەرسىنى ھالال قىلىشقا ۋە ئىنسان تەبىئىتىنى ھەرخىل چەكلىمىلەردىن ۋە كىشىلەرنى ئۆز مەسئۇلىيەتلىرىدىن يىراقلاشتۇرۇشقا باشلىدى. كىشىلەرنى ناچار ھاياتقا، شەھۋەت تورىغا ۋە دۇنيا مەنپەئەتىگە چوڭقۇر چۆكۈپ، ھاياتنىڭ پەيزىنى سۈرۈش پەلسەپىسىگە دەۋەت قىلدى. ئۇلار دۇنيا نېئمەتلىرىنى بەكمۇ ئەتىۋارلىدى ۋە بۇنىڭ نەتىجىسىدە، كۆز بىلەن كۆرگىلى، قول بىلەن تۇتقىلى بولىدىغان ماددىي مەنپەئەت ۋە ئۆتكۈنچى دۇنيا نېئمەتلىرىدىن باشقا ھەممە نەرسىنى بىراقلا ئىنكار قىلدى.

## يۇنان مەدەنىيىتىنىڭ ئەينەن كۆچۈرۈلمە نۇسخىسى

19 ـ 20 ـ ئەسىردە، ياۋروپانىڭ ھايات شەكلى جاھىلىيەت پاتقىقىغا پاتقان كونا بۇتپەرەست رىم ۋە يۇنان مەدەنىيىتىنىڭ ئەينەن كۆچۈرۈلمىسىگە ئايلىنىپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن، شەرقنىڭ نامىدىكى خرىستىئانلىقنىڭ زۇلمى ئاستىدا ئېزىلگەن ياۋروپا قايتىدىن كونا قىياپىتىگە كىردى.

بۇنىڭدا ئەجەبلەنگۈدەك بىر ئەھۋال يوق. بۈگۈنكى ياۋروپالىقلار يۇنان ۋە رىم مەدەنىيەتلىرىنىڭ مىراسخورلىرى ئىدى. دوكتور خائاس يۇنان مەدەنىيىتى ھەققىدىكى مۇلاھىزىسىدە ئوچۇق ئوتتۇرىغا قويغىنىدەك، ياۋروپالىقلار ھەر دائىم روھ بىلەن ھېچ مۇناسىۋىتى بولمىغان، ئەھمىيەتسىز دىنلارنى ئىزدەيدۇ

ۋە ئۇنىڭدىن باشقا ھېچقانداق دىنىي قوبۇل قىلمايدۇ.

بۈگۈنكى ياۋروپالىقلارنىڭ دىنىي ئاساسلىرىنى بۇزغانلىقىنى، ئېغىزىدا قوبۇل قىلىپ قويۇپ، ئەمەلىيەتتە لايىقىدا ئەھمىيەت بەرمىگەنلىكىنى، ئەيش ـ ئىشرەتكە بەكمۇ بېرىلىپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈۋاتىمىز. لېكىن بۇ خۇسۇسىيەتلەرنىڭ يۇنان مەدەنىيىتىدىمۇ ئوخشاش ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇپ قويماقتا. يەنى بۈگۈنكى ياۋروپا ھاياتى بىلەن قەدىمكى يۇناننىڭ ھايات كۆز قارىشى ئوتتۇرىسىدا ھېچقانداق پەرق يوق ئىدى. مانا بۇ، ياۋروپادىكى دىنىي مۇھىتنىڭ نەتىجىسى بولۇپ، بۇنداق مۇھىت ئاللاھقا ھەقىقىي مەنىسى بىلەن ئىتائەت قىلىپ، ئۇنىڭ ئەمرلىرىنى ئورۇنلاشتىن توسايدۇ. شۇنداق، مانا بۇ ياۋروپالىق تەبىئەت ئالىملىرى ۋە پەيلاسوپلار ئوتتۇرىغا قويغان كۆز قاراش ۋە نەزەرىيىلەرنىڭ نەتىجىسى ئىدى. ئۇلار بۇ نەزەرىيە ۋە غايىلىرىنى ئىنسانلارغا يەتكۈزدى. خەلقمۇ ئاستا ـ ئاستا بۇلارنى قوبۇل قىلىشقا باشلىدى. شۇنىڭ بىلەن، بۇ نەزەرىيە ۋە غايىلەر دىنىنىڭ ئورنىنى ئىگىلىدى.

شۇنىڭغا ئوخشاش، بۈگۈنكى ياۋروپالىقلارنىڭ خۇددى ئۇسساپ كەتكەن بىرى سۇغا، پەرۋانە يورۇقلۇققا ئۆزىنى ئۇرغاندەك دۇنيا ھاياتىغا ھەددىدىن زىيادە بېرىلىۋاتقانلىقىنى، بەئەينى سوقراتنىڭ ئۆز دەۋرىدىكى يۇنانلىق جۇمھۇرىيەتچىلەرنى تەسۋىرلىگىنىدەك، ھاياتنىڭ مەنپەئەت ۋە نېئمەتلىرىنى قوش قوللاپ ئىگەللىۋېلىشقا ئۇرۇنۇۋاتقانلىقىنى كۆرەلەيمىز. رىم مەدەنىيىتىنىڭ يۈكسىلىش باسقۇچىغا يېقىندىن ماسلاشقان دەۋرلەردە كۆرگىنىمىزدەك، بۈگۈنكى ياۋروپا خەلقىنىڭمۇ دىنىي مەسىلىلەر ۋە ئېتىقادلارغا شۈبھە بىلەن قارايدىغانلىقىنى، دىنىي، ئۇنىڭ ئىبادەت شەكىللىرىنى ۋە ئەنئەنىلىرىنى مەسخىرە قىلىۋاتقانلىقىنىمۇ كۆرۈۋالالايمىز.

www.uyghurkitap.com



## بۈگۈنكى ياۋروپانىڭ دىنى خرىستىئان ئەمەس، بەلكى ماتېرىيالىزم

شۈبھىسىزكى، بۈگۈن ياۋروپانىڭ روھى ۋە قەلبىدە تەخت قۇرغان دىن خرىستىئان دىنى ئەمەس، بەلكى ماتېرىيالىزمدۇر. بۇ خۇسۇسىيەت، ياۋروپانىڭ ئىچكى دۇنياسىنى بىلىدىغان، ياۋروپالىقلارنى كىتابلاردىن ئەمەس، بەلكى يېقىندىن، ھەتتا توغرا كېلىپ قالغاندا بىۋاسىتە كىتابلاردىن تونۇغان، دۆلەتنىڭ شان - شۆھرىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ، مىللەتنى ھۇزۇر - ھالاۋەتكە ئېرىشتۈرگەن شەكىلۋاز دىندارلىقۋا، چېركاۋ زىيارەتلىرىگە ۋە داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان ئۆرپ - ئادەتلىرىگە ئالدانمايدىغان كىشىلەرگە بەكمۇ ئايان.

يۇقىرىدا ئىسمى زىكىر قىلىنغان نېمىس پروفېسسور مۇھەممەد ئەسەد: "يوللارنىڭ ئايرىلىش نۇقتىسىدا ئىسلام" ناملىق ئەسىرىدە بۇ خۇسۇسىيەتنى ناھايىتى ئوچۇق ئىپادىلىدى:

"شۈبھىسىزكى، ياۋروپادا دىنىي ئۇسلۇبتا ئويلىشىدىغان، ئېتىقادلىرىنى مەدەنىيەتلىرى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، ئەمەلىي ھاياتقا باغلاش ئۈچۈن پۈتۈن كۈچى بىلەن خىزمەت قىلىدىغان كىشىلەر بار. ئەمما بۇلار يوق دېيەرلىك دەرىجىدە ئاز. ياۋروپادا نورمال بىر كىشى، مەيلى فاشىست، مەيلى دېموكرات، كاپىتالىست، سوتسىيالىست، سەنئەتكار ياكى مۇتەپەككۇر بولسۇن، پەقەت بىرلا دىننى تونۇيدۇ. ئۇ بولسىمۇ، ماددىي تەرەققىياتقا ئىبادەت قىلىپ، ھاياتنىڭ بىردىنبىر غايىسىنىڭ ئىنسان ھاياتىنى قولايلاشتۇرۇش ئىكەنلىكىگە، تېخىمۇ ئومۇملاشقان ئىبارە بىلەن ئېيتقاندا، "مۇتلەق ھۆررىيەت" كە، يەنى تەبىئەتنىڭ پۈتۈن قانۇنلىرىغا خىلاپلىق قىلىشقا ئىشىنىش. بۇ دىنىنىڭ مەبۇد ۋە چېركاۋلىرى بولسا، غايەت چوڭ فابرىكىلار، كىنوخانىلار، خىمىيە لابوراتورىيىلىرى، كەچلىك كۇلۇبلار ۋە ئېلېكتر ئىستانسىلىرىدىن ئىبارەت. بۇ دىنىنىڭ كاھىنلىرى ۋە دىنىي زاتلىرى بولسا، بانكا خوجايىنلىرى، ئىنژېنېرلار، ئارتىستلار، كىنو چولپانلىرى، تىجارەتچىلەر، سەنئەتكارلار ۋە سەيياھلار. مانا بۇ ھەددىدىن زىيادە كۈچ -

قۇۋۋەت ۋە ھەۋەس ۋۇلقانى تولۇق قوراللانغان ئارزۇ ۋە مەنپەئەتلەر بىلەن توقۇنۇشۇپ قالغاچقا، بىر ـ بىرىنى يەپ تۈگىتىشكە تەييار ھالەتتىكى دۈشمەن قوشۇنلىرىنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشىغا ۋە جەڭ تېخنىكىسىنىڭ ئىلگىرىلىشىگە يول ئېچىپ بەردى. ئەمما مەدەنىيەت تەرىپىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئەمەلىي مەنپەئەتلەرنىڭ ئۈستۈنلۈكىگە ئىشىنىدىغان، ياخشىلىق بىلەن يامانلىق ئارىسىنى ئېنىق ئايرىپ تۇرىدىغان چەك ـ چېگرا ۋە ئەڭ ئۈستۈن ئۆلچەم شەكلىدە ماتېرىيالىزمدىن باشقا ھېچبىر مىزان تونۇمايدىغان باشقا بىر ئىنسان تىپى شەكىللەندى".

"غەرب مەدەنىيىتى ئۇچۇقتىن ئوچۇق ۋە قەتئىي شەكىلدە ئاللاھنى ئىنكار قىلمايدۇ. لېكىن پىكىر سىستېمىسىدا ئاللاھقا پەقەتلا ئورۇن بەرمەيدۇ. بۇ خىل ئېتىقادتىن پايدا ـ مەنپەئەت كۈتمىگىنىدەك، ئۇنىڭغا ئېھتىياجىمۇ بولمايدۇ".

ياۋروپالىقلارنىڭ ھاياتى پائالىيەتلىرى قاتارىدا ئورۇن ئالغان دىنىي مەركەزلەر ۋە بۇلارنىڭ تەسىر دائىرىلىرى ھەققىدە ئوتتۇرىغا قويۇلغان بۇ دەلىللەر ئوتتۇرىغا قويغۇچىسىنىڭ خرىستىئانلىقتىن ئىسلامغا، ياۋروپادىن مۇسۇلمان شەرققە قاراپ يۈزلەنگەن بىر ھىدايەتكە ئېرىشكۈچى بولۇشى تۈپەيلىدىن، بەلكى كىتابخانلاردا شۈبھىلىنىش ھېسسىياتى تۇغۇلۇشى مۇمكىن. ئەمما لوندوننىڭ قىممەتلىك پروفېسسورلىرى ۋە ئەنگلىيەنىڭ ئاتاقلىق يازغۇچىلىرىدىن بىرى رەسمىي دىنىنىڭ ئەڭ چوڭ مەركەزلىرىدىكى چۆكۈش ۋە خانىۋەيرانلىقنى، مۇناسىۋەتلەرنىڭ نەقەدەر يىرگىنچلىك ھالغا كەلگەنلىكىنى بايىقى دەلىللەردىن تېخىمۇ ئوچۇق ۋە تەپسىلىي كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

لوندون ئۇنىۋېرسىتېتى پسىخولوگىيە ۋە پەلسەپە فاكۇلتېتى مۇدىرى پروفېسسور جۇئاد " Guide To Modern Wickedness " ناملىق ئەسىرىدە مۇنداق دەيدۇ:

"يىگىرمىنچە ياش قىز ـ يىگىتتىن ئېچىمىزدىكى قانچە كىشىنىڭ ھەقىقىي

مەنىدە خرىستىئان ئىكەنلىكىنى سورىدىم. ئۇلاردىن پەقەت "ئۈچ" كىشى مۇسبەت جاۋاب بەردى. يەتتىسى بۇ ھەقتە ئويلىشىپ باقمىغانلىقىنى ئېيتتى. قالغان ئونى بولسا، ئۆزلىرىنىڭ خرىستىئان دۈشمىنى ئىكەنلىكىنى ئوچۇق ئىپادىلىدى. مېنىڭچە، خرىستىئان دىنىغا ئىشىنىپ، ئۇنىڭغا ئېتىقاد قىلىدىغانلار بىلەن ئىشەنمەيدىغانلار ئارىسىدىكى بۇ قورقۇنچلۇق پەرق ياۋروپادا ھەيران قالارلىق ئىش ئەمەس. ئەگەر بۇ سوئال بۇندىن ئەللىك ياكى يىگىرمە يىل بۇرۇن سورالغان بولسا، جاۋابلار باشقىچە بولغان بولاتتى. مانا بۇلاردىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، كانون بەررىيىنىڭ ئىدىيىلىرىگە قوشۇلۇپ، ئۇلۇغ بىر خرىستىئان ھەرىكىتىنىڭ دۇنيانى قۇتقۇلدۇرالايدىغانلىقىغا ئىشىنىدىغانلار ئەلۋەتتە بەكمۇ ئاز. شەخسەن مەن كانون بەررىيىنىڭ ئىدىيىلىرىنى قوللايدىغان ۋەيا ئاقلايدىغان ھېچقانداق بىر ئىش - ھەرىكەت كۆرەلمىدىم. بۇ پەقەت ئۇنىڭ ئارزۇسى ۋە خىيالىدىن باشقا بىر نەرسە ئەمەس. ئارزۇلار كۆپىنچە ھاللاردا ئىنسان كاللىسىغا ھەرخىل پىكىرلەرنى تۇغدۇرىدۇ. لېكىن ھېچقانداق دەلىل - ئىسپاتقا تايانمايدۇ. بۇ دۆلەتلەردە يۈز بېرىۋاتقان ھادىسىلەر كېيىنكى ئەسىردە چېركاۋلارنىڭ تارىختا ئايلىنىپ قالىدىغانلىقىدىن بېشارەت بەرمەكتە. سىلەرگە كۆندىلىك گېزىتتىن بۇ پىكرىمىزنى قۇۋۋەتلەپ بېرىدىغان مۇنۇ خەۋەرنى كۆرسىتىپ ئۆتەي:

"77 يېشىدىكى بىر ئادەم ئۆزى كەشىپ قىلغان يېڭى بىر ئۇسۇلدا كونا "مۇقەددەس كىتاب" نۇسخىلىرىنى ساليۇت ياساش، يېپەك سانائىتى، يالتىراق ۋە قەغەز پۇل بېسىشتا قوللىنىپتۇ. بۇ ياشانغان كىشىنىڭ ماشىنىسى "Cardiff Factory" دە ۋە باشقا سەككىز فابرىكىدا ئىشلىتىپ كونا تەۋرات نۇسخىلىرى بىلەن ئۈزۈش قۇراللىرى ياسىلىشقا باشلاپتۇ. بۇ ماشىنىنى ئىجاد قىلغان ئادەم بۇرۇنقى پېقىر، نامرات كىشىدىن ھازىرقى باي، مال - مۈلۈك ئىگىسىگە ئايلىنىپتۇ".

پروفېسسور جود ماقالىسىنى تەۋراتتىن ئالغان بىر جۈملە بىلەن

ئاياغلاشتۇرىدۇ. بۇ كانون بەررىيغا، دىنىي زاتلارغا ۋە باشقا كىشىلەرگە بېرىلىدىغان ئەڭ ياخشى جاۋابتۇر.

"قۇلىقى بارلار ئاڭلىسۇن!..."

بۇ يازغۇچى: "Philosophy For Our Times" ناملىق كىتابىدا مۇنۇلارنى يازغان ئىدى:

"ئەسىرلەردىن بېرى ئەنگىلىيەنىڭ زېھنىيىتىگە ھاكىم بولغان ئىدىيە بايلىق توپلاش ئارزۇسى بولۇپ، بۇ ئارزۇ خەلق ھاياتىدىكى ئەڭ كۈچلۈك ئامىل ۋە ھەرىكەتلەندۈرگۈچى مەنبە ئىدى. چۈنكى بايلىق مۇلۇكچىلىككە ئېچىلغان دېرىزە بولسا، بايلىقنىڭ كۆپلۈكى ۋە موللىقى ئىنساننىڭ شەرەپ ئۆلچىمىدۇر. ئىنسانلار سىياسەت، ئەدەبىيات، تىياتىر، كىنو ۋە رادىئو ئارقىلىق، ھەتتا بەزىدە چېركاۋ مۇنبەرلىرىدىن ھەر ئاي، ھەر يىل مال ۋە بايلىق توپلاشقا تەشۋىق قىلىناتتى. پەقەت مال - مۈلۈك توپلاشتا تەرەققىي قىلغان مىللەتلەرنىڭلا مەدەنىي مىللەت بولالايدىغانلىقى ھەققىدىكى ئىدىيىلەر تەرغىب قىلىناتتى".

مال - مۈلۈككە كۆرسىتىلگەن بۇ ھېرىس دىنىي ئېتىقادلىرىمىز بىلەن توقۇنۇشتى. چۈنكى دىن يەنى خرىستىئان دىنى پېقىرلىقنى ماختاپ، بايلىقنى سۆكەتتى ۋە مۇنداق دەيتتى:

"پېقىرلار سالامەتلىك ۋە سائادەتكە بايلاردىن تېز ئېرىشىدۇ. پەلسەپەۋى ۋە دىنىي ئاساسلار، ئاللاھقا قۇللۇق قىلىش ۋە جەننەت نېئمەتلىرىگە ئېرىشىش ھەققىدە پېقىرلىقنىڭ بىردىنبىر يول ئىكەنلىكىنى كۆچەپ تەرغىب قىلىسىمۇ، ئىنسانلار دىنىنىڭ ئاۋازىغا قۇلاق سالمىدى. دىن ئوتتۇرىغا قويغان ھۆكۈملەرنى ئەمەلىي تۇرمۇشتا يۈرگۈزۈشكە بەل باغلىمىدى. قول ئىلكىدىكى مال - بايلىقنى ۋەدە قىلىنغان جەننەت نېئمەتلىرىدىن ئۈستۈن كۆرۈشتە چىڭ تۇردى. بەلكى ئۇلار بانكىغا قويغان باغلام - باغلام پۇللىرى بىلەن دۇنيا نېئمەتلىرىنى سېتىۋالغىنىدەك، ئۆمۈرلىرىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدە تۆۋبە قىلىش ئارقىلىق

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئاخىرەت نېئمەتلىرىگىمۇ ئېرىشەلەيدىغانلىقىنى خىيال قىلىشاتتى".

"سامىئىل باتلېر" كىتابىدا ئۇلارنىڭ بۇ ئىدىيىلىرىنى مۇنداق ئىپادىلىگەن ئىدى:

"بەزى يازغۇچىلار: بىز ئاللاھقا بولغان ئىبادەت بىلەن مال ـ بايلىققا بولغان ئىبادەتنى تەڭ ئورۇنغا قويالمايمىز" دېيىشىدۇ. مەنمۇ بۇ ئىدىيىنى قوبۇل قىلىمەن، بۇ ئۇنداق ئاددىي مەسىلە ئەمەس. چۈنكى مۇھىم ۋە جىددىي مەسىلىلەر دۇنيادا قاچان ئاسان ھەل بولغان؟"

بەزى پرىنسىپلاردا ھەرقانچە ئايرىم بولساقمۇ، ھەقىقەتەن ھەممىمىز باتلېر ۋە قوللىغۇچىلىرىنىڭ ئىزىدىن مېڭىۋاتىمىز. بىز ياۋروپالىقلار ھۆججەت مۇھەببىتى بىلەن يۇغۇرۇلدۇق. ئېتىقادىمىزغا كۆرە، شەخس ۋە ھۆكۈمەتنىڭ كۈچ ـ قۇۋۋىتىنى كۆرسىتىدىغان ئەڭ ساغلام ۋە ئۆلچەم مال ـ بايلىق. ئۇنىڭ ئۈستىگە، بايلىق تارىخىي قىممەتكە ئىگە ئىككى تېئورمىنىڭ پەيدا بولۇشىغا سەۋەب بولدى.

بىرىنچىسى، 19 ـ ئەسىردە ئىقتىساتقا ئارىلاشماسلىق تېئورمىسى ھۆكۈم سۈرگەن ئىدى. بۇ تېئورمىنى ياقلايدىغانلار ئىنسانىنىڭ قولغا كەلتۈرگەن چوڭ مەنپەئەتلىرى ئارقىلىق قىلىۋاتقان ئىشىنىڭ بېشىغا ئۆتكەنلىكىدە چىڭ تۇرىدۇ. ئۇلارغا كۆرە، ئىنساننى ھەرىكەتكە كەلتۈرىدىغان مودېل روھى تۇيغۇ ۋە ئارزۇلار ئەمەس، بەلكى بايلىق توپلاش ھەۋىسىنىڭ ئۆزى ئىدى.

ئىككىنچىسى، 20 ـ ئەسىردە ھۆكۈم سۈرگەن كارل ماركىسنىڭ ئىقتىساد تېئورمىسى ئىدى. بۇ تېئورمىغا كۆرە، ئىنساننىڭ ئىقتىساد نىزامى ئىنساننىڭ ماددىي ئېھتىياجلىرى ئۈستىگە قۇرۇلىدۇ. كارل ماركسقا كۆرە ئەدەپ ـ ئەخلاق، تەربىيە، دىن، مەنتىق ۋە دۆلەت ئىگىدارچىلىقى ئىقتىسادقا باغلىق. ئەگەر مەملىكىتىمىز ئىنسانلىرى بايلىق توپلاش ھەۋىسى ۋە مۇھەببىتى بىلەن يۇغۇرۇلمىغان بولسا ئىدى، بۇ ئىككى نىزام بۇ قەدەر جەلپ قىلىش كۈچىگە

ئىگە بولالمايتتى".

پروفېسسور جوئاد كىتابىنىڭ باشقا بىر يېرىدە مۇنداق دەيدۇ:

"بۇ زامانلاردا ئومۇملاشقان ۋە كۈچلۈك هايات پەلسەپىسى: هەر قانداق ئەهۋال ۋە هەر قانداق مەسىلىدە يانچۇق لىق، قورساق توق بولۇشى كېرەك."

ئامېرىكىلىق مەشهۇر گېزىتچى جۇن گافتېر بۇ پسىخولوگىيىلىك ئەهۋالنى Inside Europe (ياۋروپانىڭ ئىچى) ناملىق ئەسىرىدە مۇنداق تەسۋىرلىگەن ئىدى:

"ئىنگلىزلار هەپتىنىڭ ئالتە كۈنى (Bank of England) ئەنگلىيە بانكىسىغا چوقۇنىدۇ. يەتتىنچى كۈنى چېركاۋغا بارىدۇ".

## ياۋروپادا ماتېرىيالىزمدىن كۆرۈنۈشلەر

ئاخىرەت هاياتىغا ئىشەنمەيدىغانلار، "كىچىك تاغلارنى مەن ياراتتىم" دەپ مەيدىسىنى كېرىپ يۈرىدىغانلار، دۇنيا ئىشتىياقى ۋە نېئمەتلىرىدىن باشقا ئۇستۈن غايىسى بولمىغانلار، ئاللاھ يادىغا كەلگەن چاغدا ئەسلەپ قويىدىغانلار، ئاللاھقا هۆرمەت، ئېهتىرام بىلدۈرمەيدىغانلار باشلىرىغا پالاكەت بۇلۇتلىرى ئەگىپ، قىيىن ئەهۋالدا قالغان ۋاقىتلاردا ئاللاھقا قانداق قول ئېچىپ يالۋۇرىدۇ؟ هەقىقەتەن ئاللاھ تائالا ئۆز ئۇلۇغلۇقىغا ئىشەنمەيدىغان مۇشرىكلار توغرىسىدا مۇنداق دەيدۇ:

﴿(دېڭىزدا) ئۇلارنى تاغلاردەك دولقۇنلار ئورىۋالغان چاغدا، ئۇلار كامالى ئىخلاس بىلەن ئاللاھقا ئىلتىجا قىلىدۇ، ئاللاھ ئۇلارنى (دېڭىز خەتەرلىرىدىن) قۇتۇلدۇرۇپ قۇرۇقلۇققا چىقارغان چاغدا، ئۇلارنىڭ بەزىسى توغرا يولدا بولىدۇ. بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزنى پەقەت خىيانەتكار (ئاللاھنىڭ نېئمەتلىرىدىن تانغان) ئادەملا ئىنكار قىلىدۇ﴾.[1]

[1] سۈرە لوقمان 32- ئايەت.

بۇ خىل مىساللار كۆرسىتىلگەن كىشىلەر ماددىغا ھەددىدىن ئارتۇق بېرىلگەنلىكى، ئوچۇق سەۋەب ۋە ئىللەتلەرگە تايىنىپ ئاللاھنىڭ پۈتۈنلەي يىراقلىشىپ كەتكەنلىكى تۈپەيلىدىن غەپلەت ۋە قاساۋەتتە ئۇچىغا چىققىنى ۋە ئاللاھ تائالانىڭ ئۇلار ھەققىدىكى ئايەتلىرىنىڭ نەقەدەر توغرا ئىكەنلىكىنى ئۆزلىرى ئىسپاتلىدى.

﴿شەك - شۈبھىسىزكى، سەندىن ئىلگىرىكى ئۈممەتلەرگە (نۇرغۇن پەيغەمبەرلەرنى) ئەۋەتتۇق (ئۇلار پەيغەمبەرلەرنى ئىنكار قىلدى). ئۇلارنى ئاللاھقا (تەۋبە قىلىپ) يېلىنسۇن دەپ نامراتلىق ۋە ئاغرىق - سىلاق بىلەن جازالىدۇق. ئۇلارغا بىزنىڭ ئازابىمىز چۈشكەن چاغدا نېمىشقا يېلىنمىدى؟ لېكىن ئۇلارنىڭ دىللىرى قاساۋەتلەشتى (ئىمانغا يۇمشىمىدى)، شەيتان ئۇلارغا قىلمىشلىرىنى چىرايلىق كۆرسەتتى﴾.[1]

﴿ئۇلارنى بىز ھەقىقەتەن ئازاب (يەنى قەھەتچىلىك) بىلەن جازالىدۇق، ئۇلار پەرۋەردىگارىغا بويسۇنمىدى، ئىلتىجا قىلىپ دۇئامۇ قىلمىدى﴾.[2]

ئەمما شۇنىسى ئاجايىپكى، ياۋروپالىق رەھبەرلەر ۋە پارلامېنت ئەزالىرىنىڭ نۇتۇقلىرىدا ئازراق بولسىمۇ نازاكەت، مەرھەمەت تۇيغۇسى ۋە ئاللاھ قورقۇسىنى ئۇرۇش تازا قىززىغان ۋە تىنچىسىز پەيتلەردىمۇ ئۇچراتقىلى بولمايتتى. ياۋروپالىقلارنىڭ مۇئامىلىلىرىدە، ھەرىكەتلىرىدە ۋە خۇشال كۈنلىرىدە بۇلار ھېچ كۆرۈلمەيتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ياۋروپالىق مۇتەپەككۇر ۋە ئەدەبىياتچىلار بۇ خىل مۇئامىلىلەرنى ئېغىر بېسىقلىق، چىدامچانلىق ۋە باتۇرلۇق قىلىپ كۆرسەتمەكتە. ئەنگلىيەنىڭ مەشھۇر دىپلوماتى ۋە ئىلغار شەخسلىرىدىن بىرى، ئەنگلىيە پارلامېنتىدا ئىنگلىز مىللىتىنىڭ ۋەقە ۋە پالاكەتكە ئۇچرىغاندىكى باتۇرلۇق ۋە سوغۇققانلىقىدىن ماختىنىپ، سىنگاپۇردا تانسا ۋە ئويۇن - تاماشىنىڭ مەستخۇشلىقىدا ئۆزلىرىنى ئۇنتۇغان ئېنگلىزلەرنىڭ شەھەرنى

[1] سۈرە ئەنئام 42- ئايەت.
[2] سۈرە مۆئمىنۇن 76- ئايەت.

بومباردىمان قىلغان ياپون ئايروپىلانلىرىغا قارىماي تانسا ۋە ئويۇن ـ تاماشىنى داۋاملاشتۇرغانلىقىنى، ھەتتا تۇرغان يەرلىرىدىن قىمىرلاپمۇ قويمىغانلىقىنى مىسال كۆرسىتىدۇ. بىر ھىندى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن بىر كېچىلىك ۋەقەنى مۇنداق تەسۋىرلەپ بېرىدۇ:

"تانسا تازا قىزىغان ۋاقىتتا بىردىنلا كەلگەن ھاۋا ھۇجۇمى سىگنالىدىن ئانچە چۆچۈپ كەتمەي ئۇسسۇلنى داۋاملاشتۇرۇشتى" ...

"تانسا تازا قىزىغان ۋاقىتتا بىردىنلا كەلگەن ھاۋا بېسىمىدىن يىرگەندۇق ۋە جايىمىزدىن قىمىرلىيالمىدۇق. بىر ئازدىن كېيىن، بىرەيلەن: قانداق قىلىمىز، تانسىنى ئاخىرلاشتۇرامدۇق ياكى داۋاملاشتۇرامدۇق؟ ـ دەپ سورىدى. ياش قىزلاردىن بىرى ئۈنىڭغا: داۋاملاشتۇرايلى! ـ دەپ جاۋاب بەردى".

ھىندى يەنە مۇنداق دەيدۇ:

"بومباردىمان ۋاقىتلىرىنى كىنوخانىلاردا ئېلان قىلىش كۆندىلىك ئادەتكە ئايلانغان ئىدى. لېكىن كىنو پروگراممىلىرى توختىماي داۋاملىشاتتى. ئاكوپ ھۇجرىلىرىغا كىرىدىغان يول ئۇزۇن تەرەپتە، ئەڭ چەتتە ئىدى. لېكىن خەلق ئاساسەن قىمىرلاپمۇ قويمايتتى. ھېچكىم ئۆلتۇرغان يېرىدىن قوپۇشنى خالىمايتتى. كىنو پروگراممىلىرىمۇ توختىماي داۋاملىشاتتى".

بىر ئىنگلىز يازغۇچى ھىندىستاندا نەشر قىلىنغان "Statesman" ناملىق مەشھۇر كۈندىلىك ئىنگلىزچە گېزىتنىڭ 1942 ـ يىل 1 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈندىكى سانىغا بېسىلغان بىر رەسىم ھەققىدە مۇنۇلارنى يازغان ئىدى:

"ھەيران قالارلىق ئىش شۇكى، تارىختىكى ئەڭ ياخشى تىياتىر ئەسەرلىرى چوڭ ئۇرۇشلار پارتلىغان مەزگىللەردە رويابقا چىقتى. بۈگۈن ئەنگلىيەدىمۇ ئەھۋال ئوخشاش، ئويۇن - تاماشا يەرلىرىگە، كىنو ـ تىياتىرلارغا قاتنايدىغانلار ئۆزلىرىنى ئۇرۇشتىن بۇرۇنقى كۈنلەردىن تېخىمۇ خۇشال ۋە كەيپىياتى يۇقىرى ھېس قىلماقتا. ئارزۇ ـ ھەۋەسلىرىگە يېرىلىپ كەتكەنلەر لوندوندىكى ئويۇن ـ تاماشا يەرلىرىدە ئۆزى خالىغان ھەممە نەرسىنى تاپالايدۇ. بۇ گېزىتنىڭ 1943 ـ يىل 12 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈندىكى سانىدا يەنە: "لوندون، لىزبون ۋە موسكۋادا

www.uyghurkitap.com

فىلىم سانائىتى تېز قەدەمدە ئىلگىرىلىمەكتە ۋە تەرەققىي قىلماقتا" دېگەن خەۋەر بېسىلغان ئىدى. كونا دەۋرلەر ئۆرۈش قىزىپ چىكىگە چىققان ۋاقىتلاردا ۋە ئۆمرىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدە ئەيش ـ ئىشرەت ۋە ئويۇن ـ تاماشىغا بولغان يۈكسەك ئىشتىياقنى رىملىقلار ۋە يۇنانلىقلاردىن باشقا مىللەتلەردە كۆرەلمەيسىز".

رويتېرس ئاگېنتلىقىنىڭ مۇخبىرى ئەنگلىيە باش مىنىستىرى چېرچىلنىڭ ئۇرۇشنىڭ ئەڭ شىددەتلىك پەيتىدە، ئىنسانىنىڭ ئىختىيارسىز قولىنى كۆتۈرۈپ ئاللاھقا يېلىنىپ ـ يالۋۇرىدىغان، مەستلەرنىڭ ئۆزلۈكىدىن كاللىسى سەگىيىدىغان، يۈرىكى تاش بولۇپ كەتكەنلەرنىڭ شامدەك ئېرىپ كېتىدىغان ئاشۇنداق خەتەرلىك دەۋردە يېڭى يىلنى قانداق كۈتۈپ، كونا يىلنى قانداق ئۇزاتقانلىقىنى تېلېگراف ئارقىلىق بىلدۈرۈپ مۇنداق دەپ يازغان ئىدى:

"ۋاشىنگتون ـ بۈگۈن 1942 ـ يىل 1 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى، تۈنۈگۈن كەچ يېڭى يىل مۇناسىۋىتى بىلەن ئەنگلىيە باش مىنىستىرى چېرچىل كانادادىن پويىز بىلەن رەسمىي مېھمان سۈپىتىدە ئامېرىكىغا كەلدى. باش مىنىستىر چېرچىل چارل يارتىل ئەپەندى بىلەن بىرلىكتە پويىزدىن چۈشۈشتىن بۇرۇن، پويىزنىڭ ئاشخانا ۋاگونىغا ئاغزىدا تاماكا، بىر قولىدا شامپان تولغان قەدەھ بىلەن كىرىپ كەلدى. ئۇنىڭ بىلەن بىللە ماڭغان گېزىت مۇخبىرلىرى بۇ مەنزىرىنى كۆرۈپ ھەيران قېلىشتى. چېرچىل قەدەھنى قولىغا ئېلىپ كۈلۈمسىرىگەن ھالدا: "قولغا كەلتۈرۈلگەن زەپەرلەر، زورلۇق ـ قىيىنچىلىقلارغا تولغان 1941 ـ يىلىنىڭ شەرىپىگە" دېدى. چېرچىل كونا يىلنىڭ ئاخىرقى پەيتلىرىنى بۇ شەكىلدە ئۆتكۈزگەندىن كېيىن يېڭى يىلنى تەبرىكلىدى ۋە سائەت قوڭغۇرىقى چالدى. مۇخبىرلار ۋە پويىز خادىملىرى چېرچىلنىڭ يېڭى يىلنى مۇبارەكلىدى. باش مىنىستىر چېرچىل بىر قولىدا جارل بارتىلنىڭ، يەنە بىر قولىدا كارل بورل ھانىرىنىڭ قولىنى تۇتۇپ ئۇسسۇل ئوينىدى. ئاندىن ئىشكىنىڭ ئالدىغا كېلىپ: "ھەممىڭلارغا خۇشاللىق تىلەيمەن، تەڭرى بىزگە زەپەر ئاتا قىلسۇن!" دېدى.

ئۇنىڭ بۇ گەپلىرىدىن سۆيۈنگەن بۇ يەردىكىلەر ئۆزلىرىنى ئۇنتۇغان ھالدا ناخشا ئېيتىپ ئويۇن - تاماشا قىلىشقا باشلىدى.

باش مىنىستىر چېرچىل بىر "V" ھەرپىنى سىزغاندىن كېيىن خۇشال - خۇرام ھالدا ۋاگونغا قايتتى".

بۇ ماتېرىيالىستىك ھايات پەلسەپەسى بىلەن ئۇرۇش ۋە خەتەرلىك پەيتلەردىكى دىنى پسىخولوگىيە، دىن ئوتتۇرىغا قويغان ئاساسلار، دىندار كىشىلەرنىڭ مۇئامىلە ۋە ھەرىكەتلىرىنى سېلىشتۇرۇپ باقايلى. قۇرئان - كەرىمدە بۇ ھەقىقەت مۇنداق بايان قىلىنىدۇ:

«ئى مۇئمىنلەر! (مۇشرىكلاردىن) بىر جامائەگە (يەنى دۈشمەن قوشۇنىغا) ئۇچراشقان چېغىڭلاردا ساباتلىق كۆرسىتىڭلار، مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشىڭلار ئۈچۈن ئاللاھنى كۆپ ياد ئېتىڭلار».[1]

پەيغەمبىرىمىز قىيىن ئەھۋالدا قالغىنىدا دەرھال نامازغا تۇراتتى، ئاللاھقا دۇئا قىلاتتى. ئىبنى ھىشامنىڭ تەرجىمىھالىدا ئىبنى ئىسھاق مەشھۇر بەدرى ۋەقەسى ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ:

"رەسۇلۇللاھ سەپلەرنى تۈزەتكەندىن كېيىن، ئەبۇ بەكرى بىلەن چېدىرغا قايتتى، چېدىردا ئەبۇ بەكرىدىن باشقا ھېچكىم يوق ئىدى. رەسۇلۇللاھ ئاللاھ ۋەدە قىلغان زەپەرنى شۇ سۆزلىرى بىلەن تىلىدى: رەببىم! ئەگەر بۈگۈن، بۇ بىر ئۈچۈم كىشىنى ھالاك قىلىدىغان بولساڭ، يەر يۈزىدە ساڭا ئىبادەت قىلىدىغان ھېچكىم قالمايدۇ".

ماتېرىيالىزم بىر يۈرۈش تەبىئىي، قېچىپ قۇتۇلغىلى بولمايدىغان، تارىخىي ۋە ئىلمىي سەۋەبلەر ئارقىلىق ئەسىرلەردىن بۇيان ياۋروپا مەدەنىيىتىنىڭ ۋە ھايات يولىنىڭ سىمۋولى بولغان ئىدى. ياۋروپادا يېڭى ئويغىنىش ھەرىكىتىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان ئىسلاھات، ئىلىم ۋە سىياسەت ساھەلىرىدىكى ئىلگىرىلەش

[1] سۈرە ئەنفال 45 - ئايەت

ماتېرىيالىزمىنىڭ كۈچ - قۇۋۋىتىنى ئاشۇرۇشتىن باشقا ئىشقا يارىمىدى. بۇ ھەقتە ياۋروپا ۋە شەرق دۇنياسىدا كۆپلىگەن مۇتەپەككۇرلار ھەرخىل پىكىرلەرنى بايان قىلدى. شەرقلىق مۇتەپەككۇر، دەۋرىمىزنىڭ ئىلغار رەھبەرلىرىدىن ئابدۇرراھمان ئەلكەۋاكىبى "تەبىئەتۇل ئىستىبداد" ناملىق ئەسىرىدە مۇنداق دەيدۇ:

"ياۋروپالىقلارنىڭ ھايات يولى پۈتۈنلەي ماتېرىيالىزمدۇر. ئۇلارنىڭ يۈرىكى قاتتىق، مۇئامىلىلىرى قوپال، ئاچكۆز، ھەممە نەرسىنى ئۆزىنىڭ قىلىۋېلىشنى ئويلايدۇ ۋە ھەر دائىم ئىنتىقام كويىدا يۈرىدۇ. ئۇلاردا شەرق خرىستىئانلىقى ئاتا قىلغان چوڭقۇر ھېسسىياتلار ۋە ئۈستۈن پرىنسىپلاردىن ئەسەر قالمىغان ئىدى. مەسىلەن، بىر نېمىس قوپال مىجەز، تاش يۈرەك كېلىدۇ. ئاجىزنىڭ ياشاش ھەققى يوق ئىكەنلىكىنى، بارلىق پەزىلەتنىڭ كۈچ - قۇۋۋەتتە، بارلىق كۈچ - قۇۋۋەتنىڭ مال - بايلىقتا ئىكەنلىكىنى تەرغىب قىلىدۇ. ئىلىمنى پەقەت پۇل ئۈچۈن سۆيىدۇ. ئۇنىڭ ئىززەت - ھۆرمىتىمۇ پۇلغا باغلىق بولىدۇ.

لاتىن مىللەتلىرىگە مەنسۇپ بولغانلارمۇ مەغرۇر ۋە ھەر دائىم ئۆزگىرىشچان مىجەزگە ساھىب. ئۇلارغا نىسبەتەن، ئەقىل پۈتۈنلەي ھۆردۇر. ھايات دېمەك، ھاياسىزلىق، ئەخلاقسىزلىق دېمەكتۇر. شەرەپ كىيىم - كېچەك ۋە زىبۇ - زىننەت بىلەن، ئۇلۇغلۇق باشقىلارغا ھۇجۇم قىلىپ ھاكىمىيەت قۇرۇش بىلەن ئۆلچىنىدۇ".

بۇ سەتىرلەر ياۋروپا خۇلقىنىڭ ئەڭ توغرا تەسۋىرى، غەرب پسىخولوگىيىلىك ئالاھىدىلىكىنىڭ ئەڭ ياخشى تەھلىلىدۇر. بىز بۇ يەردە مەرھۇم كەۋاكىبىنىڭ لاتىن ۋە نېمىسلاردىن باشقا ياۋروپا مىللەتلىرىنى بۇ تەھلىلنىڭ سىرتىدا قالدۇردى دەپ ئويلايمىز. چۈنكى، نېمىس ۋە لاتىن مىللەتلىرى پۈتۈن ياۋروپا مىللەتلىرىگە ئۈرنەك قىلىپ كۆرسىتىلگەن ئىدى.

## ئىلمىي پائالىيەتلەرنىڭ ماددىي غايىلىرى

ياۋروپانىڭ سىياسىي، ئىجتىمائىي ۋە ئەخلاقىي نىزاملىرىدىن ياكى ياۋروپا

مىللەتلىرىنىڭ بۇ دەۋرلەردە ئوتتۇرىغا قويغان بارلىق سىستېمىلىرىدىن ماتېرىيالىزمنىڭ ھېدىنى ئېلىش تەس ئەمەس. ھەتتا يېقىنقى زامانلاردا ئىنسانلارنى ئۇزۇن مەزگىل مەشغۇل قىلغان روھىي ھەرىكەتنىڭ مەنبەسىمۇ ماتېرىيالىزمدۇر. بۇ ھەرىكەتمۇ باشقا سەنئەت ۋە ئىلىملەرگە ئوخشاش ياۋروپادا بىر سەنئەت ۋە ئىلىمغا ئايلاندى. بۇ ھەرىكەتنىڭ مەقسىتى روھ ئىقلىمىنىڭ قىزىقارلىق تەرەپلىرىنى كۆزىتىش، روھنىڭ سىرلىق پەردىلىرىنى ئېچىش، ئۆلۈكلەرنىڭ روھلىرى بىلەن سۆزلىشىش، كۆڭۈللەرنى ئارام تاپقۇزۇپ، گوللاش ئىدى. لېكىن بۇ ئىدىيە شەرقتىكى مۇسۇلمان مۇتەسەۋۋۇپ ھەرىكىتىنىڭ ئەكسىچە نەپس پاكلىقى، قەلب ساپلىقى، ئاللاھ قورقۇنچى ۋە ياخشى ئەمەللەر ئاساسىغا تايانمىغاندەك، ئۆلۈمگە تەييارلىنىش، ھاياتنىڭ قىيىنچىلىقلىرىغا سەۋر قىلىش، نەپسنى تىزگىنلەشكە ئوخشاش ئاساسىي پرىنسىپلارنىمۇ قەتئىي قوبۇل قىلمايتتى.

شۇنىڭغا ئوخشاش، ياۋروپالىقلارنىڭ جان ۋە ماللىرىنى پىدا قىلىپ ئېلىپ بارغان ھەرىكەتلىرىمۇ پەقەت ئاللاھ ئۈچۈن قىلىنغان پائالىيەتلەرنىڭ دەل ئەكسىچە، كۆپىنچە چىرايلىق بىر نام - ئاتاق قالدۇرۇش، شۆھرەت قازىنىش، ئىسمىنى تارىخقا يازدۇرۇش، ئىنسانلار ئارىسىدىكى ئورنىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش، خەلقنىڭ تىلىدا ياد ئېتىلىش، ۋەتىنىدىن ئىپتىخار ۋە ھۆرمەت بىلەن خاتىرىلىنىش، مىللىتى تەرىپىدىن ئۇلۇغلىنىشقا ئوخشاش ماددىي غايىلەر ئۈچۈن ئېلىپ بېرىلاتتى. لېكىن مۇسۇلمانلار ئەمەللىرىگە رىياكارلىق ۋە كۆرسەتمىلىك ئارىلىشىپ يوققا چىقىشىدىن قورقىدۇ ۋە ئاللاھ تائالانىڭ خىتابى ھەر زامان قۇلاق تۈۋىدە جاراڭلاپ تۇرىدۇ.

﴿سىلەرگە ئەمەللىرى جەھەتتىن ئەڭ زىيان تارتقۇچىلارنى ئېيتىپ بېرەيلىمۇ؟ ئۇلار ھاياتىي دۇنيادا قىلغان ئەمەللىرى يوققا چىققان ئەمما ئۆزلىرى ئوبدان ئىش قىلدۇق دەپ ئويلىغان ئادەملەردۇر﴾. (سۈرە كەھف 103- ئايەت)

﴿بىز ئۇلارنىڭ قىلغان ياخشى ئەمەللىرىنى بىر تەرەپ قىلىپ، ئۇنى ئۇچۇپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

يۈرگەن تۇزاندەك قىلىۋېتىمىز) يەنى ئۇلار ئىمانسىز بولغانلىقتىن، قىلغان ياخشى ئەمەللىرىنى يوققا چىقىرىمىز)». (سۈرە فۇرقان 23- ئايەت)

رەسۇلۇللاھتىن: "بىر ئادەم ھەقىقەتەن جان پىدالىق بىلەن جەڭ قىلىۋاتىدۇ. يەنە بىرى كۆز بويامچىلىق قىلىش ئۈچۈن جەڭ قىلىۋاتىدۇ. بۇلاردىن قايسىسى ئاللاھ يولىدا؟" دەپ سوراشتى. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام: "ئاللاھنىڭ كالامىنى ئۇلۇغلاش ئۈچۈن جەڭ قىلغانلار ئاللاھ يولىدا بولىدۇ" دەپ جاۋاب بەردى. (بۇخارى ۋە مۇسلىم)

ھەزرىتى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ھەر دائىم ئاللاھقا مۇنداق دەپ دۇئا قىلاتتى: "رەببىم! بارلىق ئەمەللىرىمنى تەقۋالىق ۋە پەقەت سېنىڭ رىزالىقىڭ ئۈچۈن خالىس قىلغىن! سېنىڭ رىزالىقىڭ سىرتىدا ھېچنەرسە قويمىغىن!" بۇ ئۆممەتنىڭ تەقۋا كىشىلىرىنىڭ يوشۇرۇن ئىبادەت ۋە سەدىقىلىرى تەرجىمھال ۋە تارىخ كىتابلىرىدا تەسۋىرلەنگەنلىكى ھەممىگە ئايان.

## ماتېرىيالىست غەرب ئىدىيىسى ئىقتىسادقا تايانغان پانتېئىزم

ماتېرىيالىزمنىڭ نەزىرىيە ۋە ئىدىيەلىرى ياۋروپادا ئۇ قەدەر تەرەققىي قىلغان ئىدىكى، ماددىي قىممەتلەردىن باشقا ھەممە نەرسىنى ئۇنتۇلدۇرغان ئىدى. مەسىلەن، كوممۇنىزم پەلسەپىسىنىڭ قۇرغۇچىسى كارل ماركسنى (1818 - 1883) مىسال كەلتۈرەيلى. كارل ماركسقا كۆرە، ئىقتىسادىي قۇرۇلما جەمئىيەتنىڭ ئاساسى، دىن، مەدەنىيەت، ھايات پەلسەپىسى ۋە بارلىق گۈزەل سەنئەتلەر بولسا، بۇ ئىقتىساد قۇرۇلمىنىڭ ئىپادىسى ئىدى. كارل ماركس مۇنداق دەيدۇ:

"تارىختا ھەر چاغ ۋە ھەر دەۋرنىڭ ئۆزىگە خاس ئىشلەپچىقىرىش مېتودى بار. ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەرنى ئىشلەپچىقىرىش پائالىيىتى بەلگىلەيدۇ. لېكىن بىر مۇددەت ئۆتكەندىن كېيىن، بۇ مۇناسىۋەتلەر ئىشلەپچىقىرىش مېتودىغا ئۇيغۇن

كەلمىگىلى تۇردى. ئارىدىكى تەڭپۇڭلۇق پۇتۇنلەي بۇزۇلدى. بەزى كىشىلەر بۇ ئەھۋالنى يېڭىدىن تۈزىتىش ئۈچۈن تىرىشتى. بۇ ھەرىكەتلەر تارىختا ئىنقىلاب ۋە ئىسيان دەپ ھېسابلاندى. چۈنكى تارىخچىلار بۇ ئىنقىلاب ۋە ئىسيانلارنىڭ ماھىيىتىنى بىلمەيتتى. لېكىن بۇ ئەجەبلىنەرلىك ئەھۋال ئەمەس. چۈنكى بۇ ئىنقىلاب ۋە ئىسيانلارغا قېتىلغانلار ئۆزلىرىنىڭ قايسى غايە ئۈچۈن خىزمەت قىلىۋاتقانلىقىدىن خەۋەرسىز ئىدى. بىراق بىز بۇ تېپىشماقنى يېشىش ئارقىلىق سىياسىي ساھەدىكى تەرەققىياتنىڭ، سىياسىي نىزامدىكى ئىلگىرىلەش ۋە ئۆزگىرىشلەرنىڭ، سىياسىي ساھەدە مەيدانغا كەلگەن ھەرخىل مۇكەممەللىك ۋە كەشپىياتلارنىڭ، ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەرنىڭ يېڭى بىر كۆرۈنۈشىدىن باشقا نەرسە ئەمەسلىكىنى، بۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەر بىلەن كونىسىرى ئۆزىنى يېڭىلەۋاتقان ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىلىرى ئارىسىدىكى پارالېللىقتىن كېلىپ چىققانلىقىنى بىلىۋالالايمىز. ئىشلەپچىقىرىش يوللىرى ۋە ئۇنىڭ ئۈستىگە قۇرۇلغان ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەر ئارىسىدىكى توقۇنۇش داۋام قىلغانسېرى، ئىجتىمائىي ھاياتنى تەرتىپكە سېلىش تىرىشچانلىقىمۇ داۋام قىلىدۇ. ئارىدىكى توقۇنۇش ۋە سۈركۈلۈشلەرگە ئوت تۇتىشىپ شىددەتكە ئايلىنىشى بىلەنلا ئىسيان چىقىدۇ. ئارىدىكى توقۇنۇش بەك ئاشكارىلانمىسىمۇ، ئۇنى يوق قىلىۋېتەلمەيمىز ياكى ئىنكار قىلالمايمىز. سانائەت ئىشلەپچىقىرىش يوللىرى بىلەن ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەر ئارىسىدىكى سۈركىلىش ئەڭ ئاخىرى سىنىپىي توقۇنۇشقا ئايلىنىدۇ. چۈنكى، جەمئىيەتتىكى بارلىق سىنىپلار ئىقتىسادىي قۇرۇلمىنىڭ بىر پارچىلىرىدۇر".

مانا بۇلارنى ئوتتۇرىغا قويغان كارل ماركس ئاخىرىدا مۇنداق خۇلاسە چىقاردى: "ئىنسانىنىڭ بالىلىق دەۋرىدىن باشقا بارلىق ھايات تارىخى ھەرخىل ئىجتىمائىي سىنىپ توقۇنۇشلىرىنىڭ ھېكايىسىدىن ئىبارەتتۇر".

مانا مۇشۇنداق، كارل ماركس ئىقتىسادىي ساھە سىرتىدىكى بارلىق ئىنسانىي ساھەلەرنى پۈتۈنلەي ئىنكار قىلىپ، ئىقتىسادتىن باشقا ھېچنەرسىگە ئېتىبار

بەرمىگەن ئىدى. دىن، ئەخلاق، روھ، قەلب ۋە ھەتتا ئەقىل ئۈچۈن ھېچبىر قىممەت ۋە ئۆلچەم قويمىغىنىدەك، بۇلاردىن ھېچبىرىنى تارىخىي ئامىل دەپ تونۇمىغان ئىدى. كارل ماركسقا كۆرە، تارىختىكى بارلىق ئىسيان ۋە ئىنقىلابلار پەقەت ئىنتىقام ئېلىش، ئىقتىسادىي نىزام ۋە سانائەت ئىشلەپچىقىرىش يوللىرىنى يېڭىدىن تەرتىپكە سېلىش ئۈچۈن چىققان ئىدى. ھەتتا دىنىي جەڭلەرمۇ ماركسقا كۆرە ئىقتىسادىي ئامىللار ئارىسىدىكى سىنىپى توقۇنۇشلاردىن كېلىپ چىققان ئىدى. بىر ئىقتىسادىي سىنىپ كىرىم مەنبەلىرى ۋە ئىشلەپچىقىرىش يوللىرىنى قولىغا ئېلىۋېلىپ مال ـ بايلىق توپلايدۇ، يەنە بىر ئىقتىسادى سىنىپمۇ ئۇنىڭ بىلەن بەسلىشىدۇ. ئۆز نېسىۋىسىنى ئېلىشنى ئويلايدۇ ياكى قارشىسىدىكىدىن بايلىقنى يېڭىدىن تەكشۈرۈپ چىقىشنى تەلەپ قىلىدۇ ۋە بۇنىڭ بىلەن جەڭ باشلىنىدۇ.

مانا بۇلاردىن كېيىن كارل ماركس تارىخ بېتىگە يېزىلغان "بەدر"، "ئۇھۇد"، "ئەھزاب"، "قادىسىيە"، "يەرمۇك" جەڭلىرى ھەققىدە ئوخشاش پىكىرگە ئىگە بولۇشى كېرەك.

مانا كۆرگىنىڭىزدەك، ياۋروپانىڭ ماتېرىيالىست تەسەۋۋۇرى، پانتېئىزم پەلسەپىسى ۋە ئىقتىسادى ئاساسلارغا تايانغان مەۋجۇداتنىڭ بىرلىك قارىشى بۇنىڭدىن ئىبارەت. شەرق دۇنياسىدا دىنىي ۋە مۇتەسەۋۋۇپ ھاۋانىڭ زىچلىششى بىلەن مۇنداق ھاۋا ئىچىدە ياشىغان شەرقلىقلەر ئاللاھتىن باشقا بارلىق مەۋجۇدىيەتنى ئىنكار قىلدى. ئۇلارغا كۆرە پەقەت ئاللاھ مەۋجۇد، باشقا مەۋجۇداتلار بولسا ئاللاھنىڭ ھەر بىر كۆرۈنۈشى ئىدى. ئۇلارنى نەپەس ئېلىۋاتقان ھاۋانىڭ تەسىرى ۋە مەستخۇشلىقىدا: "ئاللاھتىن باشقا مەۋجۇدىيەت يوقتۇر!" دەپ ۋارقىرىدى.

ماتېرىيالىزمنىڭ بېسىمى ئاستىدا بۇرۇختۇم بولغان ياۋروپالىق مۇتەپەككۇرلارمۇ ئىقتىسادىي ساھەنىڭ سىرتىدا قالغان ھەممە نەرسىنى ئېتىپ تاشلاپ: "قېرىن ۋە ئاشقازاندىن باشقا ھېچنەرسە يوقتۇر!" دەپ جار سالدى.

شۇنى ئېيتىپ ئۆتەيلىكى، شەرق سوپىلىرى ئىنساننى ئاللاھنىڭ كۆلەڭگىسى دېسە، غەرب ماتېرىيالىستلىرى (ئىنساننى) پەس ھايۋان قاتارىدا كۆرەتتى.

## دارۋىنىزمنىڭ مەدەنىيەت ۋە ئىدىيەلەرگە بولغان تەسىرى

دارۋىننىڭ ماتېرىيالىست ياۋروپا مۇتەپەككۇرلىرىنىڭ ئىنسان ھەققىدىكى كۆز قاراشلىرىنى قوللايدىغان، سىياسىي ۋە ئىجتىمائىي ساھەنى تېخىمۇ قالايمىقان ھالغا كەلتۈرۈپ قويغان "تەدرىجىي تەرەققىيات" نەزەرىيىسى 19 - ئەسىردە ئوتتۇرىغا چىقتى. دارۋىننىڭ قارىشىچە، ئىنسان دېگەن مەۋجۇدىيەت باشقا ھايۋانلارغا قارىغاندا بىر ئاز تەرەققىيات باسقۇچىنى بېسىپ ئۆتكەن بىر ھايۋاندۇر. ئىنسانىيەت بىر تەرەققىيات باسقۇچىدىن يەنە بىر تەرەققىيات باسقۇچىغا كۆچۈش ئارقىلىق مىڭلىغان يىللارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان "جىنس ئۆزگىرىش"تىن كېيىن بۇ ھالغا كەلگەن ئىدى. بۇ مۇددەت ئىچىدە ئىنسان ھەرخىل ھايۋان شەكلىگە كىرگەن. يوسۇندىن مايمۇنغا، مايمۇندىن ئىنسانغا ۋە ئەڭ ئاخىرىدا بۈگۈنكى مۇكەممەل شەكىلگە ئۆزگەرگەن ئىدى. بۇ نەزەرىيەنىڭ ئىگىسى ۋە قەھرىمانى دارۋىن 1859 - يىلى "جانلىقلارنىڭ تۈرلەرگە بۆلۈنۈشى" ناملىق ئەسىرىنى نەشر قىلدۇردى. بۇ نەزەرىيە ئۇنىۋېرسىتېت، ئالىي بىلىم يۇرتلىرى ۋە خەلقنى ھەددىدىن زىيادە مەشغۇل قىلدى. چۈنكى، بۇ نەزەرىيىدە ئۇنىڭدىن بۇرۇن ئىنسانغا مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەردە ھېچ كۆرۈلمىگەن يېڭىچە كۆز قاراشلار ئوتتۇرىغا قويۇلغان ئىدى. نەتىجىدە، بۇ قورقۇنچلۇق نەزەرىيە پىكىر جەريانلىرىنى قالايمىقانلاشتۇردى. ئىنساننىڭ ئۆز مەسىلىلىرى ۋە تارىخى ھەققىدىكى ھاياتى بېقىشلىرىنى "ئىنسان"دىن ھايۋانغا ئاغدۇردى ۋە ئۇنىڭغا بۇ كائىناتنىڭ ئىلاھىي بىر قۇدرەت بولمىغان ھالدا ئۆزلۈكىدىن ئىدارە قىلىنغانلىقىنى، دۇنيانىڭ تەبىئەتتىن ئۈستۈن ھەر قانداق بىر كۈچنىڭ قارشىلىقىغا ئۇچرىمىغان ھالدا يالغۇز ھەرىكەت قىلىدىغانلىقىنى. كائىناتنىڭ تەبىئەت قانۇنلىرى سىرتىدا ھېچقانداق كۈچنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىمايدىغانلىقىنى،

بارلىق مەۋجۇداتلارنىڭ ھاياتىنىڭ تۇنجى باسقۇچىدىن ئەڭ يۇقىرى باسقۇچىغا قەدەر ئەقىل ۋە ھېكمەتتىن يىراق، خۇلقىي بىر ھەرىكەت ئارقىلىق پەيدىنپەي تاكامۇللىشىدىغانلىقىنى، مەيلى ئىنسان دېگەن مەۋجۇدىيەت ياكى باشقا ھايۋان تۈرلىرىنىڭ ھېكمەت ئىگىسى بىر ياراتقۇچىنىڭ ئەسەرلىرى بولماي، بەلكى تەبىئىي شاللاش يەنى "تاللاش" دەپ ئاتالغان تەبىئەت قانۇنىنىڭ نەتىجىسى ئىكەنلىكىنى ۋە بۇ قانۇنلارنىڭ ھېسسىيات ئىگىسى، سۆزلەيدىغان ئىنسانغىچە كائىناتتا ھەر زامان مەۋجۇد بولۇپ كەلگەنلىكىنى مەجبۇرى قوبۇل قىلدۇردى.

بۇ نەزەرىيەنىڭ ئەقىل ۋە دىنىنىڭ غايە ۋە پرىنسىپلىرىغا، ئىدىيىۋى ۋە ئەخلاقى نەتىجىلىرىگە ۋە بۇلارنىڭ ئەمەلىي ئەسەرلىرىگە قارىمۇقارشى ئىكەنلىكى ھەممىگە مەلۇم. ئەمما ئەپسۇسلىنارلىقى شۇكى، قۇرۇق سەپسەتىلەر دۆۋىسى بولغان بۇ نەزەرىيە بۇرۇنقى دىنىي يىلتىزىدىن قومۇرۇپ تاشلاپ، ئۇنىڭ ئورنىغا چىققان يېڭى بىر دىنغا ئايلاندى. بۇ خىل ئەھۋالدا دىنى زاتلارنىڭ ئەندىشە قىلىشى ۋە ياۋروپا دىنىنىڭ پۈتۈنلەي ئۆتمۈشكە ئايلىنىشىدىن قورقۇشى ئەجەبلەنگۈدەك بىر ئىش ئەمەس.

پروفېسسور جۇد كىتابىدا مۇنداق دەيدۇ:

دارۋىن "جانلىقلارنىڭ تۈرلەرگە بۆلۈنۈشى" ناملىق ئەسىرىنى ۋە ئىنسان ھەققىدىكى ئىدىيىلىرىنى نەشر قىلدۇرغاندىن كېيىن، ئەجدادلىرىمىزنىڭ بېشىغا كەلگەن ئۇ دەھشەتلىك مەنزىرىلەرنى ئەسلەش بەكمۇ تەس كەلمەكتە. چۈنكى، دارۋىن ھاياتنىڭ يەر يۈزىدىكى تەرەققىيات پائالىيىتىنىڭ يوسۇن (Amoeba) ۋە جېللى بېلىقىنىڭ (Jelly Fish) تۇنجى شەكلىدە تۇغۇلۇشىدىن بۈگۈنكى ئەڭ مۇكەممەل شەكلىنى ئېلىشىغا قەدەر ئارىلىقسىز داۋام قىلغانلىقىنى ئىسپاتلىغان ئىدى ياكى ئىسپاتلىدىم دەپ قارىغان ئىدى. دارۋىن بۇ ئاخىرقى شەكلىنىڭ ئەڭ تەرەققىي قىلغان ۋە ئەڭ ئىلغار شەكىل ئىكەنلىكىنى، تەدرىجىي تەرەققىيات ھەرىكىتىنىڭ يوسۇندىن بۈگۈنكى شەكلىمىزگىچە توختاۋسىز داۋاملىشىپ

كەلگەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويغان ئىدى".

"بۇنىڭ ئەكسىچە، ۋىكتورىيە دەۋرىدە ياشىغانلار ئىنساننى مۇستەقىل مەۋجۇدىيەت دەپ تونۇيتتى ۋە شۇنداق دەپ ئۆگەنگەن ئىدى. ھەقىقەتەن ئىنسان يەر يۈزىگە چۈشكەن پەرىشتە ئىدى. لېكىن دارۋىن ئوتتۇرىغا چىقىپ ئىنسان تەرەققىي قىلغان مايمۇننىڭ ئۆزگەرگەن شەكلىدىن ئىبارەت دېيىشى بىلەن ئەقىللەر قايمۇقتى. ۋىكتورىيە دەۋرىدىكى كىشىلەرگە ئاسماندىن چۈشكەن بىر پەرىشتە دەپ ئويلايدىغان "ئىنساننى" تەرەققىي قىلغان مايمۇن دېيىش بەكمۇ تەس كەلدى. ئۇلار بۇ نەزەرىيەنى پەقەتلا ياقتۇرمىدى. ئۆزلىرىنى ۋە ئىنسانىيەتنى بۇ ئېتىقادتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن دەرھال ھەرىكەتلەندى. بۇ ئىدىيەنى يوققا چىقىرىدىغان بىر يۈرۈش پىكىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى".

## خەلق تەدرىجى تەرەققىيات نەزەرىيىسىگە قۇچاق ئاچتى

خەلق توپى بۇ نەزەرىيىنىڭ ئىلمىي جەھەتتىن خاتا ۋە زەئىپ بولۇشىغا قارىماي، بىلىپ ـ بىلمەي ئۇنىڭغا قۇچاق ئېچىپ ئۆزلەشتۇردى. ئۇلار خۇددى بۇ خىل نەزەرىيىلەرگە زېھنى ئوچۇق، ھازىر كىشىلەر ئىدى ۋە خۇددى بۇ نەزەرىيە ئارقىلىق دىن ۋە چېركاۋ كىشىلىرىگە قارشى قوللىنىدىغان سىھىرلىك قورال تاپقان ئىدى. ئەمما ئىنسانلارنىڭ توسالغۇسىز پىكىر ئېقىملىرىغا ۋە كەلگۈن سۇيىدەك ئەتراپقا دەھشەت چاچىدىغان نەشرىيات ۋە لېكسىيەلەرگە قارشى چىقىپ، ئۇنىڭ ئالدىنى ئېلىش دىنىي زاتلارغا قىيىن كەلدى ۋە نەتىجىدە چېركاۋ بۇ جەڭدە قورال تاشلاشقا مەجبۇر بولدى. ھەتتا 1883 ـ يىلى دارۋىن ئۆلگەن ۋاقىتتا ئىنگلىز چېركاۋى ئۇنىڭغا بىر ئىنسانغا بېرىلىدىغان ئەڭ يۇقىرى شەرەپ ئۇنۋانى بەردى ۋە دىنىي زاتلار دەپنە قىلىنىدىغان "Veys Manast Rabi" دېگەن يەرگە كۆمۈلۈشكە رۇخسەت قىلدى. پىكىر، مەدەنىيەت، ئەدەبىيات ۋە سىياسەتتە بۇ نەزەرىيەنىڭ تەسىرى بەكمۇ چوڭ ئىدى. ھەتتا ئىنسانلارنىڭ ئەخلاقى قۇرۇلمىلىرىدا بۇ نەزەرىيەنىڭ تەسىرىنى كۆرگىلى ۋە ھېس قىلغىلى بولاتتى.

ئىنسانلار ھەر تۈرلۈك مەنىۋى قۇرۇلما ۋە مەنبەلىرىدىن ئايرىلىپ چىقىپ، ئەڭ دەسلەپكى ھاياتلىرىغا قايتىش ئارزۇسىدا پەرىشان بولۇۋاتاتتى. ئىنسانىي تاللاش ۋە بارلىق مۇئامىلىلەردە "ئىنسان مۇكەممەل ھايۋاندۇر" سۆزىنىڭ ئىنكاسى كېلەتتى. ھەتتا بۇ چولاق نەزىرىيە ئائىلىلەرگىچە سىڭىپ كىرىپ ۋەيران قىلمىغىنى قالمىدى. ئىنگلىز Mr Charbrt. بۇ قايغۇلۇق ھەقىقەتنى مۇنداق بايان قىلىدۇ:

"ئەنگلىيىدە ئائىلە ھاياتىدىن خەۋەرسىز، ھايۋانلار توپى ھالىدا ياشاشتىن باشقىنى بىلمەيدىغان ۋە نېمە ئىكەنلىكى مۇجمەل بىر نەسىل تۆرەلدى".

## ماتېرىيالىزمنىڭ جىنايەتلىرى

ئەخلاقىي قىممەتلىرى، ئاللاھ قورقۇنچىسى ۋە ئاخىرەت ئېتىقاتىدىن مەھرۇم بولغان، دىنسىزلىق ۋە شەخسىيەتچى ماتېرىيالىزم تەربىيەسى نەتىجىسىدە يۇقىرى مەرتىۋە ئىگىلىرى، سىياسەتچىلەر ۋە مەسئۇل شەخسلەر ئەڭ چوڭ گۇناھكارلاردىنمۇ سادىر بولمايدىغان بەزى جىنايەتلەرنى ئارقا - ئارقىدىن ئۆتكۈزدى. بۇ جىنايەتلەر سىياسىي مەنپەئەت بىلەن ياكى مىللەت مەنپەئەتى ئۈچۈن ئۆتكۈزۈلگەن ئىدى. ئىنسانىيەت تارىخىدا يېزىلغان ئەڭ ئېغىر ۋە ئەڭ شىددەتلىك زۇلۇملاردىن بىرى ئىنگلىزلارنىڭ بېنگالدا چىقارغان ئاچلىق ۋەقەسى ئىدى. ئىنگلىزلار خەلقنىڭ شال ئېتىزلىقى ئورنىدىكى سازلىقلارنى ئىشلىتىشنى چەكلىدى. ھالبۇكى، گۈرۈچ بېنگالنىڭ ئەڭ مۇھىم ئاشلىق زىرائىتى ئىدى. ئەسكەرلەر ئۈچۈن يېتىپ ئاشقۇدەك دەرىجىدە دانلىق زىرائەتنى ئامبارلارغا بېسىۋېلىپ، خەلققە ھېچنېمە بەرمىدى. نۇرغۇنلىغان ئاشلىق سېسىپ تۈگەشتى. ھىندىستان يامغۇرى كۆپ، ھوسۇلى مول، قاتتىقى قولاي، تۇپرىقى مۇنبەت ۋە باشقا بىر دۆلەتنى باقالىغۇدەك دەرىجىدە باي بولۇشىغا قارىماي، يۈزمىڭلىغان ئىنسان ئاچلىقتىن قىرىلدى، تۈگەشتى. بۇلارنىڭ ھەممىسى خەلقنىڭ ئىنگلىزلارغا قارشى قوزغىلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە شۇ ۋاقىتنىكى

ھۆكۈمەتنىڭ ئىقتىدارسىزلىقىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن قىلىنغان ئىدى.

1947 ـ يىلى ھىندىستاندا ۋاقىتلىق باشقۇرغۇچى بولۇپ تۇرغان Lord Mavent Biten شەرقىي پەنجاپ ۋە دېھلىدە مۇسۇلمانلارنىڭ ۋەھشىيلەرچە ئۆلتۈرۈلىشىگە كۆز يۇمدى. ھالبۇكى، بۇ رايونلاردا مۇسۇلمانلارغا قارشى ئېلىپ بېرىلغان ھۇجۇم ۋە قىرغىنچىلىقلاردىن خەۋەردار ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئاخبارات تەشكىلاتى شەرقىي پەنجاپ ۋە دېھلى رايونلىرىدا بىر دەھشەتلىك خەلق توقۇنۇشىنىڭ مەيدانغا كېلىش ئېھتىمالى بارلىقىنى ۋە ئەھۋالنىڭ بەكمۇ خەتەرلىك ئىكەنلىكىنى بىلدۈرگەن ئىدى. لېكىن Mavent مۇسۇلمانلارنىڭ ھىندىستانلىقلارغا ئوخشاش پاكىستاننىڭ باش نازارەتچى سايلىمىدا ئۆزىگە ئاۋاز بەرمىگەنلىكى ئۈچۈن مەيدانغا كەلگەن ۋەقەلەرنى بىلمىگەن بولۇۋېلىش ئارقىلىق ئۇلاردىن ئۆچىنى ئالدى. بۇ ئارقىلىق دۆلەت ئىچىدە چىققان گۇرۇھ توقۇنۇشلىرىنى ۋە ئىچكى ئۇرۇشنى تېخىمۇ ئۇلغايتىپ، بۇ دۆلەت خەلقىنىڭ مۇستەقىل ياشاشقا لايىق ئەمەسلىكىنى ۋە داۋاملىق ئىنگلىزلەرنىڭ تىزگىنى ۋە يوليورۇقى ئاستىدا ھەرىكەتلىنىش مەجبۇرىيىتىدە ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىماقچى بولدى. ھېچبىر ئەسىردە كۆرۈلۈپ باقمىغان قورقۇنچلۇق ئادەم قۇشخانىسى قۇرۇلدى!...

بەزى پەنجاپ شەھەرلىرىنىڭ ھىندىستان ياكى پاكىستانغا تەۋە ئىكەنلىكى مەسىلىسىدە بىر ـ بىرىگە دۈشمەن ھىندىستانلىق ئىككى گۇرۇھ تەرىپىدىن ھاكىم قىلىپ سايلانغان "Rayd Kelf" مۇ ئەينى شەكىلدە كۆزىنى مىتمۇ قىلماي ئىنساپسىزلارچە ھۆكۈم چىقارغان ۋە نەتىجىدە مۇسۇلمانلارنىڭ كۆرداسپۇر ۋە فەيراسپۇردىن قوغلىنىپ پەرىشان بولۇشىغا، ئۇرغۇنلىغان جان ۋە مالنىڭ زىيانغا ئۇچرىشىغا سەۋەب بولغان ئىدى. تورماننىڭ پەلەستىندە ئىسرائىل دۆلىتىنى ۋە سىئونىزمچىلارنى قوللىشى؛ يەھۇدىيلارنىڭ قىزىقىشىنى قولغا كەلتۈرۈپ، سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە نەشرىيات ساھەسىدىكى ئۈستۈنلىكىدىن پايدىلىنىپ سايلامدا غەلىبە قىلىش ئۈچۈن ئەرەبلەرنىڭ ھەقلىق دەۋالىرىغا

قارشى چىقىشى ۋە ئەرەب دۆلەتلىرىنىڭ كۈچلۈك، ئېنىق ھەقلىرىنى كۆرمەسكە سېلىشۋېلىشى؛ فرانسىيىنىڭ ئالجىرىيەدە ئېلىپ بارغان زۇلۇملىرىغا ئامېرىكىنىڭ ئۈن ـ تىن چىقارماسلىقى ۋە ئۇنىڭ ئۈستىگە مۇسۇلمان ئالجىرىيەنىڭ دەۋاسىنى بۇ زالىم دۆلەتنىڭ سېپىدا تۇرۇپ، فرانسىيىنىڭ تاجاۋۇز ۋە ھۇجۇملىرىغا ياردەم قىلىشى قاتارلىقلار ياۋروپا ۋە ئامېرىكىدىكى دۆلەت رەئىسلىرىنىڭ ئەخلاقىنىڭ نەقەدەر ناچار ئىكەنلىكىنى ۋە ئۇلارنىڭ سىياسىي ھاياتىنىڭ پرىنسىپلىرى ئۈستىدە ئەمەس، بەلكى شەخسىي مەنپەئەتلەر ئۈستىدە ئايلىنىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان ئىسپاتلاردۇر.

# ئىككىنچى بۆلۈم

# ياۋروپادا مىللەتچىلىك ھەرىكەتلىرى

## لاتىن چېركاۋىنىڭ نوپۇزىنى يوقىتىپ قويۇشى بىلەن ئۇلغايغان مىللەتچىلىك ھەرىكەتلىرى

بۈرۈنقى قىسىملاردا سۆزلەپ ئۆتكىنىمىزدەك ئىرقچىلىق، مىللەتچىلىك ۋە يۇرتۋازلىق ياۋروپانىڭ روھىغا سىڭىپ كەتكەن، تومۇرلىرىدا قان بولۇپ ئاققان، ھەتتا ئىككىنچى بىر تەبىئىتى ھالىغا كەلگەن ئەڭ خاراكتېرلىك ئالاھىدىلىكى ئىدى. لېكىن خرىستىئانلىق بۇ تەبىئەتنى ئوتتۇرىدىن پۈتۈنلەي يوقاتقان ئىدى. خرىستىئانلىق ھەرخىل تارىخ ۋە ئۆزگىرىشلەرگە ئۇچراپ ھەرقانچە بۇزۇلغان بولسىمۇ، ھەرزىتى ئىيسانىڭ تەلىماتىغا ۋە ئۇ قالدۇرۇپ كەتكەن ئىلىملەرگە قەلب تۆرىدىن ئورۇن بەرمەكتە. ساماۋى دىنلار قانچىلىك بۇزۇلسا بۇزۇلسۇن، قانچىلىك ئۆزگەرسە ئۆزگەرسۇن، ئىنسانلار ئارىسىدىكى سۈنئىي ئايرىمچىلىقنى قەتئىي قوبۇل قىلمايدۇ. ھېچقاچان ئىرق، رەڭ ۋە تەن ئايرىمچىلىقىغا كۆڭۈل بۆلمەيدۇ. خرىستىئان دىنى پۈتۈن ياۋروپا خەلقلىرىنى بىر بايراق ئاستىغا توپلاپ، خرىستىئان دۇنياسىنى بىر مىللەت ھالىغا كەلتۈرگەن ئىدى. لاتىن رايونى چېركاۋ ئارقىلىق نۇرغۇنلىغان مىللەتلەرنىڭ ئىرقچىلىق ۋە يۇرتۋازلىق ھەرىكەتلىرىنى كونترول ئاستىغا ئالغان ئىدى. ھەتتا مىللەتلەر ئۆزئۆزىنى مەزگىلگىچە ئىرقچىلىق سۆزىنى ئاغزىغىمۇ ئالماي خۇشال - خۇرام ھايات كەچۈرگەن. لېكىن مارتىن لۇتېر (1438 - 1526) لاتىن چېركاۋلىرىغا قارشى ئىسلاھات ھەرىكىتى ئېلىپ بېرىش ئۇچۇن، ئۆزىنىڭ ئىرقداشلىرى بولغان نېمىسلاردىن ياردەم تەلەپ

قىلدى. ۋە بۇ ھەرىكەت كۆپ ئىشقا يارىغان ئىدى. مارتىن لۇتىر بۇ ھەرىكەتنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا داۋاملاشتۇردى ۋە سەل قارىغىلى بولمايدىغان دەرىجىدە نەتىجىدە قازاندى. شۇنىڭ بىلەن، لاتىن چېركاۋى ئېغىر مەغلۇبىيەتكە ئۇچراپ، نوپۇزىنى پۈتۈنلەي يوقاتتى. ياۋروپا مىللەتلىرى مۇستەقىللىقلىرىنى ئېلان قىلىشقا ۋە يېپى ئۈزۈلگەن مارجاندەك ھەر تەرەپكە چېچىلىپ، كىچىك - كىچىك دۆلەتلەرگە پارچىلىنىشقا باشلىدى.

ناھايەت، ياۋروپادا خرىستىئان دىنى ئۆز - ئۆزىنى يەپ تۈگىتىش بىلەن ئىرقچىلىق ۋە مىللەتچىلىك ھەرىكەتلىرى كۈچلەندى. دىن ۋە ئىرقچىلىق تارازىنىڭ ئىككى تەخسىسىگە ئايلىنىپ قالدى. بىر تەرىپى ئېغىرلاشقانسېرى، يەنە بىر تەرىپى يۇقىرى كۆتۈرۈلۈپ، تەڭپۇڭلۇق بۇزۇلاتتى. ھەممىمىزگە مەلۇم بولغىنىدەك، دىن تەرىپى كۈنسېرى يېنىكلەپ، قارشى تەرىپى ئەكسىچە ئېغىرلىشىۋاتاتتى، ئەنگلىيەنىڭ ئامېرىكىدىكى سابىق باش ئەلچىسى لوردتىيان 1938 - يىل 1 - ئايدا "ئالگارخ" ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ بىر يىغىلىشىدا سۆزلىگەن نۇتقىدا بۇ تارىخىي ھەقىقەتنى مۇنداق دەپ تىلغا ئالغان ئىدى.

"لۇتىرنىڭ: "دىندا ئىسلاھات" ھەرىكىتى ياۋروپانىڭ دىنىي ۋە مەدەنىي بىرلىكىنى پارچىلىشى بىلەن خرىستىئان ياۋروپا كىچىك - كىچىك خەلق توپى شەكلىدە پارچىلىنىپ تارقالدى. ئۇلارنىڭ ئارىلىرىدا چىققان توقۇنۇش، سۈركۈلۈشلەرمۇ دۇنيا تىنچلىقىغا تەھدىت سالغان ئەڭ قورقۇنچلۇق خېيىم - خەتەرگە ئايلاندى".

دىنىنىڭ ئارقىغا چېكىنىشى، ئەخلاقىي ۋە دىنىي ئاساسلارنىڭ چۆكۈشى نەتىجىسىدە، مىللەتچىلىك ۋە ئىرقچىلىق تەخسىسى پۈتۈنلەي ئېغىرلاشتى. لوردتىيان ئەينى نۇتقىدا يەنە مۇنۇلارنى دېدى:

"ئىنسانىيەتنىڭ تەڭداشسىز يول باشلىغۇچىسى، ئەخلاقىي غايە ۋە ئىنسانىي ھاياتنىڭ مەنىۋى شەرىپىنىڭ بىرلىشىش ۋاستىسى بولغان دىنىنىڭ ھاكىمىيەت

تەختىنى يوقىتىپ قويۇشى ياۋروپادىكى سىنىپ ۋە ئىرق ئايرىمىچىلىقىغا تايانغان بىر يۈرۈش سىياسىي مەزھەبلەرنىڭ مەيدانغا كېلىشىگە سەۋەب بولدى. يەنە بىر تەرەپتىن، بەزى تەشكىلاتلارنىڭ تەبىئىي پەن ئىلىملىرى تەسىرىدە ماددىي تەرەققىياتنى ئەڭ ئۇلۇغ غايە ۋە ئەڭ ئاخىرقى نىشان دەپ قارىشلىرىغا يول ئاچتى. بۇ ئەھۋال ھايات مەسىلىلىرىنى، مەسئۇلىيەت ۋە جاۋابكارلىقنى تېخىمۇ ئاشۇردى ۋە نەتىجىدە ئۆزىنى ئەسىرنىڭ ئەڭ قورقۇنچلۇق بالايى - ئاپىتى بولغان ئىرقچىلىقتىن قوتۇلدۇرىدىغان "ھايات - روھ" تەڭپۇڭلۇقىنى بەرپا قىلىش ياۋروپاغا بەكمۇ تەسكە توختىدى.

## ياۋروپادا ئىرقچىلىق ھەرىكەتلىرىنىڭ رەھبەرلىرى

دىنىي نىزام يىقىلىپ، ئىرقچىلىق ئوتلىرى تۇتاشقاندىن كېيىن، تۇنجى پىلاندا ياۋروپا شەرق دۇنياسىنىڭ قارشىسىغا بىر قوشۇن بولۇپ تۇرغۇزۇلدى. شەرق بىلەن غەرب ئارىسىغا ياكى ياۋروپا بىلەن باشقا رايون ۋە قىتئەلەر ئارىسىغا ۋە ياكى ساپ ئىرق بىلەن باشقا ئىرقلار ئارىسىغا چەك - چېگرا قويىدى. ياۋروپا چېگرىسى ئىچىدىكىلەر ياۋروپا سىرتىدىكى دۆلەتلەردىن نەسەب، مىللەت، مەدەنىيەت، ئىلىم ۋە ئەخلاقى جەھەتلەردىن ئۈستۈن تۇرۇلاتتى. ئۇلارنىڭ ئەڭ مۇھىم ئىدىيىسى ياۋروپالىقلارنىڭ ھۆكۈم قىلىش، باشقۇرۇش ئۈچۈن، باشقا مىللەتلەرنىڭ بولسا، بويۇن ئېگىش ۋە باشقىلارنىڭ بويۇنتۇرۇقى ئاستىدا ياشاش ئۈچۈن يارىتىلغانلىقى ئىدى. ياۋروپالىقلار ھۆكۈمران بولۇپ ئالغا ئىلگىرىلەش، باشقا مىللەتلەر بولسا، ئۆلۈپ تۈگەش ئۈچۈن دۇنياغا كەلگەن ئىدى. بۇ مەنزىرە رىم ۋە يۇنانلارنىڭ ئۆزلىرىنى ئەڭ ئۈستۈن چاغلايدىغان دەۋرلەرنىڭ ئۆز ئەينىسى ئىدى. چۈنكى، ئۇلار پەقەت ئۆزلىرىنىلا تەربىيىلىك دەپ كۆرەتتى. ھەر نەرسىگە بولۇپمۇ ئاتلانتىك ئوكيانىنىڭ شەرقىدە مەيدانغا كەلگەن ھەر ھادىسىگە مەدەنىيەتسىزلىك تامغىسىنى ئۇراتتى.

سىرتتىن كەلگەن، باشقىلار كەشىپ قىلغان ھەر نەرسىگە قارشى چىققان بۇ

ئىرقچىلىق ۋە مىللەتچىلىك نەتىجىسىدە بەزى ياۋروپا مىللەتلىرى خرىستىئان دىنىغا ۋە ھەزرىتى ئىيساغا يات ۋە مېھمان كۆزى بىلەن قاراشقا باشلىدى. ھەتتا تېخىمۇ ئىلگىرىلەپ ھەزرىتى ئىيسانى يۇرتلىرىدىن قوغلاپ چىقىرىش ئارقىلىق تۇپراقلىرىنى تازىلاش خىيالىدا بولدى. نېمىس پروفېسسورى ئېتىرنىنىڭ سۆزلىرى بۇ ھەقىقەتنىڭ ئەڭ ئوچۇق ئىپادىسىدۇر:

"باللىرىمىز نېمە ئۈچۈن يات مىللەتلەرنىڭ تارىخىنى ئۆگىنىدۇ؟ نېمە ئۈچۈن ئۇلارغا ئىبراھىم ۋە ئىسھاقنىڭ ھېكايىلىرى ئاڭلىتىلىدۇ؟ بىزنىڭ تەڭرىمىزمۇ نېمىس بولۇشى كېرەك!"

شۇنىڭ بىلەن، گېرمانىيىدە ھەزرىتى ئىيسا ئىسرائىل ئوغۇللىرىدىن بولۇشى تۈپەيلىدىن ئۇنىڭدىن ئايرىلغان بىر گۇرۇپپا شەكىللەندى. يەنە بىر تەرەپتىن ھەزرىتى ئىيسانى ھۆرمەتلەپ، ئۇنى باغرىغا باسقانلار ھەزرىتى ئىيسانىڭ ساپ ئىرقتىن ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاشقا تىرىشتى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، نېمىسلارنىڭ ئېڭىدا بۇرۇنقى چاغلاردا ئىبادەت قىلغان مىللىي ئىلاھلىرىنى يېڭىدىن بەرپا قىلىش پىكرى تۇغۇلدى.

رۇسلارنىڭ ئىرقچىلىق، يۇرتۋازلىق ۋە مىللەتچىلىك ھەققىدىكى مۇتەئەسسىپلىكى نېمىسلار ئوتتۇرىغا قويغان كونىلىقنى ياقلاش ئىدىيىسىدىن قېلىشمايتتى. رۇسىيىدە بەزى كىشىلەر يېقى دەۋردىكى چوڭ كەشپىياتلارنىڭ شەرەپ ئۇنۋانىنىڭ رۇسىيىگە ئائىت ئىكەنلىكىنى ئىلگىرى سۈرەتتى. ئۇلارنىڭ قارىشىچە، جىسىملارنىڭ تەركىبى قانۇنىنى تاپقان لاۋۇر ئىزرە ئەمەس، بەلكى رۇس ئالىمى مېخائىل لامونوسوف ئىدى. لاۋۇر ئىزرە رۇس ئالىمى لامونوسوف تاپقان قانۇنلارنى ئېلان قىلىشتىن باشقا بىر ئىش قىلمىغان ئىدى. يورۇتۇشتا قوللىنىلغان ئېلېكتىرنىڭ شەرەپ ئۇنۋانى ئېدىسوننىڭ ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭدىن ئاتمىش يىل بۇرۇن ياشىغان "لاۋچىن"نىڭ بولۇپ، ئېلېكتىرنى تۇنجى بولۇپ بايقىغان ئۇ ئىدى. پراۋدا گېزىتىدە مۇنۇلار يېزىلغان ئىدى:

"رۇس ئالىملىرى تېلېگرافنى مورستىن، ھورپاراۋۇزنى سىتېۋېنسوندىن بۇرۇن ئىجاد قىلدى. بۇ ۋە بۇنىڭغا ئوخشاش تارىخىي مۆجىزىلەردە رول ئوينىغان ئاساسىي كۈچ - قۇۋۋەت "رۇس" مىللىتىنىڭ ئىرقىي ئۈستۈنلۈكىدىن ئىبارەت".

## ئىسلام دۆلەتلىرىدىكى ئىرقچىلىق تاجاۋۇزى

ئىرقچىلىق تاجاۋۇزىنىڭ جاھانشۇمۇل ئىسلام دەۋاسىغا رەھبەرلىك قىلىدىغان، سۈلھە ۋە تىنچلىق بايرىقىنى ئۆز دەۋرىنىڭ سامالىرىدا لەپىلدىتىدىغان، ئىرقچىلىق ۋە مىللەتچىلىك ھەرىكەتلىرىنىڭ ئالدىغا پولاتتىن بىر قەلئە بولۇپ قەد كۆتىرىدىغان بەزى ئىسلام دۆلەتلىرىگە يامرىشى كىشىنى چوڭقۇر ئويلاندۇرىدىغان ۋە غەمگە چۆمدۈرىدىغان ئەھۋالدۇر. بۇنىڭ تۈپ سەۋەبى بۇ دۆلەتلەردىكى دىنىي ئاساسلارنىڭ ياۋروپا مەدەنىيىتى ۋە پەرەڭ ئۆرپ - ئادەتلىرى تەسىرىدە يوقاپ كېتىشى ئىدى. تۈركىيەدە قەدىمكى جاھىلىيەت دەۋرىنىڭ مەدەنىيەت ۋە ئۆرپ - ئادەتلىرىگە قايتىش ئارزۇسى ۋە "تۇران" چىلىق پىكرى تۇغۇلدى. شۇنىڭ بىلەن، تۈركلەر ئەرەبلەر ئارقىلىق يېيىلغان ئىسلام دىنىغا ۋە ئۇنىڭ ئاساسلىرىغا، مەدەنىيىتىگە ۋە دىلىغا خۇددى يېگى نېمىس مىللىتىنىڭ ساپ ئىرقتىن بولمىغان پەيغەمبەرلەر تەرىپىدىن يېيىلغان دىنلارغا ۋە ئۇلارنىڭ ئۈستۈن ئۆرپ - ئادەت ۋە مەدەنىيەتلىرىگە قارىغان يامان كۆزى بىلەن قاراشقا باشلىدى. تۈركىيەدە بەزى ياش مۇتەپەككۇرلار ئىسلام دىنىنىڭ غەيرىي بىر دىن ئىكەنلىكىنى ۋە بۇ مۇناسىۋەت بىلەن تۈركلەرگە ئۈيغۇن كەلمەيدىغانلىقى پىكرىنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئۇلارنىڭ قارىشىچە، بىردىنبىر چىقىش يولى ئەجدادلىرىنىڭ ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلىشتىن بۇرۇنقى بۇتپەرەس دەۋرىگە قايتىش ئىدى.

خالىدە ئەدىب ئادىۋار ئەخلاق ۋە تەربىيە جەھەتتىن يېيىپكى بىر تۈركىيە قۇرغۇچىلىرىنىڭ پېشۋاسى "زىيا گۆك ئالپ" ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ:

”زىيا گۆك ئالپ ئوسمانىيلار تۈركلىرى بىلەن ”ئەجدادىمىز تۇران“ دەيدىغانلار ئارىسىدا كۆۋرۈك بولىدىغان يېڭى تۈركىيە قۇرۇشنى، تۈركلەرنىڭ ئىسلامدىن بۇرۇنقى مەدەنىي ۋە سىياسىي نىزاملىرىدىن توپلىغان ئىلىملىرى ئارقىلىق مەدەنىي ئىسلاھات ئېلىپ بېرىشنى ئويلىغان ئىدى. زىيا گۆك ئالپ ئەرەبلەر تەرىپىدىن ئوتتۇرىغا قويۇلغان ئىسلامنىڭ بىزگە ماس كەلمەيدىغانلىقىنى ئىلگىرى سۈرەتتى ۋە بۇنىڭغا ئىشىنەتتى. جاھىلىيەت دەۋرىگە قايتىمىساقمۇ، روھىمىزغا ئۇيغۇن دىنىي ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش كېرەكلىكىنى ئوتتۇرىغا قويغان ئىدى“.

شۈبھىسىزكى، تۈركىيەدە كۆرۈلگەن بۇ ھەرىكەتلەر يېقىنقى زامانلاردا ئىراندىمۇ كۆرۈلۈشكە باشلىدى. تۈركىيەدە ئۇزۇن مۇددەت تۇرۇپ مەلۇم مەزگىل ئوسمانىيلار ئىمپېراتورلۇقى مەجلىسى ۋەكىللىخانىسىدا بېيىروت ۋەكىلى بولۇپ ئىشلىگەن، ئەرەبلەر ۋە تۈركلەرنىڭ ئىشەنچلىك ئادىمى شەكىب ئارسلان مۇنداق دېگەن ئىدى:

”تۈركىيەدە بارلىق مەسىلىلەرنى ئوسمانىيلار تۈركلىرى مىللەتچىلىكى نوقتىئىنەزەرى بويىچە ھەل قىلىدىغانلار گۇرۇپپىسى بىلەن تەڭ ”تۇران“چىلىق پىكرىنى ئوتتۇرىغا قويىدىغان بىر گۇرۇپپا ئوتتۇرىغا چىقتى. بۇلارنىڭ ئەڭ چوڭ پېشۋالىرى زىيا گۆك ئالپ، رۇسىيىدىن كەلگەن ئەھمەد ئاگايېف، يۇسۇف ئاقچۇرا، جالال ساھىر، يەھيا كامال، ”تۈرك يۇرتى“ مەجمۇئەسىنىڭ باش يازغۇچىسى ھەمدۇللاھ سۇبھى، مىللىي شائىر مۇھەممەد ئەمىن ۋە كۆپىنچىسى ياشلار ۋە ئوقۇغۇچىلاردىن تەشكىل تاپقان ئەدىب ۋە مۇتەپەككۇرلار ئىدى. بۇلار تۈركلەرنىڭ ئەڭ قەدىمكى مىللەت ئىكەنلىكىنى، مەدەنىيەت ۋە شەرەپ نۇقتىسىدىن ئەڭ يۇقىرى سەۋىيىدە تۇرىدىغانلىقى ھەققىدىكى ئىدىيىنى ئىلگىرى سۈرەتتى. ئۇلارنىڭ قارىشىچە، تۈركلەر ۋە موڭغۇللار بىر ئىرقتىن كەلگەن بولۇپ، بۇلارنىڭ بىرلىششى كېرەك ئىدى. بۇلار ”تۇرانچىلار“ دەپ ئاتىلاتتى. بۇلار سىبىرىيە، تۈركىستان، جۇڭگو، ئىران، كاۋكاز، ئاناتولىيە ۋە

يۇنانىستان (گرېتسىيە)دىكى تۈركلەر بىلەنلا قالماي، تېخىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا بۇ زەنجىرنى جۇڭگودىكى موڭغۇللار، ياۋروپادىكى ۋېنگىرلار ۋە فىنلاندىيىلىكلەرگىچە، يەنى تۇران ئىرقىدىن ئىكەنلىكى قەيت قىلىنغان ھەر شەخسكىچە ئۇزاتقان. بۇلار ئوسمانىيلار تۈركلىرىنىڭ دەل ئەكسىچە، ئاۋۋال تۈرك، ئاندىن مۇسۇلمان ئىكەنلىكىنى ئېيتىشاتتى. دىندار بولماسلىق ۋە ئىسلامىي جامائەتلەرگە توسقۇنلۇق قىلىش ئۇلارنىڭ ئەڭ مۇھىم شوئارى ئىدى. لېكىن دىندارلىقنىڭ ۋە ئىسلامىي جامائەتلەرنىڭ "تۇران"چىلىق پىكرىگە خىزمەت قىلىشى باشقا بولۇپ، ئۇ غايە ئەمەس، بەلكى ۋاستە ئىدى. ھەتتا بۇ گۇرۇپپىدىن يەنى "تۇران"چىلىق سەۋداسىغا پۈركەنگەنلەردىن كۆپىنچىسى تېخىمۇ ئەزۋەيلەپ: "بىز تۈرك، كەبىمىز تۇران" دېيىشىپ، چىڭگىزخانغا مەدھىيىلەر ئوقۇيتتى، موڭغۇل ئىستىلالىرىغا مەستانە بولغان ئىدى ۋە ئۇلار قىلغان - ئەتكەن ئىشلاردىن ھېچبىرىنى ياتسىرىمايتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، چىڭگىزخاننى يېڭى نەسىلنىڭ ئىدىيىسىگە مەجبۇرى سىڭدۈرۈش ۋە ئەقلىي جەھەتتىن ئۇنىڭ سەۋىيىسىگە يېتىشى ئۈچۈن موڭغۇل تاجاۋۇزچىلىرىنى مەدھىيىلەيدىغان ھەرخىل شېئىر، مارشلارنى يېزىشاتتى.

شەكىب ئارسلان سۆزلىرىنى مۇنداق داۋاملاشتۇرغان ئىدى:

"بۇ ئەسىر بىر مىللەتچىلىك ئەسىرىگە ئايلىنىپ، يېقىنقى زامانلاردا ياۋروپا مىللەتلىرىگە ماسلىشىش مودىغا ئايلىنىش بىلەن ئىران قەۋمىيەتچىلىكى بۇرۇنقىدىن تېخىمۇ بەك ئۇلغىيىشقا باشلىدى. ئىراندا مەيدانغا كەلگەن ھادىسىلەر تۈركىيەدىكى ھادىسىلەرنىڭ ئۆز ئەينىسى بولۇپ، ئوتتۇرىدا چوڭ پەرق يوق ئىدى. بىر مۇنچىلىغان ئىرانلىق ياش كونا ئىران دىنىنى تەتقىق قىلىشقا باشلىدى. بۇمۇ تۈرك ياشلىرىنىڭ ئەجدادلىرىنىڭ ئىبادەت شەكىللىرىنى ۋە ئۇلار چوقۇنغان "كۆك بۆرە"نى تەتقىق قىلىشقا ئوخشايتتى. ھەتتا تۈركلەر يېڭى يېزىلغان بەزى كىتابلارغا "كۆك بۆرە" رەسىملىرىنى قويغان ئىدى. مەرھۇم شەيخۇل ئىسلام ئىمام مۇسا كازىم ماڭا مۇنداق دېگەن ئىدى:

"ئەرەبلەرنىڭمۇ بۇنىڭغا ئوخشاش ئىنسان تۈكلىرىنى تەتۈر ئۆرۈيدىغان بىر يۈرۈش ئاجايىپ ئىبادەتلىرى بار ئىدى. لېكىن ئىسلام دىنىنىڭ يېتىپ كېلىشى بىلەن بۇ ئىبادەتلىرىنى يىلتىزىدىن قومۇرۇپ ئاتتى ۋە ئاللاھنىڭ ئۆزلىرىنى بۇ ئېچىنىشلىق ئەھۋالدىن قۇتۇلدۇرغانلىقىنى خۇشاللىق بىلەن قوبۇل قىلىپ ئېتىراپلىق تۇيغۇسىغا چۆمۈلدى. لېكىن سىلەر ئاللاھ تائالاغا بولغان ئېتىقادىڭلارنى ئۇنتۇپ، قايتىدىن "كۆك بۆرە" گە چوقۇنماقچى بولۇۋاتىسىلەر، سىلەرنىڭ ھالىڭلارغا ۋاي!".

ھەقىقەتەن تۈركىيەدە مەيدانغا كەلگەن ھادىسىلەرنىڭ ئوخشىشى ئىراندىمۇ يۈز بەردى. ئىران ياشلىرى قەدىمكى دىنلىرى "قىيامەرتىيە" نى ۋە زۇلمەتتىن قوغدىنىشنى تەتقىق قىلىشقا باشلىدى. ئاتەشپەرەسلىك ۋە ئاللاھنىڭ بىرلىكىگە دەۋەت قىلىدىغان "زەردۇشتلۇق" مۇ بۇ دىنىنىڭ بىر باشقا تەرىپى ئىدى. زەردۇشت ئاللاھنىڭ نۇر ۋە زۇلمەتنىڭ ياراتقۇچىسى ئىكەنلىكىنى، ياخشىلىق بىلەن يامانلىق، نۇر بىلەن زۇلمەتنىڭ بىرلىشىشى نەتىجىسىدە مەيدانغا كەلگەنلىكىنى، ئەگەر بۇلار بىرلەشمىگەن بولسا، كائىناتنىڭ پەيدا بولۇشىدىن سۆز ئېچىشنىڭ مۇمكىن ئەمەسلىكىنى ئوتتۇرىغا قوياتتى. ئىرانلىقلار بۇلاردىن باشقا يەنە "مانىئىزم"، "زەردۇشتلۇق" ۋە "سەنەۋىيە" گە ئوخشاش قەدىمكى ئىرانلىقلار ئېتىقاد قىلغان بىر يۈرۈش قالايمىقان ئېتىقادلارغا ساھىب ئىدى. ئىران ياشلىرىدىن بىر قىسمى بولسا، بىۋاسىتە دىنسىزلىق ۋە باشباشتاقلىققا دەۋەت قىلىدىغان مازدەكزىمنى تەتقىق قىلىۋاتاتتى".

## ياۋروپانىڭ مىللىي دىنى ۋە تايانچ قۇرۇلمىلىرى

بۇ يولنىڭ ئىككىنچى باسقۇچىدا ياۋروپادىكى بىر مۇنچىلىغان چوڭ - كىچىك دۆلەت ۋە مىللەتلەر مۇستەقىللىق ئېلان قىلدى. بۇلار تاغ ۋە دەريالار بىلەن قورشالغان تەبىئىي چېگرالار ياكى ئىشغالىيەت ۋە سىياسىي مەقسەتلەر بىلەن سىزغان چېگرىلىرىنىڭ سىرتىدىكى دۇنيانى تونۇمايتتى. ئۆز دۆلەتلىرى

سىرتىدىكى ئىنسانلارنىڭمۇ بارلىقىنى قوبۇل قىلمايتتى، ھۆرمەت قىلمايتتى ۋە ئۇلارنى ئىنسان قاتارىدا كۆرمەيتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۆزلىرىنى بارلىق ئىخلاسمەن قۇللارنىڭ ئالدىدا قۇللۇق ئىشقىدا يېتىشتۈرۈلگەن ئۇلۇغ ئىلاھ دەپ قارايتتى. بۇ مىللىي رەزىللىك ئۇلارنىڭ ماللىرى، جانلىرى، قانلىرى ۋە دۆلەتلىرىدىنمۇ ئۇلۇغ ئىدى، شۇڭا ئۇنىڭ ئۇچۇن جەڭ قىلاتتى، قىزغىنلىق بىلەن ئىبادەت قىلاتتى ۋە بۇ يولدا ئۆلەتتى. بۇ مىللىي دىن ئىككى نۇقتىنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى.

1 ـ مۇسبەت

2 ـ مەنفىي

مۇسبەت: مىللەت ۋە نەسلىنىڭ ھەممىدىن ئۈستۈن ۋە ھەممە نەرسىنىڭ قىممەتلىك ئىكەنلىكىگە، ئاللاھنىڭ ـ ئەگەر مىللەت ئاللاھنى تونىسا ۋە ئۇنىڭغا ئىشەنسە ياكى بۇ كەلىمىنى قوللىنىشنىڭ بىر پايدىسىنى كۆرسە ـ بۇ مىللەتنى تېخىمۇ ئۈستۈن، تېخىمۇ ئېسىل، ساپ، كۈچلۈك ھاكىمىيەتكە، بارلىق مىللەتلەرگە قوماندانلىق قىلىشقا ۋە دۇنيانىڭ رەھبەرلىك تەختىگە ئولتۇرۇشقا لايىق باشقا بىر مىللەت ياراتمىغانلىقىغا؛ يەر يۈزىدە ئاللاھنىڭ بۇ مىللەتكە ئىشەنگەنلىكىگە، ۋەكىلى ۋە خەلىپىسى قىلغانلىقىغا؛ ئاللاھنىڭ بۇ دۆلەتتىن سۆيۈملۈك بىر دۆلەت ۋە بۇ تۇپراقتىنمۇ پاك تۇپراق ياراتمىغانلىقىغا شەك ـ شۈبھىسىز، چىن كۆڭلىدىن ئىشىنىپ، تەستىقلاش كېرەك بولۇپ، ئۆزىگە مانا بۇ شەكىلدە ئىشەنمىگىچە ھېچبىر ئىنسانغا بۇ دۆلەتتە ياشاش ھەققىنى تونىمايدىغان مىللىي دىن بۇنىڭدىن ئىبارەت ئىدى.

بارلىق ياۋروپا مىللەتلىرى ۋە دۆلەتلىرى بۇ مىللىي دىن ھەققىدە "ئۇچۇقلۇق" ۋە "بۆلگۈنچىلىك" تىن باشقا ھېچقانداق ئايرىملىق ئىپادىلىمىگەن ئىدى. بەزىلىرى مىللىي دىنتى ئوچۇقچە ئېلان قىلىپ ئۇنى ئىجرا قىلىشقا ئۆتكەن بولسا، بەزىلىرى ئۆزلىرىگە تەتبىق قىلىۋاتاتتى. ئەمما ئوچۇق ئېتىراپ قىلمىغان ئىدى. مىللەتچىلىك ۋە ئىرقچىلىق ئۇرۇقى تۇپراققا چېچىلغاندىن

كېيىن ناھايىتى تېزلا تۇپراققا ئۇنۇپ يىلتىز تارتىدۇ ۋە كېيىن يارلىق مىللەتنى ئۆز سايىسى ئاستىغا ئالغان يوغان بىر دەرەخكە ئايلىنىدۇ. بۇ ئۇچىغا چىققان ئىرقچىلىققا ئىشەنگەن بىر مىللەتنىڭ باشقىلارغا تاجاۋۇز قىلىش قىلماسلىقى، قان تۆكمەسلىكى، ھۇجۇم قىلماسلىقى ياكى زۇلۇم قىلىش، قان تۆكۈش ۋە ئادەم ئۆلتۈرۈشنى خالىماسلىقى مۇمكىن ئەمەس. خۇددى ھاراق ئىچكەن ئادەمنىڭ مەست بولماسلىقى ۋە قالايمىقان گەپ قىلماسلىقى مۇمكىن بولمىغىنىدەكلا ئىش. بىر شائىر مۇنداق دېگەن ئىدى:

ئاتتى ئۇنى دېڭىزغا پۇت ـ قوللىرى باغلاقلىق،

ۋە ۋارقىرىدى دەرھال كەينىدىن:

دىققەت قىل! ھۆل بولۇپ كەتمە.

بولۇپمۇ ئىلىم، ئەدەبىيات، شېئىر، پەلسەپە، تارىخ ۋە ھەتتا تەبىئەت بىلىملىرى ئىرقچىلىق ھېس ـ تۇيغۇلىرىنىڭ، بۇرژۇئا مىللەتچىلىك روھىنىڭ، ئىرقچىلىق مۇتەئەسسىپلىكىنىڭ، ئەجدادى بىلەن مەغرۇرلىنىش ۋە كونىلىقنى ئۇلۇغلاشنىڭ يىلتىز تارتىشىدا ياردەمچى بولدى. خەلقنى بۇ ئىشلارغا "توختا!" دەيدىغان بىر ئاۋاز كەلمىدى، دىندىمۇ ئۇنى توسۇپ قالالىغۇدەك بىر پرىنسىپ يوق ئىدى. بۇ ئارقىلىق قوماندانلىق تەختى ئىرقچىلىق شەرىپىدىن ۋە قەۋمىيەت روھىنىڭ ئۈستىگە قۇرۇلغان نەپرەت ۋە ۋەھىمە ئاساسلىرىدىن ئۈستۈن بىر غايە ۋە مەقسەت تونىمايدىغان كىشىلەرنىڭ قولىغا ئۆتتى. مانا بۇ مىللىي دىنىنىڭ مەنىۋىي تەرىپى ئىدى. مىللەتنى قورقىتىدىغان ۋە مەجبۇرلايدىغان ئامىللار بولمىغۇچە مىللىي ھېسسىيات تەرەققىي قىلمايتتى ۋە داۋاملاشمايتتى. شۇڭا ئىرقچىلىقنىڭ بايراقدارلىرىنى ئۆز ئۈستىگە ئالغان رەھبەرلەر ھەر دائىم مىللەتلەرنىڭ يوشۇرۇن ھېسلىرىنى قوزغاپ، ئۆچۈپ قالغان مىللەتپەرۋەرلىك تۇيغۇلىرىغا قايتا ئوت تۇتاشتۇرغان ئىدى ۋە ئەڭ ھېسسىياتچان تەرەپلىرىنى يەنى "ۋەھىم" ۋە "نەپرەت"لىرىنى ئۆزلىرىنىڭ تايانچ نۇقتىلىرى قىلغان ئىدى.

ئەگەر بۇلار بولمىغان بولسا، ئىرقچىلىق بۆلۈنۈشلىرى تارقىلىپ، مىللەتچىلىك كەلكۈنى ئالدىنقىدەك ئەۋج ئالماسلىقى، ئۇنى ئاللىبۇرۇن توختىتىش مۇمكىن بولاتتى.

پروفېسسور جود بۇ ئەھۋالنى پەلسەپە ۋە پسىخولوگىيە نۇقتىسىدىن تۆۋەندىكىدەك بايان قىلىدۇ:

"ۋەھىم ۋە نەپرەت، مەرھەمەت، مەردلىك، پەزىلەت ۋە مېھرى - مۇھەببەتنىڭ قارشىسىدىن ئورۇن ئېلىپ، خەلق توپىنى ھەرىكەتكە كەلتۈرگەن ۋە ئۇلارنى ئاسانلا قوزغاتقان ھەممىگە ئورتاق تۇيغۇلار ئىدى. ھەر قانداق بىر مەقسەت ئۈچۈن بىر مىللەتكە ھاكىم بولۇشنى ئارزۇ قىلغانلار پەقەت ئىشنى ئۇ مىللەت يامان كۆرۈپ قاچىدىغان نەرسىلەردىن باشلاش ۋە ئۇ مىللەت قورقىدىغان نۇقتىلارنى تېپىپ چىقىش ئارقىلىقلا مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشەلەيدۇ. ئەگەر مەن بىر مىللەتنى بىرلەشتۈرۈشنى ئويلىسام، ئۇ ھالدا مېنىڭ باشقا بىر پىلانىم، مەسىلەن، ئايدا بۇ مىللەت قورقىدىغان بىر دۈشمەن ئىجاد قىلىشىم كېرەك. بۇ ۋاقىتتا مىللىي ھۆكۈمەتلەرنىڭ قوشنىلىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋەتلىرىدە "ۋەھىم" ۋە "نەپرەت" ھېسسىياتلىرى بىلەن ھەرىكەتلىنىشكە ئەجەبلەنمەسلىك لازىم. چۈنكى، ئۇلارنىڭ ھاكىمىيىتى ئاستىدىكى خەلق بۇ تۇيغۇلار بىلەن ياشىماقتا ۋە مىللىي بىرلىك ۋە باراۋەرلىك پەقەت بۇ تۇيغۇلار ئارقىلىق كۈچلەنمەكتە".

## ئۆرۈش مەسىلىرى ۋە مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى دە - تالاشلاردا ئىسلام دىنى ئوتتۇرىغا قويغان ھەل قىلىش يوللىرى

پروفېسسور جودنىڭ مىللەتلەر ئارىسىدىكى توقۇنۇشلار، ئۆرۈش مەسىلىرى ۋە دۆلەتلەر ئارىسىدىكى دە - تالاش ھەققىدە ئوتتۇرىغا قويغان بۇ ھەل قىلىش يولى ھەقىقەتەن نورمال ۋە ئەقىلگە ئۇيغۇن ئىدى. بىر - بىرىگە ئۆچ - ئاداۋەت ساقلايدىغان مىللەتلەرنىڭ ئورتاق دۈشمىنى، يىرگىنىدىغىنى، قورقىدىغىنى ۋە بۇ يولدا مۇرىنى - مۈرىگە تىرەپ كۈرەش قىلىشقا بەل باغلىشى ئۈچۈن سەۋەب بولىدىغان باشقا بىر دۈشمنى تېپىلمىغىچە بۇ مىللەتلەر ئارىسىدىكى ئۆچ -

ئاداۋەتنى بىر تەرەپ قىلىش مۇمكىن ئەمەس. ئەمما بۇ يەردە دۈشمەن تېپىش ياكى ئاداۋەت بومبىسى كەشىپ قىلىشنىڭ ھاجىتى يوق. ھەتتا دۈشمەننىڭ "مارس" قا ئوخشاش باشقا پىلانېتلاردا بولۇشىنىڭمۇ كېرىكى يوق. مىللەتلەر نېمىشقا يىراق يەرلەردىكى دۈشمەنلەرگە كۆڭۈل بولسۇن؟ دىن بۇ دۈشمەننىڭ يەر يۈزىدە ياشاۋاتقان ئىنسان ئىچىدىن ۋە "ئادەم" نەسلىدىن ئىكەنلىكىنىڭ خەۋىرىنى بەرمەكتە. شۇنىڭ ئۈچۈن ھەر ئىنساننىڭ ئۇنىڭغا دۈشمەنلىك بىلەن قارشى سەپ تۈزۈشى ۋە ئۇنىڭ بىلەن جەڭ قىلىشى لازىم. ھەقىقەتەن قۇرئان كەرىمدە بۇ ئەمەلىيەت ھەققىدە مۇنداق دېيىلگەن:

﴿شەيتان ھەقىقەتەن سىلەرگە دۈشمەندۇر، ئۇنى دۈشمەن تۇتۇڭلار، شەيتان ئۆزىنىڭ تەۋەلىرىنى ئەھلى دوزاختىن بولۇشقا چاقىرىدۇ﴾. (سۈرە فاتىر 6- ئايەت)

﴿ئى مۇئمىنلەر! ئىسلام دىنىغا پۈتۈنلەي كىرىڭلار (يەنى ئىسلام دىنىنىڭ پۈتۈن ئەھكاملىرىغا بويسۇنۇڭلار، بەزى ئەھكاملىرىغا ئەمەل قىلىپ، بەزى ئەھكاملىرىنى تەرك ئەتمەڭلار)، شەيتاننىڭ يوللىرىغا (ۋە ئىغۋاسىغا) ئەگەشمەڭلار. شەيتان سىلەرگە ھەقىقەتەن ئاشكارا دۈشمەندۇر﴾. سۈرە بەقەرە 208- ئايەت

ئىسلام دىنى ئىنسانىيەت ئالەمىنى پەقەت ئىككى قىسىمغا ئايرىيدۇ. ئاللاھنىڭ دوستلىرى ۋە شەيتاننىڭ دوستلىرى، ھەقنى قوللىغۇچىلار ۋە باتىلنى قوللىغۇچىلار. ئىسلام دىنى كىم ۋە نەدە بولۇشىدىن قەتئىينەزەر شەيتاننىڭ دوستلىرى ۋە باتىلنى ياقلىغۇچىلارغا قارشى جەڭ قىلىشنى، جىھاد ئېلىپ بېرىشنى شەرىئەت ھۆكۈمى قىلىپ بەلگىلىدى. ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ:

﴿مۇئمىنلەر ئاللاھنىڭ يولىدا جىھاد قىلىدۇ، كاپىرلار شەيتاننىڭ يولىدا ئۇرۇش قىلىدۇ؛ شەيتاننىڭ دوستلىرى بىلەن ئۇرۇش قىلىڭلار (سىلەر ئۇلارنى يېڭىسىلەر)، شەيتاننىڭ تەدبىرى ھەقىقەتەن ئاجىزدۇر﴾. سۈرە نىسا 76- ئايەت

ئىنسانىيەت تارىخى بۇ ئۇرۇشلاردىن تېخىمۇ خاتىرجەم، تېخىمۇ ئاز قان

تۆكۈلگەن، ئاز ئادەم ئۆلگەن، ئىنسانىيەت ئالەمگە جاھان تىنچلىقى، ئورتاق ياخشىلىق ۋە ئومۇمىي سائادەت كەلتۈرگەن ئۇرۇش كۆرمىدى. شۇنىسى ھەقىقەتكى، ھىجرەتنىڭ ئىككىنچى يىلى باشلىنىپ توققۇزىنچى يىلىغىچە داۋاملاشقان غەزۋە سەرىيە ۋە بارلىق توقۇنۇشلاردا ئۆلگەن مۇسۇلمان ۋە كۇففارلارنىڭ سانى 1018 دىن ئاشمايتتى. 259 مۇسۇلمان شېھىت بولۇپ 759 كاپىر ئۆلگەن ئىدى.

ئەمما 1914 ـ 1918 ـ يىللىرى ئارىسىدا يۈز بەرگەن 1 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدا يارىلانغان 21 مىليون كىشىدىن 7 مىليون كىشى ئۆلگەن ئىدى. ئەنگلىيە پارلامېنتى ئەزالىرىدىن ماكستون ئەپەندى 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدا (1939) يارىلانغانلارنىڭ 50 مىليون كىشى ئىكەنلىكىنى ئېنىقلاپ چىقتى.

1 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدا بىر كىشىنىڭ ئۆلۈمىگە سەرپ قىلىنغان پۇل 10 مىڭ جوڭەي، پۈتۈن ئۇرۇش خىراجىتى بولسا 37 مىليارد جوڭەي ئىدى. 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىنىڭ بىر سائەتلىك خىراجىتى 1 مىليون جوڭەي بولغان ئىدى. ئۇندىن باشقا، ئىسلام دىنى ئېلىپ بارغان دىنىي ئۇرۇشلار قان تۆكۈلۈشنىڭ ئالدىنى ئېلىش، جان ۋە مال خەۋپسىزلىكىنى قوغداش، دۇنيا يۈزىدە سائادەت ۋە بەخت دەۋرىنى ياشلاشقا ئوخشاش ئۇلۇغ غايىلەر ئۈچۈن ئېلىپ بېرىلغان ئىدى.

ئەمما 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدا جاھىلىيەت مۇتەئەسسىپلىكى ۋە تويماس، ئاچكۆزلۈك توقۇنۇشلىرى ئارقا ـ ئارقىدىن داۋام قىلغان ئۇرۇشلارنىڭ ئوت پىلتىسى بولدى. ئەمدى سىلەر بىلەن بىرلىكتە 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىنىڭ قەھرىمانى ۋە ئۆز دەۋرىدىكى ئەنگلىيە باش مىنىستىرى لويد كورك ئەپەندىنىڭ سۆزلىرىگە قۇلاق سالايلى:

"ئەگەر پەيغەمبىرىمىز ئىيسا تەكرار دۇنياغا قايتقان بولسا، بەكمۇ ئاز ياشىغان بولاتتى. چۈنكى ئۇ ئىنسانلارنىڭ ئىككى مىڭ يىل كېيىن ئەسكىلىك، بۇزغۇنچىلىق، يولسىزلىق، بۇلاڭ ـ تالاڭ، ئۆز قېرىنداشنىڭ قېنىنى تۆكۈشكە

www.uyghurkitap.com

ئوخشاش يىرگىنچلىق پاتقاق ئىچىدە تولغىنىۋاتقانلىقىنى كۆرەتتى ۋە پاكى ئىنسانىيەت قېنىنى شورىغان، ئەۋلاد ۋە نەسىللەرنى ۋەيران قىلغان، ھەتتا ئىنسانلارنى ئاچ - زارلىققا مەھكۇم قىلغان، تارىخنىڭ ئەڭ چوڭ ئۇرۇشىغا دۇچ كېلەتتى. پەيغەمبىرىمىز ئىيسا بۇنىڭدىن باشقا نىمە كۆرەتتى؟ ئىنسانلارنىڭ دوست ۋە قېرىنداشلارچە قۇچاقلاشقانلىقىنى كۆرەتتىمۇ؟ ياق! ئەكسىچە ئۇلارنى ئالدىنقىسىدىن تېخىمۇ ۋەھشىلىك، تېخىمۇ قەبىھ ۋە تېخىمۇ ئېچىنىشلىق ئۇرۇشلار ئۈچۈن ھازىرلانغانلىقىنى، ئەتراپقا دەھشەت چاچىدىغان دوزىخى قورال‌لار ۋە قىيىن - قىستاق ئۇسۇللىرى ئىجاد قىلىشتا بىر - بىرى بىلەن بەسلىشىۋاتقانلىقىنى كۆرەتتى".

مىللەتلەرنىڭ دۈشمەنلىك، ئۆچ - ئاداۋەت، ئۇرۇش ۋە ئىرقچىلىق تۇپەيلىدىن بىر - بىرىنىڭ قېنىنى تۆكۈشى ئۇلارنىڭ ھەقىقىي دۈشمىنىنى تاشلاپ، ئۇنىڭ ئۆچمەنلىك ۋە تۇزاقلىرىنى ئۇنۇتقانلىقىدىن ئىدى. چۈنكى، ئوت قويغىدەك بىر نەرسە تاپالمىسا ئۆزىگە ئوت قوياتتى. بىر جاھىلىيەت شائىرى مۇنداق دېگەن ئىدى:

"ئەگەر تاپالمىساق باشقا دۈشمەن،

قېرىندىشىمىز بەكرىنى نوقۇيمىز بەزەن".

ئەگەر بىر مىللەت ئۆز دۈشمىنىنى تونىسا، ئۆزىگە كىمنىڭ تاش ئاتىدىغانلىقىنى بىلسە، دۈشمىنىنىڭ خەتىرى ۋە كۈچ - قۇۋۋىتىنى ئېنىق مۆلچەرلىيەلىسە، مانا بۇ مىللەت ئۆزىنى ھەر تۈرلۈك ئۇرۇش، دۈشمەنلىك، خىرىس، ئۆچمەنلىك، ئاداۋەت ۋە تايىنى يوق تالاش - تارتىشلاردىن ساقلاپ قالالايدۇ. ئەرەبلەردە قەدىمدىن قالغان: "باشقىلارغا غەزەپلەنگەن پەيتتە ئۆچمەنلىك يوقىلىدۇ" دەيدىغان بىر جۈملە سۆز بار.

رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام مەدىنىدە قىلىچلىرىدىن قان تېمىپ تۇرىدىغان ئەۋس ۋە خەزرەجكە ئوخشاش بىر - بىرىگە دۈشمەن ئەرەب قەبىلىلىرىنى؛

ئەرەب يېرىم ئارىلىدىكى ئەدنان ۋە قاھتان ئوغۇللىرىنى، دۇنيادىكى ھەرخىل ئىرقلارنى جاھىلىيەت ۋە كۇپپىرلىقىقا قارشى بىر مىللەت ۋە بىر قوشۇن ھالىغا كەلتۈرگەن ئىدى. چۈنكى رەسۇلۇللاھ سىرتتا دۈشمەنلىك ۋە ئۆچ - ئاداۋەت ساقلايدىغان ۋە ئۇرۇش قىلىش كېرەك بولغان ئورتاق بىر نىشان يەنى باتىل ۋە شەيتان ۋە ئۇنىڭ دوست ۋە ئاۋانگارتلىرىنى كۆرسىتىپ بەرگەن ۋە ئۇلارنىڭ زېھنلىرىگە مۇنۇ پەرماننى يەرلەشتۈرگەن ئىدى:

﴿مۇئمىنلەر ئاللاھنىڭ يولىدا جىھاد قىلىدۇ، كاپىرلار شەيتاننىڭ يولىدا ئۇرۇش قىلىدۇ؛ شەيتاننىڭ دوستلىرى بىلەن ئۇرۇش قىلىڭلار (ئىسلەر ئۇلارنى يېڭىسىلەر)، شەيتاننىڭ تەدبىرى ھەقىقەتەن ئاجىزدۇر﴾ (سۈرە نىسا 76- ئايەت)

## ئىرقچىلار ئېلىپ بارغان تەشۋىقاتلار ۋە ئازسانلىق مىللەتلەرنىڭ تارتقان زىيانلىرى

دۆلەتلەرنىڭ ئىچى ۋە سىرتىدىكى ئىرقچىلار مىللەتچىلىك ئىدىيىسىدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنى قۇترىتاتتى ۋە ئۇلارنىڭ ئەدەبىيات، تىل، مەدەنىيەت، ئەخلاق ۋە تارىخلىرىنى ھەددىدىن زىيادە كۆپتۈرۈپ ماختايتتى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇلار مىللەتچىلىك ھېس - تۇيغۇلىرى ۋە ئۆزىنى ئۇستۇن چاغلاش ئىدىيىسى ئارقىلىق ئۆز كۆڭۈللىرىگە تەسەللى تاپاتتى. ئۇنىڭ ئۇستىگە، يۇقىرىقى ماختىنىشلارنى ئۆزلىرى ئۇچۇن قۇتۇلدۇرغۇچى، قەلئە ۋە ئۇرۇش تەييارلىقى دەپ ئويلاپ دۇنيا ئىشلىرىنى تەرك ئېتەتتى. بەزىدە بولسا نامايىش قوزغاپ چوڭ دۆلەتلەرنى ئاغدۇرۇپ تاشلاشقا ئۇرۇناتتى ياكى بىر دۆلەتنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچراپ، قىسقا مۇددەت ئىچىدە كۆزدىن غايىب بولاتتى. شۇنداق قىلىپ، ئۇلار تار دائىرىلىك مىللەتچىلىك ئىدىيىسىنىڭ قۇربانىغا ئايلىناتتى. ئىچچىنارلىقى شۇكى، ئاساسلىق مەسئۇللار ئۇلارغا ئازراقمۇ ياردەم قولىنى سۇنمايتتى، ھەتتا ئۇلارغا ئۆرۈلۈپ قاراپمۇ قويمايتتى. ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دېگەن ئىدى:

﴿ئۇلار (يەنى مۇناپىقلار يەھۇدىيلارنى ئۇرۇشقا قىزىقتۇرۇشقا) شەيتانغا ئوخشايدۇ، ئۆز ۋاقتىدا شەيتان ئىنسانغا: «كاپىر بولغىن» دېدى. ئىنسان كاپىر بولغان چاغدا، شەيتان: «مەن سەندىن ئادا - جۇدامەن، مەن ھەقىقەتەن ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى ئاللاھتىن قورقىمەن» دېدى﴾. (سۈرە ھەشر 16- ئايەت)

پولشا، بېلگىيە، گوللاندىيە، گرېتسىيە) ۋە دانىيە قاتارلىق دۆلەتلەر ئەنە شۇنداق ئاقىۋەتكە دۇچار بولغان ئىدى. ئىراننىڭ 2 - دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدىكى ئەھۋالىمۇ بۇلاردىن پەرقلەنمەيدۇ.

## چوڭ دۆلەتلەرنىڭ قارانىيەتلىرى

چوڭ دۆلەتلەر ھاكىمىيەت ۋە سەلتەنەتلىرىنى يەر يۈزىنىڭ ئەڭ چوڭ قىتئەلىرىگە يېيىشنى، بايراقلىرىنى قۇش ئۇچمايدىغان، كارۋان ماڭمايدىغان، ئادەمسىز چۆل ۋە سەھرا بولسىمۇ كەڭ يەرلەردە لەپىلدىتىشنى، ھەر قىتئەدە ئىشغالىيەت ۋە دومىنىئون قۇرۇشنى ئىرقچىلىقنىڭ ئاساسى دەپ قارايتتى. بۇ ئەھۋالدىكى چوڭ دۆلەتلەر ئەسكىرىي ۋە ئىقتىسادىي جەھەتتىن بىر مۇنچە ئۇرۇنسىز ۋە كېرەكسىز مەبلەغكە، ئىشغال ئاستىدىكىلەرنىڭ قوغدىنىشى ۋە ئىدارە قىلىنىشى جەھەتتىن ھەرخىل زورلۇقلارغا دۇچ كېلىشكە قارىماي، يەنىلا بۇ قارا نىيەتلىرىدىن ۋاز كەچمەيتتى. چۈنكى بۇلار مىللەتچىلىك قانۇنى ئۇلارغا يۈكلىگەن ۋەزىپىلەر ئىدى ۋە بۇلارنىڭ مىللىي شەرەپ ۋە مىللىي نەسىللىرىدىن باشقا ئەخلاقى مەقسەتلىرى ۋە ئەدەبىي مېۋىلىرى يوق ئىدى.

پروفېسسور جود: "مىللىي شەرەپ" نى مۇنداق ئىزاھلايدۇ:

"مىللىي شەرەپنىڭ بىردىنبىر غايىسى مىللەتنىڭ ئېھتىياجلىق پەيتلىرىدە ئارزۇ ۋە ئىستەكلىرىنى باشقىلارغا قوبۇل قىلدۇرالىغۇدەك قۇۋۋەتكە ئىگە بولۇشى ۋە "مىللەتنىڭ ئېسىل ئۆرنەكلىرى" دەپ نام بەرگەن پەسلىكلىرى بىلەن قانائەتلىنىشتىن ئىبارەت. بۇ مىللىي شەرەپ، ئەخلاقىي قىممەت ۋە پەزىلەتلەر بىلەن ماسلاشمايتتى. بىر دۆلەتنىڭ پۇقرالىرى راستچىل بولسا، ۋەدىگە ۋاپا

قىلسا ۋە ئاجىزلارغا ئىنسان قاتارىدا مۇئامىلە قىلسا، باشقا مىللەتلەرنىڭ ئالدىدا ئېتىبارى قالمايدۇ. بولدۇن ئەپەندىنىڭ ئېيتقىنىدەك، شەرەپ مىللەتنىڭ ئۆزى بىلەن شۆھرەت ۋە ئېتىبار قازىنىدىغان، باشقىلارنىڭ دىققىتىنى جەلپ قىلىدىغان بىر قۇۋۋەتتىن ئىبارەتتۇر. ھەممىمىزگە مەلۇم بولغىنىدەك، مىللەتنىڭ بۇ قۇۋۋەت سايىسىدە ئېرىشكەن شەرەپ دەرىجىسى ئەتراپقا دەھشەت ۋە ئۆلۈم چاچىدىغان بومبىلار ۋە بۇ بومبىلارنىڭ شەھەر ئۈستىگە ئېتىلىشىدىن ھەۋەسلىنىدىغان، ئەمما ئۆز ۋەتەنلىرىگە سادىق، ۋاپادار ياشلارغا تايانماقتا. مىللەتنىڭ ئېتىخار ۋەسىلىسى بولغان شەرەپ شەخسنىڭ پەخرى بولغان ئەخلاق ۋە پەزىلەت بىلەن زىت كەلمەكتە. بىر ئىنسان ياكى مىللەتنىڭ ھىيلە، سۇيىقەست ۋە زۇلۇم ئارقىلىق ئېرىشكەن ئۈستۈنلۈك مەرتىۋىسى شەرەپ دەپ ئاتالمايدۇ".

پروفېسسور جود باشقا بىر يەردە مۇنداق دەيدۇ:

"تاماخورلۇقتىنمۇ ئۈستۈن تۇرىدىغان مەغرۇرلۇق ئەنگلىيىدە ھۆكۈمران تەشكىلاتنى سۇلھچى ۋە تىنچلىقپەرۋەر مەۋقەلىرىگە ماس كەلمەيدىغان بەزى ئەھۋاللارغا دۇچار قىلاتتى. بىر جەسۇر كىشى ئەنگلىيە ھۆكۈمدارلىرىدىن ئۆزىگە بىپايان ئىشغالىيەتلىرىنىڭ ئەڭ قاقاس ۋە ئەڭ شورلۇق يېرىدىن بىر قىرات قۇم پارچىسى ئاتا قىلىشنى تەلەپ قىلسا، ئەنگلىيىدىكى قەھرىمان مۇتەئەسسىپلەرنىڭ ۋە ئاران كۈن ئۆتكۈزىدىغان نامسىز ئىنگلىز گېزىتلىرىنىڭ قىيامەت چىقىرىپ، دۇنيانى پاتىپاراقچىلىققا سالىدىغانلىقىنى، ئۆچمەنلىك ۋە نەپرەت بىلەن ئاچچىقلانغانلىقىنى كۆرۈۋالايمىز. مانا بۇلاردىن سىزمۇ كۆرۈۋالايسىزكى، بۇ مۇتەئەسسىپلەر پەقەت تەمەخور بولۇپلا قالماي، مەغرۇر ۋە جاھىللاردۇر".

## مىللەتلەرنىڭ ئىشغال قىلىش ۋە بازار قۇرۇش يولىدا بەسلىشىشى

مۇستەملىكىچىلىك ۋە ئىشغال قىلىشتا، بەزى مىللەتلەر تەرەققىي قىلىپ،

بەزىلىرى ئارقىدا قالغان ئىدى. ئاندىن كېيىن باشقا بىر دۆلەت ئوتتۇرىغا چىقىپ ئىشغالىيەتچىلىكتە تەرەققىي قىلغان دۆلەتكە قارشى رىقابەتلىشىشكە، يېڭى بازار ۋە مۇستەملىكە ئىزدەشكە، شەرەپ ۋە ئىپتىخار بايرىقىنى تىكلەيدىغان مۇنارلار تېپىپ چىقىشقا ۋە بۇ ئارقىلىق بۈيۈك ئىمپېراتورلۇقلار سەۋىيىسىدە كۆرۈنۈشكە باشلىدى. بۇ قېتىم ئالدىنقى دۆلەت قوزغىلىپ ئىككىنچى دۆلەتنى چەتكە قېقىشقا، ئۇنىڭ ئارزۇ ـ ھەۋەسلىرىگە توسقۇنلۇق قىلىشقا تىرىشتى ۋە ئۇنى ئاز سانلىقلارغا مەزلۇم مىللەتلەرنىڭ دۈشمىنى دەپ ئېلان قىلدى. لېكىن نۇرغۇن كىشىلەر ئۆزلۈكىدىن ۋە ئەتراپتىن كەلگەن گەپ ـ سۆزلەر بىلەن بۇ مىللەتلەرنىڭ ياخشى نىيەتلىرىدىن ۋە قەلبلىرىنىڭ پاكلىقىدىن شۈبھىلىنىشكە باشلىدى. پروفېسسور جود مۇنداق دەيدۇ:

"بىر ئىنگلىز ـ دۇنيانى قان ۋە بومبا ئىچىدە بۆلۈشۈۋېلىشقا زورلايدىغان مەسىلىلەرنى بىلمەي ياكى بىلمىگەن بولۇۋېلىپ، ياپونلارغا ئوخشاش بەزى مىللەتلەر چەككەن ئازاپلارنى ئۇنتۇغان ھالدا ئىنگلىزلەرنىڭ تىنچلىقپەرۋەر مىللەت ئىكەنلىكىگە ئىشىنىدۇ ۋە ياپونلارنى ئۇرۇشخۇمار ۋە قانخور دەپ ئەيىبلەيدۇ. شۈبھىسىز ئىنگلىزلەر تىنچلىقپەرۋەر ۋە سۈلھىچى بىر مىللەتتۇر. ئەمما ئۇلارنىڭ سۈلھىسى كونا ھۈنىرىنى تاشلىغان بىر ئوغرىنىڭ سۈلھىسىگە ئوخشايدۇ. بۇ ئوغرى ئۆز ۋاقتىدا ئوغرىلىغان مال ـ بايلىق ئارقىلىق بۈيۈك شەرەپ ۋە ئۈستۈن ماقامغا ئېرىشكەن ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ ئوغرى ئۆزىنىڭ كونا ھۈنىرىنى يېڭىدىن ئۆگەنگەنلەرنى ئەيىبلىمەكتە. قولىدىكى پۇتمەس ـ تۈگىمەس بايلىقتا ئورتاق بولۇشنى ئويلىغانلارغا بولسا "ئۇرۇش سارىڭى" دېگەن قالپاقنى كىيگۈزمەكتە".

ئىشغالىيەتچىلىك ۋە مۇستەملىكىچىلىكتە تەرەققىي قىلغان مىللەتلەر ئارىسىدا كۆپلىگەن ئۇرۇشلار يۈز بەردى. ئەمما بۇ ئۇرۇشلارنى زالىمنى جازالاپ مەزلۇمغا ياردەم بېرىش ۋە ئادالەتنى تىكلەش ئۈچۈن ئېلىپ بېرىلغان جەڭلەر بىلەن قىياس قىلىش ھېچقاچان توغرا ئەمەس. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

«ئەگەر مۆئمىنلەردىن ئىككى گۇرۇھ ئۇرۇشۇپ قالسا، ئۇلارنىڭ ئارىسىنى تۈزەپ قويۇڭلار، ئەگەر ئۇلارنىڭ بىرى ئىككىنچىسىگە تاجاۋۇز قىلسا، تاجاۋۇز قىلغۇچى تاكى ئاللاھنىڭ ھۆكمىگە قايتقانغا قەدەر (يەنى تاجاۋۇزنى توختاتقانغا قەدەر) ئۇنىڭ بىلەن ئۇرۇشۇڭلار، ئەگەر ئۇلار (ئاللاھنىڭ ئەمرىگە) قايتسا، ئۇلارنىڭ ئارىسىنى (ھېچبىر تەرەپكە يان باسماستىن) ئادىللىق بىلەن تۈزەپ قويۇڭلار، (ھەممە ئىشتا) ئادىل بولۇڭلار، ئاللاھ ھەقىقەتەن ئادىللارنى دوست تۇتىدۇ». (سۈرە ھۇجرات 9- ئايەت)

ئەمما بۇ ئۇرۇشلار ئاچكۆزلۈك، قىزغانچۇقلۇق، تەمەخورلۇق ۋە ھېرىسمەنلىك ئۇرۇشلىرى ئىدى. شەكسىز ئارسلاننىڭ بارلىق ئۇرۇشلارنىڭ ئوت پىلتىسى بولغان قەۋملەر جەمئىيىتى (بۇ تەشكىلات ھازىر يوقالدى) ۋە ئۇنىڭ ۋارىسلىق ئورنىغا ئولتۇرغان "بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى" ھەققىدىكى سۆزلىرى ناھايىتى ئورۇنلۇق ئىدى. ئۇ مۇنداق دەيدۇ:

"بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى" دەپ ئاتالغان بۇ تەشكىلات خۇددى سۇيسىز دېڭىزغا ئوخشايدۇ. بۇلار پەقەت ئۆچ - ئاداۋەت ۋە دۈشمەنلىكلەرگە قانۇنىي قېلىپ كىيگۈزۈش ۋە ئېلىپ بېرىلغان ئىشغالىيەتلەرنى ھەرخىل ناملار بىلەن دۇنياغا قوبۇل قىلدۇرۇش ئۈچۈن قۇرۇلغان ئىدى. بۇ تەشكىلاتقا ئاجىز ۋە زەئىپ مىللەتلەردىن باشقىسى ئېتىبار بىلەن قارىمايدۇ. بولغۇلۇق يەنە بۇ بىچارىلەرگە بولىدۇ. چۈنكى كۈچلۈك ۋە ھۇجۇمچى مىللەتلەرگە گەپ ئۆتكۈزەلمەيدۇ". ۋاپاتى ئىسلام دۇنياسى ئۈچۈن چوڭ بىر يوقىتىش ھېسابلانغان قىممەتلىك مۇتەپەككۇر دوكتور مۇھەممەد ئىقبالمۇ بۇ ھەقىقەتنى مۇنداق ئىپادىلىگەن ئىدى:

"بۇلاڭچى ۋە كېپەن ئوغرىلىرى تەشكىلاتى كېپەن تەقسىماتىدا بىرلەشتى".

ئىنگلىز پروفېسسور جود مۇنداق دەيدۇ:

"بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى" نىڭ كۆز ئالدىدا پارتىلىغان ھەرقانداق بىر ئۇرۇشنىڭ مەقسىتى مىللەتلەر ئارىسىدا ھەقىقىي ئادالەتنى ئورنىتىش، مەزلۇملارغا ياردەم بېرىش، تاجاۋۇزچىلارنى جازالاش ۋە دۇنيادا مۇستەھكەم بىر خەۋپسىزلىك تەشكىلاتى قۇرۇش ئەمەس ئىدى. بۇ ئۇرۇشلار پەقەت كۈچ سىنىشتۇرمىسىغا كىرىشكەن تەرەپلەرنىڭ كۈرەشلىرىدۇر. بۇ ئىككى تەرەپتىن بىرى دۇنيانىڭ كىرىم مەنبەسى ۋە بايلىقلىرىنىڭ كۆپ قىسمىنى قولىغا كىرگۈزۈۋېلىش خىيالىدا تولغانسا، يەنە بىر تەرەپمۇ ئەينى مۇددىئا ئۈچۈن ئۆلۈمگە پىسەنت قىلمىغۇدەك دەرىجىدە ھېرىسمەندۇر. بۇ خىل ئۇرۇشلارنىڭ تارىختا بىر - بىرى بىلەن بەسلەشكەن گۇرۇھلار ئارىسىدا چىققان ئۇرۇشلاردىن گېرمانىيە - پرىسىيە ئۇرۇشلىرى، يەتتە يىللىق جەڭ، ناپالېئون ئۇرۇشى ۋە 1914 - 1918 - يىللىرى ئۇرۇشلىرىدىن ھېچ پەرقى يوق. بۇ ئۇرۇش بىلەن باشقا ئۇرۇشلارنىڭ ئارىسىدا پەقەت ئىسىم پەرقى بار. بۇ ئۇرۇشلارنىڭ تاجاۋۇزچىلار ۋە فاشىزم قارشىسىدا "قەۋملەر جەمئىيىتى" ۋە دېموكراتىيەنى قوغداش ئۈچۈن ئېلىپ بېرىلغانلىقى ھەر قانچە كۈچەپ تەشۋىق قىلىنىسىمۇ، ھەقىقەت بەرىبىر ھەممىگە ئايان. قۇياشنى ئېتەك بىلەن ياپقىلى بولمايدۇ.

## ئىسلام بىلەن كاپىتالىزم ئوتتۇرىسىدىكى پەرق

مۇسۇلمانلارنىڭ خەلىپىسى ئۆمەر ئىبنى ئابدۇلئەزىزنىڭ ۋالىيسىغا: "سېنىڭ ھالىڭغا ۋاي! ھەزرىتى مۇھەممەد (سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم) باج يىغىپ تويلاش ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى ھىدايەت رەھبىرى قىلىپ ئەۋەتىلگەندۇر..." دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ. بۇ جۈملە پەيغەمبەرلىك ئاساسلىرى ئۈستىگە قۇرۇلغان ۋە پەيغەمبەرلەرنىڭ ئىزىنى، يولىنى ۋە ئىدارە قىلىش شەكلىنى ئەينەن يولغا قويىدىغان دىنىي ھۆكۈمەتنىڭ روھىنى ئوچۇقچە كۆرسىتىپ بەرمەكتە. بۇ، ھۆكۈمەت ئاساسلىق تەكىتلەيدىغان ۋە ئۇنىڭدا چىڭ تۇرغان مەسىلە. شۇنداقلا، ئاللاھنىڭ نىزامى ۋە ئىدارىسى ئاستىدىكى ئىنسانلارنىڭ ئەخلاق

تەربىيىسىدۇر. ئاخىرەت كۈنىدە خەلققە پايدىلىق بولغانلىرىنى ئېلىپ، پايدىسىز بولغانلىرىنى يوقىتىش بۇ ھۆكۈمەت ئۈچۈن مال توپلاش، ھەرخىل كىرىم ۋە باجلارنى يىغىشتىن تېخىمۇ مۇھىم. بۇ ھۆكۈمەت سىياسىي، مالىيە ۋە ئىقتىسادىي مەسىلىلەرگە دىنىي نوقتىئىنەزەردىن قارايتتى ۋە ھەر دائىم ئەخلاقىي ۋە دىنىي پرىنسىپلارنى ماددىي مەنپەئەتلەردىن ئۈستۈن كۆرەتتى. ئىچىملىكنى، زىنانى، ھەر تۈرلۈك يامانلىقلارنى، ئاممىغا زىيانلىق لېكىن شەخسكە پايدىلىق دەپ بىلىنگەن بۇزۇق ئىقتىسادىي كۈچلەرنى يوقىتىدىغان چەكلەيتتى. ئەينى ۋاقىتتا بۇ ھۆكۈمەت ئۆسۈمنى ۋە قىمارنى، ھۆكۈمەتنى ئېغىر ئىقتىسادىي كىرىزىسلەرگە دۇچار قىلىغان ھالەتتىمۇ چەكلەيتتى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئىسلاھات ئۈچۈن كېرەكلىك ئاساسلارنى ئورنىتىپ خەلقنىڭ ئەخلاقىي قۇرۇلمىسىنى ھەر دائىم نازارەت ئاستىدا تۇتۇپ ۋە قەلب پاكلىقى ھەققىدە ناھايىتى ئېھتىياتچان بولۇپ ۋە بۇ يولدا قولىدىكى بارلىق ئىمكانلاردىن پايدىلانماقتا ئىدى. شۇنى ئېيتىپ ئۆتۈش كېرەككى، بۇ خىل ھۆكۈمەلەر قۇرئان كەرىمدە بايان قىلىنغان ئاساسلار ئۈستىگە قۇرۇلغان ئىدى. قۇرئان كەرىم بۇ ھەقتە تۆنجى مۇھاجىرلارنى مۇنداق تەسۋىرلەيدۇ:

﴿ئاللاھنىڭ ياردىمىگە ئېرىشىشكە ھەقلىق بولغانلار) شۇنداق كىشىلەردۇركى، ئەگەر ئۇلارنى يەر يۈزىدە ئۈستۈنلۈككە ئىگە قىلساق، نامازنى ئادا قىلىدۇ، زاكات بېرىدۇ، ياخشى ئىشلارغا بۇيرۇيدۇ، يامان ئىشلاردىن توسىدۇ. ئىشلارنىڭ ئاقىۋىتى ئاللاھقا مەنسۇپتۇر (يەنى ھەممە ئىشلار ئاخىرەتتە ئاللاھقا قايتىدۇ)﴾. (سۈرە ھەج 41- ئايەت)

يول كۆرسىتىش ئۈچۈن ئەمەس بايلىق توپلاش، پايدىلىق بولۇش ئۈچۈن ئەمەس پايدىلىنىش ئۈچۈن قۇرۇلغان ھۆكۈمەتلەرگە كېلەيلى! ئەلۋەتتە، بۇ خىل ھۆكۈمەتلەرنىڭ بىردىنبىر غايىسى ھەرخىل باجلارنى يىغىش، تۈرلۈك كىرىم ۋە مەھسۇلات يوللىرىنى قولغا كىرگۈزۈشتۇر. بۇ باج ۋە ئىشلەپچىقىرىش يوللىرى كۆپىنچە ئەخلاق، پەزىلەت ۋە ئائىلە نىزامى ھېسابىغا ئېلىپ بېرىلىدۇ.

ھەتتا ھۆكۈمەت تېخىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا كۆپلىگەن يامانلىق يوللىرىنى ئۆز قولى بىلەن پەيدا قىلىپ يولغا قويىدۇ. زىنا - پاھىشە قىلمىشلىرىنى رەسمىي بىر مۇئەسسەسە ھالىغا كەلتۈرىدۇ. ئۆسۈم ئېلىپ بېرىش، قىمار ۋە بۇنىڭغا ئوخشاش نۇرغۇنلىغان گۇناھ ئىشلارنىڭ نامىنى ئۆزگەرتىش ئارقىلىق ۋە بەزى نەرسىلەرنى قىسىش ئارقىلىق ئۇ ئىشلارنى راۋا كۆرىدۇ. ئىچىملىكنى ئەركىن قىلىپلا قالماستىن، بەلكى ئۆزى بىۋاستە ساتىدۇ. تىجارەت ۋە تۈرلۈك مۇئامىلىلەرگە ئۆزى بىۋاستە ئارىلىشىدۇ. ئىچىملىككە توسالغۇلۇق قىلغانلارنى ۋە قارشى چىققانلارنى ئېغىر جازالايدۇ، پالايدۇ. بەزى ياۋروپا ھۆكۈمەتلىرىنىڭ ئاسىيادا جۇڭگو خەلقىگە قىلغىنىدەك، بەزى مىللەتلەرنى ئېكسپورت قىلىنغان زەھەرلىك ماددىلارنى ئېلىشقا زورلايدۇ ۋە نەتىجىدە، تەبىئىي ھالدا بۇ مەھكۇم مىللەتلەر ھۆكۈمران مىللەتلەرنىڭ بۇزۇق ئەخلاقىي قۇرۇلمىلىرىنىڭ تەسىرىدە قېلىپ ئۆز شەخسىيىتى ۋە روھلىرىنى يوقىتىدۇ. ھەتتا مەھكۇم مىللەتلەرنىڭ ھۆكۈمران مىللەتلەر بىلەن بولغان شەخسىي ئۇچرىشىشلىرى ۋە قوشنىدارچىلىق مۇناسىۋەتلىرى نەتىجىسىدە ئۇلار پاتقان پاتقاققا دومىلىشى بىردەملىك ئىشقا ئايلىنىپ قالىدۇ. بۇ ئارقىلىق ياۋروپا دۆلەتلىرىدە ماتېرىيالىست مەدەنىيەت شەكىللەندۈرگەن يىرگىنچلىك ئەخلاقىي كېسەللىكلەر ۋاباغا ئوخشاش مەھكۇم مىللەتلەرگە يۇقىدۇ. بۇلارنى ياۋروپالىقلارنىڭ ئۆزلىرى ئېتىراپ قىلغان ۋە ئۇستىدىن شىكايەت قىلغان ئىدى.

مانا بۇ ئەھۋالدا غەرب مەدەنىيىتىنىڭ مىكروبلىرىنى ۋە يامانلىقلىرىنى ئۆزىگە سىڭدۈرگەن ياۋروپا ھۆكۈمەتلىرىدىن ئەخلاق ۋە پەزىلەتلىرىنى ئۇلۇغلىشىنى، ئۆز ئىرادىسى ۋە ھاكىمىيىتى ئاستىدا ياشاۋاتقان مەھكۇم مىللەتلەرنىڭ ئەخلاقىي سەۋىيەلىرىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشنى كۈتەلەمدۇق؟ ھەممىدىن ئاۋۋال، ياۋروپا دۆلەتلىرىدە ۋە پەرەڭ تۇپراقلىرىدا بۇ خىل مەسىلە سۆزىنىڭ تېمىسى بولالمايدۇ. ماتېرىيالىست ياۋروپانىڭ ئېتىقادلىرىدا، ئىدىيەلىرىدە ۋە تۈپكى مەقسەتلىرىدە بۇنىڭ ئورنى يوق. چۈنكى، "قازاندا نېمە بولسا، چۆمۈچكە شۇ

چىقىدۇ" ياۋروپادا پادىشاھ ۋە ھۆكۈمرانلارنىڭ يولى ھىدايەت رەھبەرلىرىنىڭ، مۇرشىدلارنىڭ ۋە پەيغەمبەرلەرنىڭ يولىدىن ھەر دائىم ئايرىم قالغان ئىدى. قۇرئان كەرىمدە سابا مەلىكىسىنىڭ تىلى بىلەن زىكىر قىلىنغان ھەقىقەت ھەر قاچان ھەر يەردە ئۆزگەرمەيدىغان ھەقىقەتتۇر.

﴿ئۇ (يەنى بىلقىس) ئېيتتى: «شۈبھىسىزكى، پادىشاھلار بىرەر شەھەرگە ھۇجۇم قىلىپ كىرسە، ئۇنى خاراب قىلىدۇ، شەھەرنىڭ مۆتىۋەر ئادەملىرىنى (ئۆلتۈرۈش، ئەسىرگە ئېلىش ۋە سۈرگۈن قىلىش بىلەن) خار قىلىدۇ، ئۇلارمۇ شۇنداق قىلىدۇ﴾. (سۈرە نەمل 34 - ئايەت)

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



# ئۈچىنچى بۆلۈم

# ياۋروپا ئۆلۈۋالماقچى بولۇۋاتىدۇ

## ئىجاد ۋە كەشپىياتلار ئەسرى

ئەگەر تارىخىي دەۋرلەر ئۆزلىرىنى باشقا دەۋرلەردىن پەرقلەندۈرىدىغان خاراكتېرلىك سۈپەتلىرى بىلەن تونۇلۇپ، ئۇلار بىلەن خاتىرىلەنسە، بۇ دەۋرگە كەشپىيات ۋە ئىجادلار دەۋرى، ئېلېكترونلۇق ۋە سىمسىز ئۇچۇر ئەسرى، ياۋروپالىقلارنىڭ ئۈستۈنلۈك ۋە تەرەققىيات چېغى، كەشپىياتچى ۋە ئىجادچىلارنىڭ ئەڭ تالانتلىق دەۋرى، ئىنكار قىلىنمايدىغان قانۇنلارنىڭ تېپىلىش دەۋرى دېيىشىمىز مۇمكىن. لېكىن شۇنى ئېيتىپ ئۆتۈش كېرەككى، ياۋروپانىڭ يېڭى ئىجاد ۋە كەشپىياتلىرىنى ھەددىدىن ئارتۇق سېھىرلەشتۈرۈپ، قوۋۇزلىرىنى كۆپتۈرۈپ ماختىغانلار بۇ ھەقتە قانچىلىك مۇبالىغە قىلسا قىلسۇن ـ ئۇلارغا ھەيران قېلىپ، كەشپىياتلىرىنى تەقدىرلەش بىلەن بىرگە ـ بۇ كەشپىيات ۋە ئىجادلارنىڭ ئەسلى غايە ئەمەس، بەلكى باشقا غايىلارغا ۋاستە بولغانلىقىنى ئۇنتۇماسلىقىمىز كېرەك. چۈنكى بۇ غايىلەرنىڭ ئەھۋالىغا، ئىجابى ياكى سەلبىيلىكىگە قاراپ، ياخشى ياكى يامان، پايدىلىق ياكى زىيانلىق يوللاردا قوللىنىمىز. ئەينى ۋاقىتتا ئەسلى غايىگە ئۇيغۇن نىسبەتتە مۇۋەپپەقىيەت قازىنىمىز ياكى مەغلۇپ بولىمىز. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئوتتۇرىغا چىققان نەتىجىلەرگە ئىنسانلارنىڭ ھاياتلىرىدا، ئىجتىمائىي تۇرمۇشىدا، ئەخلاقىدا ۋە جەمئىيەتتە ئوينىغان رولىغا قاراش ئارقىلىق باھا بېرەلمەيمىز.

## كەشپىياتلارنىڭ غايىلىرى ۋە ئىسلامنىڭ كۆز- قارىشى

بىزنىڭ قارىشىمىزچە، ئىجاد ۋە كەشپىياتلارنىڭ غايىسى ئىنسان تەبىئىتىدىكى ئاجىزلىق ۋە نادانلىقنىڭ ئىنسانىيەت ھاياتىغا كەلتۈرگەن زورلۇق ۋە قىيىنچىلىقلىرىنى يېڭىش، دۇنيادا تېپىلغان تەبىئەت كۈچلىرى ۋە چەكسىز كائىناتقا چېچىلغان ئېنېرگىيە مەنبەلىرىدىن ۋە خەزىنىلەردىن پايدىلىنىپ، بۇ قۇۋۋەتلەرنى يەر يۈزىدە چوڭچىلىق ۋە بۇزغۇنچىلىق قىلماي، ياخشى يوللارغا قوللىنىشتۇر.

كونا دەۋردە ئادەملەر بارماقچى بولغان يېرىگە مېڭىپ باراتتى. كېيىن ئاللاھ ھايۋانلاردىن پايدىلىنىشنى ئەقلىگە سالدى. چاقلىق ھارۋىلارنى ۋە نەسىللىك ئاتلارنى قوللىنىشقا باشلىدى. ئاندىن كېيىن سۈرئەت ۋە كەشپىياتلاردا داۋاملىق ئىلگىرىلەش بولدى ۋە پاراۋۇز كەشىپ قىلىندى. ئارقىدىن ماشىنا، ئايروپىلان ۋە ناھايەت يەلكەنلىك كېمىلەردىن موتورلۇق كېمىلەرگە ئۆتتى. شۇنداق، بۇلاردا ھېچبىر يامانلىق يوق، ھەتتا ھەممىسى بىر - بىرىدىن پەخىرلەنگۈدەك ئىشلار. ئىجاد قىلىنغان بۇ ۋاستىلار ياخشى يوللارغا قوللىنىلسا، ئىنسانلار بۇ ئارقىلىق پايدىلىق ۋە گۈزەل غايىلەردە بىر يەردىن باشقا يەرلەرگە بارىدۇ. مىڭبىر جاپادا يۆتكەيدىغان يۈكلىرىنى بۇ ۋاستىلار بىلەن باشقا دۆلەتلەرگە توشۇيدۇ، ۋاقىت ۋە كۈچىنى تېجەش ئارقىلىق بۇ يولدا سەرپ قىلىدىغان ۋاقىت ۋە ئېنېرگىيىنى باشقا ئىشلار ئۈچۈن قوللىنىدۇ. ئىنسانلارنىڭ توغرا يوللاردىن پايدىلىنىپ، پايدىلىق ۋە يۈكسەك غايىلەردە قوللانغان باشقا زامانىۋى ئىجادلارنى ۋە تەبىئەت كۈچلىرىنى بۇنىڭغا قىياس قىلىش مۇمكىن.

ئىسلامنىڭ بۇ ھەقتىكى كۆز قارىشى ناھايىتى ئوچۇق. ئىسلام ئىنساننىڭ يەر يۈزىنىڭ خەلىپىسى ئىكەنلىكىنى، ئاللاھنىڭ يەر يۈزىنى ياخشى يوللاردا قوللىنىش ئۈچۈن ئۆزلىرىگە بويسۇندۇرۇپ بەرگەنلىكىنى خەۋەر قىلماقتا...

﴿ئاللاھ يەر يۈزىدىكى ھەممە نەرسىنى سىلەر (نىڭ پايدىلىنىشىڭلار) ئۈچۈن ياراتتى﴾.

www.uyghurkitap.com

﴿ئاللاھ ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى ياراتتى، بۇلۇتتىن يامغۇر ياغدۇرۇپ بەردى، يامغۇر سۈيى بىلەن سىلەرگە رىزىق قىلىپ نۇرغۇن مېۋىلەرنى ئۆستۈرۈپ بەردى، ئاللاھ سىلەرگە ئۆز ئەمرى بويىچە دېڭىزدا قاتنايدىغان كېمىلەرنى بويسۇندۇرۇپ بەردى، سىلەرگە دەريالارنى بويسۇندۇرۇپ بەردى﴾.

﴿سىلەرگە ئاي بىلەن كۈننى تەرتىپلىك دەۋر قىلىپ تۇرىدىغان قىلىپ بويسۇندۇرۇپ بەردى، سىلەرگە كېچە بىلەن كۈندۈزنى بويسۇندۇرۇپ بەردى﴾.

﴿ئاللاھ سىلەرگە سورىغان نەرسەڭلارنىڭ ھەممىسىنى بەردى، سىلەر ئاللاھنىڭ نېمىتىنى ساناپ تۈگىتەلمەيسىلەر، كاپىر ئادەم، شەك - شۈبھىسىزكى، زۇلۇم قىلغۇچىدۇر، (ئاللاھنىڭ نېمەتلىرىگە) كۇفرىلىق قىلغۇچىدۇر﴾.

﴿شەك - شۈبھىسىزكى، بىز ئادەم بالىلىرىنى ھۆرمەتلىك قىلدۇق، ئۇلارنى قۇرۇقلۇقتا (ئۇلاغلارغا) مىندۇردۇق، دېڭىزدا (كېمىلەرگە) چىقاردۇق، ئۇلارنى شېرىن يېمەكلىكلەر بىلەن رىزىقلاندۇردۇق، ئۇلارنى مەخلۇقاتلىرىمىزنىڭ نۇرغۇنىدىن ئۈستۈن قىلدۇق﴾.

كىتابخانلار، بولۇپمۇ: "ئۇلارغا قۇرۇقلۇقتا ۋە دېڭىزدا قاتنايدىغان ۋاسىتىلەرنى بەردۇق" ۋە "ئۇلارغا مول رىزىقلارنى ئاتا قىلدۇق" ئايەتلىرى ھەققىدە ياخشىراق ئويلىنىشى لازىم.

﴿ئاللاھ چارۋا ماللارنى سىلەرنىڭ مەنپەئەتلىنىشىڭلار ئۈچۈن ياراتتى، ئۇلار (نىڭ يۇڭى ۋە تېرىسى) بىلەن ئىسسىنىسىلەر، ئۇلار (نىڭ نەسلى، سۈتى، سۆڭىكى ۋە قىغى) دىن پايدىلىنىسىلەر ۋە ئۇلار (نىڭ گۆشلىرى) نى يەيسىلەر. ئۇلارنى كەچتە ئوتلاقتىن قايتۇرۇپ كەلگەن ۋە ئەتىگەندە ئوتلاققا ئېلىپ چىققان ۋاقتىڭلاردا، چارۋا ماللار سىلەرگە زىننەت بولۇپ (خۇشاللىق بېغىشلايدۇ). ئۇلار يۈك - تاقلىرىڭلارنى سىلەر جاپا - مۇشەققەت بىلەن ئاران يېتىپ بارالايدىغان جايلارغا كۆتۈرۈپ بارىدۇ، سىلەرنىڭ پەرۋەردىگارىڭلار سىلەرگە ھەقىقەتەن شەپقەتلىكتۇر ۋە مېھرىباندۇر. ئاللاھ ئاتنى، قېچىرنى ۋە ئېشەكنى مىنىشىڭلار

ئۈچۈن ۋە زىننەت ئۈچۈن ياراتتى، ئاللاھ يەنە سىلەر بىلمەيدىغان نەرسىلەرنىمۇ يارىتىدۇ﴾.

ئايەت كەرىمدە بايان قىلىنغاندەك، ئاللاھ تائالا ئادەم ئوغۇللىرىنىڭ ھېچ جاپا تارتماي غايىسىگە يېتىشى ئۈچۈن ھېسابسىز نېمەتلەر بەخش ئەتتى ۋە ئۇلارغا نەقەدەر شەپقەت ۋە مەرھەمەت كۆرسەتكەنلىكىنى ئەنە شۇنداق ئىسپاتلىدى.

﴿ئاللاھ پۈتۈن مەخلۇقاتلارنىڭ تۈرلىرىنى ياراتتى، سىلەرگە ئۇستىگە چىقىشىڭلار ئۈچۈن كېمە ۋە مىنىشىڭلار ئۈچۈن ھايۋان قاتارلىقلارنى ياراتتى. ئاندىن سىلەر ئۇلارنىڭ ئۈستىگە چىققانلىرىڭلاردا پەرۋەردىگارىڭلارنىڭ نېمىتىنى ئەسلەپ: «بىزگە بۇنى بويسۇندۇرۇپ بەرگەن زات پاكتۇر، بىز ئۇنىڭغا (مىنىشكە) قادىر ئەمەس ئىدۇق، بىز ھەقىقەتەن پەرۋەردىگارىمىزنىڭ دەرگاھىغا قايتقۇچىلارمىز» دېگەيسىلەر﴾.

ئىنسان ئاپتوموبىل ياكى ئايروپىلانغا چىققان ۋاقتىدا مۇنداق دەپ دۇئا قىلىشى بەكمۇ ئورۇنلۇق: "بۇلارنى بىزنىڭ ئەمرىمىزگە بويسۇندۇرۇپ بەرگەن ئاللاھنىڭ شان - شەرىپى نەقەدەر ئۇلۇغ! بولمىسا، بىزنىڭ كۈچىمىز بۇلارغا يەتمەيتتى..." ئىنساننىڭ ھايات ۋە ھەرىكەتتىن ئەسەر بولمىغان چاچ ۋە تۆمۈرنى قولى بىلەن سۇندۇرۇپ پارچىلىۋەتكۈدەك كۈچ - قۇۋۋىتى يوق. لېكىن ئاللاھ تائالا تۆمۈرنى ئىنساننىڭ قوللىنىشىغا سۇندى. شۇڭا ئىنسانلار ئۇنى خالىغان شەكىلگە كىرگۈزەلەيدۇ. شۇ سەۋەبتىن ھەر ئىنسان ئۆزىنىڭ ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا قايتىدىغانلىقىنى ئۆزىگە بېرىلگەن كۈچ - قۇۋۋەتتىن ھېساب بېرىدىغانلىقىنى ئۇنتۇماسلىقى لازىم. ئەگەر ئىنسان بۇ كۈچ - قۇۋۋىتىنى يامانلىققا قوللىنىدىغان بولسا، مۇتلەق جازاغا تارتىلىدۇ. ئەينى ۋاقىتتا، ئىنسان ئۆزىنىڭ ئاللاھقا بويۇن ئەگكەن، ئۇنىڭ ھۆكۈمىگە بويسۇنىدىغان بىر قۇل ئىكەنلىكىنى، ئۆلتۈرۈش، ياشىتىش ۋە تىرىلدۈرۈش قۇدرىتىنىڭ يوقلۇقىنى ھېچقاچان ئەقلىدىن چىقارماسلىقى ۋە ھەددىدىن

www.uyghurkitap.com



ئاشماسلىقى لازىم. ﴿چۈنكى ئىنسان ئېزىپ كېتىدۇ، ئۆزىنى ھەر تۈرلۈك ئېھتىياجدىن خالىي كۆرىدۇ (ھېسابلايدۇ)﴾.

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿بىز ھەقىقەتەن پەيغەمبەرلىرىمىزنى روشەن مۆجىزىلەر بىلەن ئەۋەتتۇق ۋە ئۇلار بىلەن بىللە، ئىنسانلار ئادالەتنى بەرپا قىلسۇن دەپ، كىتابنى، قانۇننى چۈشۈردۇق. تۆمۈرنى ياراتتۇق، (تۆمۈردىن ئۇرۇش قوراللىرى ياسىلىدىغانلىقى ئۈچۈن) تۆمۈر كۈچ - قۇۋۋەتنى ئۆز ئىچىگە ئالغان، تۆمۈردە ئىنسانلار ئۈچۈن نۇرغۇن مەنپەئەتلەر بار، ئاللاھ ئاللاھنى كۆرمەي تۇرۇپ (قوراللارنى ئىشلىتىپ) ئاللاھقا ۋە پەيغەمبەرلىرىگە ياردەم بەرگەنلەرنى بىلىش (مەلۇم قىلىش) ئۈچۈن (تۆمۈرنى ياراتتى)، ئاللاھ ھەقىقەتەن كۈچلۈكتۇر، غالىبتۇر﴾.

تۆمۈرنىڭ ئىنسانلارغا نۇرغۇن پايدىسى بار. ئەڭ چوڭ پايدىسى ئاللاھ ۋە رەسۇلىنىڭ زەپەر قۇچىشى يولىدا قوللىنىلىشىدۇر. ئايەتتە ئاۋۋال پەيغەمبەرلەرنىڭ ئەۋەتىلىشى ۋە كىتابلارنىڭ چۈشۈرۈلىشىنىڭ بايان قىلىنىشى مانا بۇ ھەقىقەتكە تايانماقتا.

بىر مۇسۇلمان ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلىش، ئاللاھنىڭ دىنىنى كېڭەيتىش ۋە ئۇنى بارلىق دىنلاردىن ئۈستۈن قىلىش ئارقىلىق كالامىنى ئۇلۇغلاش يولىدا ئاللاھنىڭ بارلىق مەۋجۇدىيەتلىرىدىن ۋە كائىناتقا چېچىلغان بارلىق كۈچ - قۇۋۋەتلەردىن پايدىلىنىدۇ. ئەينى ۋاقىتتا، ئاللاھ رۇخسەت قىلغان، ھەتتا تەشۋىق قىلغان توغرا تىجارەت، ھالال تاپاۋەت، ياخشى نىيەت بىلەن قىلىنغان سەپەر ۋە ئۆزى ياقتۇرىدىغان مەنپەئەتلەردىن ئۆز نېسىۋىنى ئېلىشنى ئۇنتۇمايدۇ.

## بەختسىزلىك ئۆزۈكلارنىڭ شورى

كەشىپ قىلىنغان جانسىز قاتتىق جىسىملارنىڭ ھېچ بىرىنىڭ گۇناھى يوق. ئۇلار ئىنسان دېگەن مەۋجۇدىيەتنىڭ ئىرادىسىگە، ئەقلىگە ۋە ئەخلاقىغا

بويسۇنۇشقا مەجبۇر. ئەسلىدە ئۇلارنىڭ ئۆزىگە ياخشى - يامان دەپ باها بېرەلمەيمىز. بۇ پەقەت ئىنساننىڭ ياخشى - يامان يوللاردا قوللىنىشقا باغلىق بولۇپ، ئاساسىي جەھەتتىن ياخشى دەپ تەرىپلىنىدىغان بۇ ۋاستىلار ئىنسانلارنىڭ يامان يولدا قوللىنىشى، پاك تەبىئەتنىڭ بۇلغىنىشى ۋە ئەخلاقنىڭ بۇزۇلۇشى بىلەن يامان بولۇپ قالىدۇ. شۇڭا گۇناھ ۋاستە ۋە كەشپىياتتا ئەمەس، بەلكى ئۇلارنى قوللانغان شەخس ۋە غايىلەردە. ياۋروپادا كەشپ قىلىنغان بۇ سايمانلارغا، ئۆيلەرنى ۋەيران قىلغان، شەھەر - يېزىلارنى ۋەيران قىلغان ئايروپىلانلارغا، ھېچنېمىدىن خەۋەرسىز، بىچارە يولچىلار كېمىلىرىنى ۋە تىجارەت پاراخوتلىرىنى سۇغا غەرق قىلغان سۇ ئاستى پاراخوتلىرىغا، ئەسلى - ۋەسلى بولمىغان يالغان سۆزلەر، غەيرىي ئەخلاقىي پروگراممىلارنى تارقىتىدىغان سىمسىز ئاپپاراتلار ۋە نەشرىيات ۋاستىلىرىگە يامان كۆزى بىلەن قارايدىغان ۋە ئۇلارنىڭ ئۇستىدىن شىكايەت قىلىدىغان ياۋروپالىقلارغا: "بەختسىزلىك ئۆزۈڭلارنىڭ شورى (ئۆز ئۇۋالىڭ ئۆزۈڭگە)" دېيىش لازىم.

تەبىئەت بىلىملىرى ئىنسانلارغا ماددىي كۈچ بېغىشلايدۇ. لېكىن ماددىي كۈچ - قۇۋۋەتنىڭ قەيەردە، قانداق قوللىنىلىشىنى ئۆگەتمەيدۇ. چۈنكى، بۇ ئۇنىڭ ۋەزىپىسى ئەمەس. ئۇ خۇددى سەرەڭگىگە ئوخشايدۇ. سەرەڭگە سىزگە ئوت يېقىپ بېرىدۇ. سىز بۇ ئوت بىلەن بىر ئۆينى ئىگىلىرى بىلەن بىرلىكتە كۆيدۈرۈۋېتەلىگىنىڭىزدەك، ئۇنىڭ بىلەن تاماق پىشۇرالايسىز ۋە ئىسسىنالايسىز. ماددىنى قەيەردە، قانداق قوللىنىشنى ئىنسانغا دىن ئۆگىتىدۇ. دىن ئىنساننىڭ ئۆز كۈچ - قۇۋۋىتىدىن قانداق قىلىپ تولۇق پايدىلىنىشنى ۋە ئاللاھنىڭ نېئمەتلىرىگە قانداق قانائەت كەلتۈرىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. دىن ئاللاھ ئىنسانغا ئاتا قىلغان كۈچ - قۇۋۋەتنىڭ زۇلۇم ۋە گۇناھلارغا، يامانلىق ۋە دۈشمەنلىكلەرگە ياردەمچى بولۇشنى شىددەت بىلەن چەكلەيدۇ. ھەزرىتى مۇسا ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن ئىدى: «پەرۋەردىگارىم! ماڭا (مەغپىرەت قىلغانلىق) نېمىتىڭ سەۋەبى بىلەن مەن ھەرگىز گۇناھلارغا ياردەمچى

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورپېكتى

بولمايمەن».

ھەزرىتى سۇلايمان ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن ئىدى:

«(نازىل بولغان) كىتابنى چوڭقۇر بىلىدىغان زات (يەنى ئاسەف ئىبنى بۇرخىيا): «ئۇنى مەن ساڭا كۆزۈڭنى يۇمۇپ ئاچقۇچە ئېلىپ كېلىمەن» دېدى (ئۇ دۇئا قىلىۋىدى، تەخت دەرھال ئالدىدا ھازىر بولدى). سۇلايمان تەختنىڭ يېنىدا تۇرغانلىقىنى كۆرگەندە: «بۇ پەرۋەردىگارىمنىڭ (ماڭا قىلغان) ئېھسانىدۇر، ئۇ شۈكۈر قىلامدىم، يا تۇزكورلۇق قىلامدىم، بۇنىڭ بىلەن مېنى سىنىدى، كىمكى شۈكۈر قىلىدىكەن، ئۇ ئۆزىنىڭ پايدىسى ئۈچۈن شۈكۈر قىلىدۇ، كىمكى تۇزكورلۇق قىلىدىكەن، (بىلىش كېرەككى) ھەقىقەتەن پەرۋەردىگارىم (ئۇنىڭ شۈكۈر قىلىشىدىن بىھاجەتتۇر)، (ئاللاھنىڭ ) كەرىمى كەڭدۇر» دېدى».

## غايە ۋە ۋاستىلەرنى ئايرىش

ئەمدى ياۋروپالىقلارغا كېلەيلى:

ياۋروپالىقلار دىننى ئۆزلىرىگە ھارام قىلدى، بۇ ئارقىلىق بىر ئەخلاقىي توسالغۇ، دىنىي تورمۇز ياكى ئۆزلىرىگە يول كۆرسىتىپ بېرەلىگۈدەك بىر ئىلاھىي رەھبەردىن مەھرۇم قالدى. يارىتىلىشىنىڭ غايىسىنى، نەدىن كېلىپ نەگە بارىدىغانلىقىنى ئۇنتۇدى ۋە مۇنداق دېدى:

«ئۇ ھايات بىزنىڭ بۇ دۇنيادىكى ھاياتىمىزدىن پەرقلەنمەيدۇ. ئۆلىمىز، ياشايمىز. پەقەت بىز، قايتا تىرىلگۈچىلاردىن ئەمەسمىز».

ئۇلار كېيىن بۇ ئېتىقادىنى ئاقلاشقا باشلىدى. بۇ ئېتىقاد بويىچە بولغاندا، ئىنسان ئۈچۈن ئىشتىياق، راھەت، ماددىي مەنپەئەت، يەر يۈزىدە چوڭچىلىق قىلىش، ئىگە - چاقىسىز ۋە ۋارىسسىز بىر دۆلەتكە ئوخشاش يەر - يۈزىگە ھاكىمىيەت پوستىنى ئوراپ خەلققە ھۆكۈمرانلىق قىلىش، كىرىم مەنبەلىرى ۋە خەزىنىلەرنى بېسىۋېلىشتىن باشقا بىر غايە ۋە مەقسەت يوق. شۇنىڭ بىلەن

ياۋروپالىقلار بۇ كۈچ - قۇۋۋەت ۋە ئىلىمنى ھاۋايى - ھەۋەسلىرىگە، ئىنسانلارنى بېئارام قىلىشقا ۋە رەقىبلىرىنى ئۆلتۈرىدىن يوق قىلىشقا قوللاندى. ئارزۇ - خىياللىرىغا يېتىش ۋە باشقىلىرىغا توسالغۇ بولۇش ئۈچۈن سايمان ۋە ماشىنا كەشىپ قىلىشتا بىر - بىرى بىلەن بەسلەشتى. بۇ جىددىي ئىشلەپ چىقىرىش نەتىجىسىدە غايىلەرگە ۋاسىتىلەرنى پۇتۇنلەي ئارىلاشتۇرۇۋەتتى. ۋاسىتىلارنىڭ غايە ئىكەنلىكىگە ئىشىنىشكە باشلىدى. ئىجاد ۋە كەشپىياتلار غايىدىن باشقا نەرسە ئەمەس دېگەندەك بىر ئېتىقادقا ئەسىر بولدى. كىچىك بالىلار ئويۇنغا ئامراق بولغىنىدەك، ياۋروپالىقلار ئىجاد ۋە كەشپىياتلار بىلەن توختىماي شۇغۇللاندى، تېخنىكىغا ھەددىدىن ئارتۇق ئىشەندى. راھەتنىڭ مەدەنىيەت ئىكەنلىكىگە، ھەتتا مەدەنىيەتنىڭ سۈرئەتتىن ئىبارەت ئىكەنلىكىگە ئىشىنىشكە باشلىدى.

پروفېسسور جوۋ مۇنداق دەيدۇ:

"دىسرائىلى دەيدۇكى، تۆنۈگۈن جەمئىيەت مەدەنىيەتنىڭ راھەت ئىكەنلىكىگە ئىشەنەتتى. لېكىن بۈگۈن بىز مەدەنىيەتنىڭ سۈرئەت ئىكەنلىكىگە ئىشىنىۋاتىمىز. سۈرئەت يېڭى نەسلىنىڭ ئىلاھىدۇر. ياشلىق سۆكۈناتىنى، راھەتلىكنى، سالامەتلىكنى ۋە باشقىلارنى سۆيۈشنى كۆزنى مىت قىلماي تۇرۇپ مەبۇدلىرىغا قۇربان قىلماقتا..."

## ياۋروپادا كۈچ ۋە ئەخلاق تەڭپۇڭسىزلىقى

ياۋروپالىقلار ئەسىرلەردىن بۇيان - دۇنيا ھاياتىنىڭ سىرتقى كۆرۈنىشىگە ئالدىنىپ - ئەخلاق بىلەن قۇۋۋەت ۋە ئىلىم بىلەن دىن ئارىسىدىكى تەڭپۇڭلۇقنى يوقاتتى. قايتا ئويغىنىشتىن كېيىن ياۋروپادا ئىلىم ۋە قۇۋۋەت ئەخلاق ۋە دىننىڭ ئۈستىدىن غالىب كېلىشكە باشلىدى. قۇۋۋەت ۋە ئىلىم تاغ چوققىسى، ھەتتا ئۇپۇقلارغا قاراپ ئىلگىرىلەپ، ئەخلاق ۋە دىن بىلەن

بولغان مۇناسىۋىتى بارغانسېرى يىراقلاشتى. نەتىجىدە تارىخقا ئۆتكىنى بىر جەمئىيەت شەكىللەندى. بۇ جەمئىيەتنىڭ ئىلىم ۋە قۇۋۋەت ئەخسىسى بەرگە تېگىپ قالغان بولسا، ئەخلاق ۋە دىن تەخسىسى ھاۋادا ئېسىلىپ قالغان ئىدى. بۇ جەمئىيەتنىڭ مۆجىزىلىرىگە، ئەقىلنى لال قىلىدىغان سەنئەت ئەسەرلىرىگە، كائىناتقا مۇناسىۋەتلىك يۈكسەك مۇۋەپپەقىيەتلىرىگە، تەبىئەت كۈچلىرىنى ۋە ئېنېرگىيە مەنبەلىرىنى مەنپەئەت غايىلىرى يولىدا قوللىنىشقا قارىغانلار بۇ جەمئىيەتنى پەۋقۇلئاددە ئۇستۇن بىر جەمئىيەت دەپ ئويلايدۇ. ھالبۇكى، ئۇ ھەرىكەت ۋە مۇئامىلىلىرىدە، ئارزۇ ـ ئىستەكلىرىدە، تاشقىنلىق ۋە ھېرىسلىرىدە، تېررور ۋە زۇلۇملىرىدا يىرتقۇچ، ۋەھشىي ھايۋانلاردىن پەرقلەنمەيدۇ. ئۇلار ھاياتنىڭ بارلىق ئىمكانلىرىغا ئىگە تۇرۇپ قانداق ياشىشنى بىلەلمەيۋاتىدۇ. ئەسىرلەردىن بىرى پىلانلاپ كەلگەن مەقسەتلىرىگە يەتكەن، ھەتتا تېخىمۇ ئىلگىرىلىگەن ۋاقىتلارغا يېتىپ بارغان بولسىمۇ، تۆنجى قەدەمدە ئېلىنىدىغان ئاساسلارنى، ئەخلاق، مەدەنىيەت ۋە ئىنسانىيەت ئۈچۈن كېرەكلىك بولغان ئامىللارنى ئەتراپلىق چۈشىنەلمەيۋاتىدۇ. ماكانىنىڭ چەكسىزلىكىگە چوڭقۇر چۆكۈپ قەرزلەرگە بوغۇلغان ھالغا كەلگەن تەقدىردىمۇ، يەر يۈزىدىكى مەسىلىلىرىنى ھەل قىلمايۋاتىدۇ ۋە بۇرنىنىڭ ئۈچىدىكى نۇقسانلىرىنى تۇرەتمەيۋاتىدۇ. تەبىئىي پەنلەر ئۆزىگە زور كۈچ ـ قۇۋۋەت بېغىشلىغان ھالدىمۇ، ئۇ بۇلارنى كېرەكلىك شەكىلدە قوللىنالمايۋاتىدۇ. خۇددى بىر كىچىك بالا ياكى ئەخمەق ۋە ياكى سارائغا ئوخشايدۇ. ھەممە ئىشنىڭ قوماندانلىق تىزگىنىنى قولىدا تۇتقان ۋە خەزىنىلەرنىڭ ئاچقۇچلىرىغا ئىگە تۇرۇقلۇق قىممەتلىك تاش ۋە زىبۇ ـ زىننەت ئەشيالىرىغا ئېسىلىۋېلىپ ئىنسانلارنىڭ قېنى ۋە جېنىغا زامىن بولغان بىچارىلەرگە ئوخشايدۇ.

## ئىلاھىي قۇدرەت ۋە نادانلىق

ئەنگلىز پروفېسسور جود مۇنداق دەيدۇ:

"تەبىئىي پەنلەر بىزگە ئىلاھىي قۇۋۋەت ئاتا قىلدى. لېكىن بىز ئۇنى ۋەھشىيلەرچە ۋە نادانلارچە بىلەن قوللىنىۋاتىمىز..."

باشقا بىر يەردە مۇنداق دەيدۇ:

"قورقۇنچلۇق ئىلمىي تەتقىقاتلىرىمىز بىلەن ئىجتىمائىي ساھەدىكى خىجىل قىلدۇرغۇچى زىنلىقىمىز ھەر دوقمۇشتا ئالدىمىزغا چىقماقتا. قىتئەلەر ۋە دېڭىزلار نېرىسىدىكى دۆلەتلەر بىلەن سۆزلىشەلەيمىز. ئېلېكتر ئارقىلىق فوتوگرافلارنى بىر يەردىن باشقا بىر يەرگە ئەۋەتەلەيمىز، ئۆيلىرىمىزنى تېلېفون ۋە فاكسلار بىلەن زىننەتلەۋاتىمىز. سەيلان ۋە لوندوندىكى چوڭ سائەتنىڭ قوڭغۇراق ئاۋازلىرىنى ئاسانلا ئاڭلىيالايمىز. تۇپراق ۋە دېڭىزنىڭ ئاستى ۋە ئۈستىدە راھەت ساياھەت قىلالايمىز. باللار تېلېفوندا سۆزلىشىۋاتىدۇ، خەت بېسىش ماشىنىسى جىمىقتى، چىشلار ھېچ ئاغرىق سەزمەيلا قاپلىنىۋاتىدۇ، ئۆسۈملۈكلەر تەدرىجىي ئۆستۈرۈلىۋاتىدۇ. يوللار ئاسفالت بىلەن ياسىلىۋاتىدۇ. كوچىلار ھەرخىل چىراغلار بىلەن بېزىلىۋاتىدۇ. رېنتگېن نۇرى بىلەن ۋۇجۇدىمىزنىڭ ئىچى رەسىمگە تارتىلىۋاتىدۇ. ھەرىكەتچان فوتوگرافلار سۆزلەۋاتىدۇ، ناخشا ئېيتىۋاتىدۇ. گۇناھكارلار ۋە جىنايەتچىلەر سىمسىز ئاپپاراتلار ئارقىلىق تېپىلىۋاتىدۇ. سۇ ئاستى پاراخوتلار شىمالى قۇتۇبقىچە كېتىۋاتىدۇ. ئايروپىلانلار جەنۇبى قۇتۇبتىن ئۆتۈۋاتىدۇ. لېكىن، مانا بۇلارغا قارىماي، چوڭ شەھەرلىرىمىزنىڭ ئوتتۇرىسىدا كەمبەغەل باللار راھەت ۋە خاتىرجەم ئوينىيالايدىغان بىر باغچە قۇرالمىدۇق. ئەكسىچە، يىلىغا ئىككى مىڭ بالىنىڭ ئۆلۈشىگە ۋە 90 مىڭ بالىنىڭ يارىلىنىشىغا سەۋەبچى بولۇۋاتىمىز. ھىندىستانلىق بىر پەيلاسوپقا مەدەنىيىتىمىزنىڭ يۈكسەكلىكىنى ئاچچىق تەنقىد بىلەن مۇنداق بايان قىلغان ئىدىم: "بەزى شوپۇرلىرىمىز چۆللەردە سائىتىگە 300 ـ 400 مىل سۈرئەت بىلەن كېتىۋاتىدۇ. ئايروپىلانلار موسكۋا بىلەن نيۇيورك ئارىلىقىدىكى مۇساپىنى ـ خاتىرىلىشىمچە ـ 20 ياكى 50 سائەتتە بېسىۋاتىدۇ". بۇ گېپىمگە ھىندىستانلىق پەيلاسوپ: "شۇنداق، سىلەر قۇشلارغا ئوخشاش ھاۋادا ئۇچالايسىلەر، بېلىقلارغا ئوخشاش

دېڭىزلاردا ئۈزەلەيسىلەر، ئەمما تا ھازىرغىچە يەر يۈزىدە قانداق مېڭىشنى ئۆگىنەلمىدىڭلار" دېدى.

## ئۇلار ئۆزلىرىگە زىيىنى بار، پايدىسى يوق نەرسىنى ئۆگىنەتتى

ئەگەر بۇ زامانىۋى كەشىپ ۋە ئىجادىيەتلەر ياخشىلىقنى تونۇپ، ئۇنىڭغا يۈزلەنگەن كىشىلەر تەرىپىدىن قوللىنىلغان بولسا، ئىنسانىيەتكە نۇرغۇن پايدىسى بولغان بولاتتى. ئەپسۇسكى، بۈگۈن بۇلارنىڭ زىيىنى پايدىسىدىن ھەسسىلەپ ئېشىپ كەتتى. سېھىر ھەققىدىكى تەپسىلاتلار قۇرئان كەرىمدە ئوچۇقچە قىلىپ مۇنداق بايان قىلىنغان ئىدى:

﴿ئۇلار ئۆزلىرىگە زىيىنى بار، پايدىسى يوق نەرسىنى ئۆگىنەتتى...﴾.

ئەمدى بىز بۇ ئىجاد ۋە كەشىپلەرنى ئۆتكۈر تەنقىد قىلىپ، ھەقىقەتلەرنى ئېنىق ئوتتۇرىغا قويغان ياۋروپالىق پروفېسسور دوكتور جودنىڭ سۆزلىرىگە قۇلاق سالايلى:

"بىر يەردىن يەنە بىر يەرگە چاقماق تېزلىكىدە يېتىپ بارالايدىغان بولدۇق. ئەمما سەپەر قىلغان يەرلىرىمىز ھەر ۋاقىت سەپەرگە ئۇيغۇن كەلمەيۋاتىدۇ. دۇنيا سەيياھلار ئۈچۈن بەكمۇ كىچىكلەپ، دۆلەتلەر بىر - بىرىنىڭ بوسۇغىسىغىچە يېقىنلاپ كەلدى. مانا بۇلارنىڭ نەتىجىسىدە، مىللەتلەر ئارىسىدىكى مۇناسىۋەتلەر خۇسۇمەتكە ئايلىنىپ، بۇرۇنقىدىنمۇ يامان ئەھۋالغا چۈشۈپ قالدى. ئەينى ۋاقىتتا، قوشنىلىرىمىز بىلەن تونۇشۇپ، ئۇلار بىلەن مۇڭدىشىش ئىمكانىيىتى بېرىدىغان زامانىۋى ئىجاد ۋە كەشپىياتلار بىردىنلا ئەسلى ماھىيىتىنى ئۆزگەرتىپ، دۇنيانى ئۇرۇش مەيدانىغا ئايلاندۇرۇۋەتتى. رادىئونى ئىجاد قىلدۇق ۋە ئاۋازىمىزنى قوشنا ۋە دوست مىللەتلەرگە ئاڭلاتتۇق. لېكىن ئىنسانلار بۇ ئىمكانلارنىمۇ يامان يوللارغا قوللاندى. دۆلەتلەر بىر - بىرىگە قارشى پائالىيەتلەر ئېلىپ بېرىشقا باشلىدى. نەتىجىدە، بارلىق مىللەتلەر ئۆزىنىڭ ئۈستۈنلۈكىنى دۇنياغا قوبۇل

قىلدۇرۇش مۇسابىقىسىگە كىرىشىپ كەتتى.

كۆكتە پەرۋاز قىلىۋاتقان ئايروپىلانغا قارىغىنىمىزدا، خىيالىمىزدا ئۇنى ئىجاد قىلغانلارنى ئىلمىي، پەننىي، ئەقلىي جەھەتتىن ئىنسانلاردىنمۇ يۇكسەك ھالەتتە ھېس قىلىپ قالىمىز. شۈبھىسىزكى، ئايروپىلانغا تۇنجى قېتىم چىقىپ ھاۋاغا كۆتۈرۈلگەنلەر جۈرئەت ۋە ھىممەت چوققىسىغا ياماشقان ئۇلۇغ قەھرىمانلاردۇر. ئەمما بۇ ئايروپىلانلارنىڭ بۈگۈن ۋە كېلەچەكتە قانداق مەقسەتلەرنىڭ قورالى بولىدىغانلىقىنى ئويلاپ بېقىڭ!... بۇ ئايروپىلان بومبا تاشلاپ ئىنسانلارنى يوق قىلىدۇ، ھاياتىنىڭ باھارىدىكى ياش يىگىتلەرنى نابۇت قىلىدۇ، زەھەرلىك بىئوخىمىيە گازلىرىنى چاچىدۇ. ياردەمگە موھتاج، ئىگە - چاقىسىز بىچارىلەرنىڭ ۋۇجۇدلىرىنى پارچە - پارچە قىلىپ تاشلىۋېتىدۇ. شۇنداق، مانا بۇلار، يا ئەخمەقلەرنىڭ ياكى شەيتانلارنىڭ غايىسىدۇر".

"ئەتە بىر تارىخچى چىقىپ ئالتۇنلارنى قانداق قوللانغانلىقىمىزنى يازمايدۇ دەپ كىم ئېيتالايدۇ؟ شۇنداق، تارىخچى ھەرخىل ئېلېكترونلۇق ئۈسكۈنىلەردىن پايدىلىنىپ ئالتۇنلارنى قانداق تاپقانلىقىمىزنى ئۆزۈندىن ئۆزۈن بايان قىلىدۇ. بانكىرلارنىڭ ئالتۇن ۋە باشقا مەدەنلەرنى ناھايىتى ئۇستىلىق بىلەن قولغا كىرگۈزگەنلىكلىرىنى كۆرسىتىدىغان فوتوگرافلارنى كۆرگەزمە قىلىدۇ، ئالتۇنلارنى بىر دۆلەتتىن يەنە بىر دۆلەتكە ئېلىپ ماڭغاندا يەرنىڭ تارتىش قانۇنلىرىغا قانداق قارشى تۇرغانلىقىمىزنى تېپىپ چىقىدۇ. سانائەت ساھەسىدە ئۇچقاندەك تېز تەرەققىي قىلغان قارام، بىپەرۋا دۆلەتلەرنىڭ ئىنساننىڭ ئەقلى يەتمىگۈدەك دەرىجىدە ئېلىپ بارغان ۋەھشىيلىكلەر ۋە ئۇلارنىڭ ئالتۇننىڭ توغرا تەقسىماتى ۋە كونترول قىلىنىشى كېرەك بولغان خەلقئارالىق ھەمكارلىقتىن قېچىپ، مەدەنلەرنى قانداق يوشۇرغانلىقىنى ئىسپاتلاپ چىقىدۇ. چۈنكى ئۇلار ئالتۇن مەدەنلىرىنى جەنۇبى ئافرىقا تۇپراقلىرىدىن چىقىرىپ، لوندون، نيۇيورك ۋە پارىژ بانكىلىرىغا قويۇۋاتىدۇ...".

بۇ تېمىنى، يەنى ئىلىم ۋە سەنئەت بىلەن ئىنساني ئەخلاق ئارىسىدىكى

مەسىلىنى ۋە زامانىۋى مەدەنىيەت كەلتۈرۈپ چىقارغان ئازابنى ئۆزىنىڭ ئىلىم، پەلسەپە ۋە تەبىئەت بىلىملىرى بىلەن چوڭقۇر تەھلىل قىلغان ۋە ئۆزىگە خاس ئۇسلۇب بىلەن تەسۋىرلىگەن مۇتەپەككۇر، دوكتور ئالەكسىس كارىل "ئىنسان مەجھۇلدۇر" دېگەن ئەسىرىدە مۇنداق بايان قىلىدۇ:

"شۇنىسى ھەقىقەتتۇركى، زامانىۋى مەدەنىيەت مۇتەپەككۇر، ئاقىل ۋە قەھرىمان ئەۋلادلارنى يېتىلدۈرەلمىدى. ئىنسانلار ھەممە يەردە قوماندانلىق ئورنى ۋە ئىدارىي مېخانىزمدىكى تەشكىلات ئەزالىرىنى پىكىر ۋە ئەخلاقىي جەھەتتىن ئەڭ پەسكەش ھالەتتە كۆرمەكتە".

"ئۇندىن باشقا، بىز زامانىۋى مەدەنىيەتنىڭ ئىنسانىيەتكە ۋەدە قىلغان ئارزۇ خىياللىرىنى ئەمەلىيلەشتۈرەلمىگەنلىكىنى، سەنتۈرۈلۈپ مېڭىۋاتقان خەتەرلىك يولدا ئۆزىنى ئىدارە قىلالىغۇدەك ئاقىل ۋە جاسارەتلىك كىشىلەرنى يېتىلدۈرەلمىگەنلىكىنى مۇقەررەرلەشتۈرمەكتىمىز. ئىنسانلار ئۆزلىرى ياساپ چىققان ئۇسكۇنىلەرچىلىك تېز تەرەققىي قىلالمىدى. مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى، سىياسىي رەھبەرلەرنىڭ پىكرىي ۋە ئەخلاقىي نۇقسانلىرى ۋە زامانىۋى مىللەتلەردە خەتەرلىك ھالغا كەلگەن جاھالەتنىڭ نەتىجىسىدۇر".

تەبىئەت ئىلىملىرى بىلەن تېخنىكا كەلتۈرۈپ چىقارغان مۇھىت ئىنسانلارنىڭ نورمال ھايات كەچۈرۈشىگە ئۇيغۇن كەلمەيۋاتىدۇ. چۈنكى ئۇ ئاساسسىز بولۇپ، ئۆتمۈشنىڭ ھېچبىر كۆز قاراش ۋە مەنتىقىسىگە توغرا كەلمەيدۇ. شۇنداقلا، ئىنسانىنىڭ ئەسلى ماھىيىتىگىمۇ توغرا كەلمەيۋاتىدۇ. ئىجاد ۋە ئەقلىمىزنىڭ ئەسىرى بولغان بۇ مۇھىت يا تۇرقىمىزغا ياكى بويىمىزغا ماسلاشمايۋاتىدۇ. بىز بەختسىز ئىنسانلار ھازىر ئەخلاقىي ۋە ئەقلىي جەھەتتىن چېكىنىۋاتىمىز. سانائەت مەدەنىيىتىدە ۋۇجۇدقا كېلىپ، تەرەققىي قىلغان يۇكسەكلىكلەرگە ياماشقان مىللەتلەر ئەپسۇسكى، بۇرۇنقىدىنمۇ ئاجىز ھالغا چۈشمەكتە. ئۇلار تېز سۈرئەتتە مەدەنىيەتسىزلەشمەكتە. لېكىن بۇنى ئۇلارنىڭ ئۆزلىرى ھېس قىلمايۋاتىدۇ. ئۇلار تەبىئەت ئىلىملىرى كەلتۈرۈپ چىقارغان قورقۇنچلۇق چەمبەر



www.uyghurkitap.com

ئالدىدا مۇداپىئەسىز قالماقتا. شۇنداق دەپ ئېيتىشقا بولىدۇكى، ھەقىقەتەن مەدەنىيىتىمىز خۇددى ئۆتمۈش مەدەنىيەتلەرگە ئوخشاش ئۆز مەۋجۇدلۇقىنى داۋام قىلدۇرۇش ئۈچۈن ئوتتۇرىغا بىر يۈرۈش شەرتلەر قويماقتا. لېكىن نامەلۇم سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن بۇ شەرتلەر ئاستىدا ياشاش ئىمكانىيىتى قالمىدى. تۇرمۇش شەكلىمىز ۋە ھايات ھەققىدىكى بىلىمىمىز ماددىي ساھەدىكى بىلىمىمىزدىن خېلىلا تۆۋەن تۇرماقتا. مانا بۇ چېكىنىش، بىزنىڭ جان يېرىمىزگە تەگمەكتە".

"مېخانىك ئىجادلارنىڭ سانىنى كۆپەيتىشنىڭ ھېچبىر پايدىسى يوق، ھەتتا فىزىكا، ئاسترونومىيە ۋە خىمىيە كەشپىياتلىرىغا تېخىمۇ ئاز ئەھمىيەت بېرىشىمىز لازىم. شۇنىسى ئېنىقكى، ساپ ئىلىم ھېچقاچان بىزگە توغرىدىن - توغرا زىيان بەرمەيدۇ. لېكىن ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ سېھىرلىگۈچى گۈزەللىكى بىلەن ئەقلىمىزنى جانسىز ماددىلارغا باغلاپ قويۇشى بىخەتەرلىكنى كەلتۈرۈپ چىقارماقتا. كۆڭلىمىز ئىنسانلىرى پۈتۈن دىققىتىنى ئۆزىگە، مەنىۋى ۋە پىكرىي ئاجىزلىقىنىڭ سەۋەبلىرىگە مەركەزلەشتۈرۈشى لازىم. ھەشەمەت، راھەت - پاراغەتنى، گۈزەللىكنى، مەدەنىيىتىمىزنىڭ مۇرەككەپلىكى ۋە ئۇلۇغلۇقىنى ئاجىزلىقىمىز سەۋەبىدىن باشقۇرۇپ، ئىدارە قىلالمىساق، بۇلارنى تېخىمۇ كۆچەيتىشنىڭ نېمە پايدىسى بار؟ چوڭ ئىرقلارنىڭ ئەڭ نېگىزلىك ئېلېمېنتلىرىنى يوقىتىپ قويۇشى ۋە مەنىۋىيەتسىزلىككە باشلايدىغان ھايات يولىنى داۋاملاشتۇرۇشى، ھەقىقەتەن پايدىسىز غوۋا ئاسمان جىسىملىرىنىڭ قۇرۇلۇشىنى بىلىش ئۈچۈن تېخىمۇ چوڭ تېلېسكوپلار، تېخىمۇ تېز سۈرئەتلىك كېمىلەر، تېخىمۇ ھەشەمەتلىك ئاپتوموبىللار، تېخىمۇ ئەرزان باھالىق رادىئولارنى ياسىشى ئورنىغا، ئۆزىمىز بىلەن مەشغۇل بولساق، تېخىمۇ ياخشى قىلغان بولاتتۇق".

"ياۋروپادىن جۇڭگوغا بىر نەچچە سائەتتە يېتىپ بېرىش بىلەن قانچىلىك تەرەققىي قىلغان ھېسابلىنىمىز؟ ئىنسانىنىڭ كېرەككە كەلمەيدىغان پايدىسىز نەرسىلەرنى كۆپلەپ ئىستېمال قىلىشى بىلەن ئۇلارنى ئىشلەپچىقىرىش سۈرئىتىنى توختاۋسىز تېزلىتىشى بەك مۇھىممۇ؟ تېخنىكا، تەبىئەت ۋە خىمىيە

ئىلىملىرى بىزگە ئەخلاق، نىزام، ئەقىل، ساغلاملىق بېرەلىسە ئاجىز ئەمەسمۇ؟"

www.uyghurkitap.com

## ياۋروپا ئۆلۈۋالماقچى بولۇۋاتىدۇ

نەتىجىدە، ياۋروپالىقلارنىڭ ياخشىلىق ۋە دۇرۇسلۇق ھېرىسىنى يوقىتىپ، تەۋرەنمەس پرىنسىپ ۋە ئاساسلىرىنى يوقىتىپ قويۇشى، دىلىنىڭ بۇزۇلۇشى، تۈيۇق يوللارغا كىرىپ قېلىشى بىلەن ئىلىم ۋە ئىجادلار ئۆلارغا زىياندىن باشقا بىر نەرسە بېرەلمىدى. بۇ خۇددى قۇۋۋەتلىك تائامنىڭ كېسەل ۋۇجۇدتا تېخىمۇ چوڭ كېسەل ۋە ئازابقا ئايلانغىنىدەكلا بىر ئىشتۇر.

ھەتتا بۇ ئىجاد ۋە ئۇسكۇنىلەر ياۋروپالىقلارنى تېز سۈرئەتتە يوقىتىش ۋە ئۇلارنىڭ ئۆلۈۋېلىشىغا ياردەمچى بولۇشتىن باشقا بىر ئىش قىلالمىدى. ئەنگىلىيەنىڭ سابىق باش مىنىستىرى ئەدەن ئەپەندى 1938 - يىلى سۆزلىگەن نۇتقىدا بۇ مەسىلىنى ناھايىتى ئېنىق ئوتتۇرىغا قويغان ئىدى:

"(بىز ياشاۋاتقان) بۇ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا، يەر يۈزىدە ياشاۋاتقان ئىنسانلار خۇددى ئىپتىدائىي ۋە ۋەھشىي دەۋرلەرگە قايتىپ، غار ۋە تاش كاۋاكلىرىنىڭ ئارىلىرىدا ياشىغان ئىنسانلارنىڭ ھاياتىغا ئوخشاش بىر ھايات كەچۈرۈشكە (ياشاشقا) باشلايدۇ. مىللەت ۋە دۆلەتلەرنىڭ قورقۇنچلۇق، ۋەھشىي ئۇسكۇنىلەردىن ئۆزلىرىنى قوغداش ئۈچۈن مىليونلاپ پۇل خەجلىسىمۇ، بۇ قورال‌لارنى چەكلەپ، كونترول ئاستىغا ئېلىش ئۈچۈن ھېچ ھەرىكەتلەنمەسلىكى ھەيران قالارلىق ۋە كۈلكىلىك ئىشتۇر. بەزىدە مەن ھەيرانلىقىمدىن ئۆز - ئۆزۈمگە مۇنداق دەپ كېتىمەن: "يېگى (بۇ) دۇنياغا باشقا بىر پىلانېتىدىن بىر زىيارەتچى كېلىپ، ئارىمىزغا قېتىلسا، ئەجەبا نېمە كۆرىدىغاندۇ؟ شۈبھىسىزكى، ئۇ بىر - بىرىمىزنى يوقىتىش ئۈچۈن قانداق تەييارلىنىۋاتقانلىقىمىزنى، باشقىلار قىلىۋاتقان ئىشنى بىلىش ئۈچۈن قانداق تولغىنىۋاتقانلىقىمىزنى ۋە بۇ جەھەننەم قوراللىرىنىڭ قوللىنىلىشىنى بىر - بىرىمىزگە قانداق ئۆگىتىۋاتقانلىقىمىزنى كۆرەمدىغاندۇ؟" .

## ئاتوم بومبىسى ۋە ئۇنىڭ دەھشەتلىك ئاقىۋىتى

بەلكى ئەدەن ئەپەندى بۇلارنى سۆزلىگەن ۋاقىتتا، ئۆزلىرىنى تىنچلىق ئەلچىسى، زامانىۋى مەدەنىيەت پېشۋاسى ۋە يېڭى دۇنيا بەرپا قىلغۇچى؛ ئامېرىكا باشچىلىقىدىكى دۆلەتلەر ئۇرۇش مەزگىلىدە، قىرىش ۋە خاراب قىلىش جەھەتتە ھەرخىل ئىجاد ۋە كەشپىياتلارنى بىسىپ چۈشىدىغان، ئەتراپقا سالغان دەھشەتنى ۋە قورقۇنچى بىلەن ئىنسان ئەقلى ۋە تەسەۋۋۇرىدىن ئېشىپ كېتىدىغان قورال قوللىنىدىغانلىقىنى ئەقلىگە كەلتۈرۈپ قويمىغان ئىدى. مانا بۇ قورال، ئامېرىكا تۇنجى قېتىم يېڭى مېكسىكا چۆلىدە، ئىككىنچى قېتىم خىروشىمادا ۋە ئۈچىنچى قېتىم ناگاساكىدا 100 مىڭلارچە ئىنساننىڭ بېشى ئۈستىدە پارتلاتقان قورقۇنچ ئاتوم بومبىسىدۇر.

خىروشىما ھۆكۈمەت باشلىقىنىڭ 1949 ـ يىل 8 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى رادىئودا ئېلان قىلغىنىغا قارىغاندا، 1945 ـ يىل 8 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى خىروشىمادا ئۆلگەن ياپونلۇقلارنىڭ سانى 210,000 ـ 240,000 ئەتراپىدا ئىدى.

ستۇئارت گىلدىر ئەپەندى ھىندىستاندا نەشر قىلىنغان "Statisman" ناملىق ئىنگلىزچە گېزىتنىڭ 1945 ـ يىل 11 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنىدىكى سانىدا ئېلان قىلغان ماقالىسىدە مۇنداق دېگەن ئىدى:

پروفېسسور پىلەش دەيدۇكى، ئاتوم بومبىسى پارتلىغان يەردىن 100 مىل يىراقلىقتىكى كىشىلەرنى بۇنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىمىدى دېيەلمەيمىز. شۇڭا بۇ يەردە ياشىغان ئىنسانلارنى قاتتىق تەكشۈرۈشتىن ئۆتكۈزۈش لازىم. بىر كۈنى كىشىلەرنىڭ گېزىتلەردىن: "ئاتوم بومبىسىنىڭ قورقۇنچلۇق رادىئاتسىيىلىرى مىڭلارچە مىل يىراقلىقتىكى ئىنسانلارغا يېتىپ باردى" دېگەن خەۋەرنى ئوقۇشى غەلىتە تۇيۇلىدىغان بىر ئەھۋال ئەمەس".

بىر مىڭھام ئۇنىۋېرسىتېتى ئوقۇتقۇچىسى ۋە ئاتوم بومبىسى سانائىتى ھەيئىتى ئەزاسى پروفېسسور م. ي. باللىي فىنەيت مۇنداق دەيدۇ:

www.uyghurkitap.com



”بىر ئىنساننىڭ ئەنگىلىيەنىڭ ياكى باشقا بىر دۆلەتنىڭ ئاتوم بومبا سىرىنى قوغدىيالىشىغا ئىشىنىشى خام خىيالدۇر، چۈنكى، ئاتوم بومبىسى سانائىتىنىڭ ئۈستىگە قۇرۇلغان ئاساسلار ھەر دۆلەتتە ئايان. ئامېرىكا ۋە ئەنگىلىيە ئۆتمۈش تەجرىبىلىرىدىن پايدىلىنىپ ئاتوم سانائىتىنىڭ يۇقىرى پەللىسىگە چىقتى. ئەمما بۇ بىر ئۇرۇش مەخپىيىتى سۈپىتىدە قىسقا بىر مۇددەت مەخپىي تۇتۇلدى. چۈنكى، سانائەتلەشكەن ھەر دۆلەت ئاتوم بومبىسىنى بەش يىلدەك قىسقا ۋاقىت ئىچىدە ئوڭايلا تەييارلىيالايدۇ. ھەتتا پۈتۈن كۈچ - قۇۋۋىتىنى بۇ يولغا سەرپ قىلسا، ئىككى يىلدىلا ئېرىشەلىشى مۇمكىن.“

بۇ پروفېسسور يەنە مۇنداق دەيدۇ: ”مەن شۇنىڭغا قەتئىي ئىشىنىمەنكى، يېقىن كەلگۈسىدە توننىلار ئاتوم بومبىسىنىڭ پارتلاش كۈچىدىن 10 مىڭ تونىنا كۈچلۈك بومبىلار دۇنيا سەھنىسىگە چىقىدۇ ۋە ئۇنىڭ كەينىدىنلا 1 مىليون تونىنا قۇۋۋىتىدىكى بومبىلار مەيدانغا كېلىدۇ. بۇلارغا قارشى مۇداپىئەگە ئۆتۈپ قوغدىنىش ياكى ھەرخىل تەدبىرلەرنى ئېلىش ھېچقانداق ئۈنۈم بەرمەيدۇ. بۇلاردىن پەقەت ئالتە دانىسى ئەنگىلىيەنى بىردەمدىلا يوق قىلىۋېتىشقا يېتىپ ئاشىدۇ. رۇس ئالىملىرى قىسقا مۇددەت ئىچىدە بۇ بومبىلارنى تەييار ھالغا كەلتۈرەلەيدۇ“.

ئامېرىكا ئاتوم ئېنېرگىيىسى ھەيئىتى رەئىسى ھەۋس ستىرا ئۇس بىر ھىدروگېن بومبىسىنىڭ نيۇيوركتەك چوڭ ۋە كاتتا شەھەرنى ۋەيران قىلىۋېتەلىگۈدەك كۈچكە ئىگە ئىكەنلىكىنى بايان قىلغان ئىدى. مەشھۇر تېببىي ئالىم ۋە بىخەتەرلىك ھەيئىتىنىڭ رەئىس ۋەكىلى گېنېرال ساھىب سەنچ يېڭى دېھلىدا مۇنداق دېگەن ئىدى:

”ھەر بىرى 100 تونىنا كېلىدىغان تۆت دانە ھىدروگېن بومبىسى يەر يۈزىدىكى پۈتۈن جانلىقنىڭ ھەممىسىنى يوق قىلىۋەتكۈدەك كۈچكە ئىگە. يېقىنقى خەۋەرلەرگە قارىغاندا، رۇسىيە ھىدروگېن بومبىسىدىن تېخىمۇ قورقۇنچلۇق ۋە تەسىرى تېخىمۇ چوڭ بىر بومبا ئىجاد قىلىپتۇ. بۇ (نىبدروگىن) بومبىسىدۇر“.

## يامانلىق پەقەت يامانلاردىن چىقىدۇ

ئالدىنقى بۆلۈملىرىمىزدە تەپسىلىي سۆزلەپ ئۆتكىنىمىزدەك، ياۋروپا مەدەنىيىتىنىڭ ئاساسلىرى تەۋرىمەكتە. ئۆرۈلمەس دېيىلگەن بىنا كۈندىن - كۈنگە قىيسايماقتا. ئۆتكەن كۈنلەر ۋە قولغا كەلگەن تەرەققىياتلار ئۇنىڭغا ئەخمەقلىق ۋە بۇزۇقچىلىقتىن باشقا بىر نەرسە بېرەلمىدى. ئۇنىڭ ئۇستىگە ياۋروپانىڭ ئۆلى چىرىدى. شۇڭا ئۇ دەرەخ بولالمايدۇ، مېۋىمۇ بېرەلمەيدۇ.

﴿مۇنبەت يەرنىڭ گىياسى ئاللاھنىڭ ئىزنى بىلەن تولۇق ئۈنىدۇ (بۇ ۋەز - نەسىھەتكە قۇلاق سېلىپ، ئۇنىڭدىن پايدىلىنىدىغان مۆئمىننىڭ مىسالىدۇر)، ناچار يەرنىڭ گىياسى ئاز ئۆسىدۇ (بۇ ۋەز - نەسىھەتتىن پايدىلانمايدىغان كاپىرنىڭ مىسالىدۇر)...﴾ (سۈرە ئەئراف 58- ئايەت)

ئۇستاز سەييىد ئەبۇلئەئلا مەۋدۇدى ئوردۇچە نەشر قىلىنغان "تەنقىھات" ناملىق ئەسىرىنىڭ بىر قىسمىدا بۇنى ناھايىتى ئورۇنلۇق بايان قىلىپ مۇنداق دېگەن ئىدى:

"غەرب مەدەنىيىتى ئىلاھىي ھېكمەتنىڭ بۇلىقى ۋە تەبىئىي مەنبەسى تېپىلمايدىغان بىر مىللەتتىن پەيدا بولدى. ئۇ يەردە دىنىي رەھبەرلەر ھەر قانچە كۆپ بولسىمۇ، ئۇلار ئىلىم، ھېكمەت ۋە ئىلاھىي شەرىئەتكە ئىگە ئەمەس. دىن ئۇلارغا نىسبەتەن قورقۇنچلۇق نەرسىدىن ئىبارەتتۇر. شۇڭا ئۇلار ئىنسانلارنى پىكىر ۋە ھەرىكەتنىڭ توغرا يولىغا يېتەكلەش ئۈچۈن ھەر قانچە كۈچىسىمۇ، ھېچ نەتىجىگە ئېرىشەلمىدى. دىنىنىڭمۇ ئىلىم ۋە ھېكمەتنىڭ تەرەققىياتىغا توسقۇنلۇق قىلىش ۋە ئاياغ ئاستىدا سۆرۈلۈپ يۈرۈشتىن باشقا تەسىرى يوق ئىدى. دېمەك، ئەھۋال مۇشۇ نۇقتىغا كەلگەن ئىدى. بۇنىڭ نەتىجىسىدە ئۇلار ئىلگىرىلەش ۋە تەرەققىي قىلىشقا تەلپۈنۈپ، دىنىي پۈتۈنلەي چەتكە قېقىپ، ئۆزلىرىگە كۆز - قاراش، سىناق، مۆلچەر، قىياس ۋە تەھلىل قاتارلىقلارنى دەلىل قىلىدىغان يولنى تاللىۋالدى ۋە بۇ ئارقىلىق ئۆزى ھىدايەت ۋە نۇرغا موھتاج

بولغان بۇ دەلىللەرگە باغلىنىپ قالدى. پىكىر، كۆز قاراش، تەتقىقات، ئوتتۇرىغا قويۇش، ئىشلەپچىقىرىش ۋە رەتكە سېلىش مېتودلىرىدا بۇ ئاساسلارغا تايىنىشقا تىرىشتى. ئەپسۇس، پۈتۈن ساھەدە تاشلىغان تۇنجى قەدىمىدىلا تۇيۇق يولغا كىرىپ قالدى. مەيلى ئىلىم ۋە تەتقىقات ساھەسىدىكى مۇۋەپپەقىيەتلىرى بولسۇن، ياكى كۆز - قاراش ۋە پىكىر يولىدىكى تەمتىرەشلىرى بولسۇن، ئەسلى مەقسىتىدىن يىراقلىشىپ، خالتا كوچىغا كىرىپ كەتتى. چۈنكى ئۇلار ئىنكار ۋە ماتېرىيالىزمنى ئۆزلىرىنىڭ ھەرىكەتلىنىش نۇقتىسى قىلىۋالغان ئىدى. كائىناتقا قاراپ ”ئاللاھ يوقتۇر“ دېدى. كۆزلىرىنى ئاسمانغا ۋە ئۇپۇقلارغا تىكىپ، كۆرۈنگەن ۋە ھېس قىلىنغان نەرسىدىن باشقا ھەقىقەتنىڭ يوقلۇقىنى، كۆرۈنگەن پەردىنىڭ نېرىسىدا ھېچ نەرسىنىڭ مەۋجۇد ئەمەسلىكىنى جاكارلىدى، يارىتىلىش قانۇنلىرىنى سىناق ۋە قىياسقا ئاساسلىنىپ تۈزدى. ئەپسۇس ئۇ قانۇنلىرى ياراتقۇچىغا يېتىپ بارالمىدى. مەۋجۇدىيەت ئالىمىنى ئالدىغا ئېچىلغان داستىخان دەپ ھېسابلىدى ۋە ئۇنى ئۆز مەقسەتلىرى يولىدا قوللاندى. لېكىن ئۆزلىرىنىڭ ئۇنىڭ ھەقىقىي ئىگىسى ۋە ئىدارە قىلغۇچىسى ئەمەسلىكىنى، ئەكسىچە كائىناتنىڭ يېگانە ھاكىمىنىڭ خەلىپىسى ئورنىدا ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇدى. يەر يۈزىدە ئېلىپ بېرىۋاتقان ئىش - ھەرىكەتلىرىگە ئۆزلىرى ئىگە بولمىدى. كىچىككىنە بولسىمۇ، مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى ھېس قىلمىدى. ئەخلاق قورۇلمىلىرى كۈنسېرى بۇزۇلۇپ، مەدەنىيەتلىرىنىڭ ئاساسلىرى يېمىرىلدى. ئاللاھقا ئىبادەت قىلىشتىن يىراقلىشىپ ئۆز نەپسلىرىنىڭ قۇلى بولدى، ئارزۇ - ھەۋەسلىرىنى ئىلاھىي مەرتىۋىگە قويدى ۋە نەتىجىدە پۈتۈنلەي ئېزىپ كەتتى. ھەرىكەت، پىكىر ۋە كۆز - قاراش ساھەلىرىدە ئۆزلىرى پېتىپ قالغان پاتقاقلىقنىڭ تەسىرى بىلەن يوللىرىنى يوقىتىپ قويدى. بالا - قازا ئارقىمۇئارقا كېلىشكە باشلىدى.

مانا بۇ، تەبىئەت ئىلىملىرىنى ئۆزگەرتىپ، ئۇنى ئىنسانىيەت ھاياتىغا زەھەر چېچىشقا تەييار تۇرغان ماشىنا ھالىغا كەلتۈرگەن؛ ئەخلاقنى شەھۋەت، تەنتەنە (ھەشەمەت)، نومۇسسىزلىق ۋە ئىپپەتسىزلىك قېلىپلىرىغا تۆككەن؛ ھاياتقا

شەيتانلىقنى، قارا نىيەتنى ۋە زۇلۇمنى مۇسەللەت قىلغان؛ جەمئىيەتنىڭ قان تومۇرلىرىغا ئۆز نەپسىگە ئىبادەت قىلىش زەھىرىنى، شەخسىيەتچىلىكنى، ئەپلەپ - سەپلەپ كۈن ئۆتكۈزۈش پەلسەپەسىنى ۋە قاشاڭلىقنى ئۇرغان، سىياسەتنى مىللەتچىلىك، ئىرقچىلىق، رەڭ ئايرىمچىلىقى ۋە قۇۋۋەت ئىلاھىغا چوقۇنۇش بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ، مىللەتنىڭ بېشىغا بۇيۇك بالا بولغان پىكىردۇر.

نىھايەت، ياۋروپانىڭ قايتا ئويغىنىش دەۋرىدە پەرەڭ تۇپراقلىرىغا چېچىلغان پاسكىنا ئۇرۇق، بىر نەچچە ئەسىردىن كېيىن شۇملۇق يىغىپ تۇرىدىغان ناھايىتى چوڭ دەرەخكە ئايلاندى.

بۇ دەرەخنىڭ مېۋىلىرى تاتلىق، ئەمما زەھەرلىك، چېچەكلىرى رەڭدار، ئەمما تىكەنلىك، شاخلىرى يېشىل، ئەمما ئىنسان قېنىنى زەھەرلەيدىغان سىرلىق گازغا تولغان ئىدى.

بۇ شۇم دەرەخنى تىككەن ياۋروپالىقلارمۇ ئۇنىڭدىن بىزار بولۇشقا، ھەتتا قارشى چىقىشقا باشلىدى. چۈنكى، بۇ دەرەخ كۈندىلىك ھاياتنىڭ بارلىق ساھەلىرىدە ھەرخىل مەسىلە ۋە چاتاق چىقاردى. بىرىنى ھەل قىلماي تۇرۇپ، ئوتتۇرىغا يېڭى - يېڭى مەسىلىلەر چىقىۋاتاتتى. شاخلىرىدىن بىرىنى سۇندۇرالماي تۇرسا، يەنە بىر تەرەپتىن تىكەنلىك شاخلار ئۆسۈۋاتاتتى. ئۇلارنىڭ كېسەللىرىنى داۋالاش ۋە مەسىلىلىرىنى ھەل قىلىشى خۇددى كېسەلنى كېسەل بىلەن داۋالىغانلارغا ۋە تىكەننى تىكەن بىلەن چىقارغانلارغا ئوخشايتتى. كاپىتالىزمغا ھۇجۇم قىلىنىدى، كوممۇنىزم چىقتى. دېموكراتىيىنى قومۇرۇپ تاشلىماقچى بولۇنىدى، (ئەر - ئايال) ھوقۇق باراۋەرلىكى ۋە پىلانلىق تۇغۇت چىقتى. شۇنىڭ بىلەن يىرتىق ياماقتىن چوڭىيىپ كەتتى، جىنايەت ۋە ئىسيانلار كۆپىيىپ كەتتى، يامانلىقلارنىڭ ئارقىسى ئۈزۈلمەي كەلگىلى تۇردى. بىر بۇزۇقچىلىق تېخىمۇ چوڭ بۇزۇقچىلىق بىلەن ئاخىرلىشىۋاتاتتى. بۇ دەرەخ ياۋروپاغا سېسىق ۋە زەھەرلىك مېۋە بېرىۋەردى ۋە ناھايەت، ياۋروپالىقلارنىڭ ھاياتى ھەر يېرى ئەلەم ۋە ئىزتىراپ ئىچىدە تولغىنىۋاتقان يارىدار بەدەنگە ئوخشاپ قالدى. دوختۇرلار بۇ

دەردكە ھېچ چارە قىلالمىدى ۋە ئۆزلىرىمۇ چارىسىزلىكتىن تولغاندى. ئەخلاق بۇزۇقچىلىقنى تۈزىتىش ئۈچۈن يېڭى قانۇنلارنى چىقىرىش ئۈمىدىدە بولدى. چۈنكى، ھايات ياشىغۇسىز ھالغا كەلگەن ئىدى. ياۋروپا خەلقى ئەلەم ۋە ئاچچىق ئىچىدە ئۆزمەكتە، يۈرەكلىرى ئېزىلىپ، روھلىرى ھايات سۈيىگە تەشنا بولغان ئىدى. ئەپسۇسكى، ئۇلار ھايات مەنبەسىنىڭ نەدە ئىكەنلىكىنى بىلمەيتتى. ئۇرغۇنلىرى تېخىچە بۇ پالاكەتلەرنىڭ مەنبەسى بۇ دەرەخ شاخلىرىدا دەپ ئويلايتتى ۋە شۇڭا ۋاقىت ۋە كۈچلىرىنى بۇ شاخلارنى پۇتاشقا سەرپ قىلىۋاتاتتى. ئەمما ئۇلار بۇزۇقچىلىق مەنبەسىنىڭ دەرەخ يىلتىزىدا ئىكەنلىكىنى بىلمەيتتى. چۈنكى بىر ئادەمنىڭ سېسىق يىلتىزدىن ساغلام شاخ ئۈمىد قىلىشى ئويپۇچۇق ئەخمەقلىقتۇر. ئۇلارنىڭ ئىچىدە تەپەككۇر يۈرگۈزەلەيدىغان ئازغىنا كىشىلەر ئۆز مەدەنىيەتلىرىنىڭ ئۆلىنىڭ بۇزۇق ئىكەنلىكىنى چۈشىنىپ يەتتى. ئەمما، ئەسىرلەردىن بېرى بۇ دەرەخ سايىسىدا ياشىغانلىقى، ۋۇجۇدلىرىنىڭ بۇ دەرەخنىڭ مېۋىسى بىلەن تەرەققىي قىلىپ، مۇسكۇللىرىنىڭ ئۇنىڭ بىلەن چىڭىيىشى بۇ يىلتىزدىن ئايرىم ساغلام شاخلار ۋە كۆركەم ياپراقلارنى چىقىرالايدىغان يىلتىزغا ئىشىنىشكە توسقۇنلۇق قىلىۋاتاتتى. بۇ ئۆزگىرىش ئۇلارغا بەكمۇ ئېغىر تۇيۇلغان ئىدى. نەتىجىدە، ھەر ئىككى گۇرۇھنىڭ ئاقىۋىتى ئوخشاش بولۇپ، ئىككىلىسى كېسەللىرىنى داۋالىغۇدەك ۋە ئۆزلىرىنى پاتقاقلىقتىن قۇتۇلدۇرغىدەك بىر نەرسە ئىزدەۋاتىدۇ، لېكىن ئۇ نەرسىنىڭ نېمە ۋە نەدە ئىكەنلىكىنى بىلمەيۋاتىدۇ".

# تۆتىنچى بۆلۈم

# ئىنسانىيەت دۇچ كەلگەن مەنىۋى ئاپەتلەر

## ياۋروپانىڭ ئىشغالىيەتچى دەۋرى

بىز بۇ يەردە شەرقىي ئاسىيا دۆلەتلىرىنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي، تىجارەت ۋە سانائەت ساھەلىرىدىكى پالاكەتلىرىدىن، تۇپراق ئىشغالىيىتىدىن، ماتېرىيالىست غەربنىڭ كۈچى ۋە سىياسىي نەيرىڭى ئالدىدا دۆلەت ۋە مىللەت نامىدا ئارقىمۇ ئارقا قانداق پارچىلانغانلىقىدىن سۆز ئاچماقچى ئەمەسمىز. چۈنكى بۇ تېما بۇ كىچىك كىتابنىڭ ھەجمىگە سىغمىغۇدەك دەرىجىدە چوڭ. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ تېما شەرق ۋە غەربتە بىر مۇنچىلىغان يازغۇچىلار تەرىپىدىن تىلغا ئېلىنىپ، چوڭ - كىچىك ۋە ئوتتۇرا دەرىجىلىك ئەسەرلەر يېزىلدى ۋە بۇ ھەقتە يېتىپ ئاشقۇدەك دەرىجىدە توختىلىپ ئۆتۈلدى.

لېكىن بىزنىڭ ئەسلى سۆزلىمەكچى بولغىنىمىز - ئەسلى بىز بۇ كىتابتا مۇسۇلمانلارنىڭ ئارقىدا قېلىشى ۋە ئارقىدىن ياۋروپانىڭ ئىستىلا ھەرىكەتلىرىگە ئۆتۈشى بىلەن دۇنيانىڭ نېمىلەرنى يوقاتقانلىقى ھەققىدە توختالماقچىمىز — ئىنسانىيەت دۇچ كەلگەن پالاكەتلەر؛ ئىنسانىيەت جەمئىيىتىنىڭ روھ، ئەخلاق ۋە ئىمانىي جەھەتتىن پاتقاققا پېتىشى؛ ياۋروپانىڭ ئەڭ پارلاق دەۋرىدە ۋۇجۇد ۋە تۇپراق بىلەن مۇناسىۋەتلىك نەرسىلەردىن ۋە ماددىدىن تېخىمۇ ئۇلۇغ مەنىلەرنىڭ خاراب قىلىنىشى ۋە بۇلار كەلتۈرۈپ چىقارغان ئازغۇن مەدەنىيەت كەلكۈنىدۇر. مانا بۇلار، بەرداشلىق بەرگۈسىز ئېغىر پالاكەتلەر ۋە ئەسلىگە كەلتۈرۈش مۇمكىن بولمايدىغان مۇسىبەتلەردۇر. ئەپسۇسكى، بۇنى

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاپ تورى

چۈشىنىدىغانلار ئاز، بۇ ھەقتە ئىغىز ئاچىدىغانلار تېخىمۇ ئاز.

ئىسلامنىڭ ھايات نىزامى بىلەن جاھىلىيەت نىزامى بىر-بىرى بىلەن يۈت تېپىشكەن ھامان، مۇسۇلمانلارنىڭ جاھىلىيەت نىزامىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى دەۋردىكى زېمىنى ئەلۋەتتە چوڭ بولىدۇ ۋە ھەتتا دۇنيانى قاپلىغان بۇ قورقۇنچلۇق مۇسىبەتتىن ئالدىغان نىسۋىسى تېخىمۇ كۆپ بولىدۇ. چۈنكى، ئىسلامىيەت بىلەن جاھىلىيەت خۇددى تارازىنىڭ ئىككى تەخسىسىگە ئوخشايدۇ، تەخسىنىڭ بىرى - پەسكە باسسا، يەنە بىرى يۇقىرى كۆتۈرۈلۈپ قالىدۇ. ئەمدى بۇ مەنىۋى پالاكەتلەرنى بىر - بىرلەپ قولغا ئېلىپ كۆرۈپ باقايلى!

## دىنىي ھېسلارنىڭ ئۆلتۈرۈلۈشى

بۇ دۇنيانىڭ ئاخىرى نەگە بارىدۇ؟ بۇ ھاياتتىن باشقا بىر ھايات بارمۇ؟ بولسا، ئۇ قانداق بولىدۇ؟ دۇنيا ھاياتىدا ئاخىرەت ھاياتىنى يورۇتۇپ بېرىدىغان تەلىمات ۋە رەھبەر بارمۇ؟ بۇ تەلىماتلار قايسى مەنبەدىن ئېلىنىدۇ؟ ئىنساننىڭ ئاخىرەت ھاياتىدا پاراۋانلىققا ئېرىششى ئۈچۈن بۇ ھاياتتا قەتئىي مېڭىش ۋە چىڭ تۇتۇشى كېرەك بولغان غايىۋى يول ۋە ئاساسلار نېمىلەر؟ ۋە بۇ يول نەدىن باشلىنىدۇ؟ ئۆلگەندىن كېيىن تۈگىمەس نېئمەتلەرگە ۋە چەكسىز خۇشاللىققا ئېرىششنىڭ ئېنىق يوللىرى قايسىلار؟ بۇ يولغا قانداق ئېرىشىلىدۇ؟

مانا بۇ سوئاللار شەرق مىللەتلىرىدە دادىدىن ئوغۇلغا مىراس قالغان بولۇپ، ئەسىرلەردىن بېرى شەرقنىڭ زېھنىنى ئۆزىگە قارىتىپ، ئەقلىنى مەشغۇل قىلىپ كەلدى. شەرق، مەيلى خۇشال ياكى ئازابلىق كۈنلىرىدە بولسۇن، ئۇنى تەرك ئەتمىدى ۋە ئۇنتۇمىدى. چۈنكى بۇ سوئاللار ئۇلارنىڭ قەلبلىرىنىڭ پەريادى ۋە ۋىجدانىنىڭ ئاۋازى ئىدى. شۇڭا شەرق بۇ ئاۋازغا ھەمىشە قۇلاق سېلىپ كەلدى ۋە ئۇنى ھېچ توختىتالمىدى. ھالبۇكى، ئۇنىڭغا ئاررۇ - ھەۋەس قىلغان ھالدا پۈتۈن سەمىمىيىتى بىلەن قۇلاق سالدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، قەلبىدە ۋە ھاياتىدا

بۇ سوئاللار ئۈچۈن ئەھمىيەت بەردى. مىڭلارچە يىللاردىن بېرى بۇ ھەقتە ھەرخىل ئىزاھ ۋە تەنقىدلەر ئېلىپ بېرىلدى ۋە تۈرلۈك پىكىرلەر ئوتتۇرىغا قويۇلدى.

ئەپسۇسكى، مېتافىزىك، ئىلاھىيەت پەلسەپەسى، ھېس - تۇيغۇ، ئىچكى ھېساۋات، ئىلىم ۋە ھېكمەت قاتارلىقلار بۇ ئۇزۇن قاراڭغۇ يولدىكى تولغىنىش ۋە سەنتۈرۈلۈشتىن، مەجھۇل دىيارلاردىكى توختاۋسىز ئىزدىنىشلەردىن (ئاختۇرۇشلاردىن) باشقا بىر نەرسە ئەمەس ئىدى. مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى شەرقنىڭ بۇ تېمىغا قانچىلىك ئەھمىيەت بەرگەنلىكىنى ۋە ئۇنى قانچىلىك ئارزۇلىغانلىقىنى ئوچۇق كۆرسەتمەكتە.

غەربلىكلەر ئوتتۇرىغا چىقىشتىن بۇرۇن، شەرقلىقلەرنىڭ ۋە مۆتىدىل ئىقلىملاردا ياشايدىغان كۆپلىگەن ئىنسانلارنىڭ تەبىئىتى مانا مۇشۇنداق ئىدى. بۇ ھەقتە ئەگەر پەيلاسوپلارنىڭ تىلى ۋە ئىپادىسى بىلەن سۆزلەشكە توغرا كەلسە مۇنداق دەيمىز: ئىنسانلاردا كۆرۈلگەن بەش تۇيغۇدىن باشقا يەنە ئالتىنچى تۇيغۇمۇ بار. بىز بۇنى ئېنىق قىلىپلا دىنىي تۇيغۇ دەپ ئاتايمىز. چۈنكى بىلىنگەن بەش تۇيغۇنىڭ ئۆزىگە خاس تۇيۇش ساھەلىرى بار. قۇلاق ئۈچۈن ئاڭلىنىدىغان ئاۋازلار بار ۋە ھاكازالار. خۇددى مۇشۇنىڭغا ئوخشاش، دىنىي تۇيغۇنىڭمۇ بىر يۇرۇش تەسىرى ۋە پايدىلىرى بولۇپ، بۇلار شەرقلىقلەرنىڭ ۋاز كېچەلمەس بىر ئۇنسۇرى سۈپىتىدە داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان بۇ تۇيغۇنىڭ خۇسۇسىيەتلىرىدۇر. بىلىنگەن بەش تۇيغۇدىن بىرىنى يوقاتقان ئادەم ئۇ ئورگاننىڭ سېزىمىدىن مەھرۇم قالغاندەك، پەۋقۇلئاددە ئەھۋاللار سىرتىدا، باشقا بىر تۇيغۇ ئورگىنى بىلەن ئۇنىڭ ھېس قىلىنغانلىرىنى ھېس قىلالمىغاندەك، بىر تۇيغۇ ئورگىنى ھەرقانچە ساغلام بولسىمۇ، باشقا بىر ئورگاننىڭ ۋەزىپىسىنى ئورۇندىيالمىغىنىدەك، كۈتۈلمىگەن بىر ۋەقەنىڭ تەسىرى بىلەن ياكى تۇغما ئاجىزلىق سەۋەبى بىلەن دىنىي تۇيغۇسىنى يوقاتقان ئادەم ئۇنىڭ تۇيغۇ ساھەسىنى ھېس قىلالمايدۇ. ئۇنىڭدىن مەھرۇم قالىدۇ، ئۇنى تەستىقلىمايدۇ،

تەسەۋۋۇرمۇ قىلالمايدۇ. ئۇ خۇددى ئۇچۇق كۆرۈنۈپ تۇرغان يۇلتۇزلارنى قەتئىي ئىنكار قىلىپ تۇرۇۋالغان جاھىل قارىغۇغا ۋە قاينام - تاشقىنلىققا چۆمگەن دۇنيانى ھېچ ئاۋاز چىقمايدىغان، جاۋابمۇ بەرمەيدىغان ئۆلۈكلەر شەھىرى دەپ قارايدىغان گاسقا ئوخشايدۇ. دىنني تۇيغۇدىن مەھرۇم بولغان كىشىمۇ شۇنداق بولۇپ، كۆزگە كۆرۈنمىگەننى ئىنكار قىلىدۇ. مېتافىزىك تېمىلار ۋە دىنني سەھنىلەر ئالدىدا دەر غەزەپ بولىدۇ ۋە قەتئىي ئىشەنمەيدۇ. ئۇنداقتا يۈرەكلەرنى تىترىتىدىغان، كۆڭۈللەرنى لەرزىگە سالىدىغان ۋە كۆزلەرگە لىق ياش تولدۇرىدىغان بۈيۈك مۆجىزىلەرنىمۇ قىياس قىلىپ بېقىڭلار.

## "ئۆلۈككە ھېچقانداق يارا ئازاب بەرمەيدۇ"

پەيغەمبەرلەرنى ۋە دىنني رەھبەرلەرنى ئازابلىغانلار، ئۇلارنىڭ خۇتبە، نەسىھەت ۋە دەۋەت ئىشلىرىغا بۇزغۇنچىلىق قىلغانلار دىنني تۇيغۇلىرىدىن مەھرۇم قالغانلار ياكى ئۇنى پۈتۈنلەي يوقاتقانلار ئىدى. ئۇلار يۈرەكلىرى تاشتەك قاتقان ۋە دىنني مەسىلىلەردە روھلىرى ئۆلگەن، دىن ۋە ئاخىرەت ھەققىدە ئويلانماسلىق ئۈچۈن ئۆزىنى ئازابلايدىغان دىنني تېمىلارغا ھېچ قۇلاق سالمايدىغانلار بولۇپ، ھەزرىتى پەيغەمبەرنىڭ يۈرەكلەرنى ئويغىتىپ، تاغ - تاشنى ئېرىتىدىغان مۇبارەك ئاۋازىنى ئاڭلىغان ھامان قۇلاقلىرى ئېغىرلىشىپ، ھاياسىزلارچە: «بىزنىڭ مۇشۇ دۇنيادىكى ھاياتىمىزدىن باشقا ھايات يوقتۇر، بىز ئۆلىمىز (يەنى بىر تەرەپتىن ئۆلۈپ تۇرىمىز ۋە بىر تەرەپتىن تۇغۇلۇپ تۇرىمىز). بىز قايتا تىرىلمەيمىز» دېگەن. (سۈرە مۆئمىنۇن 37- ئايەت)

ئۇلار يەنە ھەزرىتى پەيغەمبەر بالىلارمۇ چۈشىنەلەيدىغان ئاممىباب، مەنتىقىلىق سۆزلىرىنى تۈگەتمەي تۇرۇپلا: «بىز سېنىڭ ئېيتقانلىرىڭنىڭ نۇرغۇنىنى چۈشەنمەيمىز. بىز ئەلۋەتتە سېنى ئارىمىزدا كۈچسىز ئادەم دەپ قارايمىز». (سۈرە ھۇد 91- ئايەت)

ئۇلار (پەيغەمبەرگە): "بىزنىڭ ئارىمىزدا پەردە (يەنى دىنىي جەھەتتە ئوخشىماسلىق) بار، سەن ئۆز ئىشىڭنى قىل، بىزمۇ ھەقىقەتەن ئۆز ئىشىمىز بىلەن بولايلى (يەنى سەنمۇ ئۆز دىنىڭ بىلەن بول، بىزمۇ ئۆز دىنىمىز بىلەن بولايلى)" دېگەن. (سۈرە فۇسسىلەت 5- ئايەت)

شۈبھىسىزكى، بۇ سوئاللار ياۋروپا قايتا ئويغىنىش دەۋرىنىڭ دەسلەپىدە ئالىم ۋە مۇتەپەككۇرلارنىڭ تەكشۈرۈش ۋە تەتقىقات تېمىسى بولغان ئىدى. بۇ ئالىم ۋە مۇتەپەككۇرلار ياۋروپادا بۇ تېمىغا مۇناسىۋەتلىك ھەرخىل مۇنازىرىلەرنى ئوروۇنلاشتۇرۇپ، تەتقىقات ئېلىپ بېرىشقا ۋە ئەسەرلەر ئېلان قىلىشقا باشلىدى. ئەپسۇسكى، ياۋروپا مەدەنىيىتى بىر قەدەم ئالغا ئىلگىرىلىسە، سوئال ۋە تېمىلار بىر قەدەم كەينىگە چېكىنىۋاتاتتى. بۇ مەدەنىيەتنىڭ مەخپىي خۇسۇسىيەتلىرى ئاشكارىلىنىپ، ئۇنىڭ ماتېرىيالىست روھقا ئىگە ئىكەنلىكى كۆرۈلۈشى بىلەن ئىنسانىيەتنىڭ ۋىجدانىدىن ۋە يۈرىكىنىڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىدىن كەلگەن سۈرەن - شاۋقۇنلۇق بۇ ئاۋاز يوقالدى. مەكتەپ، يۇقىرى سەۋىيىدىكى ئۇنىۋېرسىتېتلار ۋە خەلقئارالىق ئاكادېمىيەلەرنىڭ پەلسەپە ۋە مېتافىزىك فاكۇلتېتلىرىدا بۇ سوئاللارنىڭ ئوقۇتۇلغانلىقى، ئالىملارنىڭ بۇ ھەقتە ھەرخىل ئەسەرلەرنى ئېلان قىلغانلىقى ھېچقاچان ئىنكار قىلىنمايدۇ. لېكىن شۇنىسى شۈبھىسىز ئوچۇق ھەقىقەتكى، بۇ سوئاللار يۈرەك ۋە ئىدىيەدىكى ھاكىمىيىتىنى ۋە خۇددى پويىز ئىشارەتلەر ئالدىدا توختاپ تۇرغاندەك ئەقلى بار ھەر ئىنسان كۆرگەن ھامان ئالدىدا ھۆرمەت بىلەن ئېگىلىدىغان، پارلاق ۋە ئوچۇق سوئال ئىشارەتلىرىنى يوقىتىپ قويغان ئىدى. نەتىجىدە، بېرىلگەن ئىزاھاتلار ئىلگىرى ئەجدادلىرىنىڭ يۈرەكلىرىدە ياندۇرغان ئوتنى ۋە قالدۇرغان تەسىرنى ئىنسانلارنىڭ قەلبلىرىدە كۆرسىتەلمەيدىغان بولۇپ قالدى... چۈنكى بېرىلگەن ئىزاھات ۋە چۈشەندۈرۈشلەر ھەقىقىي ئىماندىن، كۆڭۈل راھىتىدىن، قەلب سۆزلىرىدىن، شەك - شۈبھىسىز توغرا قانائەتتىن ۋە قەتئىي نەتىجىگە ئېرىشىش نىيىتى بەرگەن راھەتلىكتىن كەلمىگەن ئىدى. ياق، ياق، بۇلار بىلەن ھېچ ئالاقىسى يوق ئىدى...

www.uyghurkitap.com



شۇنداق، ئۇلارنىڭ ھەممىسى يۇقىرىدىكى سوئاللارنىڭ ئەھمىيىتىنى يوقىتىپ، ئۇنىڭ 19 ـ، 20 ـ ئەسىرنىڭ نەسىللىرىنىڭ كۆزىگە تىخىمۇ جەلىپكار بولۇپ كۆرۈنگەن ماتېرىيالىست سوئاللارغا ئورۇن بوشىتىشتىن كەلگەن ئىدى. چۈنكى دەۋرىمىز ئىنسانلىرى بۇ مەسىلىلەرگە ھېچ ئارىلاشماسلىقنى ۋە ھەر زامان يىراق تۇرۇشنى ئارزۇ قىلماقتا. دۇنيا ھاياتىدىن كېيىن ئىككىنچى بىر ھايات، جەننەت، جەھەننەم، ساۋاب، جازا، قۇتۇلۇش، ھالاك بولۇش قاتارلىقلارنىڭ بولۇش ـ بولماسلىقى ئۇنىڭ ئۈچۈن بەرىبىر ئىدى. ئۇنىڭ كۆزىدە بۇلاردىن ھېچبىرىنىڭ مۇسىبەت ياكى مەنپىي بولسۇن، قىلچىلىك ئەھمىيىتى يوق ئىدى. چۈنكى بۇلار ئۇنىڭ كۈندىلىك مەسىلىلىرىگە ياكى ئاي ئاخىرىدىكى تۇرمۇش ئېغىرچىلىقىغا چىقىش يولى كۆرسىتىپ بېرەلمەيۋاتاتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئۇنىڭ ۋە ئائىلىسىنىڭ دىققىتىنى تارتمايۋاتاتتى. چۈنكى، ئۇ بۈگۈننى ئەتىسىگە باغلىمايدىغان، دۇنياغا بولغان ئىشتىياقىنى ئاخىرەتكە بېغىشلىمايدىغان ئادەم ئىدى. ئۇ قۇرۇق نەرسىلەرگە قىزىقمايدۇ بۇنداق ”قۇرۇق“ نەرسىلەرنى بۇ ساھەدە تەتقىقات ئېلىپ بارىدىغان، ئۇنىۋېرسىتېتنىڭ ئاكادېمىك ھوقۇقىغا ئىگە پەلسەپە پروفېسسورلىرىغا تاشلاپ بېرىدۇ.

ئۆزى بولسا، بىر ئىش ۋە ھەرىكەت ئىگىسى بولۇپ، پەقەت فابرىكا، ئىقتىسادىي ھايات ۋە ماشىنىلارنىلا بىلىدۇ. كۆڭلىنى خۇش تۇتۇش، ئاخشاملىرى راھەتلىنىش، كېچىلىرى راھەت ئۇخلاش، ھەپتە ئاخىرىدىكى چىقىملىرىنى ياكى ئاي ئاخىرىدىكى مائاشىنى ئويلاش، بىر يىلىنىڭ ھېساۋاتىنى قىلىش، يىل ئاخىرىدا ۋە ئۆمرىنىڭ ئاخىرقى مىنۇتلىرىدا ياشلىقىنى قايتا ياشاشتىن باشقا نەرسىگە ھېچ ئەھمىيەت بەرمەيدۇ. بۇ ھاياتتىن كېيىنكى مەسىلىلەر ئۇنىڭ نەزىرىدە مەجھۇل ۋە قۇرۇق ۋەھىمىدىن ئىبارەتتۇر.

ئۇلارنىڭ ئاخىرەت توغرىسىدىكى ئىلمى پىشىپ يېتىلدىمۇ؟ ئۇنداق ئەمەس. ئۇلار ئاخىرەت توغرۇلۇق گۇماندىدۇر. ئۇلار ئاخىرەت توغرۇلۇق كوردۇر.

بۇ خىل ئىنسانلار غەرب مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرى بىلەن ئاساسەن ھەر

دۆلەتتە ۋە ھەر مىللەتتە كۆپەيمەكتە. بۇ ئىنسانلار دۇنيا ھاياتى بىلەن ئۇششۇقچە مەشغۇل بولۇپ، ئۇنىڭغا بەكرەك باغلانغانلىقى ئۈچۈن دىنغا قولاق سالغۇدەك بوش ۋاقىت تاپالمايدۇ. بۇنداق ئىنسانلارنى دىنغا دەۋەت قىلغانلارنىڭ ھالى خۇددى سەنباد ئەل باھرىنىڭ ھەيرانلىقىغا ئوخشايدۇ. مىڭبىر كېچە چۆچەكلىرىدە ئاڭلىتىلىشىچە، بىر كۈنى سەنباد ئەل باھرى ئەنقا قۇشىنىڭ تۇخۇمىنى كۆرىدۇ ۋە ئۇنى بىر مەرمەردىن ياسالغان بىنا دەپ ئويلايدۇ. ئىشىكىنى ئىزدەپ، ئىچىگە كىرىش ئۈچۈن ئۇنىڭ ئەتراپىنى بىر قانچە قېتىم ئايلىنىپ چىقىدۇ. ئەمما ئىشىكنى ھېچ تاپالمايدۇ. دىنى دەۋەتچىمۇ مانا مۇشۇنىڭغا ئوخشايدۇ. ئۇلارنىڭ كاللىسى ئەتراپىدا ئايلىنىدۇ. ئەمما ئەقىللىرىنى كونترول قىلىپ، دىنىي دەۋەتنى قەلبلىرىگە سىڭدۈرگۈدەك تۆشۈك تاپالمايدۇ. چۈنكى، ماتېرىيالىست ھايات ۋە ئۇنىڭدىن پەيدا بولغان مەسىلىلەر بارلىق ئىشلارنى قولۇپلاپ، ئۇلارنىڭ پىكىر دېرىزىلىرىنى ئېتىۋەتكەن ئىدى.

تۇغۇلۇشىدىنلا ئەدەبىي زوقتىن مەھرۇم قالغان بىر ئادەم گۈزەل ناخشىلارنى ۋە ئېچىنىشلىق بېيىتلارنى ئاڭلىغان ۋاقتىدا، ئۇلارنى سەنئەتتىن يىراق، نورمال ئاۋازلاردىن پەرقلەنمەيدۇ دەپ قارىغىنىدەك، دىنىي ھېسسىياتتىن نېسىۋىسى بولمىغانلارغا پەيغەمبەرلەرنىڭ دەۋىتى، ئىمام - خاتىبلارنىڭ خۇتبىسى، ئالىملارنىڭ ھېكمەتلىك سۆزلىرى ۋە ساماۋى كىتابلارنىڭ تەھدىتلىك ئاساسلىرى زەررىچىلىك تەسىر قىلمايدۇ. ئەڭ ياخشى خاتىبلارنىڭ خىتابلىرى ۋە ئىخلاسمەن كىشىلەرنىڭ نىيەتلىرى بۇ يولدا بىكارغا كېتىدۇ ۋە بۇلارنىڭ ھەممىسى كەڭ دالىدىكى پەريادتىن ۋە پۈۋلىۋەتكەن كۈلدىن باشقا نەرسە ئەمەس.

بىر شائىر مۇنداق دەيدۇ:

"ئاڭلىتاردىڭ ئەلۋەتتە، سۆزلەر بولساڭ تىرىككە.

ھەيھات! تىرىك بولمىسا، ۋەز ئېيتارسەن كىملەرگە؟"

بۇ خىل ئىنسانلارنى تونۇيدىغانلار ئاللاھ تائالانىڭ مۇنۇ ئايىتىدىكى سىرنى تېخىمۇ ياخشى ئۇقالايدۇ:

﴿ئاللاھ ئۇلارنىڭ دىللىرىنى ۋە قۇلاقلىرىنى پېچەتلىۋەتكەن (ئىمان نۇرى كىرمەيدۇ)، ئۇلارنىڭ كۆزلىرى پەردىلەنگەن (ھەقىقەتنى كۆرمەيدۇ)﴾ (سۈرە نەمل 66-ئايەت.)

﴿ئۇلارنىڭ تۇلىسى (كۆپىنچىسى) ئاڭلايدىغان ياكى چۈشىنىدىغان ئادەملەر دەپ گۇمان قىلامسەن؟ ئۇلار (چۈشەنمەسلىكتە) پەقەت چاھارپايلارغا ئوخشاشتۇر، بەلكى ئۇلاردىنمۇ بەتتەر گۇمراھتۇر﴾ (سۈرە بەقەرە 7- ئايەت.)

﴿كاپىرلارنى ھىدايەتكە دەۋەت قىلغۇچى خۇددى مەنىسىنى چۈشەنمەي ئاۋۋازنى ۋە نىدانىلا ئاڭلايدىغان چاھارپايلارنى چاقىرغان ئادەمگە ئوخشايدۇ (كاپىرلار ھەقنى ئاڭلاشتىن) گاستۇر، (ھەقنى سۆزلەشتىن) گاچىدۇر، (ھەقنى كۆرۈشتىن) كوردۇر، ئۇلار (ۋەز - نەسىھەتنى) چۈشەنمەيدۇ﴾. (سۈرە فۇرقان 44- ئايەت.)

بۇ خىل ئىنسانلارنى ھەقىقەتەن ياخشى تونۇيدىغانلار بۇ ئايەتنى كەرىمنىڭ شەرھى ۋە ئىزاھاتىنى چۈشىنىشتە بۇنداق ئادەملەرنى ئۇچرىتىپ باقمىغان مۆيەسسىرلەردەك قىينىلىپ كەتمەيدۇ.

بۇ دەۋرنىڭ داۋاسى تېپىلمىغان دەردى ۋە دورىلارنىڭ تەسىرى بولمىغان كېسەللى دىندىن يىراقلاشقانلىقىنىڭ نەتىجىسىدۇر. بۇ ئەسىردە دىن دەۋەتچىلىرى دىنى ئاساسلارغا ۋە ئېتىقادىي مەسىلىلەرگە تامامەن قارشى چىققان ۋە ئۇلارغا ئاق ياكى قارا دەپ باھا بەرمىگەن كىشىلەرنى توغرا يولغا باشلاش ئۈچۈن چەككەن ئەزىيەت ۋە ئۇچرىغان ھاقارەتلەر، ئەخلاقسىزلىق ئەۋج ئالغان، غەپلەت ۋە يامانلىق قارا بۇلۇتلارغا ئوخشاش ھەر يەردە ئەگىپ يۈرگەن دەۋرلەردىمۇ كۆرۈلمىگەن ئىدى.

﴿سەن ئۆلۈكلەرگە ۋە يۈز ئۆرۈگەن گاسلارغا (يەنى دىللىرىنىڭ ئۆلۈكلىكىدە ئۆلۈكلەرگە ۋە ھەقنى ئاڭلىماسلىقتا گاسلارغا ئوخشايدىغان كۇففارلارغا)

دەۋەتنى ئاڭلىتالمايسەن﴾ (سۈرە بەقەرە 7- ئايەت)

ياۋروپانىڭ چوڭ ئۇنىۋېرسىتېتلىرىدىن بىرىدە پەلسەپە ۋە پسىخولوگىيە دەرسى ئۆتىدىغان مۆھتەرەم پروفېسسور جۇد كونا بىلەن يېڭى ئارىسىدىكى ئاساسىي پەرقنى ھەقىقىي مەنىدە ئۆزلەشتۈرۈپ، ئىخچام ۋە چۈشىنىشلىك قىلىپ مۇنداق دېگەن ئىدى:

"كونا دەۋرلەردە دىن ھەققىدە ھەرخىل گۇمانلار ئوتتۇرىغا قويۇلغان، ئېتىرازلار بىلدۈرۈلگەن، سوئاللار سورالغان ۋە ھەر تۈرلۈك تەپسىرلەر بېرىلگەن ئىدى. ئەمما، بۇلارنىڭ ھەممىسىگە قايىل قىلارلىق دەرىجىدە جاۋاب بېرەلمىگەن ئىدى. لېكىن ھازىرقى دەۋرنىڭ ئالاھىدىلىكى شۇكى، بۇ خىل سوئاللار زېھنىلەرنى بۇلغىيالمايدۇ. قەلبلەردە گۇمان پەيدا قىلالمايدۇ".

## دىنغا بولغان ئېشتىياقنىڭ يوقىلىشى

يېقىنقى زامانلاردا، ئىسلام ئالىمىدە ماتېرىيالىزم دېڭىزىنىڭ دولقۇنلاپ تېشىشى بىلەن دىن زاتلىرى ھەر تەرەپنى قاپلىغان ماتېرىيالىزم دېڭىزىدىكى كىچىك ئاراللارغا ئوخشاپ قالدى. ئاللاھقا يۈزلەنگەنلەر ۋە ماتېرىيالىست ھاياتتىن ۋە غەپلەتتىن بوزۇقتۇم بولغانلار بۇ ئاراللارغا توپلىنىشقا باشلىدى. چۈنكى، بۇ ئاراللاردا، زۇلمەت دېڭىزىدىكى دېڭىز مەشئىلىگە ئوخشاش ئادەملەر بار ئىدى. ئۇلار ئىنسانلارغا دىنى ۋە ئەخلاقىي تەربىيە بېرەتتى، روھلىرىنى پاكلاپ قەلبلىرىنى يورۇتاتتى.

ئىسلام ئالىمىدە بۇ ئاراللارغا يۈزلىنىۋاتقان ھەرىكەتلىنىشنى ھېس قىلىسىز. روھىي ۋە دىنىي تەربىيە ئۈچۈن، يىراق شەرق ۋە يىراق غەربتىن، ئىسلام ئالىمىنىڭ ئەڭ شىمالى ۋە ئەڭ جەنۇبىدىن سىياسىي يوللاردىن بۆسۈپ ئۆتۈپ، جۇغراپىيىۋى توسالغۇلاردىن ئېشىپ، كارۋان شەكلىدە بۇ ئاراللارغا قاراپ يۈگۈرەۋاتقانلىقىنى كۆرىسىز، بۇ ئادەملەرنىڭ دىنىي قۇرۇلمىلار ۋە سارايلار

بىلەن باياشاتلىقتا ئىرىشكەنلىكىنى، ئۇ يەردە ۋەتەن ۋە ئىرق ئايرىمىچىلىقى دېگەن نەرسىنىڭ مەۋجۇد ئەمەسلىكىنى كۆرىسىز، شەرقلىق بىلەن غەربلىكنىڭ، بۇخارالىق بىلەن ماراكەشلىكنىڭ، ئاناتولىيەلىك بىلەن ھىندونوزىيەلىكنىڭ بىر - بىرىگە قان - قېرىنداشتەك بولۇپ كەتكەن بىر ئىنسانىيەت مۇزېيىنى كۆرىسىز. ئۇلار دىنلىرىنى پىتنىلەردىن تازىلاپ ئۆزلىرىنى رەببىنىڭ دەرگاھىغا ئاتىغان بولۇپ، كېچە - كۈندۈز رەببىگە دۇئا قىلىدۇ، پەقەت ۋە پەقەت ئۇنىڭ جامالىنى كۆرۈشنى ئارزۇ قىلىدۇ. ئالغان دىنىي تەربىيىسى بىلەن دۇنيانىڭ ھەر تەرىپىگە سەممىي دەۋەتچى، ئىخلاسمەن ئۇستاز، توغرا يولغا يېتەكلىگۈچىلەر بولۇپ تارقىلىدۇ. ئاللاھنىڭ ھەققىنى شەيتاننىڭ ھەققىدىن ئاسانلا ئايرىۋالالايدۇ. قەلبلەرنىڭ ئۆلگەن تۇپراقلىرىنى سۆيىدۇ ۋە دەرھال ئۇ يەرگە دىن ئۇرۇقىنى سالىدۇ.

مانا مۇشۇنداق، كۈچلۈك ۋە چوڭ دۆلەتلەرنىڭ يېنىدا روھىي كۈچ ئېتىبارى بىلەن ماتېرىيالىست دۆلەتلەردىن تېخىمۇ كۈچلۈك روھىي دۆلەتلەرمۇ ئۆزلىرىنىڭ مەۋجۇدلۇقىنى داۋاملاشتۇردى. بۇ روھىي دۆلەتلەردە دۇنيانى ئاددىي ھېسابلايدىغان، پادىشاھ ۋە ھۆكۈمدارلىقنى كۆزگە ئىلمايدىغان كىشىلەر مەۋجۇد بولۇپ، خۇددى باشقا دۆلەتلەرگە ئوخشاش، ئۇلارنىڭمۇ ئۆزىگە خاس نىزاملىرى بار. تەيىنلەيدۇ، سايلايدۇ، يۆتكەيدۇ، ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلايدۇ، باشلىق قىلىدۇ. بارلىق ماتېرىيالىست دۆلەتلەردە ئەلچىخانىلىرى ۋە ئەلچىلىرى بار. ئىسلام دۇنياسىنىڭ خەرىتىسى ئۇلارنىڭ كۆز ئالدىدا يېيىلىپ تۇرىدۇ... ئىسلام دۇنياسىدا بىر تۆشۈك ئېچىلغان ھامان ئۇ يەرگە دىنىي نۆۋەتچى قويىدۇ ۋە نۆۋەتچى ئىسلام دۇنياسىنى پالاكەت ۋە يامانلىقلارنىڭ شەررىدىن، جاھالەت ۋە ئازغۇنلۇقنىڭ قاراڭغۇلۇقىدىن ساقلايدۇ ۋە قوغدايدۇ"

بۇ روھىي دۆلەتلەر ئىچكى ئىشلىرىدا ۋە رەھبەرلىكتە ئۆز - ئۆزىگە خوجا بولۇپ، پادىشاھ ۋە ھۆكۈمدارلار ئۇلارنىڭ ئىشلىرىغا ئارىلىشالمايدۇ. سىياسىي ئۆزگىرىشلەر ۋە بىر مەزگىللىك ۋەقەلەر ئۇلارغا تەسىر كۆرسىتەلمەيدۇ،

ھىندىستانلىق شەيخ نىزامۇددىن ئەل بەداۋىنىڭ (ھىجرىيە 725 - يىلى تۇغۇلغان) ھىندىستانىنىڭ پايتەختىدە قۇرغان، باغىيەسفۇر نامى بىلەن تونۇلغان روھانىي شەھەرنى بۇنىڭ مىسالى سۈپىتىدە كۆرستەلەيمىز. شەيخ بەداۋىنى غىياسىددىن بەلدۇلدىن (664 - 686) غىياسىددىن تۇغلۇق (725 - 720) قىچە بولغان سەككىز چوڭ ھۆكۈمدارنىڭ زامانىدىشى ئىدى ۋە بۇ روھانىي شەھەر ھېچبىر پادىشاھنىڭ مۇداخىلىسىگە ئۇچرىماي، ئۆز ئىستىقلالىنى قوغدىغان ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئۇ يەردە ئىرانىنىڭ سەنجارىدىن شەرقىي ھىندىستانىنىڭ ئەۋداسىغىچە بولغان ئارىلىقتىكى ئىنسانلار بار ئىدى.

بۇ مەركەزلەرنىڭ ۋە بۇ يەردە ياشىغان پېقىر خەلقنىڭ دۇنيانىڭ ئەڭ كۈچلۈك پادىشاھلىرىنى قىزغاندۇرغىدەك دەرىجىدە ھەيۋەتلىرى، ھەشەمەتلىرى ۋە سەلتەنەتلىرى بار ئىدى. ھەتتا بۇ ئەھۋال ئۇلار بىلەن ھۆكۈمدارلارنىڭ ئارىسىنىڭ بۇزۇلۇشىغا سەۋەب بولدى. بۇ ئۇلۇغ سۆيگۈ ۋە ھۆرمەت خەلقنىڭ دىنىي زاتلارغا مۇھەببەت باغلىشىدىن ۋە روھىي ھاكىمىيەتكە بولغان ئىتائەتمەنلىكىدىن كەلگەن ئىدى. مەدىنە مۇنەۋۋەرىدىكى "جەننەتۇل باقىي" غا دەپنە قىلىنغان ھىندىستانلىق سەييىد ئادەم ئەل بەنئۇرىنىڭ (ھىجرىيە 1053 - يىلى تۇغۇلغان) داستىخىنىدا ھەر كۈنى مىڭ كىشى تائام يەيتتى، مىڭلارچە ئىنسان ۋە يۈزلەرچە ئالىم ئۇنىڭ يېنىدا سەپەر قىلاتتى. سەييىد ئادەم لاھورغا يېتىپ كەلگەن ۋاقتىدا، ئۇنىڭ ئەتراپىدا نامى چىققان مەشھۇر زاتلار، شەيخلەر ۋە مۆھتەرەملەردىن تەشكىللەنگەن 10 مىڭ كىشىلىك بىر كارۋان بار ئىدى. ھەتتا ھىندىستان ھۆكۈمدارى شاھجان بۇنىڭدىن شۈبھىلەنگەن ئىدى ۋە بىر مىقداردا مال - بايلىق ئەۋەتىپ مۇنداق دېگەن ئىدى:

"ئاللاھ ساڭا ھەجنى پەرز قىلدى، ئەمدى ھىجازغا كېتىشىڭ كېرەك" سەييىد ئادەم ھۆكۈمدارنىڭ مەقسىتىنى چۈشەندى ۋە ئۇدۇل ئىككى ھەرەمگە قاراپ يۈرۈپ كەتتى ۋە ئۇ يەردە ئالەمدىن ئۆتتى.

بۇلاردىن يەنە بىرى، ئىمام راببانى ئەھمەد ئەس سەرھەندىنىڭ ئوغلى

www.uyghurkitap.com

شەيخ مۇھەممەد مەسۇم (ھىجرىيە 1089 - يىلى تۇغۇلغان) دۇر. شۇنداق، ئۇنىڭغا نەق 900 مىڭ كىشى بەيئەت قىلىپ، ھۇزۇرىدا تەۋبە قىلغان ئىدى. ئۇ خەلقنى ئاللاھ يولىغا دەۋەت قىلىش، ئىنسانلارنى توغرا يولغا باشلاش ۋە ئۇلارغا دىنىي تەربىيە بېرىش ئۈچۈن يەتتە مىڭ كىشىنى ئۆزىنىڭ خەلىپىسى قىلغان ئىدى.

ۋە يەنە بىر ئوغلى شەيخ سەيفىددىن ئەس سەرھەندى (ھىجرىيە 1096 - يىلى تۇغۇلغان). ئۇنىڭ داستىخىنىدا ھەر كۈنى 1400 كىشى تائام يەيتتى ۋە تائامنىڭ بىر قىسمىنى ئايرىپ باشقىلارغا بېرەتتى.

ۋە شەيخ مۇھەممەد زۇبەير ئەس سەرھەرندى (ھىجرىيە 1151 - يىلى تۇغۇلغان) دۇر. ئۇ ئۆيىدىن چىققاندا، بايلار ئۇنى يەرگە دەسسىمىسۇن دەپ يەرگە ياغلىق، گىلەم ۋە تاختايلارنى سالاتتى. بىرەر كېسەلنى يوقلىغىلى ياكى بىرەر ئېھتىياج ئۈچۈن سىرتقا چىققىنىدا، چوڭ ئەمەلدارلار ۋە بايلار ئۇنىڭغا ھەمراھ بولاتتى. خەلق ئۇنى ھۆكۈمدارلارنى قارشى ئالغاندەك قارشى ئالاتتى"

مانا بۇلار، سان - ساناقسىز مىساللاردىن پەقەت بىر نەچچىسىدۇر... بۇلارنى سۆزلەشنىڭ مەقسىتىمىز، ئۇ دەۋردە دىنىنىڭ ئىنسانلار نەزىرىدىكى شەرىپى ۋە ئورنىنى، دىنىي زاتلارنىڭ ۋە دىنغا ۋەكىللىك قىلغان شەخسلەرنىڭ نەقەدەر سۆيۈلگەنلىكىنى، خەلقنىڭ ماددىي ھاكىمىيەتتىن روھىي ھاكىمىيەتكە بەكرەك بويۇن ئەگكەنلىكىنى، دىنى ئاساسلار ۋە مەنبەلەر ھەققىدە ئىنسانلارنىڭ قانداق پەرۋانە بولغانلىقىنى كۆرسىتىشتىن ئىبارەتتۇر. بۇلار ھىندى - ئىسلام تارىخىدىن خالىغانچە ئېلىنغان ئىبرەتلىك سەھنىلەر بولۇپ. ئەگەر ئومۇمىي ئىسلام تارىخىدىن شام (سۇرىيە)، مىسىر، ئاناتولىيە، ىىراق غەرب ۋە ئىراقتىكى دىنىي رەھبەرلەرنىڭ تەرجىمھالى ۋە ھاياتىنى بىر - بىرلەپ، ئىنچىكىلىك بىلەن تەتقىق قىلىدىغان بولساق، ئېرىشىدىغان مىساللار ۋە گۇۋاھچىلىرىمىزدىن چوڭ بىر قامۇس پۈتۈپ چىقىدۇ. بىز بۇ يەردە پەقەت شەيخ خالىد (ھىجرىيە 1242 - يىلى تۇغۇلغان) ھەققىدىلا توختىلىپ ئۆتىمىز. باغداتتا چوڭ بىر خەلق

تۈپى ئۇنىڭ يېنىدىن ئايرىلمايتتى. ھۆرمەتلىك تەۋبە ۋە ئىستىغپار ئېيتاتتى. ھەم ئۇنىڭدىن ئۆز لايىقىدا پايدىلىناتتى. ئۇنىڭ ئۆز شەيخى ئابدۇللاھ ئەددەھلەۋىگە يازغان بىر مەكتۇبىدا بىلدۈرگىنىگە قارىغاندا، يۈزگە يېقىن بۈيۈك ئالىم ئۇنىڭدىن خەلىپىلىك ئالغان ۋە 500 گە يېقىن مۆھتەرەم ئالىم ئۇنىڭغا بەيئەت قىلغان ئىدى. خەلق ئارىسىدىن كەلگەنلەرنىڭ ھەددى ـ ھېسابى يوق ئىدى.

دىنغا كۆرسىتىلگەن بۇ مۇئامىلە، پايدىلىق ئىلىم ۋە سالىھ ئەمەل يولىدىكى بۇ كۆچۈش، قەلبلەرنى پاكلاش، ئەخلاقنى گۈزەللەشتۈرۈش، پىكىر ۋە چۈشەنچە جەھەتتە كامالەتكە يەتكەنلىكىنىڭ دەسلەپكى مېۋىسىنى تېتىش ۋە ئاخىرەتكە تەييارلىنىش ئۈچۈن تەۋەككۈل قىلىنغان بۇ خەتەرلىك ۋە مۇشەققەتلىك سەپەرلەر ياۋروپا ئىشغالىيەتچىلىكىنىڭ دەسلەپكى دەۋرلىرىگىچە داۋام قىلدى. ئۇ زامانغا قەدەر، پۈتۈن ئىسلام دۆلەتلىرىدىن، دۇنيانىڭ ھەر تەرىپىدىن كەلگەن ھەق ئاشىقلىرىغا پاناھلىق قىلىدىغان دىنىي مەركەزلەر ۋە روھىي پاناھگارلار بار ئىدى. ئۆز ھۆكۈمەتلىرىدىكى ئالىي مەرتىۋىلىرىنى، دۇنيانىڭ ۋاقىتلىق ئىشلىرىنى تاشلاپ كەلگەن ئۇ مۇبارەك ئىنسانلار ئۆزلىرىنى بۇ تىنچ ۋە روھىي مۇھىتنىڭ قوينىغا ئاتاتتى ۋە شۇ ئارقىلىق قەلبلىرىنى پاكلاپ، شەيتاننىڭ يامانلىقلىرىدىن قۇتۇلۇشقا تىرىشاتتى.

ھىجرىيە 13 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغا كەلگەندە چوڭ بىر پالاكەت باش كۆتۈرۈشكە باشلىدى. ئىنگلىزلەر ھىندىستاننى ئىشغال قىلدى. لېكىن مۇسۇلمانلارنىڭ مەدەنىيەتلىرى ۋە ھايات پەلسەپىلىرى پۈتۈن دۆلەتكە ھاكىم بولغانلىقى ئۈچۈن، تۈنجى دىنىي ھاياتنىڭ ئىزلىرى يوقالماي ئۆز مەۋجۇدلۇقىنى داۋاملاشتۇردى. بىر تارىخچى شەيخ غۇلام ئەلى ئەددەھلەۋىنىڭ (ھىجرىيە 1240 ـ يىلى تۈگۈلگەن) خانىقاسى ھەققىدە مۇنداق دېگەن ئىدى:

"بۇ خانىقادا ئاناتولىيەدىن، شام (سۈرىيە) دىن، باغداتتىن، مىسىر ۋە ھەبەشىستاندىن كېلىپ شەيخكە بەيئەت قىلغانلارنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆردۈم. بۇلار شەيخنىڭ يېنىدىكى مۇنەۋۋەر كىشىلەر ئىدى. ئۇلار دەۋرنىڭ

ئىلىم بولىقى ۋە زامانىنىڭ يېگانە مۇرشىدى دەپ قارىلاتتى. ھىندىستان ۋە ئافغانىستاندەك يىقىن مەملىكەتلەردىن كەلگەنلەرنىڭ ھەددى ـ ھېسابى يوق ئىدى. ئۇلار خۇددى چېكەتكە توپىغا ئوخشايتتى. بۇ خانىقادا تۇرىدىغانلارنىڭ سانى 500 دىن كەم ئەمەس بولۇپ، ئۇلارنىڭ خىراجىتىنى خانىقا ئۆز ئۈستىگە ئالغان ئىدى.

شەيخ راۋق ئەھمەد ئەلمۇجەددىدى ھىجرىيە 1231 ـ يىل جەمادىئەل ئەۋۋەلنىڭ 28 ـ كۈنى بۇ خانىقانى زىيارەت قىلغان ۋاقتىدا، سەمەرقەند، بۇخارا، تاشكەند، ھىسار، قەندىھار، كابۇل، پىشاۋۇر، كەشمىر، مۇلتان، لاھور، سەرھەند، ئەمرۇھە، سىبەنھەل، ئازىم ئاباد، دەھەكى، ھەيدەر ئاباد، بۇنەدەن ۋە باشقا شەھەرلەردىن كەلگەن كىشىلەر بىلەن كۆرۈشكەن ئىدى.

ئوقۇرمەنلەر، ئىشلارنىڭ زامانىۋى قاتناش ۋاستىلىرى بولمىغان دەۋردە، كارۋان ھالىتىدە يۈرۈش ئارقىلىق ئېلىپ بېرىلغانلىقىنى ئۇنتۇماسلىقى لازىم.

ئەمدى بىز بۇ سەپەر ۋە ساياھەت دەۋرىدە ھايات سەھنىسىگە چىققان، ھىندىستاننىڭ بۈيۈك ئىسلاھچىسى ۋە مەشھۇر مۇجاھىدى سەييىد ئىمام ئەھمەد ئىبنى ئىرفان ئەش شەھىدنىڭ (ھىجرىيە 1246ـ يىلى تۇغۇلغان) ھاياتىغا كۆز يۈگۈرتۈپ باقايلى. سەييىد ئەھمەدنىڭ ھىندىستاندا تەۋھىدنى يېيىش، ئىنسانلارنى رەسۇلۇللاھنىڭ سۈننىتىگە ۋە جىھادقا چاقىرىش ئۈچۈن قىلغان ساياھەتلىرىنى ۋە ھاياتىنى ئوقۇسىڭىز، مىڭلارچە كىشىنىڭ ئۇنىڭ يېتەكچىلىكىدە گۇناھلاردىن، يامانلىقلاردىن، شېرىك ئەقىدىدىن ۋە ناتوغرا ئىش ـ ھەرىكەتلەردىن يېنىپ تەۋبە قىلغانلىقىنى، ھەتتا مەيخانىلارنىڭ تاقىلىپ، مەسچىت ـ جامەلەرنىڭ سانجاق ـ سانجاق توشۇپ كەتكەنلىكىنى كۆرىسىز. خەلق سەييىد ئەھمەدنى ۋە ئۇنىڭ يۈزلەرچە بۇرادىرىنى ئۆيىگە تەكلىپ قىلىپ، زىياپەت بېرىش ئۈچۈن بىر ـ بىرى بىلەن بەسلىشەتتى ۋە بۇ يولدا ماللىرىنى، قىممەتلىك بۇيۇملىرىنى سەرپ قىلىشتىن قەتئىي يانمايتتى. ھەتتا كىمنىڭ بۇرۇن باشلايدىغانلىقى ۋە كېيىنكى نۆۋەتنىڭ كىمگە كېلىدىغانلىقى ھەققىدە

ئارىلىرىدا چەك تاشلىشاتتى.

مۇسۇلمانلار دىن ئۇچۇن كىيىنكى دەۋرلەردە ھېچ كۆرۈلمىگەن بۈيۈك غەيرەتلەر، ماختاشقا ئەرزىگۈدەك دەرىجىدە پىداكارلىقلارنى كۆرسەتكەن ئىدى ۋە بار - يوق ھەممە نەرسىسىنى بۇ يولدا سەرپ قىلىشتىن يانمىغان ئىدى. سەييىد ئەھمەد (ھىجرىيە 1236 - يىلى) يەتتە يۈزگە يېقىن بۇرادىرى بىلەن بىرلىكتە ھەجگە ماڭغاندا، رايبرەيلىدىن كالكۇتتاغا بېرىپ كېمىگە چىققۇچە يولۇققان ھەر يەردە مۇسۇلمانلار تەرىپىدىن ئىززەت ۋە ھۆرمەت بىلەن قارشى ئېلىندى. شەيخ غۇلام ئەلى بۇ كارۋاننى ئۆز ئۆيىدە 15 كۈن قوندۇرۇپ مېھمان قىلغان ئىدى. شەھەر ئەتراپى ۋە يېزىلاردىن كەلگەن خەلقلەر شەيخ سەييىد ئەھمەدنىڭ داستىخىنىدىن ئەڭ ئېسىل تائاملارنى يېگەن ئىدى. بۇ رىۋايەت، شەيخ غۇلام ئەلىنىڭ كارىۋانغا ھەدىيە قىلغان كىيىم - كېچەك ۋە ئوزۇق - تۈلۈكلەردىن سىرت قىلغان ئىكرامى ئىدى.

كارۋان قايتىشتا، مۇرشىد ئاباد شەھىرى يېنىدىكى كالكۇتتا - رايبرەيل يولىغا كەلگەندە، ئۇلارنى غۇلام مۇرتەزا قارشى ئالدى ۋە كارۋان ھەر قانداق نەرسە سېتىۋالسا، پۇلىنى ئۆزىنىڭ بېرىدىغانلىقىنى ئېلان قىلدى. سەييىد ئەھمەد بۇ ھەقتە ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشمەكچى بولغىنىدا، غۇلام مۇرتەزا: "مېنىڭ ماختىنىش ۋە كۆز - كۆز قىلىشقا ئېھتىياجىم يوق، مەن پەقەت ھاجىلارغا خىزمەت قىلىۋاتىمەن" دېگەن ئىدى.

ئىنسانلاردا مەرھەمەت، يۇمشاق قەلب، ھەقكە ۋە ئىلاھىي قانۇنلارغا ئىتائەتمەنلىك بار ئىدى. سەييىد ئەھمەدنىڭ بۇ سەپىرىدە، يۈزمىڭلارچە ئىنسان ئۇنىڭغا بەيئەت ۋە تەۋبە قىلىش شەرىپىگە ئېرىشكەن ئىدى. خەلق ھەر تۈرلۈك يامانلىقلاردىن يىراقلىشىپ، گۇرۇھ - گۇرۇھ بولۇپ ياخشىلىق قىلىشقا يۈزلىنەتتى. ھەتتا بەنارىس شەھىرى دوختۇرخانىسىدا ياتقان كېسەللەر سەييىد ئەھمەدكە يازغان مەكتۇپتا مۇنداق دېگەن ئىدى:

"بىز كېسەلمىز، ئورنىمىزدىن تۇرالمايمىز، شۇڭا ھۇزۇرىڭىزغا كېلەلمىدۇق، ئەگەر سەييىد ھەزرەتلىرى مۇناسىپ كۆرۈپ، ھۇزۇرىدا تەۋبە قىلىۋېلىشىمىز ئۈچۈن بىر قېتىم بولسىمۇ، بۇ يەرگە قەدەم تەشرىپ قىلغان بولسا، بىزمۇ شادلانغان بولاتتۇق..." سەييىد ئەھمەد ئەھۋالدىن خەۋەر تاپقان ھامان دوختۇرخانىغا بېرىپ، ئۇلارنىڭ بەيئىتىنى قوبۇل قىلىدۇ.

سەييىد ئەھمەد كالكۇتتادا ئىككى ئاي تۇردى. ھەر كۈنى ئۇنىڭغا بەيئەت قىلغانلارنىڭ سانى مىڭغا باراتتى ۋە بەيئەت ئىشى يېرىم كېچىگىچە داۋاملىشاتتى. ئادەمنىڭ كۆپلىكىدىن كىشىلەر بىر ـ بىرلەپ بەيئەت قىلىش پۇرسىتىگە ئېرىشەلمەيتتى. شۇڭا يەتتە ـ سەككىز دانە سەللە يۆگىكى ئېچىلاتتى، خەلق ئۇلارنى تۇتۇپ تۇرۇپ تەۋبە ئېيتاتتى، ياخشى ئەمەللەرنى قىلىدىغانلىقى ھەققىدە ئاللاھقا قەسەم ئىچەتتى، ھەر كۈنى 17 ـ 18 قېتىم بەيئەت پائالىيىتى ئۆتكۈزۈلەتتى.

سەييىدە ئەھمەد كالكۇتتا خەلقىگە 15 ـ 20 كۈن نەسىھەت قىلدى. ئۇنىڭ سۆھبەتلىرىگە نۇرغۇنلىغان خەلق ئاممىسىدىن باشقا، مەملىكەتنىڭ ئىلغار مۆھتەرەملىرى، ئالىملار ۋە شەيخلىرىدىن ئىككى كىشى قاتنىشاتتى. ئۇنىڭ بۇرادىرى شەيخ ئابدۇلىياي ئەل بۇرھانۇىمۇ شۇنداق ئىدى. ھەر جۈمە ۋە سەيشەنبە كۈنلىرى پېشىن ۋە ئەسىر نامىزىدىن كېيىن زىكىر ـ تەسبىھ ئېيتاتتى. ئىنسانلار ئۇلارنىڭ ئەتراپىدا پەرۋانىدەك چۆرگىلەيتتى. ئالاھازەل ھەر كۈنى 10 ـ 15 كىشى ئۇنىڭ ھۇزۇرىدا مۇسۇلمان بولاتتى.

قىلىنغان تەبلىغلەر ۋە كىشىلەرنىڭ ھەق دىنغا كىرىپ، ئۇنىڭ ئاساسلىرىغا ئىتائەتمەنلىك قىلىشى نەتىجىسىدە، ھىندىستاننىڭ ئەڭ چوڭ شەھەرلىرىدىن ۋە ئىنگلىزلارنىڭ تىجارەت مەركەزلىرىدىن بىرى بولغان كالكۇتتادا ئىچىملىك تىجارىتى پۈتۈنلەي توختاپ، مەيپۇرۇشلار مەيخانىلىرىنى تاقىغان ئىدى. ئىچىملىك ساتىدىغان دۇكانلار ئىچىملىك بازىرىنىڭ توختىغانلىقى ۋە ئىچىملىك تىجارىتىنىڭ پۈتۈنلەي ئۆلگەنلىكىنى باھانە كۆرسىتىپ، ھۆكۈمەتكە

باج تۆلىمەيدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن ئىدى.

سەييىد ئەھمەد كىشىلەرنى جىھادقا چاقىرغان ۋاقتىدا، ھەر تەبىقىدىكى كىشىلەر ئۆز ئىختىيارلىقى ۋە ئىشتىياقى بىلەن ئۇنىڭغا ئەگەشتى. دېھقانلار ساپانلىرىنى تاشلىدى، تىجارەتچىلەر دۇككانلىرىنى تاقىدى. كىشىلەر ئۆز ۋەتىنىدىن ئايرىلىپ ئاللاھنىڭ دىنىغا يۈزلەندى، ئارقىغا يېنىشنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرۈپ قويمىدى. كاللىسىدا ھېچنەرسە ئويلاشمىدى ۋە ناھايەت ھىجرىيە 1246 ـ يىلى بالاكوت ۋادىسىدا، ئاللاھ يولىدا شېھىت بولدى، بەزىلىرى تاغلارغا يوشۇرۇنۇپ ئاخىرقى نەپەسكىچە جىھاد قىلدى.

مانا مۇشۇنداق تارىخىي جەريانلاردىن كېيىن، ھىندىستان ئىسلام مەدەنىيىتى چۆكۈشكە ۋە ئىسلام ھاكىمىيىتى زەئىپلىشىشكە باشلىدى. لېكىن مۇسۇلمانلاردا ئىسلام سۆيگۈسى، دىنىنى ھىمايە قىلىش ھېسسىياتى، ئاللاھقا ئىتائەت قىلىپ ئۇنىڭغا يۈزلىنىش، ئاللاھ يولىغا دەۋەت قىلغانلارغا قۇچاق ئېچىش، دۇنيا ھاياتىنى كۆزگە ئىلماسلىق، مىلىنى ۋە جېنىنى ئاللاھ يولىدا پىدا قىلىشقا ئوخشاش ئېسىل پەزىلەتلەر تېخى ئىزلىرىنى يوقاتمىغان ئىدى.

ئىنگلىزلار ھىندىستانغا ئاياغ بېسىپلا ئەڭ چوڭ قورالى بولغان مائارىپ سىستېمىسى بىلەن خەلقنىڭ روھىنى يېمىرىشكە باشلىدى. كىشىلەرنىڭ پىكىر ۋە چۈشەنچىلىرىنى ئاچ بۆرىگە ئوخشاش تالاپ، يالىڭاچلاپ قويدى.

شۇنىڭ بىلەن، ھىندىستانلىقلارنىڭ ھايات نىزامى ۋە پىكىر سىستېمىسى پۈتۈنلەي قالايمىقانلىشىپ، ئاستىن - ئۈستۈن بولۇپ كەتتى. ھەتتا ھىندىستانلىقلار ئۆزىنىڭ ئەسلى خاراكتېرىنى يوقىتىپ قويۇشقا باشلىدى. دىنغا كۆرسىتىلگەن غەيرەت - شىجائەتنىڭ بۇرۇنقىدەك كۈچى قالمىدى. قەلبلىرىدىكى ئىمان نۇرى ئۆچتى، دىنىي مۇھەببەت تۇتاشتۇرغان مەشئەل پىلىلداپ قالدى. تەرەققىيات ۋە ئىلگىرىلەشلەرنىڭ ئەڭ چوڭ كۈچ مەنبەسى بولغان غايە، ئارزۇ ۋە خىياللار دىن ۋە روھانىي ھاياتتىن ئايرىلىپ، دۇنيا ھاياتىغا

ۋە ماتېرىيالىست مۇھىتقا كىردى. دىن ۋە ئىلىم، روھ ۋە قەلبكە مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەرگە بولغان پىداكارلىق تۇيغۇسى ئازايدى. بىپەرۋالىق ۋە باشقىلارنىڭ ئىشىغا ئارىلاشماسلىق پەلسەپەسى كۆڭۈلدىن كۆڭۈلگە كېڭىيىپ، كىشىلەرنى جەلپ قىلىشقا باشلىدى. دىنغا قارشى چىققان ۋە ئۇنى خورلايدىغان پىكىر ئېقىملىرى كۆپەيدى. ئىلگىرى دىنغا يۈزلەنگەن ئەقىل، قابىلىيەت ۋە تالانت دىنىي زاتلاردىن ۋە ھەر تۈرلۈك دىنىي ۋە روھىي ئىلىملەردىن ئايرىلىپ، كۈندىلىك ھاياتنىڭ ئېھتىياجلىرىغا ۋە ماددىي مەنپەئەت بېرىدىغان ئىلىملەرگە يۈزلەندى.

ئەمما بۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۆلۈم گىرداۋىدىكى بۇ جاندا يەنىلا تىرىكلىكتىن بېشارەت بار بولۇپ، خەلق ئارىسىدا كىشىلەرنى دىنغا دەۋەت قىلىدىغان، ئىنسان نەپسىنى ئىسلاھ قىلىپ تازىلاشقا، ئەخلاقنى گۈزەللەشتۈرۈپ يېتىلدۈرۈشكە چاقىرىدىغان كىشىلەر ئىنتايىن ئاز بولسىمۇ بار ئىدى.

بۇلارنىڭ دۇنيادىكى زاھىدلىقى ۋە تەقۋالىقى، ئاخىرەتكە بولغان تەييارلىق ۋە ئىخلاسمەنلىكى، رەسۇلۇللاھنىڭ سۈننىتىگە بولغان ئىتائەتمەنلىكى ئەجدادلاردىن قېلىشمايتتى. ئۇلار كېچە - كۈندۈز دېمەي كىشىلەرنى توغرا يولغا باشلايتتى. مۇسۇلمانلارمۇ ئۇلارغا ئىتائەت قىلىشنى، ئۇلار كۆرسەتكەن يولدىن مېڭىشنى دىنىي ھەق ۋە ھاياتنىڭ بىر ۋەزىپىسى دەپ قارىغان ئىدى. بۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، بەزى بايلار، دۆلەت ئورگانلىرىدىكى بەزى كىشىلەر ۋە كۈندىلىك ھاياتى بىلەن مەشغۇل بولۇۋاتقانلار گۈزەل ئەخلاققا، ئاخىرەت ئىشلىرىغا، قەلبلىرىنى پاكلاپ نەپسىنى ئىسلاھ قىلىشقا بەكمۇ ئەھمىيەت بەرگەن ئىدى. ئەپسۇسكى، بۇلارنىڭ ھەممىسى چىراغنىڭ ئۆچۈشتىن بۇرۇنقى يورۇقىغا ئوخشايتتى. چۈنكى، دىن دەرىخىنىڭ يىلتىزى ئاجىزلاپ، ھايات تومۇرلىرى قۇرىغان ئىدى ۋە ئەتراپىدا ۋەھشىلىك بوران چىقىۋاتاتتى.

شۇبھە ۋە گۇمان مۇھىتىنىڭ ۋە پەرەڭ تەربىيە سىستېمىسىنىڭ تەسىرىدە مۇتەئەسسىپ مۇھىتلارغا، دىندارلىقى ۋە ئىلمى بىلەن مەشھۇر بولغان ئېسىل

ئائىلىلەرگىچە يېيىلدى. دادىلار بالىلىرىغا دىنىنى ئۆگىتىشنى بەك مۇھىم دەپ بىلمىدى، ئۇلارغا پەقەت كۆندىلىك ھايات بىلىملىرىنى ۋە پەرەڭ تىللىرىنى ئۆگەتتى. بۇلارنى چوڭ پايدىغا ئېرىشىش ياكى ئىسلامنى قوغداش ئۈچۈن قىلمىدى. بەلكى، دىندىن يىراقلىشىش، كەلگۈسىنىڭ خېيىم - خەتەرلىرىدىن قېچىش، غەللىسىدە يىغىلىپ قالغان پۇللىرىنىڭ يوقىلىپ كېتىش ئەندىشىسىدىن قۇتۇلۇش ۋە زامان ئۆزگىرىشىگە ماسلىشىش ئۈچۈن قىلدى. يۇرەكلىرىگە پېقىرلىق قورقۇنچى كىردى. ھەتتا ئۆلۈم قورقۇنچىدىن ئۆلۈكلەرگە ئوخشاپ قالغان ئىدى ۋە ناھايەت جەمئىيەت چۆكتى، روھانىي دەۋر ئاخىرقى تىنىقىنى ئېلىپ، ئورنىنى ماتېرىيالىزمغا تاشلاپ بەردى. شۇنىڭ بىلەن، دۇنيا ئېلىم - سېتىمدىن باشقا ئىش ئېلىپ بېرىلمايدىغان بازارغا ئايلىنىپ قالدى.

## ماتېرىيالىزم ۋە نەپسانىيەتچىلىكنىڭ ئازغۇنلۇقى

رىۋايەتلەردە ئېيتىلىشىچە، جاھىلىيەت دەۋرىنىڭ ئايال شائىرەلىرىدىن كەبشە بىنتى مەئدىكەرىب ئىنىسى ئامىر ئىبنى مەئدىكەرىبكە چاقچاق قىلىپ ۋە ئۇنى قەتل قىلىنغان قېرىندىشىنىڭ دىيىتىنى ئالغانلىقى ئۈچۈن ئەيىبلەپ مۇنداق دېگەن ئىدى:

"ئىنساننىڭ نەپسانىيەتچىلىككە بېرىلىشى ھەقىقەتەن چوڭ پالاكەتلەرنىڭ خەۋەرچىسى بولۇپ قالغاندى".

ئەجىبا، ئىنسان نەپسانىيەتچىلىكنىڭ قانچىلىك خەتەرلىك ئىكەنلىكىنى بايان قىلغان بۇ جاھىلىيەت شائىرەسى بۈگۈنكى، يەنى 20 - ئەسىر ئىنساننىڭ بارغانسېرى كېڭىيىپ، چوڭىيىۋاتقان، ھەتتا پۈتۈن دۇنيانى ئىچىگە سىغدۇرالىغۇدەك دەرىجىدە ئېچىلغان ۋە توپىدىن باشقا نەرسە تولدۇرالمايدىغان نەپسىنى كۆرگەن بولسا، نېمىلەرنى دېگەن بولاتتى؟!

شۇنداق، ئىنساننىڭ نەپسى شۇنداق چوڭىيىپ كەتتىكى، ھېچقانداق نەرسە

ئۇنى تويغۇزالمايدىغان ھالغا كەلدى. ئىنسانلار ئارىسىدا تارىختا كۆرۈلمىگەن قورقۇنچلۇق بىر نەپرەت ۋە ئالدىنى ئېلىش مۇمكىن بولمايدىغان بۈيۈك بىر قارا نىيەت پەيدا بولدى. شۇنىڭ بىلەن ھەر بىر شەخس ئۆز قەلبىدە توختىماي يۇتىدىغان ۋە يۇتقانسېرى يەنە بىر ئاز يۇتقۇسى كېلىدىغان ۋە يەنە توختىماي ”يەنە يوقمۇ، يەنە يوقمۇ“ دەپ پەرياد قىلىدىغان جەھەننەمنى بىرگە ئېلىپ يۈرۈشكە باشلىدى. شەيتانىنىڭ تويۇشنى بىلمەيدىغان قارانىيەتلىرى ۋە نەپسانىيەتچىلىكى شەخس ۋە مىللەت نامىدىكى پۈتۈن ئىنسانغا ۋابا كېسىلىدەك يوقتى. ئىنسانلار نەپسى ئۈچۈن سارا‌ڭغا ئايلاندى. دۇنيا ھاياتىنىڭ نېئمەتلىرىگە ھەددىدىن زىيادە بېرىلىپ كەتتى. كىرىم مەنبەسىنىڭ ھالال ياكى ھاراملىقى بىلەن كارى بولمىدى. ھارام لوقمىنىڭ ئېھتىياجلىرىنى قامداپ - قامدىمايدىغانلىقى، يۈرەكلىرىگە شىپا قىلىپ - قىلمايدىغانلىقىنى ئويلاشمىدى. مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى، ئۆزلىرى ياشاۋاتقان ھاياتنىڭ يىرگىنچلىكىدىن، قورۇلمىسى ۋە ئىچ قۇرۇلمىسى ئېتىبارى بىلەن ئۇ دۇنياغا ئىشەنمەيدىغان ماتېرىيالىست ھايات ئىكەنلىكىدىن كېلىپ چىقماقتا ئىدى. بۇ دۇنيا ھاياتىدىن باشقا ھاياتنى تونۇمايدىغان، دۇنيانىڭ نېرىسىدىكى ئالەمنى قوبۇل قىلمايدىغان بىرى ئۈچۈن بۇ ئۆتكۈنچى ھاياتنىڭ بىردىنبىر خەزىنە، ۋاز كېچىلمەس سەرمايە، ئەڭ چوڭ غايە، ئەڭ چوڭ نىشان ۋە يېگانە بىلىم مەنبەسى بولۇشى ۋە بۇ يولدا ھەۋەسلىرىدىن، ئارزۇلىرىدىن، نېسىۋىلىرىدىن زەررىچە بولسىمۇ ياخشىلىق يولىغا سەرپ قىلمايدىغانلىقى، شۇنداقلا ھەر پۇرسەتنى قولدىن بەرمەيدىغانلىقى ھەقىقەتتۇر. شۇنداقمۇ، قايسى ئالەم ئۈچۈن پىداكارلىق قىلسۇن؟! چۈنكى، ئۇ، بۇ دۇنيادىن باشقا بىر دۇنيانى، بۇ ھاياتتىن باشقا بىر ھاياتنى قوبۇل قىلمايدىغان تۇرسا!...

بۇ جاھىلىيەت روھىنى جاھىلىيەت دەۋرىنىڭ خەج - خىراجەت يىغقۇچى ياشلىرىدىن بىرى بولغان تۇرفە ئىبنى ئاد ناھايىتى ئوچۇق ۋە ئاددىي شەكىلدە مۇنداق دەپ تىلغا ئالغان ئىدى: ”بەرىبىر ئۆلۈمگە توسالغۇ بولالمايسەن، شۇڭا

مېنى ئۆز مەيلىمگە قويۇۋەت، خالىغىنىمنى قىلاي».

بۈگۈن ـ ئاللاھ ئىمانىنى سالامەت قىلغانلاردىن باشقا ـ ھەربىر مەدەنىي ئىنسان بۇ پىكىرنى ئۆزلەشتۈرمەكتە ۋە ھايات پەلسەپىسى دەپ قوبۇل قىلماقتا. كىشىلەر بۇ چۈشەنچىنى ھەر بىر پۇرسەتتە ئاشكارىلاشقا تىرىشماقتا. ئەمما، يۈرىكىدىكىلەرنى ئىپادىلەپ بېرىدىغان تىلىدىن مەھرۇم ئىدى. ئىككىنچى بىر سەۋەب ـ كەڭ مەنىدە ـ پەقەت ماددىي ھايات ۋە بايلار ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان زامانىۋى نەشرىيات ئورگانلىرى بولۇپ، بۇ نەشر ئورگانلىرى ئاخباراتنىڭ شەرەپ ۋە تۇيغۇلىرىغا ماسلاشمايدىغان ئىشلارغا كىرىشىپ كەتتى. كاپىتالىستلارنىڭ، قاراڭغۇ بازارچىلارنىڭ ۋە ئەتكەسچىلەرنىڭ بۇيرۇقى بىلەن ئىش قىلىدۇ. گېزىت ـ ژۇرنال بەتلىرىدە ئۇلارنىڭ ھاياتى ئۈچۈن چوڭ ـ چوڭ سەھىپىلەرنى ئايرىيدۇ. ئۇلارنىڭ ئىسىم ۋە ئۇنۋانلىرىنى چوڭ ھەرپلەر بىلەن باسىدۇ. ئەڭ گۈزەل مەدھىيىلەر، ماختاشلارنى ۋە خەۋەر سەھىپىلىرىنىڭ ئەڭ كۆزگە چېلىقىدىغان يەرلىرىنى ماتېرىيالىزمغا ياكى ئۇنىڭ ئاكتىپلىرىغا ئاتايدۇ. ئوقۇرمەنلەرگە بەزىدە ئوچۇقچە، بەزىدە ئىشارەت يولى بىلەن تېپىك سەنئەت ئېقىمى ئىدىيىلىرىنى مەجبۇرى قوبۇل قىلدۇرىدۇ. يېڭى نەسىللەرگە نەسىر، شېئىر، ھېكايە، تەھلىل ـ تەسۋىر ۋە پەلسەپىۋى ئەسەرلەر ئارقىلىق دۇنيا ھاياتىغا بېرىلىش ۋە ئۇنىڭدىن پۈتۈن ئىشتىياقى بىلەن ئىلھام ئېلىشنى تەشۋىق قىلماقتا. نەتىجىدە، بۇ ئەسەرلەرنى ئوقۇغان ياشلار ماتېرىيالىزمغا ھەۋەسلەنمەكتە ۋە ئۇنىڭ رەھبەرلىرىنى كۆككە كۆتۈرمەكتە.

مانا مۇشۇنداق، ئىچىدىكى ئەخلاقسىزلىقنى، پەسكەشلىك ۋە يامانلىقنى ئەستىن چىقارغان، كۆپلەپ بايلىق توپلاشتىن باشقا ھېچنەرسىگە ئەھمىيەت بەرمەيدىغان، ئىنساننى جەۋھىرى نەقەدەر قىممەتلىك، خېمىرتۇرۇچى نەقەدەر پاكىز ۋە قابىلىيىتى نەقەدەر كۆپ بولۇشقا قارىماي تەڭپۇڭلۇقنى ساقلىيالمىغۇدەك دەرىجىدە بۇزغان جەمئىيەتلەرمۇ شۇنىڭغا ئوخشايدۇ. مەيلى ئىشارەت يولى بىلەن ۋە ياكى ئوچۇقتىن ئوچۇق يوقسۇلنىڭ ياشاش

www.uyghurkitap.com

ھەققى يوقلۇقىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. ئۇنىڭغا ھايۋانلارغا قىلىنغان مۇئامىلىنى راۋا كۆرىدۇ. جەمئىيەتكە قارشى ئىسيان قىلمىغان كىشىلەرنى جەمئىيەتنىڭ قانۇنلىرىغا بويۇن ئېگىشكە، خەلققە ياخشى مۇئامىلە قىلىشقا ۋە خۇشپېئىل بولۇشقا مەجبۇرلايدۇ. بۇ خىل جەمئىيەتتە كىشىلەر باشقىلار ئۈچۈن كىيىنىدۇ. باشقىلار ئۈچۈن سۆيۈنىدۇ....

شۇ ئارقىلىق جەمئىيەتلەرنىڭ شەرەپ ۋە غۇرۇر ئۆلچەملىرى، ئىنسانلىق قىممەتلىرى، دائىم ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ. ئارزۇ - ئىستەكلىرى ھەر كۈن باشقا شەكىلگە كىرىدۇ. بۇ ئەھۋال ئاستىدا ئىنساننىڭ پۇت - قولى باغلىنىپ قالىدۇ. رىزقىنى تېپىپ يېيىش ۋە دۇنيادا ھاياتىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن قانۇنسىز يوللارغا ماڭىدۇ. مىڭبىر جاپا - مۇشەققەت ئىچىدە زورۇقىدۇ. پۇتمەس - تۈگىمەس ھېرىپ - چارچاشلارنىڭ ئاستىدا نەپسى سىقىلىدۇ.

زاۋۇت - فابرىكىلارنىڭ، ئىشلەپچىقارغۇچىلارنىڭ بىر - بىرى بىلەن بەسلىشىشى بۇ مەسىلىنى تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇۋەتتى. ھەر ئەتىگىنى يېڭى مودېل ماشىنىلار، بازارلارغا يېڭى چىقىرىلغان كۆز قاماشتۇرغۇچى ئەشيالار، كىيىملەر، ئاياغلار، ئەتىر ۋە خۇشپۇراق بۇيۇملار، ئالتۇن - كۈمۈشلەر، جاۋاھىراتلاردىن مەيدانغا كەلگەن بۇزغۇنلۇق يېڭى كەلكۈن شەھەرگە قاراپ ئاقىدۇ.

ئەمما بۇلارنىڭ ھېچبىرى ۋەزىپە ۋە ئېھتىياجلارنى قامداش ئارزۇسى بىلەن قىلىنمايۋاتىدۇ. بەلكى سانائەت ئىشلەپچىقىرىش ۋە قاراڭغۇ بازارچىلىرى ئۈچۈن قىلىنماقتا. كۆپ ئۆتمەي ھاياتتا بەك زۆرۈر بولمىغان بۇ ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىلىرى ھاياتنىڭ پرىنسىپى ۋە مەدەنىيەتنىڭ مۇھىم بىر قىسمى دەپ قارىلىشقا باشلايدۇ. ھەتتا شۇنداق ئەھۋال يۈز بېرىدۇكى، بۇ ئاساسلار بىلەن بېزىلىپ زىننەتلەنمىگەنلەر ئىنسان سانالمايدۇ.

مەيلى بۇ ياكى باشقا سەۋەبلەر بىلەن ئەشيانىڭ قىممىتى ئىنسانلارنىڭ

نەزىرىدە ئىلگىرىكى دەۋرلەردە ھېچ كۆرۈلۈپ باقمىغان سەۋىيىگە يۈكسەلدى. ئىنسانىيەت ئالەمدە ئىشغال قىلغان يېرى ۋە مۇھىملىقى جەھەتتىنمۇ مەدەنىي ئىش - پائالىيەتلىرىنى تەرتىپكە سالدى، دەپ بىلىنگەن تارىخىي دەۋرلەر ئىچىدە ئوخشىشى كۆرۈلمىگەن بىر نۇقتىغا يېتىپ باردى. نەتىجىدە بايلىق ئىنسانىيەتنىڭ ۋۇجۇدىدا ئايلىنىۋاتقان روھقا ۋە ئىنسانلارنىڭ ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچىگە ئايلاندى. كەشپىياتچىنى ئىجادقا، ھۈنەرۋەننى ھۈنىرىگە، دىپلوماتنى سۆزلەشكە، نامزاتنى سايلامغا، پروفېسسورنى يېزىشقا، ھەتتا قوماندانىنى ئۇرۇش قىلىشقا ئىلھاملاندۇرغان. لوندون ئۇنىۋېرسىتېتى پسىخولوگىيە ۋە پەلسەپە بۆلۈمىنىڭ پروفېسسورى جۇد ئەپەندىنىڭ دېگىنىگە ئوخشاش، بايلىق زامانىۋى ھايات چاقىنىڭ ئەتراپىدا ئايلىنىدىغان قۇتۇپقا ئايلىنىپ قالدى.

«دەۋرىمىزدە كەڭ يېيىلغان ۋە ھۆكۈمران ئورۇندىكى تېئورما ئىقتىساد تېئورمىسى بولۇپ، ئاشقازان ۋە يانچۇق ھەممە نەرسىنىڭ ئۆلچىمى (تارازىسى) بولۇپ قالدى. مەسىلىلەر يانچۇقلار بىلەن بولغان مۇناسىۋەت ۋە تەسىرى نىسبىتىدە ئىنسانلار تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنىدۇ، ئۆزلەشتۈرۈلىدۇ...».

ئەگەر سىز رېئال ھاياتتىن ئايرىلىپ، مەكتەپ بۇلۇڭلىرىدا يېزىلغان ماقالە ۋە كىتابلارغا ئاساسلىنىپ، سىز ياشاۋاتقان دەۋرنىڭ خۇسۇسىيەتلىرى ۋە ئالاھىدىلىكلىرى ھەققىدە قىممەتلىك ھۆكۈم چىقارماقچى بولسىڭىز، ئۆز ئۆزىڭىزنى ئالدىغان بولىسىز، سىز بۇ پەلسەپە كىتابلىرىنى ياكى تەتقىقات نەتىجىسى بولغان ئىلمىي ماقالىلەرنى ئوقۇغان ۋاقتىڭىزدا ئۆزىڭىزنى ئەخلاقى ئۆلچەملەر ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان، ئۇلۇغ خىسلەتلەر ئەتراپقا تولغان، پەزىلەت ۋە ياخشىلىق بۇلۇتلىرى ھەر تەرەپنى قاپلىغان، دىيانەت ۋە ئىلىم روھى يۈكسەلگەن، تەرەققىي قىلغان ۋە مەدەنىي بىر دەۋردە ياشاۋاتقاندەك تۇيغۇغا كېلىسىز، ئەپسۇسكى، ھەقىقەت دەل بۇنىڭ ئەكسىدۇر. چۈنكى بۇ كىتابلار يازغۇچىلار غەرق بولغان خىيال ئالەمدە يېزىلغان. ئۇلارنىڭ ئارزۇ ۋە ئالاھىدىلىكلىرى شۇكى، ئۇلار يالغان - ياۋىداق سۆزلەر بىلەن چۈشۈندۈرۈپ بولالمىغان خىيال

ئالەمنى، كىتابىدا يارىتقان ئىدى. ھەتتا بۇ كىتابلارنى ئوقۇغانلار ئۆزلىرىنى شۇنداق بىر مۇھىتقا كىرىپ قالغاندەك ھېس قىلاتتى. شۇنداق ئاجايىپ - غارايىپلار، مەسىللەر ۋە خىياللار ئالەمگە كىرىپ قالغاندەك...

ئەگەر سىز ھەقىقىي ھاياتنى كىتابلاردىن ئەمەس، بەلكى ئۆز كۆزىڭىز بىلەن كۆرۈپ، ئىنسانلار توپىغا قوشۇلسىڭىز، ئىش - ھەرىكەتلەرنى كۆزىتىپ، ئۆيلەردە، پويىزدا، باغچىدا، داستىخاندا ۋە ئويۇن يەرلىرىدىكى پاراڭلىرىغا قۇلاق سالسىڭىز، "ئالتە" نىڭ ئىنسانلارنىڭ ئاغزىدا سەككىزگە ئوخشاش چايىلىۋاتقىنىنى، تىللاردىن چۇشمەيۋاتقانلىقىنى، كۆڭۈللەرنىڭ مەشۇقى، بارلىق ئىشلارنىڭ باشلانغۇچى ۋە ئاخىرى، ھايات چاقىنىڭ بىردىنبىر ئوقى ئىكەنلىكىنى كۆرىسىز.

بىر ئەرەب شائىرى كىيىم - كېچەك ۋە تائامدىن باشقىنى ئويلىمايدىغان بىر يوقسۇلغا لەنەت ئېيتىپ مۇنداق دەيدۇ:

"ئاللاھ لەنەت قىلسۇن ئۇ يوقسۇلغا،

ھاياتتا ئارزۇسى يوق كىيىم ۋە ئاشتىن باشقا..."

ئەجەبا بۇ ئەرەب شائىرى پەلسەپەچىلىرى، مۇتەخەسسىسلىرى، ئالىملىرى، دىپلوماتلىرى، يازغۇچىلىرى، يۇرت چوڭلىرى، بايلىرى ۋە يوقسۇللىرى بىلەن - شەكىللىرى ھەرخىل ۋە ئىسىملىرى ھەر قانچە ئۇلۇغ بولسىمۇ - كىيىم ۋە تائامدىن باشقا غايىسى بولمىغان بۇگۈنكى مەدەنىيەتنى كۆرگەن بولسا، نېمىلەرنى دەيتتى؟ ئەپسۇسكى، ھايات پۈتۈنلەي كىيىم ۋە تائام ئۈچۈن كۈرەش قىلىشتىن ئىبارەتتۇر.

## ئەخلاق ۋە جەمئىيەتتىكى چۈشكۈنلۈك

شەرقتىكى مۇسۇلمان رايونلار پۈتۈنلەي كاردىن چىقتى. مۇسۇلمان خەلققە ئەخلاقى ۋە ئىجتىمائىي كېسەللەر يۇقتى. مۇسۇلمان دۆلەتلىرىنىڭ يېمىرىلىشى

ۋە شەرق مىللەتلىرى ئۇچرىغان بۈيۈك پالاكەتتە چوڭ رول ئوينىغان ئەخلاقىي ۋە ئىجتىمائىي كېسەللەر ئۇلارنىڭمۇ بېشىغا كەلدى.

ئەمما، شەرقتىكى مۇسۇلمان خەلقلەر نېمە بولۇپ كېتىشىدىن قەتئىينەزەر، دۇنيا مىللەتلىرىدە ئوخشىشى بولمىغان بەزى ئۇلۇغ ئەخلاقىي پرىنسىپلىرىنى، ئۇستۇن ئىجتىمائىي خۇسۇسىيەتلىرىنى داۋاملاشتۇردى. شەرقتە ئەخلاق ئىلمىي يوسۇندا پىشىپ يېتىلدى. ھەتتا ئەدەپ - قائىدە، ئىغىر - بېسىقلىق، لاتاپەت ۋە نازاكەت قاتارلىق جەھەتلەردە ئۆز زامانىدا ئېرىشكىلى بولمايدىغان ۋە غەربلىكلەر پەقەت شېئىر ۋە ئەدەبىياتىدىلا تەسەۋۋۇر قىلالايدىغان سەۋىيىگە يەتتى.

ئىنسانلار، بۇ جەمئىيەت ۋە خەلقلەردە بۈگۈنكى نەسىللىرىمىز خىيالىغىمۇ كەلتۈرەلمەيدىغان پەۋقۇلئاددە ئەھۋاللارنىڭ يۈز بەرگەنلىكىنى ئوقۇماقتا ۋە ئاڭلىماقتا... مەيلى جەمئىيەتتىكى ئىنسانلارنىڭ ياكى ئائىلە ئەزالىرىنىڭ بولسۇن، بىر - بىرىگە مەھكەم باغلار بىلەن چېتىلغانلىقىنى ۋە بۇ چېتىقنىڭ خۇددى ئۇلارنىڭ ھۆجەيرىلىرىگىچە تەسىر قىلغانلىقىنى، ھەر تۈرلۈك ماددىي ئۇستۇنلۇك ۋە مەنپەئەتتىن يىراق ھالدا ئەۋلادتىن ئەۋلادقا داۋاملاشقانلىقىنى بىلمەكتە. شۇنداقلا ئەجدادلارنىڭ ئەۋلادلارغا كۆرسەتكەن شەپقىتى، ئەۋلادلارنىڭ ئەجدادلارغا بولغان ھۆرمىتى، چوڭلارنىڭ كىچىكلەرگە بولغان سۆيگۈسى، كىچىكلەرنىڭ چوڭلارغا بولغان ئېھتىرامى، ئاياللارنىڭ شەرمى - ھايا تۇيغۇنلۇقى، ئاياللارنىڭ بىر - بىرىگە كۆيۈنۈشى ۋە مېھرى - مۇھەببىتى، ياشلارنىڭ دۇرۇسلۇقى ۋە ئەخلاقى پرىنسىپلارغا ئىتائەتمەنلىكى، ھۆرمەتلەنگەن كىشىلەرنىڭ باشقىلار بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى كىيىم - كېچەك ۋە دوستلۇق ھەققىدىكى ئەنئەنە ۋە ئۆرپ - ئادەتلىرىنى داۋاملاشتۇرۇشى ياخشى كۆرگەن كىشىلىرىگە كۆيۈنىشى ۋە ئۇلارغا نەسىھەت قىلىشى... ۋە يەنە بۇنىڭغا ئوخشاش دەسلەپتە قوبۇل قىلىش مۇمكىن بولمايدىغان، تەگدىشى، ئوخشىشى كۆرۈلمىگەن ئىشلارنى كۆرمەكتە.

بالىلارنىڭ ئاتىلىرىغا بولغان ھۆرمىتى ۋە بۇ يولدا بارلىقىنى پىدا قىلغۇدەك دەرىجىگە يېتىپ بارغان ئىتائەتلىرى رەسۇلۇللاھنىڭ: «جىنىڭ ۋە مېلىڭ داداڭغا

ئائىتتۇر» دېگەن ھەدىسىدىن كەلمەكتە ئىدى.

باللارنىڭ دادىلىرىغا بولغان سۆيگۈ ـ مۇھەببىتى، ئۇلارنىڭ ھەقلىرىنى ئادا قىلىش يولىدىكى تىرىشچانلىقى پەقەت ئاتا ـ ئانىلىرىنىڭ ھايات چېغىدىلا تالىق ئەمەس، بەلكى ئۇلار ۋاپات بولغاندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ دوست ۋە يېقىنلىرىنى زىيارەت قىلىپ (يوقلاپ)، كۆڭۈللىرىنى ئېلىش، سوۋغا بېرىش ۋە ئۇلارنىڭ باللىرىنى، ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىنى سۆيۈش ئارقىلىق داۋاملىشاتتى ۋە بۇ ئارقىلىق پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «ئەڭ چوڭ ياخشىلىق، بىر كىشىنىڭ ئۆلۈپ كەتكەن دادىسىنىڭ دوستلىرىغا قىلغان ياخشىلىقىدۇر» دېگەن ئەمرىنى ئورۇندايتتى.

ئاتا ـ ئانىلار باللىرىغا قىلغان مېھىر ـ شەپقىتى بىلەن نەسىھەت ۋە ئەخلاسىنىڭ بىردىنبىر مىسالى بولدى. چۈنكى ئۇلار باللىرىنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشى، تەربىيىلىنىشى ۋە بىلىم ئېلىشى ئۈچۈن ئۆزلىرىنىڭ پۈتۈن ئارزۇ ـ ئىستەكلىرىنى ۋە راھەت ـ پاراغەتلىرىنى خۇشاللىق بىلەن پىدا قىلماقتا، ھەتتا قارا قورساق ئەرلەر ۋە ساۋاتسىز ئاياللارمۇ ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئۆز باللىرىنى قاتتىق قول باشقۇرۇشىنى ۋە گېزى كەلسە ئۇرۇشىنى نورمال دەپ قارىماقتا. ھەتتاكى ئۇلارنىڭ كىچىككىنە ۋۇجۇدلىرىغا كېلىدىغان زىيان ـ زەخمەتكىمۇ چىدىماقتا. باللىرىنىڭ ئۆسۈپ ـ يېتىلىشى ئۈچۈن ھەر تۈرلۈك ئازاب ـ ئوقۇبەتكە بەرداشلىق بەرمەكتە ۋە ئالدىغا ئۇچرىغان جاپا ـ مۇشەققەتكە سەۋر ـ تاقەت قىلماقتا ئىدى. ئوقۇتقۇچىلارنىڭ بۇ مۇئامىلىسىنى خەلقنىڭ ئېسىل تەبىقىسىدىن ئەڭ تۆۋەن تەبىقىسىگىچە بولغان ھەممە ئادەم ھۆرمەت بىلەن قوبۇل قىلاتتى ۋە بۇلارغا قارشى چىققانلارنى ئەخمەق ۋە ئەخلاقسىز دەپ قارىماقتا ئىدى.

ھارۇن رەشىدنىڭ ئوغۇللىرى ئەمىن ۋە مەئمۇنغا ئۇستازلىرى كىسائىنىڭ خىزمىتىنى قىلىش ھەققىدە قىلغان تەنبىھ ۋە ۋەسىيەتلىرى تارىختا بەكمۇ مەشھۇردۇر. بۇ ھەقتە رىۋايەت قىلىنغان ۋە شەرقنىڭ خاراكتېرىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان ئەڭ قىزىقارلىق ۋەقەلەردىن بىرى مۇنداق ئىدى: شاھابىدىن گاۋرىدىن

كېيىن تەختكە چىققان ئافغانىستان ھۆكۈمرانى تاجىددىن ئەلدىز بالىسىنى بىر ئۇستازغا تاپشۇرىدۇ. ئۇستاز بالىنى ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈپ قويىدۇ. تاجىددىن ئەلدىز بۇ ئەھۋالنى بىلىپ دەرھال ئۇستازنىڭ قېچىپ كېتىشىنى ئەمر قىلىدۇ ۋە مۇنداق دەيدۇ: "سىزنى بالىنىڭ ئانىسىدىن قوغداپ قالالمايمەن، ئۇنىڭدىن سىزگە بىر يامانلىق يېتىپ قېلىشى مۇمكىن".

ئىسلام جەمئىيىتىدە چوڭلار بىلەن كىچىكلەرنىڭ ئارىسىدىكى مۇناسىۋەت ئىسلام مەيكۇرىسىنىڭ: "كىچىكلەرگە شەپقەت، چوڭلارغا ھۆرمەت بىلدۈرمىگەن بىزدىن ئەمەس" دېگەن ئاساسلىرىغا تايىناتتى.

ھاياتنى ئاددىي ـ ساددا ئۆتكۈزۈش، بىر ھايات شەكلىنى داۋاملاشتۇرۇش ۋە شۇ شەكىلدە كۆرۈنۈش شەرق مەدەنىيىتىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىدۇر. بىر كىشى بىر ئىشنى قىلىشقا باشلىسا، ئۇنى چوقۇم بىر نەتىجە بىلەن ئاياغلاشتۇراتتى. بىرەر ئادەتنى ئۆزىگە سىڭدۈرگەن ياكى بىر كىيىم شەكلىنى ئۆزلەشتۈرگەن ۋە ياكى بىرىگە ھەرقانداق بىر ياخشىلىق قىلغان ۋاقتىدا، بۇنى ئاخىرقى نەپىسىگىچە داۋاملاشتۇراتتى. بۇ يولدا ھېچقانداق ھادىسە ئۇنىڭغا تەسىر كۆرسىتەلمەيتتى. ئايرىلىش، كېسەللىك، ھورۇنلۇق، مەنپەئەتلەر،... شۇنداق، ھېچنەرسە ئۇنى پرىنسىپلىرىدىن ۋاز كەچتۈرەلمەيتتى.

ئائىلە ۋە جەمئىيەت ھاياتىنىڭ تايانچى، ھۆرمەت ۋە شەرەپنىڭ ئۆلچىمى ھېچقاچان بايلىق ئەمەس ئىدى. بىر ئائىلىنىڭ بايلىق تەقسىماتى پۈتۈنلەي پەرقلىق ئىدى. قەبىلە ۋە قەۋملەردىكى ئىنسانلار مال ۋە مەرتىۋە جەھەتتىن ناھايىتى چوڭ پەرقلىنەتتى. بەزىلىرى بەكمۇ باي ۋە مال ـ مۈلۈك ئىگىسى، بەزىلىرى بولسا بەكمۇ يوقسۇل ئىدى. لېكىن ھېچكىم ئارىلىرىدا تەپرىقىچىلىق پەيدا قىلىشقا، جەمئىيەت ۋە ئائىلىلەر ئارىسىدىكى ئىقتىسادىي پەرق تۈپەيلىدىن بەزىلىرىنى بەزىلىرىدىن ئۈستۈن تۇتۇشقا جۈرئەت قىلالمايتتى. ئەگەر بىرسى بىرەر بۆلگۈنچىلىكنىڭ پۇرىقىنى ئالسا ياكى ھاقارەت بىلەن قارىغان كۆزنى كۆرگەن ھامان شىددەتلىك غەزەپلىنەتتى. باشقىلارنىڭكىگە مېھمان بولۇپ

www.uyghurkitap.com

بارغانلار ساھىبخانىلاردىن بىرەر ئىغىز يامان سۆز ئاڭلىسا، دەرھال ئۇ ئۆيدىن ئايرىلاتتى ۋە ساھىبخانا بىلەن خۇددى بىر قولنىڭ بارماقلىرىدەك ئۆتەتتى.

ھەرقانداق بىر قەبىلىدىن بىر بىچارە ـ يوقسۇل ئۇ قەبىلىنىڭ باشلىقى ۋە بايلىرى بىلەن يوقسۇللۇقى سەۋەبىدىن كۆڭلىدە ئۆزىنى ھېچ تۆۋەن كۆرمەي، ئۇلارنىڭ ئالدىغا كېلىپ، ناھايىتى ئەركىن ـ ئازادە، ئوچۇق ـ يورۇق پاراڭلىشالايتتى. باي ۋە ھۆكۈمدارمۇ ئۇستىبېشىنىڭ كونىلىقى ۋە يىرتىق ـ ياماق ئىكەنلىكىگە، ئىقتىسادىي ئەھۋالىغا، جەۋھىرىنىڭ ساپلىقى ۋە خېمىرتۇرۇچىنىڭ پاكلىقىغا، ئىمانىنىڭ كۈچلۈك ـ ئاجىزلىقىغا ۋە ئىلمىنىڭ دەرىجىسىگە قارىماي ئىززەت ـ ئىكرام قىلاتتى ۋە ئۇنى شان ـ شەرىپىگە، نەسەبىگە ۋە مىجەز ـ خۇلقىغا لايىق يەرگە باشلايتتى.

ئۇ دەۋردە يوقسۇل كىشىلەر دەرد ـ ئەلەملىرىنى، ھايات مۇجادىلىسىدە ئۇچرىغان قىيىنچىلىقلىرىنى ھېچكىمگە بىلدۇرمەيتتى ۋە بۇ يولدا چىدامچان بولاتتى. سەۋر ـ تاقەت قىلاتتى. باشقا بىرىنىڭ ئۆز يوقسۇللۇقى ۋە دەرد ـ ئەلىمىنى بىلىپ قېلىشىغا بەرداشلىق بېرەلمەي پەرىشان بولاتتى.

ھۆر ۋىجدانلىرى دىن ۋە ئىپپەتلىرىدەك ئەزىز ۋە قەدىرلىك بولغاچقا، ئۇنىڭدىن پايدىلىنىشقا ياكى پۇلغا سېتىشقا بولمايتتى. يالغانچىلىق ۋە خىيانەت ئارقىلىق جېنىنى قۇتۇلدۇرغاندىن قىيىن ـ قىستاقتا ئۆلۈشنى ئەۋزەل كۆرەتتى.

ھىندىستان تارىخى بۇ ھەقتە بىزگە بەكمۇ قىزىقارلىق ۋەقەلەرنى بايان قىلىپ بەرمەكتە. ئەلۋەتتە، باشقا مۇسۇلمان دۆلەتلىرىدىمۇ مۇشۇنىڭغا ئوخشاش ۋەقەلەر بار. شەيخ رادىيەللاھ ئەل بەدۋانى 1957 ـ يىلى يۈز بەرگەن ئىنگلىزلەرگە قارشى ئىسيانغا باشلامچىلىق قىلىشقا قاتنىشىش جىنايىتى بىلەن قارىلىنىپ، ئىنگلىز ھاكىمىنىڭ ھۇزۇرىدا ئۆز تالىپلىرى تەرىپىدىن ھۆكۈم قىلىندى. ھاكىم بەزى دوستلىرى ئارقىلىق ئۇستازىنىڭ ئۇنىڭغا چاپلانغان بوھتانىنى رەت قىلسا، قويۇۋېتىلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. لېكىن شەيخ بۇنى قەتئىي رەت قىلىپ: "مەن

ئىنگىلىزلەرگە قارشى يۈز بەرگەن ئىسيانىنى باشلاشقا قىلىدىم، بۇنى قانداقمۇ ئىنكار قىلالايمەن؟" دېدى. نەتىجىدە، ھاكىم شەيخ رادىيەللاھ ئەل بەدەۋانىنى ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىشقا مەجبۇر بولدى.

شەيخ ئۆلۈم مەيدانىغا ئېلىپ مېڭىلغاندا، ھاكىم ئۇستازىنىڭ ئالدىدا يىغلاپ تۇرۇپ: "ھازىر بولسىمۇ بىرلا قېتىم: بۇ ماڭا قىلىنغان بوھتان، مېنىڭ بۇ ئىش بىلەن مۇناسىۋىتىم يوق، مەن گۇناھسىز، - دېسىڭىزلا، سىزنى چوقۇم قۇتۇلدۇرىمەن" دېدى. ئۇستاز بولسا، غەزەپلەنگەن ھالدا: "ئۆز نەپسىم ئۈچۈن يالغان سۆزلەش ئارقىلىق بارلىق ئەمەللىرىمنىڭ يوققا چىقىشىنى ئۈمىد قىلامسىلەر؟ بۇنداق ئىشنى قىلىپ قالسام، ئۇ چاغدا بەكمۇ ئەپسۇسلىنارلىق ئىش قىلغان بولىمەن، بارلىق ئەمەللىرىم بىكار بولۇپ كېتىدۇ. مەن ئىنگىلىزلەرگە قارشى ئېلىپ بېرىلغان ئىسيانغا شەخسەن قىلىدىم. سىلەر ۋەزىپەڭلارنى ئورۇنداڭلار..." دېدى ۋە شەيخ بەدەۋانىي ئۆلتۈرۈلدى.

مۇسۇلمانلارنىڭ ئۆزلىرى بىلگەن ۋە ئىشەنگەن نەرسىلەرنى ئۆز ئەينى، ئۇدۇللا ئىپتىراپ قىلىشى پەقەت ئۆزلىرىگە خاس ئىشلاردىلا ئەمەس، بەلكى جەمئىيەت ۋە مىللەتلەرگە مۇناسىۋەتلىك ھادىسىلەردىمۇ كۆپ كۆرۈلەتتى. كۈنىمىزدە ئىرقچىلىقنىڭ ئاساسىي پرىنسىپلىرى ھالىغا كەلگەن يۇرتۋازلىق ۋە قەبىلىۋازلىقنى ئەسلا قوبۇل قىلمايتتى. يالغان سۆزلەش ۋە يالغان گۇۋاھلىق بېرىشنى ۋەتەن، مىللەت ۋە دىنلىرى ئۈچۈن ئەڭ ئەخمىقانە ئىش ۋە ئەڭ چوڭ گۇناھ دەپ قارايتتى. ئۇلار ئىسلامىي پرىنسىپلارنىڭ شەخسنى، مىللەتنى، شەخسىي ۋە ئىجتىمائىي مەسىلىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغانلىقىغا ئىشەنگەن ھالدا ئاللاھنىڭ ئەمرلىرىگە مەھكەم ئېسىلاتتى.

ئى مۇئمىنلەر! خۇدالىق ئۈچۈن گۇۋاھلىق بېرىشتە، ئۆزۈڭلارنىڭ ياكى ئاتا - ئاناڭلارنىڭ ياكى تۇغقانلىرىڭلارنىڭ زىيىنىغا (گۇۋاھلىق بېرىشكە) توغرا كەلگەن تەقدىردىمۇ، ئادالەتنى بەرپا قىلىشقا تىرىشىڭلار، (گۇۋاھلىق بېرىلگۈچى) باي بولسا (ئۇنىڭغا رىئايەت قىلماستىن) ياكى پېقىر بولسا (ئۇنىڭغا ئىچ ئاغرىتماستىن)

ھامان ئادىل گۇۋاھ بولۇڭلار، ئاللاھ سىلەردىن ئۇلارغا يېقىندۇر (يەنى ئۇلارنىڭ مەنپەئەتىنىڭ نېمىدە بولىدىغانلىقىنى ئوبدان بىلىدۇ). نەپسى خاھىشىڭلارغا ئەگىشىپ (ھەقىقەتتىن) بۇرۇلۇپ كەتمەڭلار. ئەگەر تىلىڭلارنى تولغىساڭلار (يەنى گۇۋاھلىقتىكى پاكىتنى بۇرمىلىساڭلار)، ياكى گۇۋاھلىقتىن باش تارتساڭلار، مۇنداقتا ئاللاھ ھەقىقەتەن سىلەرنىڭ قىلمىشىڭلاردىن خەۋەردار بولۇپ تۇرغۇچىدۇر». (سۈرە نىسا 135 - ئايەت)

«ئى مۆئمىنلەر! ئاللاھنىڭ (ھەقلىرىنى) ئادا قىلىشقا تىرىشىڭلار، ئادىللىق بىلەن گۇۋاھلىق بېرىڭلار، بىرەر قەۋمگە بولغان ئۆچمەنلىكىڭلار (ئۇلارغا) ئادىل بولماسلىقىڭلارغا سەۋەب بولمىسۇن، (دۈشمىنىڭلارغا) ئادىل بولۇڭلار، بۇ (يەنى ئۇلارغا ئۆچمەن تۇرۇپ ئادىل بولۇشۇڭلار) تەقۋادارلىققا ئەڭ يېقىندۇر، ئاللاھتىن قورقۇڭلار، ئاللاھ ھەقىقەتەن قىلمىشىڭلاردىن خەۋەرداردۇر». (سۈرە مائىدە 8 - ئايەت)

«شۈبھىسىزكى، ئاللاھ سىلەرنى ئامانەتلەرنى ئىگىسىگە قايتۇرۇشقا، كىشىلەر ئارىسىدا ھۆكۈم قىلغاندا ئادىل ھۆكۈم قىلىشقا بۇيرۇيدۇ...». (سۈرە نىسا 58 - ئايەت)

«سۆز قىلغان (ھۆكۈم چىقارغان ياكى گۇۋاھلىق بەرگەن) چېغىڭلاردا ئادىل بولۇڭلار، (ھۆكۈم چىقىرىلغان ياكى گۇۋاھلىق بېرىلگەن ئادەم) تۇغقىنىڭلار بولغان تەقدىردىمۇ، ئاللاھقا بېرىلگەن ئەھدىگە ۋاپا قىلىڭلار». (سۈرە ئەنئام 152 - ئايەت)

كونىلارنىڭ ئېيتىشىچە، ھىندىستان بىرلەشمە رايونىدىكى مازفەرەنگەر ناھىيىسىنىڭ كاندەھلەر يېزىسىدا ھىندىلار بىلەن مۇسۇلمانلار ئارىسىدا بىر پارچە زېمىن ئۈچۈن تالاش - تارتىش چىققان. ھىندىلار بۇ يەرنىڭ ئۆزلىرىنىڭ بۇتخانىسىغا تەۋە ئىكەنلىكىنى ئېيتسا، مۇسۇلمانلار بۇ يەرنىڭ ئۆزلىرىنىڭ مەسچىتىگە تەۋە ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويغان.

ئاخىرى ئۇلار شەھەرنىڭ ئىنگلىز ھاكىمىنىڭ ئالدىغىچە دەۋالىشىپ بارغان. ھاكىم مەسىلىنى ۋە ھەر ئىككى تەرەپنىڭ دەلىللىرىنى ئىگىلىگەن بولسىمۇ، بىر ھۆكۈم چىقىرالماي، ھىندىلاردىن: «بۇ يېزىدا ئېيتقان سۆزلىرى ئارقىلىق ھۆكۈم چىقارسام بولىدىغان، دۇرۇستلۇقى ۋە راستچىللىقىغا ئىشەنگىلى بولىدىغان بىر مۇسۇلمان بارمۇ؟» دەپ سورىغان. ھىندىلار: "بار" دېگەن ۋە ئالىم، سالىھ بىر

مۇسۇلمان شەيخنىڭ ئىسمىنى دەپ بەرگەن. هاكىم ئادەم ئەۋەتىپ ئۇ كىشىنى چاقىرتىپ كەلگەن. خەۋەرچى شەيخنىڭ يېنىغا كەلسە، شەيخ: "مەن هېچبىر ئىنگلىزنىڭ يۈزىنى كۆرمەسلىككە قەسەم قىلغان" دېگەن. خەۋەرچى ئەھۋالنى هاكىمغا يەتكۈزگەن. هاكىم: "هېچۋەقە يوق، كېلىپ بۇ مەسىلىگە بولغان كۆز قارىشىڭنى ئېيتىپ بەرگىن" دەپ خەۋەر يوللىغان. شەيخ كەلگەن ۋە هاكىمغا دۈمبىسىنى قىلىپ تۇرۇپ: "بۇ داۋادا هىندىلار ھەقلىق، يەر ئۇلارنىڭ..." دېگەن. شۇنىڭ بىلەن، هاكىم قارارنى چىقارغان. مۇسۇلمانلار دەۋادا يېڭىلىپ قالغان بولسىمۇ، لېكىن بىر مۇنچە هىندىنىڭ كۆڭلىنى ئۇتقان بولۇپ، مۇشۇ ۋەقە تۈپەيلىدىن بىر گۇرۇھ هىندى دەرھال مۇسۇلمان بولغان. ئەينى ۋاقىتتا مۇسۇلمانلار ئىلىمنى بىر مۇقەددەس ئامانەت ۋە ئاللاھنىڭ لۇتپى دەپ قارايتتى. شۇڭا ئۇنى بازاردىكى مالدەك سېتىشنى ئويلىمايتتى. ئۇنىڭ بىلەن گۇناهكارلارنىڭ يامانلىقىغا ياكى دۈشمەنىنىڭ زالىملىقىغا ياردەم قىلمايتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، بىر زالىم نىزامنىڭ ياكى غەيرىي ئىسلامىي هۆكۈمەتنىڭ ئۇنىڭدىن پايدىلىنىشىنىمۇ ياقتۇرمايتتى.

ئىشەنچلىك مەنبەلەردىن پايدىلىنىپ يېزىلغان تارىخ كىتابلىرىدىن ئۇقۇشىمىزچە، شەيخ ئابدۇررەھىم رامپۇرى (هىجرىيە 1234 ـ يىلى تۇغۇلغان) رامپۇ شەھىرىدە ھەر ئاي ئىسلام ئەمىرلىكىدىن ئالىدىغان ئون رۇپىيە (مىسىر جۇنەيھىدىنمۇ كىچىك پۇل بىرلىكى) گە يەتمەيدىغان قىسمەن مائاش بىلەن مۇئەللىملىك قىلاتتى. ئىنگلىز ۋالىيسى هاكەنس ئەپەندى ئۇنى 250 رۇپىيە (19 مىسىر جۇنەيھا)لىك مائاش بىلەن برەيل ئىنىستىتۇتىغا تەكلىپ قىلدى (بۇ مائاشنىڭ هازىرقى قىممىتى 50 سۇنەيھكە تەڭ كېلىدۇ) ۋە بۇ مائاشنى كېيىنچە تېخىمۇ ئۆستۈرۈپ بېرىدىغانلىقىغا ۋەدە بەردى. ئەمما شەيخ بۇ تەكلىپنى قوبۇل قىلالمايدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ، ئۇنىڭغا ئۆزرە ئېيتتى ۋە: "بۇ ئون رۇپىيە ماڭا يېتىدۇ. ئەگەر بۇ ۋەزىپىنى قوبۇل قىلمىسام، بۇ ئون رۇپىيەدىن قۇرۇق قالىمەن" دېدى. ئىنگلىز ۋالىي هەيران بولغان هالدا: "مەن ئۆمرۈم بويىچە بۇنداق ئىشقا ئۇچراپ باقمىدىم، مەن مائاشىڭىزنى هازىرقىدىن نەچچە ھەسسە ئاشۇرۇپ

بېرىۋاتىمەن. لېكىن سىز بۇلارغا پەرۋا قىلماي، كىچىككىنە مائاشقا قانائەت قىلىۋاتىسىز...» دەيدۇ. شەيخ بىئارام بولغان ھالدا ئۆيىدە ئۆزى بەكمۇ ياخشى كۆرىدىغان مېۋىلىك شەمشاد دەرىخى بار ئىكەنلىكىنى، ئەگەر بىرەيلگە كەتسە، ئۇنىڭدىن مەھرۇم قالىدىغانلىقىنى ئېيتىپ تورۇۋالدى. ئەمما ئىنگلىز ۋالىي شەيخنىڭ مەقسىتىنى ھېچ چۈشەنمەي: «مەن مېۋىلەرنى رامبۇرىدىن بىرەيلگە ئاپىرىپ بېرىشكە تەييارمەن» دېدى. ئۈچىنچى قېتىم شەيخ ئەتراپىدا ئۆزىدىن دەرس ئېلىۋاتقان تالىپلىرىنىڭ بارلىقىنى، ئەگەر بۇ ۋەزىپىنى قوبۇل قىلسا، تالىپلىرىنىڭ دەرس ئالالمايدىغانلىقىنى بايان قىلدى. ئىنگلىز ئۈمىدسىزلەنمەي يەنە: «مەن ئۇلارنى بىرەيلگە بېرىپ دەرس ئېلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىمەن» دېدى. ۋە ناھايەت شەيخ ئەسلى مەقسىتىنى ئاشكارىلاشقا مەجبۇر بولۇپ: «ئەتە رەببىم مەندىن: ئىلمىڭ ئۈچۈن قانچىلىك ھەق ئالدىڭ؟ - دەپ سورىسا، مەن نېمە دەپ جاۋاب بېرىمەن؟...» دەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن، ئىنگلىز ۋالىي ھەيران قالىدۇ ۋە شەيخنىڭ ئالدىدا لام - جىم دېيەلمەيدۇ، شۇنداقلا بۇ ئارقىلىق ئىسلام دۇنياسىنىڭ ھەقىقىي غايىسىنى چۈشىنىدۇ. شەيخمۇ ھاياتىنى ھەر ئاي ئالغان ئون رۇپىيە مائاش بىلەن ئۆتكۈزىدۇ.

ئىلىمنىڭ تىجارەت مېلىدەك سېتىلىشىغا قارشى چىققان، ئېتىقاد ۋە شەرەپنى مال ياكى مەنپەئەت بىلەن سېتىۋېلىشقا بولمايدىغانلىقىنى ئوچۇق ئىپادىلەپ بەرگەن بۇ ئۇلۇغ روھ ۋە ئىلغار خاراكتېر بىلەن زامانىمىزدىكى ئىلىم، پىكىر ۋە سەنئەت ئىناۋىتىنىڭ خاراب ھالىنى ۋە يۈرەك چىدىغۇسىز ئېغىر ئەھۋالنى سېلىشتۇرۇپ بېقىڭ! كۈنىمىزدە نورغۇنلىغان كىشىلەر ئىلىمنى، ئەقلىنى ۋە قابىلىيىتىنى خۇددى سېتىلىدىغان مالدەك بازارغا سالماقتا ۋە [كىم ئارتۇق] ئۇسۇلى بىلەن كىم پۇلنى جىق بەرسە، شۇنىڭغا ساتماقتا. ئۇلار ئىلىمنى ئېتىقاد، غايە، نەتىجە، ھەۋەس ئۈچۈن قوللانمايۋاتىدۇ. خېرىدار بەرگەن پۇل ئۇلارنىڭ بىردىنبىر غايىسىدۇر.

بۇ ھەقتە كىشىنى قاتتىق ئويلاندۇرىدىغان، بەكمۇ ئۆكۈندۇرىدىغان

ۋەقەلەرنى ھەر كۈن دېگۈدەك كۆرۈپ تۇرۇۋاتىمىز. بىر قارىسىڭىز، تېخى تۈنۈگۈن ئىسلام ئاكادېمىيىسىدە ئىسلام ئىلىملىرى ۋە ئىسلام تارىخىدىن دەرس بەرگەن پروفېسسورنىڭ بۈگۈن قايسى بىر كاتولىك ئىنستىتۇتى بەش جۈنەيە مائاشنى ئارتۇق بەرگەنلىكى ئۈچۈن يۆتكەلگەنلىكىنى كۆرىمىز. ئىلگىرى مائارىپ ئىدارىسىدە ئىشلەۋاتقان، تەكشۈرۈپ ـ تەتقىق قىلىشقا ھېرىسمەن، مەدەنىيەتلىك، بىلىملىك بىر ياشنىڭ ئېتىبارلىق ژۇرناللاردا ماقالىلىرىنى ئوقۇغان بولسىڭىز، بىردىنلا رادىئو ئۆزۈلى ياكى ئايرودرومدا ئىشلەۋاتقانلىقىنى كۆرىسىز. بۇ زاتنىڭ ھايات يولى ۋە يۆلىنىشىنى ئۆزگەرتكەن سەۋەبىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى سورىغىنىڭىزدا، يېڭى ۋەزىپىسىدە ئون جۈنەيە كۆپ ئالغانلىقىنى بىلىسىز. پالانچى تەتقىقاتچى ئىسلام ئالەمىنىڭ بۈيۈك ئالىقىشغا ئېرىشىدۇ ۋە دەرھال تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكىگە يۆتكىلىدۇ ياكى بىر ياۋروپا دۆلىتىنىڭ تەرجىمانى بولۇۋالىدۇ. ئىشنىڭ ئەڭ يامان تەرىپى شۇكى، بۇ ئىشلار پەقەت بىر نەچچە جۈنەيە پۇلنى كۆپ ئېلىش ياكى پۇل ـ مال توپلاش ئارزۇسىدا قىلىنىدۇ. چۈنكى، دەۋرىمىزدە پارقىراق ئالتۇن ھايات يولىنىڭ بىردىنبىر خوجايىنى، ئەقىل ۋە روھلارنىڭ رەقىبسىز ھاكىمى بولۇپ قالدى.

ئىسلام تارىخىدىن ئوقۇشىمىزچە، ئاباسىيلارنىڭ مەشھۇر خەلىپىسى مەنسۇر بىر مەجلىستە بىر نەرسە يېزىش ئۈچۈن ئىبنى تاۋۇستىن قەلەم سورايدۇ. ئىبنى تاۋۇس بېرىشنى خالىمايدۇ. خەلىپە ئۇنىڭ قەلىمىنى نېمە ئۈچۈن بېرىشنى خالىمىغانلىقىنى، مۇسۇلمانلارنىڭ خەلىپىسىنىڭ ئەمرىگە نېمە ئۈچۈن ئىتائەت قىلمىغانلىقىنى سورايدۇ. ئىبنى تاۋۇس: "سېنىڭ بۇ قەلەم بىلەن گۇناھ بولىدىغان بىرەر ئىشنى يېزىشىڭدىن ۋە شۇ ئارقىلىق مېنىڭمۇ ساڭا ياردەملەشكەن بولۇپ، بۇ گۇناھقا شېرىك بولۇپ قېلىشىمدىن قورقۇۋاتىمەن..." دەيدۇ. مۇسۇلمانلار ئاللاھ تائالانىڭ ئەمرىگە مانا مۇشۇنداق بۈيۈك ئىتائەتمەنلىك بىلەن مەھكەم ئېسىلغان ئىدى.

ياخشى ئىشقا ۋە تەقۋادارلىققا ياردەملىشىڭلار، گۇناھقا ۋە زۇلۇمغا

ياردەملەشمەڭلار...﴾. (سۈرە مائىدە 2- ئايەت)

مۇسۇلمانلارنىڭ ئۆزلىرى رازى بولمايدىغان ۋە ھايات پەلسەپىسىنى ياقتۇرمايدىغان بىر نىزامغا ۋە ئۇنىڭ ئىجرائىيە مەۋقەسىگە ئۆتۈشنى خالىماسلىقى ھەققىدىكى تەپسىلات ۋە رىۋايەتلەر تىللاردا داستان بولغان ئىدى. ئەينى ۋاقىتتا بۇ پرىنسىپلار ئىسلامىي ھاياتنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدىلا يولغا قويۇلغان ئىدى. ئۆزىنى گۇناھ ۋە زۇلۇمغا ياردەملىشىشتىن قەتئىي تارتىدىغان بۇ ئىسىل ئەخلاقىي - پەزىلەتنى، توغرا بولمىغان بىر نىزامغا چېتىلىپ قالماسلىق ئۈچۈن كۆرسىتىلگەن بۇ مۇداپىئەنى، ئىسلام ئۈممىتىنىڭ مەنپەئەتلىرىگە توغرا كەلمەيدىغان ياكى ئۇنىڭغا زىيانلىق بولغان ۋە ياكى ئىسلام ئۈممىتىگە توزاق قۇرغانلارغا ياردەملەشمەسلىك ئۈچۈن قىلىنغان بۇ زىرەكلىكنى... شۇنداق، مانا بۇلارنىڭ ھەممىسىنى بۈگۈنكى مۇسۇلمانلارنىڭ ياۋروپالىقلارغا يول قويۇشى بىلەن، ئەجنەبىيلەر ئۈچۈن ئىشلەۋاتقان شۇ پارلاق زېھىنلەر، يۇقىرى قابىلىيەتلەر، كۈچلۈك قەلەملەر ۋە قىممەتلىك ئەسەرلەر بىلەن سېلىشتۇرۇپ كۆرۈڭ.

بىر تەرەپتە يات دۆلەتلەرنىڭ مۇسۇلمان دۆلەتلەردە ئۆز تەشۋىقاتلىرىنى قانات يايدۇرۇش، مۇسۇلمانلارنىڭ ئەقلى ۋە قەلبىنى بۇزاش، ياللىۋالغان غاپىل مۇسۇلمانلار ئارقىلىق ھەقىقەتلەرنى بۇرمىلاش ئۈچۈن نەشر قىلغان گېزىت - ژۇرناللىرىنىڭ باش مۇھەررىرلىكىنى قىلىۋاتقان ئۇستا يازغۇچىلار ۋە مۇسۇلمان ياشلار...

يەنە بىر تەرەپتە ساپ مۇسۇلمان نەسلىدىن بولغان، مۇسۇلمان، سەممىي، شەرمى - ھايالىق ئائىلىلەرگە مەنسۇپ، ئەجدادلىرى ھەقنى قوغداش ۋە باتىلنى يوق قىلىش ئۈچۈن كۈرەش قىلغان، ئەۋلادلىرىغا شان - شەرەپ ۋە تىللاردا داستان بولغۇدەك تەڭداشسىز تارىخ قالدۇرغان، تومۇرلىرىدا ئاتىلىرىنىڭ قانلىرى ئايلىنىۋاتقان، يۈزلىرىنىڭ رەڭگى ۋە قورۇقلىرىدىن ئېسىل نەسەبلىك ئىكەنلىكى كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان بىر تۈركۈم ھۆرمەتكە سازاۋەر كىشىلەرمۇ يات ئەللەرنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن خىزمەت قىلماقتا. قۇرئان كەرىم نازىل بولغان، ئىران ۋە رىم

پادىشاھلىرىنىڭ سارايلىرىدا خىتاب قىلغان، ئىسلام دەۋاسىنى قانات يايدۇرغان، قەلبلەرگە ھەيۋەت ۋە ئىشەنچ بەرگەن، مۇسۇلمان قوماندانلارنىڭ جىھاد خۇتبىلىرىنى ئوقۇغان ئىسلام پەيغەمبىرى ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇ ناتىق، پاساھەتلىك دىلى ياتلارنى قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويغان ئىدى. شۇنداق، پەقەت ئىسلام قەھرىمانلىرىغا لايىق بولغان بۇ پاك دىل بىلەن ۋە پەقەت جىھاد مەيدانلىرىدا مۇكەممەللەشكەن بۇ پارلاق ۋە پاساھەتلىك سۆزلەر بىلەن پەزىلەتلىك دەپ بىلىنگەن بۇ گۇرۇھ پۇتبولچىنىڭ توپ ئوينىتىشى ياكى بىر بوۋاقنىڭ قەغەز پارچىلىرى بىلەن زاكىلانغىنىغا ئوخشاش مۇسۇلمانلارنى ئەخمەق قىلىۋاتقان يات دۆلەتلەرنىڭ تەشۋىق - تەرغىبلىرىنى يايغان ئىدى. شۇنىڭ بىلەن ئەجنەبىي ھۆكۈمەتلەر مۇسۇلمانلارنىڭ سىياسەتلىرىنى، مۇستەقىللىقىنى (ھۆرلۈكىنى)، ئىمانىنى، ئۆي - پىكرىنى ۋە ئىقتىسادىي قۇرۇلمىلىرىنى بىتچىت قىلىپ، پىتنە - پاسات تېرىدى ۋە ئاخىرىدا مۇسۇلمانلار ئەجنەبىيلەرنىڭ قۇلىغا، مالىيىغا ئايلاندى.

ۋە يەنە بىز "مۆھتەرەم" دەپ ئويلىغان بۇ كىشىلەرنىڭ ئاغزىدىن ئەجنەبىي ھۆكۈمەتلەرنىڭ مۇسۇلمانلار ۋە ئەرەبلەرنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن خىزمەت قىلىۋاتقانلىقىنى، پۈتۈن ئارزۇسىنىڭ مۇسۇلمانلارنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئىكەنلىكىنى ئاڭلىدۇق... ئۇلار ياتلارنىڭ "قاراڭغۇلۇق ئىچىدە ئۇزۇپ كېتىۋاتقان دۇنيانىڭ بىردىنبىر ھۆررىيەت نۇرى" ئىكەنلىكىنى ئۇقتۇردى.

ئەينى ۋاقىتتا بۇ كىشىلەرنىڭ ئەنگلىيە رادىئوسىنىڭ ئەرەب دۆلەتلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، ئەرەبلەرنىڭ مەدەنىيەت ۋە پىكىر بىرلىكىنى قوغداش ئارقىلىق ئارىلىرىدىكى مۇناسىۋەتنى كۈچەيتىش، ئەرەب - ئىسلام مەدەنىيىتىنى يېيىش، مۇسۇلمانلارغا شانلىق تارىخلىرىنى ۋە پارلاق مەدەنىيەتلىرىنى تونۇتۇش - ئەرەب دۇنياسىغا ھادىسىلەرنىڭ ئىچكى يۈزىنى ئۆز پېتى كۆرسىتىپ بېرىش، ۋەقەلەرنىڭ جەريانىنى بىتەرەپ ئورۇندا تۇرۇپ توغرا ۋە ساغلام بىر شەكىلدە يەتكۈزۈش ئۈچۈن ئەمگەك سەرپ قىلىۋاتقانلىقىنى ۋە بۈيۈك خىزمەتلەرنى

قىلىۋاتقانلىقىنى كۆپەيتىپ - قايناپ چۇشەندۇرۇۋاتقانلىقىنى كۆردۇق ۋە يەنە بۇ كىشىلەرنىڭ ئەجنەبىي دۆلەتلەرنىڭ خىيالىي دېموكراتىيە سەپسەتىسىگە ئالدىنىپ، ئۇلارنىڭ ئىجتىمائىي بەختەرلىك ۋە دۇنيا تىنچلىقىنى بەرپا قىلىش، ئاجىز مىللەتلەرنى ۋە قالاق دۆلەتلەرنى ھۆررىيەتكە ئېرىشتۈرۈپ، ئادالەت ۋە باراۋەرلىك بايرىقىنى تىكلەش، مەزلۇمنىڭ ھەققىنى زالىمدىن ئېلىپ، ئادالەت ئورنىتىش ئۈچۈن ئىشلەۋاتقانلىقى ھەققىدە ئەزۋەيلەپ قۇرۇق گەپلەرنى قىلىۋاتقانلىقىنى كۆپ ئوقۇدۇق ۋە ئاڭلىدۇق!

ئەگەر بۇ قۇرۇق گەپلەرنى قىلغانلارنىڭ ئېغىزىدىن چىقىۋاتقان سۆزلەرگە چىن قەلبىدىن رازى بولمىغان بولسا، ئۇلار بۇ گەپلەرنى پەقەت ئىقتىسادىي مەنپەئەتلىرى ئۈچۈن سۆزلىگەن بولاتتى. ياكى بۇلارنىڭ ھەممىسى قەلبلىرىنىڭ بىخەستىشى ۋە يۇقىرى باھالىق بۇيۇملىرىنىڭ ئەرزانلىغانلىقىنىڭ نەتىجىسى ئىدى. ياكى بولمىسا، مەنىلەرنى ئىپادىلىگۈدەك سۆزلەرنىڭ يوقلىشى ياكى ئەرەب تىلىنىڭ ئەرەبلەرگە بولغان تەسىرىنى يوقىتىپ قويغانلىقىدىن ئىدى. ئەگەر بۇلار ئېتىقادىنى، ئىتائەتىنى ۋە ئۇقۇملارنى جاي - جايىدا قوللىنىشتىن كەلگەن بولسا، ئۇ ۋاقىتتا ئۇلار ھەقىقەتلەرنى بىلمىگەن، تويغۇلار ئالەمنىڭ رېئاللىقىنى ئىنكار قىلغان ۋە يۈرەكلىرى ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرۈگەن بولىدۇ.

بۇ ئەسىر قارىمۇقارشىلىق، زىتلىق ئەسىرىدۇر. بىر ئەدەبىياتچى ياكى گېزىتچى بۈگۈن ئىسلام ئۈچۈن جان - جەھلى بىلەن مۇجادىلە قىلغان مۇجاھىدلاردىن ياكى ئىسلام يېڭىلىقچىلىرىدىن بىرىنىڭ ھاياتى ھەققىدە قەھرىمانلىق روھى يۇرايدىغان (چىقىپ تۇرىدىغان) بىر كىتاب يازىدۇ، قەلەمگە ئالغان ماقالىنىڭ ياكى يازغان كىتابىنىڭ سىياھى تېخى قۇرىماي تۇرۇپ، قەلىمىنى قولىغا ئېلىپ، بىر ۋەتەن خائىنىغا ياكى كىرىم قىلىش ۋە سىياسىي مەنپەئەتلىرى ئۈچۈن بىر يات سەنئەتكە ئالقىش، مەدھىيىلەر توكىدۇ ۋە ھېچقانداق قارشىلىققا ئۇچرىمايدۇ.

لېكىن يات ئەللەر ئۈچۈن خىزمەت قىلغانلار، يات ئەللەرنىڭ رادىئولىرىدىن زېھنلىرى قوبۇل قىلمايدىغان، كۆڭۈللىرى رازى بولمايدىغان پروگراممىلارنى

سۇنغانلارنىڭ ياكى گېزىت چىقارغانلارنىڭ ۋە ياكى ئايلىق مائاشقا، پۇلغا كىتاب يازغانلارنىڭ ۋىجدانلىرى جاھىلىيەت دەۋرىدىكى ئەرەبلەرنىڭ ئېتىدىنمۇ ئاددىي ۋە ئەرزاندۇر. چۈنكى، بۇ ۋىجدانلار ئىجارىگە بېرىلمەكتە، سېتىلماقتا، ئەمما ئەرەبلەرنىڭ ئېتى ئىجارىگە بېرىلمەيتتى، سېتىلمايتتى.

شەرق دۇنياسىدىكى مۇناسىۋەت ۋە تەرتىپ - نىزام ئاساسەن مەنىۋى ئاساسلار ئۈستىگە قۇرۇلغان ئىدى. بۇلار ئەقلىي، ياكى روھىي ياكى ۋىجدانىي بولاتتى. بۇ مۇناسىۋەتلەردە شەخسىيەتچىلىك ۋە ئۆزۈمچىلىكنىڭ ئورنى يوق ئىدى. بۇ ئارقىلىق ماددا ۋە مەنپەئەت بىلەن ئالاقىسى بولمىغان مۇناسىۋەت ۋە تەرتىپ - نىزاملار مەيدانغا كېلەتتى. بۇ مۇناسىۋەت ئىنسانلارنىڭ قان تومۇرلىرىغا ۋە ھۈجەيرىلىرىگە سىڭىپ كەتكەن ئىدى، شۇڭا، دەۋرىمىزدىكى باللارنىڭ ئاتا - ئانىسى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ۋە ئۇلارغا بولغان ھۆرمىتى بۇرۇنقى دەۋردە تالىپلارنىڭ ئۇستازى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ۋە ئۇلارغا بولغان ھۆرمەت ۋە سۆيگۈسىنىڭ ئالدىدا تۆگىنىڭ ئالدىدىكى تۆگمىنىڭ مىسالىغا ئوخشايدۇ.

ھىندىستان ۋە خۇراساندىكى يولغا قويۇلغان ئوقۇتۇش سىستېمىسىنى تۈزگۈچى مەشھۇر ئەللامە نىزامىددىن ئەللەكۇھنەۋى (ھىجرىيە 1161 - يىل) نىڭ ئۆلۈم خەۋىرى ئۇنىڭ تالىپى سەييىد كامالىددىن ئەل ئازىم ئابادىغا يېتىپ بارغاندا، ئۇ بۇ ئېغىر قايغۇغا چىدىماي ۋاپات بولغان ئىدى. يەنە بىر تالىپى زارق ئەل ئازىم ئابادىمۇ كۆپ يىغلىغانلىقىدىن كۆزلىرىدىن ئايرىلىپ قالغان ئىدى. ئەمما، كېيىنچە بۇ خەۋەرنىڭ يالغان ئىكەنلىكى ئوتتۇرىغا چىقتى.

زامانىمىز كىشىلىرىنىڭ ئەقلى بەلكىم بۇ مىسالنى قوبۇل قىلالماسلىقى مۇمكىن، ئەمما شەرقنىڭ روھىنى چۈشىنىدىغانلار، شەرقتىكى تالىپنىڭ ئۇستازى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى ۋە ئۇنىڭغا بولغان ھۆرمىتىنى، سۆيگۈسىنى بىلىدىغانلار بۇ رىۋايەتنى غەلىتە ھېس قىلمايدۇ ۋە ئۇنى يالغانغا چىقارمايدۇ.

ئەخلاق تارىخى ۋە پەلسەپىسى بىلەن ئاز - كۆپ شۇغۇللانغانلار مىلادىدىن

تۆت ئەسىر بۇرۇن ياۋروپادا بىر پەلسەپە ئېقىمىنىڭ پەيدا بولغانلىقىنى يالغۇز بىلىدۇ. مىلادى 19 ـ ئەسىرگىچە بۇيۈك پەيلاسوپلار ۋە "ئەخلاق ئۇستىلىرى" بۇ ئېقىمغا خىزمەت قىلدى. بۇ ئېقىم ۋۇجۇد راھىتىنى ئۆزىنىڭ ئاساسى قىلغان ئىدى ۋە ئۇنى ئەخلاقنىڭ ئۆلچىمى، مۇئامىلىلەرنىڭ پرىنسىپى دەپ قوبۇل قىلاتتى. ۋە بۇ ئېقىم ياقلىغۇچىلىرىغا ھەر پۇرسەتتە دۇنيا ھاياتىدىن پايدىلىنىشنى ۋە زامانىنىڭ ھەر مەزگىلىنى غەنىيمەت بىلىپ قەدرىگە يېتىشكە تەۋسىيە قىلاتتى.

كېيىنچە بۇ ئىككىگە ئايرىلدى:

1 ـ شەخسىيەتچىلەر،

2 ـ مەنپەئەتچىلەر،

شەخسىيەتچىلەر مۇنداق دەيتتى:

ئىنسان بىلەن ھېسسىياتى ئارىسىدا ھېچقانداق توسالغۇ قويماسلىق كېرەك. ئىنسان دۇنيانىڭ راھەت ـ پاراغىتىدىن خالىغىنىچە پايدىلىنىشى كېرەك. خۇشاللىق بولسا راھەت ـ پاراغەت ئىچىدە كەيپ سۈرۈش ۋە نەپسىنىڭ ئارزۇلىرىنى قاندۇرۇش، بەخت ـ سائادەت شىڭگىللىرىنى ئىككى قوللاپ ئۈزۈشتىن ئىبارەتتۇر.

مەنپەئەتچىلەرنىڭ قارىشىچە: بۇ ئېقىمنىڭ مۇناسىۋەتلىك ماددىلىرى بويىچە بىرىنچى ۋەزىپە ئىنسانىيەت ئالىمىدە ئىنسانلارنىڭ ئۆزى بىلەن راھەت ۋە ئويۇن - تاماشىلىرىنىڭ ئەڭ كۆپ قىسمىنى تەشكىل قىلىدىغان "مەنپەئەت" نى تەمىن ئېتىشتىن ئىبارەتتۇر. ئۇلارنىڭ قارىشىچە مۇئامىلىنىڭ ئۆلچىمى بولۇپ، ئىنسانىيەتنىڭ كۆپ قىسمىغا راھەت ـ پاراغەت ئاتا قىلىدىغان بارلىق ئىش ـ ھەرىكەت ئەخلاققا ماس كېلىدىغان، توغرا ئىشلاردۇر. سائادەت بولسا، ئىنسانلارنىڭ راھەت پاراغىتى كۆپىيىپ، ئەلەم ۋە ئازابلىرىنىڭ ئازىيىشىدىن ئىبارەتتۇر.

بۇ ئېقىمنى ئۇقۇپ، تەتقىق قىلغانلار بۇ ئېقىمدىكى راھەت - پاراغەتكە بېرىلىدىغان ماددىي روھنى ۋە بۇ روھتىكى ئارزۇلارنىڭ تۆۋەندىن يۇقىرىغا يامىشىش ئۈچۈن ئېلىپ بارغان ئىش - ھەرىكىتىنى ئاسانلا ھېس قىلالايدۇ. بۇ ئەھۋال شەرق دۇنياسىنىڭ تەبىئىتىگە ۋە ساماۋى دىنلارنىڭ نەزىرىيىسىگە پۈتۈنلەي خىلاپ. ئەمما بۇ ماددىي ئارزۇ غەرب پەلسەپىسىگە، ئەخلاقىغا، ئەدەبىياتىغا ۋە مەدەنىيەتكە كەڭ كۆلەملىك تەسىر قىلغان بولۇپ، غەربنىڭ ئەنئەنىلىرى ۋە ھاياتى ئۇستىدىكى ھاكىمىيىتىنى تا ھازىرغىچە داۋاملاشتۇرۇپ كەلمەكتە.

كېيىنچە ئېقىمنىڭ ياقىلىغۇچىلىرى مەنپەئەتنىڭ دىئاگنوزىنى ۋە ئۆلچىمىنى ماددىغا يۆلەپ قويدى. چۈنكى ئۇلارنىڭ ئەقىل - پىكرى ماددىدا ئىدى. نەتىجىدە ساپ ماتېرىيالىزم شەكلىگە كىردى. چۈنكى ماتېرىيالىزم تۇيغۇ ئورگانلىرى بىلەن سېزىلمىگەن، سان، ئۆلچەم ۋە تارازىدا تارتىلىپ ئۆلچەنمەيدىغان نەرسىلەرنىڭ ھەقىقەت ئىكەنلىكىنى قوبۇل قىلمايتتى. راھەت - پاراغەت بەرمەيدىغان نەرسىگە ئاسانلىقچە ئىشەنمەيتتى. ھەتتا بۇ ئېقىمنىڭ ئاساسچىسى ئەپىكۇر (مىلاددىن بۇرۇنقى 271 - يىلى) بارلىق مۆئمىلىنىڭ ئاساسىدا مەنپەئەت ياتىدىغانلىقىنى، راھەت بېغىشلىمايدىغان نەرسىنىڭ ھېچ قىممىتى يوق ئىكەنلىكىنى ئوچۇق ئېلان قىلغان ئىدى. ئۇنداقتا، غەربنىڭ قەدەممۇ قەدەم ئالغا ئىلگىرىلەپ، پىشىپ يېتىلگەن ئىدىيە ۋە تەبىئىتى، قانداق قىلىپ ئەسىرلەر ۋە نەسىللەر بويى ماددىي راھەتكە بېرىلىپ كەتتى؟

مانا بۇلارنىڭ نەتىجىسىدە غەربنىڭ زېھنى ۋە ئەسىرنىڭ مەنتىقىسى راھەت - پاراغەت بەرمەيدىغان، تۇيغۇ ئەزالىرى بىلەن ھېس قىلغىلى بولمايدىغان مەنپەئەتنى قولغا كىرگۈزۈشكە مۇۋەپپەق بولالمىدى ۋە بۇ ئارقىلىق ياۋروپانىڭ ئەقىل - ئىدرىكى ماتېرىيالىزمنىڭ قوغدىغۇچىسى بولۇپ قالدى. ئەخلاقىي ماددىي مەنپەئەت بىلەن تەمىنلەيدىغان، جەمئىيەتنى راھەت - پاراغەتكە ئېرىشتۈرىدىغان، ئىنسانلارنى ھۇزۇر - ھالاۋەت ۋە راھەت - پاراغەت تۇرمۇشقا

ئىگە قىلىدىغان ئۆلچەمدە توغرا ۋە گۈزەل دەپ قوبۇل قىلاتتى، نەتىجىدە ماددىي مەنپەئەت ئەخلاقنىڭ ئۆلچىمى، ياخشىلىق ۋە يامانلىقنىڭ بىردىنبىر پرىنسىپى بولۇپ قالدى. ماددىي ئۆلچەملەرگە كىرمەيدىغان، بۇرۇنقى ئىستىلاھلاردا ئەخلاقىي ياكى دىنىي ئېتىباردىن باشقا ھېچقانداق قىممىتى بولمىغان ئەخلاق ئۇقۇمى كۈندىن - كۈنگە قەلب ۋە ئىدىيىسىدىكى ھۆكۈمرانلىقىنى يوقاتتى. ياقىلغۇچىلىرىنى يوقىتىپ قويىدى ۋە نەتىجىدە ئاتا - ئانىنىڭ بالىلىرىغا بولغان شەپقىتى ۋە ئەر - خوتۇنلارنىڭ بىر - بىرىگە بولغان سۆيگۈ - مۇھەببىتى دېگەنلەر بۇرۇنقى ئەسلىمە ۋە ئۆتمۈشنىڭ قالدۇقلىرىغا ئايلىنىپ قالدى ۋە ئەخلاقنىڭ ئورنىنى تا ھازىرغىچە تەسىرىنى يوقاتمىغان، قىممەت - ئېتىبارى بارغانسىرى يۈكسەلگەن سانائەت بۇيۇملىرى، ئىجادلار، مەھسۇلاتلار، ئىرقچىلىق ۋە مىللەتچىلىك ئىگىلىدى.

بۈگۈن زامانىۋى جەمئىيەت سىياسىي، سانائەت ۋە ئىقتىسادىي ئاساسلار ئۈستىگە قۇرۇلغان ئىجتىمائىي نىزاملىرى بىلەن ئائىلىۋىي مۇناسىۋەتلەردىن، قان قېرىنداشلىقتىن ۋە ئەخلاقىي ئاساسلاردىن پۈتۈنلەي مەھرۇم ھالدا ياشىماقتا. يەنى شەخسلەرنىڭ بۇ ھەرىكەتلىرى جەمئىيەتتە ھۇزۇرسىزلىق پەيدا قىلمىغاندەك، جەمئىيەتنىڭ ئاساسىي نىزامىغا تەسىر قىلمايۋاتىدۇ ۋە مەدەنىيەتنىڭ ئېقىشىغا توسقۇنلۇق قىلمايۋاتىدۇ؛ بالىنىڭ دادىسىغا قارشى چىقىشى، ئايالنىڭ رەسۋاچىلىقى ياكى ئېرىنىڭ ئۈستىدىن شىكايەت قىلىشى، يولدىن چىقىشى، ئەرنىڭ يامان ئىشلارنى قىلىشى ياكى ئايالىنىڭ ئېرىگە خىيانەت قىلىشى بەك مۇھىم ئەمەس دەپ قارالماقتا...

# بەشىنچى قىسىم

# ئىسلامنىڭ دۇنياغا رەھبەرلىك قىلىشى

ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# بىرىنچى بۆلۈم

# ئىسلام دۇنياسىنىڭ تەرەققىي قىلىشى

## پۈتۈن دۇنيانىڭ جاھىلىيەتكە يۈزلىنىشى

ئالدىنقى بۆلۈملەردە بايان قىلىپ ئۆتكىنىمىزدەك، خىرىستىئان ياۋروپا بەزى تارىخىي، ئەقلىي ۋە تەبىئىي سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن پەيغەمبەرلەردىن قالغان ھەر تۈرلۈك روھىي ئاساسلاردىن، ئەخلاقىي ئېتىبارلاردىن ۋە ئىنسانىي قىممەتلەردىن يىراقلىشىپ، ماتېرىيالىست جاھىلىيەتكە يۈزلەنگەن؛ شەخسىي ھاياتىدا ماددىي مەنپەئەت ۋە راھەت - پاراغەتتىن، سىياسىي ھاياتتا كۈچ - قۇۋۋەت ۋە ئۈستۈنلۈكتىن، ئىجتىمائىي ھاياتتا چېكىدىن ئاشقان مىللەتچىلىكتىن باشقا ھېچنەرسىگە ئىشەنمەسلىككە باشلىغان؛ ئىنسانلارنىڭ تەبىئىتىدە ۋە ئەخلاقىي ئېتىبارلىرىدا چوڭ ئۆزگىرىش پەيدا قىلىپ، ئۇلارنى ھەرخىل ماشىنىلار بىلەن ئالدىغان؛ غايە ۋە نىشانلىرىنى خورلىغان ۋە ھايات لىنىيىلىرىنى ئۆزگەرتىۋەتكەن ئىدى. خىرىستىئان ياۋروپا ئەخلاقىي تەربىيە، روھىي ئوزۇقنى داۋاملىق كەمسىتىپ، پەيغەمبەرلەر ئېلىپ كەلگەن بارلىق ئاساسلارنى ئىنكار قىلىپ، ئىجاد ۋە كەشپىياتلىرىنى تېزلىتىش، ئەخلاقىي ۋە دىنىي توسالغۇلارنى ئېلىپ تاشلاپ، كۈچكە ۋە زوراۋان بىر ماددىي ئىمكانغا ئېرىشىش ئارقىلىق ئاجىزلارنى ئېزىدىغان، نەسىللەرنى ۋە مىللەتلەرنى خانىۋەيران قىلىدىغان قورقۇنچلۇق كۈچ ھالىغا كەلدى. شۇنداق، مۇسۇلمانلارنىڭ ھايات سەھنىسىدىن چېكىنىشى، مىللەتلەرنىڭ ۋە دۇنيانىڭ رەھبىرى ئورنىدىن ئايرىلىشى، دىن ۋە دۇنيا ئىشلىرىدىكى ھەددىدىن ئاشۇرۇۋېتىشلىرى، ئۆزلىرىگە ۋە قېرىنداشلىرىغا قارشى ئۆتكۈزگەن جىنايەتلىرى نەتىجىسىدە، ياۋروپالىقلار مىللەتلەرنىڭ داھىيسى بولدى ۋە بۇ ئارقىلىق خىزمەتچىسى

قالمىغان ھايات ۋە مەدەنىيەت كىمىسىنىڭ رولىنى ۋە دۇنيا رەھبەرلىكىنى مۇسۇلمانلاردىن ئۆتكۈزۈۋالدى. نەتىجىدە پۈتۈن دۇنيا مىللەتلىرى، جەمئىيەتلىرى ۋە مەدەنىيەتلىرى بىلەن بىللە ماتېرىيالىزملىق جاھىلىيەت پاراۋۇزى سۆرىگەن مەنزىلگە قاراپ ئۇچقاندەك ئىلگىرىلىگەن ۋاگونغا ئوخشاپ قالدى. مۇسۇلمانلارمۇ باشقا مىللەتلەرگە ئوخشاش، قوللىرىدىن ھېچ ئىش كەلمەيدىغان، چارىسىز يولۇچىلارنىڭ ئەھۋالىغا چۈشۈپ قالدى. ياۋروپا كۈچ - قۇۋۋەت ۋە سۈرئەت جەھەتتىن تېز ئالغا بېسىپ، ماددىي قورال ۋە ۋاستىلىرى كۆپەيگەنسېرى، بۇ ئىنسانىيەت ۋاگونلىرى جاھىلىيەت مەنزىلىگە قاراپ ئىلگىرىلەۋاتاتتى. شۇنداق! ئوتقا، يوقلۇققا، ئازاب ۋە ئۆلۈمگە، ئىجتىمائىي تاشقىنلىققا، ئەخلاقىي چېكىنىشكە، ئىقتىسادىي بوھرانغا، روھىي ۋەيرانچىلىققا قاراپ ئىلگىرىلەۋاتاتتى. مانا بۈگۈن ياۋروپا ئەڭ تېز سۈرئەتلىك پويىزدىنمۇ ئېشىپ كېتىۋاتماقتا. ئۇ ئايروپىلان تېزلىكى بىلەن ھەتتا ئاتوم ئېنېرگىيىسى بىلەن غايىسىگە يېتىش خىيالىدا يۈرمەكتە.

## ياۋروپا پەلسەپىسىنىڭ دۇنياغا تارقىلىشى

ھازىر دۇنيانىڭ ھېچبىر يېرىدە يەنى ئامېرىكا، ئافرىقا ۋە ئاسىيادا ياۋروپالىقلارنىڭ ئېتىقاد ۋە ئىدىيىسىگە قارشى چىقىدىغان، كۆز - قاراشلىرىنى تەنقىد قىلىدىغان، ماتېرىيالىزمغا تايانغان ھايات نىزامىنى ۋە بىخىسىغان جاھىلىيەت پەلسەپىلىرىنى سوراققا تارتىدىغان ھېچقانداق جەمئىيەت ۋە مىللەت يوق. بىز ئاڭلاۋاتقان، كۆرۈپ تۇرۇۋاتقان سىياسىي تالاش - تارتىشلار ۋە مىللەتلەر ئارا توقۇنۇشلار ئەسلىدە رەھبەرلىك دەتالىشى ۋە ئورتاق غايىنىڭ تىزگىنلىگۈچىسىنى تەيىنلەش جېدىلى ئىدى. دۇنيانىڭ مەركىزى بولۇپ قالغان دەرىجىدىن تاشقىرى دۆلەتلەر ئۆزىنىدىن بىرى يەر يۈزىنىڭ كىرىم مەنبەلىرىنى، ئېنېرگىيە ئامبارلىرىنى، بازارلىرىنى، قالاق دۆلەتلىرىنى ۋە دۇنيا رەھبەرلىكىنى مۇستەبىت ئۇسۇللار ئارقىلىق ئۆز قولىدا تۇتۇپ كېلىۋاتقان ئىنتىپاقداشلىرىنىڭ بۇ ئورۇندا يەنە تۇرۇۋېرىشىنى خالىمايتتى. ئەمەلىيەتتە، دەرىجىدىن تاشقىرى دۆلەتلەر ئىلىم، كۈچ - قۇۋۋەت، نىزام، ئىنتىزام، ئەقىل ۋە

تېخنىكىدا ئىتتىپاقداشلىرىدىن تۆۋەن تۇرمايتتى. ھەتتا ئۇلاردىن نەچچە ھەسسە ئۈستۈن بولۇپ. ئەمما ئۇلارنىڭ غايىسى باشقا ئىدى. باشقا ساھەلەرگە سىڭىپ كىرىشنى ئويلايتتى. خرىستىئان دىنىنىڭ تەشۋىق ـ تەرغىباتلىرىنى ئۆز ئۈستىگە ئېلىش ئارزۇسىدا تولغىناتتى. يەر يۈزىدە ئادالەت ئورنىتىش، مىللەتلەرنى دىن ۋە تەقۋادارلىقتا يۈزلەندۈرۈش، ئىنسانىيەتنى ماتېرىيالىزمنىڭ ئازغۇن دولقۇنلىرىدىن قۇتۇلدۇرۇپ، ئەخلاق ۋە روھانىيەت ساھىللىرىغا چىقىرىشنى ئارزۇ قىلاتتى. ئەمما ئەپسۇس، مىڭ ئەپسۇس!

كوممۇنىست رۇسىيىنى ئېلىپ ئېيتساق، ئۇ، غەرب مەدەنىيىتىنىڭ پىشىپ ـ يېتىلگەن بىر مېۋىسىدىن ئىبارەت خالاس. رۇسىيىنىڭ ياۋروپا جەمئىيەتلىرىدىن ۋە دۆلەتلىرىدىن ھېچ پەرقى يوق. لېكىن رۇسىيە ياۋروپالىقلارنىڭ ئۇزۇن زامانلاردىن بېرى، بەزىدە كۆرسىتىپ، بەزىدە تىقىپ قويغان، يۈز يىللاردىن بۇيان ئەخلاق ۋە ئىجتىمائىي پرىنسىپ قىلىپ ئۆزلەشتۈرۈۋالغان ئىككى يۈزلىمىچىلىك ۋە يالغانچىلىق پەردىسىنى پۈتۈنلەي ئېلىپ تاشلىغان ئىدى. لېكىن رۇسىيە دىنسىزلىقتا، ماتېرىيالىست ھايات پەلسەپىسىدە ۋە ئازغۇن ماتېرىيالىزملىقتا بۇ مىللەت ۋە دۆلەتلەردىن تېخىمۇ بەك ئېشىپ كەتتى. چۈنكى رۇسىيە دۇنيا رەھبەرلىكىنى قولىغا كىرگۈزۈپ، پۈتۈن ئىنسانىيەتنى تېزرەك قىسماققا ئېلىش ئارزۇسىدا ئىدى.

## ئاسىيا مىللەتلىرى ۋە دۆلەتلىرى

شەرق خەلقلىرى، ئاسىيا مىللەتلىرى ۋە دۆلەتلىرىنى ئېلىپ ئېيتساق، ئۇلارمۇ ياۋروپا جەمئىيىتىنىڭ مەدەنىي ۋە سىياسىي غايىسىگە قاراپ يۈرمەكتە. ئەخلاقتا، ئەنئەنىلەردە ۋە ئىجتىمائىي مۇئامىلىلىرىدە ئۇلارنى تەقلىد قىلىشقا باشلىدى. غەربنىڭ كائىنات ۋە ھايات كۆز ـ قارىشى بىلەن ئۇلارنىڭ كائىنات ۋە ھايات كۆز قارىشى ئارىسىدا ھېچقانداق پەرق يوق. ھەممىسى ئوخشاش نەرسىلەرنى ئويلايدۇ. غەربنىڭ ھايات يولى، ئەخلاق كۆز ـ قارىشى ۋە ئوقۇتۇش سىستېمىسى قانداق بولسا، ئۇلارنىڭمۇ شۇنداق. ئەمما يات مىللەتلەرنىڭ بويۇنتۇرۇقى ئاستىدا ئەقلىسىز مىللەتلەرگە ئوخشاش

باشقىلار تەرىپىدىن ئىدارە قىلىنىشنى ياقتۇرمايتتى.

شۇنداقلا، ياۋروپا مىللەتلىرى ۋە دۆلەتلىرىنىڭ ئۆز ئۇستىگە ھاكىمىيەت قۇرۇپ، ئۆزلىرىنى قانات ئاستىغا ئېلىشنى، كىرىم ۋە ئېنېرگىيە مەنبەلىرىنى تالان- تاراج قىلىشنى ئارزۇ قىلمايتتى. شەرقتە، ئافرىقىدا ۋە ئاسىيادا بۇنىڭغا ئوخشاش دۆلەت ۋە ئىمپېراتورلۇقلارنىڭ قۇرۇلۇشىغا، دۆلەتلەرنىڭ ئىچ ۋە سىرتتا ئۇزۇن ۋاقىت ياۋروپالىقلار تەرىپىدىن ئىشغال قىلىنغانلىقىغا ئوخشاش تەكرار بۇ دۆلەتلەر تەرىپىدىن تالان- تاراج قىلىنىشقا رازى بولمايتتى. ئەمما، ياۋروپالىقلارنىڭ ماتېرىيالىزملىق ھايات كۆز قارىشىنى رەت قىلىش، ھايات شەكلىنى ۋە ئەخلاق قۇرۇلمىلىرىنى يېمىرىپ تاشلاش، پەلسەپە ۋە پرىنسىپلىرىنى تەنقىد قىلىپ، ئۇنى ئىچ- ئىچىدىن تۈگەشتۈرۈۋېتىش ئۇلارنىڭ ئەقلىگە كېلىپ قويمىغان ئىدى. ئۇنىڭ ئۇستىگە ياۋروپالىقلارنىڭ ھەر تۈرلۈك ھەرىكەت ۋە مۇئامىلىلىرىنى ناھايىتى قىزغىنلىق بىلەن قوبۇل قىلغان ئىدى ۋە ئۇلارنى بەكمۇ چوڭ بىلىپ كەتكەن ئىدى...

بۇ مىللەتلەر بىر پۇرسەت تېپىپ ئۆز مۇستەقىللىقىنى ئېلان قىلىش بىلەن ئۆز ئەخلاق ۋە پرىنسىپلىرى قايتا تىرىلىشكە باشلىدى. جاھىلىيەتنىڭ ھاياتلىرىنىڭ ھەقىقىي چېھرىسى پۈتۈن رەزىللىكى بىلەن ئاشكارىلاندى، رەھىمسىزلىك، قانخورلۇق، ئار ۋە نومۇسقا تېگىش، بۇلاڭچىلىق، قاتىللىق ۋە ئاغدۇرمىچىلىق بۇ چېھرىنىڭ ئۆچمەس خاتىرىسىدۇر. چۈنكى، مۇستەبىت ھۆكۈمرانلىقنىڭ بويۇنتۇرۇقىدىن قۇتۇلۇشنى ئارزۇ قىلغان بەزى ئاسىيا مىللەتلىرىدە ۋەھشىي ھايۋانلارنىمۇ دەھشەتكە سالىدىغان، كۆڭۈل رايىنى ياندۇرىدىغان، سەت ۋە قورقۇنچلۇق رەزىللىكلەر كۆرۈلگەن ئىدى. بەزى مىللەتلەرگە دىنىي، سىياسىي ۋە ئىرقىي مۇتەئەسسىپلىكى بىلەن تارىختا مىسلى كۆرۈلمىگەن مۇئامىلىلەر راۋا كۆرۈلگەن ئىدى. بىر- بىرىدىن تارتىۋېلىنىپ ئۆلتۈرۈلگەن بوۋاقلار، ئاۋۋال ئىپپىتىگە تېگىپ، ئاندىن ۋەھشىيلەرچە، ھاياسىزلارچە قەتل قىلىنغان ئاياللار، زەھەرلىك يىگىنلەر بىلەن ئۆمرىنىڭ باھار پەسلىدە ئۆز دۇنياسىنى يوقىتىپ قويغان قىزلار، خانىۋەيران قىلىنغان ئۆيلەر، گۇرۇلدەپ كۆيگەن ئوتلار، دەھشەتلىك بومبىلار... ۋە يەنە نېمىلەر، قانداق پاجىئەلەر... ئىشغال قىلغان يەرلەرنى يەر بىلەن

يەكسان قىلدى. خەلققە قورال - ياراق ئالدىدا ئەجەل تەرى ئاققۇزدى. قان ۋە ئار - نومۇس ئۈستىگە سايە تاشلىغان بۇ ۋەھشەت بۇلۇتى يۇرت - يۇرتلارنى ئادەمسىز چۆلگە ئايلاندۇردى. تارىختا كۆرۈلمىگەن ئەڭ ۋەھشىي قىيناش ئۇسۇللىرىدا جان بەرگەن ۋە ۋەھشىيلەرچە ئۆلتۈرۈلگەن ئاياللار بىلەن بىرگە ئۆزئارا نومۇسىنى كىرلەتمەستىن ئۆلۈمنى ئەلا بىلىدىغان قانچىلىغان ئىپپەتلىك خانىملار زەھەرلىك يىغىنلەر بىلەن جان تەسلىم قىلدى. مەيلى مەدەنىي دۆلەتلەردە ياكى ئىسلام دۆلەتلىرىدە بۇنىڭغا ئوخشاش ئىنسانلارنى قاڭغىر قاخشاتقان يەنە قانچىلىغان زۇلۇملار...

شۇنى ئېنىق ئېيتىپ ئۆتۈش كېرەككى، بۇ ۋەقەلەرنىڭ ھەممىسى مىللەتلەرنىڭ ئۆز دۆلەتلىرىدە كۆرگەن دىنىي بېسىمدىن ۋە ئامما ئارىسىدىكى پاجىئەلەردىن، مەدەنىيەت ۋە دىنلىرى دۇچ كەلگەن بېسىم ۋە ھۇجۇملاردىن ئايرىم ۋەقەلەر ئىدى. چۈنكى جاھانگىر دۆلەتلەر چاڭگىلىغا كىرگۈزۈۋالغان بىچارە مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيەت ۋە تىللىرىغا ئەڭ خەتەرلىك شەكىلدە ھۇجۇم قىلىۋاتماقتا. خەلقنى ياسالما بىر تىل قوللىنىشقا مەجبۇرلىماقتا. دوقمۇش - دوقمۇشقا ئورۇنلاشتۇرغان جاسۇسلۇق تەشكىلاتلىرى خەلقنىڭ قانچىلىك مەدەنىيەت ۋە سەنئەت ئەسەرلىرى بولسا، ھەممىنى يوق قىلىشقا تىرىشماقتا ۋە بۇ يولدا ھەر تۈرلۈك يالغان ۋە بوھتانلارنى ئويدۇرماقتا. ھەر كۈنى بۆرە بىلەن قوزىنىڭ ھېكايىسى تەكرارلانماقتا. ئۆتمۈش ۋە مەدەنىيەت قاراۋۇللىرىنى ۋەزىپىلىرىدىن ئېلىپ تاشلاپ، تىجارەت ۋە تۇرمۇش ئىشكىلىرىنى تاقىۋالماقتا. كۆلكىلىك ۋە ئاقماس سەۋەبلەرنى كۆرسىتىپ خەلقنىڭ دۇكانلىرىنى ۋە تىجارەت يەرلىرىنى ئېتىۋەتمەكتە. مال - مۈلۈكلىرىنى مۇسادىرە قىلماقتا.

مەلۇم ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن بۇ مىللەتلەردىن ۋە ئەخلاق جەھەتتىن پۈتۈنلەي ۋەيران بولدى. قەلبلىرىگە مال - مۈلۈك سۆيگۈسى ئورۇنلاشتى شەخسىيەتچىلىك ۋە نەپسانىيەتچىلىك شەيتانىنىڭ قولىغا چۈشتى، ھەتتا رەھبەرلىرى بىلەن چىقىشالماي ئۇلارنى بەزدۇرۇۋەتتى. مال باھاسى مىسلى كۆرۈلمىگەن دەرىجىدە ئۆرلىدى.

ھۆكۈمەت مال باھاسى تەھدىتىگە قارشى چىقىۋېدى، تىجارەتچى ماللىرىنى بازاردىن ئېلىپ چىقىپ كەتتى. خەلق كىيىم - كېچەك ۋە يېمەك - ئىچمەك تاپالمايدىغان

هالغا چۈشتى، ئېھتىياجىنى قامدىيالمىدى ۋە ئامالسىز سودىگەر قويغان باھادا ئېلىشقا مەجبۇرلاندى. نەتىجىدە بازارلار قۇرۇقدالدى، جىنايەتلەر، خىيانەتلەر، پارا ۋە بۇلاڭ - تالاڭلار ئەۋج ئالدى. باشقۇرغۇچىلار بىلەن سودىگەرلەر مۇسابىقىلىشىۋاتقان ئىككى ئات ياكى مەيدانغا چۈشكەن ئىككى رەقىبكە ئوخشاش، ھەر كۈنى بىرى يەنە بىرىنى يېڭىپ، يوق قىلىش ئۈچۈن تىنىم تاپماس ئەھۋالغا كەلگەن ئىدى. بىچارە خەلق ئىككى تۈگمەن تېشى ئارىسىدا قالغان بۇغداي دانچىلىرىغا ئوخشاش نېمە قىلىشنى بىلەلمىدى.

دىنىي زاتلار ۋە ئىسلاھاتچىلار بۇ مىللەتلەرگە يېڭى بىر ھايات بەخش ئېتىش ۋە ئۇلارغا ئەخلاق، پەزىلەت، ئىشەنچ ۋە ئېتىقاد روھىنى سىڭدۈرۈش ئۈچۈن ھەرقانچە كۈچىگەن بولسىمۇ مۇۋەپپەقىيەت قازىنالمىدى ۋە ناھايەت مۇنداق بىر مىللەتنى ئىسلاھ قىلىپ تۈزىتىشتىن يېڭىدىن بىر مىللەت يارىتىشنىڭ تېخىمۇ ئاسان ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنى ئۆز ھالىغا قويۇپ بېرىپ، ئاقىۋىتىنى كۈتۈشكە باشلىدى.

ۋە بۇ ئارقىلىق دۇنيا شەرقىدىن غەربىگىچە جىددىي داۋالاش كېرەك بولغان روھىي، ئەخلاقىي، ئىجتىمائىي ۋە ئىقتىسادىي بوھرانلارغا ئىنتىلدى.

## دۇنيادىكى بوھرانلارنىڭ بىردىنبىر چىقىش يولى

دۇنيا رەھبەرلىكىنى ۋە ھايات يولىنى قەبىھ ئارزۇ - ھەۋەسلىرىگە ۋاستە قىلىۋالغان گۇناھكار قوللاردىن ئېلىپ، پاك ۋە ئېتىقادلىق قوللارغا تاپشۇرۇش دۇنيادىكى بوھرانلارنى ھەل قىلىشنىڭ بىردىنبىر يولىدۇر.

رەھبەرلىكنىڭ ئەنگىلىيىگە، ئامېرىكىغا ياكى پۈتۈنلەي رۇسىيىگە ئۆتۈشى دۇنياغا ھېچنەرسە بېرەلمىگىنىدەك، ھېچبىر مەسىلىمۇ ھەل بولمايدۇ. بۇ ئۆزگىرىش ئوڭ قول تالغاندا سول قولغا، سول قول تالغاندا ئوڭ قولغا ئېلىنغان قىيسىق پالىقىدىن باشقا نەرسىگە ئوخشىمايدۇ. پالاق ئوخشاش بولغاچقا، ئۇنىڭ ئوڭ ياكى سول قولغا

ئۆتتۈشىنىڭ ھېچ پەرقى يوققۇ؟ ئامېرىكا ۋە رۇسىيىمۇ دۇنيانىڭ ھايات يۆلىنىشىنى ئورتاق بەلگىلەيدىغان، كېيىنى بىر لىنىيە ئۈستىدە بىرلا نىشانغا قاراپ ھەيدەۋاتقان بىر ئادەمنىڭ ئىككى قولىدىن پەرقلەنمەيدۇ.

تۆپ يىلتىزىدىن ۋە ھەقىقىي ئۆزگىرىش پەقەت رەھبەرلىكنىڭ ماتېرىيالىزم ۋە جاھىلىيەت قوماندانلىقىدا ھەرىكەت قىلىۋاتقان ياۋروپادىن ياكى تېخىمۇ كەڭ مەنىسى بىلەن ئەنگلىيە، ئامېرىكا، رۇسىيە ۋە بۇلارنىڭ ئارقىدىن مېڭىۋاتقان شەرق ۋە ئاسىيادىكى باشقا مىللەتلەردىن پەيغەمبىرىمىز ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەبەدىي ئەلچىلىكى ۋە ھەقىقىي دىنىي بىلەن ئىدارە قىلىنغان ئىسلام ئالىمگە ئۆتۈشى بىلەن مۇمكىن بولىدۇ.

تارىخنىڭ يۈزىنى ۋە ھادىسىلەرنىڭ يۆنىلىشىنى ئۆزگەرتەلەيدىغان ۋە دۇنيانى خەتەرلىك پەيتلەردىن قۇتۇلدۇرىدىغان تۆپكى ئۆزگىرىش مانا بۇدۇر.

پۈتۈن ئىسلام دۇنياسى بۇ مۇھىم ئورۇننى قولغا كىرگۈزۈش ئۈچۈن جان - جەھلى بىلەن تىرىشىشى كېرەك. بارلىق ئىسلام مەملىكەتلىرى ۋە مۇسۇلمان مىللەتلىرى بۇ غايىگە يېتىش ئۈچۈن كېچىنى كۈندۈزگە ئۇلاپ پۈتۈن كۈچىنى سەپەرۋەر قىلىش لازىم. ھەر بىر مۇسۇلمان بۇ يولدا مۇجادىلە ۋە جىھادقا ئاتلىنىشى، كۈچىنىڭ يېتىشىچە غەيرەت قىلىپ، كۈچ چىقىرىش لازىم. چۈنكى بۇ، ئىسلام ئۈممىتىنىڭ مەۋجۇدىيەت ئالەمگە تۆرىلىپ، ئۇرۇقى ئەرەب يېرىم ئارىلىغا ئېتىلغان كۈن، ئۇنىڭغا بېرىلگەن ئەڭ شەرەپلىك ۋەزىپىدۇر.

## ئىسلام دۇنياسى ياۋروپانىڭ ئىزىدا

يېقىنقى زامانلاردا، دۇنيانىڭ ھەر يېرىدە ھەتتا ئىسلام مەركەزلىرى ۋە پايتەختلىرىدە مۇسۇلمانلارنىڭ ياۋروپا جاھىلىيىتىنىڭ شېرىكى ۋە ئۇنىڭ پىدائىي ئەسكەرلىرى بولۇپ قېلىشى ئىنسانىي جىددىي ئويلارغا سېلىپ قويىدۇ. ھەتتا بەزى مۇسۇلمان دۆلەتلەر ۋە مىللەتلەر ئەسىرلەردىن بېرى جاھىلىيەت ھەرىكەتلىرىگە رەھبەرلىك قىلغان ۋە

ئۇنىڭغا يېڭى بىر جان كىرگۈزگەن، بايرىقىنى شەرق ۋە غەربتە تىكلىگەن ياۋروپا مىللەتلىرى ئىچىدە مۇسۇلمانلارغا ياردەم قىلىدىغان، قالاق مۇسۇلمان دۆلەتلەرنىڭ مەۋجۇدىيىتىنى قوغدايدىغان ۋە ئادالەتنى يەر يۈزىگە كەڭ يېيىپ، ئادالەت بايرىقىنى تىكلەيدىغان مىللەتلەرنىڭ بارلىقىغا ئىشەنمەكتە...

شۇنىسى بەكمۇ ئېچىنارلىقكى، ئۇلار ئىسلام قوشۇنىنىڭ قوماندانى بولماي جاھىلىيەت توپىنىڭ ئېتىبارسىز ئەسكىرى بولۇشقا رازى بولدى. ياۋروپا پەلسەپەلىرىنىڭ ئاساسلىرى ۋە جاھىلىيەت ئەخلاقى ئۇلارنىڭ قەلبلىرىگە خۇددى سۇنىڭ دەرەخ يىلتىزىغا سىڭىپ كىرىشى ۋە توك ئېقىمىنىڭ سىمدىكى ئايلىنىشىغا ئوخشاش رىتىملىق سىڭىپ كىرمەكتە. ئەگەر ئىسلام دۆلەتلىرىگە شۇنداق بىر كۆز تاشلايدىغان بولسىڭىز، ياۋروپا ماتېرىيالىزمىنىڭ نۇرغۇنلىغان شەكىل ۋە ئىزلىرىنى ئاسانلا كۆرەلەيسىز. شۇنداق، خۇددى ئاخىرەتكە ئىشەنمەيدىغان، بۇ ھاياتتىن باشقا بىر ھاياتنىڭ بارلىقىنى قوبۇل قىلمايدىغان ۋە ئۇنىڭ نېئمەتلىرىنى ئىنكار قىلىدىغان كىشىنىڭ قارا نىيىتى بىلەن دۇنيا ھاياتىغا قۇچاق ئاچقانلىقىنى ۋە شەھۋەت پاتقىقىغا پاتقانلىقىنى كۆرىسىز. دۇنيانىڭ راھەت - پاراغىتى ۋە نېئمەتلىرىگە ياۋۇزلۇق بىلەن مەھكەم ئېسىلغانلارغا ئوخشاش ئورۇن ۋە مەنسەپ ئۈچۈن قانداق بەسلەشكەنلىكىنى ۋە بىر - بىرىنى قانداق يەپ تۈگەتكەنلىكىنى كۆرىسىز. پەيغەمبەرگە، كەلتۈرگەن كىتابقا، ئاخىرەت كۈنىگە ئىشەنمەيدىغان ۋە ھېسابتىن قورقمايدىغانلارغا ئوخشاش شەخسىي مەنپەئەت ۋە پايدىلىرىنى ئەخلاق ۋە پەزىلەتلىرىدىن قانداق ئەلا كۆرىدىغانلىقىنى كۆرىسىز.

دۇنيا ھاياتىنى بىردىنبىر بايلىق ۋە غايىلەرنىڭ ئاخىرقى بېكىتى دەپ چۈشىنىدىغانلارغا ئوخشاش دۇنياغا قانداق باغلانغانلىقىنى ۋە ئۆلۈمدىن قانداق يىرگەنگەنلىكىنى ئوچۇق كۆرىسىز. ئەخلاقىي ئاساسلاردىن ۋە يۈز بېرىۋاتقان ھەقىقەتلەردىن مەھرۇم قالغان ماتېرىيالىست مىللەتلەرگە ئوخشاش ۋال - ۋۇل بىزەكلەرگە ۋە قۇرۇق خىياللارغا قانداق ھەيران قالغانلىقىنى كۆرىسىز، بۇتپەرەس ۋە دىنسىز مىللەتلەرگە ئوخشاش ئىنسانلارنىڭ، پادىشاھلارنىڭ، ھۆكۈمدارلارنىڭ، رەھبەرلەرنىڭ، مەنسەپدار ۋە ئەمەلدارلارنىڭ ئالدىدا قانداق بويۇن ئېگىپ تۇرغانلىقىنى

يىرگەنگەن هالدا كۆرىسىز.

## ئىسلام ئىنسانىيەتنىڭ بىردىنبىر پاناهگاهىدۇر

كۈنىمىزدە، مۇسۇلمانلار ئۆزلىرىگە يۈزلەنگەن بارلىق كىرىزىسلەرگە ۋە خاراب بولغان هالىغا باقماي، يەنىلا دۇنيا رەهبەرلىكى ۋە دۇنيا تىنچلىقى هەققىدە غەرب مىللەتلىرى بىلەن توختىماي كۆرەش قىلىپ بەسلەشكەن، يەر يۈزىنىڭ يېگانە كۈچ تەگپۈگلۈقىدۇر. چۈنكى، بۇ ئاۋام ئېتىقاد قىلغان دىن ئۆز مەنسۇپلىرىنىڭ دۇنيا تەرەققىياتىنى كونترول قىلىپ، مىللەتلەرنى ئۆز ئەخلاق، هەرىكەت ۋە مۇئامىلىلىرىگە قارىتا يېتىشتۈرۈشنى، ئىنسانىيەت ئالەمىنى پەزىلەت ۋە تەقۋادارلىققا يېتەكلىشىنى، دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە تىنچلىق ۋە سائادەتكە ئېرىشتۈرۈشنى، باشقا مىللەتلەرنى ئىنكار قىيالىرىدىن قولىدىن كېلىشىچە تارتىشنى مۇتلەق بۇيرۇق قىلىدۇ. ئاندىن، مۇسۇلمانلارنىڭ تەبىئىتى، ئىجتىمائىي قۇرۇلمىسى ياكى دىنلىرى جاهىلىيەت پاتقىقىغا پېتىشقا رازى بولمايدۇ. ئىسلامىيەت جاهىلىيەتنىڭ ئەجەللىك دۈشمىنىدۇر. ئىسلام هۆكۈمرانلىق قىلغان يەردە جاهىلىيەتتىن ئەسەر قالمايدۇ.

مانا بۇ مۇسۇلمان خەلق ياۋروپانىڭ شەرق ۋە غەربتە يايغان خاتا نىزاملارنىڭ بېشىدا هەرئان پارتلاشقا تەييار بومبىغا ئايلىنىپ، ياۋروپانىڭ پۈتۈن غەيرەتلىرىنى يوققا چىقىرىدىغان كۈچتۇر.

ئۇلۇغ ئىسلام شائىرى دوكتور مۇهەممەد ئىقبال بۇ خەتەرنى ”ئىبلىس پارلامېنتى“ ناملىق شاھ ئەسىرىدە شەيتان تىلى بىلەن ناهايىتى ئوچۇق ئىپادىلەپ بەرگەن ئىدى. قەسىدىدە ئىپادە قىلىنىشىچە، شەيتانلار ئىبلىسنىڭ دوستلىرى ۋە قولچوماقچىلىرى بولۇپ، ئۇلار پارلامېنتتا توپلىنىپ دۇنيانىڭ تەرەققىياتى، كېلەچەكنىڭ خېيىم - خەتىرى ۋە پىتنە - پاساتلىرىدىن، ئىبلىس نىزاملىرى ۋە شەيتان مۇئەسسەسەلىرى هەققىدە قەلبلىرىگە كىرگەن قورقۇنچ ۋە ئەندىشىلەردىن سۆز قىلىشىدۇ ۋە بۇ ئارىلىقتا مەۋجۇدىيىتىگە ئېغىر تەسىر كۆرسىتىپ، نىزاملىرىغا تەهدىت سالغان خېيىم - خەتەر

ۋە پىتنە پاساتلار توغرىسىدا مۇزاكىرە قىلىشىپ، بىر - بىرىنى كېلەچەكتە بولاردىن كېلىدىغان ئاپەتلەر بىلەن قورقىتىشىدۇ. بۇ ۋاقىتتا بىر ئىبلىس پارلامېنت ئەزاسى سۆز قىلىپ جۇمھۇرىيەت توغرىسىدا گەپ باشلايدۇ ۋە ئۇنى چوڭ خېيىم - خەتەر دەپ سۈپەتلەيدۇ. يەنە بىر پارلامېنت ئەزاسى بۇ ھەقتە سۆز قىلىپ: «جۇمھۇرىيەت سىزنى قورقۇتمىسۇن، چۈنكى ئۇ بىر دىكتاتورلۇق ماسكىسىدىن باشقا بىر نەرسە ئەمەس. ئاندىن شۇنىمۇ ئېيتىپ قويايكى، دىكتاتورلۇقتا جۇمھۇرىيەت تونىنى كىيگۈزگەنمۇ يەنە بىز. قاچانكى، ئىنسانلارنىڭ ئويغىنىپ ئەقلى - ھوشىغا كەلگەنلىكىنى، شەرەپ ۋە غۇرۇرلىرىنى ئىدراك ئەتكەنلىكىنى كۆرسەك، مۇئەسسەسەگە قارشى نەتىجىسى ياخشى بولمايدىغان بىر زەربە بېرىش نىيىتىنىڭ بارلىقىدىن شۈبھىلەنسەك، ئەنە شۇ ۋاقىتتا بىز ئۇلارنى ”جۇمھۇرىيەت“ ئويۇنى بىلەن ئالدايمىز. ھۆرمەتلىك پارلامېنت ئەزالىرى! مەسىلە پادىشاھلىق ياكى ھۆكۈمرانلىق مەسىلىسى ئەمەس، ئۇنىڭ ئۈستىگە دىكتاتورلۇق پەقەت بىر شەخس ياكى ئۆز بېشىمچىلىق بىلەن ئىستىبدات يۈرگۈزىدىغان بىرى تەرىپىدىن مونوپول قىلىنىۋالىنمايدۇ.

دىكتاتورلۇق ئىنساننىڭ باشقا بىرىگە تايىنىپ كۈن ئۆتكۈزۈش ۋە باشقىلارنىڭ مېلىنغا كۆز تىككەن ھالدا ياشىشىدىن ئىبارەتتۇر، خالاس! بۇ بەزىدە يالغۇز ۋە بەزىدە جەمئىيەت شەكلىدە كۆرۈنىدۇ. لېكىن ھەر ئىككىلىسى ئوخشاش. غەربنىڭ جۇمھۇرىيەت نىزامىنىڭ سىرتتىن قارىغاندا نەقەدەر پارلاق ۋە گۈزەل، ئەمما ئەسلىدە چىڭگىزخاندىن تېخىمۇ زالىم ئىكەنلىكىنى كۆرمەيۋاتامسىلەر؟» دەيدۇ.

يەنە بىر پارلامېنت ئەزاسى سۆز باشلاپ مۇنداق دەيدۇ: «دىكتاتورلۇقنىڭ داۋاملىشىشىدا ھېچقانداق شۈبھە يوق. لېكىن پەيغەمبەر بولمىسىمۇ قولچوماقچىلىرى تەرىپىدىن كىتابى ”مۇقەددەس كىتاب“ دەپ ئاتالغان شۇ كارل ماركس دېگەن يەھۇدىينىڭ ئىنسانىيەتنى دىر - دىر تىترىتىدىغان قورقۇنچلۇق پىتنىسى ھەققىدە ھۆرمەتلىك ۋەكىل نېمە دەيدىكىن؟! ئەجەبا بۇ زاتى ئالىيلىرىنىڭ بۇ ئادەمنىڭ دۇنيانى ئاستىن - ئۈستۈن قىلىپ، ھەممە ئىشنى قالايمىقانلاشتۇرغانلىقىدىن، ئىشچىنى ئۆز خوجايىنىغا قارشى كۈشكۈرتۈپ، ئىنتىزامنى بىتچىت قىلغانلىقىدىن خەۋىرى يوقمۇ؟»

ئۇنىڭ كەينىدىنلا يەنە بىر پارلامېنت ئەزاسى سۆز باشلاپ مەجلىس رەئىسىگە خىتاب قىلغان ھالدا مۇنداق دەيدۇ:

«مۆھتەرەم رەئىس! ياۋروپا سىھىرۋازلىرى زاتى ئالىيلىرىنىڭ ھەرقانچە سادىق مۇرىتلىرى بولسىمۇ، مەن شەخسەن ئۇلارنىڭ ئەقىل - پاراسىتىگە ئىشەنچ قىلالمايمەن. مانا بۇ ئىران سوتسىيالىزمىنىڭ رەھبىرى مازدەكنىڭ نۇسخىسى بولغان سامىرى ھىيلىگەر يەھۇدىيدۇر. ئۇ ئۇتتۇرىغا قويغان پرىنسىپلىرى بىلەن دۇنيانى قالايمىقانلاشتۇردى. نەتىجىدە نامرات تەبىقە شاھلار بىلەن تەڭ تۇرۇشقا ۋە ئۇلارنى ئاسانلا يوق قىلىشقا باشلىدى.

بىز بۇ سوتسىيالىزم ھەرىكىتىنىڭ تەشۋىق - تەرغىباتلىرىنى كۆزگە ئىلمىغان ئىدۇق. ئەمما ھازىر پۈتۈنلەي ئەۋج ئېلىپ، ئالدىنى ئالغىلى بولمايدىغان بىر قۇۋۋەتكە ئايلاندى. بۈگۈنكى دۇنيا ئەتىنىڭ قورقۇنچ پىتنىسىدە تىترىمەكتە. مۆھتەرەم رەئىس ئەپەندى! ھاكىمىيەت ئاستىدىكى بۇ دۇنيا بىر كۈن ئۆزىنىڭ بېشىغا بالا بولىدۇ ۋە نىزامى پۈتۈنلەي قالايمىقانلىشىدۇ».

مەجلىس رەئىسى سۆز ئېلىپ مۇنداق دەيدۇ:

«دۇنيانىڭ تىزگىنى مېنىڭ قولۇمدا. مەن ئۇنى ئۆزۈم خالىغانچە قوللىنىمەن. بۇ سوتسىيالىست پىكىرلەر ياۋروپا مىللەتلىرى ئارىسىدا يىلتىز تارتىشى بىلەن دۇنيا ھاڭ - تاڭ قىلىدۇ. بۇ ئارقىلىق مىللەتلەر ئىتتىپاقى ئۇخشاش بىر - بىرىگە ئېتىلىدۇ ۋە بۆرىگە ئوخشاش بىر - بىرىنى پارچىلاپ يوقىتىدۇ. بۇ پىكىرلەر سىياسىي رەھبەرلەرنىڭ ۋە چېركاۋدىكى باش پوپلارنىڭ قولىغا يېتىپ قالسىلا، ئۇلار يولىدىن ئېزىقىدۇ ۋە ساراڭغا ئايلىنىدۇ. لېكىن سىلەرگە ئېيتقان سوتسىيالىزمغا كەلسەك... ئىنسان تەبىئىتىنىڭ پەيدا قىلغان بىر ئىنسان بىلەن يەنە بىر ئىنسان ئارىسىدىكى يوچۇقنى مازدەك مەنتىقىسى (سوتسىيالىست پەلسەپە) نىگمۇ تۈزىتەلمەيدىغانلىقىنى ئەقلىڭلاردىن چىقارماڭلار. بۇ قوغلاندى سوتسىيالىستلار ۋە ئەقىلسىز مەدىكارلار مېنى ھېچقاچان قورقۇتالمايدۇ.

ئەگەر مەن قورقماقچى بولسام، كۆللىرىدە ھايات چوغى ۋە كېلەچەك ئۈچقۇنى

يوشۇرۇنغان، كېچىلىرىنى ياتماي تاڭ ئاتقۇزىدىغان، سەھەرلىرى مەڭزىلىرىدىن قانلىق ياشلار ئېقتىدىغان بىر مىللەتتىن قورقىمەن. ئەقلى ـ ھوشى جايىدا بىرى ئەتىنىڭ پىتنىسى ۋە كېلەچەك پالاكىتىنىڭ سوتسىيالىزم ئەمەس، بەلكى ئىسلام ئىكەنلىكىنى دەرھال چۈشىنەلەيدۇ.

مەن بۇ مىللەتنىڭ قۇرئان كەرىم ئاساسلىرىنى ئاياغ ئاستى قىلىپ، بىر تەرەپكە ئىتتىرىپ قويغىنىنى، مال ـ بايلىقتا بەكمۇ ھېرىسمەن ئىكەنلىكىنى ۋە باشقا مىللەتلەرگە ئوخشاش بايلىق توپلاش ئارزۇسىدا يۈرىكى پۇچىلىنىۋاتقانلىقىنى ئوبدان بىلىمەن. مەن شەرق كېچىلىرىنىڭ زۇلمەت قاراڭغۇلۇقلارغا ھامىلدار بولغانلىقىنىمۇ ئوبدان بىلىمەن ۋە مەن يەنە ئىسلام ئالىملىرى ۋە ئۇلۇغلىرىنىڭ بۇ زۇلمەت قاراڭغۇلۇقنى يېرىپ، دۇنيانى يورۇقلۇققا ئېرىشتۈرىدىغان "ئاق قول" دىنىمۇ مەھرۇم ئىكەنلىكىنىمۇ ناھايىتى ياخشى بىلىمەن. لېكىن مەن بۇ ئەسىرنىڭ شىددەت ۋە بۇزۇقچىلىقلىرىنىڭ بۇ مىللەتنى ئۇيقۇسىدىن ئويغىتىپ، ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ شەرىئىتىگە يۈزلەندۈرۈپ قويۇشىدىن قورقىمەن. مەن سىلەرنىڭ ئۇلۇغلۇقنىڭ ھامىيسى، شەرمى ـ ھايانىڭ قوغدىغۇچىسى، شان ـ شەرەپ دىنى، ئىپپەت ۋە ئامانەت دىنى، قەھرىمانلىق ۋە ئىنسانلىق دىنى، جىھاد ۋە مۇجادىلە، دىنى قۇلچىلىقنىڭ ھەرقاندىقىنى ئەمەلدىن قالدۇرغان، ئىنسانغا قۇل بولۇشنى پۈتۈنلەي يوقاتقان، ھۆكۈمدار بىلەن چاكارنى ئايرىمىغان، مال ـ بايلىقنى ھەر تۈرلۈك يامانلىق ۋە مەينەتچىلىكتىن تازىلاپ ساپ ۋە پاكىز ھالغا كەلتۈرگەن، مال ـ مۈلۈك ئىگىلىرىنى ئۆز مۈلكىنىڭ ۋارىسى قىلغان، ئاللاھنىڭ ئامانەتچىسى ۋە ماللارنىڭ مەسئۇلى قىلغان ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ دىنىدىن قوغدىنىشىڭلارنى ۋە قورقۇشۇڭلارنى تەۋسىيە قىلىمەن. قايسى بىر ئىنقىلاب ۋە قايسى بىر ھەرىكەت بۇ دىنىنىڭ "يەر يۈزى سۇلتانلارنىڭ ياكى پادىشاھلارنىڭ ئەمەس، ئۇ پەقەت ئاللاھنىڭ دۇر" دەپ چۇقان سېلىش ئارقىلىق پەيدا بولىدىغان بىر ئىنقىلابتىن خەتەرلىكرەك؟ ...

بۇ دىنىنى ئىنسانلارنىڭ كۆزىدىن يىراق تۇتۇش ئۈچۈن بارلىق كۈچۈڭلارنى ئىشقا سېلىڭلار. مۇسۇلمانلارنىڭ رەبىيگە بولغان ئىتائىتىنىڭ ئاجىزلىشىشى ۋە دىنغا بولغان

ئىمانىنىڭ سۇس بولۇشى سىلەرنى سۆيۈندۈرۈشى كېرەك. مۇسۇلمانلارنىڭ كالام ئىلمى، ئىلاھىي بىلىملەر، ئاللاھنىڭ كىتابىنىڭ ئايەتلىرىنىڭ تەپسىرى مەسىلىسى قاتارلىقلار بىلەن مەشغۇل بولماسلىقى ھەر دائىم بىزگە پايدىلىقتۇر. ھەرقاچان مۇسۇلمانلارنىڭ قۇلاقلىرىنى ئېتىڭلار. چۈنكى ئۇلار ئەزان ۋە تەكبىرلىرى بىلەن سېھىرلىرىمىزنى بۇزىدۇ ۋە دۇنيانىڭ تىلسىملىرىنى بىردەمدىلا تارمار قىلىۋەتكۈدەك كۈچكە ئىگە. سىلەر مۇسۇلمانلارنىڭ كىچىلىرىنىڭ ئۇزۇن، سەھەرلىرىنىڭ ئېغىر بولۇشى ئۈچۈن تىرىشىڭلار.

قېرىنداشلىرىم! مۇسۇلمانلارنى پائالىيەت ۋە ئىش-ھەرىكەتتىن يىراقلاشتۇرۇڭلاركى، ئۇلار دۇنيادىكى مۇسابىقىلىرىدە مەغلۇپ بولسۇن، مۇسۇلمانلارنىڭ باشقىلارغا قۇل بولۇشى، دۇنيا ھاياتىدىن پۈتۈنلەي قول ئۈزۈپ "بىر لوقما، بىر يەكتەك" پەلسەپىسىنى ئۆزلەشتۈرۈشى ۋە كۆز ئالدىدىكى خەتەرلەرگە پىسەنت قىلماسلىقى ھەرقاچان بىز ئۈچۈن پايدىلىقتۇر. ئەگەر مۇسۇلمانلار بىر كۈنلەردە ئويغىنىپ دىنلىرىنىڭ دۇنيانىڭ تىزگىنلىرىنى قولىغا ئېلىش پرىنسىپىنى تەتبىق قىلىپ قالسا، ئۇ چاغدا بىزنىڭ ھالىمىزغا ۋاي! بىزنىڭ بېشىمىزغا كەلگەنلەرگە ۋاي! ھەقىقىي پالاكەت مانا بۇدۇر!»

## ئىسلام نىزامى

ئىسلام دۇنياسى پەقەت ھەزرىتى مۇھەممەد ئېلىپ كەلگەن بۇ نىزام ئارقىلىق قۇتۇلالايدۇ. شۇنداق، ئۇنىڭغا ئىمان ئېيتىش ۋە ئۇنىڭ ئۈچۈن ئۆز رازىلىقى بىلەن جان پىدا قىلىش ئارقىلىق... چۈنكى بۇ نىزام، دۇنيادا ئۇنىڭدىنمۇ ئادىل ۋە ئۈستۈنى كۆرۈلۈپ باقمىغان، ئىنتايىن كۈچلۈك ۋە ئاجايىپ پارلاق بىر نىزامدۇر.

بۇ نىزام مۇسۇلمانلارنىڭ تۇنجى ئىستىلاسىدا روھلىرىغا سىڭىپ كەتكەن ۋە ئەلچىلىرىدىن بىرىنىڭ ئىران ھۆكۈمدارى يەزدەگىرتنىڭ ھۇزۇرىدا قىسقىچە قىلىپ سۆزلەپ ئۆتكەن نىزامنىڭ ئۆزىدۇر.

ئۇ مۇنداق دېگەن ئىدى: "ئاللاھ بىزنى خالىغان كىشىنى قۇللارغا قۇللۇق قىلىشتىن

بىر ئاللاھقا قۇللۇق قىلىشقا، دۇنيانىڭ قىسىلچىلىقىدىن راھەت ۋە مولچىلىقىغا، دىنلارنىڭ زۇلۇمىدىن ئىسلامنىڭ ئادالىتىگە ئېرىشتۈرۈشكە ئەۋەتتى".

بۇ تىزامنىڭ بىر كەلىمىسىنى ئۆزگەرتىش ئۇياقتا تۇرسۇن، بىر ھەرپ قوشۇپ، قويۇشقىمۇ قەتئىي بولمايدۇ. ئۇ مىلادى 6 - ئەسىرگە ئۇيغۇن كەلگىنىدەك، 20 - ئەسىرگىمۇ ئۇيغۇن كېلىدۇ. مۇسۇلمانلار دۇنيانى بۇتپەرەسلىك ۋە جاھىلىيەت چاڭگىلىدىن قۇتقۇلدۇرۇش ئۈچۈن ئەرەب يېرىم ئارىلىدىن ھەرىكەتلەنگەن كۈنى زامان خۇددى ئاجايىپ بىر ھەيۋەت بىلەن ئاستىن - ئۈستۈن قىلىۋېتىلگەن ئىدى.

بۇ كۈنلەردە ئىنسانلار تېخى ئۆزلىرى ياسىۋالغان، تىكلىۋالغان، كۆمۈۋالغان ۋە تىزىۋالغان ھەرخىل بۇتلارنىڭ ئالدىدا سەجدە قىلماقتا. لېكىن بىر بولغان ئاللاھقا قۇللۇق قىلىش ئۇلار ئۈچۈن مەغلۇبىيەت ۋە غەيرىي تۇيۇلماقتا. يەنە بىر تەرەپتە دۇنيادا ھېلىدىن ھېلىغا يېڭى پىتنە - پاساتلار مەيدانغا كەلمەكتە، ئارزۇ - ئىستەكلەرگە قۇللۇق قىلىنماقتا... راھىبلار، پادىشاھلار، سۇلتانلار، ئېسىلزادىلەر ۋە بايلار، رەھبەرلەر ۋە سىياسىي پارتىيىلەر ئاللاھتىن باشقا ئىلاھلار دەپ قوبۇل قىلىنماقتا. ئۇلارنىڭ ئالدىدا قۇربانلىق قىلىنماقتا، مەيدانلاردا ھەيكەللىرى تىكلەنمەكتە!

بۈگۈن دۇنيا بىر يەردىن بىر يەرگە بېرىش ئۈچۈن قاتناش قۇراللىرىنىڭ كۆپلۈكى، جەمئىيەت ۋە خەلقلەرنىڭ بىر - بىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋەتلىرىنىڭ قويۇقلۇقىغا قارىماي، ئىنسانلارغا تونۇگۈنكىدىن تېخىمۇ تار تۇيۇلماقتا، چۈنكى بۇرنىنىڭ ئۇچىدىن يىراقنى كۆرەلمەيدىغان، ئۆز ئىگىسىنىڭ مەنپەئەتىدىن باشقا نەرسىنى ئويلىمايدىغان، شەھۋەتكە بېرىلىش ۋە ئۆز نەپسىگە ئىبادەت قىلىشتىن باشقىنى بىلمەيدىغان ماتېرىيالىزم دۇنيانى مۇشۇنداق تارلاشتۇرۇۋەتكەن ئىدى. چەكسىز كەتكەن كەڭ دۆلەتتە ئازغىنە كىشىلەرگە ياشاش ھەققى بەرمىگەن شەخسىيەتچىلىك ۋە بارلىق چەتئەللىكلەرگە يامان كۆزى بىلەن قاراپ، ئۇلارنىڭ قانچىلىك ئۈستۈنلۈكى بولسا، ھەممىسىنى ئىنكار قىلغان ۋە ئۇلارنى تۇرلۇك ھەق - ھوقۇقتىن مەھرۇم قالدۇرغان بۇرژۇئا مىللەتچىلىكى دۇنيانى مانا مۇشۇنداق تار ھالغا كەلتۈرۈپ قويغان ئىدى.

ئۇنىڭدىن قالسا، كۆندىلىك ئېهتىياج بۇيۇملىرىنى ۋە ئېنېرگىيە مەنبەلىرىنى بازاردىن ياندۇرۇپ چىقىپ، ساقلاپ ياتقان سىياسىي كۈچلەر ماددىي ھاياتنىڭ چەمبىرىنى تېخىمۇ تارلاشتۇرۇۋەتتى. شۇنىڭ بىلەن چوڭ شەھەرلەر چاشقان تۆشۈكىدىنمۇ تارلىشىپ كەتتى. كىشىلەر ئۆز دۆلىتىدە يوقسۇللۇقنىڭ دەردىنى تارتتى. يېتىم ۋە ھاماقەتلەرگە ئوخشاش مۇئامىلىگە دۇچ كەلدى. يەر يۈزى شۇنچە كەڭ بولسىمۇ، ئىنسانلارغا تار كەلدى. ئىچىلىرىدە بىر بۇرۇختۇملۇق داۋالغۇشقا باشلىدى... بەزىدە يالغان، بەزىدە ھەقىقىي ئاچارچىلىق بىلەن، ئىچكى ۋە تاشقى ئۇرۇشلار بىلەن، كۆندىلىك ئازاب-ئوقۇبەتلەر بىلەن تەھدىت سېلىنىپ ئۆز ئانا تۇپراقلىرىدا، ۋەتەنلىرىدە خار-زار قىلىندى. پۇت-قوللىرى جىنايەتچىلەردەك چەمبەرچاس باغلاندى.

شۇنداق، دىنلارنىڭ زۇلۇمىدىن ئىسلامنىڭ ئادالىتىگە تاپشۇرۇش! ئىلىم، سەنئەت ۋە پەن - تېخنىكا ئۇچقاندەك تېز تەرەققىي قىلىۋاتقان دەۋرىمىزدىمۇ، تېخىچە ئىنسانلارنىڭ ئوي-پىكىرلىرىنى چۇلغاۋاتقان ۋە ئۇلاردىن ھايۋاندىن پايدىلانغاندەك پايدىلىنىۋاتقان؛ ئۆز يېقىنلىرىنىڭ قۇربان ھېيتتا سويۇلغان بىر تۇياق كالىسى ياكى يېزىلاردىن بىرىدە كېسىۋېتىلگەن بىر تۈپ مۇقەددەس دەرەخ ئۈچۈن يۈزلەرچە كىشىنىڭ قېنىنى ئېقىتىشنى راۋا كۆرىدىغان قانچىلىغان دىنلار بار!

ۋە يەنە بۇندىن باشقا دىن دەپ ئاتالمايدىغان، لېكىن قۇللىغۇچىلىرىنىڭ ئوي-خىياللىرىدىكى بېسىم ۋە سەلتەنىتى، زۇلۇم ۋە دۈشمەنلىكى، ئاغدۇرمىچىلىق ۋە ھىيلە-نەيرەڭلىرى بىلەن كونا دىنلاردىن كېيىن قالمايدىغان، كىشىلەر دىن ۋە نىزام دەپ ئېتىقاد قىلىۋاتقان ئىرقچىلىق، يۇرتۋازلىق، دېموكراتىيە، سوتسىيالىزم، دىكتاتورلۇق ۋە كوممۇنىزمغا ئوخشاش قانچىلىغان سىياسىي نىزاملار ۋە ئىقتىسادىي نەزەرىيىلەر بار. بۇ سىستېمىلار ئۆزلىرىگە بويسۇنمىغانلارنى ياقتۇرۇپ كەتمەيدۇ. ئۆزلىرى بىلەن تىركەشكەنلەرگە بەكمۇ رەھىمسىز مۇئامىلە قىلىدۇ. ئۇلار جاھىلىيەت دىنلىرىغىمۇ بەك ئەھمىيەت بېرىپ كەتمەيدۇ. بۈگۈنكى سىياسىي زۇلۇم، زۇلمەت دەۋرىدىكى دىنىي بېسىملاردىنمۇ ئېچىنىشلىقتۇر. بىر دۆلەتتىكى پارتىيىلەردىن بىرى غەلىبە قازانسا ياكى سىياسىي تەشۋىقاتلىرىدىن بىرى قارشى ئېلىنسا ۋە ياكى سايلامدا بىر پارتىيە يەنە

www.uyghurkitap.com



بىر پارتىيىدىن كۆپرەك ئاۋازغا ئېرىشسە، ئۇ رەقىبىدىن پۈتۈنلەي يۈز ئۆرۈيدۇ ۋە ئۇنى چىدىغۇسىز دەرىجىدە ئېغىر ئازاب ـ ئوقۇبەتكە دۇچار قىلىدۇ. ئۇزۇن يىل داۋاملاشقان ۋە ھەددى ـ ھېسابسىز قاننىڭ ئېقىشىغا سەۋەب بولغان ئىسپانىيە ئىچكى ئۇرۇشى، جۇمھۇرىيەتچىلەر (گومىنداڭچىلار) بىلەن كوممۇنىستلار (گوڭسەنداڭچىلار) ئارىسىدا چىققان جۇڭگو ئىچكى ئۇرۇشى، شىمالىي كورىيە بىلەن جەنۇبىي كورىيە ئارىسىدا يۈز بەرگەن ئۇرۇشلار سىياسىي ئېتىقاد ۋە ئىقتىسادىي نەزەرىيىلەر ئوتتۇرىسىدىكى توقۇنۇشلاردىن باشقا نەرسە ئەمەس ئىدى.

ئىسلام دۇنياسىنىڭ بىردىنبىر ۋەزىپىسى ئىنسانىيەتنى اللّٰهقا، پەيغەمبىرىگە ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان ئېيتىشقا چاقىرىشتىن ئىبارەتتۇر. ئۇنىڭ بىردىنبىر ئارزۇسى ئىنسانىيەتنى قاراڭغۇ زۇلمەتتىن يورۇقلۇققا، قۇلغا قۇللۇق قىلىشتىن بىر ئاللاھقا قۇللۇق قىلىشقا، دۇنيانىڭ قىسىلچىقلىدىن راھەت ۋە مولچىلىققا، دىنلارنىڭ زۇلۇمىدىن ئىسلامنىڭ ئادالىتىگە ئېرىشتۈرۈشتىن ئىبارەتتۇر. بۇ نىزام، دەۋرىمىزدە ئۆتمۈش زامانلارغا قارىغاندا تېخىمۇ ئاسان چۈشىنىلمەكتە ۋە ئەۋزەللىكى تېخىمۇ ياخشى بىلىنمەكتە. دەۋرىمىزدە جاھىلىيەت نىزاملىرىنىڭ يىپى سۆكۈلدى ۋە ئۇلارنىڭ زادى نېمىدىن ئىبارەت ئىكەنلىكى ئىنسانلار تەرىپىدىن پەرق ئېتىلدى. ئىنسانىيەت بۇلاردىن زېرىكىشكە باشلىدى. مانا بۇ، دۇنيانىڭ جاھىلىيەت رەھبەرلىكىدىن ئىسلام رەھبەرلىكىگە ئۆتۈشى دېگەنلىكتۇر. ئەگەر ئىسلام دۇنياسى تەرەققىي قىلسا ۋە بۇ نىزامنى سەمىمىيەتلىك بىلەن، جاسارەت ۋە كۈچ بىلەن باغرىغا بېسىپ ئۆزلىرىنىڭ يېگانە نىزامى دەپ قۇچاق ئاچسا، توغرا، ئەنە شۇنداق قىلسىلا، دۇنيانى ھەرخىل ئازاب ـ ئوقۇبەت ۋە پەرىشانلىقتىن قۇتۇلدۇرۇپ، خاتىرجەملىككە ئېرىشتۈرەلەيدۇ.

## ئىدىيىۋى تەييارلىق

دەۋرىمىزدە ئىسلام دۇنياسى ئۆز نىزامىنى ياۋروپانى دۇنياغا تونۇتقان مەدەنىيەتنىڭ سىرتقى سىزىقلىرىدا مېڭىش، غەرب تىللىرىنى ئۆگىنىش ۋە ئۇلارنىڭ دۆلەت تەرەققىياتىدا ھېچبىر رولى بولمىغان ھايات شەكىللىرىنى تەقلىد قىلىش بىلەن

ئەمەس، بەلكى ياۋروپا كونسىپرى يىراقلىشىۋاتقان روھىي ۋە مەنىۋى قۇۋۋەتكە مەھكەم ئېسىلىش ئارقىلىق قۇرالايدۇ. شۇنداق، پەقەت ئىمان بىلەن ھاياتقا بېرىشكە تېگىشلىك بولغاندىنمۇ كۆپرەك ئەھمىيەت بېرىش، شەھۋەتلىرىنى تىزگىنلەش، شاھادەت زوقى ۋە جەننەت ئىشقى بىلەن، دۇنيا بايلىقىغا ھەددىدىن زىيادە بېرىلمەسلىك، ئاللاھ يولىدا دۇچ كەلگەن ئازاب ـ ئوقۇبەتلەرگە سەۋر ـ تاقەت قىلىپ، بەرداشلىق بېرىش بىلەن زەپەر قۇچالايدۇ. چۈنكى ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

«دۈشمەنىنىڭ ئارقىسىدىن قوغلاشقا سۇسلۇق قىلماڭلار، ئەگەر سىلەر قىينالساڭلار، ئۇلارمۇ خۇددى سىلەرگە ئوخشاش قىينىلىدۇ. سىلەر ئۇلار ئۈمىد قىلمايدىغان نەرسىنى (يەنى شېھىت بولۇشنى، ساۋابىنى ۋە غەلىبىنى) ئاللاھتىن ئۈمىد قىلىسىلەر. ئاللاھ ھەممىنى بىلگۈچىدۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر».

ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان ئېيتىش ۋە مۇكاپاتىنى ئاللاھتىن كۈتۈش مۆئمىنىنىڭ قۇۋۋىتى ۋە زەپەرلىرىنىڭ سىررىدۇر. ئەگەر ئىسلام دۇنياسى ياۋروپانىڭ كۆز ئالدىدىكى ئەرزىمەس نەرسىلەردىن باشقا نەرسىلەرگە يۈزلەنمىسە، ياۋروپا مۇپتىلا بولغان دۇنيا بايلىقىدىن باشقا نەرسىگە كۆڭۈل بۆلمىسە ۋە ياۋروپا ئېتىقاد قىلغان خۇسۇسىيەتلەرگە ۋە ماددىدىن باشقا بىر نەرسىگە ئىشەنمىسە، ئەلۋەتتە، ياۋروپا زەپەر قۇچۇشقا ۋە خوجايىن بولۇشقا، ماددىي كۈچ جەھەتتىن ئۆزىدىن كۆپ ئارقىدا قالغان ۋە مەنىۋى كۈچ ـ قۇۋۋەت جەھەتتىن ئۈستۈنلۈككە ئېرىشەلمىگەن ئىسلام دۇنياسىدىن تېخىمۇ لايىقتۇر.

شۇنداق بىر زامان كەلدىكى، ئىسلام دۇنياسى بۇ مەنىۋى قۇۋۋەتكە بىپەرۋالىق قىلدى، ئۇنىڭغا ئەھمىيەت بەرمىدى ۋە ئۇنىڭدىن قالغان كۈچلەرنى قوغداپ مۇۋاپىق شەكىلدە پايدىلىنالمىدى. شۇڭا يۈرەكلىرىدىكى مەنىۋى كۈچ بۇلاقلىرى قۇرۇپ كەتتى. ئىسلام دۇنياسى ئىمانغا، تاقەت ۋە سەۋرچانلىققا، شىددەتلىك ۋەقە ـ پالاكەتلەرگە ۋە توختىماي داۋاملىشىۋاتقان داۋالغۇشلارغا بەرداشلىق بېرىشكە موھتاج بولىدىغان جەڭلەرگە كىرىش بىلەن مۇسۇلمانلارنىڭ يۈرەكلىرىگە يەرلەشكەن مەنىۋى كۈچتىن پاناھ تىلىدى. ئەمما ئېرىنچەكلىكى سۇ دەپ ئويلاپ يۈگۈرگەن، لېكىن ھېچيەردىن سۇ

تاپالمىغان، ئۇسسۇزلۇقتىن باغرى يانغان، چاڭقاق يۈرەكنىڭ ئارامىغا دۇچ كەلدى. دەل شۇ چاغدا، بۇ روھىي كۆچكە بىپەرۋالىق قىلىپ، ئۇنى يوقىتىپ قويۇش ئارقىلىق ئۆز - ئۆزىگە قانچىلىك چوڭ جىنايەت ئۆتكۈزگەنلىكىنى چۈشەندى ۋە دەرھال قولىنى ئوقدىنىغا ئۇزاتتى، لېكىن ئۇنىڭ ئورنىنى تولدۇرغىدەك ۋە ئەينى رولنى ئىجرا قىلغۇدەك بىر نەرسە تاپالمىدى.

ئىسلام دۇنياسى شىددەتلىك توقۇنۇشلارغا كىردى، چۈنكى ئۇلار مۇسۇلمانلارنىڭ تاغنى تالقان، ئالەمنى مالەم قىلىدىغانلىقىنى، مۇقەددەس تۇپراقلارنى ۋە ئىسلامنى قوغداش ئۈچۈن ئۇقتەك چاپىدىغانلىقىنى، ئاللاھ ۋە پەيغەمبىرى ئۈچۈن جاسارەتكە تولىدىغانلىقىنى، ئىسلام دۆلەتلىرىنىڭ بىر پارچە لاۋۇلداپ تۇرغان ئوتقا ئايلىنىدىغانلىقىنى، ۋەتەنپەرۋەرلىك ۋە قەھرىمانلىق داستانلىرىنىڭ يېزىلىدىغانلىقىنى خىيال قىلغان ئىدى. ئەپسۇسكى، ئۇمىدلىرى پۈتۈنلەي خىيال بولۇپ چىقتى، ئۈمىد قىلغان نەتىجىگە ئېرىشەلمىدى، كۆزلىرىنىڭ نۇرى ئۆچتى، ئىسلام دۇنياسىنىڭ خۇددى ھېچ ئىش يۈز بەرمىگەندەك ئۆز ئورۇنلىرىدىن قىمىرلاپمۇ قويمىغانلىقىنى ۋە ھاياتى ھەۋەسلىرى بىلەن مەشغۇل بولۇۋاتقانلىقىنى كۆردى ۋە بۇ ئارقىلىق ئىسلام دۇنياسىدا دىنىي مۇداپىئە تۇيغۇسىنىڭ ئاجىزلاشقانلىقى، جىھاد مەشئىلىنىڭ ئۆچكەنلىكى ياكى ئۆچۈش ئالدىدا تۇرغانلىقى ئوتتۇرىغا چىقتى. ئىنسانلارمۇ ئىسلام دۇنياسىنىڭ ئاجىزلىقىنى، مەغلۇبىيىتىنىڭ سەۋەبىنى چۈشەندى.

ئىسلام دۇنياسىنىڭ رەھبەرلىرىنىڭ، تەشكىلاتلىرىنىڭ، دىنىي ھەيئەتلىرىنىڭ ۋە ئىسلام دۆلەتلىرىنىڭ ئەڭ مۇھىم ۋەزىپىسى شۇكى، ئۇلار مۇسۇلمانلارنىڭ قەلبلىرىگە ئىمان ئۇرۇقىنى يېڭىدىن چېچىشى، دىنىي ھېس - تۇيغۇلارنى قوزغىشى، ئاللاھ ۋە رەسۇلۇللاھقا، ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان ئېيتىشقا دەۋەت قىلىشىنى ئىسلامنىڭ تۇنجى دەۋەت مېتودىغا ئاساسەن ئېلىپ بېرىشى، بۇ يولدا ھەرقانداق پىداكارلىق كۆرسىتىشى، كونا - يېڭى پۈتۈن ۋاسىتىلەرنى سەپەرۋەر قىلىشى، ئوقۇتۇش ۋە نەشرىياتنى ئومۇملاشتۇرۇشى، مەسىلەن: دەۋەتچىلەرنى شەھەر - شەھەر، يېزا - يېزا ئايلاندۇرۇشى، لېكسىيە ۋە سۆھبەت يىغىنلىرى ئۆتكۈزۈشى، كىتاب ۋە ماقالىلەر ئېلان قىلىشى؛

تەرجىمىھالللار، ساھابىلەرگە ئائىت ماتېرىياللار، ئىسلام قەھرىمانلىرى ۋە شېھىتلىرى تەسۋىرلەنگەن ئەسەرلەرنى نەشر قىلىشى، جىھاد ۋە شاھادەت تېمىسىدا ئاشكارا يىغىلىش ئۆتكۈزۈشى ۋە بۇ يولدا رادىئو، گېزىت، ئەدەبىي ئەسەرلەر، ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، قانچىلىك كۈچى ۋە زامانىۋى ۋاسىتىلىرى بولسا، ھەممىسىنى سەپەرۋەر قىلىشى لازىم.

قۇرئان كەرىم ۋە ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ھاياتى ئىسلام دۇنياسىدا ئىمان ۋە قەھرىمانلىق ئوتىنى تۇتاشتۇرىدىغان، جاھىلىيەت دەۋرىگە قارشى ھەر زامان بۆيۈك بىر ئىنقىلاب ئېلىپ بېرىشقا، تەسلىم بولغان، مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىغان، پالەچ مىللەتنى جاھىلىيەتكە قارشى تۇرىدىغان، زالىم نىزاملارغا قارشى كۆكرەك كېرىپ چىقىدىغان، جىھاد ئىشقىغا تولۇپ تاشقان ياش ۋە قاۋۇل بىر مىللەت يارىتىدىغان ئىككى قۇۋۋەتتۇر. دۇنيا ھاياتىغا ھەددىدىن زىيادە بېرىلىپ، پۈتۈن ئېنېرگىيىسىنى ئۇ يەرگە سەرپ قىلىش، يىغلىغۇدەك ئىشلارنى كۈلۈپ، قارشى ئېلىش ۋە دۇنيا ھەۋەسلىرى ئۇچۇن ئەقلىنى يوقىتىش قاتارلىقلار بۇگۈنكى ئىسلام دۇنياسىنىڭ ئەڭ قورقۇنچلۇق كېسەللىرىدۇر. ھازىر ھېچبىر ھادىسە ياكى ھەرقانداق ئىمانسىز ئۇنى ھاياجانلاندۇرالمايۋاتىدۇ، يېمەك ـ ئىچمەك ۋە كىيىم ـ كېچەكتىن باشقا ھېچنەرسە ئۇنى قىزىقتۇرالمايۋاتىدۇ.

پەقەت قۇرئان كەرىم ۋە ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ تەسىرىدە ـ ئەگەر قەلبلەرگە يول تاپالىسا ـ ئىختىلاپ بىلەن ئىمان، ھەقىقەت بىلەن گۇمان، دۇنيا مەنپەئەتلىرى بىلەن ئاخىرەت ھاياتى، بەدەن راھىتى بىلەن قەلب ھۇزۇرى، خاراب قىلىنغان ھايات بىلەن شېھىتلىك شەربىتى ئارىسىدا كەڭ كۆلەملىك جەڭ باشلىنىدۇ.

شۇنداق، خۇددى ھەربىر پەيغەمبەر ئۆز دەۋرىدە ئېلىپ بارغان كۈرەشكە ئوخشاش دۇنيا پەقەت مۇشۇنداق بىر ھەرىكەت ئاستىدا قۇتۇلالايدۇ. دەل شۇ چاغدا، ئىسلام دۇنياسىنىڭ ھەر بىر بۆلۈكىدىن، ھەتتا ئىسلام دۆلەتلىرىدىكى ھەربىر مۇسۇلمان ئائىلىدىن رەببىگە چىن يۈرەكتىن ئىشىنىدىغان ياش يىگىتلەر يېتىشىپ چىقىدۇ ۋە

www.uyghurkitap.com

ئاللاھنىڭ :

ئۇلار ھەقىقەتەن پەرۋەردىگارىغا ئىمان ئېيتقان، بىز ھىدايەتنى زىيادە قىلغان يىگىتلەردۇر. ئۇلارنىڭ دىللىرىنى (يەنى ئىرادىسىنى) مۇستەھكەم قىلدۇق، ئۇ ۋاقىتتا ئۇلار (ئىمانسىز زالىم پادىشاھ ئالدىدا) دەس تۇرۇپ ئېيتتى: «بىزنىڭ پەرۋەردىگارىمىز ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ پەرۋەردىگارىدۇر، بىز ئۇنى قويۇپ ھەرگىزمۇ باشقا ئىلاھقا ئىبادەت قىلمايمىز، ئەگەر (ئاللاھنىڭ شېرىكى بار) دەيدىغان بولسا، بۇ چاغدا ھەقىقەتتىن تولىمۇ يىراقلاشقان بولىمىز» دېگەن ئايىتى قايتا جۇلالىنىدۇ. (سۈرە كەھف 13 - 14 - ئايەتلەر)

ئەنە شۇ چاغدا، بىلالنىڭ، ئاممارنىڭ، خۇبەيبنىڭ، خەببابنىڭ، سۇھەيبنىڭ، مۇسئەب ئىبنى ئۇمەيرنىڭ، ئوسمان ئىبنى مەزئۇننىڭ ۋە ئەنەس ئىبنى نادىرنىڭ ئەسلىمىلىرى قايتا جانلىنىدۇ، جەننەت پۇراقلىرى ھەر تەرەپنى قاپلايدۇ، تۇنجى ئەسىرنىڭ شامىلى قايتا چىقىشقا باشلايدۇ ۋە مۇسۇلمانلارغا ھېچ نەرسە كونىسىغا - بۇرۇنقىسىغا ئوخشىمايدىغان يېپيېڭى بىر دۇنيا تۇغۇلىدۇ...

## پەن - تېخنىكا ۋە جەڭ تەييارلىقى

ئىسلام دۇنياسىنىڭ ۋەزىپىسى بۇنىڭ بىلەنلا تۈگىمەيدۇ. ئەگەر ئىسلام دۇنياسى ئەلچىلىك ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئېلىپ، دۇنيا رەھبەرلىكىنى قولغا كىرگۈزۈشنى خالىسا، ئۈستۈن كۈچكە ئىگە بولۇشى، جەڭ تېخنىكىسى، تىجارەت، سانائەت ۋە ئىلىملەردە تولۇق تەييارلىقتا تۇرۇشى، ھاياتنىڭ ئەڭ ئاساسلىق ئېھتىياج ماددىلىرى ئۈچۈن ياۋروپاغا قول سۇناماسلىقى ۋە ھېچقانداق ئىشتا پەرەڭلەردىن مەسلىھەت سورىماسلىقى لازىم. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۆزىنىڭ يېمەك - ئىچمەك، كىيىم - كېچەك ئېھتىياجىنى قامدىيالايدىغان ھالدا بولۇشى، ئۆزىنىڭ قورال - ياراقنى ئۆزى ياسىشى ۋە يەر ئاستى بايلىقلىرىنى ئۆزى قېزىپ، ئۆزى ئىشلىتىشى، ھۆكۈمىتىنى ئۆز پۇلى ۋە ئۆز ئادەملىرى بىلەن ئىدارە قىلىشى، ئەتراپىدىكى دېڭىزدا ئۆز كېمىلىرى ۋە پاراخوتلىرى بىلەن ئازا قۇرۇشى، دۈشمىنىگە ئۆزىنىڭ توپ ئوقلىرى، ئۆزىنىڭ تانكىلىرى ۋە قورال - ياراقلىرى

بىلەن قارشى تۇرۇشى، ئېكسپورتنى ئىمپورتتىن ھەر دائىم ئۈستۈن تۇتۇشى، ياۋروپاغا پۇل تىلەپ چىقماسلىقى، ھېچبىر پەرەڭنىڭ بايرىقى ئاستىدا پاناھلىنىشقا مەجبۇر بولماسلىقى ۋە ھېچبىر ياۋروپا قوشۇنىغا بويۇن ئەگمەسلىكى لازىم.

ئىسلام دۇنياسى ئىلىمدە، سىياسەتتە، تېخنىكىدا ۋە تىجارەتتە ياۋروپاغا بويۇن ئەگكەنسېرى، ياۋروپا ئۇنىڭ قېنىنى شورايدۇ، تۇپرىقىنى ئىشغال قىلىدۇ ۋە ئۇ يەردىن ھايات مەنبەلىرىنى قازىدۇ؛ ياۋروپانىڭ ماللىرى ھەر كۈنى ئىسلام دۇنياسىنىڭ بازارلىرىنىڭ، ئۆيلىرىنىڭ ۋە يانچۇقلىرىنىڭ بىردىنبىر ئىناۋەتلىك مېلى بولۇپ قالىدۇ ۋە ئۇلار ئىسلام دۆلەتلىرىنى قۇرۇقداپ قويىدۇ. ئىسلام دۇنياسى يەنە ياۋروپاغا پۇل تىلىگىلى بارسا، قوشۇن يېتىشتۈرۈش، مۇھىم ۋەزىپىلەرنى بىر تەرەپ قىلىش ۋە ئىدارىي مېخانىزمنى ئالغا سىلجىتىش ئۈچۈن ياۋروپادىن ئادەم سورىسا، غەربتىن مال ئىمپورت قىلسا، ھە دېسىلا تىلەمچىلىككە چىقسا، ياۋروپانى ئۆزىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى، ئۇستازى، خوجايىنى ۋە "رەببى" دەپ ئويلىسا، ئۇنىڭ رۇخسىتىسىز ھېچ ئىش قىلالمىسا ۋە ھەممە نەرسە ئۇنىڭ تەستىقىدىن ئۆتسە، ئۇنىڭ غەربتىن ئۈستۈن كېلىشى ئۇياقتا تۇرسۇن، ئەبەدىلئەبەد ئۇنىڭ بىلەن تەڭمۇ تۇرالمايدۇ.

ئىسلام دۇنياسى مانا مۇشۇنداق ئۆتمۈشتە ئىلىم ۋە تېخنىكا ساھەگە سەل قارىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇزۇن زاماندىن بېرى قۇللۇققا ۋە خارلىققا دۇچار بولدى. ئىسلام ئالىمى دۇنيانى ئوتقا، يوقلۇققا، ئۆلۈۋېلىشقا ۋە ئۆلۈمگە بۇيرۇيدىغان زالىم ياۋروپا خوجايىنلىقىنىڭ قىسمىقىغا چۈشكەن ئىدى. ئەگەر ئىسلام ئالىمى يەنە بىر قېتىم سانائەت، ئىلىم تەييارلىقىدا ۋە ھاياتىي مەسىلىلىرىنىڭ ھەل قىلىنىشىدا بوشاڭلىق قىلىدىغان بولسا، دۇنيانىڭ پېشانىسىگە شاقاۋەت (شەقىيلىك) تامغىسى بېسىلىدۇ ۋە ئىنسانىيەتنىڭ مېھنەت ۋە جاپا ـ مۇشەققىتى تېخىمۇ ئۇزۇنغا سوزۇلۇپ كېتىدۇ.

## ئىلىم ۋە تەتقىقاتتا ئەڭ ئالدىدا تۇرۇش

ئىسلام دۇنياسى (بولۇپمۇ ئەرەب ئەللىرى) ئۇزۇندىن بېرى ئىلمىي ساھەدىكى

www.uyghurkitap.com

رەھبەر ۋە يېتەكچىلىك ئورنىنى ۋە پىكرى مۇستەقىللىقىنى يوقىتىپ قويغاچقا، ئەرەب تىلى ۋە ئەدەبىياتىدا، ھەتتا تەپسىر، فىقھى ۋە ھەدىسكە ئوخشاش دىنىي ئىلىملەردە ياۋروپانىڭ شاگىرتى ۋە دەستىخىنىنىڭ تەييار تېپى بولۇپ قالدى. شەرقشۇناسلار تەتقىق ۋە تەكشۈرۈشلەردە، ئوبزور ۋە تەنقىدلەردە ئەڭ نوپۇزلۇق ئۇستاز ۋە يېتەكچى بولۇپ قالدى. تارىخىي ۋە ئىلمىي چۈشەنچىلەردە، ئىسلام نىزامى ۋە ئەھكامى بىلەن مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەردە، ئەڭ ئاخىرقى ماكان ۋە يېگانە مەنبە بولۇپ قالدى. رەت قىلىش ۋە ئەستىقلاشنىڭ بىردىنبىر ۋەكىلى شەرقشۇناسلار ئىدى. بۇ كۆپىنچىسى پاپا، دىن تەشۋىقاتچىسى، يەھۇدىي ۋە مۇتەئەسسىپ خرىستىئانلار ئىدى. ئۇلار ئىسلامغا ۋە ئۇنىڭ تەبلىغچىسى بولغان ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ناھايىتى چوڭقۇر دۈشمەنلىك، ئۆچ ـ ئاداۋەت ساقلىماقتا. ئىسلام مەدەنىيىتىنى زاكىلىق قىلىپ قارا چاپلايتتى، دەلىل ـ ئىسپات ۋە نەقىللەردە خىيانەت قىلاتتى ۋە ھەقىقەتلەرنى بۇرمىلايتتى. بەزىلىرى ئەرەب تىلىنى ياخشى بىلمىگەچكە ۋە بۇ ساھەدە ئىختىساس ئىگىسى بولمىغانلىقى ئۈچۈن دەلىللەرنى چۈشىنىشتە ۋە تەرجىمىدە كەچۈرگۈسىز خاتالىقلارنى ئۆتكۈزۈۋەتتى. مۇشرىكلارنىڭ پىكىر ۋە تەرغىباتلىرى ئىسلام دۆلەتلىرىدىكى تېخى يېڭى قۇرۇلغان ئىلمىي مۇھىتلاردا ئۆزىنى كۆرسىتىشكە باشلىدى. "دىن سىياسەتتىن ئايرىمدۇر، دىن سىياسەت ۋە ئىدارە بىلەن ئالاقىسى بولمىغان بىر ئېتىقادتۇر. ئىبادەت ۋە ئەخلاقتىن باشقا نەرسە ئەمەس" دېگەندەك ئىدىيىلەر دىنىي ئۇقۇملارنى ۋە ئىسلام شەرىئىتىنىڭ ئەھكامىنى غەرب مەدەنىيىتى ۋە پەلسەپىسىگە ماس ھالدا ئۆزگەرتىپ، بۇزۇشلىرى شۇنداقلا مۇسۇلمان شەرقتە شەرقشۇناسلارنىڭ تالىپلىرى ۋە شاگىرتلىرى تەرىپىدىن ئوتتۇرىغا قويۇلغان پىكىرلەر بىلەن شەرقشۇناسلارنىڭ كىم ۋە نېمە ئىكەنلىكى سۇ يۈزىگە چىقتى.

شەرقنىڭ مۇسۇلمان يازغۇچىلىرى ۋە شەرق مۇتەپەككۇرلىرى غەرب مەدەنىيىتىنىڭ قارشىسىغا ئۆتۈپ، ئۇنىڭ ئاساس ۋە پرىنسىپلىرىنى ھېچ تارتىنماي، جاسارەت بىلەن ھۆر ۋە مۇستەقىل ھالدا تەنقىد قىلالمىدى. بەزىلىرى پىكرى جەھەتتىن شۇنچىلىك زەئىپلەشتى ۋە تەقلىدچىلىككە شۇ قەدەر بېرىلىپ كەتتىكى، غەرب مەدەنىيىتىنىڭ

ئىنسانىيەت ئەقلى يېتەلىگەن ئەڭ ئېگىز چوققا ئىكەنلىكىنى ۋە ئۇنىڭدىنمۇ يۇقىرى پەللىنىڭ يوق ئىكەنلىكىنى تەكىتلىمەكتە ئىدى. يەنە بەزىلىرى غەربنىڭ مەدەنىيىتىنىڭ شەرقتە پۈتۈن خۇسۇسىيەتلىرى بىلەن ئۆز پېتى تەتبىق قىلىنىشىنى ئارزۇ قىلاتتى ۋە بەزى ئەرەب دۆلەتلىرىمۇ ئۆزلىرىنىڭ ياۋروپا قىتئەسىنىڭ ئايرىلماس بىر قىسمى بولۇپ قالغانلىقىنى ۋە ئۇ تۇپراقلارغا سىڭىپ كەتكەنلىكىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ياۋروپا مەدەنىيىتىنىڭ ئاساسىنى تەشكىل قىلىدىغان يۇنان مەدەنىيىتىنى قوبۇل قىلىۋاتاتتى.

دەۋرىمىزدە، غەرب مەدەنىيىتى ۋە ئۇنىڭ هايات پەلسەپىسى ۋە قىممەت قاراشلىرىنى رەت قىلىپ، غەرب مەدەنىيىتى ۋە ئۇنىڭ قۇرۇلمىسىنى ئىلمىي ۋە هەقىقىي بىر شەكىلدە قانائەتلىنەرلىك ئىزاهات بېرەلەيدىغان مۇتەپەككۇرلار ئازلاپ كەتتى. ئەمما بىز، مۇسۇلمانلارنىڭ ئەڭ ئۇلۇغ مۇتەپەككۇرلىرىدىن دوكتور مۇهەممەد ئىقبال، ياۋروپالىق مۇهەتەدى (هىدايەتكە ئېرىشىپ مۇسۇلمان بولغان) ئۇستاز مۇهەممەد ئەسەدكە ئوخشاش قىممەتلىك شەخسلەرنى بۇ باهانىڭ سىرتىدا تۇتىمىز - ئەلۋەتتە!

ئەگەر ئىسلام ئالىمى ئىككى ئايىغى ئۈستىدە دەس تۇرۇپ، ئۆز ئەقلى بويىچە پىكىر يۈرگۈزۈشنى ئويلىسا، قانداقلا قىلىپ بولمىسۇن، بويىندىكى قۇللۇق زەنجىرىنى پاچاقلاپ تاشلىشى، غەرب مەدەنىيىتىنى تەتقىق قىلىپ تەنقىد قىلغان هالدا شەرقشۇناسلارنىڭ ئەسەر ۋە كۆز قاراشلىرىنى پىكىر سۈزگۈچىدىن ئۆتكۈزۈپ، خاتالىقلىرىنى تۈزىتەلىگۈدەك سەۋىيىگە ئىگە ئالىملارنى ۋە داڭلىق يازغۇچىلارنى يېتىشتۈرۈپ چىقىشى كېرەك. ئەينى ۋاقىتتا، بۇ داڭلىق يازغۇچىلار ئىسلامىي ئىلىملەردە ياۋروپا ۋە ئامېرىكىدىكى شەرقشۇناسلارنىڭ كۆز قاراش ۋە خاتالىقلىرىنى تۈزىتەلىگۈدەك دەرىجىدە ۋايىغا يېتىشى ۋە ئىختىساسلىشىشى لازىم. شۇنداق قىلغاندىلا، تەتقىقات ۋە ئىلىم ئاشىقلىرى خۇددى ياۋروپا ۋە ئامېرىكىنىڭ پايتەختلىرىگە بېرىشقا ئادەتلەنگەندەك، ئەرەب ئالەمىنىڭ پايتەختلىرىگە ۋە ئىسلام دۇنياسىنىڭ مەركەزلىرىگىمۇ كېلىشكە باشلايدۇ.

بۇ مۇسۇلمان شەهەرلىرى ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ، دىنى ئىلىملەرنىڭ، ئەرەب تىلى ۋە ئەدەبىياتىنىڭ مەركىزى بولۇشقا ياۋروپا پايتەختلىرىگە ۋە ئۇنىۋېرسىتېتلىرىغا قارىغاندا تېخىمۇ لايىقتۇر. ئەپسۇسكى، ئۇزۇن تارىختا ئىگە بۇ پايتەختلەر بوشاڭلىق ۋە

ھۆرۈنلۈق سەۋەبىدىن ئىلمىي ۋە دىنىي ساھەدىكى مەدەنىي رەھبەرلىكىنى يوقىتىپ قويغان ئىدى.

## زامانىۋى ئىلىمگە يېتەكچىلىك قىلىش

ئىسلام ئالەمى زامانىۋى ئىلىمنى ئۆز روھى ۋە نىزامىغا ئۇيغۇن بىر شەكىلدە تەرتىپلىشى كېرەك. ئىسلام دۇنياسى كونا دەۋردە ئىلمىي ئىلغارلىقى بىلەن دۇنياغا ھاكىم بولغان ئىدى. دۇنيانىڭ پىكىر ۋە مەدەنىيىتىگە بۇ يول بىلەن ھۆكۈمرانلىق قىلغان، ئەدەبىيات ۋە پەلسەپە ساھەسىگىمۇ بۇ يول بىلەن ئاتلانغان ئىدى. شۇنىڭ بىلەن، مەدەنىي دۇنيا ئەسىرلەر بويى ئۇنىڭ ئەقلى بىلەن ئويلىغان، ئۇنىڭ قەلىمى بىلەن يازغان ۋە ئۇنىڭ تىلى بىلەن ئەسەرلەر ياراتقان ئىدى. ئىران، تۈركىستان، ئافغانىستان ۋە ھىندىستاندىكى يازغۇچىلار قىممەتلىك ئەسەرلىرىنى پۈتۈنلەي ئەرەب تىلىدا قەلەمگە ئالغان ئىدى. بەزىلىرى غەززالىنىڭ "كىميائى سائادەت (بەخت ئېلىكسىر كەلگۈچى خىمىيە)" ناملىق ئەسىرىگە ئوخشاش ئەسەرلىرىنىڭ ئەسلىنى ئەرەبچە يېزىپ، پارسچە بىلەن خۇلاسىلىگەن ئىدى.

ئاباسىيلار خەلىپىلىكىنىڭ ئالدىنقى دەۋرلىرىدە ئوتتۇرىغا چىققان بۇ ئىلمىي ھەرىكەت، يۇنان ۋە ئەجەملەرنىڭ تەسىرىدە ھەرقانچە قىلىپ، ئىسلام روھى ۋە ساپ ئىسلام پىكرىنىڭ ئۈستىگە قۇرۇلمىغان؛ ئىلمىي ۋە دىنىي جەھەتتىن ھەرقانچە ئاجىزلىق تەرەپلىرى بولسىمۇ، دۇنياغا ئۆز كۈچ - قۇۋۋىتى بىلەن ھاكىم بولغان ئىدى ۋە كونا دەۋرنىڭ ئىلمىي سىستېمىلىرىنى مەغلۇبىيەتكە ئۇچراتقان ئىدى. كېيىنچە، ياۋروپا ناھايىتى تېز ئىلگىرىلەپ، بۇ كونا نىزامنى ئۆزلىرىنىڭ ئىلمىي تەنقىد ۋە ئىجادلىرى بىلەن مەغلۇپ قىلدى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇلار ئىلىم ۋە تەتقىقاتتا ئۆز پىكرىگە، روھىغا ۋە ماتېرىيالىست قۇرۇلمىسىغا ئۇيغۇن يېڭى بىر مېتودنى قوللاندى. بۇ ئوقۇتۇش سىستېمىسىدا تەربىيىلەنگەن ئوقۇغۇچىلار مەكتەپنى ماتېرىيالىست روھىغا تويۇنغان ھالدا پۈتتۈرەتتى. دۇنيا بۇ ئوقۇتۇش سىستېمىسىغا يەنە بىر قېتىم بويۇن ئېگىشكە مەجبۇر بولدى. يىللاردىن بېرى ئىلمىي قالاقلىق ۋە پىكرىي چۈكۈش ئىچىدە تېنەپ



www.uyghurkitap.com

يۈرگەن ياۋروپادىن باشقا ياردەم ۋە ئېھتىياج ئىشىكى تاپالمىغان ئىسلام ئالىمىمۇ بۇ ئوقۇتۇش سىستېمىسىنى تولۇقى بىلەن قوبۇل قىلدى.

بۈگۈن ئىسلام ئالىمىدە يولغا قويۇلۇۋاتقان ئوقۇتۇش سىستېمىسى ياۋروپانىڭ ماتېرىيالىست ئوقۇتۇش سىستېمىسىدۇر.

بۇ سىستېمىنىڭ تەبىئىي بىر نەتىجىسى شەكلىدە، جەمئىيەت ھېچ ھەل قىلالمىغان ۋە ھېلىمۇ ياش نەسىللەرنىڭ زېھنىدە ئۆز مەۋجۇدىيىتىنى داۋاملاشتۇرۇۋاتقان ئىسلام روھى بىلەن يېڭى روھ، ئىسلام ئەخلاقى بىلەن ياۋروپا ئەخلاقى، بىر نەرسىنىڭ يېڭى ئۆلچىمى بىلەن كونا ئۆلچىمى ئارىسىدا توقۇنۇش پەيدا بولدى.

جەمئىيەت بۇ توقۇنۇشنى ھەل قىلالمىدى ۋە بۇ توقۇنۇش تا ھازىرغىچە ياش نەسىللەرنىڭ زېھنىدە ئۆز مەۋجۇدلۇقىنى داۋاملاشتۇرۇپ كەلمەكتە ۋە يەنە زىيالىيلار قاتلىمىدا شۈبھە، توقۇنۇش، ئالدىراقسانلىق، دۇنيا ھاياتىغا بېرىلىش، دۇنيا ھاياتىنى ئاخىرەت ھاياتىدىن ئۈستۈن كۆرۈش ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش ياۋروپا مەدەنىيىتىنىڭ ماتېرىيالىست روھىدىن سىڭگەن بەزى كېسەللەرمۇ بۇ سىستېمىنىڭ بىر نەتىجىسى بولۇپ كۆرۈلۈشكە باشلىدى.

ئەگەر ئىسلام ئالىمى ھاياتىنى يېڭىدىن تەرتىپكە سېلىش ۋە باشقىلارنىڭ بويۇنتۇرۇقىدىن قۇتۇلۇشنى خالىسا ۋە ئەگەر دۇنيا رەھبەرلىكىنى قايتىدىن قولىغا ئېلىشنى ئارزۇ قىلسا، ئىمپورت قىلىنغان ئوقۇتۇش سىستېمىلىرىنى تاشلاپ، ئۇنىڭ ئورنىغا ئۆزىنىڭ ئوقۇتۇش سىستېمىنى يولغا قويۇشى، ئىلمىي سۈپىتىنى ئۆستۈرۈپ، قوماندانلىق ئورنىغا ئولتۇرۇشى لازىم. ئەمما بۇ، ئۇنچىۋالا ئاسان ئىش ئەمەس. بۇنىڭ ئۈچۈن چوڭقۇر چۈشەنچە، كەڭ تەتقىقات نەتىجىسى ۋە يېزىقچىلىق ھەرىكىتى بولۇشى لازىم. مۇستەھكەم ئىمان ۋە ئۇنىڭ پرىنسىپلىرى بىلەن قوراللىنىپ تۇرۇپ، دەۋرنىڭ زامانىۋى ئىلىملىرىنى تەھلىل ۋە تەنقىد قىلالايدىغان دەرىجىدە ئىلمىي سەۋىيە كېرەك. بۇ، ئۇنداق ئاددىي خەلق توپلىمىنىڭ قىلالايدىغان ئىشى ئەمەس. بۇ، مۇسۇلمان دۆلەتلەرنىڭ ئىشىدۇر. ئىسلام دۆلەتلىرىنىڭ ئۇنىۋېرسىتېتلارنى قۇرۇشى ۋە

www.uyghurkitap.com

بۇ ئۇنىۋېرسىتېتلار ھەر كەسپتىن لاياقەتلىك ئالىملارنى تاللىشى، بۇ ئالىملار كىتاب ۋە سۈننەتنىڭ ئاساسلىرى ۋە دىنىنىڭ ئۆزگەرمىگەن ھەقىقەتلىرى بىلەن دەۋرنىڭ تەبئىي پەن بىلىملىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان يېڭى بىر ئوقۇتۇش سىستېمىسىنى قۇرۇشى، دەۋرنىڭ زامانىۋى ئىلىملىرىنى ئىسلام ئاساسلىرىغا ۋە ئىسلامنىڭ روھىغا ماس شەكىلدە ئىسلام ياشلىرى ئۈچۈن تەييارلاپ بېرىشى، بۇ ئارقىلىق يېڭى نەسىللەر بارلىق ئېھتىياجلىرىنى بۇ مەنبەدىن قامدىشى، ھاياتلىرىنى بۇنىڭغا قارىتا تەرتىپلىشى، مەۋجۇدىيىتىنى بۇنىڭ بىلەن قوغدىشى، جەڭ تەييارلىقىنى بۇنىڭ بىلەن قىلىشى، دۆلەتلىرىنىڭ خەزىنىلىرىنى بۇنىڭ بىلەن قېزىشى، مەملىكىتىنىڭ بايلىقلىرىدىن بۇنىڭ بىلەن پايدىلىنىشى... ئىسلام دۆلەتلىرىنىڭ مالىيىسىنى بۇنىڭ بىلەن ئىدارە قىلىشى، ئىدارىلىرىنى ئىسلام پرىنسىپلىرىغا ئاساسەن باشقۇرۇشى كېرەك. شۇنداق قىلغاندىلا، ئىسلام نىزامىنىڭ دۆلەت رەھبەرلىكىدىكى ئۈستۈنلۈكىگە ئېرىشكىلى بولىدۇ ۋە ياۋروپا ھەل قىلالمىغان ئىقتىسادىي مەسىلىلەر ئۆزلۈكىدىن ھەل بولۇپ قالىدۇ.

ئىسلام ئالىمى پەقەت روھىي، سانائەت ۋە مۇداپىئە تەييارلىقى ۋە مۇستەقىل ئوقۇتۇش سىستېمىسى ئارقىلىقلا تەرەققىي قىلىشى، ئىسلامنى ئەمەلىي تۇرمۇشقا تەتبىقلاپ، ئۇنى ھەر ۋاقىت يۈز بېرىش ئېھتىمالى بولغان ئۆلۈم خەۋپىدىن قۇتۇلدۇرالىشى مۇمكىن، رەھبەرلىك كىچىك بالىنىڭ ئويۇنىغا ئوخشىمايدۇ، ئۇ ئىنتىزامچانلىق، تىرىشچانلىق، چىدام ـ غەيرەت ۋە تولۇق تەييارلىق تەلەپ قىلىدۇ.

”ھەر كىشى جەڭگە تولۇق تەييارلىق بىلەن كىرىدۇ.“

# ئىككىنچى قىسىم

# ئەرەب دۇنياسىنىڭ رەھبەرلىكى

## ئەرەب دۇنياسىنىڭ ئەھمىيىتى

دۇنيا سىياسىي خەرىتىسىدە ئەرەب دۇنياسىنىڭ ئورنى بەكمۇ چوڭ. چۈنكى ئەرەب دۇنياسى ئىنسانىيەت تارىخىدا چوڭ رول ئوينىغان مىللەتلەرنىڭ ۋەتىنى، شۇنداقلا، دەۋرىمىزنىڭ سانائەت ۋە جەڭ ساھەسىنىڭ ئەڭ مۇھىم ئېھتىياجلىرىدىن بىرى بولغان ”قارا ئالتۇن“ غا ئوخشاش بۈيۈك قۇۋۋەت ۋە بايلىق مەنبەلىرىنى ئۆز قوينىدا ساقلاپ ياتقان قىممەتلىك تۇپراق. ئەرەب دۇنياسى ياۋروپا، ئامېرىكا ۋە يىراق شەرق ئارىسىدا كۆۋرۈكلۈك رول ئوينىماقتا. ئۇ ئىسلام دۇنياسىنىڭ روھىي ۋە دىنىي جەھەتتىن ئۆزىگە تەلپۈنگەن، سۆيگۈ ئىشقىدا يالقۇنلاپ كۆيگەن يۈرىكىدۇر. ئاللاھ ساقلىسۇن! بەلكى، ئەرەب ئالەمى ئۈچىنچى دۇنيا ئۇرۇشىنىڭ جەڭ مەيدانى بولۇپ قېلىشى مۇمكىن. چۈنكى ئۇ يەرلەردە ئىشچان قوللار، ئويچان خىياللار، تىرىشچان بەدەنلەر، تىجارەت بازارلىرى ۋە تېرىقچىلىققا مۇناسىپ، مۇنبەت تۇپراقلار بار. باغرىدا نىلغا ئوخشاش ھايات مەنبەسى دولقۇنلاپ ئاقىدىغان، ھوسۇللىرى، بايلىقلىرى، كېرىمى، مۇنبەتلىكى، ئىلغارلىقى ۋە مەدەنىيەتلىكى بىلەن داڭق چىقارغان مىسىر بار. چۈنكى، ئۇ يەردە ئىستراتېگىيىلىك ئورنى، ئىقلىمىنىڭ گۈزەللىكى ۋە ھاۋا شارائىتىنىڭ مۇۋاپىقلىقى بىلەن مەشھۇر بولغان سۈرىيە، پەلەستىن ۋە قوشنىلىرى بار. نېفىت مەنبەلىرى ۋە خەلقىنىڭ مەردلىكى بىلەن نام چىقارغان دۆلەتلەر بار. روھانىيەتنىڭ مەركىزى ۋە دىنىي ساھەنىڭ پاسىبانى دېگەن نام بىلەن تونۇلغان، دۇنيادا ھېچ ئوخشىشى بولمىغان يىللىق ھەج يىغىلىشى ۋە مول نېفىت بايلىقلىرىغا ئىگە ئەرەب

يېرىم ئارىلى بار. مانا بۇلار، غەربلىكلەرنىڭ دىققەت ـ نەزەرلىرىنىڭ ئەرەب دۇنياسىغا بۇرۇلۇشىغا، ھېرىس ۋە ئارزۇلىرىنىڭ بۇ تۇپراقلارغا قارىتىلىشىغا ۋە رەھبەرلىك تۇتقۇنۇشلىرىنىڭ بۇ ساھەلەردە پارتلىشىغا سەۋەب بولدى. ئەرەب دۇنياسىدا[1] بۇ ھەرىكەتنى توختىتىش مەقسىتىدە بىر ئەرەب مىللەتچىلىكى ھېسسىياتى تۇغۇلدى. شۇنىڭ بىلەن، "ئەرەب ۋەتىنى" ۋە "ئەرەب شەرىپى" دېگەندەك چاقىرىقلار ھەر تەرەپتە جاراڭلاشقا باشلىدى.

ئاللاھنىڭ رەسۇلى ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئەرەب دۇنياسىنىڭ روھىدۇر. لېكىن مۇسۇلمانلار ئەرەب دۇنياسىغا ياۋروپالىقلارنىڭ ياكى ئەرەب مىللەتچىلىرىنىڭ كۆزى بىلەن قارىماپۋاتىدۇ. ئۇلار ئەرەب دۇنياسىنى ئىسلامنىڭ بۆشۈكى ۋە ئۇنىڭ تۇغۇلغان زېمىنى، ئىنسانىيەتنىڭ ئەقىل بۇلىقى ۋە دۇنيا رەھبەرلىكىنىڭ مەركىزى دەپ قارايدۇ. ئەسلى ئەرەب بولغان ھەزرىتى مۇھەممەدنىڭ ئەرەب ئالەمىنىڭ روھىي ئاساسىي ۋە شەرەپ تاجى ئىكەنلىكىگە ئىشىنىدۇ.

ئاللاھ ساقلىسۇن! ئەگەر ئەرەب دۇنياسى ئىگە بولغان بايلىق ۋە ئېنېرگىيە مەنبەلىرى، گۈزەللىك ۋە ياخشىلىقلىرى بىلەن ئاللاھنىڭ رەسۇلى ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامدىن ئايرىلسا ۋە ئۇنىڭ تەلىماتى ۋە دىنىدىن يىراقلىشىدىغان بولسا، ئۇ بىر روھسىز بەدەنگە ۋە ئۆچۈپ كەتكەن سىزىققا ئوخشاپ قالىدۇ. چۈنكى بىر ياشاۋاتقان بۇ دۇنيا پارچە ـ پارچە بۆلۈنگەن، قەبىلىلەر بىر ـ بىرىگە دۈشمەن بولغان، مىللەتلەر قۇللۇق زەنجىرىگە باغلىنىپ ئۆز قەدرى ـ قىممىتىنى يوقاتقان ۋە دۆلەتلەر ئازغۇنلۇق ۋە جاھالەت پاتقىقىغا پاتقان بىر ۋاقىتتا، ھەزرىتى مۇھەممەد ئەرەب دۇنياسىنى مەۋجۇدىيەت ساھەسىگە چىقاردى. ئەرەبلەر رىم ۋە ئىرانغا ئوخشاش دۆلەتلەرگە قارىمۇقارشى چىقىپ، ئۇرۇش قىلىدىغانلىقنى چۈشلىرىدىمۇ كۆرمىگەن ئىدى. بۇنداق ئىشلار ئۇلارنىڭ خىيالىغىمۇ كەلمىگەن ئىدى. ھەتتا بىرەرسى شۇنداق دېسىمۇ ئىشەنمەيتتى. ئەرەب دۇنياسىنىڭ مۇھىم بىر پارچىسى بولغان سۇرىيە رىم ئىمپېراتورلۇقىنىڭ ھاكىمىيتىدە دىكتاتورلۇقى ۋە زالىملاردىنمۇ ئېشىپ چۈشكەن مۇستەبىت ئىدارىسى ئاستىدا ئىشغال قىلىنغان ئەھۋالدا ئىدى. ئۇلار ھۆررىيەت ۋە

ئادالەتنىڭ مەنىسىنىمۇ بىلمەيتتى. ئىراق مۇتتەھەم دۆلەتنىڭ يېتىم ئوغلى ئىدى. ئېغىر باج ـ سېلىق ۋە چىدىغۇسىز دەرىجىدىكى قىممەتچىلىكنىڭ دەردىدىن قاتتىق ئىڭرىماقتا ئىدى. رىملىقلار مىسىرنى ھەم سېغىپ ئېچىدىغان ھەم مىنىدىغان تۆگىدەك قوللىناتتى. يۇقىرىنى يۇلاتتى، يەم ـ خەشەك بەرگەندىمۇ چىدىغۇسىز دەرىجىدە ئازاب-ئوقۇبەت قىلاتتى. ئەينى ۋاقىتتا، مىسىرلىقلار سىياسىي ئىستىبداتتىن باشقا، دىنىي زۇلۇمنىڭ ئىسكەنجىسىدە تولغانماقتا ئىدى. پارچە ـ پارچە بۆلۈنۈپ تارقىتىۋېتىلگەن، يەتكۈچە ئېغىر ئازاب ۋە زۇلۇمغا ئۇچرىغان ئىنسانىيەت دۇنياسى ھەزرىتى مۇھەممەد ئېلىپ كەلگەن ئىسلام باھارى يېتىپ كەلگۈچى بۇ ئازابلارغا كۆكرەك كەردى. ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام پەيغەمبەر بولۇپ ئەۋەتىلگەن ۋاقىتتا ئىنسانىيەت ئالەمى يوقلۇقنىڭ تەگسىز چوڭقۇر ئازگىلىغا يۇمىلاپ كەتكەن ئىدى.

رەسۇلۇللاھ ئىنسانىيەتنىڭ قولىدىن تۇتقان ۋاقىتتا ئىنسانىيەت جان تالىشىۋاتاتتى. رەسۇلۇللاھ ئاللاھنىڭ ئىزنى بىلەن ئۇلارغا ھايات بەخش ئەتتى. يەر يۈزىدە يوللىرىنى يورىتىپ بېرەلەيدىغان نۇر ئاتا قىلدى. قۇرئان ۋە سۈننەتنى ئۆگىتىش ئارقىلىق قەلبلىرىنى پاكلىدى. بۇ مۇسۇلمانلار ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام پەيغەمبەر بولۇپ ئەۋەتىلگەندىن كېيىن، ئىسلامنىڭ ئەلچىسى، تىنچلىق ۋە ئىشەنچنىڭ خۇش خەۋەرچىسى، ئىلىم ۋە ھېكمەتنىڭ رەھبىرى، مەدەنىيەت ۋە ھازارەت (كۇلتۇر)نىڭ بايراقدارى، مىللەتلەرنىڭ نىجاتكارى ۋە دۇنيانىڭ يېگانە قاراۋۇلى بولۇپ قالدى. بۇ ئارقىلىق شام، ئىراق، مىسىر ۋە بىز ئېيتىپ ئۆتكەن ئەرەب دۇنياسى مەيدانغا كەلدى. ئەگەر ھەزرىتى مۇھەممەد بولمىغان بولسا، باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، ئۇنىڭ ئەلچىلىكى ۋە ئۇنىڭ دىنى بولمىغان بولسا، نە سۈرىيە، نە ئىراق، نە مىسىر، نە ئەرەب ئالەمى بولمىغان بولاتتى. ھەتتا بۈگۈنكىدەك مەدەنىي ۋە ئەخلاقلىق دۇنيامۇ بولمىغان بولاتتى. كىمكى ئەرەب مىللەتلىرى ۋە دۆلەتلىرىدىن، ئىسلام دىنىدىن ئايرىلىپ يۈزىنى ياۋروپاغا ياكى ئەرەبلەرنىڭ كونا جاھىلىيەت دەۋرىگە بۇرىسا ياكى سىياسەت ۋە ياكى ھايات قانۇنلىرىنى غەرب ئاساسى قانۇنلىرى ۋە تۈزۈملىرىدىن

ئالسا ۋە ھاياتىنى ئىسلام بىلەن ھېچ ئالاقىسى بولمىغان ئىرقچىلىق ۋە يۇرتۋازلىق ئۇستىدە داۋاملاشتۇرسا، رەسۇلۇللاھنى بىر يېتەكچى، قوماندان، يولباشچى ۋە رەھبەر دەپ قوبۇل قىلمىسا، ھەزرىتى مۇھەممەد ئېلىپ كەلگەن نىزامنى تەكرار ئۆزگەرتىپ ئۆزلەشتۈرۈپ، كونا جاھىلىيەتنىڭ ئۇ زۇلمەت قاراڭغۇلۇقىدىن قايتمىسا، رىم ۋە ئىران زوراۋانلىقىغا، قۇللۇق ۋە خورلۇققا، زۇلۇم ۋە قىستاققا، جاھالەت ۋە ئازغۇنلۇققا، غەپلەت ۋە يوقلۇققا، تەركىدۇنيا بولۇشقا، ئۆلۈم ۋە زاۋاللىققا قاراپ يۈزلەنگەن بولىدۇ. چۈنكى بۇ شەرەپلىك تارىخ، بۇ پارلاق مەدەنىيەت، بۇ تەڭداشسىز ئىنتىزام ۋە بۇ ئەرەب دۆلەتلىرىنىڭ ھەممىسى ھەزرىتى مۇھەممەدنىڭ ئەسەرلىرىدىن ئىبارەتتۇر.

## ئەرەب دۇنياسىنىڭ قۇۋۋىتى ئىماندۇر

مۇسۇلمانلارنىڭ ئەرەب دۇنياسىغا بولغان قارىشى غەربلىكلەر ۋە ئەرەبلەرنىڭ قارىشىغا ئوخشىمايدۇ. ئۇلار ئەرەب دۇنياسىنى ئىسلامنىڭ بۆشىكى، ئىنسانىيەتنىڭ مەركىزى ۋە دۇنياغا باشلامچىلىق قىلىدىغان ئورۇن دەپ قارايدۇ. ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بولسا، ئەرەب ئالەمىنىڭ مەنىۋى يولباشچىسى ۋە يېتەكچىسى، ئىمان ئەرەب دۇنياسىنى پۈتۈن ئىنسانىيەتنىڭ ئۈستۈن قىلغان يېگانە كۈچى بولۇپ، خۇددى تۇنۇگۈنكىدەك، بۈگۈنمۇ ئۇنىڭ قورالى ۋە قۇۋۋىتىدۇر. ئۇ دۈشمەنگە ئۇنىڭ بىلەن تاقابىل تۇرىدۇ. ئۆز مەۋجۇدىيىتىنى ئۇنىڭ بىلەن قوغدايدۇ ۋە ئىنتىزامىنى ئۇنىڭ بىلەن داۋاملاشتۇرىدۇ. ئەرەب دۇنياسى سىئونىزم (يەھۇدىزم)، كوممۇنىزم ياكى باشقا دۈشمەن بىلەن ئەنگلىيە ئەۋەتىدىغان ياكى ئامېرىكا تەقدىم قىلىدىغان ۋە ياكى ئۆز تۇپرىقىدىن چىقارغان "قارا ئالتۇن" ھېسابىغا بېرىدىغان پۇللار بىلەن ئۇرۇش قىلالمايدۇ. ئۇلار دۈشمەنلىرى بىلەن پەقەت ئىمان، مەنىۋى قۇۋۋەت، رىم ۋە ئىران ئىمپېراتورلۇقلىرىنى بىر سائەتتەك قىسقا ۋاقىت ئىچىدە يەر بىلەن يەكسان قىلغۇچەتكەن روھلىرى بىلەن ئۇرۇش قىلالايدۇ. ئەرەبلەر ھېچقاچان ھاياتنى سۆيۈپ ئۆلۈمدىن قورقىدىغان يۈرەك، راھەت - پاراغەتكە چۆشكۈن بەدەن، شەك - شۈبھە قاپلىغان ئەقىل، ھەرخىل ئارزۇ - ئىستەكلەردە توقۇنۇشىدىغان زېھىن، تىترەك باسقان قول،

ئىمانى زەئىپلەشكەن سۇنۇق دىل ياكى جەڭ مەيدانىغا چىقىشقا ئاجىزلىق قىلىدىغان قوۋۋەت بىلەن دۈشمەنلىرىگە تاقابىل تۇرالمايدۇ. ئەرەب رەھبەرلىرى، يولباشچىلىرى ۋە ئەرەب جەمئىيىتى قوماندانلىرىنىڭ ئەڭ مۇھىم ۋەزىپىسى شۇكى، (ئۇلار) ئەرەب مىللەتلىرىنىڭ، ئەرەب ئاممىسىنىڭ بېشىدا تۇرىدىغانلارنىڭ، قوشۇنلارنىڭ، دېھقان ۋە سودىگەرلەرنىڭ يىغىنچاقلاپ ئېيتقاندا، پۈتۈن خەلق تەبىقىلىرىنىڭ قەلبىگە ئىمان ئۇرۇقىنى چېچىشى، ئاللاھ يولىدا جىھاد ئوتىنى ئۇلغايتىشى، جەننەت سۆيگۈسىنى، دۇنيانىڭ تېشى پال - پال، ئىچى غال - غال ئىشلىرىنىڭ قەدىرسىزلىكىنى كاللىسىغا سىڭدۈرۈشى؛ تويمىغۇر نەپسكە ۋە دۇنيانىڭ ئۆتكۈنچى ئارزۇ - ھەۋەسلىرىگە قانداق تاقابىل تۇرۇش، ئاللاھ يولىدا ئۇچرىغان توسالغۇلارنى قانداق يېڭىش، ئۆلۈمگە كۈلۈپ تۇرۇپ قۇچاق ئېچىش ۋە خۇددى پەرۋانىلەر ئۆزلىرىنى ئوتقا ئاتقاندەك ئۆزلىرىنى ئۆلۈمگە قانداق ئاتىدىغانلىقىنى ئۆگىتىش لازىم.

## ئەرەب ياشلىرىنىڭ پىداكارلىقى ئىنسانىيەت سائادىتىنىڭ كۆۋرۈكىدۇر

رەسۇلۇللاھ پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتىلگەن ۋاقىتتا، ئىنسانىيەت ئەڭ زۇلمەت دەۋرىنى بېشىدىن كەچۈرۈۋاتاتتى. ئىنسانىيەت مەسىلىلىرى قورسىقى توق، ئەتىسىدىن غېمى يوق، ھېچقانداق خېيىم - خەتەر، جاپا - مۇشەققەت ۋە زىيان - زەخمەتكە ئۇچرىمايدىغان باي كىشىلەر ھەل قىلالايدىغان مەسىلىلەر ئەمەس. بۇ مەسىلىلەر قولىلىرىدىكى بارلىق ئىمكانلىرىنى ۋە ئىستىقبالىنى ئىنسانىيەت خىزمىتى ۋە مۇقەددەس ئەلچىلىكنىڭ تولۇق ئورۇنلىشى ئۈچۈن پىدا قىلىدىغان؛ جېنىنى، مېلىنى، ئېھتىياج ۋاستىلىرىنى ۋە دۇنياۋى ئارزۇ - ھەۋەسلىرىنى بۇ يولدىكى خېيىم - خەتەر ۋە ھايات - ماماتقا ئاتىۋەتكەن، تىجارىتىنى، سەنئىتىنى ۋە پايدا - مەنپەئەتىنى بۇ يول ئۈچۈن سەرپ قىلغان، ئاتا - بوۋىلىرىنىڭ ۋە دوستلىرىنىڭ قۇرۇق خىياللىرىنى بۇ يول ئارقىلىق يوققا چىقارغان ۋە ھەتتا ئۇلارغا سالىھ ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمى ئۇنىڭغا: «ئى سالىھ! سەن ئىلگىرى بىزنىڭ ئارىمىزدا ئىشەنچلىك بىرى ئىدىڭ» دېگەندەك دېگۈزگەن كىشىلەرگە موھتاج.

www.uyghurkitap.com



شۇنى ئېيتىپ ئۆتۈش كېرەككى، يۇقىرىدا بىز توختىلىپ ئۆتكەن مۇجاھىدلار بولماي تۇرۇپ، ئىنسانىيەتنىڭ ئۆز مەۋجۇدىيىتىنى داۋاملاشتۇرۇشى ۋە تولۇق بىر دەۋاننىڭ ئېلىپ بېرىلىشى مۇمكىن ئەمەس. چۈنكى، ئۇلارنىڭ زاماندىشلىرى ئېيتىپ ئۆتكەندەك، بۇ ئازغىنا كىشى ئىنسانىيەتكە بەخت ـ سائادەت كەلتۈرۈپ، مىللەتلەرنى راھەت-پاراغەتكە ئېرىشتۈرگەن ۋە دۇنيانىڭ يۈزلىنىشىنى يامانلىقلاردىن ياخشىلىقلارغا بۇرىغان ئىدى. بىر قىسىم شەخسلەرنىڭ خۇشال ۋە بىر قىسىم مىللەتلەرنىڭ خاپا بولۇشى، بەزى ئىنسانلارنىڭ تىجارىتىنىڭ ناچار ۋە ماللىرىنىڭ ۋەيران بولۇشى، سانىنى ئاللاھتىن باشقا ھېچكىم بىلمەيدىغان روھلارنىڭ ۋە ئىنسانلارنىڭ ئاللاھنىڭ ئازابىدىن ۋە جەھەننەم ئوتىدىن قۇتۇلۇشى يەنى، ئاز بىر قىسىمنىڭ بەختسىز بولىشى بەدىلىگە پۈتۈن ئىنسانىيەتنىڭ بەختكە ئېرىششى ئەڭ چوڭ بەخت ـ سائادەت ھېساپلىنىدۇ.

ئاللاھ تائالا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتكەن ۋاقىتتا، رىملىقلار ئىرانلىقلارنىڭ ۋە مەدەنىي دۇنيانىڭ تىزگىنىنى قولىغا ئېلىۋالغان كۈچلۈك مىللەتلەرنىڭ ھەشەمەتلىك ۋە ئىسراپچىلىققا تولغان سۈنئىي ھاياتلىرى بىلەن خەتەرلەرگە تاقابىل تۇرالمايدىغانلىقىنى؛ جىھاد، دەۋەت ۋە دەردلىك كىشىلەرگە خىزمەت قىلىش جەريانىدا دۇچ كەلگەن قىيىن تۇسالغۇلارغا بەرداشلىق بېرەلمەيدىغانلىقىنى؛ مەدەنىيەت ئەسەرلىرىدىن، يېمەك ـ ئىچمەك ۋە كىيىم ـ كېچەك زوقلىرىدىن ئازراقمۇ ۋاز كېچەلمەيدىغانلىقىنى، ئېھتىياجلىرى ئۇيياقتا تۇرسۇن، زوقلىرىدىن، ئېسىۋېلىرىدىن ۋە زىبۇ زىننەتلىرىدىن ھەرگىز سەرپ قىلمايدىغانلىقىنى؛ شەھۋەتلىرىگە ھاكىم بولغان، ئارزۇ ـ ئىستەكلىرىنى تىزگىنلىگەن، ھاياتنىڭ ئۆتكۈنچى زوقلىرىغا ۋە دۇنيانىڭ قۇرۇق ھەۋەسلىرىگە بېرىلمىگەن، شۇنداقلا ئۆز قولىدىكىگە قانائەت قىلغان شەخسلەردىن مەھرۇم ئىكەنلىكىنى ناھايىتى ياخشى بىلەتتى. ئەنە شۇنىڭ ئۈچۈن، ئاللاھ تائالا ئىسلام نىزامىنى ۋە رەسۇلۇللاھنىڭ ساھابىلىرىنى جىھاد ۋە دەۋەت يولىدىكى قىيىنچىلىقلارغا كۆكرەك كېرىپ چىقىدىغان ۋە بۇ يولدا ھەر تۈرلۈك پىداكارلىقنى كۆرسىتەلەيدىغان بىر مىللەت قىلىپ تاللىدى. ئەنە شۇ

مىللەت زامانىۋى مەدەنىيەت يۇتالمىغان، ھەشەمەتچىلىك ۋە ئەيش - ئىشرەت تۇنجۇقتۇرالمىغان كۈچلۈك ئەرەب مىللىتىدۇر. ئۇلار - مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ دەۋا يولداشلىرى، ئىنسانىيەت ئىچىدە قەلبى ئەڭ پاك، ئىلمى ئەڭ ئۈستۈن ۋە ئەڭ كەمتەر كىشىلەر ئىدى.

رەسۇلۇللاھ بۇ ئۇلۇغ دەۋا بىلەن ئوتتۇرىغا چىقىپ، ۋەزىپىسىنى تولۇق ئورۇندىدى. بۇ دەۋا يولىدا ئالدىغا چىققان بارلىق توسالغۇلارنى يەڭدى. شەھۋەتلىرىدىن، دۇنيانىڭ زوقى ۋە ئەيش - ئىشرەتلىرىدىن باش تارتتى، بۇ يولدا پۈتۈن دۇنيانىڭ يېگانە رەھبىرى بولدى. قۇرەيشلەر مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئەلچى ئەۋەتىپ، ئۇنىڭغا رەئىسلىك، شەرەپ، مال - دۇنيا ۋە ئېسىل قىزلار قاتارلىقلارغا ئوخشاش ياشلارنىڭ ئەقلىنى لال قىلىدىغان ۋە تەمەخورلارنى تىزلاندۇرىدىغان تەكلىپلەرنى بەردى. لېكىن رەسۇلۇللاھ بۇلارنىڭ ھەممىسىنى ئوچۇق - ئاشكارا ۋە پەرۋاسىزچە رەت قىلدى. تاغىسى ئۇنىڭ بىلەن سۆھبەتلىشىپ، بۇ دەۋا يولىدىكى پىداكارلىقلىرىغا توسقۇنلۇق قىلماقچى بولدى. ئەمما رەسۇلۇللاھ ئۇنىڭغا مۇنداق دەپ رەددىيە بەردى:

«ئى تاغا! ئوڭ قولۇمغا قۇياشنى، سول قولۇمغا ئاينى بەرسىمۇ، ئاللاھ غەلىبىگە ئېرىشتۈرگىچە ياكى بۇ يولدا ئۆلگۈچە بۇ دەۋادىن ۋاز كەچمەيمەن».

رەسۇلۇللاھنىڭ يۈزىگە بارلىق ئىشكىلەر يېپىلغان، يوللار كېسىلگەن ۋە ھەتتا بۇ ھاقارەت ئۇنىڭ ئائىلىسىگە، ئەھلى خەلقىگە ۋە قولىغۇچىلىرىغا قىلىنىۋاتقان ۋاقىتتا، ئۇ، مەيلى زامانداشلىرىغا ياكى ئۇنىڭدىن كېيىنكىلەرگە بولسۇن، ئۆزى ئېلىپ بارغان كۈرەشلەر ۋە كۆرسەتكەن پىداكارلىقى بىلەن، زاھىت - تەقۋادارلىقى ۋە ئاددىي - ساددا ھاياتى بىلەن تەڭداشسىز ئۈرنەك بولدى. رەسۇلۇللاھ ئىنسانلارنىڭ ئىچىدە ئەزىيەتكە ئەڭ كۆپ ئۇچرىغان ۋە دۇنيا ھاياتىدىن نېسىۋىسىنى ئەڭ ئاز ئالغانلاردىن ئىدى. جىھاد ۋە پىداكارلىقتىكى ئەڭ يۇكسەك ئورۇن رەسۇلۇللاھنىڭ ئىدى. ھەرقانداق بىر نەرسىنى چەكلىمەكچى بولغىنىدا، ئالدى بىلەن ئۆز ئائىلىسى ۋە تۇغقانلىرىدىن باشلايتتى. ھەرقانداق بىر ھەق ياكى مەنپەئەت يولىنى ئاچسا، ئۇنى ئۆز تۇغقانلىرى ۋە يېقىنلىرىغىمۇ چەكلەيتتى.

ئۆسۈمنى چەكلىمەكچى بولغان ۋاقىتتا، تۇنجى بولۇپ ئۆز تاغىسى ئابباس ئىبنى ئابدۇلمۇتەللىبتىن باشلىدى ۋە پۈتۈنلەي چەكلىدى. جاھىلىيەت دەۋرىدىكى قان دەۋاسىنى ئەمەلدىن قالدۇرماقچى بولغان ۋاقىتتا، تۇنجى قېتىم رەبىئە ئىبنى ھارىس ئىبنى ئابدۇلمۇتەللىبنىڭ قان دەۋاسىدىن باشلىدى ۋە يىلتىزىدىن قومۇرۇپ تاشلىدى. قىيامەت كۈنىگە قەدەر دۇنيادا تەڭدىشى كۆرۈلمىگەن بىر ياردەملىشىش مۇئەسسەسەسى سۈپىتىدە داۋاملىشىدىغان زاكات ساندۇقىنى قۇرغان ۋاقىتتا، ئۆز قەبىلىسى بولغان ھاشىم ئوغۇللىرىغا پۈتۈنلەي چەكلىدى. مەككە پەتھى قىلىنغان ۋاقىتتا ئەلى ئىبنى ئەبۇتالىب "ھاجىبە ۋە سەغايە" ۋەزىپىلىرىنىڭ بەنى ھاشىمغا بېرىلىشىنى تەلەپ قىلغاندا، شىددەت بىلەن قارشى چىقتى ۋە ئوسمان ئىبنى تەلھەنى چاقىرىپ، كەبىنىڭ ئاچقۇچلىرىنى ئۇنىڭغا تۇتقۇزدى ۋە:

«ئى ئوسمان! مانا بۇ ئاچقۇچلار سىنىڭ. بۈگۈن ياخشىلىق ۋە ۋاپادارلىق كۈنىدۇر»؛ «بۇلارنى ئەبەدىلئەبەد ساقلاڭلار، بۇلارنى سىلەردىن پەقەت زالىملارلا تارتىپ ئالالايدۇ» دېدى.

ئۇ ئائىلىسىگە زاھىدلىقنى، قانائەتنى، ئاددىي - ساددا تۇرمۇشنى تەۋسىيە قىلدى. ئۇلارغا ئۆز ئەھۋالىغا يارىشا پېقىر ۋە يوقسۇل ھايات كەچۈرۈش بىلەن باياشات ۋە خۇشال - خورام ھايات كەچۈرۈش ئارىسىدا ئۆز ئىختىيارىغا قويۇپ بەردى ۋە ئۇلارغا ئاللاھنىڭ مۇنۇ ئەمرىنى يەتكۈزدى:

﴿ئى پەيغەمبەر! (ئارتۇق خىراجەت سوراپ سىنى رەنجىتكەن) ئاياللىرىڭغا ئېيتقىنكى، «ئەگەر سىلەر دۇنيا تىرىكچىلىكىنى (يەنى پاراۋان تۇرمۇشنى) ۋە دۇنيانىڭ زىبۇ زىننىتىنى كۆزلىسەڭلار، كېلىڭلار، سىلەرگە بىر ئاز نەرسە بېرەي، سىلەرنى چىرايلىقچە قويۇپ بېرەي. ئەگەر سىلەر ئاللاھنى ۋە ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىنى، ئاخىرەت يۇرتىنى ئىختىيار قىلساڭلار، ئاللاھ ھەقىقەتەن ئىچىڭلاردىكى ياخشى ئىش قىلغۇچىلارغا چوڭ ساۋابنى (يەنى كۆز كۆرمىگەن، قۇلاق ئاڭلىمىغان ۋە ئىنساننىڭ كۆڭلىگە كەلمىگەن نازۇ نېمەتلەر بار جەننەتنى) تەييار قىلدى»﴾.

ئۇلارمۇ ئاللاھنى ۋە ئۇنىڭ رەسۇلىنى تاللىدى. رەسۇلۇللاھ يارغۇنچاقتا قولى قاپىرىپ، ئاغرىپ كەتكىنىگە ۋايىسىغان ھەزرىتى فاتىمەگە تەكبىر، تەسبىھ ۋە ھەمدى ئېيتىشنى تەۋسىيە قىلىپ، بۇلارنىڭ ئۇنىڭ ئۈچۈن بىر خىزمەتچىدىن تېخىمۇ ياخشى ئىكەنلىكىنى ئېيتتى.

مەككىدە رەسۇلۇللاھقا ئىشەنگەن قۇرەيشلەرنىڭ ئىقتىسادى ھاياتى چوڭ بوھرانغا دۇچ كەلدى، بەزىلىرىنىڭ تىجارىتى توختىدى، بەزىلىرىنىڭ پۈتۈن ئۆمرىدە توپلىغان مال - بايلىقى ۋەيران بولدى. بىر قىسمى خۇشاللىقىدىن، بەخت - سائادىتىدىن ۋە ئىللاردا داستان بولغان ئېسىل كىيىملىرىدىن مەھرۇم قالدى، بەزىلىرى بۇ دەۋاغا كۆپ كۈچىگەنلىكى ۋە ھەرخىل پىداكارلىق كۆرسەتكەنلىكى ئۈچۈن تىجارىتى ئاقساپ قالدى. بەزىلىرى ئاتا - بوۋىلىرىدىن قالغان مىراستىن ئۆز نېسىۋىلىرىنى ئالالمىدى.

كېيىنچە، رەسۇلۇللاھ مەدىنىگە ھىجرەت قىلىپ، ئەنسارىلارنىڭ ئۇنىڭغا بەيئەت قىلىشى بىلەن مەدىنىدە ھايات بىر ئىزىدا توختاپ قالدى. ئەنسارىلار باغ - ۋاران، ئېتىز - ئېرىقلىرىغا قارىيالماس بولدى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇلار ۋاقىتلىرىنىڭ بىر قىسمىنى باغ ۋە ئېتىزلىرىغا ئايرىشنى تەلەپ قىلدى. ئەمما رەسۇلۇللاھ رۇخسەت بەرمىدى ۋە ئاللاھ تائالا دەرھال بۇ ئايەتنى نازىل قىلدى:

﴿ئاللاھنىڭ يولىدا (پۇل - مال) سەرپ قىلىڭلار، ئۆزۈڭلارنى ھالاكەتكە تاشلىماڭلار، ئېھسان قىلىڭلار، ئېھسان قىلغۇچىلارنى ئاللاھ ھەقىقەتەن دوست تۇتىدۇ﴾.

ئەرەبلەرنىڭ ۋە بۇ دەۋاغا ساھىب چىققانلارنىڭ ئەھۋالى مانا مۇشۇنداق ئىدى. جىھاد يولىدا چەككەن ئازابلىرى، مال ۋە جان جەھەتتىن تارتقان زىيانلىرى دۇنيادىكى مىللەتلەرگە قارىغاندا تېخىمۇ كۆپ ئىدى. ئاللاھ تائالا ئۇلارغا مۇنداق دېگەن ئىدى:

﴿ئېيتقىنكى، «ئەگەر سىلەرنىڭ ئاتاڭلار، ئوغۇللىرىڭلار، قېرىنداشلىرىڭلار،

خوتۇنلىرىڭلار، ئۇرۇق - تۇغقانلىرىڭلار (ھەممە ئۇلاردىن باشقىلار)، تاپقان پۇل - ماللىرىڭلار، ئاقماي قېلىشىدىن قورققان تىجارىتىڭلار، ياخشى كۆرىدىغان ئۆيلىرىڭلار سىلەر ئۈچۈن ئاللاھتىن، ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىدىن ۋە ئاللاھنىڭ يولىدا جىھاد قىلىشتىنمۇ سۆيۈملۈك بولسا (يەنى شۇلار بىلەن بولۇپ كېتىپ، ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىگە ياردەم بەرمىسەڭلار)، ئۇ ھالدا سىلەر تاكى ئاللاھنىڭ ئەمرى (يەنى مەككىنى پەتھى قىلىش ئىزنى) كەلگۈچە كۈتۈڭلار، ئاللاھ پاسىق قەۋمنى (يەنى ئاللاھنىڭ دىنىنىڭ چەك - چېگرىسىدىن چىقىپ كەتكۈچىلەرنى) ھىدايەت قىلمايدۇ»﴾.

﴿مەدىنە ئاھالىسى ۋە ئۇلارنىڭ ئەتراپىدىكى ئەئرابىلارنىڭ رەسۇلۇللاھ بىلەن جىھادقا بىللە چىقماي قېلىپ قېلىشى، ئۆزلىرىنىڭ ئارامى بىلەنلا بولۇپ، جاپادا رەسۇلۇللاھ بىلەن بىللە بولماسلىقى توغرا ئەمەس ئىدى. بۇ (يەنى ئۇلارنى جىھادقا چىقماي قېلىپ قېلىشتىن مەنئى قىلىش) شۇنىڭ ئۈچۈنكى، ئۇلار ئاللاھنىڭ يولىدا ئۇچرىغان ئۇسسۇزلۇق، ئارتۇقان جاپا - مۇشەققەت ۋە ئاچلىق، ئۇلارنىڭ كاپىرلارنى خاپىلىققا سالىدىغان ھەر بىر قەدىمى، دۈشمەنلەر ئۈستىدىن ئېرىشكەن (ئۇلارنى ئۆلتۈرۈش، ئەسىر ئېلىش، مەغلۇپ قىلىش قاتارلىق) ھەربىر نەرسىسى ئۈچۈن (ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا) ئۇلارغا ياخشىلىق (يەنى ساۋاب) يېزىلىدۇ، ئاللاھ ئەلۋەتتە ياخشى ئىش قىلغۇچىلارنىڭ ئەجرىنى بىكار قىلىۋەتمەيدۇ﴾.

چۈنكى ئىنسانىيەتنىڭ بەخت - سائادىتى ئۇلار قىلىدىغان پىداكارلىق ۋە بۇ يولدا دۇچ كېلىدىغان بالايى - ئاپەت ۋە زىيانلارغا باغلىق ئىدى.

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿بىز سىلەرنى بىرئاز قورقۇنچ بىلەن، بىرئاز قەھەتچىلىك بىلەن ۋە ماللىرىڭلارغا، جانلىرىڭلارغا، باللىرىڭلارغا، زىرائەتلىرىڭلارغا يېتىدىغان زىيان بىلەن چوقۇم سىنايمىز. (بېشىغا كەلگەن مۇسىبەت، زىيان - زەخمەتلەرگە) سەۋر قىلغۇچىلارغا (جەننەت بىلەن) خۇش خەۋەر بەرگىن﴾.

باشقا بىر ئايەتتە مۇنداق دەيدۇ:

﴿ئىنسانلار «ئىمان ئېيتتۇق» دەپ قويۇش بىلەنلا سىنالماي تەرك ئېتىلىمىز، دەپ ئويلامدۇ؟﴾.

ئەرەبلەرنىڭ بۇ شەرەپلىك ۋەزىپىنى تاشلاپ كەينىگە چېكىنىشى ئىنسانىيەتنىڭ ئارامىنى بۇزۇپ، يەر يۈزىدىكى يامانلىقلارنىڭ داۋاملىشىشىغا سەۋەب بولدى. چۈنكى ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿كاپىرلار (ياردەمدە ۋە مىراستا) بىر - بىرىگە ئىگىدۇر، ئەگەر بۇ ھۆكۈمگە ئەمەل قىلمىساڭلار، يەر يۈزىدە پىتنە ۋە چوڭ قالايمىقانچىلىق تۇغۇلىدۇ﴾.

مىلادى 6 ـ ئەسىردە، دۇنيا تارىخى دەۋر بۆلگۈچ بىر باسقۇچقا كىردى. ئەرەبلەر يا بىر قەدەم ئالدىغا چىقىپ جانلىرى، ماللىرى، بالىلىرى، قىسقىسى، ئۆزى ياخشى كۆرىدىغان ھەر نەرسىسىنى خېيىم ـ خەتەرگە تەۋەككۈل قىلىش، دۇنيا زوقلىرىنى تەرك ئېتىش، ئىجتىمائىي مەنپەئەتلىرىنى مەنمەنچىلىكى ئۈچۈن قۇربان قىلىشى كېرەك ئىدىكى، ئەنە شۇ ۋاقىتتا دۇنيا بەخت ـ سائادەتكە ئېرىشىپ، ئىنسانىيەت ئۆز ئىزىغا چۈشەتتى ۋە ئىماننىڭ مەھسۇلاتلىرى كۆرگەزمە قىلىناتتى، جەننەت بازارلىرى قۇرۇلاتتى. ياكى ئۇلار شەھۋەتلىرىنى، ئارزۇ ـ ھەۋەسلىرىنى ۋە شەخسىي مەنپەئەتلىرىنى ئىنسانىيەتنىڭ بەخت ـ سائادىتى ۋە دۇنيا تىنچلىقىدىن ئۈستۈن كۆرۈشى كېرەك ئىدىكى، ئۇ ۋاقىتتا دۇنيا ئاللاھ ئىرادە قىلغان ۋاقىتقىچە زۇلمەت ۋە شەقىيلىقنىڭ ئازابىغا مۇبتىلا بولۇپ قالاتتى. لېكىن ئاللاھ تائالا ئىنسانىيەتنىڭ ياخشىلىقىنى ئىرادە قىلىپ، ئەرەبلەرگە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام پۈۋلىگەن ئىمان ۋە پىداكارلىق روھى، ساۋاب ۋە ئاخىرەت سۆيگۈسى بىلەن بۈيۈك جاسارەت بەردى. شۇنىڭ بىلەن، ئەرەبلەر پۈتۈن مال ـ دۇنياسىنى ئىنسانىيەت ئىشلىرى ئۈچۈن پىدا قىلدى، ئاللاھنىڭ ساۋابى ۋە ئىنسانىيەتنىڭ بەخت ـ سائادىتى ئۈچۈن دۇنيا نېئمەتلىرىدىن ۋاز كەچتى. ماللىرى ۋە جانلىرى بىلەن ئاللاھ يولىدا جەڭ ۋە جىھاد ئېلىپ باردى. ئىنسانلار توختىماي ئېتىلىپ تۇرىدىغان ھەر تۈرلۈك شەھۋەت، ئارزۇ ـ ھەۋەس ۋە خىياللارنى بۇ ئىشلار ئۈچۈن پىدا قىلدى، ئىشلىرىنى ۋە ئەھدىلىرىنى ئاللاھ رازىلىقى ئۈچۈن قىلدى. ئاللاھ مۇ ئۇلارنى دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە ئەڭ ياخشى

نېئمەتلەر بىلەن مۇكاپاتلىدى. چۈنكى ئاللاھ ياخشىلىقلارنى ھەر دائىم ياخشى كۆرىدۇ.

شۇنىڭ بىلەن، زامان تامامەن رەسۇلۇللاھ پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتىلگەن دەۋرگە ئايلاندى. دۇنيا يەنە بىر دەۋر بۆلگۈچ باسقۇچىغا كىلىپ توختىدى. ئەرەبلەر (يەنى رەسۇلۇللاھنىڭ مىللىتى ۋە نەسەبى) ياكى ئوتتۇرىغا چىقىپ جانلىرىنى، ئىمكانلىرىنى، ئىشتىياقلىرىنى قۇربان قىلىش ئارقىلىق ئۆزلىرى ياشاۋاتقان بەخت - سائادەتنى، خۇشاللىقنى، كەڭ دۇنيانى، ھاياتنىڭ تېخى قولغا ئۆتمىگەن پۇرسەتلىرىنى ۋە تۇرمۇشنىڭ قۇلاي شارائىتلىرىنى تاشلاپ خېيىم - خەتەرگە كىرىشى كېرەككى، ئۇ ۋاقىتتا دۇنيا ئۆزى پاتقان پاتقاقلىقتىن چىقالايتتى ۋە يەر يۈزى باشقا بىر تۈسكە كىرەتتى. ياكى ئۇلار ئۆزلىرى ياشاۋاتقان ئارزۇ - ھەۋەسلىرىنى، ئورۇن - مەرتىۋە يولىدىكى تالاش - تارتىشلىرىنى داۋاملاشتۇرۇپ، پەقەت مال يىغىش، بايلىق توپلاش، نامۇۋاپىق يوللاردىن پايدا قازىنىشنى ئويلىشى كېرەككى، ئۇ ۋاقىتتا، دۇنيا ئەسىرلەردىن بۇيان ئىچىدىن چىقالماي تولغىنىۋاتقان پاتقاقتا تېخىمۇ چوڭقۇر پېتىپ كېتەتتى.

ئەرەب دۆلەتلىرىنىڭ پايتەختلىرىدىكى ياشلارنىڭ ئەقىل - پىكرى شەھۋەتتە بولسا، ھاياتى قورساق ۋە ماددا ئەتراپىدا چۆرگىلىسە ۋە بۇنىڭدىن باشقا بىر نەرسە ئويلىمىسا، بۇ يولدا داۋاملىق مېڭىشتىن ۋاز كەچمىسە، ئەلۋەتتە دۇنيا سائادەت يۈزى كۆرمەيدۇ. جاھىلىيەت دەۋرىدىكى بەزى مىللەتلەرنىڭ ئۆز ئىستىقبالىنى ئۆزلىرى ئىشەنگەن پرىنسىپلار ئۈچۈن پىدا قىلغان ياشلىرى بولاردىن بەكرەك ئېتىقادچان كېلىدۇ ۋە پىكرى سەۋىيىسى تېخىمۇ كەڭ بولىدۇ. ھەتتا جاھىلىيەت دەۋرىنىڭ شائىرى ئىمرىئۇل قەيس جىنىدا بولاردىنمۇ بەكرەك غەيرەتلىك بولۇپ، ئۇ مۇنداق دېگەنىدى:

مەن ئاددىي مەئىشەتنى قوغلاپ يۈرمەيمەن،
كېرىكى يوق، قولۇمدىكى ماڭا يېتىدۇ.
لېكىن مەن ھەقىقىي شەرەپ تىلەيمەن،
بۇ شەرەپكە مەندىن باشقا كىممۇ يېتىدۇ؟

دۇنيا پەقەت ۋە پەقەت مۇسۇلمان ياشلار قوزغىغان جىھاد ۋە مۇشەققەت كۆرۈۋېلىش ئۆتۈش ئارقىلىقلا سائادەتكە ئېرىشەلەيدۇ. يەر ئۇلارغا موھتاج. ئەرەب ياشلىرى ئىسلامنىڭ شان - شەرىپىنى ئۇلۇغلاش، بىخەتەرلىك ۋە تىنچلىقنى دۇنياغا يېيىش، ئىنسانلارنى جەھەننەمگە ئېلىپ بارىدىغان يولدىن جەننەتكە يۈزلەندۈرىدىغان يولغا بۇراش ئۈچۈن شەخسىي ئارزۇ - ھەۋەسلىرىنى پىدا قىلسا، ئىنسانىيەت دۇنياسىنى ھۇزۇرغا ئېرىشتۈرۈپ، ئىسلامنىڭ ساغلام مايىسلىرىنى يېتىشتۈرىدىغان ئوغۇتقا ئايلانغان بولىدۇ.

مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى باھا بېكىتكىلى بولمايدىغان قىممەتلىك ئەشيالار ئۈچۈن تۆلەنگەن ناھايىتى ئاز بەدەلدىن ئىبارەتتۇر.

## ھەربىي كۈچكە يېتەرلىك دەرىجىدە ئەھمىيەت بېرىش كېرەك

كۆپلىگەن ئەرەب دۆلەتلىرىنىڭ ئەسكەرىي كۈچىنى يوقىتىپ قويغىنى ئاچچىق ھەقىقەت. ئەرەب مىللەتلىرى (تۈرگۈن جەھەتلەردىكى) دۇنياغا مەشھۇر "بىرىنچى"لىكىدىن قالدى. بۇ چېكىنىش ئۇلار ئۈچۈن چوڭ پالاكەت ۋە ئېغىر يوقىتىش بولدى. شۇنداقلا، جىھاد مەيدانىدا دۈشمەندىن ئاجىز كېلىپ قېلىشقا سەۋەب بولدى. شۇنىڭ بىلەن، ئەرەبلەردە ئەسكەرىي روھ يوقالدى، بەدەن زەئىپلەشتى، ئىنسانلار كەيپ - ساپاغا بېرىلىپ كەتتى. تورۇق ئاتلارنىڭ ئورنىنى ئاپتوموبىللار ئالدى، ھەتتا، ئەرەب يېرىم ئارىلىدا ئات نەسلى قالماسلىقتەك خەۋپكە دۇچ كەلدى. ئىنسانلار چېلىشىش، ئوق ئېتىش، ئات مىنىش، ھەرخىل تەنتەربىيە پائالىيەتلىرى ۋە ئەسكەرىي مەشقنى بىر تەرەپكە تاشلاپ قويۇپ، ئۆزلىرىگە ھېچقانداق پايدىسى بولمىغان ئويۇنلارنى تاللىدى. ئەرەب ياشلىرىغا ئات مىنىش، ئەسكەرىي ھايات، ئاددىي - ساددا تۇرمۇشنىڭ ئېغىرچىلىق ۋە قىيىنچىلىقلىرىغا كۆكرەك كېرىش، مۇشەققەت ۋە ھارغىنلىققا سەۋر - تاقەت قىلىشقا ئادەتلەندۈرۈش ۋە ئۆگىتىش ئەرەب مىللەتلىرىنىڭ رەھبىرى ھېسابلىنىدىغان ئوقۇتقۇچى - ئۇستازلارنىڭ ئەڭ مۇھىم ۋەزىپىسىدۇر!

www.uyghurkitap.com



ئۇلۇغ ئۇستاز، مۇسۇلمانلارنىڭ ئەمىرى ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ يات مەملىكەتلەردىكى بەزى ئەرەب ۋالىيلارغا مۇنۇ تەلىماتنى ئەۋەتكەن ئىدى:

”كەيپ - ساپادىن ۋە يات مىللەتلەرنىڭ كىيىملىرىنى ئۆزۈڭلارغا سىڭدۈرۈۋېلىشتىن ساقلىنىڭلار، سىلەرگە قۇياشنى تەۋسىيە قىلىمىز، چۈنكى قۇياش ئەرەبلەرنىڭ مۇنچىسىدۇر. تىك قىيالاردەك بولۇڭلار، ئاددىي - ساددا كىيىنىپ، نورمال غىزالىنىڭلار، ئېغىرچىلىقلار ئالدىدا پولاتتەك چىڭ تۇرۇڭلار ئاددىي - ساددا كىيىنىڭلار، ئات مىنىشكە ئەھمىيەت بېرىڭلار، ناھايىتى كۈچلۈك بولۇڭلار، نىشاننى ياخشى قارىغا ئېلىڭلار“.

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن ئىدى:

«ئى بەنى ئىسرائىل! ئېتىڭلار، سىلەرنىڭ ئاتا - بوۋاڭلارمۇ ئاتقۇچىلاردىن ئىدى». يەنە بىر ھەدىستە:

«دىققەت قىلىڭلار، كۈچ ئېتىشتىدۇر؛ دىققەت قىلىڭلار، كۈچ ئېتىشتىدۇر» دېگەن.

يېتەكچى ۋە ئۇستازلارنىڭ ئەڭ مۇھىم ۋەزىپىسى شۇكى، (ئۇلار) يىگىتلىك ۋە قەھرىمانلىق روھىنى زەئىپلەشتۈرىدىغان، قاشاڭلىق ۋە ھورۇنلۇقنى تەشۋىق قىلىدىغان ھەر تۈرلۈك ئادەت، تەربىيە، گېزىت - ژۇرنال ۋە ئوقۇتۇش ۋاستىلىرىگە قارشى قەتئىي كۈرەش قىلىشى، ئازغۇنلۇق ۋە گۇناھ ئۇرۇقلىرىنى تېرىيدىغان شەھۋەت ۋە ھېسسىياتقا زورلايدىغان ئەدەپسىز گېزىت - ژۇرناللارغا ۋە ماتېرىيالىست روھقا ئىگە نومۇسسىز ئەدەبىياتقا خاتىمە بېرىشى، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ قوشۇنىنىڭ ئىمانلىق ئەرلىرى، ئارىسدا زىنانى يېيىشقا تىرىشقان، يېڭىدىن بىخلانغان ئىسلام ياشلىقىنىڭ قەلبىنى، ئەخلاقىنى بۇزغان، ئازغىنە پۇل بىلەن ئۇلارغا ئازغۇنلۇقنى، ئىسيانى ۋە يامان ئىشلارنى جەلپ قىلارلىق ھالغا كەلتۈرگەن ئىپپەت دەللاللىرىغا ئەپۇچان بولماسلىقى كېرەك. تارىخ گۇۋاھتۇركى، ئەرلىرى ئۆزىنىڭ ئەرلىك خۇسۇسىيىتىنى يوقاتقان، ئاياللىرى ئانىلىق ۋە ئاياللىق شەرىپىنى يوقاتقان،

ھەشەمەتلىك تۇرمۇشقا بېرىلىپ كەتكەن، ئەرلىرى ھەر قايسى ساھەدە قاشاڭلىشىپ كەتكەن، ئائىلە ھاياتى گۇمران بولغان، يامانلىقلارنى ياقتۇرىدىغان ۋە ئۆزلەشتۈرگەن مىللەتلەرنىڭ يۇلتۇزلىرى ئۆچۈپ، كۈنى تۇتۇلدى ۋە كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچە بولغان ئارىلىقتا تارىخ بېتىدىن يوقالدى.

يۇنان، رىم ۋە ئىراننىڭ ئاقىۋىتى مانا مۇشۇنداق بولغان ئىدى. ياۋروپامۇ ئوخشاش ئاقىۋەتكە دۇچار بولماقتا. ئەرەب ئالىمى ئۆزىنى قورقۇنچلۇق ئاقىۋەتتىن چەتكە تارتىپ، قوغدىنىشى لازىم.

## باي ۋە يوقسۇل تەبىقە ئارىسىدىكى قورقۇنچلۇق پەرق

ئەرەبلەر غەرب مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرى ۋە باشقا ھەرخىل سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ھەشەمەتچىلىككە، بەتخەجلىككە ۋە ئىسراپچىلىققا، ئاللاھنىڭ مېلىنى كەيپ ـ ساپا، شەھۋەت، دەبدەبە ۋە رەڭۋازلىق يوللىرىغا سەرپ قىلىشقا ئادەتلەندى.

بۇ ھەشەمەتچىلىك ۋە ئىسراپچىلىققا تولغان بەتخەج ھاياتنىڭ قارشى تەرىپىدە ئاچلىق، يالىڭاچلىق ۋە قاتتىق پېقىرلىق ئەرەب دۆلەتلىرىنىڭ پايتەختلىرىدىكى بۇ ئېچىنىشلىق مەنزىرىنى كۆرگەنلەرنىڭ كۆزلىرى ياشقا تولماقتا، يۈرىكى ئېچىشماقتا ۋە خىجىللىقتىن باشلىرى ئالدىغا ئېگىلمەكتە. بىر تەرەپتە قۇر - قۇر، رەڭگارەڭ كىيىملەرنى، دۆۋە - دۆۋە يېمەك ـ ئىچمەكلىرىنى قانداق تۈگىتىشنى بىلمەيۋاتقان بايلار، يەنە بىر تەرەپتە ئاغزىغا سالغۇدەك بىر لوقمىغا ۋە ئۈچىسىنى ياپقۇدەك بىر پارچە كىيىمگە موھتاج بولغان بىچارە بەدەۋىيلەر؛ بىر تەرەپتە شامالدىن تېز، ئۇچقۇر ماشىنىلارنىڭ ساھىبى بولغان بايلار ۋە ئەرەب باشلىقلىرى، يەنە بىر تەرەپتە بولسا، ئۈچىسىدىكى قارا يەكتىكى بىلەن بىر بۇردا نان ۋە تۈت ـ بەش ياماق تەڭگە ئۈچۈن يۈگۈرۈپ يۈرگەن كىچىك بالىلار ۋە ئاياللار؛ ئەرەب شەھەرلىرىنىڭ دەبدەبىلىك سارايلىرى ۋە ئەڭ يېڭى مودېل ماشىنىلىرى بىلەن غېرىپ كەپىلىرى ۋە قاراڭغۇلۇققا مەھكۇم ئەرەب ئۆيلىرى تەڭ مەۋجۇد بولۇپ تۇرغان مۇددەتكىچە... ئاچكۆزلۈك بىلەن

www.uyghurkitap.com

ئاچارچىلىق، ھەشەمەتچىلىك بىلەن غېرىپلىق، بارلىق بىلەن يوقلۇق بىر شەھەردە بىللە بولغان تەقدىردە، قوزغىلاڭلار، ئىنقىلابلار، سىياسىي ۋە ئىقتىسادىي بوھرانلار، ئازاب ۋە ئۇقۇبەت ئارقىمۇئارقا يۈز بېرىدۇ ۋە بۇ ئارقىلىق يوللار كوممۇنىزم دېگەن بالايىئاپەتكە ئېچىلىدۇ. ئەگەر ئەرەبلەر ئۇستۇن ياكى تەڭ ـ باراۋەر ھالىتىدە تۇرۇپ ئىسلامنى ئۆزلىرىنىڭ ھايات نىزامى شەكلىدە ئۆز دۆلەتلىرىدە يولغا قويمىسا، ئاللاھ ئۇنىڭ جازاسى سۈپىتىدە ئۇلارنى زالىم ۋە قەبىھ بىر نىزامنىڭ چاڭگىلىغا چۈشۈرىدۇ ۋە شۇنىڭ ھاكىمىيىتىگە مەھكۇم قىلىپ قويىدۇ.

## ھەر تۈرلۈك دىكتاتورلۇقتىن قۇتۇلۇش

تارىخنىڭ بىر ۋاقىتلىرىدا ئەرەب دۇنياسىدا ھايات بىرلا شەخسنىڭ ئەتراپىدا چۆرگىلەيتتى. بۇ خەلىپە ۋە پادىشاھ ئىدى ياكى بىر توپ ئىنسانىنىڭ ئەتراپىدا چۆرگىلەيتتى، بۇلار ۋەزىرلەر بىلەن پادىشاھنىڭ ئەمىرلىرى ئىدى. پۈتۈن دۆلەت بۇ ئالىي شەخسنىڭ مۈلكى ۋە خەلق قۇل ـ چۆرىلىرى ھېسابلىناتتى. خەلقنىڭ مال ـ مۈلكى، جېنى ۋە ئىپپەت ـ نومۇسى بۇ ئالىي شەخسنىڭ زومىگەرلىكى ئاستىدا بولۇپ، قول ئاستىدىكى خەلق ئۇنىڭ مەۋجۇدىيىتىنىڭ سايىسىدىن باشقا نەرسە ئەمەس ئىدى. ئۇلارنىڭ ھاياتلىرىمۇ ئۇنىڭ ھاياتىنىڭ تەبىئىي بىر قىسمى ئىدى.

ھايات چاقپەلەكى تارىخى، ئىلىملىرى، ئەدەبىياتلىرى، شېئىرلىرى، مەھسۇلاتلىرى بىلەن پۈتۈنلەي بۇ شەخسنىڭ ئەتراپىدا چۆرگىلەيتتى. ئەگەر بىرى ئۆز دەۋرىنىڭ تارىخىنى ۋە ئەدەبىيات چۈشەنچىسىنى تەنقىد قىلىشقا ئۇرۇنسا، بۇ ئالىي شەخسكە دۇچ كېلەتتى. خەلقنى ياكى جەمئىيەتنى ئۆز زومىگەرلىكى ئاستىدا ئېزەتتى. بۇ خۇددى بىر تۈپ چوڭ دەرەخنىڭ ئۆز سايىسىدا ئۆسكەن كۆچەت ۋە ئوت ـ چۆپلەرگە ھاكىم بولۇپ، ئۇلارنى ھاۋا، قۇياش قاتارلىقلارنىڭ نېمەتلىرىدىن مەھرۇم قالدۇرغىنىغا ئوخشايدۇ. مانا مۇشۇنداق، خەلق بۇ شەخسنىڭ قول ئىلكىدە ئېرىپ يوقالدى، ئىرادىسىز، شەخسىيەتسىز (كىملىكسىز)، خار ـ زەبۇن، مەھكۇم، زەئىپ مىللەتكە ئايلىنىپ قالدى.

ئۇ شۇنداق بىر شەخس ئىدىكى، هايات چاقپەلىكى پەقەت ئۇنىڭ ئۈچۈن چۆرگىلەيتتى. دېهقانلار ئۇنىڭ ئۈچۈن تەر تۆكسە، سودىگەرلەر ئۇنىڭ ئۈچۈن مەشغۇل بولاتتى. هۈنەرۋەنلەر ئۇنىڭ ئۈچۈن ئىشلىسە، يازغۇچىلار ئۇنىڭ ئۈچۈن يازاتتى. ئانىلار ئۇنىڭ ئۈچۈن تۇغسا، ئادەملەر ئۇنىڭ ئۈچۈن ئۆلەتتى. قوشۇن ئۇنىڭ ئۈچۈن جەڭ قىلاتتى. هەتتا تۇپراق ئۆز باغرىداساقلىغان خەزىنىلەرنى ئۇنىڭ ئۈچۈن ئاشكارىلايتتى، دېڭىزلار قىممەتلىك مەدەنلەرنى ئۇنىڭ ئۈچۈن قىرغاققا ئاتسا، يەر يۈزى خەزىنىلەرنى ئۇنىڭ ئۈچۈن چىقىراتتى.

بۇ باياشاتچىلىقنىڭ قۇرغۇچىسى ۋە هەقىقىي ساهىبى بولغان خەلق ئاممىسى پۈتۈنلەي يوقسۇل بىر هايات كەچۈرمەكتە ياكى قۇل ۋە ئەسىرلەردەك ياشىماقتا، هۆكۈمدارنىڭ داستىخىنىدىن تۆكۈلگەن ئۇۋاقلار ۋە ئاشقان ـ تاشقانلار بىلەن كۈن ئۆتكۈزەلىگىنىگە شۈكرى قىلماقتا، بەزىدە بۇنىڭدىنمۇ مەھرۇم قالسىمۇ، سەۋر ـ تاقەت قىلماقتا ئىدى. هەتتا ئىنسانلىق قەدىر ـ قىممىتى، شان ـ شەرىپى ئاياغ ئاستى قىلىنغاندىمۇ هېچنەرسىدىن شىكايەتچى بولالمايۋاتاتتى. چۈنكى ئۇلار پۇرسەتتىن پايدىلىنىش ئۈچۈن بىر ـ بىرى بىلەن مۇسابىقىلەشمەكتە ئىدى.

مانا بۇ دەۋر شەرق ئالەمىدە ئۇزۇن مۇددەت هۆكۈم سۈرگەن ۋە خەلقنىڭ هاياتى، روهى، ئەدەبىياتى، شېئىرى، ئەخلاقى ۋە ئىجتىمائىي هاياتىدا چوڭقۇر ئىز قالدۇرغان ۋە ئەرەب دۆلەتلىرىنىڭ كۇتۇپخانىلىرىغا بىر مۇنچىلىغان ئەسەرلەرنى كۆپەيتىپ بەرگەن دەۋر ئىدى. "مىڭ بىر كېچە چۆچەكلىرى" بۇ دەۋرنى ئەڭ مۇكەممەل شەكىلدە تەسۋىرلەپ بەرگەن ئەسەرلەردىن بىرىدۇر. ئۇ دەۋردە باغدادتىكى خەلىپە ياكى قاهىرە ۋە شامدىكى هۆكۈمدار هەر نەرسىنىڭ مەركىزى ئىدى. "مىڭ بىر كېچە چۆچەكلىرى" نىڭ ئەپسانە ۋە هېكايىلىرى بىلەن "كىتابۇل ئەغانى" نىڭ تارىخ ۋە ئەدەبىياتى ئارقىلىق ئوتتۇرىغا قويغان بۇ دەۋر يا ئىسلامىي ئەمەس ياكى تەبىئىي ۋە ئەقىلگە ئۇيغۇن بىر دەۋر ئەمەس ئىدى. ئىسلام هېچقاچان بۇنىڭغا رازىلىق بەرمەيدۇ ۋە بۇنى ئەقىلمۇ قوبۇل قىلمايدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئىسلام بۇنداق هاياتنى يىقىتىپ، يوقىتىش ئۈچۈن كەلگەن ئىدى. بۇ دەۋر مۇهەممەد ئەلەيهىسسالام

"جاھىلىيەت" دەپ ئاتىغان، تېگى - تەكتىدىن قومۇرۇپ تاشلاپ، يەر بىلەن يەكسان قىلغان، خىسراۋ ۋە قەيسەرگە ئوخشاش ھۆكۈمدارلارنى ۋە ئۇلارنىڭ دىكتاتور، ئەيش - ئىشرەت ئالەملىرىنى لەنەتلىگەن بىر دەۋردۇر.

بۇ دەۋرنىڭ ھېچ بىر زامان، ھېچبىر يەردە ياشىشى ۋە داۋاملىشىشى مۇمكىن ئەمەس. بۇ پاتقاقتا پەقەت ئۆزىنى كونترول قىلالمىغان، ئەقلى تەخىرۇكلۇقىنى يوقاتقان، ساراڭقىپتىش، روھىي ۋە جىسمانىي جەھەتتىن ئۆلگەن مىللەتلەر چۆشۈپ قېلىشى مۇمكىن.

ئەقلى - ھوشى جايىدا بولغان ھەرقانداق ئادەم بۇ ئەھۋالنى قوبۇل قىلمايدۇ. بىر تەرەپتە، بىر شەخس ياكى بىر توپ ئىنسان مىڭبىر تۈرلۈك نازۇ - نېمەت ئىچىدە كەيپ - ساپا سۈرسە، يەنە بىر تەرەپتىن مىڭلارچە ئىنسانىنىڭ ئاچلىق ۋە يوقسۇللۇقتىن ئۆلۈشىگە قايسى ۋىجدان رازى بولىدۇ؟ بىر تەرەپتە ھۆكۈمدار ۋە بالا - چاقىلىرى ئەس - ھوشىنى يوقاتقان ھالدا ھاياتنىڭ پەيزىنى سۈرسە، يەنە بىر تەرەپتە خەلقنىڭ قورسىقىغا يېگۈدەك بىر بۇردا نان، بەدىنىنى ياپقۇدەك بىر قۇر كىيىمدىن مەھرۇم قېلىشىغا كىم كۆز يۇمالايدۇ؟ بارماق بىلەن سانىغۇدەك دەرىجىدىكى بىر ئۇچۇم كىشىلەرنىڭ، پۈتۈن ئۆمرىنى پۈتمەس - تۈگىمەس ئېغىر ئىشلار بىلەن ئۆتكۈزگەن ۋە كۆپسانلىقنى تەشكىل قىلىدىغان ئەمگەكچى سىنىپىنىڭ ماڭلاي تەرىنى ۋە كۆز نۇرىنى كىچىككىنە ئېتىبارغىمۇ ئېلىپ قويماي، ئەقىلسىز ۋە ئاڭسىزلارچە مونوپول قىلىشىغا كىم رازى بولىدۇ؟ سەنئەتكار - ھۈنەرۋەنلەر، ئەقىللىق ۋە ئالدىن كۆرەر شەخسلەر، قابىلىيەتلىك ۋە يارامىلىق كىشىلەر يوقسۇللۇق دەردىدە تولغىنىۋاتسا، ئىچىملىك ۋە رەزىللىكتىن باشقىنى بىلمەيدىغان، قول ئىلكىدىكى بار - يوقىنى ئاسمانغا سورۇشتىن باشقا ھۈنىرى بولمىغان كىشىلەرنىڭ راھەت - پاراغەت ئىچىدە ياشىشىغا قايسى ۋىجدان رازى بولىدۇ؟ لاياقەتلىك، ئالدىن كۆرەر ۋە ئىشەنچلىك شەخسلەر بىر بۇلۇڭغا ئىتتىرىلىپ، يوقىلىشقا مەھكۇم قىلىنىۋاتسا، ھۆكۈمدارى ياكى پادىشاھىنىڭ ئەتراپىغا دۆلەتنىڭ مال - مۈلكىنى بۇزۇپ - چېچىپ، شەھۋەت ئارزۇسىنى قاندۇرۇشتىن باشقا غايىسى، دۇنيادا تەخسكەشلىك، يالاقچىلىقتىن باشقا ھۈنىرى،

غۇرۇرسىز ۋە نومۇسسىزلىقتىن باشقا ئالاھىدىلىكى بولمىغان شەخسىيەتسىز، ئەقلى كەم، كاللىسى ئىشلىمەيدىغان، ۋىجدانسىز بىر گۇرۇھ كىشىنىڭ توپلىنىشىغا قايسى كۆڭۈل رازى بولىدۇ؟

بۇ، يىللارچە داۋاملىشىش ئۇياقتا تۇرسۇن، بىر كۈن مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىمۇ ئىمكانسىز بىر ئەھۋالدۇر. تارىختا مانا مۇشۇنداق بىر دەۋر ئۆتكەن ۋە ھاكىمىيىتىنى ھەرقانچە ئۇزۇن مەزگىل داۋاملاشتۇرغان بولسا، بۇ مىللەتنىڭ غەپلەتكە چۆككەنلىكى ياكى بۇ غەپلەتكە بويسۇنۇشقا مەجبۇر قالغانلىقى ۋە ياكى ئىسلام روھى زەئىپلىشىپ، جاھىلىيەت كۈچىنىڭ قۇترىغانلىقىنىڭ نەتىجىسىدۇر. لېكىن ئۇ، ئىسلام قۇياشىنىڭ پارلاپ چىقىپ، يېڭى بىر ئاڭنى ئويغىتىشى ۋە قىسقىسى، مىللەتنىڭ ئاۋۋال ئۆزىنى ئاندىن ھەر بىر ئەزاسىنى سوراققا تارتىشى بىلەن يوقىلىدۇ.

تېخى ھازىرغىچە "مىڭبىر كېچە چۆچەكلىرى" دۇنياسىدا ياشاۋاتقانلار خىيالىي دۇنيادا ياشاۋاتقانلار بولۇپ، ئۇلار ئۆمۈچۈك توردىنمۇ ئاجىز بىر ئۆيدە ھايات كەچۈرىدۇ. قاچان ئۆلىدىغانلىقىنى بىلگىلى بولمايدىغان، لەنتى بازغاننىڭ قاچان كېلىپ ئۇرۇپ چېقىشىنى كېسىپ ئېيتقىلى بولمايدىغان، خېيىم - خەتەرگە تولغان ئۆيدە ياشايدۇ. ئۇلار بۇ پالاكەتلەردىن ئۆزلىرىنى قۇتۇلدۇرالىسىمۇ، ئۇستىدىكى ئۆگزىنىڭ بېشىلىرىغا قاچان ئۆرۈلۈپ چۈشىدىغانلىقىنى بىلمەيدۇ. ھالبۇكى، ئۆزلىرى ياشاۋاتقان ئۆيىنىڭ ئۇلى بوش، تۈۋرۈكى چۈرۈك ئىدى.

شۇنى دەرھال ئېيتىپ ئۆتۈش كېرەككى، "مىڭبىر كېچە چۆچەكلىرى" دەۋرى ئاللىبۇرۇن ئۆتۈپ كەتتى. مىللەتلەر ھەرگىز ئۆزىنى ئالداپ، ئوقى سۇنۇپ كاردىن چىققان چاققا ئۈمىد باغلىمىسۇن. دىكتاتورلۇق يېغى تۈگىگەن ۋە پىلىكى قالمىغان گاز لامپىسىدەك پىلىلداپلا قالدى، ئۇنىڭ ئۆچۈشى ئۈچۈن قاتتىقراق شامال چىقىشىنىڭمۇ ھاجىتى يوق.

شۇنىسى ھەقىقەتكى، ئىسلامدا دىكتاتورلۇقنىڭ ھېچقانداق ئورنى يوق. ئىسلامدا، بىز بەزى شەرق مىللەتلىرى ۋە ئىسلام دۆلەتلىرىدە كۆرگەن شەخسىي ياكى ئائىلىۋى

دىكتاتورلۇقنىڭ ئورنى بولمىغىنىدەك، ياۋروپا، ئامېرىكا ۋە رۇسىيەدە تەتبىق قىلىنغان دىكتاتورلۇق بېسىمىنىڭمۇ يېرى يوق.

ياۋروپادا قايسى بىر پارتىيەنىڭ دىكتاتورلۇقى، ئامېرىكىدا كاپىتالىستلارنىڭ دىكتاتورلۇقى، رۇسىيەدە بولسا، ئىنساپسىز كوممۇنىزمغا باغلىنىپ، كۆپ سانلىققا ھۆكۈمرانلىق قىلغان ئاز سانلىقلارنىڭ دىكتاتورلۇقى مەۋجۇد. كوممۇنىست بېسىم، ئىشچىلارنى ۋە سىياسىي مەھبۇسلارنى تارىختىكى ئەڭ ئېغىر ۋاقىتلىرىدىمۇ كۆرۈلمىگەن ۋەھشىيلىك ۋە ئازاب ـ ئوقۇبەتكە دۇچار قىلماقتا.

دىكتارتورلۇق ئاخىر بىر كۈنى پۈتۈنلەي گۇمراھ بولىدۇ ۋە ئىنسانىيەت پۈتۈن كۈچى بىلەن ئۇنىڭ ئۈستىگە باستۇرۇپ كېلىپ، ئىنتىقامنى قەبىھلەرچە ئالىدۇ. شۇنىسى ھەقىقەتكى، بۇ دىكتاتورلۇقلارنىڭ ئەجىلى ھەرقانچە ئۇزىراپ، يىپلىرى بوشاپ، ئازغۇنلۇق ۋە تەلۋىلىكى يەنە مەلۇم بىر مۇددەتكىچە داۋاملاشسىمۇ، يەر يۈزىدە ئىستىقبال، تىنچلىق، ئادالەت ۋە مەردلىك نىزامى ئىسلامغا تەۋەدۇر.

دىكتاتورلۇق مەيلى شەخس، مەيلى ئائىلە، مەيلى پارتىيە ۋە مەيلى گۇرۇھ دىكتاتورلۇقى بولسۇن، مىللەتنىڭ ھاياتىغا تەتۈر تاناسىپ كېلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن مىللەتلەر تۈنجى قېتىملىق پۇرسەتتىلا ئۇنىڭدىن قۇتۇلۇشنىڭ يولىنى ئىزدەيدۇ. ۋە شۇنىڭ ئۈچۈن يا ئىسلامدا ياكى ئىلغار جەمئىيەتتە دىكتاتورلۇقنىڭ ئورنى يوق. ئەسلىدە دىكتارتورلۇقنىڭ ئۆزىمۇ ئۆزىنىڭ داۋاملىق مەۋجۇد بولۇپ تۇرىدىغانلىقىغا ئىشەنچ قىلالمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن مۇسۇلمانلارنىڭ ۋە ئەرەبلەرنىڭ ھۆكۈمدارى ۋە قوماندانلىرىنىڭ ئەڭ بۈيۈك ۋەزىپىسى شۇكى، ئۇلار ئۆزلىرىنى دىكتاتورلۇقتىن قۇتۇلدۇرۇش ۋە بوغۇلۇپ قېلىشتىن بۇرۇن ئۇنىڭ بىلەن بولغان مۇناسىۋەتلىرىنى ئۈزۈشى لازىم. ئۇنداق بولمىغاندا ئۇلار دىكتاتورلۇق بىلەن تەڭ تۇنجۇقۇپ يوقىلىدۇ.

## مىللەتنە ئاڭ پەيدا قىلىش

مىللەتنىڭ ئۆز ئېگىنى يوقىتىپ قويۇشى، ھەر ئاۋازغا قۇلاق سېلىشى، ھەر

دولقۇندا چايقىلىشى، ئالدىغا كەلگەنگە بويۇن ئېگىشى، ھەر بىر رەزىللىكنى سۈكۈت ئىچىدە كۆتۈۋېلىپ، ھەرقانداق تەڭسىزلىككە رازىلىق بىلدۈرۈشى، مەسىلىلەرنى ئەتراپلىق ئويلىشىپ، جاي - جايىدا ھەل قىلالماسلىقى، دوست بىلەن دۈشمەننى، ھىيلىگەر بىلەن نەسىھەتچىنى ئايرىيالماسلىقى، ئىدارى مېخانىزمنىڭ ھەر دائىم ئوغرى - بۇلاڭچى، خائىن، شەخسىيەتچى، ۋىجدانسىز ۋە مۇتتەھەم كىشىلەرنىڭ قولىغا چۈشۈپ قېلىشى، جېنىنى، مېلىنى ئېپپەت - نومۇسنى ۋە خەزىنىسىنىڭ ئاچقۇچىنى ئۇلارغا تاپشۇرۇپ ۋە ئۇلاردىن تارتقان زىيان ۋە ئۇچرىغان ئىزا - ئەلەملەرنى تىزلا ئۇنتۇپ كېتىشى قاتارلىقلار مىللەتنى خېيىم - خەتەرگە دۇچار قىلىدىغان ۋە ئۇنى مۇناپىقلارنىڭ غەنىمىتى، ساختىپەزلەرنىڭ ئويۇنچۇقىغا ئايلاندۇرۇپ قويىدىغان ئەڭ چوڭ پالاكەتتۇر. مانا بۇ ئەھۋال ئاستىدا، ئەدەپ - ئەخلاقسىز سىياسەتچىلەر ۋە خائىن رەھبەرلەر ھۇجۇملىرىنى تېخىمۇ كۆپەيتىدۇ. مىللەتنىڭ غەزەپ - نەپرىتى ۋە كۈرەش كۈچىگە ھېچ پىسەنت قىلمىغان ھالدا ئويۇنلىرىنى داۋاملاشتۇرىدۇ. مىللەتنىڭ ئەخمەقلىقى، مۆڭ ۋە ئاڭسىزلىقىدىن ھىيلە - نەيرەڭلىرىنى كۈنسېرى كۈچەيتىدۇ.

ئەپسۇسلانغان ھالدا شۇنى ئېيتىپ ئۆتۈش كېرەككى، مۇسۇلمان مىللەتلىرى ۋە ئەرەب دۆلەتلىرىنىڭ ئەقىل - پاراسىتى ئاجىز، تېخىمۇ توغرىسىنى ئېيتقاندا، ھەقىقىي ئاڭ ۋە ساغلام ئەقىلگە يوقسۇل. چۈنكى ئۇلار دوست - دۈشمىنىنى بىلمەيدۇ. شۇڭا بەزىدە ھەر ئىككىلىسىگە ئوخشاش مۇئامىلە قىلماقتا ياكى دۈشمەنلىرىگە، دوستلىرىغا قىلغاندىنمۇ ئارتۇقراق يېقىنچىلىق قىلماقتا ۋە بەزىدە دوستلىرى بىلەن ئايىغى يوق دە - تالاش ۋە ئىختىلاپ قىلىشىپ، دۈشمەنلىرىنى خۇشال قىلماقتا. بىر تۆشۈكتىن نەچچە قېتىم ئۆتسىمۇ، يەنىلا ھادىسە ۋە ۋەقەلەردىن تەجرىبە ساۋاق ئالمايۋاتىدۇ. چۈنكى ئۇلارنىڭ ئەستە تۇتۇش قابىلىيىتى ئاجىز. بىر نەرسىنى ئاسانلىقچە خاتىرىلىيەلمەيدۇ. رەھبەر ۋە قوماندانلىرىنىڭ ئۆتمۈشىنى، يىراق - يېقىن تارىختا يۈز بەرگەن ھادىسىلەرنى تىزلا ئۇنتۇپ كېتىدۇ. ئۇلارنىڭ دىنىي ۋە ئىجتىمائىي ئېڭىمۇ ئاجىز. ھەتتا سىياسىي ئېڭى يوق دېگۈدەك دەرىجىدە ئاز.

www.uyghurkitap.com

شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلار ئېغىر پالاكەتلەرگە ۋە چىدىغۇسىز ئازاب - ئوقۇبەتكە دۇچار بولدى. زالىم ۋە قەبىھ يولباشچىلىرىنىڭ رەھبەرلىكىدە يارلىق جەڭلەردە پېشكەلدى، تالاپەتكە ئۇچرىدى.

ياۋروپالىقلار بىز بۇ كىتابتا ئېيتىپ ئۆتكەن بىر مۇنچىلىغان كەمچىلىكلىرى، روھىي ۋە ئەخلاقىي جەھەتتىكى تالاپەتلىرىگە قارىماي ئاڭلىق سەۋىيىگە ئىگە، بولۇپمۇ مەدەنىي ۋە سىياسىي ئاڭلىرىمۇ بەك يۇقىرى. ياۋروپالىقلار سىياسىي جەھەتتە پىشىپ يېتىلدى. پايدا - زىيىنىنى، دوست - دۈشمىنىنى تونۇيالايدىغان ھالغا كەلدى. ئۇلار ھەقىقىي دوستى بىلەن خائىنلارنى، سەمىمىي - ساداقەتلىك ئىنسانلار بىلەن مۇناپىقلارنى، قابىلىيەتلىكلەر بىلەن يارامسىزلارنى ناھايىتى ئېنىق ئايرىۋالالايدۇ. ئىدارى مېخانىزمىغا پەقەت ئىشەنچلىك، قابىلىيەتلىك ۋە لاياقەتلىك ئادەملەرنى قويىدۇ. شۇنداقتىمۇ ئۇلارغا شۇبھە بىلەن قارايدۇ ۋە ھەر دائىم ھوشيار تۇرىدۇ. ئەگەر ئۇلارنىڭ قابىلىيەتسىزلىكى ياكى خىيانەت قىلغىنىنى كۆرسە ياكى ئۇلار ئۆز دەۋرىنى تاماملاپ، ۋەزىپىسىنى تۈگەتسە، دەرھال ئۇلاردىن تېخىمۇ كۈچلۈك، تېخىمۇ لاياقەتلىك ۋە تېخىمۇ ئىش ئەھلىلىرىنى ئۇلارنىڭ ئورنىغا ئالماشتۇرىدۇ. پارلاق ئۆتمۈشىدىكى رەھبەرلىك ۋە نەتىجىلىرى، ئۇنتۇلماس ئىش - پائالىيەتلىرى، ھەرقانداق بىر جەڭدىكى زەپەرلىرى ياكى بىر مەسىلىدىكى مۇۋەپپەقىيەتلىرى بۇنىڭغا توسالغۇ بولالمايدۇ. ياۋروپا ۋىجدانسىز سىياسەتچىلەرنىڭ، نائەھلىي، خائىن رەھبەرلەرنىڭ قولىدىن مانا مۇشۇنداق قۇتۇلۇپ، ئىشەنچ ساھىلىغا مانا مۇشۇنداق چىققان ئىدى. ئەينى ۋاقىتتا بۇ ئەھۋال، رەھبەرلەرنى، ئىدارى مېخانىزمىدا يەر ئالغان ئىلغار گۇرۇھنى خىلىلا چۆچۈتكەن، مىللەتنىڭ كۆز - قۇلاق بولۇشى ۋە جازاسىدىن، جاھان ئەھلىنىڭ ياقىسىغا ئېسىلىشىدىن قورقۇپ، ھەر دائىم سەگەك ۋە ئېھتىياتچان بولۇشقا تۈرتكە بولغان ئىدى.

مەيلى خەلق ياكى گۇرۇھ - تەشكىلاتلارنى ئاگاھلاندۇرۇپ، ئېڭىنى ئويغىتىپ، مەدەنىي، ئەقلىي ۋە سىياسىي تەربىيىدىن ئۆتكۈزۈش ياۋروپا مىللەتلىرى يولغا قويغان ۋە بۇ ئارقىلىق نۇرغۇنلىغان پالاكەت ۋە كېسەللىكلەردىن قۇتۇلغان ئەڭ

چوڭ ھەرىكەت شەكىلدۇر. شۇنىسى ھەقىقەتتۇركى، جاھالەتنى قومۇرۇپ تاشلاش، يۇقىرى ئاڭغا ئىگە بولۇشنىڭ ئەڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك يولى بولسىمۇ، ئوقۇ - ئوقۇتۇشنى كۈچەيتىپ، جاھالەتنى يوقىتىش، سەزگۈرلۈك ۋە ئاگىلىقلىق دېگەنلىك ئەمەستۇر. ھەممىدىن ئاۋۋال، سىياسىي رەھبەرلەرنىڭ ۋە قوماندانلارنىڭ ئەقلى - ھوشىنى يىغىپ ئاڭ - سەۋىيىگە موھتاج بىر مىللەتنىڭ مەۋجۇدىيىتىنى قوغدىيالمايدىغانلىقىنى ۋە ئىشلىرىنى يولغا كىرگۈزەلمەيدىغانلىقىنى بىلىش كېرەك. چۈنكى مىللەت ئۆز رەھبەرلىرىنى ۋە قوماندانلىرىنى نەقەدەر ماختىسا ماختىسۇن، ئۇچۇرۇپ كۆككە نەقەدەر چىقىرىۋەتسە چىقىرىۋەتسۇن، نەقەدەر ئالقىشلىسا ئالقىشلىسۇن، ھەقىقىي ئاڭغا ئىگە بولمىغۇچە، خۇددى چۆلدىكى شامالنىڭ ئويۇنچۇقىغا ئايلىنىپ قالغان ۋە نەدە توختىشى بىلىنمىگەن پەيگە ئوخشاش، ھەر تۈرلۈك تەشۋىق - تەرغىباتلارنىڭ، بۇزغۇنچىلىق ۋە ئويۇن - تاماشىنىڭ يېمىگە ئايلىنىپ قالىدۇ.

## ئەرەب دۆلەتلىرىنىڭ تىجارەت ۋە مالىيە مۇستەقىللىقى

ئەينى ۋاقىتتا ئىسلام ۋە ئەرەب دۇنياسىنىڭمۇ تىجارەت، مالىيە، سانائەت ۋە مائارىپ جەھەتتىن تولۇق مۇستەقىللىققە ئېرىشىشى؛ مىللەتلەرنىڭ ۋە جەمئىيەتلەرنىڭ ئېھتىياجلىق بولغان زىرائەتلىرىنى ئۆز تۇپراقلىرىدا ئۆستۈرۈپ، ئۆز قوللىرى بىلەن كىيىملەرنى كىيىشى، ھاياتلىرىنىڭ ھەر ساھەسىدە ئېھتىياجى بولغان ھەر تۈرلۈك كىيىم - كېچەك، يېمەك - ئىچمەك، تىجارەت بۇيۇملىرى، ئىشلەپچىقىرىش مەھسۇلاتلىرى، قوراللار، جەڭ تەييارلىقلىرى، ئەسۋابلار، ماشىنىلار ۋە ئوق - دورىلاردا غەربكە قول سوزماسلىقى، ياۋروپاغا قۇيرۇق بولماسلىقى، ئۇنىڭ قولى بولۇپ قالماسلىقى ۋە تەييارتاپ بولۇپ قالماسلىقى لازىم.

ئەرەب دۇنياسى ھېچقاچان ياۋروپا بىلەن ئۇرۇش قىلالمايدۇ. ھەتتا بۇنىڭغا موھتاج بولغان ۋە شەرت - شارائىت بۇنىڭغا قىستىغان تەقدىردىمۇ... چۈنكى ئەرەب ئالەمى غەربكە موھتاج. تىجارەتتىكى ئىمپورت - ئېكسپورتتا ئۇنىڭ قولچوماقچىسى بولۇپ، ياۋروپا بىلەن تۈزگەن توختامنامىنى پەقەت ياۋروپاچە قۇرۇلمىغا ئىگە قەلەم

www.uyghurkitap.com



بىلەن ئىمزالىغاچقا، ياۋروپا بىلەن توقۇنۇشسا، يەنە ياۋروپانىڭ ئوقلىرىنى قوللىنىشى لازىم.

ئەرەب مىللەتلىرىنىڭ ئۆز ئېنېرگىيە ۋە بايلىق مەنبەلىرىنى ئىشلىتىپ پايدىلىنالماسلىقى؛ هاياتلىق بولىقىنى ئۆز تومۇرلىرىدىن باشقا بەدەنلەرگە ئېقىتىشى؛ قوشۇنىنىڭ ياۋروپالىق ئوفىتسىر ۋە مۇتەخەسسىسلەر تەرىپىدىن يېتىشتۈرۈلۈشى؛ بەزى ئىدارى ئىشلىرىنىڭ يەنە ياۋروپالىقلار تەرىپىدىن باشقۇرۇلۇشى بىرلا ئېغىز گەپ بىلەن ئېيتقاندا، رەزىللىكتۇر. ئەرەب دۇنياسىنىڭ ئۆز ئىشىغا ئۆزى ئىگە بولۇشى، تىجارىتىنى، مالىيە ئىشلىرىنى، ئىمپورت - ئېكسپورتىنى، ئۆز سانائىتىنى، قوشۇنىنىڭ تەربىيىلىنىشىنى، ماشىنا ۋە بويۇملىرىنى ئۆز قولى بىلەن ئىشلەپ بېرىشى، دۆلەتنىڭ مۇھىم ئىشلىرىنى ۋە ئىدارى ۋەزىپىلىرىنى پۇختا بىر شەكىلدە، ئۈستۈن ماھارەت ۋە ئىشەنچ بىلەن ئورۇنلايدىغان ئادەملەرنى يېتىشتۈرۈشى كېرەك.

## مىسىرنىڭ تىجارەت، تېخنىكا ۋە ئىلمىي ساھەدە قولغا كەلتۈرگەن تەرەققىياتلىرى

شۇنى ئېتىراپ قىلىش كېرەككى، مىسىر ئىلىم ۋە تېخنىكىدا، ئادەم يېتىشتۈرۈش، ئۆز هازىرىتىنى تونۇتۇش، دەۋرىنىڭ زامانىۋى ئىلىملىرىنى ئەرەب تىلىغا تەرجىمە قىلىش ۋە بۇ ئارقىلىق پۈتۈن ئەرەب مىللىتىنى زامانىۋى بىلىملەر بىلەن قوراللاندۇرۇش ۋە مىللىي سانائەتكە بەرگەن قىممەت - ئېتىبارىدا، دۆلەت ۋە مالىيە ئىشلىرىنى ئىلمىي ئاساسلارغا تاياندۇرۇشتىكى ئۈستۈن لاياقەت ۋە قابىلىيىتىنى ئىسپاتلىغان ئىدى. يەنە بىر تەرەپتىن، مىسىرنىڭ ئەرەب تىلىغا بەرگەن ئېتىبارى؛ كلاسسىك ئەرەب ئەسەرلىرىنىڭ قايتا تىرىلدۈرۈلۈشىدە كۆرسەتكەن غەيرىتى؛ گېزىتچىلىك، مەتبۇئات ۋە نەشرىيات پائالىيەتلىرىدە قولغا كەلتۈرگەن تەرەققىياتلىرى تارىخ ئالتۇن هەرپلەر بىلەن قەيت قىلىپ، كېلەچەك مەدھىيىلەيدىغان ۋە پۈتۈن ئەرەبلەر مىننەتدار بولىدىغان، ماختاشقا ئەرزىگۈدەك چوڭ پائالىيەتلەردىن ئىدى. پەيغەمبىرى ئىككى مەشرىق ۋە ئىككى مەغرىبنىڭ رەھبىرى، ئۆزىدىن بۇرۇنقى پەيغەمبەرلەرنىڭ ۋارىسى

ۋە ئۆزىدىن كېيىنكى مىللەتلەرنىڭ يولباشچىسى ئىكەنلىكىنى ئىبلان قىلغان مىراج قىسسىسىنى تىلغا ئالىدۇ.

## ئىسلام ئالەمىنىڭ ئەرەب دۇنياسىدىن كۈتكەنلىرى

ئەرەب دۇنياسى قابىلىيەتلىرى بىلەن، خۇسۇسىيەتلىرى، سىياسىي مەۋقەسى ۋە مۇھىملىقى بىلەن ئىسلام نىزامىنى ئۈستىگە ئېلىشقا تېخىمۇ لايىقتۇر. ئەرەب ئالەمى تولۇق تەييارلىقتىن كېيىن ئىسلام دۇنياسىنىڭ رەھبەرلىكىنى قولىغا ئېلىش ئارقىلىق ياۋروپاغا قارشى چىقالايدۇ. ئىمانى، كۈچى، قۇۋۋىتى ۋە ئاللاھنىڭ ياردىمى بىلەن ياۋروپانى بەربات قىلىپ، دۇنيانى يامانلىقتىن ياخشىلىققا، ئوت دېڭىزى ۋە يوقلۇقتىن راھەت ـ پاراغەت ۋە ئامان ـ ئېسەنلىككە ئېرىشتۈرەلەيدۇ.

## جاھانشۇمۇل قىبلىنىڭ چوقىقىسىغا

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەۋەتىلىشى بىلەن ئەرەب تارىخىنىڭ ئۈپۈقلىرىدا تۇغۇلغان ئىسرا سۈرىسى ۋە مىراج قىسسىسى كۈچلۈك ۋە ئوچۇق تىلدا، پارلاق ۋە راۋان ئۇسلۇبتا ئىپادىلەنگەن ئۇ ئىنقىلاب نېمىدېگەن ئۇلۇغ؟!

ئاللاھ تائالانىڭ ئەرەبلەرگە بەرگەن نېمىتى نېمىدېگەن ئۇلۇغ؟! ئاللاھ تائالا ئۇلارنى پاتمايۋاتقان يېرىم ئارالدىن قوماندانلىق قىلغان كەڭ دۇنياغا، قىستىلىشىپ تۇرغان تار قەبىلە ھاياتىدىن، ھۆركىرەپ تۇرۇپ رەھبەرلىك قىلغان كەڭ ئىنسانلىققا چىقاردى. ئەرەبلەر ۋە پۈتۈن دۇنيا بۇ ئۇلۇغ ئىنقىلاب سايىسىدە ئەس ـ ھوشىنى يىغىپ، ئىران ئىمپېراتورلۇقىغا ۋە دۆلەت ئەمەلدارلىرىغا ئوچۇقتىن ئوچۇق ۋە پەرۋاسىزچە مۇنداق دېگەن ئىدى:

”ئاللاھ بىزنى قۇلغا قۇللۇق قىلىشتىن بىر ئاللاھقا قۇللۇق قىلىشقا، تار دۇنيادىن كەڭرى ئالەمگە، دىنلارنىڭ زۇلۇمىدىن ئىسلامنىڭ ئادالىتىگە چىقىرىش ئۈچۈن ئەۋەتتى!“

ئۇلار ئاۋۋال تار دۇنيادىن كەڭرى ئالەمگە چىقتى، ئاندىن خەلقى ئالەمنى دۇنيانىڭ تار چەمبىرىدىن قۇتۇلدۇرۇپ، راھەت-پاراغەتكە ئېرىشتۈردى. قەبىلە ۋە ئىرق ھاياتىدىنمۇ تار، بىر ئۇچى ئۇپۇقلارغا قەدەر سوزۇلغان ئىنسانىيەت ھاياتىدىنمۇ كەڭ بىر ھايات بارمۇ؟ پانىي دۇنيا ۋە ئۆتكۈنچى ماددىدىن باشقا نەرسە ئويلىيالمايدىغان ۋە پەقەت ئۇنىڭ ئۈچۈن جاپالىق تىرىشىپ ئۆتكەن ھاياتتىنمۇ تار، ئاخىرى ۋە چېكى يوق، مۇستەھكەم ئىمان بىلەن ئۆتكەن ھاياتتىنمۇ راھەت بىر ھايات بارمۇ؟

ئەرەبلەر ئەرەب يېرىم ئارىلىنىڭ تار چەمبىرىدىن، زېرىكىشلىك ھاياتتىن، ئىش - مەسىلىلىرىدىكى تار چۈشەنچىلىرىدىن، خوجايىن بولۇش ئۈچۈن قىلغان رەزىل تالاش - تارتىشلىرىدىن، تايىنى يوق مال، ئۇنۇمسىز تۇپراق ۋە ۋەيرانە ھاياتى ئۈچۈن بالىلارچە قىلغان غەۋغالىرىدىن قۇتۇلۇپ، روھ، ئەقىل، ئىلىم ۋە سىياسەت ھاكىم بولغان يېپيېڭى بىر ھاياتقا ئېرىشتى. جۇشقۇن دانۇپ، بەرىكەتلىك نىل، تاتلىق فىرات ۋە ئۆزۈن سىند دەريالىرى ئۇ يەردە كىچىك بىر ئۆستەڭ ياكى قانالغا، پىرەنلەر، ئالپلەر، لىۋان ۋە ھىمالايا تاغلىرى، پەس بىنەملەر ۋە كىچىك تۆپىلىكلەرگە؛ ھىندىستان، جۇڭگو ۋە تۈركىستاندەك چوڭ دۆلەتلەر خۇددى كىچىك مەھەللە ۋە ئالەمگە كۆمۈلگەن نۇقتىغا ئوخشايتتى. مۇنداق بىر ھاكىمىيەت پەللىسىگە چىققان كىشىنىڭ نەزىرىدە بۇ تۇپراقلار خۇددى كۆكتە پەرۋاز قىلغان قۇشنىڭ كۆزىگە كۆرۈنگەن رەڭلىك خەرىتىدىن پەرقى يوق ئىدى. چوڭ مىللەتلەرمۇ (ھازارىتى، مەدەنىيىتى ۋە ئۆرپ - ئادەتلىرى بىلەن) چوڭ مىللەتلەر ئىچىدە ياشىغان كىچىك ئائىلىلەرگە ئوخشاپ قالاتتى.

نۇرغۇن دۆلەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئىسلام ئالەمى كۈچلۈك روھى بىرلىك، مۇستەھكەم ئىمان ۋە يالغۇز بىر ئەقىدە ئۈستىگە قۇرۇلغان بولۇپ، تارىختا بىلىنگەن ئەڭ كەڭرى تۇپراقلارنى قول ئىلكىدە تۇتقان ئىدى. بۇ ئىسلام ئالەمنى مەيدانغا كەلتۈرگەن مىللەتلەر دۇنيا تارىخىدىكى ئەڭ كۈچلۈك ۋە ئەڭ قۇۋۋەتلىك ئائىلىلەرگە ئىگە ئىدى. ھەر خىل ھازارەت ۋە مەدەنىيەتلەرنى بىر نۇقتىدا بىرلەشتۈرۈپ، ئۇنىڭدىن بىرلا ھازارەتنى يۇغۇرۇپ چىققاندى، ئەنە ئۇ ئىسلام ھازارىتى بولۇپ، بۇ

هازارەت سان - ساناقسىز ئىسلام ئالىملىرىدا ۋە تارىخ ئىنقىلاب بولالمىغان ئىسلام مەنبەلىرىدە ئۆز مەۋجۇدلۇقىنى دەۋرىمىزگىچە داۋاملاشتۇرۇپ كەلمەكتە.

ئىسلام ئالەمىنىڭ رەھبەرلىكى تارىختا تىلغا ئېلىنغان ئىدارە ۋە رەھبەرلىكنىڭ ئەڭ كۈچلۈكى ئىدى، بۈگۈنمۇ ھەم شۇنداق. ئەرەبلەر ئىسلام داۋاسىغا سەممىيەتلىك بىلەن كىرىشىپ، ئۇنىڭ ئۈچۈن جانلىرىنى پىدا قىلغان ئىدى. ئاللاھ تائالا بۇ رەھبەرلىكنى ئۇلارغا بەردى.

شۇنىڭ بىلەن ئىنسانلار ئۇلارنى قىزغىن مېھرى - مۇھەببەت بىلەن باغرىغا باستى. ھەر ساھەدە ئۇلارنىڭ ئىزىدىن ماڭدى، ھەر ئىشتا ئۇلارغا ئەگەشتى. مەدەنىيەت، ھازارەت ۋە تىللار ئۇلارنىڭ مەدەنىيەت، ھازارەت ۋە تىللىرى ئالدىدا ھېچنېمىگە ئەرزىمەيتتى. ئۇلارنىڭ تىلى باشتىن - ئايىغىچە مەدەنىي دۇنيانىڭ يېزىقچىلىق ۋە ئىلىم تىلىغا ئايلاندى. چۈنكى، ئۇ شۇنداق ئۇلۇغ ۋە سۆيۈملۈك تىل ئىدىكى، ئىنسانلار ئۇنى ئۆزلىرىنىڭ ئانا تىلىدىن ئارتۇق كۆرەتتى. ئەڭ قىممەتلىك ۋە ئەڭ ياخشى ئەسەرلىرىنى ئۇ تىلدا يازاتتى. ھەتتا ئەرەبلەردىنمۇ ياخشى مۇكەممەل قوللىنالايتتى. شۇ ئارقىلىق ئەرەب ئالەمىدىكى زىيالىي تەبىقە ھۆزۈرىدا ھۆرمەت بىلەن تىلغا ئېلىنغان، ئۇستۇنلۇك ۋە رەھبەرلىكنى ئەرەب ئەدىبلىرى ۋە ئەدەبىي تەنقىدچىلىرى قوبۇل قىلغان يازغۇچى ۋە ئەدەبىياتچىلار يېتىشىپ چىقتى.

ئۇلارنىڭ مەدەنىيىتى ئىنسانلارنىڭ ھەيران قالغان ۋە ئۆزلىرىگە تەقلىد قىلىشتىن شەرەپ تۇيىدىغان غايىۋى مەدەنىيەت ئىدى. دىن ئالىملىرى بۇ مەدەنىيەتنىڭ باشقا مەدەنىيەتلەردىن ئۈستۈن ئىكەنلىكىنى تىلغا ئالاتتى. ئۇنىڭغا قارشى كەلگەن مەدەنىيەتلەرگە جاھىلىيەت ۋە يات تامغىسىنى ئۇراتتى ۋە ئىنسانلارنىڭ بۇ خىل مەدەنىيەتلەرنىڭ پرىنسىپلىرىنى ئۆزلەشتۈرۈۋېلىشىنى قەتئىي چەكلەيتتى.

بۇ ئۈستۈن رەھبەرلىك شۇنچە ئۇزۇن مەزگىل داۋاملاشقان بولسىمۇ، ئىنسانلار ھەر دەۋردە مەغلۇپ مىللەتلەر ۋە مەھكۇم جەمئىيەتلەر قىلغاندەك، ئۇنىڭغا قارشى چىقىپ، ئۇنىڭدىن قۇتۇلۇشنى ئارزۇ قىلمىدى. چۈنكى ئۇلارنىڭ بۇ رەھبەرلىككە

بولغان باغلىنىشلىقى مەغلۇبنىڭ غالىبقا، مەھكۇمنىڭ ھاكىمغا، قۇلنىڭ زالىم خوجايىنىغا بولغان باغلىنىشلىق مۇناسىۋىتىگە ئوخشىمايتتى.

بەلكى بۇ مۇناسىۋەت دىندار بىلەن دىندارنىڭ، مۇئمىن بىلەن مۇئمىننىڭ مۇناسىۋىتىگە ئوخشايتتى. خۇددى ھەقنى تونۇش، داۋاغا ئىشىنىش ۋە غايىسى يولىدا ئۆلۈشنى غايە قىلغانلارغا ماسلاشقانلارنىڭ ئارىسىدىكى باغ ۋە مۇناسىۋەتكە ئوخشايتتى. شۇڭا ئىسيان چىقىرىشقا، ئىنتىقام ئېلىشقا سەۋەب قالمىغىنىدەك، بۇ گۈزەللىكلەرنى ئىنكار قىلىشنىڭمۇ ھېچ كېرىكى قالمىغان ئىدى. ئۇلارنىڭ ۋەزىپىسى پەقەت ئىدارىنىڭ ئۇستۇنلۇكىنى چۈشىنىپ يېتىپ، شۈكرى ئېيتىش ۋە دۇئا قىلىش ئىدى:

ئۇلاردىن كېيىن كەلگەنلەر: «پەرۋەردىگارىمىز! بىزگە ۋە بىزدىن ئىلگىرى ئىمان ئېيتقان قېرىنداشلىرىمىزغا مەغپىرەت قىلغىن، دىللىرىمىزدا مۇئمىنلەرگە قارشى دۈشمەنلىك پەيدا قىلمىغىن، پەرۋەردىگارىمىز! سەن ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىسەن، مېھرىبانسەن» دەيدۇ. (سۈرە ھەشر 10 - ئايەت)

شۇنداق! ئەھۋال مانا مۇشۇنداق ئىدى. فەتھ قىلىنغان تۇپراقلاردا ياشىغان مىللەتلەر ئەرەبلەرگە، ئىنسانلارنى بۇتپەرەسلىك ۋە جاھالەتتىن قۇتۇلدۇرغان، سۈلھ ۋە تىنچلىققا چاقىرغان، جەننەتكە باشلايدىغان، مەدەنىيەت خوجايىنى ۋە تەربىيە ئۇستازى سۈپىتىدىكى بىر مىللەت كۆزى بىلەن قارايتتى.

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەرلىكى تەييارلىغان ۋە ئىسرا سۈرىسى ئېلان قىلغان دۇنيا رەھبەرلىكى مانا مۇشۇنداق رەھبەرلىك ئىدى. شۇنداق، بۇ رەھبەرلىك ئەرەبلەرنىڭ ئۇنىڭ ئۈچۈن ناھايىتى ھوشيار بولۇشى، قول - قانات يېيىشى، بارلىقى بىلەن ئۇنىڭغا چىڭ ئېسىلىشى ۋە نەسىللەرنىڭ بىر - بىرىگە تەۋسىيە قىلىشى كېرەك بولغان رەھبەرلىكتۇر. ئەرەبلەرنىڭ بۇ رەھبەرلىكتىن ئايرىلىشى نە ئەقىلگە، نە دىنغا، نە ئىنساپقا توغرا كەلمەيدۇ. چۈنكى بۇ رەھبەرلىك باشقا بارلىق رەھبەرلىكنى يېڭىپ چىقالايدىغان رەھبەرلىكتۇر. چۈنكى، بۇ رەھبەرلىكنىڭ

ئۈستۈنلۈكى ۋە سالىمىقى باشقا رەھبەرلىكلەرنىڭ ھېچ بىرىدە يوق. چۈنكى، ئۇ ھەر تۈرلۈك يېزىق ۋە ھاكىمىيەتنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئۇ ۋۇجۇد ۋە تەندىن بەكرەك روھ ۋە قەلبكە ھاكىمدۇر.

بۇ رەھبەرلىككە تۇتىشىدىغان يول ئەرەبلەر ئۈچۈن ياسىلىپ بولغان ۋە ئاسانلاشتۇرۇلغان ئىدى. شۇنداق، بۇ يول تۈنجى دەۋرلەردىلا سىناق قىلىنىپ بولۇنغان ئىدى:

«ئىسلام دەۋاسىغا سەمىمىيەتلىك بىلەن چىڭ ئېسىلىپ، ئۇنىڭغا چىن يۈرەكتىن باغلىنىش، ئۇنىڭ ئۈچۈن رازىلىق بىلەن جان پىدا قىلىش ۋە ئىسلام نىزامىنى باشقا ھەر قانداق ھايات نىزامىدىن ئۈستۈن تۇتۇش».

ۋە بۇ ئارقىلىق دۇنيادىكى بارلىق مۇسۇلمان مىللەتلەر بۇ رەھبەرلىككە كۆز تىكىپ، ئۇنىڭغا ئىگە بولۇش خىيالىغا چۆمۈلگەن ھالدا - ئۇلارغا بويسۇنىدۇ. سۆيگۈ، ھۆرمەت ۋە تەقلىدتە بىر - بىرى بىلەن بەسلىشىدۇ ۋە ئۇلارغا يەر يۈزىنىڭ شەرق ۋە غەرب تەرىپىدە، ياۋروپا رەھبەرلىرى ۋە مۇستەملىكىچىلىرى قولىغا كىرگۈزەلمىگەن، ھەر قېتىمدا مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىغان يېڭى - يېڭى مەيدانلار ۋە دەرۋازىلار ئېچىلىدۇ. ئىسلامغا يېڭى - يېڭى كۈچلۈك، قۇۋۋەتلىك، قابىلىيەتلىك، ياش ۋە قاۋۇل مىللەتلەر كىرىپ كېلىدۇ.

شۇنداق، ئۇلار يېڭى بىر ئىمان، يېڭى بىر دىن، يېڭى بىر روھ ۋە يېڭى بىر نىزامغا ئېرىشكەن ۋاقىتتا ياۋروپانىڭ مەدەنىيەت ۋە ئىلىملىرىنى ئۆچۈرۈپ تاشلايدۇ.

ئى ئەرەب دۇنياسى! كونا دۇنيانى ئىستىلا قىلغان ئۇ زور ئېنىرگىيەنى يەنە قاچانغىچە چەكلىك، تار ساھەلەرگە سەرپ قىلىسەن؟ تېخى تۇنۇگۈن دۆلەت ۋە مەدەنىيەتلەرنى بەرپا قىلغان ئۇ تەڭداشسىز كۈچۈڭنى يەنە قاچانغىچە دولقۇنلار چىقىرىپ بىر - بىرىگە سوقۇلۇۋاتقان بۇ تار ۋادىنىڭ رامكىسىدا قىستاپ تۇرىسەن؟ مانا ساڭا چەكسىز، پايانسىز، كەڭ ئىنسانىيەت ئالەمى! ئاللاھ تائالا سىلەرنى بۇ ئالەمگە رەھبەر بولۇش ۋە ئۇنى ھىدايەتكە ئېرىشتۈرۈش ئۈچۈن تاللىدى. مۇھەممەد

ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتىلىشى مىللەتلەرگە، دۇنيا تارىخىغا ۋە يىغىنچاقلاپ ئېيتقاندا، ئىنسانىيەت ئالەمىگە ئېچىلغان يېڭى بىر دەۋرنىڭ مۇقەددىمىسى بولدى. ئىسلام داۋاسىنى يېڭىدىن باغرىغا باسقانلار، ئۇنىڭ ئۈچۈن جېنىلىرىنى ھېچ ئىككىلەنمەي پىدا قىلىدىغانلار، پۈتۈن ۋۇجۇدلىرى بىلەن ئۇنىڭ ئۈچۈن مۇجادىلە قىلىدىغانلار ۋە تىرىشقانلار.

﴿ئاللاھنىڭ يولىدا (پۇل- مېلىڭلار بىلەن، جېنىڭلار بىلەن) تاقىتىڭلارنىڭ يېتىشىچە جىھاد قىلىڭلار، ئاللاھ (دىنىغا ياردەم بېرىشكە ئۈممەتلەر ئارىسىدىن) سىلەرنى تاللىدى (ئەڭ مۇكەممەل شەرىئەت ۋە ئۇلۇغ پەيغەمبەرنى سىلەرگە خاس قىلدى). سىلەرگە دىندا ھېچقانداق مۇشكۈللۈكنى قىلمىدى (سىلەرنى سىلەر تاقەت قىلالمايدىغان ئىشلارنى قىلىشقا تەكلىپ قىلمىدى). (بۇ) ئاتاڭلار ئىبراھىمنىڭ دىنىدۇر (بۇ توغرا دىن بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنى مەھكەم ئۇچلاڭلار)، ئاللاھ سىلەرنى ئىلگىرى (يەنى قۇرئاندىن ئىلگىرىكى كىتابلاردا) مۇسۇلمان دەپ ئاتىدى. قۇرئاندىمۇ شۇنداق ئاتىدى. (ئاللاھ) پەيغەمبەرنى سىلەرگە گۇۋاھ بولۇشقا ۋە سىلەرنى كىشىلەرگە گۇۋاھ بولۇشقا (تاللىدى)، ناماز ئوقۇڭلار، زاكات بېرىڭلار، ئاللاھقا يېپىشىڭلار، ئاللاھ سىلەرنىڭ ئىگەڭلاردۇر، ئاللاھ نېمىدېگەن ياخشى ئىگە! نېمىدېگەن ياخشى مەدەتكار!﴾. (سۈرە ھەج 78- ئايەت)